国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جىنايەت ۋە نەپرەت

ئۇمتۇل قەدرى ( پاكىستان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程



# جىنايەت ۋە نەپرەت

ISBN 978-7-228-13497-7

جىنايەت ۋە نەپرەت

ئۆمتۇل قەدرى (پاكىستان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

国家出版基金项目

ئۇمتۇل قەدرى ( پاكىستان)

# جىنايەت ۋە نەپرەت

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت پاسار، ئىسمائىل ئىبراھىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

罪与恨：维吾尔文/(巴基)格迪尔著；艾合买提·帕萨尔译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.6
ISBN 978-7-228-13497-7

Ⅰ.①罪… Ⅱ.①格… ②艾… Ⅲ.① 长篇小说 — 巴基斯坦 — 现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I353.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第117926号

责任编辑 伊丽达娜·阿不都热依木
编　　辑 阿不力克木·吐尔迪
责任校对 再米拉·裴达依，阿达来提·买合苏提
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 21
版　　次 2014年9月第2版
印　　次 2014年9月第1次印刷
定　　价 56.00 元

# بىرىنچى باب

تۈن نىسپى، ھاۋا بۆلەكچىلا سالقىن، ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان، پۈتۈن كائىنات جىمجىت ئۇيقۇدا. نېمە ئۈچۈندۇر، ھەتتا كېچىلىرىلا سىرتقا چىقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان قارا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى.

چىراغ تېخىچىلا بىر خىلدا پىلىلداپ، ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان ۋە ئۆزىنى ئايلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان بىرەر پەرۋانە بولمىغىنى ئۈچۈن، غېرىبسىنىپ قالغاندەك ئارانلا نۇر چاچاتتى.

مۇشۇ چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تۆردىكى ئىككى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان ئادەم بارلىقىنى ئارانلا ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

توساتتىن، كىچىك بولقىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلۇشى بىلەن ئەنسىز جاراڭلىغان قوڭغۇراق قۇلاقنى يارغۇدەك سادا چىقىرىپ، ئادەم كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. قاتتىق ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان قىزنى قوڭغۇراقنىڭ جىددىي جاراڭلىشى سەل تەئەججۈپلەندۈرگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئەنسىرىگەن ھالدا، نېمە ئىش بولغاندۇ؟ دېگەندەك قىلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بېشىنى كۆتۈردى. گەرچە بۇنداق ئاۋاز ئۇنىڭغا ناتونۇش، ئەجەبلىنەرلىك بولمىسىمۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق ۋاقىتسىز جاراڭلىمىغانىدىغۇ!

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ يەنە بىر كارىۋاتنىڭ ئالدىغا باردى - دە، تاتلىق ئۇيقۇدىكى دادىسى مىرزابانىنىڭ بىلىكىنى بوش نوقۇدى.

مىرزابان ئويغاندى، قىز بوش ئاۋازدا:

— بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، قوڭغۇراق جاراڭلاۋاتىدۇ، — دېدى.

— كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ! — مىرزابان كۆزىنىمۇ ئاچماي ئۆرۈلۈپ يەنە ئۇخلىماقچى بولدى. بىراق، قىزنىڭ مۇلايىم ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپلا تۇرغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى.

— ئەجەبمۇ تويدۇردا ! — مىرزابان تېرىككەن هالدا ئورنىدا تىكلىنىپ ئولتۇردى، — خۇددى مەندە ئېلىشى باردەك يېرىم كېچىدە كېلىپ قوڭغۇراق چالغىنى نېمىسى؟

مىرزابان كارىۋاتتىن چۈشۈپ قېلىنراق كىيىمىدىن بىرنى يېپىنچاقلىدى، ئاندىن پانارنى يېقىپ، كىچىكرەك بىر دەپتەرنى يانچۇقىغا سالدى.

— قېرىشقاندەك ئۆلگەن ۋاقتىنى قارىمامدىغان. شۇنچە كەچتە، يەنە كېلىپ شۇنچە قاراڭغۇدا ...

ئۇ غودۇڭشىغىنىچە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.

شەيخ مىرزابان مۇشۇ ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىدا ئۆز بۇرچىنى سەممىمىي - ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىدىغان ئىرىشچان، قورۇق گەپنى ياقتۇرمايدىغان، قىزىققان، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى، كىمكى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسا، ئۇ پۈتۈن ئاچچىقىنى شۇنىڭدىن ئالاتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئېھتىمال، مانا مۇشۇنداق ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان يەردە يىللاپ يۈرىۋەرسە، هەرقانداق ئادەم شۇنداق بولۇپ قالار. مىرزابان نوقۇل دىنىي قاراشتىن خالىي ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلى توز، ئىخلاسمەن بۇ مۇسۇلمان كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭمۇ هۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇنىڭدىكى ناهايىتى ئاز ئادەملەردىلا بولىدىغان مانا شۇ گۈزەل پەزىلەتنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇ يەردىكى كاتولىك ۋە ئىسلام

دىنى مۇرىتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتۈشەتتى، بىر - بىرىگە ئىشىنەتتى. مىرزابانىدىن ئىلگىرى بۇ قەبرىستانلىقتا بىر ئائىلىلىك كاتولىك مۇرىتلىرى قارايتتى. كېيىن مىرزابانىنىڭ بۇ ئەتراپتىكى رولى ۋە ئىناۋىتىگە قاراپ ئاق تەنلىكلەر ئۇنى يۇقىرىدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تونۇشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى كاتولىكلارنىڭ ئورنىغا قەبرىستانلىقتا شەيخ بولۇپ قالغانىدى.

مىرزابان ئېغىر تۆمۈر قۇلۇپنى ئېلىۋېتىپ دەرۋازىنى ئاچتى، دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇرغان ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشكەن ئىككى ئادەم ھارۋىكەش بىلەن مىرزابانىنى چاقىرىپ، ھارۋىدىكى مېيىت ساندۇقىنى قولمۇقول چۈشۈردى، ئاندىن ھارۋىكەشنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭ قولىغا قانداقتۇر بىرنېمىنى تۇتقۇزغاچ، مۇشتۇملىرىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەپ پوپوزا قىلدى. قورقۇنچاق ھارۋىكەش ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئارقىدىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ھارۋىنى كەينىگە بۇرىدى - دە، ھودۇققان ھالدا تىكىۋەتتى. خۇدا ئۇرغۇر قوڭغۇراق ئاۋازىدىن ئويغانغان گۆركارلارمۇ بىر - بىرلەپ يېتىپ كېلىشتى. ھېلىقى ئىككى ئادەم مىرزابانىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ قول ئىشارىتى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گۆركارلار بىلەن بىللە مېيىت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىشتى، ئاندىن مىرزابان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

دەرۋازىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان دادىسىنىڭ ئىشىكنى ئېچىشى، ئاندىن گۆركارلار بىلەن بىللە مېيىتنى يەرلىككە قويۇشى ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىش بولۇپ، قىزچاق بۇلارغا زادى شەك چۈشۈرۈپ باقمىغانىدى. بىراق، بۈگۈن نېمىشقىدۇر، ئۇ دادىسىنى ئويغىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كىيىملىرىنى كىيىپ سوغۇقتىن دىر - دىر تىترەپ تۇرغان تېنىگە بىر ئەدىيالنى يېپىنچاقلىدى - دە، ھېچقاچان

قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ناھايىتى تۇرگۇن قىز ئىدى، دادىللىق ۋە باتۇرلۇقتا كەلگەندە نۇرغۇن ئوغۇل باللار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئېھتىمال، بۇ ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ مانا بۇ ئۆلۈكلەر دۇنياسىدا ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. قىزنىڭ قىلىقلىرى دادىسىغا غەلىتە تۇيۇلمايتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا بەكمۇ مۇلايىم، قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئىدى. لېكىن، بۇ قىزنىڭ ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغانلىقى ۋە يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغانلىقى ياكى بىرەر ئىشنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتە قىلىپ بىلىۋالمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغانلىقى مىرزابانغا پەقەت ياقمايتتى. بىراق، بېشىنىڭ چوڭقىيىشى بىلەن ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنداق قىلمىسا، دادىسىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى دادىسىنىڭ قولىنى جونۇپ تۇرۇپ: «چوپچوڭ قىز تۇرۇپ قىزلارنىڭ قىلىقىنى قىلمىسا قانداق بولغىنى» دەپ ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆزىنى ھەيران قالدۇرغان، يەنە كېلىپ كۆپ سۈرۈشتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىشلارنى يەنىلا پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، دادىسىدىن يوشۇرۇنچە كوچىلاپ، ئۇجۇر - بۇجۇرنى بىلمىگۈچە توختىمايتتى.

«ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، دەرۋازىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قويسا بولمامدىغاندۇ، بۇ خەقلەر! ...— قىز ئىچىدە ئاغرىنىپ قويدى، — بۇنداق كېچىدە مېيىت ئەكەلگەن كىمدۇ؟»

قىزنىڭ كۆزلىرى شىمال تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەردە ئىدى، لېكىن كۆڭلىدە ئاللىقانداق خىياللارنى قىلاتتى. كەلگەن ئىككى ئادەم بىلەن گۆركارلار مېيىتنى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، قىزنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان زادىلا تارقالمىدى. كېيىن ئۇ: «شۇ تەرەپكە

يېقىنراق بېرىپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىقراق كۆرۈپ باقسىملا بولمامدىمۇ» دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇ دادىسىغا يېقىنراق بىر جايغا كېلىپ توختاپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. گۆركارلار باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە ھە دەپ يەرلىك كولاۋاتاتتى. ئاي قويۇق بۇلۇت ئارىسىدىن گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي يەر يۈزىگە غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇلارغا يېقىنلا جايغا ئېسىپ قويۇلغان ئىككى پانارنىڭ يورۇقى ئەتراپنى خېلىلا يورۇتقانىدى. ھېلىقى ئىككى ئادەم نېرىراقتا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ جىمجىت تۇرۇشاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى: ئۇلار كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ، قالغان يېرىنى مەھكەم پۈركىۋالغانىدى. ئۇلار بىر چەتتە تۇرغان ھېلىقى مېيىت ساندۇقىغا بۇرۇلۇپ قارىغاندا، پانارنىڭ يورۇقى يۈزىنىڭ پۈركەلمىگەن قىسمىنى غىل - پال يورۇتۇۋەتتى. قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان قىز ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئەندىشە، خاتىرجەمسىزلىك، قورقۇنچ چىقىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرىنىمۇ ئاچالمايۋاتقان مىرزابان پانارنىڭ يورۇقىدا رەسمىيەت ئۆتۈلىدىغان جەدۋەللەرنى تولدۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ئۇ ھېچ نەرسىنى ئويلىمايتتى، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى، ئويلاشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئۆلگۈچى مەيلى جەننەتكە كىرسۇن ياكى دوزاخقا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلسىلا بولاتتى.

جەسەت كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى ناتونۇش ئادەم رازى بولۇشۇپ قايتىپ كېتىشتى. مىرزابان بىلەن گۆركارلارمۇ ئۆز ماكانلىرىغا قاراپ يول ئېلىشتى. قىز دادىسى قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىرەك ئۆيگە يېنىپ، يوتقانغا كىرىپ يېتىپمۇ ئۈلگۈردى. چۈنكى، دادىسى سېزىپ قالسا تىل ئىشتىمەي قالمايدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

مىرزابان ھالسىراپ دەلدەڭشىگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ـ دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، دادىسىنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكىنىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى ـ دە، يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى، ئاندىن قولچىراغنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ جاينىڭ گۈللىرى خۇش پۇراق، مەنزىرىسى گۈزەل بولسىمۇ، جىمجىت ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز ـ پەس قەبرە تاشلىرى كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. قىز مانا شۇ جىمجىتلىقىدىن ئادەمنى سۈر باسىدىغان قەبرىستانلىق باغچىسىدىكى يىلان ئىزىدەك ئۈزۈنغا سوزۇلغان يولدا كېتىۋاتاتتى، ئاندا ـ ساندا سۇ يىغىلىپ قالغان ئازگاللاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈش ئۇچۇن بەئەينى لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا سەكرەيتتى. ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى ئىتتىكلىدى. بۇنىڭدىن ئۇ قىزنىڭ مۇشۇ جەسەتلەر ماكانىدىكى ھەربىر يول، ھەربىر دوقمۇشنى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى، ئۆينىڭ ئىچىمۇ تالاغا ئوخشاشلا جىمجىت ئىدى. «ئۇمۇ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ـ دە !» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ.

گەرچە بۇ قىز مىكائىلنىڭ مۇشۇ جايدا تۇرىدىغانلىقىنى ھەممىدىن ئېنىق بىلسىمۇ، بۇ يەرگە تېخى تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى. شۇڭا، قەيەرگە نېمىنىڭ قويۇلغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىككە قاراپ مېڭىشىغا، جوتۇ ـ گۇرجەكلەرگە پۇتلىشىپ كەتتى، چىلاپچىمۇ تاراڭلاپ كەتتى. بۇ ئاۋازلار گۆردەك جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە قۇلاق تۈۋىدە ناغرا چالغاندەك ئاڭلىناتتى. مىكائىل چۆچۈپ ئويغاندى.

— كىم؟ — دېدى ئۇ ئەندىكىپ.
— مەن، — قىز پەس ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى.
«بۇ ئاۋاز ... ياق، مەن خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايمەن. بۇ نازپەرۋەرنىڭ ئاۋازىمۇ؟ ... مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلايتتى مىكائىل ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي.
— كىم؟ نازپەرۋەرمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېنىشلاپ.
— ھەئە، مەن، قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ئاۋازىمنىمۇ تونۇيالماي قالدىڭىزمۇ؟
— ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەندىكىن، ئاۋازى باشقىچىرەك تۇيۇلىدىكەن. راستىنىلا سىز بولسىڭىز، بۇ ماڭا كەلگەن بىر ئامەت دەڭە !
مىكائىلنىڭ ئاۋازىدىن ھاياجانلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قىزنىڭ بۇنداق چاغدا ئۇنى ئىزدەپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.
نازپەرۋەر يېرىم چاقچاق ئارىلاش:
— ئەمدى راستىنىلا مېنى تەڭلىكتە قويىدىغان بولدىڭىز، مەن ئىكەنلىكىمگە ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن سىزگە تونۇشتۇرۇش ئالغاچ كېلىشىم كېرەك ئىكەن ـ دە؟ — دېدى.
— مېنى ئىشەندۇرەلىسىڭىز خۇشاللىقىمدىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەتتى.
— ئەمىسە ئىشەنمەيلا قويۇڭ، يۈرىكىڭىز يېرىلىپ ئۆلۈپ قالسىڭىز قانداق قىلىمەن؟ — ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ بىردىنلا خىجىل بولۇپ كەتتى ـ دە، دەرھاللا جىددىي قىياپەتكە كىرىپ، — بولدى، بولدى، ئىشىنىۋېرىڭ، راستىنىلا مەن كەلدىم، — دېدى.
مىكائىل بوسۇغا يېنىغا كەلدى. ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ، خۇدادىن كەلگەن بۇ ئامەتتىن شېرىن خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.
— تېخىچىلا راست شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ، دەپ گۇمانلىنىۋاتامـ

سىز نېمە؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر تالادا تۇرۇپ.
— ياق ! مەن «چۈشۈڭدە نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ، ئوڭۇڭدا شۇنى كۆرىسەن» دېگەن گەپنىڭ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغانلىقىنى ئويلاۋاتىمەن.
نازپەرۋەر ئۆيگە كىرىپ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى ئېيتىشقا ئالدىراپ تۇرغانلىقتىن، سەل تېرىككەندەك تەلەپپۇزدا:
— مىكائىل، ھازىر مۇڭدىشىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مېنىڭ زۆرۈر ئىشىم بار. كېچىمۇ بىر يەرگە بىرىپ قالدى. ئىشىكنى تېزرەك ئېچىڭ ! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە پەس ئىدىكى، بۇ ئاۋازنى پەقەت ئىككىسىلا ئاڭلىيالايتتى. قىزنىڭ مىجەزى چۈش ئىدى. ئۇ ئارقىدىنلا يەنە سۆزلىدى، — مەن مۇشۇ ئىشنى دەپ ئىزا - پىزانى، قورقۇشنى، ھەتتا يامان ئاتاقتا قېلىشىمنىمۇ ئويلىماي، دادامغا تۇيدۇرماي، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم جۇمۇ !
مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقماي تۇرغاندا، بۇ غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا تەمتىرەپ كەتتى.
— بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ئالدىراش ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ.
— ئۇلار ئەكەلگەن مېيىتتا بىر گەپ بار، — دېدى نازپەرۋەر كەسكىن ھالدا.
— كىملەرنى دەيسىز؟ — دەپ سورىدى مىكائىل ھەيران بولۇپ.
— ھېلىقى يۈزىنى توسۇۋالغان ئىككى ئادەمچۇ!
— ھە ... مۇنداق گەپمىدى ! — مىكائىلنىڭ يۈرىكى شۇ چاغدىلا ئورنىغا چۈشتى. ئارقىدىنلا ئۇ قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز بىرەر قورقۇنچلۇق ھېكايىنىڭ تېزىسىنى تۈزۈۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ بۇ قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىقمۇ نېمە؟ — دېدى.

ئاينىڭ غۇۋا نۇرىنى قارا بۇلۇتلار قاچانلاردا يالماپ كەتكەنىكەن، تۇرۇپ - تۇرۇپ چېقىلغان چاقماق كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئىشىكتە تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقان ئىككىيلەننىڭ كۆلەڭگىسىنى دەمىمۇدەم يەرگە چۈشۈرەتتى.

— ھىم ! — نازپەرۋەرنىڭ كەيپى ئۇچتى، — قورقۇنچلۇق ھېكايە دېگىنىڭىز نېمىسى ! ئۇنداق گەپ يوق ! — دېدى ئۇ قەتئىي تۇردە، — گۇمانىم بەك كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. يۈرۈڭ، كۆڭۈلنى تىندۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرىپ چارلاپ باقايلى.

— چارلاپ باقايلى؟ سىز ئەمدى پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىغا ئايلىنىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى مىكائىل چاقچاق ئارىلاش. ئەمما، نازپەرۋەر ئۇنىڭ بىلەن تەرگىشىپ ئولتۇرۇشنى زادىلا خالىمايتتى.

— بولدى، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، تېز بىرىپ كۆرۈپ كېلەيلى ! — دېدى ئۇ.

— قانداق كۆرىمىز؟

— كولايمىز، كولىمىساق قانداق بىلىمىز؟ ئانچە كۆپ كۈچىمۇ كەتمەيدۇ. بايىلا كۆمۈلگەن توپا، تېخى يۇمشاق.

مىكائىل بۇنداق تايىنى يوق ئىشنى قىلىشقا قانداق كۆنسۇن؟ ئۇ نازپەرۋەرنى تا ھازىرغىچىلا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتاتتى. بىراق، نازپەرۋەرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى. بىردىنبىر چارە ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماسلىق ئىدى.

— يۇزىنى توسۇۋالغان ھېلىقى ئىككى ئادەمنى دەمسىز؟ — ئۇ بىر كىرىلىۋېلىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى.

— ھەئە، شۇلارنى دەيمەن. نېمە، گاس بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — مىكائىلنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نازپەرۋەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

مىكائىل ئەمدى يەنە سۇسلۇق قىلىشقا پېتىنالمىدى، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىشتىنمۇ يالتايدى.

— ئېيتىڭە، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇنداق بولسا مەن نېمىشقا ھېچنېمىنى سېزەلمىدىم؟ سىز بىرەر چاتاقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ھالەتتىمۇ ... ھەي، بولدىلا، بولدىلا. بەلكى سىزگە شۇنداق تۇيۇلغاندۇ.

نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن قىلىۋاتقان گەپلىرىگە بىر - بىرلەپ رەددىيە بېرىپ ئولتۇرۇشنى خالىماي، گەپنى ئۇزۇپلا ئېيتتى:

— مىكائىل، قۇرۇق گەپ قىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەڭ، دەرھال مەن بىلەن مېڭىڭ !

— خوپ ! — مىكائىل ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالدىغا سەل ئېڭىشتى، — پېقىر ئەزەلدىن سىز نېمە دېسىڭىز شۇنىڭغا ماقۇل دەپ كەلگەن. بىراق، بىر نەرسىنى سىزگە ئېيتىپ قويمىسام بولمايدۇ: مىرزابان تاغام بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر ئۇ سىزنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىڭىزنى سېزىپ قالسا ...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە نازپەرۋەر گەپنى تارتىۋالدى:

— مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى سېزىپ قېلىپ، مېنى ئىزدەپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىپ قالغۇدەك بولسا ... سىز شۇنى دېمەكچىغۇ ھە؟

مىكائىل ئۇنىڭ گېپىدىكى نارازىلىقنى ئازراقمۇ سەزمىدى.

— شۇنداق، ناز. مىرزابان تاغام سىزنىڭ يېرىم كېچىدە مەن بىلەن بىللە تۇرغىنىڭىزنى كۆرۈپ قالسا، ئاچچىقىدا نېمە بولۇپ كېتەركىنتاڭ ! ... ئۇ چاغدا مېنى پالاكەت باسقىنى شۇ دە. ۋاقتى كەلگەندە، بىر ئەمەس، مىڭ تىلىم بولسىمۇ ئۆزۈمنى ئاقلاپ بولالمايمەن. سىز بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

— مېنى قورقۇتمەن دېمەڭ ! دادامنىڭ قاچان يېتىپ، قاچان قوپىدىغانلىقىنى مەن سىزدىن ئوبدانراق بىلىمەن. ئۇ ھەرگىز بامداتتىن ئىلگىرى ئويغانمايدۇ. ھازىر ۋاقىت تېخى بالدۇرغۇ.

ئىشقىلىپ، مەن قەتئىي قارارغا كېلىپ بولدۇم ...
گەپدان نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ زادىلا ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغۇچە نازپەرۋەر يەنە ئېغىز ئاچتى:
— ئەمدى يەنە گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرماي، غەيرەتكە كېلىڭ ـ دە، گەپنى ئۇزۇپلا يا «ھە»، يا «ياق» دەڭ. مېنىڭغۇ سىزنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگۈدەك ئامالىم بار، بىراق مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.
مىكائىل ئۇشتۇمتۇت مەشۇقىنىڭ خاھىشىغا خىلاپلىق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، ھاپىلا ـ شاپىلا:
— ئەلۋەتتە شۇنداق، ناز. سىزدىن باشقا مېنى يەنە كىم بويسۇندۇرالايدۇ دەيسىز؟ — دېدى ۋە سۆزلەۋېتىپ يەڭلىرىنى شىمايلىدى، — بوپتۇ، سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلايلى. ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئېلىپ بەر دېسىڭىزمۇ ھەرگىز ياق دېمەيمەن!
مىكائىلنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان بۇنچىلىك پىداكارانە گەپلىرى نازپەرۋەرنى سەل خىجىل قىلىپ قويدى. ئۇ دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىشنى ئويلىدى ـ يۇ، بىراق دەماللىققا جايىدا گەپ تاپالماي، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ كەتتى:
— سىز ھېلىقى ئىككى ئادەمدە بىرەر غەلىتىلىك بارلىقىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ تازىمۇ بىخۇد ئىكەنسىز جۇمۇ، سىزگە ئوخشاش ساپلا يامان ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئۇششاق ئىشلاردىن قانداقمۇ غەيرىي ئەھۋال سېزەلىسۇن؟
نازپەرۋەر بۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئالۇچىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى ئۇشتۇمتۇت ئېچىلىپ، پارقىراپ تۇرغان ئىككى قاتار مەرۋايىتتەك سۈزۈك، رەتلىك چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. گەرچە كېچە شۇنچە قاراڭغۇ بولسىمۇ ئۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئېھتىمال، ئاينىڭ ھەسەتخورلۇقى قوزغالدى بولغاي، ئۇ قايىل

بولمىغاندەك بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقتى. بىراق، ئاي ئۆزىنى غىل ــ پال كۆرسىتىپ قويۇپ، يەنە بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. روشەنكى، نازپەرۋەرنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان غۇبارسىز، ئاپپاق قاشتېشىدەك سۈزۈك چىشلىرىنى ئۆزىگە سېلىشتۇرغان ئايمۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ خىجىل بولغاندەك ئىدى.

نازپەرۋەرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان سېھىرلىك تەبەسسۇمى ۋە ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا تېخىمۇ جازىبىدار بولۇپ كەتكەن خۇش پىچىم سۇمباتى مىكائىلنىڭ كۆزىگە چۈشكەندە، ئۇ ئادەم بالىسىنى ئەمەس، گوياكى بىر پەرىزاتنى كۆرگەندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تېزلا تۇتۇۋالدى ــ دە، خىيالىنى بايا نازپەرۋەر قوزغىغان گەپكە يۆتكىدى:

— راست دېدىڭىز، مېنىڭ سىزگە ئوخشاش كارامىتىم يوق. ئەمما، مەندە ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە ۋە بايلىق بار.

— ۋاي خۇدايىمەي، يۇ ئېتىشقا تازىمۇ ئۇستا ئىكەنسىزغۇ ! يەنە جۆيلۈگىلى تۇردىڭىز. مېنىڭ سىز دېگەن بىباھا نەرسىڭىز ۋە بايلىقىڭىزنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ باققۇم، كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ياق، سىز ئاڭلىسىڭىز بولمايدۇ، ناز، سىز ئاڭلىسىڭىز بولمايدۇ، — ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— ئاڭلىسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ سىزدە شۇنچە ماختانغۇدەك، پەخىرلەنگۈدەك نەرسە بولسا، مەن ئۇنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ باقسام بولمامدىكەن؟ مەن كۆرسەم، ئاڭلىسام ئۇنى بۇزۇپ تاشلارمەنمۇ؟ ئۇ ئۇنچىلىك نازۇك نەرسە ئەمەستۇ؟ — نازپەرۋەر سوئال دېگەننى ئارقا ــ ئارقىدىن ياغدۇرۇۋەتتى.

— بوپتۇ، سىزگە ئېيتاي. بىراق، گەپنى ئالدىدا دەپ قوياي، ئاچچىقلىسىڭىز بولمايدۇ! — مىكائىل ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا باش - ئايىغى يوق، تۈگىمەيدىغان گەپلەرنى قىلمايسىز جۇمۇ!

— باش - ئايىغى تىدەمسىز، تېخى ئاجايىپ كېلىشكەن گەۋدىسىمۇ بار دەڭە!

— يەنە كەلسە - كەلمەس جۆيلۈگىلى تۇردىڭىز. بولدى، بولدى، ئەمدى ئاڭلىمايمەن! — دېدى نازپەرۋەر سەل تاقەتسىزلىنىپ.

— بولمايدۇ، ئاڭلىمايمەن دېسىڭىزمۇ ئاڭلايسىز. شۇنچە ئۇزۇن كىرىش سۆزلىرىم زايا كەتسۇنمۇ؟ — مىكائىل سۆزلەۋېتىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ دېدى، — مېنىڭ ماختىنىدىغان ۋە پەخىرلىنىدىغان نەرسەم — مېنىڭ مۇھەببىتىم، بايلىقىم — مېنىڭ نازىم.

مىكائىلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان نازپەرۋەر ئىزا تارتقىنىدىن يەنە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. گەرچە ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن، ئەتراپ تامامەن قاراڭغۇلۇققا پاتقان، قىز ئۆزىنى يۈزىگە چۈمپەردە تارتىۋالغاندەك ھالەتتە سەزگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئومىاق مەڭزىدە يەنىلا خىجىللىقنىڭ قىزىل بۇلۇتلىرى پەيدا بولدى.

— پاھ، بۇنچە شېئىرىي ئىلھاملار بۇگۈن سىزگە نەدىن كېلىپ قالغاندۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ... — ئۇ مىكائىلنىڭ گېپىنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى.

— سۆزلەۋېرىڭ، سۆزلەۋېرىڭ. مەن ھەرگىز تېرىكمەيمەن. ئادەمنىڭ كۆڭۈل - كۆكسى بەك تار بولسا ئۇنىڭغا نېمە پاتىدۇ؟ خىجىل بولماڭ، نېمە دېگۈڭىز كەلسە شۇنى دەۋېرىڭ! بىراق ... ھەي، سىز شېئىرنى چۈشىنەمسىز؟ — دېدى مىكائىل، ئارقىدىن پارىسچە بىر مىسرا شېئىر ئوقۇدى، — ... لالە كەبى لەۋلىرىڭدىن تۆكۈلمىسۇن قوپال سۆز.

— پاھ، ئەمدى پارسچە شېئىرلارمۇ چىقىقىلى تۇردى. ئەپسۇسكى، ئادەملەرنىڭ پارسچە ئوقۇغان ئوقۇمۇشلۇق بىر زات

جۇۋازچىلىق قىپتۇ، دىگىنىدەك، سىزگە ئوخشاش كاتتا بىر ئەرباب ئەرزىمەس ئىشقا سىلىنىپ قاپتۇ - دە، — مىكائىل ئىغىز ئىچىپ بولغۇچە، نازپەرۋەر يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى، — بىراق ... شىئىرىڭىز بىلەن باھارنى چاقىرىپ كەلمەڭ يەنە. ئاڭلىسام، باھار مەزگىلىدىكى ھاشاراتلار ساراڭلىق كىسىلىنى داۋالاشقا بەكمۇ شىپالىقمىش.

يۈرەكنى كۆيدۈرىدىغان بۇنداق چاقچاق گەپلەر ئۇنى تىرىكتۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ناھايىتى ھۇزۇرلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ نازپەرۋەرنىڭ جانغا ھۇزۇر سۆزلىرىنىڭ — ئۇنىڭ قانداق سۆز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — مەڭگۈگە ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتى - ھە، شۇڭا:

— ماڭا ھەدىيە قىلىدىغان يەنە قانداق ئىنئاملىرىڭىز بار، ھەممىسىنى چىقىرىڭ. تەقدىر مىنى سىزگە خالىغانچە ئەرمەك قىلىپ بەردى. مەن ئاللىقاچانلا جۇۋازچى بولۇپ قالغان، سىز يەنە مىنى ساراڭ دەۋاتىسىز، ساراڭ بولسام نىمە بوپتۇ؟ پەقەت سىز سۆزلەشنى خالىسىڭىزلا، مەن ئاڭلاشقا تەييار، — دىدى.

— بولدى قويۇڭ، ئاغزىڭىز ئىچىلسىلا توختاتقىلى بولمايدۇ، تىزرەك ماڭايلى ! — بۇ يەرگە كىلىشتىكى مەقسىتىنى بىردىنلا ئىسىگە ئالغان نازپەرۋەر مىكائىلىنىڭ سۆزىنى ئالدىراپ بۆلۈۋەتتى.

— سىز بىلەن بىللە تۇرۇپ ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. ھەتتا چىراغ يىقىشنىمۇ ئۇنتۇپ، سىزنى قاراڭغۇدا تا ھازىرغىچە تۇرغۇزۇپ قويۇپتىمەن، — مىكائىل شۇنداق دەپلا بىر پانارنى ياندۇردى ۋە گۈرجەكنى قولىغا ئىلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى، — يۈرۈڭ ناز، ماڭا سىزنىڭ پەرمانىڭىز ھەممىدىن ئەلا !

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن مىكائىلنىڭ قەبرىستانلىقنىڭ چىتىگە جايلاشقان ئۆيىدىن چىقتى.

نازپەرۋەر كىتىۋىتىپ، يۈزىنى ئىتىۋالغان ھىلىقى ئىككى

ئادەمنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىرى ھەققىدە سۆزلىدى:

— ... نىمىشقىدۇر، بۇ ئىشنى تېگى - تەكتىنى ئېنىقلىمىغۇچە كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

بىراق، نازپەرۋەرنىڭ سۆزلىرى مىكائىلنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. مىكائىل ئۇنىڭ نىمىلەرنى دەۋاتقانلىقى توغرىسىدىمۇ ئويلىنىپ كەتمىدى. ئۇ بۇ يەرگە پەقەت نازپەرۋەرنىڭ خاھىشىغا بېقىپلا ئەگىشىپ كەلگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن بىباھا خەيرلىك كېچە بولدى، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى بۇگۇن كېچىدىكىدەك بەختلىك ھېس قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن بىر - بىرىگە ياندىشىپ مېڭىشتى، بۇ ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانغا سېلىۋەتتى. مىكائىل بۇلارنى پات ئارىدا ۋە يىراق كەلگۇسىدە بولىدىغان ئىشلار بىلەن باغلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ قەبرىستانلىققا باغلىنىپ قېلىشىنى بەختسىزلىك ئەمەس، بەلكى ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك ئىش دەپ قارىدى. چۈنكى، ئۇ بىرەر چىرايلىق قىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىگە ياشاش غەيرىتى ۋە كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھالاۋىتىنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يۈرەكنى مۇجۇيدىغان ئۆتمۇشى ئۇشتۇمتۇت يادىغا چۇشۇپ قالدى.

ھاۋا سوغۇق، ئىزغىرىن شامال ئۇشقىرتىپ تۇراتتى. پات - پات چېقىلىپ تۇرغان چاقماقنىڭ يورۇقى مىكائىلنىڭ ئويچان چىرايىنى يورۇتاتتى.

— نازپەرۋەر، سىز مېنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلەمسىز؟

نازپەرۋەر ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— سىز نېمىدەپ ئۇشتۇمتۇت بۇنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

ئۆتمۇشتىكى ھەسرەتلىك ئىشلار مىكائىلنىڭ خاتىرىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز مۇنۇ

شېئىرنى ئوقۇدى:

دوست، تۇغقانلار ئالايتىدۇ كۆزىنى،
تەقدىرىم شور پېشانەمگە پۈتۈلگەن.
ئىللىق چىراي ئاچتى ماڭا ئۆزگىلەر،
بىچارىمەن ئاجىز قەددى پۈكۈلگەن.

— ۋاي، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى نازپەرۋەر چۆشىنەلمەي، — شۇنچە ئۇزۇن - قىسقا ئۇھ تارتىپ خورسىنىش بىردەمدىلا نەدىن كەلدى سىزگە؟

مىكائىل جاۋاب بەرمىدى. سەرگەردان باللارغا تونۇش بولغان بۇ شېئىر خۇددى پىچاقنىڭ ئۆتكۈر ئۇچىدەك ئۇنىڭ ئەمدىلا قاقاچ باغلاپ ساقىيىشقا باشلىغان جاراھىتىگە سانچىلدى. شېئىر ئۇنى بۇنىڭدىن ئون ئالتە يىل ئىلگىرىكى زۇلمەتلىك يىللار قاينىمىغا ئەكىرىپ كەتتى.

— ناز، بىلەمسىز، مەن ئەسلىدە يېتىممۇ ئەمەس، تىلەمچىمۇ ئەمەس ئىكەنمەن. مېنىڭمۇ ئائىلەم، بەختلىك ئائىلەم بار ئىكەندۇق.

— ئىشقىلىپ، — دېدى نازپەرۋەر، — مېنىڭ سىز توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا دادام سۆزلەپ بەرگەن. سىز ماڭا ھېچنېمىنى دەپ بەرمىدىڭىز!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ نازپەرۋەرگە ئۆزىنىڭ دادىسى، ئاپىسى، يەنە بىر ئوماق سىڭلىسى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى:

تۆتلا ئادىمى بار ئائىلىنىڭ مېۋىسىنى شاخلىرى كۆتۈرەلمەي قالىدىغان مېۋىلىك بېغى، ئۆيىنىڭ يېنىدىلا بىر پارچە تېرىلغۇ يېرى، يەنە كىچىككىنە بىر كۆلىمۇ بار ئىدى. كۆلدە توپ - توپ ئۆردەكلەر ئۆز تىللىرىدا شاد ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ، ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى. كۆلگە يېقىنلا يەردە ئۇلارنىڭ چاققانغىنە چىرايلىق قورۇ - جايى بولۇپ، ئۇنىڭ نەپىس ياسالغان چاسا

دەرۋازىسى، ئېگىز قاشا تېمى، ھويلا ئىچىدە يۇمىلاق شەكىلدىكى ياپيېشىل چىملىقمۇ بار ئىدى. ئاستىغا ئاق تاش ياتقۇزۇلغان چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىرايلىق كۆلچەكتە خىلمۇخىل ئالتۇن بېلىقلار پىلتىڭلاپ ئۈزۈشەتتى. كەچكى شەپەق نۇرى كۆلچەككە چۈشۈپ، ئالتۇن شولا چاچاتتى. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە ـ ھە! مىكائىل ئۆزلىرىنىڭ بەئەينى جەننەت كەبى مۇشۇ ھويلىسىدا زادىلا كۆز بولۇپ باقمىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. بۇ ئۇنىڭ دادىسى دانىيالنىڭ ھەۋەسكار ئادەم بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇستا باغۋەنلىكىدىن ئىدى: گۈلنىڭ خۇشبۇيى ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان بۇ گۈلزارلىقتا يىل بويى باھار مەنزىرىسى جىلۋە قىلاتتى. مىكائىل بىلەن سىڭلىسى شاھبانۇ غەمدىن خالىي ھالدا ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە گۈللەر ئارىسىدا كېپىنەكتەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئوينىشاتتى. بەزىدە شاد ـ خۇرام سەكرىشىپ، كۆلچەكتىكى سۈپسۈزۈك سۇنى بىر ـ بىرىگە چېچىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىغا چېچىلغان تامچىلار خۇددى مەرۋايىتتەك يالت ـ يۇلت پارقىرايتتى. ئۇلارنىڭ غەمسىز، خۇشال ھالىتىنى كۆرگەن دادىسى بالىلىرىنىڭ قىلىقلىرىدىن سۆيۈنۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ كۈلەتتىكى، كۈلكىسى پۈتۈن گۈلزارلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتەتتى.

مىكائىل سىڭلىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. سىڭلىسى ھەققىدىكى بىر ئىش ئۇنىڭ يادىدىن زادىلا چىقمايتتى. بۇ ئىشنى ئۇ نازپەرۋەرگە سۆزلەپ بەردى: بىر كۈنى كەنتكە بىرنەچچە سەرگەردان ئويۇنچى كەلدى. بىكارچىلىقتىن زېرىككەن ئادەملەر زور قىزىقىش بىلەن ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى. ئويۇنچىلار ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىغاندىن باشقا، يەنە يىڭنىنىڭ ئۇچى بىلەن بىلەك، قول، يۈزگە خەت چېكەتتى. يىڭنە سانجىلغان ئادەملەر ۋايجانمۇ دېمەيتتى، ئۇ يەردىن قانمۇ چىقمايتتى. بىر كۈنى مىكائىل ئويۇنچىلارنى دوراپ، ئوماق سىڭلىسىنىڭ بۇدرۇق

قوللىرىغا چىكىپ باقماقچى بولۇپ، كىچىك بەكمىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇنىڭ سول قولىنىڭ كەينىگە كىرىپ بەلگىسىنى سىزدى. بەكە ناھايىتى ئىتتىك بولغاچقا، ئۇ يەر چوڭ ھەم چوڭقۇر كېسىلىپ كېتىپ، توختىماي قان چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغاچقا قورقىنىدىن قېتىپلا قالدى. سىڭلىسى ئاغرىققا چىدىماي يىغلاشقا باشلىدى. ئاپىسى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى تازا قاتتىق ئۇردى. كېيىن جاراھەت ئاغرىق يېرىڭلاپ، بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن ئاران ساقايدى. شۇنىڭ بىلەن سىڭلىسىنىڭ سول قولىنىڭ كەينىدە مەڭگۈلۈك جاراھەت ئىزى — ئۇ تا ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان كىرىپ شەكىللىك تاتۇق قېلىپ قالدى.

— ھەي! — مىكائىل ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى، — ھازىر مېنىڭ لەختە - لەختە بولغان يۈرىكىمدە ئەنە شۇ تاتۇق بىلەن سىڭلىم ھەققىدىكى ئەسلىمىدىن باشقا يەنە نېمە قالدى دەيسىز؟ ئاھ، شاھبانۇ، سەن ھازىر قەيەرلەردە يۈرىدىغانسەن؟ ...

— بولدى، تولا ئاھ ئۇرۇۋەرمەڭ. تېزرەك دەڭە، كېيىن زادى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر تاقەتسىزلىنىپ.

— مانا سۆزلەۋاتىمەنغۇ.

ئۇ نازپەرۋەرگە دادىسىنىڭ ناھايىتى ئىنساپلىق مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ئىنگلىزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياقتۇرمايتتى. شەرق خەلقلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. دادىسى تىرىشچان ئادەم بولغاچقا، مىكائىللار باياشات ئۆتەتتى. دادىسى، پېشانەم ئوڭ، ئۇماق پەرزەنتلىرىم، ئاق كۆڭۈل، ساھىبجامال خوتۇنۇم، يەپ - ئىچىپ ئاشقۇدەك مال - بىساتىم بار، دەپ دائىم خۇشال يۈرەتتى. مىكائىلنىڭ دادىسىنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئېسىل نەرسە يوق ئىدى. بىراق، قىسمەت ئۇنى رەھىمسىز مەسخىرە قىلدى.

— ھېيم ! دەل دادامنىڭ ئاشۇ خوتۇنى، سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئاپىسى ئائىلىمىزگە چەكسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى ...

— ئۇ نېمە قىلدى؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر تېخىمۇ تىت ـ تىت بولۇپ.

— ئاپام ئۆز قولى بىلەن پۈتۈن ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلىپ، سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختىگە ئولتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۇ يەرگە شەھەردىن كاتتا بىر باي كەلگەن، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى يادىمدا قالماپتۇ. ئۇنىڭ چوڭ سودىگەر ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. ئۇ ئادەم ھەمىشە كۆلگە كېلىپ بېلىق تۇتاتتى. بەزىدە بىزنىڭ يېرىمىزگە چېدىر تىكىپ، ياۋروپاچە تاماقلارنى ئېتىپ يەپ، ھەپتە ـ ھەپتىلەپ تۇرۇپ قالاتتى. دادام دائىيال تۇز كۆڭۈل كىشى بولغاچقا، دائىم ئۇنىڭغا ھەر خىل قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرەتتى. ئەمما ... ئۇنىڭ بېلىق تۇتىدىغان ئىسپلاس تورى يالغۇز بىزنىڭ كۆلگىلا ئەمەس، ئاپامنىڭ — ئىككى بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ناپاك يۈرىكىگىمۇ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئەقلىنى ئوۋلاپ كەتكەنىكەن، — مىكائىل بۇرۇلۇپ نازپەرۋەرگە قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دادام يەنە كېلىپ تولىمۇ مېھماندوست ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، شەھەردىن كەلگەن بۇ باي بىلەن ئاغىنە بولۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ھەر قېتىم شەھەردىن كەلگەندە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرىدىغان، بەزىدە بىر ـ ئىككى كۈن قونۇپمۇ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. دادام ئاغىنە تۇتۇشتا ئادىشىپ، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان «بۆرە»نى ئۆيگە باشلاپ كىرىشنى زادىلا ئويلىمىغانىكەن. ئەسلىدە ئۇ سودىگەر ئاپامنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپلا بىزنىڭ ئۆيگە دادامنى ئەمەس، ئاپامنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە كېلىپ يۈرگەنىكەن.

ئاپام چىرايلىق ئايال ئىدى. ئۇ كەم سۆز، جىمغۇر بولغاچقا،

سىرتىدىن سالماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئايالدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان ئاچ كۆز ئىدى. دادام ئۆز ئائىلىسىنى دۇنيادا ئەڭ شادىمان، ئەڭ ئىناق ئائىلە دەپ قارىسا، ئاپام بۇنىڭدىن تالاي ھەسسە شادىمان، ئىللىق جايلار ناھايىتى جىق دەپ قارايتتى.

ئاپام شەھەردىن كەلگەن بۇ كاتتا سودىگەر بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن بارا ـ بارا ئۆزىنى «قۇدۇق ئاستىدا قالغان پاقا ئىكەنمەن، جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەپتىمەن» دەپ ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاپام بۇ داڭدار باينىڭ تۇمەن ـ تۇمەنلەپ بايلىق بىساتىغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ باي دادامغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان دەرىجىدە قەددى ـ قامەتلىك ۋە بايلارغا خاس سۆلەتلىك ئىكەن. بۇ كاتتا بايمۇ ئۆز نەزىرىدىكى سالماق، ئوماق، جازبىدار بىلىنگەن بۇ ئايالغا خۇپىيانە كۆيۈپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى سىرنىمۇ سېزىپ قاپتۇ.

سودىگەر ئۆز ھۇنىرىنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشىپتۇ. ھەر قېتىم كەلگىنىدە، كۆرۈنۈشتە دادامنىڭ سەممىمىي كۈتۈۋالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قىممەتلىك سوۋغاتلار بىلەن ئاپامنى قىزىقتۇرۇپ، قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ. بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە ھەر خىل تورت ـ پىرەنىكلەر، قىممەت باھالىق رەختىلەر، غەربچە ئويۇنچۇقلار، يەنە دادامغا ئاتاپ ئالاھىدە ئەكەلگەن نەپىس چىلىممۇ بار ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە ئاپامنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىپ، ئۇنىڭدا «ئېرىم يەردە بولسا، مېھمان ئاسماندا ئىكەن» دېگەن ھېسسىياتنى پەيدا قىپتۇ. ئاپام ياخشى تەربىيە كۆرگەن ئائىلىدە چوڭ بولغان ۋە ئۆزىمۇ ئوقۇغان بولغاچقا، ئىلگىرى ھېچقانداق يامان ئىش قىلىپ باقمىغانىكەن.

مىكائىل نازپەرۋەرگە ئاپىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئايال ئىكەنلىكىنى، ئەگەر «ھېلىقى ئالدامچى» ئۇنى «بايلىق،

ھەشەمەتچىلىك» بىلەن ئازدۇرۇپ ئەگرى يولغا باشلىمىغان بولسا، ھەرگىز چۈشكۈنلەشمەيدىغانلىقىنى، «ئاددەملەرنىڭ كىشىلىك ئالاقە داۋامىدا بۇزۇلىدىغان»لىقىنى سۆزلەپ بەردى.

مىكائىلنىڭ ئايپىسى ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، يات ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغان مەستۇرە ئايال بولسىمۇ، لېكىن كاتتا سودىگەرنىڭ دانىيال ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان زەھەرلىك بىر پىلان دانىيالدىن خۇپىيانە ھالدا شەكىللىنىشكە باشلىغانىكەن.

ئەينى چاغدا، مىكائىل تېخى گۈدەك بالا بولسىمۇ، بىراق دادىسى ئۆيدە بولمىغان چاغلاردا ئايپىسى بىلەن ھېلىقى كاتتا سودىگەر ئوتتۇرىسىدىكى سەل چېكىدىن ئاشقان بىھايا قىلىقلار ئۇنى بىزار قىپتۇ. بۇنداق بىزارلىق شۇ ئىشنىڭ ئەسكىلىكىنى چۈشەنگەنلىكتىن ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مېھمان بىلەن ئايپىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بارلىقىنى تېخى بىلمەيدىكەن! ئۇ پەقەت بۇ ئىشتىن نارازى بولىدىكەن، دەسلەپتە مېھماننىڭ مىكائىلغا ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىغا ئەكەلگەن ئويۇنچۇق، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق سوۋغاتلىرى ئۇلارغا قىزىق تۇيۇلۇپتۇ ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇلار ئۇ ئويۇنچۇقلارنى قەدىرلەپتۇ. كېيىن مىكائىلدا بىزارلىق ۋە بىئاراملىق پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئۇ بۇنداق نەرسىلەرگىمۇ ئاستا ـ ئاستا سوغۇق نەزەردە قارايدىغان بوپتۇ. كېيىن بۇنداق ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوۋغاتلار ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بوپتۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇ نەرسىلەرنى سىڭلىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتكۈسى كەپتۇ. بۇ سەبىي بالىنىڭ گۆدەكلەرچە ئىنتىقام ئېلىشى بولسا كېرەك.

مىكائىللارنىڭ دادىسى ئۆز ئۆيىدە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن تامامەن خەۋەرسىز يۈرىدىكەن. تېرىقچىلىق بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ تېرىغان زىرائىتى ئۇچۇن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۇنكى، زىرائەت ئۇلارنىڭ ھاياتى ــ دە، شۇڭا مىكائىلنىڭ دادىسى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئېتىزلىقتا يۈرىدىكەن. بولۇپمۇ، زىرائەت پىشقان ياكى ئورما مەزگىللىرىدە ئوغرىلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن ھەتتا كېچىلىرى ئېتىزدا تۈنەپمۇ قالىدىكەن. ئۇن ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى كۈز پەسلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ سودىگەر يەنە كەپتۇ. قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدىن يامغۇر ياغىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. بەختسىزلىك ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. خوتۇنىنىڭ ئىنسابىغا ۋە دوستىنىڭ ساداقىتىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان ئاتا باشتىن ـ ئاخىرغىچە قىلچە ئەندىشىسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئېتىزدىكى ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئاش بەرگەن قازاننى چېقىپ، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئادەملەرگە ئوبدان پۇرسەت بولۇپ، ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئەبەدىلئەبەد دەرد ـ ئەلەمدە قويىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن ئويلاپ يەتسۇن؟ ئۇنىڭ خوتۇنى ئاخىر مىكائىلنى، ئۇنىڭ ئۇچ ياشلىق سىڭلىسى شاھبانۇنى تاشلاپ، ھېلىقى كاتتا سودىگەر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ. دادىسى دەسلەپتە نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمەستىن، ئۆينىڭ ئىچى، ھويلا ـ گۇللۇكلەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ خوتۇنىنى تاپالماپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھۇجرىدىن بىر پارچە خەت تېپىپتۇ:

*«مەن بۇ قاقاس دۇنيادىن ئايرىلىپ ناھايىتى يىراق، ناھايىتى يىراق جايدىكى يېڭى بىر دۇنيادا ياشاش ئۇچۇن كەتتىم، ئىزدىگىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار. باللار بىلەن بىر ـ بىرىڭلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ ئوبدان ياشىشىڭلارنى تىلەيمەن.»*

دادىسى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چىقىرىلغان بۇ ھۆكۈمنامىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىپتۇ.

ھەر قېتىم ئوقۇغان چاغدىكى مەزمۇن ئالدىنقى قېتىمدا ئوقۇغىنى بىلەن ئوپئوخشاش تۇرسا، ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟
ئۇ يەنە بىر يەردىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر نەرسە تاسادىپىيلا چىقىپ قالىدىغاندەك، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى رەھىمسىز رېئاللىق بولۇپ، گۇمان قىلىشقا قىلچە ئورۇن قالمىغانىكەن. ئۇ بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇ ئۆزىنى ئورىۋالغان ۋەھىمە ئىچىدىن ئويغانغان چاغدا، شىددەتلىك يالقۇندا كۆيۈۋاتقان يۈرىكى ئۇنى بەئەينى تىزگىنىدىن قۇتۇلغان توسۇن ئاتتەك زادىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ مىكائىل بىلەن قىزىنى باغرىغا بېسىپ، ھەسرەت بىلەن ھۆكرەپ يىغلاپتۇ، ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان كۆزلىرىدىكى شادلىق ئۇچقۇنلىرى تامامەن ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئازاب، ئېچىنىش ۋە غەزەپ قاپلاپتۇ. ئىككى كۆزىدىن بەئەينى يامغۇردەك توختىماي ياش قۇيۇلۇپتۇ.
نازپەرۋەر ۋۇجۇدىنى قاپلىغان غەزەپكە چىدىماي مىكائىلنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— مىكائىل، بۇنداق خوتۇنلارنىڭ قىلچە ئانا بولغۇدەك سالاھىيىتى يوق!
— شۇنداق، ئاپام ناھايىتى باغرى قاتتىق ئايال ئىكەن. «چىشى يىلان جېنىدا بالىسىنى يېمەيدۇ. ئەركەك يىلانلار بالىلىرىنى يېيىش ئۇچۇن خىرىس قىلغاندا، چىشى يىلان ئۇلارنى جان تىكىپ قوغدايدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم، لېكىن بىزنىڭ ئاپىمىز يىلاندىنمۇ زەھەرلىك ئىكەن. ئۇ بىزنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى.
مىكائىل ئاپىسىنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاپىسىنىڭ قېچىپ كېتىشى «ئانا» دېگەن بۇ مۇقەددەس نامنى بۇلغىغانلىق بولۇپ، ئاپىسى بۇ ھۆرمەتلىك نامنى شەرمەندىلىك

دېگىنىغا چۈرۈۋەتكەنىدى. ئانىلارنىڭ يۈكسەك ئوبرازى ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھەرگىز يوقالمايدۇ، ئەمما مىكائىلنىڭ ئاپىسى گەرچە شۇ كۈنلەردە تېخى ھايات بولسىمۇ، مىكائىلغا ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىغا مەڭگۈلۈك نەپرەتنىلا قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

مىكائىللارنىڭ ئاپىسى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇلارغا ھەم دادا، ھەم ئاپا بوپتۇ؛ پۈتۈن دۇنيادىن كېچىپ، ئىككى بالىسىنى پاناھ تارتىپ ياشاپتۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلىغانلار ئارىسىدا چىدىغۇسىز سۆز - چۆچەكلەر تارقىلىپتۇ. نامدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر، بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا پاختا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئوتقۇيرۇق ئاياللار بۇ ئىشقا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ئۇنى كۆپتۈرۈپ، شاخلىتىپ، ئاجايىپ چوڭ ئىشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئىشقىلىپ، بۇ ھەقتە گەپ بولمايدىغان سورۇن قالماپتۇ. دادىسىنىڭ يۈرىكىنى داغلاۋاتقان غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ، ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئازابلاپتۇ.

ئىچى يامان بەزى ئادەملەر مىكائىلنىڭ دادىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەتلەرگە خەيرخاھلىق قىلماقتا يوق، ئۇنىڭ ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى ئاز دەپ، قولىغا چىققاننى ئوغرىلاپ، كۆزىگە كۆرۈنگەننى بۇلاپ، مال - بىساتىنىمۇ غايەت زور زىيانغا ئۇچرىتىپتۇ.

ئارقىدىنلا مىكائىل ئۈچۈن تېخىمۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەر باشلىنىپتۇ. خانىۋەيران بولغان بۇ ئائىلىدىكى كۆڭۈلسىزلىك تېخى بېسىلمىغان، دادىسى تېخىچە قان - زەرداب يۇتۇۋاتقان كۈنلەردە، ھېلىقى ۋەھشىي سودىگەر ئۇلارغا يەنە بىر تۇزاق قۇرۇپ، مىكائىلنىڭ سۆيۈملۈك، ئوماق سىڭلىسىنى ئەپقېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ دانىيال ئائىلىسىنىڭ سولىشىپ غازاڭ بولغان گۈلزارلىقىدىكى بىر تال غۇنچە ئىكەن. ئاپىسىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۆزلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكى دانىيال ئائىلىسىنىڭ گۈلزارلىقىنى پۈتۈنلەي خاراب قىلغان بولسىمۇ، يۈرىكى لەختە - لەختە بولغان ئاتا ئۈچۈن ئوغلى مىكائىل بىلەن قىزى

شاھبانۇ يەنىلا بىردىنبىر تەسەللى ئىكەن. ۋاھالەنكى ...

«شاھبانۇ! قەيەرلەردە يۈرىدىغانسەن؟» مىكائىل ئىچىدە قاتتىق پىغان چەكتى ۋە نازپەرۋەرگە قاراپ:

— ئەگەر سىڭلىم ھازىرغىچە ھايات بولسا، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق يولدا كېتىپ بارغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، ناۋادا ئۇنىڭ يوقاپ كېتىشى ئاپامنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بولغان بولسا ... ئۇ ھالدا ئۇمۇ ئاپامنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئاپامنىڭ ئىزنى بېسىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇمۇ ئاپامغا ئوخشاش لەنەت دۇنياسىدا ياشاۋاتامدىغاندۇ؟ — دېدى.

مىكائىلنىڭ نەزىرىدە ھېلىقى سودىگەرگە ئوخشاش پۇلدار ئادەملەر ئۇچۇن خوتۇن كىشى دېگەن كۆڭۈل خۇشى ئىدى. ئۇلار ئەبەدىلئەبەد ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى راھەت كۆرۈش، بىر مەھەللىك يېڭىلىقتىن لەززەتلىنىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرگەن ئايالىرى چىرايىدىن كەتكەن ھامان ئۇلارنىڭ قەسەملىرىمۇ، چىرايلىق گەپلىرىمۇ يوقىلاتتى. سىڭلىسىنىڭ بۇلاپ كېتىلىشى مىكائىلنىڭ دادىسى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى، شۇنداقلا ئەجەللىك زەربە بوپتۇ، ئۇ بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇزاققا بارماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پۇتمەس ـ تۈگىمەس نەپرەت ۋە قىساس ئوتى مىكائىلنى ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىچىدىكى دەردى چىقمايدىغاندەك، يۈرىكىدىكى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان غەزەپ پۈتۈن دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتسىمۇ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك تۈگىمەيدىغاندەك ھېسسىياتقا چۆمۈلۈپتۇ.

ئاپىسى رەھىمسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتكەن بالا مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ باشقىلارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلمىگەن بالا باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشنى نەدىن بىلسۇن؟

دادىسىنىڭ ئۆلۈمى مىكائىلنىڭ تۇغقانلىرىغا ياغدەك

يارىشىپتۇ. ئۇلار نەپ ئالىدىغان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خۇددى ئاچ بۆرىلەردەك بۇ ئائىلىنىڭ بىساتىغا ئېتىلىپتۇ. ئۇلار بىر تال قوشۇق، ھەربىر تىيىن پۇلغىچە پاك ـ پاكىز بۆلۈشۇۋاپتۇ. مىكائىلنىڭ ئۆزىمۇ بەئەينى قۇلغا ئوخشاش، ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئازغىنە مىراس بىلەن قوشۇپ بىر تۇغقىنىغا بۆلۈپ بېرىلىپتۇ. ئۇ تۇغقىنىنىڭ قىزىقىدىغىنى مىكائىل ئەمەس، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئاشۇ ئازغىنە مال ـ مۈلۈك ئىكەن. كېيىن، ئۇنىڭ «شاپائەتچىسى» بۇ كىچىككىنە قۇلدىن ئەمدى ھېچقانداق نەپ چىقمايدىغانلىقىنى سېزىپ، مىكائىلنى ئۆزى ئۇچۇن ئېغىر يۈك دەپ قاراشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ھەر كۈنى يېگى ـ يېڭى ھۈنەر چىقىرىپ مىكائىلنى قىيناپتۇ، ئازابلاپتۇ. كېيىن بېرىپ، مىكائىل يوتقان ـ كۆرپە تۆگۈل، يۇت تىققۇدەك ماكانغىمۇ ئىگە بولالماپتۇ. ئۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردە يېتىپ ـ قوپىدىغان بوپتۇ. تاماق، كىيىم ـ كېچەك دېگەنلەردە ئۇ پەقەتلا قاتاردا يوق ئىكەن. بەدىنىنى ئەسكى ـ تۈسكى لاتىلار بىلەن يېپىپ، ئاشقان ـ تاشقاننى يەپ جان ساقلاپتۇ. بارا ـ بارا ئۇستىبېشى قەلەندەرنىڭكىدەك جۇلدۇرلاپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن مىكائىل كوچىلاردا، قۇملۇقلاردا تەمتىرەپ يۈرىدىغان بوپتۇ ... ئاپىسىنىڭ شەرمەندە قىلمىشى بىلەن پەيدا قىلغان چەكسىز ئىزا ـ ئاھانىتى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ چىدىغۇسىز ئازاب بوپتۇ. ئاپىسى تىلغا ئېلىنسىلا ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ گۇناھكار ھېس قىلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىكەن.

ھېچقانداق يېقىن ئادىمى يوق مۇھتىتىكى تۇرمۇش ئۇنى دۇنيادىكى ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز قارايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ؛ ئەتراپىنى قاپلىغان رەھىمسىزلىك ۋە سوغۇق مۇئامىلىلەر ئۇنى دۇنيادىن بەزدۈرۈپتۇ. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھېچنېمىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، يوگەنسىز ياۋايى بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن نەپرەتلىنىپتۇ، ئادەم ئايىغى

تەگمىگەن دەشت ـ باياۋانلارغا، ئىنس ـ جىن بارمايدىغان جايلارغا كەتكۈسى كەپتۇ.

قەبىھلىك بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل قەلبىنى ئىگىلەپتۇ. يېشىغا توغرا كەلمەيدىغان قورقۇنچلۇق جىنايى پىكىر مىكائىلنىڭ ۋۇجۇدىدا بىخلىنىشقا باشلاپتۇ. جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە، ۋەھشىيلىكتە ھېلىقى كاتتا سودىگەردىن ۋە ئاپىسىدىن نەچچە ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان قاراقچىنىڭ ئوبرازى پات ـ پات ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىغان بوپتۇ.

دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، كىتابنى خېلى ئوبدانلا ئوقۇيدىغان قىلىپ قويغانىكەن. ئۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر سۆزلىنىدىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانىكەن، شۇڭا قاراقچىلارنىڭ ئادەملەرنى قورقۇتۇپ ساراسىمىگە سالىدىغان ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ئۇلگىسىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ شۇ ئۇلگىلەردىن ئۆگىنىپ، ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بوپتۇ. ناۋادا ئۇ شۇ چاغلاردا بىرەر قاراقچىلار توپىغا ئۇچراپ قالغان بولسا قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتىكەن.

بەختكە يارىشا، دەل شۇ پەيتتە ئۇ شەيخ مىرزابانغا يولۇقۇپ قاپتۇ. مىرزابان تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان مىكائىلنى خۇددى خىزىر ئاتىدەك توغرا يولغا باشلاپتۇ.

شۇ يىلى مىكائىل يەتتە ياشقا كىرگەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۇيان ـ بۇيانلاردا قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرۈپ، قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئاچ ھالەتتە يول بويىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ۋە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا بۇ شەپقەتچى پەرىشتىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مىرزابان ئۇنى يەردىن قوپقۇزۇپ، مۇشۇ قەبرىستانلىققا يۆلەپ ئەكەپتۇ.

مىكائىل مىرزاباندىن بەكمۇ مىننەتدار ئىدى. ئۇ مىرزابانىنىڭ قىممەتلىك نەسىھەتلىرىنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇمايمەن دەپ ئويلايتتى. مانا شۇ كىشى ئۇنى تۇرمۇشنىڭ يېڭى مۇقەددىمىسىگە

يېتـەكلىگـەن، ئۇنىڭ كـۆڭلىدىـكى ئالـلىقاچان ئـۆچۈپ قالـغان چـىراغنى قـايـتا ياندۇرغـانىدى. مـىـرزابان ئۇنـى بـېقـىـۋالـدى، بىـرنەچچە يـىل ئوقۇتـۇپ، ئۇنىڭغا ئاتىـلىق مېـهرىنـى بـەردى. مىكائىل ئۆزىدەك بىر يېتىم بالىنىڭ ئـۇرۇق ـ تۇغقانـلىرىدىـن ئىگە بولالـمىغان نـەرسىگە زادىـلا تونۇشمـايدىغان بـىر ئادەمدىـن ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ بـاقمىغـانىدى. مىـرزابانىنـىڭ مىكائىلغا بولغان سەمىمىي، پاك مۇھەببىتى ئۇنىڭ يۈرىكىدىكـى جاراھىتـىنى ساقـايتتى. بـولۇپمۇ ئـۇنتۇيالـمايدىغـىنى شـۇكـى، بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئۇ چوڭ بولۇپ ئـاق ـ قارىنى پـەرق ئەتكۈدەك بولغان چاغدا مىرزابان ئۇنىڭغا يەنە: «ئەمدى سەن چوڭ بولـدۇڭ، كىتاب ئـوقۇپ ئەقلـىڭ تېخـىمۇ ئـاشـتى. بۇ قـاقـاس، خىلۋەت جايدا ياشلـىقىڭـنى بىهـۇدە زايا قىلـىۋەتمىـگىن. ئەگـەر خالىساڭ، بـېرىپ ئۆزۈڭـنىڭ گۈزەل كـېلەچـىكىڭنى ياراتقىـن، ئۆزۈڭنى جوڭقۇرۇپ كېتەلەيسەن» دەپ نەسىھەت قىلغانىدى.

ۋاهالـەنكى، ئۇ ئۆز شاپائەتچىسىنـى تاشلاپ نەگـە بارالىسـۇن؟ ئۇنىڭ بارغۇدەك نەرى بار؟ بۇ ئادەمدىن باشقا بۇ دۇنيادا ئـۇنىڭغـا باشـپاناھ بولـغۇدەك كىم بـار؟ ئۇ تاش يۈرەك تـۇغقانـلىرىنىـڭ يـېنىغـا قـايتىـپ بـارسۇنمـۇ؟ يـاق ! مانا بـۇ قـاقاس، خـىلـۋەت قەبرىستانـلىق ئۇنىڭ بارلىـق دۇنياسـى، ئـۇ يەردە تەر تـۆكـۈپ ئەمگەك قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا. چـۈنكى، بۇ يـەردە مىرزابـان تاغىـسـى ــ ئۇنى دۇنـيـاغا قايـتـا ئاپىـرىـدە قىلـغان شاپـائەتچىسى بار. بۇ يـەردە يەنە ئۇنـىڭ دۇنيـادىـكى ھەرقـانـداق گۈلزارلىقتا تېپىلمايدىغان خۇش پـۇراق گۈلى ــ ساھـىبجامـال نازى بار.

«مىرزابان تاغام نېمە ئۈچۈن ناز بىلەن بىللە مۇشۇنداق جايدا ياشايدىغاندۇ؟» دېگەن سوئال ھەمـىشە مـىكائىلـىنىڭ خـىيالىدىـن كەتمـەيتتى. مـىرزابان تاغـا مىكائـىلىنـىڭ كەتمەيدىغانلـىقىنـى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆيۈنـىدىغان بـولۇپ كەتتـى. قىزىنى تېخى يۈرتىنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان بـۇ

سەرگەردانغا ياتلىق قىلماقچى بولۇپ چاي ئىچۇرۇپمۇ قويدى. ھەتتا يېقىندىن بۇيان ئۇلارنىڭ توي تەييارلىقىغىمۇ چۇشكەندى.

بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئوي - پىكىرلەر بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن مىكائىل ئۆزىنىڭ قاياققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئادەمنى شۇركەندۇرىدىغان سۇرلۇك جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇ پەقەت نازپەرۋەرنىڭ يىقىملىق، جاراڭلىق ئاۋازىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قۇلاقلىرى تۇۋىدە ياڭراۋاتقانلىقىنىلا سەزدى.

— مىكائىل، سىز يەنە نەگە بارىسىز؟ بىز كەلمەكچى بولغان جاي مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇ مەقسەتسىزلا كېتىۋاتقان قەدەملىرىنى، دەرھال توختاتتى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، نازپەرۋەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

قاپقارا بۇلۇتلار بىردىنلا تارقاپ كەتتى، ئىككىيلەن يۇزىنى ئېتىۋالغان ھېلىقى ئىككى ناتونۇش ئادەم بايا تۇرغان دەرەخ تۇۋىگە كېلىپ توختىدى. مېيىت مانا شۇ يەرگە كۆمۇلگەندى. ئاينىڭ كۇمۇشتەك ئاپپاق نۇرى دەرەخنىڭ قېلىن شاخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۇپ، تېخى بايىلا دۆۋىلەپ قويۇلغان قەبرە توپىسى ئۇستىگە چۇشۇپ تۇراتتى.

# ئىككىنچى باب

مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر گۈرجەكنى ئېلىپ، يۇمشاق توپىنى بىر گۈرجەك، بىر گۈرجەكتىن كولاشقا كىرىشتى. بىرئازدىن كېيىن مېيىت ساندۇقىمۇ كۆرۈندى. مېيىت ساندۇقى باشقا ئاق تەنلىكلەرنىڭ مېيىت ساندۇقلىرىغا ئوخشاشلا ئوتتۇرىسىدىن ئارغامچا بىلەن پۇختا باغلانغانىدى. ئۇلار مېيىت ساندۇقىنى ئارغامچىسىدىن تارتىپ يەر ئۈستىگە ئاچىقتى. نازپەرۋەر هارغىنىدىن هاسىراپ نەپەس ئالاتتى، هاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

ئىككىيلەن بۇ مېيىت ساندۇقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئادەتتە ئۇلار كۆپ كۆرۈپ تۇرىدىغان كاتولىك مۇرىتلىرىنىڭ مېيىت ساندۇقىدىن قىلچە پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

مىكائىل مېيىت ساندۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ نازپەرۋەرگە:

— ناز، پەرمانىڭىز بويىچە كولاپ چىقاردۇق، رەھمەتلىكنى گۆرىدە تىنچ ياتقۇزماي قىيناپمۇ كەتتۇق، — دېدى.

نازپەرۋەر ئۈنچىقمىدى. ئۇ كۆزىنى مېيىت ساندۇقىغا تىككىنىچە بىرنېمىنى ئويلاۋاتقاندەك تۇراتتى. مىكائىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ناز، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ يەنە قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار؟

نازپەرۋەر يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى، مىكائىل نازپەرۋەرنى ئازابلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن دېدى:

— ناز، سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزغا ئىتائەت قىلماسلىققا ھەددىم يوق. بىراق، ئېيتىڭا، نېمە ئۈچۈن كۆچمىزنى بۇنداق ئىشقا زايا قىلىمىز؟ ... خەقلەر كۆمگەن مېيىتتىن سىز قانداق گۇمانلىق

نەرسە سەزدىڭىز؟ سىز زادى ئاچمىسا بولمايدىغان قانداق بىر سىرغا دۇچ كېلىپ قالدىڭىز؟ بۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىش تاپقانلىق، بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىق ئەمەسمۇ؟

ئارقا ـ ئارقىدىن قويۇلغان بۇ سوئاللار نازپەرۋەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ خاپا بولغان ھالدا:

— سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئۇيقۇڭىزغا دەخلى يەتكۈزدۈم، رەھمەت سىزگە، ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ نېمە تەنە گەپ قىلىسىز؟ — دېدى.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى:

— بولدى، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، ئاچچىقلىسىڭىزمۇ قورقۇپ قالمايمەن. سىز ئاچچىقلانسىڭىز بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ كېتىسىز، — ئۇ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى، ئارقىدىنلا مۇلايىملىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — ناز، مەن قاچان سىزگە مېنى ئاۋارە قىلدىڭىز دەپ باققان؟ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ. مەن سىزنى ھېرىپ كەتمىسۇن دەۋاتىمەنغۇ!

نازپەرۋەر يەنىلا ئۈندىمەستىن، خىيال قىلماقتا ئىدى.

— بىراق، ناز، مېيىت ساندۇقىغا، قەبرىگە ۋە دەپنە قىلىش شەكلىگە قارىغا، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مېيىتلارنىڭكىگە ئوخشاش تۇرمامدۇ؟ مەن شۇنى دېمەكچىدىم! — دېدى مىكائىل جىددىي تەلەپپۇزدا.

نازپەرۋەر ئۈشتۈمتۇتلا ئېغىز ئاچتى:

— مەن يەنىلا ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن، بۇنىڭدا بىر گەپ بار، ئېھتىمال، كۆمۈلگەن ئادەم تىرىكتۇ.

— شۇنداقمۇ دەيلى، لېكىن بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىڭىزغا كىرىپ قالدىمۇ يا؟ — دېدى مىكائىل قىزىقچىلىق قىلىپ.

بۇ گەپ نازپەرۋەرنىڭ زىتىغا سەل تەگدى بولغاي، ئاچچىق بىلەن:

— قانداق بىلەتتىم، مېيىت ساندۇقى يېنىك تۇرمامدۇ! تۇۋا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۇنى مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتقان تۇرۇپمۇ سەزمىدىڭىزمۇ؟ كۆردىڭىزمۇ؟ مېيىت ساندۇقىنى ئىككىمىز لا تارتىپ چىقاردۇق. ئادەتتە مېيىت ساندۇقىنى قەبرىنىڭ ئىچىگە سېلىش ئۇچۇن تۆت ئادەم بولمىسا بولمايتتىغۇ؟ — دېدى.

نازپەرۋەرنىڭ سۆزى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي تۇرغان مىكائىلنىڭ چىرايىدىن مەسخىرىلىك كۇلكە چىقىپ تۇراتتى.

نازپەرۋەر يەنىلا جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— مېيىت ساندۇقىنىڭ ئۆزى شۇنچە يوغان تۇرسا، يەنە كېلىپ ئىچىگە بىر مېيىتنى سالسا، ئۇ قانچىلىك ئېغىر بولۇپ كېتەر؟ ئېيتايلۇق، ھەرقانداق ئادەم بۇنداق يوغان ساندۇقتا كىچىك بالىنى دەپنە قىلمايدۇ. سىزنىڭ ئۇيقۇڭىز تېخىچە ئېچىلمىغان ئوخشايدۇ، بولمىسا شۇنىمۇ سېزەلمەيتتىڭىزمۇ؟ ... كېسىپ ئېيتىمەنكى، مېيىت ساندۇقىنىڭ ئىچىدىكىسى ھەرگىز جەسەت ئەمەس !

— ئۇنداق بولسا ھاۋا ياكى قانداقتۇر بىرەر غەلىتە مەخلۇق بولسا كېرەك، — مىكائىل باشقىچىلا بىر تەلەپپۇزدا شۇ گەپنى قىلدى ۋە ئىچىدە: «ئاھ، خۇدا، بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك ـ ھە ! گويا ئۆزى ھەر كۇنى مېيىت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدىغاندەك خەقنى زاڭلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان. بايا ساندۇقنى كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ھەممە ئېغىرلىقى مەن تەرەپكە چۈشكەن تۇرسا، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە يېنىك بىلىنىدۇ ـ دە...» دەپ غۇدۇرىدى، ئەمما نازپەرۋەرگە، — ناز، ئېيتقىنىڭىز توغرا. مەن ئەزەلدىن سىزنىڭ گېپىڭىزنى خاتا دەپ باققان ئەمەسقۇ، سىزگە چىن دىلىمدىن قايىلمەن. قېنى، يەنە قانداق تاپشۇرۇقىڭىز بار، ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى.

نازپەرۋەرنىڭ چاقچاق قىلىشقا رايى يوق ئىدى. ئۇنىڭ

كۆڭلىدە گۇمان بىلەن ئىشەنچ تېخىچىلا كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. گەرچە ئۇ مىكائىلنىڭ ئالدىدا يېڭىلىشكە رازى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «ئېھتىمال، مېيىت ساندۇقىنىڭ ئىچىدە مېيىتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن خىيال نېرى كەتمەيتتى.

مىكائىلچۇ؟ ئۇ نازپەرۋەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان بىرمۇنچە چاقچاق گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن، قىزنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى. نازپەرۋەرنىڭ جىددىي تۇس ئالغان چىرايى ۋە چىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى خۇددى «خەپ، سېنى !» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەيلى نېمىلا بولسۇن، مىكائىلنىڭ نازپەرۋەرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشقا كۆڭلى بارمايتتى. ئۇ بىئارام بولۇپ كۆڭلىدە: «بۇ شاپائەتچىمنىڭ قىزى، مېنىڭ مەشۇقۇم، ئۇ ماڭا ئاسمانغا چىقىپ ئاينى ئېلىپ بەر دېگەن ھالەتتىمۇ قىلچە باش تارتماسلىقىم كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىرقىسى قانچىلىك ئىشتى !» دەپ ئويلىدى ــ دە، دەرھاللا مېيىت ساندۇقىنىڭ مىخىنى يۇلۇشقا تۇتۇندى. مىخ ئانچە چىڭ قېقىلمىغانىدى. شۇڭا، ئانچە كۈچىمەيلا ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى ئېچىۋەتتى. ئۇبدان يۆگەپ ياتقۇزۇلغان جەسەتكە كۆزى چۈشكەن مىكائىل ئۇنىڭدىن گۇمانلانغۇدەك ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ دەرھال قانداق، مەن يەڭدىممۇ، دېگەندەك قەددىنى رۇسلاپ، قولىنى بېلىگە تىرىدى، ئاغزىنى قىيسايتقىنىچە ئىسقىرتىپ، گويا بالىلاردەك ئۆز رەقىبىگە غادايدى ۋە ئىچىدە: «ئەمدىغۇ ناز نېمىلا قىلغان بىلەن يېڭىلگىنىگە تەن بېرەر» دەپ ئويلاپ، نازپەرۋەرگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. شۇ تاپتا مىكائىل ئۇنىسىز ھالدا: «مەن دېگەنتىمغۇ، مانا سىز تەرسالىق قىلىپ ئۆزىڭىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالدىڭىز. ئەمدى قانداق بولدى؟ گۆردىن چىققىنى يەنىلا شۇ جەسەت سېلىنغان مېيىت ساندۇقى بولدىغۇ؟

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق غەلىتە مەخلۇق چىقمىدىغۇ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.
شۇ ئەسنادا، نازپەرۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ بىپايان ئاسمانغا قارىدى، مىكائىلمۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ مەنستمەسلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆلۈمسىرەشلىرىدىن نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.
نازپەرۋەر توساتتىن بىرنېمىنى سېزىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىدىن ئۆز گۇمانىدا چىڭ تۇرىدىغان بىر خىل قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.
— مىكائىل، ئۆز پىكرىڭىزدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىسىڭىز بوپتۇ، قانداق ئويلىغۇڭىز كەلسە شۇنداق ئويلاۋېرىڭ. بىراق، مەن ئۆز گۇمانىمنى ئىسپاتلايدىغان بىر ئاساسنى تاپتىم، — دېدى نازپەرۋەر.
— قانداق ئاساس؟
— سىر دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدا.
— ئوھوي، — دېدى مىكائىل ھەييارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — سىز نىيىتىڭىزدىن يانماي، تېخىچە باش قاتۇرۇۋېتىپسىز ـ دە!
— ھەئە، تېخىچە نىيىتىمدىن يانمىدىم، نىيىتىم تېخىمۇ چىڭىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى نازپەرۋەر مەنىلىك قىلىپ.
— پاھ، ياخشى گەپ ئىكەن بۇ، ئۇنداق بولسا ئېيتىپ بېقىڭا، نىيىتىڭىزنىڭ قانداقسىگە چىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقاي! — مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ گېپىدىكى ئىككى بىسلىق مەنىنى پۇتۇنلەي چۈشەنگەنىدى.
— ئۆلگۈچى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ دەپنە قىلىش شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە ئۆزىتىلغان. بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ئاق رەختتە كېپەنگە ئالىدۇ؟ بۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئادىتىگە تامامەن ئويغۇن ئەمەس. ئەمما، ئۆلگۈچى مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. بولمىسا، ئۇنى نېمە

ئۇچۇن مىيىت ساندۇقىغا سىلىپ ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا كۆمىدۇ؟ ئەكسىچە، ئۇنى مۇسۇلمان دەيلى دىسەك، يەنە نىمە ئۇچۇن ئۇنى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىغا كۆمىدۇ؟ شۇڭا بۇنىڭدا جەزمەن بىر سىر بار.

نازپەرۋەر سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، مىكائىلنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كىيىنكى مىيىتنىڭ بىشىدىن مەيدىسىگىچە تارتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ ئىشىنىڭ تەكتىنى بىلىشكە تەقەززا بولغاچقا، مىيىت بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

نازپەرۋەر ئۆز گۇمانىنى تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىخىمۇ كۆپرەك ئاساس تىپىشقا موھتاج ئىدى. شۇڭا، كىيىن قايرىۋېتىلگەندىن كىيىن مىكائىلنىڭ قانداق قىلىشى بىلەن كارى بولماي، يۈزىنى ساندۇقنىڭ گىرۋىكىگە يىقىنلاشتۇرۇپ، ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ ئىچىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئەمما ئۇنىڭدىن غەلىتە بىر پۇراق كەلگەندىن باشقا گۇمانلانغۇدەك ھىچقانداق نەرسىنى بىلەلمىدى. ساندۇقتا ياتقىنى بىشىغا ئىسىل بىزەكلەر قادالغان، پۈزۈر كىيىندۇرۇلگەن بىر ئايالنىڭ جەسىتى ئىدى.

مىكائىل كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە چەتتە قاراپ تۇردى، ئۇ نازپەرۋەرنىڭ بايىقى گۇمانىدىن سەل ئاررسالدى بولغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشقا قىزىقمىدى. مۇبادا مىيىت ساندۇقىنى ئاچقاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى مىيىت بولماي باشقا نەرسە بولغان بولسىدى، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولغان بولاتتى. ئۇ بەربىر ئۆلۈكقۇ، خەقنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ بۇ ساقچى ئىدارىسى بىلەن سوتنىڭ ئىشى، گۆركارلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن نىمە چاتىقى، دەپ قارايتتى.

مىكائىلنىڭ نازپەرۋەر بىلەن گەپ تەرگەشمەي، ئۇنىڭ چىشىغا تىگمەي قويۇشى پەقەت ئامراقلىقىدىن قىلغان چاقچىقى

بولۇپ، مىيىت ساندۇقىغا نېمە سىلىنغانلىقىنى بىلىش ئۇچۇن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بايا نازپەرۋەرگە ئەگىشىپ ئۆيدىن چىققان ۋاقتىدا ئويلىغانلىرىغا ئوخشاش، ھەممىسى نازپەرۋەر بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۇچۇنلا ئىدى. مىرزابان بۇ ئىككىيلەنگە چاي ئىچۈرگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئۆزى ئايرىم بىر جايدا يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مىكائىل بۇنداق ئەپلىك ئوبدان پۇرسەتكە زادىلا ئېرىشەلمىگەنىدى. چېركاۋدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر كىچىك بىنا بولۇپ، بىنانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقتا مۇسۇلمان گۆركارلار ئۇچۇن ياسالغان كىچىك بىر مەسچىت بار ئىدى. مىكائىل نازپەرۋەر بىلەن ناماز ۋاقتىدىلا غىل ـ پال كۆرۈشۈپ قالاتتى، ئەتراپىدا جامائەت بولغاچقا، ناماز ئوقۇش ۋە ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز پاراڭلىشىشتىن باشقا، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغۇدەك ياكى چاقچاقلاشقۇدەك پۇرسەتكە ئىگە بولالمايتتى.

نازپەرۋەر يەنىلا ئۆزى بايقىغان گۇمانلىق ئىشلار ئۇستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. مىكائىل بولسا بۇلارنى زادىلا ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى نازپەرۋەرگە چاقچاق قىلىشتىلا ئىدى.

— ناز، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ يەنە قانداق گۇمانلىق نەرسىلەر بار ئىكەن، قاراپ باقامسىز؟ ... مېنىڭچە، گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك يەرلەر ناھايىتى كۆپتەك قىلىدۇ، سىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىڭىزنىڭ ئۆزىلا غەلىتە ئىش ...

نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ بۇ تۇتۇرۇقسىز گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى كېپەندىلا قالغانىدى.

ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ بايا مىيىت ساندۇقىنىڭ گىرۋىكىگە ئېگىشىپ تۇرغاندا، بۇرنىغا پۇرىغان ئاللىقانداق بىر غەلىتە پۇراقنىڭ ئىچىدە ھاراقنىڭ ھىدى بارلىقىنى سەزگەنىدى.

— قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنمىدۇ ـ ھە؟ سۈيىقەست قىلغۇچىلار ناھايىتى ئۇستاتلىق قىلغان بولسىمۇ، جەسەتنى قارا رەختكە ئوراشنى ئۇنتۇپ، ئالدىراشچىلىقتا قولىغا چىققان رەختكە ئوراپ قويغانمۇ قانداق؟ ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، بۇ ئايال قانداق قىلىپ بۇنداق پالاكەتكە قالغاندۇ ... — دېدى نازپەرۋەر ئۆز ـ ئۆزىگە.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ ئەخمىقانە سۆزلىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.

— شۇنداق، ناز، سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، ھەددىدىن ئارتۇق ئەقىلمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن. ئۇلار ئالدى بىلەن پالچىغا رەم سالدۇرۇپ باقمايلا بۇ ئىشنى قىلىپ، ناھايىتى ئەخمەقلىق قىپتۇ. ئۇلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەشكە خۇشتار بىر چىرايلىق ئايال پەيلاسوپنىڭ ئاختۇرۇپ سۈرۈشتە قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇلار كۆمۈپ قويغان مەخپىيەتلىك يەر ئۈستىگە كولاپ چىقىرىلغۇسى. ئۇلار يەنە شۇنىمۇ بىلىپ قويسۇنكى، ئۇلارنىڭ قارا كېپەنلىك تاپالمىغىنى بىرمۇنچە بىھۇدە گۇمان ۋە تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولغۇسى، كېچە قورقۇنچلۇق، گۆر كولاش يىرگىنچلىك بولسىمۇ، بىراق بۇ بىر جۈپ ئاپپاق ۋە نازۇك قولنىڭ كېپەنلىكنى ئېچىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ ...

نازپەرۋەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ ۋاقتىنى مۇنداق دەتالاش بىلەن زايا قىلىۋېتىشنى خالىمايتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆيدىن قولچىراغ ئاچقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرھال قولچىراغنى چىقاردى. بىراق، قولچىراغنى يورۇتۇپلا «ئاپام» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئارقىغا نەچچە قەدەم داجىپ كەتتى ـ دە، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. مىكائىل ئىتتىك كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى.

نازپەرۋەرنىڭ ھەيرانلىقتا قېتىپ قالغان كۆزلىرى قورقۇنچقا تولغانىدى، بەدىنى دىر ـ دىر تىترەپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ قەيسەر

بولغاچقا، بۇ قورقۇنچنى دەرھال يەڭدى ـ دە، مىكائىلنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن يۈرىكىنىڭ تېخىچىلا قاتتىق سوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ناز، نېمە بولدىڭىز؟ ــ سورىدى مىكائىل ھودۇققان ھالدا.

نازپەرۋەر تېخى تىنچلىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇندىمەي تۇرغىنىنى كۆرگەن مىكائىل ئەنسىز ھالدا:

ــ بەك چارچاپ كەتتىڭىزمۇ يا؟ چىرايىڭىزدىن چارچاپ كەتكەنلىكىڭىز بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بايا يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدىڭىز. ئەمدى ئارام ئالمىسىڭىز بولمايدۇ. يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، ــ دېدى.

نازپەرۋەر تەستە ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئاندىن زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سەل ياسالما تەلەپپۇزدا:

ــ ئارام ئېلىش؟ ئەمدى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ! ــ دېدى.

نازپەرۋەر بەكمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىكائىلنىڭ ئالدىدا مۇنچىلىك قورقۇنچاقلىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ قورقۇنچىنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، تەمكىن قىياپەتتە:

ــ مىكائىل، تۇرۇپلا بېشىم قېيىپ كەتتى. بولمىسا بۇنداق بولامتىم؟ مەن قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس. مەن تېخى ئۆزۈمنىڭ يۈرەكلىكلىكىمدىن پەخىرلىنىپ كېلىۋاتىمەن جۇمۇ! ــ دېدى.

مىكائىل نازپەرۋەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ تۇرغاندەك ئۇنىڭغا شوخلۇق بىلەن لەپپىدە قاراپ قويىدى.

ــ ئۇنداق دېسە باتۇرنى توخۇ يۈرەك كۆرگەنلىك بولمامدۇ؟ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن جىن ـ شاياتۇنلار ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندىغان بۇنداق قورقۇنچلۇق كېچىدە سىزنىڭ قىلچە قورقمىغانلىقىڭىزغا مەنمۇ قايىل بولدۇم. ئالايلۇق، ھەتتا قاپتەك يۈرىكى بار، مەن ـ مەن دېگەن يىگىتلەرمۇ جەسەتنى كۆرسە قورقۇپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ. ئەمما، سىز ھېچ

ئىش بولمىغانىدەك تۇردىڭىز. ئېيتىڭا، سىزنى يەنە كىم قورقۇنچاق دەر! ... بولدى، بولدى. خاتىرجەم بولۇڭ. بەك كەچ بولۇپ كەتتى. بېرىپ ئۇخلاڭ! مېيىت ساندۇقىنىڭ ئىچىدىكىسى باشقا نەرسە ئەمەس، جەسەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، گۇمانلار يوقالدى. بۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كېتىشىڭىزمۇ ھاجىتى قالمىدى ...

مىكائىل نازپەرۋەرنى خۇددى بىر ئىشنى خاتا قىلىپ، تەڭقىسلىقتا قالغان كىشىدەك ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ھەدەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ بەزلىگىلى تۇردى.

— ئەمىسە ھېلىقى گۇمانلاردىن ۋاز كېچەمدۇق؟ بۇ غەلىتە ئىش شۇنىڭ بىلەن ئېنىقلىنىپ كەتتىمۇ؟ — دېدى نازپەرۋەر.

— نېمە؟ — دېدى مىكائىل، — سىز يەنە نېمە قىلماقچى؟ سىزنىڭ جەسەتنى قەدىمكى مىسىرلىقلارغا ئوخشاش مۇمىيا قىلىپ قويغۇڭىز كېلىۋاتامدۇ نېمە؟

— بولدى، چاقچاق قىلىۋەرمەڭ، مىكائىل، مەن سىزنى زادى ئالدىمىدىم. بايا مەن قولچىراغ بىلەن قارىغاندا مېيىتنىڭ كۆزى مىدىرلىغانىدەك قىلدى. شۇڭا، قورقۇپ كەتتىم.

— ماڭا قاراڭ، ناز، سىز قالتىسكەنسىز جۇمۇ! — مىكائىل نازپەرۋەرنى، نېرۋىسى ئاجىزلاپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئاغزىدىن بىمەنە گەپلەرنىڭ چىقىشى تۇرغان گەپ، ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ ئويلىدى بولغاي، ئۆزىچىلا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

يۇسۇپ كەبى ھۆسن ـ جامالىڭ،
ئىيسا كەبى بېرىسەن تەنگە جان.
مۇسادىنمۇ قېلىشماس ئەسلا،
ئاپپاق قولۇڭ نۇر چاچار ھامان.

نازپەرۋەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— سىز زادى نېمە بولدىڭىز؟ مېنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىمنى ئويۇن - چاقچاق قاتارىدا كۆرۈۋاتامسىزغۇ؟

— ياق، ياق، ناز، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئويۇن - چاقچاق دەپ قاراشقا ھەددىممۇ !

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قەستەن مەن بىلەن ئېيتىشىۋېرىسىز؟

— مەن سىزنى ماختاي دېۋىدىم، يادىمغا بىر شېئىر كېلىپ قالدى، شۇڭا ئېيتىپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە، مەن يەنە سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا يۇسۇپ كەبى گۈزەللىك، ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ئىنسانىيلىكتە كارامەت بار، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك قوللىرىڭىزدىن نۇر چاقناپ تۇرىدۇ، مانا بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ھەممىسى سىزگە مۇجەسسەملەشكەن، دېمەكچىدىم. سىزنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگەن ئىيسا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭىز ئاللىقاچان ئىسپاتلانمىدىمۇ؟ — ئۇ مېيىت ساندۇقىنى كۆرسەتتى، — ئۆلۈكنىڭ تىرىلگەنلىكى بۇنىڭغا ئىسپات. سىز راستتىنلا كامالەتكە يەتكەن ئىستېدات ئىگىسى ئىكەنسىز. ناز، بۈگۈن مېنىڭ كۆزۈم باشقىدىن ئېچىلغاندەك بولدى...

نازپەرۋەر ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى:

— تولا گەپدانلىق قىلىپ كوتۇلداۋەرمىسىڭىز قانداق، خۇدايىمنىڭ كۈنى بۈگۈن بىلەنلا تۈگەيدىغاندەك قىلىپ كەتتىڭىزغۇ !

— ئاھ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بۈگۈن كېچىدىكىدەك مۇنداق ئىش ھەرگىز قايتا تەكرارلانمىسۇن ! مەن ئەمدى مېيىتنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەپ يۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن !

— ئۇنداق بولسا ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ بىر چەتتىرەك تۇرۇڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم قىلاي، — نازپەرۋەر شۇنداق دېدى - دە، ئاچچىقى بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، مېيىتنىڭ ماڭلىيىنى

تۇتتى، — ۋاي، ئىسسىقلا تۇرىدۇغۇ! — نازپەرۋەر چۆچۈپ كەتتى. ئەمما، ئۇ بۇ قېتىم مىكائىلىنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى دەرھال تۇتۇۋالدى. ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنىڭ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلا پەيدا بولۇپ قالغان پەرەز ئەمەسلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نازپەرۋەر ئۆزىنى يۈرەكلىكرەك تۇتۇپ، قولاشمايۋاتقان قوللىرىنى ئۆلگۈچىنىڭ پېشانىسىدىن تۆۋەنگە يۆتكەشكە باشلىدى. نازپەرۋەرنىڭ قولى ئۆلگۈچىنىڭ بوينىدىن ئۆتۈپ مەيدىسىگە كەلگەندە، ئۇ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆلگۈچىنىڭ يۈرىكىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندى.

— تېز كېلىڭ! مىكائىل، تېز كېلىپ قارىڭا! تېخى جېنى بارمۇ - نېمە؟ تىنىقى توختىمىغاندەك قىلىۋاتىدۇغۇ!

مىكائىل نازپەرۋەرگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئۇ ئەسلىدە كۈلۈۋەتمەكچىدى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئەمدى نازپەرۋەرنىڭ چىشىغا تېگىۋەرمەي، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا، نازپەرۋەرنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەچ ئالدىغا ماڭدى.

— سىزنىڭ تەرسالىقىڭىز ... ياق، ياق، تەرسالىقىڭىز ئەمەس، سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا.

ئۇ نازپەرۋەرنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، قولىنى ئۆلگۈچىنىڭ مەڭلىيىغا قويۇپلا، خۇددى چايان چاققان ئادەمدەك سەكرەپ كەتتى - دە، «ۋاي، جىن!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بۆلەكچىلا قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك چىقىپ كەتتى. بىراق، بۇنداق چاغدا قاتتىق ۋارقىراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى دەرھال بېسىۋالدى ۋە «ئاۋازىمنى بىرەرى ئاڭلاپ قالمىغاندۇ - ھە!» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى.

مېيىت ساندۇقىنىڭ قاپقىقى ئېچىلغاندىن كېيىن ئارامبەخش ساپ ھاۋانىڭ ۋە سالقىن كېچە شامىلىنىڭ تەسىرىدە تېخى جېنى

چىقىپ كەتمىگەن بۇ «جەسەت» ھوشىغا كېلىشكە باشلىغانىدى. بايا نازپەرۋەر قولچىراغنى ئۇنىڭغا ياندۇرغاندا، چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئۆلگۈچىنىڭ كۆزىنى چاققان، شۇنىڭ بىلەن خۇددى نازپەرۋەر كۆرگەندەك ئۇنىڭ قاپىقى مىدىرلاپ كەتكەنىدى. گەرچە مىكائىل بۇلارنى ئەخمەقلىق، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش دەپ قارىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ راست ئىدى. ئۇ نازپەرۋەرنىڭ چۆچۈپ ۋارقىرىغان پېتى ئارقىسىغا داجىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ئالاقزادە بولۇپ ھودۇقتى. بۇ ئۇنىڭ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغانلىقىدىن بولغانىدى. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى مىكائىلنىڭ ئالدىدا قىلچە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدىغان قورقۇنچلۇق رېئاللىق تۇرغاچقا، ئىشەنمىسە بولمايدۇ ـ دە، شۇڭا ئۇ نازپەرۋەردىنمۇ بەتتەر ھودۇقۇپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

— ... ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن ئەسلىدە مېيىت ساندۇقىنى جەسەت بىلەن كۆمۈۋەتسەملا سىزنىڭ گۇمانلىرىڭىزنى تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن ... بىراق، ئەستاغپۇرۇللا، بۇ قانداق بولغىنى، نا ... ناز، سىز ... سىز ئېيتىڭا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مىكائىل لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ ئالدىدا قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى يوشۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ، يەنىلا ئالاقزادە بولۇپ تۇراتتى، خۇددى نېرۋىسى ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش ھەدەپ:

— نا ... ناز، سىز ... سىز ... ئېيتىڭا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەيتتى.

نازپەرۋەر سەگەك ۋە تەمكىن ئىدى. ئۇ ھودۇقماي تۇرۇپ مىكائىلغا:

— مىكائىل، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. قارىغاندا خۇدايىم بىزگە چوڭ بىر ئىشنى تاپشۇرغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

— بىراق، بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز، ناز؟ — مىكائىل شۇ گەپنى دەپلا يەرگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قانداق قىلىمىز؟ ئىشقىلىپ، تېخى ئۆلمىگەن بىر ئادەمنى كۆمۈپ قويساق بولمايدۇ ـ دە، بولمىسا بىزمۇ ھېلىقى نىقابلىق ئىككى جىنايەتچىگە ئوخشاش قاراپ تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىل بولۇپ قالىمىز. ئاقىۋەت، بىزمۇ كۆرگۈلۈكىمىزنى كۆرىمىز. تېز بېرىپ چاقىلىق تەختىراۋاننى ئەكىلىڭ، ئاندىن مېيىت ساندۇقىنى بۇرۇنقىدەك كۆمۈپ قويايلى.

مىكائىلغا مىدىرلاپ تۇرغان كۆزىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى گويا ئۆزىنىڭ ئەمەستەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن نازپەرۋەر خۇددى توخۇلارنى قوغلىغاندەك يەنە:

— ھويت، ئىلدامىراق ماڭسىڭىزچۇ! — دېدى. لېكىن، مىكائىلنىڭ ئېسىگە كېلەلمەي ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، تەھدىت تەلەپپۇزدا يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ ئىشنى مۇشۇ پېتى تاشلاپ قويساق، ئەتە ئەتىگەندە دادام بۇ مېيىت ساندۇقى، جەسەت ۋە گۆر توغرىسىدا سوراپ قالسا نېمە دەيسىز؟ ئەگەر دادام مېنىڭ بۇ ئىشنى سىز بىلەن بىللە قىلغانلىقىمنى بىلىپ قالسا قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان. سىزنىڭمۇ يۈزىڭىز تۆكۈلىدۇ. بۇ ئىشنى بۇنداق تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىۋېتەيلى.

نازپەرۋەرنىڭ تەئەددى ئارىلاش ئېيتقان سۆزى راستتىنلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. مىكائىل ئورنىدىن شاققىدە تۇردى ـ دە، لاغىلداپ تىترىگەن پېتى تەختىراۋان قويۇلغان ئۆي تەرەپكە قاراپ دەلدەڭشىگىنىچە مېڭىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بايىقى شوخلۇقى، كىشىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان چاقچىقى، مەسخىرە سۆزلىرىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. مىكائىل گويا چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ

كاللىسىدا تۇرلۇك پىكىر ـ خىياللار تۇغۇلدى. بىراق، ئاشۇ خىياللىرى ئىچىدە ئۆزىگە ياققۇدەك بىرەرسىمۇ چىقمىدى. يول بويى ھەر خىل قورقۇنچلۇق خىياللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قارا بۇلۇتتەك ئەگىپ خۇددى توپ ـ توپ ئەجدىھالار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئۇنى يالمىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

مىكائىل بەكلا قورقۇپ كەتكەنىدى: بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ خۇن دەۋاسى قىلىپ قالارمۇ؟ بۇنىڭغا ئىككىمىز چېتىلىپ قالارمىزمۇ؟ مەن قانداق قىلسام بولار؟ ... قىسقىسى، مىكائىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى.

تەختىراۋان ئەكىلىندى، تېخى مۇزلاپ كەتمىگەن «جەسەت» ئۇنىڭغا سېلىندى. قەبرىنىڭ ئۈستىگە توپا دۆۋىلەندى.

ئۇلار باشقىلارنى ئويغىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، چاقلىق تەختىراۋاننى ناھايىتى ئاستا ئىتتىرىپ مېڭىشتى، ئىككىيلەن باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى، باشقىلار بىلىپلا قالسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ قۇتۇلۇشى ناھايىتى تەس ئىدى.

نازپەرۋەرنىڭ گېپى بويىچە مىكائىل تەختىراۋاننى ئۆزىنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختاتتى. مىكائىل خۇددى نازپەرۋەرنىڭ قولىدەك نېمە قىل دېسە شۇنى قىلاتتى. شۇ تاپتا، مىكائىلغا نازپەرۋەرنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باشقا چارە يوق ـ دە.

ئۇلار تېخى تىنىقى توختىمىغان «جەسەت»نى كۆتۈرۈپ مىكائىلنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. بۇ «جەسەت» ئەمدى بايىقىغا قارىغاندا خېلى ھوشىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى بارا ـ بارا ئېنىق بىلىندى. بىرنەچچە سائەت تۇنجۇقۇپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ رەسمىي نەپەس ئېلىشىغا ئاز دېگەندىمۇ يەنە ئون نەچچە سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

ئۇپۇق ئاقىرىشقا باشلىدى. ئورمان تەرەپتىن دەسلەپتە ئۇيقۇدىن ئويغانغان قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، تاڭدىن خەۋەر بەردى.

نازپەرۋەر بۇ يەردە ھايال بولۇپ قالماي تېزرەك قايتىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ تىرىلىۋاتقان «جەسەت»نى ئەدىيال بىلەن ئوبدان يېپىپ قويدى ۋە مىكائىلغا ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى قايتا ــ قايتا تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە كەتتى.

نازپەرۋەر ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۆيىگە غېپىدە كىردى ــ دە، كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىۋالدى. بۇ كېچە دىشۋارچىلىق تارتقىنىغا قارىماي ئۇنىڭ زادى ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇيان ــ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ ئاران تاڭ ئاتقۇزدى. ئاندىن ئورنىدىن قوپۇپ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى.

نازپەرۋەر كەتكەندىن كېيىن مىكائىل تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىك، قورقۇنچ ۋە پاراكەندىچىلىككە چۈشۈپ قالدى. ئۇ قويغان ــ تۇتقىنىنى بىلمەي گاراڭ ھالەتتە ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا ماڭاتتى.

«تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بىرەرى ئۆيۈمدە بىر ئۆلۈكنىڭ ياتقانلىقىنى سېزىپ قالسا قانداق بولغىنى، چۈشەندۈرسەم گېپىمگە ئىشىنەمدۇ؟ ئۇلار: ‹مىكائىل ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن كۆمۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ› دېسە قانداق قىلارمەن؟ بۇ بىچارە راستتىنلا ھوشىغا كېلىپ قالسا تېخىمۇ ئاۋارىچىلىك تۇغۇلامدۇ؟ بىر تىرىك ئادەمنى مۇشۇ كىچىككىنە ئۆيدە قاچانغىچە ساقلىغىلى بولار؟ يەنە كېلىپ بۇ ئايال تۇرسا؟ تىل دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق. ناۋادا بىرەرى سېزىپ قېلىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ گەپ تاپسا، مەن ئۇنى قانداق يىغىشتۇرىمەن؟»

مىكائىل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، باشقىلارنىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى «ئۆلۈك»نى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چىراغنىڭ پىلىكىنى پەسەيتىپ قويدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭغا ئىشىكنىڭ ھالقىسى ھەر ۋاقىت جاراڭلايدىغاندەكلا بىلىنەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىلا ئادەم كېلىپ قالىدۇ، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ئاغزىغا تىقىلىپ

قىلىۋاتاتتى. مىكائىل ئەنە شۇنداق پاراكەندىچىلىك ۋە قورقۇنچ ئىچىدە پات ـ پاتلا كارۋىتىنىڭ قىشىغا بېرىپ، ئۆلۈم گىرداۋىدا جان تالىشىۋاتقان «ئۆلۈك»كە يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ قوياتتى. «كىم بىلىدۇ؟ ئاللىقاچان تىنىقى توختاپ قالدىمۇ تېخى ! ... ئېھتىمال، بىر دەمدىن كېيىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا راۋان بولار ! ...»

ئۇ ھەر قېتىم شۇنداق خىيال بىلەن كارىۋاتقا قارىغاندا، «ئۆلۈك»نىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. «ھىم، تىرىلىپ قالامدۇ نېمە؟» بۇ ئىش ئۇنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىپ، غەمگە سالاتتى. ھەتتا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئىچىدە غودۇڭشىپ قوياتتى. «خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، ئۇنى ھەرگىز ھوشىغا كەلتۈرمىگەيسەن، ئۇنى مۇشۇ پېتى ئۇ ئالەمگە ماڭدۇرغايسەن، ئۇ مۇشۇنداق جىمجىت كەلگەن پېتى ھېچكىمنىمۇ ئاۋارىچىلىككە سالمىسىكەن. كۆزنى بىر ئاچماي قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، كەچ بولغاندا ئورنىغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتسەم، ئىسىت ـ ئىسىت ! نازىنىڭ رايىغا باققانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىمەن ـ ھە !»

ئۇشتۇمتۇت، كارىۋات تەرەپتىن بوش ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن مىكائىل خۇددى چوغ دەسسىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

ئۇ تېخى قېتىپ بولمىغان بۇ جەسەتنىڭ شۇ پېتىچىلا ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلەۋاتقاندا ئاڭلانغان بۇ ھالسىز ئىڭراش ئۇنىڭ خىياللىرىنى بىتچىت قىلىۋەتكەنىدى. «بەك جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ يا؟ بەلكى، بۇ ئۇنىڭ سەكراتتىكى ئاۋازىدۇر؟ مۇشۇ ھالەتتە ياتقان ئادەمنىڭ تىرىلىپ قېلىشىدىن قانداق ئۈمىد بولسۇن ! ئادەمنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى چىقمىسا، ئۇ دۇنياغا قانداق راۋان بولسۇن؟ توغرا، بەلكى ئۇ شۇ ئىڭراشلىرى بىلەن ھازىرلا ...»

مىكائىل ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە گويا بارلىق قايغۇ ـ

ئەلەم، غەم ـ غۇسسە ۋە تېگىرقاشتىن بىردىنلا خالىي بولغاندەك ئىختىيارسىز كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئەرۋاھلار تىزىملىكىگە كىرىپ بولغان «ئۆلۈك»كە قاراپ باقماقچى بولۇپ كارىۋاتقا ئېگىلگەن ۋە «ئۆلۈك»نىڭ تېخىمۇ ئېنىق ئەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كەتكىنىدىن ئارقىسىغا داجىدى ـ دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۆينىڭ ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقانىدى. بۇ جىمجىتلىق ئۇزاق داۋام قىلمىدى. «ئۆلۈك»نىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق ئىڭرىشى ۋە مىكائىلنىڭ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

مىكائىلنىڭ يۈرىكى بەئەينى قوقاستا پۇچىلانغاندەك بولۇپ كەتتى.

مىكائىل تىترەپ تۇرۇپ «ئۆلۈك»نىڭ يېنىغا يەنە بىر قېتىم يېقىن كەلدى ۋە «ئۆلۈك»نىڭ مەيدىسى مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قورققىنىدىن قېتىپلا قالدى.

تاڭ ئاتتى. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، مىكائىل ئادەتتىكىگە ئوخشاش مەسچىتكە بېرىپ بامدات نامىزى ئوقۇمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئەدىيال بىلەن «ئۆلۈك»نى ئوبدان يۆركەپ قويۇپ، ئىشىككە قۇلۇپ سالدى ـ دە، كۆڭۈلدىكىدەك دەل ۋاقتىدا مەسچىتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قەبرىستانلىقتىكى مەسچىتتە ھەممە ئىش ئادەتتىكىدەكلا ئىدى. بامدات نامىزىغا يەنىلا مىرزابان ئىماملىق قىلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭدىنمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر، يېشى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئادەم يوق ئىدى. نازپەرۋەر ئادىتى بويىچە نامازغا كەلدى. ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىدە بىئاراملىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. نازپەرۋەرنىڭ بىئاراملىقى مىكائىلنىڭكىگە ئوخشمايتتى. ئۇ ھېلىقى «ئۆلۈك»تىن ئەنسىرەپ، كۆڭلىدە: «بۇ بىچارە كىم بولغىيدى؟ ئۇ قانداق بولۇپ بۇنچىۋالا بالا ـ قازاغا ئۇچرىغان

بولغىيدى» دەپ ئويلىسا، مىكائىل: «ئۇ ئايال راستتىنلا تىرىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىر كېچە تارتقان جاپايىمنى قويۇپ تۇرايلى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلغۇلۇق؟» دەپ باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

نازپەرۋەر بامدات نامىزىدا ئولتۇرۇپ ھېلىقى «جەسەت»نىڭ تىرىلىپ قېلىشىنى خۇدادىن تىلەپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، مىكائىل: «خۇدا، سەل تۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ بارغىنىمدا، ئۇنى ئۆلگەن ھالدا كۆرۈشۈمنى نېسىپ قىلغايسەن، ئۇنىڭ جېنىمۇ بالدۇرراق ئارام تاپسۇن، مەنمۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلاي !» دەپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى.

نازپەرۋەرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولاتتى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىلىشكە تاقىتى ـ تاق ئىدى. ئۇ مىكائىلغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغان مۇسۇلمان قىزى بولغانلىقتىن، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى. شۇڭا، ئۇ مىكائىلنىڭ يېنىغا بېرىش توگول، ئۇ تۇرغان تەرەپكە قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى. مىرزابان ھەددىدىن تاشقىرى ياسانچۇق قىزلارنى ياخشى كۆرمىگەندەك، «مۇھەببەتلىشىش» دېگەن بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىقنىمۇ خوپ كۆرمەيتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ بېشى باغلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە، ئەڭ ئاددىيسى، ئۇچرىشىپ قالغاندا سەل ـ پەل يېقىنچىلىق قىلىشلىرىغىمۇ يول قويمايتتى.

نازپەرۋەر تىرىلىش ئۈمىدى بار ھېلىقى «ئۆلۈك»نى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشلىرىغا ئاز ـ تولا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا، رەھىمسىز كۈندۈزنىڭ ئۆتۈپ كېتىپ، تۈن پەردىسىنىڭ قۇچاق ئېچىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى.

# ئۈچىنچى باب

جەمشىد سارىيى ئۆزىنىڭ كۆركەم ۋە چىرايلىق سىلىنغانلىقى بىلەن مۇشۇ ئەتراپتا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان، بىناكارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قۇرۇلۇشلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقانلىقتىن مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ياۋروپاچە سىلىنغان چىرايلىق سارايىنىڭ خوجايىنى جەمشىد مال ـ دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھاروُن دەپ ئاتالسا، ئۆزىنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقى بىلەن شۇ زامانىنىڭ ھاتەمى ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، شۇ جايدىكى مەشھۇر ئەرباب ئىدى. چىرايىدىن كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ، خۇشخۇي ئادەملەرگە خاس مۇلايىملىق ۋە خۇش چاقچاقلىق چىقىپ تۇراتتى.

جەمشىد كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا ئامراق، جىم تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى. ھاۋا سوغۇق قىش كۈنلىرىدىمۇ ئۆيدىكى توك ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئارامخۇدا ئىسسىنىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە تولىمۇ ھېرىسمەن بولغاچقا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ دېڭىز بويىغا جايلاشقان رايونلىرىدا قىش پەسلىدىمۇ ئېچىلىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ خۇش پۇراق گۈللەرنى تاماشا قىلىشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئەتىگەن ھاۋا بۆلەكچىلا ياخشى ئىدى. ھاۋا سەل سوغۇق بولسىمۇ، جەمشىدنى تالادىكى مەنزىرە ئۆزىگە تارتقانىدى. كەڭ يېشىل مەخمەل پاياندازدەك چىملىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىلىنغان كۇنلۇكسىمان كىچىك شىپاڭنىڭ ئاستىدا جەمشىد بىلەن ئۇنىڭ

خوتۇنى چىمەنبانۇ ئولتۇراتتى. ئىللىق ۋە ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىگە چۈشۈپ، ئىككىيلەنگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى، ئەتراپتىكى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا مۇشۇ يېشىل مەخمەل گىلەمنى تۈمەنلىگەن ئۈنچە - مارجانلار بىلەن بېزىگەندەك نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى. نۇر ئۇبدان چۈشىدىغان جايلارغا كۆز يۈگۈرتسىڭىز، ياپيېشىل ياپراقلار ئۈستىدە تەۋرىنىپ تۇرغان رەڭگارەڭ شەبنەملەردىن چېچىلغان شولىلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، بەئەينى «ھەسەن - ھۈسەن» يەردە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئارقىدىكى گۈللۈكتىن دىماققا دەممۇدەم ئۇرۇلۇپ تۇرغان خۇش پۇراق غەم - ئەندىشىدىن خالىي، راھەت - پاراغەتتىن مەست بولغان جەمشىدنىڭ، مىجەزى ئۆزگىرىپ، تاش يۈرەك، غەلىتە، شەپقەتسىز بولۇپ كەتكەن چىمەنبانۇنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئەگىيتتى.

خىزمەتكار پېتىر ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ناشتىلىقنى كەلتۈرۈپ بولغانىدى. پۇرقىراپ ئىسسىق ھور چىقىۋاتقان مەززىلىك تائاملار ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى. جەمشىد قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، پەلىيىنى سېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ۋىلكا بىلەن بىر پارچە تورتنى سانجىپ ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. چىمەنبانۇ پەلەي كىيمىگەنىدى. ئۇ ئېرەنشىمىگەن ھالدا قولىنى نېپىز يەڭسىز يېپىنچىسى ئىچىدىن ئاستاغىنا چىقىرىپ، خۇشياقمىغاندەك داستىخانغا ئۇزارتتى. جەمشىد باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش ھەدېسىلا چاقچاق قىلىش پۇرسىتى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ مۇزلاپ كەتكەن ئادەمدەك چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ تۇرۇپ، ئامراقلىق بىلەن ئىنگلىزچە «سۆيۈملۈكۈم» دېدى - دە، چىمەنبانۇغا قاراپ قىزىقچىلىق قىلىپ:

— سىززە، بىر پارچە ئوت جۇمۇ، — دېدى.

— ئوت؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — چىمەنبانۇ ئاچچىقلانغاندەك

ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

— مەن ئۇقتۇم، سۆيۈملۈكۈم، سىز يەنە خاتا چۈشىنىۋالدىڭىز. سۆزۈمنىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ سىزنى دوزىخى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ... سىز ئېھتىمال، ئاسماندىن چۈشكەن بىرەر مالائىكە، پەرىشتىدۇرسىز ! — دېدى جەمشىد ئالدىراپلا.

— سىز ماڭا تېپىشماق ئېيتىپ بېرىۋاتامسىز؟

— ياق، ياق !

— ئىشقىلىپ، سۆزىڭىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىم، — چىمەنبانۇ ئۇنىڭغا يەنە لەپپىدە قاراپ قويدى.

— گېپىمنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئاددىي. مەن، شۇنچە سوغۇق ھاۋا سىزگە ئازراقمۇ سوغۇق بىلىنمەيدۇ، دېمەكچىدىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سوغۇقتىن تىترەپ، چىشلىرىمۇ كاسىلداپ كېتىۋاتىدۇ، ئىچكەن ئىسسىق چايمۇ كار قىلمىدى.

چىمەنبانۇ دىمىقىنى قىرىپ قويۇپ سوغۇققىنا دېدى:

— بۇگۈندىنمۇ، ئەتىدىنمۇ غېمى يوق بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، قىشلىقى تولۇق ئوچاق، يازلىقى مۇزلاتقۇ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بەربىر راھەتنى ھېس قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ.

— بىراق، بۇ گېپىڭىز مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بولالمايدۇ. شۇنچە سوغۇق كۈندە يەڭسىز يېپىنچا يېپىنچاقلىۋېلىپ توڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى جەمشىد.

چىمەنبانۇ ئۈندىمىدى. ئۇ ھەمىشە مانا شۇنداق كەم سۆزلۈك قىلىپ، ئادەمنى تولىمۇ تەڭلىكتە قوياتتى. چىمەنبانۇنىڭ ئۈندىمەي تۇرغانلىقى قىلىدىغان گېپىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس. ئۇ كۆڭلىدە: «يۈرىكىنى ئۇمىدسىزلىك، رەشك ۋە غەزەپ ئوتى ئۆرتەۋاتقان مەندەك بىر ئادەم سىرتقى دۇنيانىڭ ئوتى ۋە ھارارىتىگە موھتاج ئەمەس !» دەيتتى.

جەمشىد تېخىچىلا چىمەنبانۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ نەزىرى چىمەنبانۇدىن ياپېپىشىل چىرايلىق چىملىقنىڭ

يىراق چېتىگە ئاغدۇرۇلدى.

جەمشىد شۇ تەرەپكە ئۆزىنى شۇنچىلىك ئۇنتۇغان ھالدا تىكىلىپ قارىدىكى، ھەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يېرىمى چىشلەنگەن بىر پارچە تورتنى تۇتقان ھالدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى.

— سىز نېمىگە شۇنچە ھاڭۋېقىپ قالدىڭىز، جەمشىد؟ تاماق سوۋۇپ قالغىلى تۇردى، بىردەم تۇرۇپ يەنە تاماق سوۋۇپ قاپتۇ، دەپ تاپا ـ تەنە قىلغىلى تۇرماڭ، — دېدى چىمەنبانۇ.

جەمشىد شۇ چاغدىلا چۆچۈپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا باھار گۈزەللىكى كەتمەيدىغان باغچىمىزدا بىر تال ئەڭ چىرايلىق خۇش پۇراق گۈل بار. چىمەن، سىز بىلەمسىز؟ بايا مېنى ئەنە شۇ گۈل بىرپەس مەپتۇن قىلىۋالدى، — دېدى چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن.

— خۇش پۇراق گۈل!

— ھەئە، قارىڭا! ...

چىمەنبانۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئوغلى يۇسۇپنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ ھامان، چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس شادلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى. ئەمما، بۇ تەبەسسۇم قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلا يوقالدى. ئۇ يۇسۇپ بىلەن يەنە باشقا بىر قانچە بالىنىڭمۇ بىللە كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، چىمەنبانۇ خۇددى ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى ـ دە، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ قويدى. دېمىسىمۇ بۇ ئۇنداق قىلىدىغان سورۇن ئەمەس ئىدى.

— يۇسۇپ بۈگۈن ئەجەب بۇ چاغدا كېلىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى چىمەنبانۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى شىۋىرلاۋاتقاندەك. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە بوش ۋە ئاستا چىقتى، — ھازىر ئۇنىڭ دەرس ۋاقتى ئەمەسمۇ؟

— سىز بالىمىزنى چاقىرمىساقمۇ كەپتۇ، دېمەكچىمۇ؟

ئىمتىھان ئالدىلقاچان توگەپ بولدى ـ دە! ئىپھتىمال، ئۇلار ئىمتىھان نەتىجە قەغىزىنىمۇ قولىغا ئېلىپ بولغاندۇ.

جەمشىد شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۇدۇل تەرەپتىن يۇسۇپنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئىككىيلەن دەرھال شۇ تەرەپكە قارىدى.

قوللىرىغا بىردىن پالاق تۇتقان بىر توپ بالىلار — يۇسۇپ، ماھىنۇر، شەمسىيە، گۆھەر ئالدىدا، جابىر ئەڭ ئارقىدا بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشىۋاتاتتى.

يۇسۇپ ئۇستىگە يارىشىملىق تەنھەرىكەت كىيىمى كىيگەن، قاش ـ كۆزى جايىدا يىگىت ئىدى. كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى ئۇنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «يۇسۇپ»كە ئايلاندۇرغان، يەنى ئۇنىڭ ئىسمىلا يۇسۇپ بولۇپ قالماي، بەلكى ئاللاتائاللا ئۇنىڭغا راستتىنلا رىۋايەتلەردىكى يۇسۇپنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، خالىس، سالماق، ئەقىللىق، غەرەز ئۇقىدىغان بالا ئىدى.

ماھىنۇرنىڭ ئۇچىسىدىكى قىزغۇچ سارى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ياراشقان، سارى ئۇستىگە كالتە ئاق كەمزۇل كىيىپ، بوينىغا قاردەك ئاپپاق يىپەك شارپا ئورىۋالغانىدى. كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان قىزغۇچ سارىدىن باشقا، بىشىدىن ـ ئايىغىچە كىيگىنى پۈتۈنلەي ئاق ئىدى. مانا شۇ سۈتتەك پاكىز ئاق رەڭ ئۇنى تېخىمۇ ئۇماق، نازاكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك سۈزۈك يۈزىگە تا شۇ كۈنگىچە ئۇپا ـ ئەڭلىك تېگىپ باقمىغان، ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان تەبىئىي گۈزەللىك بار ئىدى. ئۇ سالماق قەدەم تاشلاپ بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىر قاراشتىلا ھەرقانداق كىشىنى، بۇ قىز ئېغىر ـ بېسىق، سالاپەتلىك، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى.

ماھىنۇرنىڭ سىڭلىسى شەمسىيە ئوغلاقتەك سەكرەپ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى. قارىماققا، ئۇ مودا قىزلارغا ئوخشايتتى.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، ناھايىتى نىپىز، رەڭگى ئۇچۇق، ئەمما غەلىتە كىيىملەرنى كىيىۋالغان، يۈز - كۆزىگە بولۇشىغا ئۇپا - ئەڭلىك سۈركىۋالغان ئون يەتتە ياشلىق بۇ قىز رەڭدار كېپىنەككىلا ئوخشايتتى. ئالدى ئېتىك چاپان ئۇنىڭ بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرغاچقا، ئۇ يول يۈرگەندە ئادەمگە تولىمۇ چاققان، شوخ كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇنچە سوغۇققا پەرۋا قىلمىغاندەك ئۆزۈن ھەم نىپىز يەڭسىز يېپىنچىسىنى مۈرىسىگىلا ئارتىۋالغانىدى.

ماھىنۇر بىلەن شەمسىيەنىڭ ئىنىسى گۆھەرمۇ شىپتىلىرەك بالا ئىدى، شەمسىيە بىلەن قوشكېزەك ئاچا - ئىنى ئىدى. ئېسىل رەختتىن تىكىلگەن كىيىملىرى ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمىغانىدى. ئۇ قولىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتمىگەن، خېلى كۆنلەر تارالمىغان چاچلىرى قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپىيىپ، ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ توپ پالىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان، پوپايكىسىنى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ كېلىۋاتاتتى.

جابىر جەمشىدنىڭ جىيەن ئوغلى بولۇپ، يۈسۈپتىن سەللا كىچىك ئىدى. ئۇ تېخى ئەمچەكتىكى چاغدىلا ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، جەمشىد بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى چىمەنبانۇ ئۇنى ئۆز تەربىيەسىگە ئالغان (چىمەنبانۇ پۈتۈنلەي جەمشىدنىڭ يۈزىنى دەپلا شۇنداق قىلغان) ھەم ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك ئوبدان قارىغانىدى. جابىر جەمشىدنىڭ پۇشتىدىن بولمىسىمۇ، ئۇزاق مۇددەت بېقىش نەتىجىسىدە ئۆز بالىسىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بۇ بىر توپ بالىلار ئىچىدە جابىر گۆھەردىنمۇ ئۆتەر بەڭباش ۋە كەپسىزدەك كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بەئەينى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى. توپ پالىقى بەلبېغىغا تەتۈرىسىگە قىستۇرۇلغان، تېخى نېمىنىدۇر يېگەچ كېلىۋاتاتتى.

بالىلار جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇنىڭ ئالدىغا تەڭلا يېتىپ

كېلىشتى. ماھىنۇر ھەممىدىن ئاۋۋال ھۆرمەت بىلەن ئىنگلىزچە: «ھاما، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن! تاغا، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن!» دەپ سالام قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم بىرىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن بىر چەتكە بىرىپ تۇردى. چىمەنبانۇنىڭ مۇئامىلىسى سوغۇق ئىدى. جەمشىد ئۇنىڭ ئەكسىچە بالىلارغا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.

ئۆز خىزمىتىگە سادىق پېتىر بۇ بالىلارغا دەرھال ئورۇندۇق قويۇپ بەردى. بالىلار ئۇ ئىككىسى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، رەت بويىچە ئولتۇردى. يۇسۇپ بۇ يەرگە ئاخىردا يېتىپ كەلدى. ئۇ باياتىن بىر توپ ئاجايىپ چىرايلىق گۈلگە قىزىقىپ، دادىسىنىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويۇش ئۈچۈن گۈلدىن بىر تالنى ئۈزۈۋالماقچى بولۇپ، گۈلنى ئەمدىلا ئۈزەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇ تەرەپتىن جەمشىدنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— ئوغلۇم، ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ئىتتىك كەل، ساڭا ئېيتىدىغان خۇش خەۋىرىم بار.

يۇسۇپ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى بىلدى ۋە دادىسىنىڭ «ساڭا ئېيتىدىغان خۇش خەۋىرىم بار» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. چىمەنبانۇ ھەيران بولغان ھالدا جەمشىدكە لەپپىدە قاراپ قويدى.

— قانداق خۇش خەۋەر ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— سىز سورىماڭ، ئاتا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىككە باشقىلار ئارىلاشسا بولمايدۇ! — دېدى جەمشىد تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ.

چىمەنبانۇ پىسەنتىگە كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى. يۇسۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ دېگۈدەكلا توختىدى. جەمشىد بىر قولى بىلەن ئوغلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئىمتىھاننى ياخشى بەرگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن، ئوغلۇم !
— سىز قانداق بىلدىڭىز، دادا؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى يۈسۈپ، — گېزىتتە تېخى ئېلان قىلىنمىغانىدىغۇ؟
چىمەنبانۇمۇ ھەيران بولۇپ جەمشىدكە قاراپ:
— سىز تېخى بايىلا ئۇنىڭ ئىمتىھانىنىڭ توگىگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەۋاتاتتىڭىز. گەپ قىلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا قانداق قىلىپ نەتىجىسىنىمۇ بىلىۋالدىڭىز؟ — دېدى.
— ھا ـ ھا ـ ھا ... — جەمشىد مەمنۇنىيەت بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، — يۈرەك رىشتىسى تۇتاش دېگەن مانا شۇ ـ دە ! ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى دادا بولغۇچى نېمە ئۈچۈن بىلمەيدىكەن؟ ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت دېگەن مانا شۇنداق سىرلىق بولىدۇ ! — ئارقىدىن ئۇ يەنە يۈسۈپكە قارىدى، — سىلەرنىڭ قانداق بولۇپ ئەتىگەندىلا توپ ئوينىغۇچىلار كېلىپ قالدى؟ ھاۋا شۇنداق سوغۇق، مەنمۇ توڭلاپ كېتىۋاتىمەن.
— توپ ئوينىسا سوغۇقنى قاچۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، دادا ! بۈگۈن سىزمۇ بىز بىلەن بىللە ئويناڭ ! مەن دائىم كەچ كىرگەندە توپ ئوينىغىلى كۇلۇبقا باراتتىم. ئەگەر ماڭا ھەمراھ تېپىلىپ قالسا ئۆيدىمۇ ئويناپمەن تېخى. ھەمىشە جابىرنى مەن بىلەن بىللە ئويناشقا تۇتۇۋالاتتىم. بۈگۈن ئۇنى يەنە تۇتۇۋالدىم. ئۇمۇ بىزگە قوشۇلدى ... — يۈسۈپنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا جەمشىد گەپنى تارتىۋالدى.
— ئۇنداقتا، ئۇ ئۇيقۇغىلا بېرىلىپ، ھەرگىزمۇ بېرىپ توپ ئوينىمايدىكەن ـ دە.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان جابىر خاپا بولغاندەك تاغىسىغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. بۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.
— دادا، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىمنى بۈگۈن سىزگە ئېيتماقچىدىم، بۇنى تونۇگۈن تاسادىپىيلا ئاڭلاپ قالغان.

قىزىق، تېخىچە ئېلان قىلىنمىغان خەۋەرنى مەندىنمۇ بۇرۇن بىلىۋاپسىز.

يۈسۈپ گېپىنى تۈگىتىپ چىمەنبانۇغا قارىدى:

— قەدىرلىك ئاپا، مەن ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتىم، يەنە ماھىنۇرمۇ بار، ئۇمۇ ئۆتتى، ئەلاچى بولدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. جەمشىد خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي:

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بالىلىرىم، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئىلاھىم، داۋاملىق تىرىشىپ، بالدۇرراق يارامىلىق ئادەم بولۇڭلار، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرى سىلەرگە مەڭگۈ كاشىلا بولمىغاي! — دېدى.

دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ بۇنداق خۇشال بولغىنىنى كۆرگەن يۈسۈپمۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولدى. ئۇ ئاپىسىغا:

— ئاپا، تۈنۈگۈن مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، شۇ ھامان سىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلسەم يوق ئىكەنسىلەر! — دېدى.

— تۈنۈگۈن ئارمىيىدا خانىم تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەنىكەن، بىز بۇرۇنلا سىمونلار بىلەن بىللە بېرىشقا كېلىشىپ قويغاندۇق، ئۇلار بىزنى چاقىرغىلى كەپتۇ، — دېدى جەمشىد.

— مەن سىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقچىدىم، بىراق پېتىر ماڭا سىلەرنى ناھايىتى كەچتە قايتىپ كېلىدۇ، يەنە كۆلۈبتىكى تانسىغا قاتنىشىدۇ، دېگەنىدى، — دېدى يۈسۈپ.

— شۇنداق، شۇنداق، بالام، بىز كېچە سائەت ئۈچتە ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. ھاۋا سوغۇق بولغاچقا خېلى توڭلىدىم. بىراق، ئاپاڭ ... — خۇشال سۆزلەۋاتقان جەمشىد تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، ئاندىن ھەيران بولغان ھالدا ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاخشامقى مېھمانلىق كىيىمىنىڭ

ئۆستىگە نېپىز يەڭسىز يىپىنچىسىنىلا ئارتىۋالغانىدى، تانسا ئويۇنىغاندا ئۇنىمۇ چۆرۈۋەتتى.

چىمەنبانۇ جەمشىدنىڭ سورۇن تالىلمايلا دېگەن گېپىدىن رەنجىپ جەمشىدكە ئالىيىپ قويدى. جەمشىد ئىنگلىزلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى بارلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، شۇڭا ئاغزى بىسىلماستىن سۆزلەپلا كەتتى:

— ئەر ـ خوتۇن بىنگامىنلارنىڭ ھالىدىن كۆپرەك خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ. بىز لوندوندىكى چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن مېھماندوستلۇقىنى قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالالايمىز؟ ئۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىن ناھايىتى يىراقتىكى يات ئەلدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى تامامەن ئۇنتۇپ قالغانىدۇق.

— سىلەرنىڭ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىڭلار توغرا بوپتۇ، دوست دېگەنگە ئاشۇنداق سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. تۈنۈگۈن مەن سىلەر كەلگۈچە ساقلاپ تۇرالمىدىم. بۈگۈن كەچ قالغان بولسامۇ بۇ خۇش خەۋەرنى سىلەرگە ئېيتىپ قويدۇم، — دېدى يۈسۈپ.

— يارايسەن ! — دېدى جەمشىد سۆيۈنگەن ھالدا، — ئوغلۇم مېنىڭ ئادەتلىرىمگە ۋارىسلىق قىپتۇ. دوست دېگەننىڭ ياخشىلىقىغا جەزمەن ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك !

«يالغان !» دېدى چىمەنبانۇ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى پەس بولغاچقا، بۇنى ھېچكىم ئاڭلىيالماي قالدى.

— سېنى كۆرۈپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكىنىڭنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇشال بولدۇم. بۈگۈن ۋاقتىدا كەلمىگەن بولساڭ، سېنى ساقلاپ تىت ـ تىت بولۇپ كېتەتتىم. قارىغىنا بۇ پېتىرنى، ئۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق بالا ـ ھە، ئۇ ئەھۋالنى ساڭا چالا قويماي شۇنچە تەپسىلىي، ئېنىق دەپ بېرىپتۇ، — دېدى جەمشىد.

— مەن تاڭ سەھەردىلا ماھىنۇرنى چاقىرتىپ كەلدىم، يەنە

ئۇلارمۇ بار ... — دېدى يۇسۇپ، — مەيلى كىمنىڭلا بولسۇن، خۇشال بولغۇدەك ئىشى بولسىلا كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى جەمشىد ئۇنى ماختاپ، — خۇددى سەن ئېيتقاندەك: دوستلارغا جەزمەن سەممىي بولۇش كېرەك. مەن بىر نەرسىگە ھەيران: جابىرنى قەيەردىن تۇتۇپ كەلدىڭ؟ ئۇ ھەر كۈنى كېچىدە ئۇيان - بۇيانغا قاتراپ، سائەت ئىككى بولمىغۇچە ئۇخلىمىسا قانداقمۇ بۇنداق ئەتىگەن تۇرالىغاندۇ؟

— ئۇ ئۆزى ئورنىدىن تۇرالامتى؟ مەن ئۇنى زورمۇزور تارتىپ قوپقۇزۇۋەتتىم. سىلەر بۇنى ئۇنىڭ تۇرقىدىن سېزىۋالالمىدىڭلارمۇ؟ — يۇسۇپ ئۇشتۇمتۇتلا چىمەنبانۇغا قاراپ، — ئاپا، بۈگۈن ناشتىلىقنى ھەممىمىز بۇ يەردە بىللە يەيمىز. ماھىنۇر، شەمسىيە، گۆھەرلەر ناشتىغا ئولتۇرغانىكەن، مەن ئۇلارنى بۇ يەرگە مەن بىلەن بىللە بېرىشىپ بېرىڭلار، دەپ باشلاپ كەلدىم. سەنەۋەر ھامىمام مېنى تاماق يەپ كېتىڭ دەپ تۇتقاندى، بۇ يەرگە كېلىشكە ئالدىراپ ئۇلارنى ئېلىپلا بۇياققا چاپتىم، — دېدى.

نېمىشقىدۇر، سەنەۋەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان بايىقى خۇشاللىق بىردىنلا غايىب بولدى. بىراق، ئۇ يەنىلا ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ، پېتىرغا قولىنى شەرەتلەپ، بالىلارغا تېزلا ناشتىلىق ئەكەلدۇردى.

كۆپچىلىك تازا ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتقان پەيتتە، جەمشىد ئۇشتۇمتۇتلا توختاپ بىرنېمىنى ئويلاۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھوي، جابىر، سېنىڭ ئىمتىھان نەتىجەڭ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

جابىر تاغىسىنىڭ سوئالىغا دەرھاللا جاۋاب بەرمەي، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— دادا، بىزنىڭ بۇگۈنكى شۇ خۇشاللىقىمىز ئىچىدە يەنە بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەرمۇ بار، جابىر بۇ يىل يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ. بىز ھەممىمىز بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇق! — دېدى يۇسۇپ.

— بۇنىڭ ئەپسۇسلانغۇدەك نەرى بار؟ بۇ ھازىر ھېچقانداق يېڭىلىق ئەمەس! ئۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلمەيدىكەن، — دېدى جەمشىد كەسكىن قىلىپ، ئاندىن مولايىملىق بىلەن ماھىنۇردىن سورىدى، — بالام، سىز دەپ بېقىڭا، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە باكلاۋۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قانداق مۇكاپات ئېلىشنى خالايسىز؟

— تاغا، سىزنىڭ بىزگە تىلىگەن ياخشى تىلەكلىرىڭىزدىنمۇ ئېسىل يەنە قانداق مۇكاپات بولسۇن؟ بايا بىز ئۇبدان مۇكاپاتقا ئېرىشتۇق. سىز ئادەتتە بىزگە شۇنچە مېھرىبانلىق قىلىپ كېلىۋاتىسىز. مانا شۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ مۇكاپات ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى مولايىم ھەم ئەقىللىق ماھىنۇر دەرھاللا.

— بولمايدۇ! بولمايدۇ! تاغا سىز بىزدىن ھەرگىز ھەدىمىزدىن قۇتۇلغاندەك ئاسانلىقچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز، ئەڭ بولمىدى دېگەندىمۇ بىزگە كەمپۈت ئېلىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ! — شەمسىيە بىلەن گۆھەر ھەدىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال چۇقان سېلىشىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ماھىنۇر ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىتتىككىلا شەرەت قىلىپ قويدى، ئىككى شاكىچەك تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ قويۇپ جىم بولدى. جەمشىد ئاغرىنغان ھالدا:

— كىم سىلەرنى بۇنداق نان قېپىلىق قىلسۇن دەپتۇ؟ داۋاملىق يۇقىرىغا ئۆرلەش بۇياقتا تۇرسۇن ھەدېسىلا سىنىپتىن كۆچەلمەيۋاتىسىلەر. بىلەمسىلەر، ماھىنۇر بىلەن يۇسۇپ سىلەردەك چاغدا ئوتتۇرا سىنىپقا چىققاي دەپ قالغانىدى. سىلەر

تېخىچىلا سەككىز ىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسىلەر! — دېدى.

جەمشىدنىڭ يەنە ئوبدان تىرىشىپ ئوقۇمىدىڭلار دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كوتۇلداشقا باشلىغىنىنى كۆرگەن جابىر باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە غىپپىدىلا تىكىۋەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ يېغىرىنى تاتىلايدىغان مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشنى خالىمىغانىدى.

شەمسىيە كىچىك بولغاچقا، جەمشىدنىڭ قۇلاقنى خوشياقمايدىغان گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئاچچىق كۈلگىنىچە بىر ئىغىزمۇ گەپ قىلالماي ئولتۇردى. گۆھەر بولسا گويا بىرەيلەن كېلىپ ئۇنىڭ يېغىرىغا تۇز سېپىۋەتكەندەك قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭ يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇ كۆزى جەمشىدنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقان ھامان بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

جەمشىد گويا بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەنسىزلىككە تولغان كۆزلىرىدىن قورقۇنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. گۆھەرنىڭ قارىشىدا زادى قانداق كارامەتلىك كۈچ باردۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئىغىزىدىن چىقىرالمايدىغان بىرەر دەردى بولغانلىقىدىن شۇنداقمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم ئىدى، ئۇنداق بولمىسا، بىر بالىنىڭ قارىشى جەمشىدكە ئوخشاش تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك ئادەمنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەشۋىشكە سېلىپ خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ؟ جەمشىدنىڭ چىرايىدا ھەمىشە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان خۇشاللىق شۇ تاپتا گويا غۇررىدە سوققان سوغۇق شامالدا ئۈچۈپ كەتكەندەك يوقالغانىدى. ئۇمۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، كۆزىنى چىملىققا تىكتى.

دادىسى بىلەن پاراڭلىشىش نىيىتىدە ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرغان يۇسۇپ دادىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ جىم بولدى. بىرپەستىن كېيىن جەمشىد بېشىنى كۆتۈردى، يۇسۇپ شۇ چاغدىلا دادىسى بىلەن

پاراڭلىششقا باشلىدى. شۇغىنىسى، ئىككىيلەننىڭ پارىڭى دېگەندەك قولاشمىدى. چىمەنبانۇ ئاندا ـ ساندا سورالغان سوئاللارغا خۇشياقمىغاندەك «ھەئە»، «ھە» دەپلا قويدى. ماھىنۇر باشتىن ـ ئاخىر گەپ قىلماي جىمجىتلا ئولتۇردى. جەمشىد بىلەن پاراڭلىششقا توغرا كەلگەندە كۇلۇمسىرەپلا قوياتتى ياكى «شۇنداق، تاغا» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كۇننىڭ خېلىلا ئېگىز كۆتۇرۇلۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. بۇگۇن تازا مىجەزى يوقتەك كۆرۇنگەن چىمەنبانۇ ئېرىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى ۋە «كەچۇرۇڭلار ! » دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى،

# تۆتىنچى باب

ماھىنۇر، شەمسىيە ۋە گۆھەرلەر سەنەۋەردىن تۇغۇلغان باللار ئىدى. سەنەۋەر بولسا جەمشىدنىڭ ئون نەچچە يىل ئىلگىرى سەھراغا بېلىق تۇتۇشقا بارغاندا تونۇشقان ئاغىنىسى دانىيالنىڭ خوتۇنى ئىدى. جەمشىد ئۇلارنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ، بىر داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

بۇ داچا چىرايلىق ھەم كۆركەم سېلىنغانلىقى بىلەن يېقىن ـ يىراقتىكى ئالىي دەرىجىلىك قورۇلۇشلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

تىنچ، خىلۋەت داچىنىڭ ئىچىدىكى چىرايلىق، ياپيېشىل چىمەنلىك بەئەينى غايەت زور بەرقۇت گىلەمدەك يېيىلىپ ياتاتتى. پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۇللەر مەيىن شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ، ئادەمنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى.

«ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، يۇقىرىقىلارغا ماس ھالدا ئۆينىڭ ئىچى قىممەت باھالىق ئۆي جاھازلىرى بىلەن ئىنتايىن چىرايلىق، كۆركەم ۋە ئېدىتلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى.

جەمشىدنىڭ بۇ داچىسى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق سارايدىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. ماشىنا دېسە ماشىنىسى، ئات دېسە ئېتى تەييار تۇرىدىغان جەمشىد ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ يەر ھېچقانچە يىراق ھېسابلانمايتتى.

ماھىنۇر چوڭ بولۇپ، غەرەز ئۇققۇدەك بولغاندىن كېيىن جەمشىدنىڭ سارىيىغا ناھايىتى ئاز بارىدىغان بولۇپ قالدى. گۆھەر بىلەن شەمسىيە پەقەت ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدىلا

باراتتى. سەنەۋەرگە كەلسەك، ئۇ سارايىنىڭ بوسۇغىسىغا دەسسەپمۇ باقمىغانىدى. ئون ئالتە يىلدىن بېرى ھەتتا سارايىنىڭ ئىشىكىنىڭ قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

جەمشىدنىڭ داچىسىدا تۇرۇشلۇق بۇ بىر نەچچە ئادەم چىمەنبانۇ ئۇچۇن كۆزىگە قادالغان مىخ، پۇتىغا سانجىلغان تىكەندەك، ئۇنى ھەمىشە بىئارام قىلاتتى. ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇن دەردى بولۇپ، سۆز ــ ھەرىكىتىدە، چىرايىدا ئىپادىلەشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم يۈرۈشكە، ئەجەللىك جاراھەتنىڭ ئۆز تېنىدە يوغىنىشىغا، يىرىڭلاپ ئېغىز ئېلىشىغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

جەمشىدنىڭ جەمشىد داچىسىدىكىلەر توغرىسىدا دائىم قىلىپ يۈرىدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئويدۇرما دەپ قارايدىغان چىمەنبانۇ بۇ گەپلەرنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى، سەنەۋەرگىمۇ ئېرى ماختىغاندەك قارىمايتتى.

چىمەنبانۇ ئىشق ــ مۇھەببەت گۈلى ئېچىلىپ ۋايىغە يەتكەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە تۇرمۇشىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق جىددىي داۋالغۇشلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، زادىلا ھەقىقىي خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىققا ئېرىشەلمىگەنىدى. چىمەنبانۇ جەمشىد سارىيىغا كەلگەندىن كېيىن قارىماققا ئۇنىڭ يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى، تاقايدىغىنى، ئاڭلايدىغىنى، كۆرىدىغىنى پۈتمەس ــ تۈگىمەستەك قىلغان بىلەن ... يۈرىكى ئاۋۋالقىدەكلا لەختە ــ لەختە ئىدى، دەرد ــ ئەلەم دەستىدىن قىينىلاتتى، سەنەۋەر ھەدېسىلا ئۇنىڭ دەرد ــ ئەلەم دەستىدىن پۈچىلىنىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىگە خۇددى ئۆتكۈر خەنجەردەك قادىلىپ، زادى ئارام بەرمەي كېلىۋاتاتتى، بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايتتى.

چىمەنبانۇنىڭ بەزى دەرد ــ ئەلەملىك جاراھەتلىرىنى ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ جەمشىد سارىيىغا كەلگەندىن كېيىن سەنەۋەر دېگەن بۇ تىكەن بولمىغان

تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەت بەربىر ساقايمايتتى.

چىمەنبانۇ دەۋرنىڭ خاراب قىلىشى ۋە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەمىشە كۈچلۈك قىساس ئېلىش تۇيغۇسىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ بارلىق ھېسسىياتى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكى ئاللىقاچان ئۆلگەن. بىراق، مانا شۇ بىرلا تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۈزلۈكسىز ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ داۋاملىق ياشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇۋاتاتتى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك قىساس ئېلىش تۇيغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ۋىجدانىنى دەيدەيگە سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇقنى توسۇۋالغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى خۇنۇك پىكىرلەر ئايال زاتىغا خاس مۇلايىملىقى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى يەپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى قاباھەتلىك پىكىرلەر ئىگىلىۋالغانىدى. شۇ پىكىرلەر ھازىر تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنى غالجىرلىشىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. چىمەنبانۇ قوللىرىنى سۇنۇپ باشقىلاردىن خەيرخاھلىق ۋە شەپقەت تىلىگەن، لېكىن رەھىمسىزلەرچە رەت قىلىنغان ۋە ئاچچىق مەسخىرىلەرگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ دەپسەندە قىلىنىپ خورلانغانلار ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان خەيرخاھلىق ۋە مېھرىبانلىقتىن زادىلا بەھرىمەن بولالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنداق قىممەتلىك نەرسىنى باشقىلاردىن تەمە قىلمايتتى، ئەلۋەتتە.

كىشىلەر، چىمەنبانۇنىڭ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى ئەمدى ئاياغلاشتى، ئۇ ھازىر تىنچ، خاتىرجەم، داغدام يولغا چۈشتى، دەپ قارىشاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قورۇنماي سۆزلەپ، بەھۇزۇر كۈلۈشلىرىنى ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلىق، خۇشاللىقىنى، قايغۇسىنى باشقىلارغا بىلىندۈرمەسلىكنى ئالىيجانابلىق، تەربىيە كۆرگەنلىك دېيىشەتتى. چىمەنبانۇ جەمشىد سارىيىغا

كەلگەندىن كېيىن قىسمەتنىڭ ئۇنى يەنە بىر قېتىم مەسخىرە قىلغانلىقىنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ بۇ دۇنيانى چۆشىنىپ يەتكەندى، شۇڭا قەبىھ ئوي ـ پىكىر، قىساس ئېلىش، قارشىلىق ۋە ئېلىشىشلارنىڭ ئۆز چىرايىدىن ئازراق بىلىنىپ قېلىشىغا يول قويمايتتى. يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدا يېنىپ تۇرغان غەزەپ ئوتىنى ۋاقتى كەلمەي تۇرۇپ ھەرقانداق ئادەمگە بىلىندۈرمەيتتى، لېكىن خۇددى يارىلانغان زەھەرلىك يىلاندەك، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالسىمۇ، ئۆز رەقىبىگە قاراپ ئېتىلىشقا تەييار تۇراتتى.

بۇ پانىي ئالەمدە ئەمدى ئۇنى قىزىقتۇرالىغۇدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. ياق، شۇنداق دېيىش كېرەككى، ئۇ ھەممىدىن — دۇنيادىكى بارلىق ئايالْلاردىن ۋە بارلىق ئەركەكلەردىنمۇ بىزار بولغانىدى. پەقەت بىرلا ئادەم — يۈسۈپ ئۇنىڭ ئاللىقاچان قېتىپ مۇردىغا ئايلانغان روھىي دۇنياسىدا بىردىنبىر چاقناپ تۇرغان ھاياتلىق نۇرى ئىدى. يەنە جەمشىدمۇ بار، ئۇنىمۇ چىمەنبانۇنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ سىرتىغا قويۇپ، يۈسۈپ قاتارىغا قويۇشقا بولاتتى. بۇ جەمشىدنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنىڭ تولىمۇ پەۋقۇلئاددە بولغانلىقىدىن ئىدى. چىمەنبانۇ ئېرى جەمشىدنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئۇنى يەنىلا شاپائەتچىم دەپ قارايتتى. مانا شۇ پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن ئۇ جەمشىدنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماسلىقىقا مەجبۇر ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ دۇنيادىن تولىمۇ بىزار بولغان، ھېچنېمە كۆڭلىگە ياقماس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، جەمشىدتىن: «سىزنىڭ سەنەۋەر ھەققىدە توقۇپ چىققان تەسىرلىك ھېكايىڭىزنىڭ زادى قانچىلىكى راست» دەپ سوراشقا پېتىنالمايتتى. ھەر قېتىم ئېرىنىڭ قوينىدا سەنەۋەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە بىۋاپا، قىسمەت شۇنچە ئادالەتسىز بولۇپ تۇيۇلاتتى ـ دە، تېخى ساقايمىغان يۈرەك يارىسىغا تۇز سېپىلگەندەك تېخىمۇ ئازابلىناتتى.

ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان چىمەنبانۇنى كېچە - كۈندۈز بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسە دەل مانا شۇ ئىدى. ئۇ جەمشىدنى نېمە قىلالىسۇن؟ جەمشىدنىڭ داچىسىدا تۇرۇۋاتقان سەنەۋەر زادى ئېرىنىڭ دوستى دانىيالنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىمۇ ياكى ئېرىنىڭ ئاشنىسىمۇ؟

جەمشىدنىڭ ئائىلىسى غەربچە مەدەنىي ئائىلە ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە تەربىيىلەندى. تۇغۇلغاندا ئىنگلىز ئايال دوختۇر تۇغۇت ئانىسى بولدى؛ كۆزىنى ئاچقاندىن تارتىپ مەكتەپكە كىرگۈچە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىدىن بولغان ئايال تەربىيەچى ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى؛ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە غەربچە تەربىيىلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى كاتولىك دىنىنىڭ بۆشۈكىدە چوڭ بولۇپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە چېنىقىپ چىققانىدى.

جەمشىد ئائىلىسىدە خۇدا ئانچە تىلغا ئېلىنمايتتى. بىرەرسىگە ئاتاپ دۇئا قىلىش توغرا كەلگەندىمۇ دۇئا ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇلاتتى. ئۇلار خۇدانى ئاللا دېمەستىن گوت (ئىنگلىزچە) دەيتتى؛ پەيغەمبەرنى پروفېت (ئىنگلىزچە) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇۋاپىق كېلىدىغان - كەلمەيدىغىنىغا قارىماستىن ئىنگلىزچە سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، ئۆز مىللىتى ۋە ئېتىقادىنى غەرب مەدەنىيىتىگە يەم قىلىپ بېرىش زامانغا لايىق ئىشتەك بىلىنەتتى. جەمشىدنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئىنگلىزلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە نام - ئابرۇيغا ئىگە بولۇشتىلا ئىدى.

غەرب مەدەنىيىتىنى چۈشەنگەن جەمشىد خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشنى جىنايەت ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇن ئالتە يىلدىن بېرى سەنەۋەر قانۇنىي خوتۇنلۇق ئورنىغا ئىگە بولالماي كېلىۋاتاتتى، قانۇنىي سالاھىيەت بويىچە ئۇ تېخىچىلا دانىيالنىڭ خوتۇنى ئىدى.

جەمشىدنىڭ ئۆيى بىلەن دانىيالنىڭ خوتۇنى سەنەۋەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر كىچىكىدىن تارتىپلا بىللە ئوينايتتى، بىردەم بۇ ئۆيدە بولسا، بىردەم ئۇ ئۆيدە يۈرۈشەتتى. ھېچقانداق چەكلىمە ۋە توسالغۇغا ئۇچرىمىغانىدى. بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن، بۇ ئىككى ئائىلىدىكى ئەر ـ ئايال خوجايىنلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا جىم ياتقان يانارتاغدىن ھەم ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى كەسكىن ئىشق ـ مۇھەببەت ئېلىنىشلىرىدىن يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئەمما، جىمى ئىش كۆڭۈللىرىگە ئايان بولغان ئىككى ئانا، يەنى چىمەنبانۇ بىلەن سەنەۋەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بەزى ئىشلاردا بىر پىكىردە بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ئاچچىق دەرد ـ ئەلىمىنى پەرزەنتلىرىگە ئاشكارىلاشنى خالىمايتتى.

ھەممە ئىشتا غەربلىشىپ كەتكەن جەمشىد ئائىلىسى ئىنگلىزلارنىڭ بارلىق ئىللەتلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىرى پەرزەنت تەربىيەلەش ئىدى. جەمشىد ئىنگلىزلارنىڭ قىلىقلىرىنى قارىغۇيۇقلا قوبۇل قىلاتتى، ئەگەرى يول ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ جەمشىد ئۇنى ئىنگلىزلارنىڭ يولى دەپ قارىسىلا، قىلچە ئىككىلەنمەيلا كۆزىنى يۇمۇپ شۇ يولنى بويلاپ كېتىۋېرەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ساقلاپ قالغىنى شۇ بولدىكى، ئىنگلىزلارغا ئوخشاش بالىلىرىنى ناھايىتى بالدۇرلا ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاپ دەپ قويۇپ بەرمەي، ئۇلار ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ، كۆزى قىيماي ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەكلا ناھايىتى چىڭ تۇتتى.

ئەمەلىيەتتە، جەمشىدتىن باشقا غەربلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن مۇسۇلمانلارمۇ ئەمگەكچان، باتۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قانچىلىك نۇرغۇن كەشپىيات ۋە يېڭىلىقلارنى

يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇلارنى كېيىنكى ئەۋلاد
مۇسۇلمانلار ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئەنە شۇ كەشپىيات
ۋە يېڭىلىقلار ھازىر دەل غەربتىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭ
دۆلەتلىرىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىۋاتاتتى. كېيىنكى ئەۋلاد
مۇسۇلمانلار ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى
ئۇنتۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلىپ،
باشقىلارغا قۇل بولدى. ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سەلتەنەتلىك تۇغى
چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىدا لەپىلدەۋاتاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى
بولسا قولىنى بۇرنىغا تىقىپ تۇرۇپ قالغانىدى. يەنە كېلىپ
ئادەمنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ قولىمىز
ئەزەلدىن مانا شۇنداق قۇرۇق، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇزاقتىن
بۇيان مەنىۋى جەھەتتىن قەلەندەردەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا
شۈكۈر قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

چىمەنبانۇغا كەلسەك، ئۇمۇ غەربلىكلەرنىڭ بالا تەربىيەلەش
ئۇسۇلىغا ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ئوغلى يۈسۈپكە ئاتا -
ئانىسىنىڭ مۇرەككەپ ئىشق - مۇھەببەت كەچۈرمىشى
تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان قىساسكارلىقتا دائىر ئىشلارنىڭ
ھەرقاندىقىنى كۆرسەتمەسلىككە ۋە ئاڭلاتماسلىققا نىيەت
قىلغانىدى. ئۇ ھەمىشە «ئەمدى مېنىڭ ھاياتتىن كۈتىدىغان يەنە
قانداق ئۈمىدىم بار؟ يۈسۈپ مېنىڭ يۈرەك پارەم، مەيلى نېمىلا
بولسۇن، ئۇنىڭ كېلەچىكى پارلاق بولىدۇ. مەن ئىلاج بار ئۇنىڭ
كەلگۈسى يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويماسلىقىم كېرەك»
دېگەننى ئويلايتتى. ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر ئايال ئىدى. ئالغان
تەربىيەسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ سەنەۋەردىن خېلىلا ئۈستۈن
تۇراتتى. ۋاھالەنكى، پەرزەنتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش
مەسىلىسىدە ئىككىيلەننىڭ پىكرى تامامەن بىردەك ئىدى.
سەنەۋەرمۇ ئوماق، سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ
گۇناھى ۋە سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلى يۈرىكىنىڭ زېدە بولۇشىنى
خالىمايتتى.

مەكتەپ يېشىغا توشقان يۈسۈپ، ماھىنۇر ۋە جەمشىدنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جابىرلار پەقەت ئىنگىلىزلار ۋە يەرلىك زەردارلارنىڭ بالىلىرىلا كىرىپ ئوقۇيالايدىغان مەكتەپكە بېرىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە جابىرنىڭ دىلاۋەر ئىسىملىك بىر دوستىمۇ بار ئىدى.

يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇر ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىپ - كېلىپ خېلى ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدى.

ئوماق ماھىنۇر ساددا ھەم قائىدە - يوسۇنلۇق، ئېغىر - بېسىق، چىقىشقاق قىز ئىدى. ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈرۈشنى، گەپدانلىق قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك باللار ئارىسىدا پەقەت يۈسۈپ بىلەنلا تارتىنماي - قورۇنماي سۆزلىشەلەيتتى؛ ئۇ جابىر ياكى جابىرنىڭ دوستى دىلاۋەرگە ئۆزلۈكىدىن گەپ قىلىپ باقمايتتى. جابىر بىلەن دىلاۋەر بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالسا، ئۇ ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

ياشلىرىنىڭ چوڭىيىشىغا، ئىككىسىنىڭ پىشىپ - يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئەسلىدىكى غۇبارسىز پاك دوستلۇقى مانا ئەمدى ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرىكىدە بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانىدى. سەبىيلەرچە دوستلۇقى ئاخىر بېرىپ، بىر- بىرىنى ياقتۇرۇش ۋە ياخشى كۆرۈپ قېلىشقا ئايلانغانىدى.

لېكىن، بۇ خەيرلىك ئىش ھەر ئىككىسىنىڭ سىرى سۈپىتىدە زادى ئاشكارا قىلىنماستىن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇپ قويۇلغانىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇھەببەت تەشنالىقىدا تېپىچەكلەۋاتقان يۈرىكىنىڭ سۆيگۈ ساداسىنى قارشى تەرەپنىڭمۇ ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ماھىنۇر ئۆزىنىڭ قەلب گۈلزارىدا خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىۋاتقان بۇ مۇھەببەت گۈلىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى ھەم

ھېچكىمگە تۆيدۇرماستىن سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىنىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇ ئەڭ شېرىن ئىشق شەربىتى بىلەن سۇغىرىلغان مۇھەببەتنى مېۋە بېرىدۇ، دەپمۇ جەزم قىلالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئوبدان بىلەتتى. خېلىلا ئەقىل تېپىپ قالغان ماھىنۇر ئۆزى چۈشىنەلمىگەن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەمدى چۈشىنىپ، ئاپىسى، ئۆزى، ئىنىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ جەمشىدنىڭ «ئاتىدارچىلىقى» بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھازىرقىدەك بېقىندىلىق تۇرمۇشىنى بىر خىل خورلۇق، دەپ ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. بولۇپمۇ ئۆز ئاپىسىنىڭ جەمشىد ئائىلىسىدىكى چۈشىنىكسىز سالاھىيىتىنى ئەسكە ئالغىنىدا، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. گەرچە ئۇ يۈسۈپنىڭ ئۆزىنى زادى كەمسىتمەي، ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، يۈسۈپكە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشنى خالىماي، ئۆزىلا كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئوردىسىنى جىم ـ جىملا بېزەۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قۇلىقىدا ھەمىشە ياڭراپ تۇرىدىغان يېقىملىق ھەم شېرىن مۇھەببەت كۈيى تېزلا پەيدا بولىدىغان دەھشەتلىك پىكىرلەر تەسىرىدە ئۈشتۈمتۇتلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ھەر قېتىم يۈسۈپ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولغاندا، يۈسۈپتىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ماھىنۇر يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالىدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئىككىلا ئىشنى قىلاتتى: تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇيتتى ياكى بولمىسا ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى.

مەيلى نېمىلا دېيلى، ئۇنىڭ ئېغىزدىن چىقىرىش تەس بولغان ئەندىشىسى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتى بار ئىدى. ئۇنى ئېغىزدىن چىقىرىش تەس بولغانىكەن، ئۇ ھالدا سۈكۈت قىلىپ چىداشقىلا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، روھىي جەھەتتىكى ئازاب ئاخىر ئۇنىڭ تولىمۇ ئوماق چېھرىدە جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان خۇش

تەبەسسۇمنىڭ ئورنىغا غەم ـ قايغۇ ۋە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى.

ئۇنى بىئارام قىلىدىغان يەنە بىر نەرسە — جابىر بىلەن دىلاۋەر ئىدى. ماھىنۇر ئەزەلدىن ئۇزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كەلگەنىدى. ئەمما، بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كۆرەڭلىكىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار: «ماھىنۇر يېڭى دەۋرگە ماسلىشىپ، بىز بىلەنمۇ قورۇنماي ئارىلىشىشقا باشلاپتۇ، بۇ ياخشى گەپ، ئەمدى تازا ئويدان ئوينىۋالغۇدەكمىز» دەپ ئويلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۆز ـ ھەرىكەتتە بەزىدە ماھىنۇرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۇرۇپ قوياتتى. ماھىنۇرنىڭ ئاچچىقى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى رەنجىتىپ قوياتتى.

ئەمەلىيەتتىچۇ؟ ماھىنۇر ئۇلار بىلەن قورۇنماي ئارىلىشىش تۇگۇل، ھەتتا ئۇلارغا قىيا بېقىپ قاراپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. بۇ ئىككىسى تازا ئۇچىغا چىققان ئاقنانچى بەگزادىلەردىن بولۇپ، قولىدىن لوكچەكلىكتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئويلايدىغىنى ۋە قىلىدىغىنى ماھىنۇرنىڭكىگە ئەسلا ئوخشىمايتتى. ئۇلار كۈنبويى قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ كۆپىنى ئويان ـ بۇيانغا قاتراپ، لاغايلاپ يۈرۈپ، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى، بىكار ۋاقتى بولسىلا شەھۋانىي كىتابلار دۆۋىسىگە بېشىچە كىرىپ كېتىپ، ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئۆگىنىش پەيتىنى بىھۇدە زايا قىلىۋېتەتتى. سالماق ھەم پاراسەتلىك ماھىنۇر ئۇلار بىلەن قانداقمۇ «قورۇنماي ئارىلىشىپ» كېتەلىسۇن؟

ھەر قېتىم ئىمتىھاندا يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاتتى. قىلىقى سەت ھېلىقى بىر جۈپ ئاغىنىلەر ھەمىشە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تاپا ـ تەنە، سەتچىلىككە قالاتتى. ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇنداق ئەھۋال ئۇلاردا غالىبلارغا قارىتا كۈچلۈك

ھەسەتخورلۇق پەيدا قىلغانىدى.

يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇر مەكتەپنى ئەلا پۈتكۈزدى. جابىر بىلەن ئۇنىڭ دوستى دىلاۋەر مەكتەپنى لاياقەتسىز بولۇپ پۈتكۈزدى.

ھەركىم ھايات يولىنى ئۆزى تاللايدۇ، ئوخشاش بىر جەمئىيەت، ئوخشاش بىر ئائىلىدىكى ئادەملەرنىڭ تاللىغان يولى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ. جابىر بىلەن دىلاۋەر يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرغا ھەسەت قىلاتتى. ئۆگىنىش جەھەتتە ئۇلار يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرغا يەتمەيتتى، ئەمما ئالدامچىلىق، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ناشايان ئىشلارغا بىرلىشىشتە بولسا يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ چىقمايدىغان ئىشلارنى بىلەتتى.

ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇشقا بېرىلگەن يۈسۈپ ئۆگىنىشنى توختاتماي، ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ماھىنۇر ئۆز ئائىلىسىنىڭ جەمشىدكە بىقىنىپ خورلۇق تارتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، داۋاملىق ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى ۋە چېركاۋ دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىرالىق كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. جابىر بىلەن دىلاۋەرچۇ؟ ئۇلار داۋاملىق ئوقۇشنىمۇ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشنىمۇ خالىمىدى. ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ئىشقا سالاتتى، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ كەسپى دەپ قارايتتى.

# بەشىنچى باب

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر ھازىر بىللە ئوقۇمىسىمۇ، كۆڭۈللىرىدىكى مۇھەببەت گۈلى يەنىلا پورەكلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى خېلىلا قويۇقلىشىپ قالغانىدى.

ماھىنۇر بىلەن يۇسۇپنىڭ بۇنداق ئېچىل بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن جابىر بىلەن دىلاۋەر ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئازابلىناتتى. يەنە كېلىپ ئىككىيلەننىڭ يېنىكلىك بىلەن قىلغان چاقچاقلىرىنىڭ ھەر قېتىم ماھىنۇرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىشى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتاتتى. بىر يىلدىن بۇيان، جابىر بۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە كۆپ قېتىم ئۇچرىغانىدى. بولۇپمۇ يېقىندا، ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ماھىنۇرغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن ماھىنۇر ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى. جابىرنىڭ تېخىمۇ كەيپى ئۇچتى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ كۆڭلىدە كۇچلۇك ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئۆچ ئېلىش پەيتىنى پايلاپ يۈردى.

«يۇسۇپ قانچىلىك نېمىدى؟ — دەپ ئويلايتتى جابىر، — مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەرىم كەم؟ ئۇ باينىڭ ئوغلى بولسا، مەنمۇ شۇ باينىڭ جىيەنى. ماھىنۇرنىڭ ماڭا بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا نېمە ھەققى بار؟»

يۇسۇپ بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا جابىر دەرھال تاغىسىنى يادىغا ئالدى ۋە: «تاغامنىڭ مېنىڭ بىر كىشىلىك مال ـ مۈلۈكتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەققى يوق. ئۇلارنىڭ دادامدىن قالغان

مىراسنى ئىگىلەپ ياتقىنىغا نەچچە يىل بولدى. ئەمدى ئۇلار بىلەن ھېسابلاشمىسام بولمايدۇ !» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاسىيلارغا خاس بىر خىل ئەسەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

جابىرنىڭ دادىسى خۇرشىد جەمشىدنىڭ ئاكىسى بولۇپ، ياش ۋاقتىدا توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، يەپ قاچار ئادەملەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئاقىنانچى بەگزادە ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن قالغان بىرمۇنچە مال ـ مۈلكىنى يەپ ـ ئىچىپ، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگەتكەنىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئۇ ئەركە ـ نايىناق بىر پاھىشە سەتەڭ بىلەن توي قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ پاھىشە خۇرشىدقا تەگكەندىن كېيىنمۇ ئاۋۋالقىدەكلا قىلغۇلۇقىنى قىلىپ يۈرۈۋەرگەنىدى. دېمەك، خۇرشىد ئەسلىدىلا تۈزۈك نەرسە ئەمەس بولۇپ، بۇ ئايالغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ، پۇلنى سۇدەك خەجلەپ، بويتاق چاغلىرىدا قارىغاندا نەچچە ھەسسە چىقىمدار بولۇپ كەتكەنىدى.

يەپ ـ ئىچىپ لاغايلاپ يۈرسە تاغمۇ توشۇمايدۇ ـ دە. كېيىن ئۇ ئۆي بىساتىنىمۇ سېتىپ تۈگىتىپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، ھەتتا جەمشىدنىڭ ياردىمىسىز قازان قاينىتالمايدىغان كۈنگە قالغانىدى.

شۇ تەرىقىدە يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتتى، كېيىن جابىر دۇنياغا كۆز ئاچتى.

جابىرنىڭ ئاپىسى ئۇنى ئاغرىپ ياتقاندا تۇغقانىدى. ئۇ كېسەل بولۇپ ياتقان مەزگىلدە، جەمشىد ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن نەچچە مىڭ رۇپىيەلەپ پۇل خەجلەشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما، شۇنچە كۆپ پۇلمۇ ئۇنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەتتىن قۇتۇلدۇرالمىغان، ئۇ جابىر تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ئايلىق بولار ـ بولمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان. جابىر ـــ جانغا تۆرەلگەن بۇ شۇمنى كاتولىك دىنى مۇرىتى بولغان بىر تەربىيەچى ئايال

باقـقـان. شۇڭا، ئـۇ بـۆشۈكتـىـكى چىـغـىـدىلا قـوپـال، غەلـىـتـە تەلەپپۇزدىكى ئىنگلىز تىلىنى ۋە كاتولىك دىنـى ناخشـىـلىرىـنـى ئاڭلىغانىدى.

جـابـىـرنـىڭ ئـاپـىـسـى ئـۆلـۈپ ئۇزاق ئـۆتـمـەي دادىسـىـمـۇ شەھۋانىيلىققا بەكمۇ بېرىلىپ كەتكەچكە كېسەل بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمـەي، ئىككـىـنچـى يـىلى ئـالـەمدىن ئـۆتـتى. خۇرشـىـد ئۆلگەندىن كـېيـىن ئـىـنـىـسى تېخى يېشىغا يەتمىگەن جـابىرنى ئـۆز تەربىيەسىگە ئېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلدى. چـىـمـەنبانـۇ بالا يۈزى كۆرگەن ئايال بولغاچقا، بالىغا مېھرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆسـتـىـگە، نـەچـچە كۈنـنـىـڭ ئالـدىـدا كـىچـىـك قـىـزى تـۇگـەپ كەتكەچكە، يۈرىكىدىكى ھەسرىتى تېخى تامـامـەن ئۆچـمـىـگەنـىـدى. شۇڭا، جابىرنى بېقىۋېلىش شۇ يوقىتىشىنىڭ ئورنىنى تولدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن، خـۇدا يۈسۈپكـە مەقسەتلىك ھالـدا بىر ئـۈكـا قوشۇپ بەرگەندەك بولدى.

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا جابىر ئاخىر كىچىككىنە بىر بوۋاقتىن يېتىلىپ چوڭ ئادەمگە ئايلاندى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ تاغىسـى ۋە ھامـمـىسـىنـىڭ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قـىلغان ھـىـمـمـىتـىـگە قانـداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ كويىدا بولمـاقتا يوق، ئـەكسىچـە ئۇلارنى خـۇددى كـوچىدا پـۇتـىغا پـۇتـلاشقـان بـىـر تال تـاشـنـى تەپكەندەك تېپىۋەتمەكچى بولۇشىنى كىم ئويلىسۇن؟

«مـال تـوپى بـىـلـەن، ئادەم قـايـاشـى بىـلـەن.» جـابىـرنـىڭ ئاغىنىلىرى ئىچىدە تۈزۈكرەك بىرەرىمۇ يوق، ھەممىسىلا بىـر ـ بىـرىدىن ئۆتـەر ئالا كۆڭۈل، يـامـان نىيـەتلەردىن ئىدى. بۇنىـڭ ئىچىدىكى دىلاۋەر ئىسىملىكى مەخسۇس ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىدىغان پىتنىخورلاردىن ئىدى. ئۇ زادىلا ياخشى ئىش قىلىپ باقمىغان، قاقباش، ئىككى يۈزلىمە، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ئىدى. ئۇ جابىرنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، بەئەينى مەجۇن يەپ بېشى ئايلىنىپ قالغاندەك ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتـۈرۈپ قويىدى، يامـان

نىيىتى بارلىقىنى قىلچە چاندۇرماي، جابىرنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى بولۇۋالدى.

جابىر يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇردىن ئىنتىقام ئېلىش ھەم تاغىسى جەمشىدتىن دادىسىدىن قالغان مىراسنى تەلەپ قىلىش كويىدا يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دىلاۋەر كۆلۈبىنىڭ دەم ئېلىش بۆلۈمىدە ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، جابىر؟ بەئەينى ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك سولىشىپلا كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى دىلاۋەر خەيرخاھلىق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

— ھېچنېمە بولمىدىم. كۈنلەر تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتمەيۋاتىدۇ! — دېدى جابىر ئارانلا.

— بۇ قانداق گەپ؟ توققۇزى تەل بايۋەچچىمۇ شۇنداق گەپنى قىلامدىكەن؟

— ھىم! قانۇنىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە تېگىشلىك ھەممە نەرسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنى جەمشىد تېخى بىلمىسە كېرەك، — دېدى جابىر غەزەپ بىلەن.

— راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ ھالىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر سېنىڭ غېمىڭدە ئىكەن! — دىلاۋەر شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئوخشاشلا مېنىڭ بەختسىزلىكىم.

جابىر دىلاۋەرنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالماي قالدى ۋە:

— نېمە بولدى؟ يېقىندا بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — دېدى.

— ياق! ئۇزاق بولدى، بىز بىر ئىشقا چىدىيالماي يۈرەتتۇققۇ؟ ئەجەبا، سەن ماھىنۇرنىڭ بىزنى قانداق ھاقارەت قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— ھە؟! نېمە دېدىڭ؟ سەنمۇ ھاقارەتلەندىڭمۇ؟

— ئاغىنە، سەن ناھايىتى گۆدەك ئىكەنسەن. مېنىڭ ھاقارەتلەنگىنىم قانچىلىك ئىشتى؟ مۇھىمى سېنىڭ ھاقارەتلىنىشىڭ بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش بىلەن كارىم بولمىسا بولامدۇ؟ ئويلاپ باقە، شۇنداق چاغدا مەن جىم تۇرۇۋالسام قانداق ئاغىنە بولالايمەن؟ ...

— توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى جابىر، — ئەمدى ئۇلارغا كۆز - قۇلاق بولماي، ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدىغان بولساق، بۇ ئاشىق - مەشۇقلار كۆڭلىدىن - كۆڭلىگە خۇدىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە كېيىن قانداق بولىدۇ؟

— مەن زادى چۈشىنەلمىدىم، سەن قانداقمۇ ھازىرغىچە دەردىڭنى يۇتۇپ، ئۈن - تىن چىقارماي كەلگەنسەن؟ ئۇنىڭ يۈسۈپكە قانداق، ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ چۈشەنمىدىڭمۇ؟

— مەن ھەممىنى كۆردۈم، ھەممىنى چۈشەندىم، دوستۇم، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ خەقنىڭ بالىلىرى ئامراقلىشىپ ئوتتەك قىزغىن بولۇپ كېتىشتى، مېنى بولسا ئادەم قاتارىدىمۇ كۆرمىدى، ئويلاپ باقە، بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە چىداش گال پىچاقتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىنمۇ ئازاب ئەمەسمۇ؟ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىمغا خېلى بولۇپ قالدى ...

— ئۇنداق بولسا يەنە نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىسەن؟ ئۇلارنىڭ ئامراقلىقى تېخى يېتەرلىك بولمايۋاتامدۇ يا؟ تېزرەك قول سال !

— ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن غەم قىلىۋاتىمەن، ئىشنى نەدىن باشلىسام بولاركىن؟

— مېنىڭ بىر ئامالىم بار، مۇبادا سىناپ باقاي دېسەڭ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىغا يۈزدەيۈز ئىشەنچىم بار. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ئىشمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتقان جابىر بىردىنلا ئېسىنى يىغدى ۋە دېمىنىمۇ چىقارماي، قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن دىلاۋەرگە قارىغىنىچە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

— جابىر، سەن ئاۋۋال ئۇ ئىككىسىنىڭ بارغانسېرى ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى جەمشىد خانىمغا ئېيتقىن. قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بەرسەڭلا بولدى. مەن ئانچە قابىل بولمىسامىمۇ، بۇ ئىشنى تامامەن ئۈستۈمگە ئالالايمەن.

جابىر خۇشاللىقىدىن سەكرىۋېتىشكە تاسلا قالدى ۋە كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك بولۇپ، ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ھا - ھا ... ئاغىنە، مەن نېمىشقىمۇ بۇلارنى ئويلاپ يەتمىگەندىمەن؟

— ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئاچچىقىڭنى ئىچىڭگە يۇتۇپ بوغۇلۇپلا يۈرسەڭ، بۇلارنى قانداق ئويلىيالايتتىڭ؟ ئەلۋەتتە، مۇھەببەت يولى ئەگرى - توقاي، ھەر دوقمۇشتا بىردىن توسالغۇغا ئۇچراپ تۇرىسەن، شۇڭا باسقانلىكى قەدىمىڭ ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. بولۇپمۇ كۆڭلۈڭگە پۈكۈپ يۈرگەن تەرەپ ساڭا سادىق بولماي، بەلكى كۆزۈڭچىلا رەقىبىڭنىڭ مەيلىگە بېقىپ يۈرسە، ئەلۋەتتە ئاچچىقىڭ كېلىپ خورلۇق ئىچىدە قالىسەن - دە.

— قەدىرلىك دوستۇم، توغرا ئېيتتىڭ. خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك ھەممىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەردىڭ! ...

— ياق، مەن سېنىڭ ھېچنېمەڭنى بىلىۋالغىنىم يوق، سېنىڭ مىسكىن چىرايىڭ ئېيتىپ بەردى. مۇھەببەتتىكى مەغلۇبىيەت سېنى ھېسسىياتسىز لاي ھەيكەلگە ئايلاندۇرۇپ قوياي دەپلا قاپتۇ. ئەمدى چۈشكۈنلىشىپ ئولتۇرىۋەرمەي، روھلۇق

بولغىن، ئۇلارغا قاراپ تۇرماي ھۇجۇمغا ئۆتكىن.

— دىلاۋەر، نېمىلا دېگەنبىلەن بىرەر ئەپلىكرەك پۇرسەتنى كۈتۈش كېرەكقۇ دەيمەن. پۇرسەت چىققان ھامان قول سېلىپ، بۇ ئاچچىقىمنى چىقارمىغۇچە توختىمايمەن!

— ھا ـ جە ـ تسىز! — دىلاۋەر ئۇنىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ جابىرنىڭ شۇنداق نىيەتكە كېلەلمەي تۇرغانلىقىنى بىلگەنىدى. بۇ چاغدا دىلاۋەر ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەۋاتقان ئوتقا ياغ چېچىپ، ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن ئۇنى ھەرگىز رەھىمدىللىك قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە ئوتقۇيرۇقلۇق قىلماقچى بولدى.

— بىزنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقىنىمىز پەقەت سەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بۇنىڭ جەمشىد خانىمغىمۇ پايدىسى بار. باشقىلارغا ساۋابلىق ئىش بولغاندىكىن، يەنە قانداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرىسەن؟ يەنە نېمىشقا ئىككىلىنىپ تۇرىسەن؟ داۋاملىق دەردىڭنى يۇتۇپ چىداپ يۈرمەكچىمۇ؟ سەن ھازىر خەق ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇپ، قويغان ـ تۇتقىنىڭنى بىلمەي، ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قاپسەن، خەق بولسا ھېچ ئىشتىن غېمى يوق، ئاۋۋالقىدەكلا ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ، كېچە ـ كۈندۈز شېرىن مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ، سېنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىڭ ھازىر خەقنىڭ قولىدا ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇلار ساڭا ئازراقمۇ ئىچىنى ئاغرىتىپ قويغىنى يوق. سەن تىنماي يىغلاپ ياقاڭنى ھۆل قىلىپ يۈر، خەق بولسا زەپەر مارشىنى توۋلاپ خۇشال يۈرسۇن، — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە دىلاۋەر ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىپ كەتتى، — سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، بۇ ئىنتىقامنى ئالماي قويمايتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، سەن ئاكا ـ ئۇكىلىق مۇناسىۋەت ھەم ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇلمىسۇن دەپ شۇنچىلىك روھىي ئازاب ۋە ھاقارەتكە چىداشقا رازى بولدۇڭ، ھەتتا بىرىگە غىڭ قىلىپمۇ

تىنىمدىڭ. بۇ دەردىڭنى ھېلىمۇ مەن سېزىپ قاپتىمەن، بولمىسا سەن يەنە چىداپ يۈرۈۋېرىدىكەنسەن. بولدى، سەن ئۆنىمىساڭ، مەن بەربىر چىداپ تۇرالمايمەن. سەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى مەن قىلاي. سېنىڭ مەشۇقۇڭنىڭ رەقىبىڭ بىلەن بۇنچىلىك يېقىنلىشىپ يۈرۈۋېرىشىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن.

دىلاۋەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان جابىرنىڭ چىرايى دەم قىزىرىپ، دەم تاتىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرى بىر كۆپۈپ، بىر پەسىيىپ لىپىلداشقا باشلىدى.

— مەن ھازىرلا بارىمەن، ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن! — جابىر ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئالدىرىمىغىنا! ئېيتىپ باقە قېنى، مېنىڭ بايا دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟ — دىلاۋەرمۇ ئورنىدىن تۇردى.

جابىر گويا ئۆزىنى ئەتەي تۇتۇۋالغاندەك باشتا گەپ قىلمىدى، بىر ئازدىن كېيىن:

— دىلاۋەر، مەن ئىقرار، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى سەن ئېنىق بىلىپسەن. راست، ھازىر مەن جىددىي پەيتكە دۈچ كەلدىم، ئەمدى كۈتۈپ ئولتۇرالمايمەن، بولمىسا، پەيت قولدىن كېتىپ لېۋىمنى چىشلەپ قالغۇدەكمەن، — دېدى.

دىلاۋەر پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ:

— گەپ ئەمدى سەندە. يۈر، ھازىرلا بارايلى! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كۇلۇبتىن ئايرىلىپ، جەمشىد سارىيىغا قاراپ ماڭدى ھەم يولدا كېتىۋاتقاچ مەسلىھەتلەشتى.

— بىراق، جابىر، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلغىن. بولۇپمۇ ماھىنۇر بىلەن يۈسۈپنىڭ ئۇچراشقانلىرىنى سۆزلىگەندە ھەرگىز رەھىمدىللىك قىلماي، بىرگە ئوننى قوشۇپ تازا ئېچىتقىن، جەمشىد خانىمغا ھەربىر ئېغىز گېپىڭنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ، ئۇنى جەزمەن تەسىرلەندۈرگىن.

دىلاۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جابىر مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— دوستۇم، سەن خاتىرجەم بول. مەن ئۇلارنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن. بۇ ئويۇندا ھېلىقى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇھەببەت شامىنى ئۆچۈرۈپ، كۆلىنى كۆككە سورىمىغۇچە توختىمايمەن. سەن مېنىڭ ئاغزىمنى ھەرگىز سەل چاغلىما، ئاغزىمنىڭ يامانلىقىنى دوستلار ئوبدان بىلىدۇ. ئاكاڭ قارىغاي لەۋز قىلغان ئىشلاردىن قايسىسى ۋۇجۇدقا چىقماي قالغان؟

— بۇنىڭدىغۇ گەپ يوق. بىراق، ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. يەنىلا ئېھتىياتچانراق بولغان تۈزۈك. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ماھىنۇر بىلەن يۈسۈپ ئىنتايىن زېرەك، ئۇلارنىڭ پىلانى پۇختا، بېرىش ـ كېلىشلىرى ناھايىتى سىرلىق، شۇڭا ھەرىكەتلىرىنى ئىگىلەش ئىنتايىن قىيىن. قارىغىنا، ئىككىمىز ئۇلارغا شۇنچە يېقىنلىشىپ دىققەت قىلساقمۇ، شۇ كەمگىچە بۇ ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ ئاغزىدىن ئەدەپ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بىرەر گەپنى ئاڭلىيالمىدۇق. باشقىچە بىرەر ھەرىكىتى بارلىقىنىمۇ بايقىمىدۇق ياكى تۇتۇۋالالمىدۇق. جەمشىد خانىم ئۇلارنىڭ ئىشىدىن تېخىمۇ بىخەۋەر، ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىللە يۈرگىنىنىمۇ بىرنەچچە قېتىملا كۆرۈپ قالغان، سېنىڭچە، جەمشىد خانىمنىڭ قولغا چىققۇدەك بىرەر ئىشنى بىلىۋالىشى مۇمكىنمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇپ، مېنىڭ كارامىتىمنى كۆر. ئەگەر مەن ئۇنى خورازنىڭ تۇخۇم تۇغالايدىغىنىغا ئىشەندۈرەلمەيدىغان بولسام يىگىت بولماي كېتەي.

دىلاۋەر جابىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، جابىرمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇلار يول بويى ئۆزلىرى پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقان شۇملۇقنى يەنە بىر نۆۋەت دەڭسەپ كۆرۈشتى. ھەممە ئىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ، ئىشەنچلىك ھالدا چىمەنبانۇنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

ئۇ ئىككىسى چىمەنبانۇ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەدەپ بىلەن سالام بەجا كەلتۈردى. جەمشىد خانىم سۈسلا ئىنكاس قايتۇردى، ئانچە تۈزۈت قىلىپمۇ كەتمىدى. ئۇلارنى بەك ئوسال بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئاندا ـ ساندا سۆزلەپ قويۇپلا بولدى قىلدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن جابىر دىلاۋەر بىلەن كېلىشىۋالغىنى بويىچە گەپ باشلىدى:

ــ ھامما، سىز ھەر كۈنى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلارنى بېجىرىسىز، سىز جەمئىيەتتىكى بەزى چوڭ ئىشلار بىلەن بولۇپ، بىز ھەر كۈنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۇششاق ئىشلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيسىز. بۇ بىر تەرەپتىن سىزنىڭ ئالدىراشلىقىڭىزدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىزنىڭ ئۇنداق ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلىشىشنى خالىمىغانلىقىڭىزدىنمۇ بولدى. بەزى ئىشلارنى تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان بولسىڭىزمۇ، ھەرقانداق ئىشقا سەممىمىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، زادى كىچىك ئىش دەپ ھېسابلاشقا بولمايدىغان بەزى ئىشلار گۇمانىڭىزنى قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

چىمەنبانۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، جابىرغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ئادەم بولمايدىغان بۇ نىجىسنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىغانىدى.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ــ دەپ سورىدى چىمەنبانۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا.

ــ ھامما، يۈسۈپ مېنىڭ ئاكام، مەن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشۈم كېرەك، بۇ قائىدىگىمۇ سىغىدىغان ئىش. يۈسۈپكە پايدىلىق ئىشنى ئۆزۈمگىمۇ پايدىلىق، يۈسۈپكە پايدىسىز ئىشنى ئۆزۈمگىمۇ پايدىسىز، دەپ قارايمەن. مەن دەل مانا شۇنداق ھېسسىياتتا سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ــ جابىر سۆزىنى توختىتىپ، قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە، ئالدىغا سەل ئېگىشىپ، چوڭلار بىلەن پاراڭلاشقاندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپنى

ساقلاۋاتقاندەك ئىپادىدە بولدى.

جابىرنىڭ يۈسۈپنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپلا چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى ـ دە، بايىقى خۇشياقمىغاندەك كەيپىياتىمۇ بىراقلا غايىب بولدى. ئۇ تەشۋىش ئىچىدە جىددىيلىشىپ سورىدى:

— يۈسۈپنى دەمسەن، نېمە بولدى؟ ئەگىمتمەي ئوچۇقىنى دېگىنە، يۈسۈپكە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ هازىر قەيەردە؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟

ئارقا ـ ئارقىدىن سورالغان سوئال ۋە چىمەنبانۇنىڭ جىددىيلەشكەن هالىتى جابىرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى، ئىچىدە: «چاتاق بولدى، ئىش ئەپلەشمەي قالسا ئۆزۈمنى پالاكەت باسىدىغان بولدى ! » دەپ ئويلىدى.

چىمەنبانۇ ئۇنىڭغا، قېنى سۆزلىمەمسەن، دېگەندەك قىلىپ مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ جىددىي پەيتتە، زېرەك دىلاۋەر جابىرنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ گەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جابىر بىرپەس بولسىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

— خانىم، يۈسۈپ ئەپەندى شۇ تاپتا دانىيال خېنىم بىلەن بىللە بىر يەرگە ئويۇنغىلى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دىلاۋەر چىمەنبانۇنىڭ سوئالىغا ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى.

دىلاۋەر ئىلگىرى جابىر بىلەن بىللە جەمشىد سارىيىغا خېلى كۆپ قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، چىمەنبانۇنىڭ دىلاۋەرنى ئېنىق كۆرۈشى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ بۇ ئىككىسىنىڭ گەپ ـ سۆزى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن ئىنتايىن بىزار بولغاچقا، ئۇلارنى ئادەم بولمايدىغانلار دەپ ھېسابلايتتى ۋە قانداقلا بولمىسۇن يۈسۈپنى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتماسلىق كېرەك دەپ قاراپ، يۈسۈپنىڭ ئۇلارغا يېقىنلىشىشىنى خالىمايتتى. بىراق، جابىر جەمشىدنىڭ جىيەنى، جەمشىد بىلەن ئىككىسى بېقىپ چوڭ قىلغان مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا،

ئۇنىڭغا ئامالى يوق ئىدى. دىلاۋەرگە بولسا، ئۇ قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمايتتى، ئۇنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشىنىمۇ خالىمايتتى. چىمەنبانۇنىڭ نەزىرىدە دىلاۋەر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۆزىنىڭ ئالدىدا جەمشىد جەمەتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى توغرۇلۇق خالىغانچە سۆز قىستۇرۇشىغا تېخىمۇ يول قويالمايتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، ئۇلار ئېيتىۋاتقان بۇ مەسىلە باشقىلارغا ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى يۇسۇپكە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى.

— زادى نېمە ئىش؟ يۇسۇپكە پايدىلىق، پايدىسىز دېگىنىڭ زادى نېمە گەپ؟! سىلەر زادى نېمە دېمەكچى؟ نېمىشقا گەپنى ئېنىق قىلمايسىلەر؟ — دىلاۋەر سۆزدىن توختىغان ھامان چىمەنبانۇ ئالدىراپ سورىدى.

دىلاۋەرنىڭ ۋاقىتلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن جابىر چوڭ بىر خەتەردىن ئامان قالغاندەك بولدى. دىلاۋەر بىلەن چىمەنبانۇ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن باياتىنقى پاراڭنىڭ ۋاقتى شۇنچە قىسقا بولسىمۇ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان مەككار ھەم پۇرسەتپەرەس جابىر ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن چېچىلىپ كەتكەن نېرۋىسىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. شۇنداق قىلىپ، جابىر بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيانقى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان يېڭى ھۇجۇمىنى باشلىدى.

— ھامما، بىزنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغىنىمىز باشقا گەپ ئەمەس، يۇسۇپ ھازىر تېخى كىچىك، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، ھەتتا ياخشى ـ ياماننى ئايرىۋالغۇدەك ئىقتىدارى يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، ئۇ ھازىر خۇددى رولىدىن ئايرىلغان كېمىگە ئوخشاش دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ لەيلەپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ يەنە نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن؟ سىز ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلەيسىز. شۇ سەۋەبلىك سىزگە شۇنچىلىكلا پۇرسەتنى قويسام يېتەرلىك بولار؟

جابىرنىڭ ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق گەپلىرىنى

ئاڭلىغان چىمەنبانۇنىڭ بايىقى جىددىيلىشىپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆزگە ئىلمايدىغان ۋە كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنىدىغان مۇشتۇمدەك جابىرنىڭ بۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىشىغا راستتىنلا چىداپ تۇرالمىغانىدى. شۇڭا، جابىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، كىنايە بىلەن دېدى:

— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ يېرىم كۈن قىلغان گېپىڭنىڭ بىرىنى چۈشەنگەن بولسام كاشكى. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، يۇسۇپ مەيلى بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتتە بولسۇن، سەندىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېشىمۇ سەندىن چوڭ. مېنىڭ ئالدىمدا بۇنداق سۆزلەر بىلەن ئۇنى چۈشۈرۈشۈڭگە يول قويمايمەن.

چىمەنبانۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسى جابىرنىڭ پىلانىنى يەنە بىر قېتىم قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى. بىر چەتتە ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان دىلاۋەر ئالدىراپ يەنە سۆز قىستۇردى:

— خانىم، جابىر ئەپەندى يۇسۇپ ئەپەندى ھەمىشە دانىيال خېنىم بىلەن بىللە يۈرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دېمەكچىدى.

دىلاۋەر ئاچقۇچلۇق پەيتتە جابىرنى يەنە بىر قېتىم ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. دىلاۋەر چىمەنبانۇنىڭ پىكرىنى باشقا ياققا بۇرىغان شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە جابىر ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئوڭشىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

— شۇنداق، ھاما. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىش ئىدى. يۇسۇپ چەكتىن بەكلا ئېشىپ كەتتى. كۈندۈزىغۇ بوپتۇ، ھەتتا كەچتىمۇ ماھىنۇر بىلەن بىللە تاماشا قىلىپ يۈرىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزنى تۆكىدىغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئاشۇنداق پەسكەش قىزلار بىلەن ئارىلىشىۋېرىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر جەمەتىمىز خەقنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشى

تۇرغان گەپ. خەقلەرنىڭ كۆزىنى مانا شۇنداق ئىشلارغا تىكىپ تۇرىدىغىنىنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

جابىر سۆزدىن توختىغان هامان، دىلاۋەر سۆز ئالدى:

— خانىم، جابىر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇق، جەمئىيەتتىكى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى ئۇنىڭ - بۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشلا. هازىرغىچە ئۇلار سىزدىن ۋە سىزنىڭ شانۇشەۋكەتكە ئىگە ئائىلىڭىزدىن غەيۋەت قىلغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالماي كېلىۋاتىدۇ. ناۋادا يۇسۇپ ئەپەندى بىلەن دانىيال خېنىمنىڭ ئىشىنى باشقىلار بىلىپ قالسا سۆز - چۆچەك قىلىشماسمۇ؟ ئۇ چاغدا، ئۇلار سىزنىڭ ئۇستىگىزدىن يەنە قانداق گەپلەرنى تاپمايدۇ دەيسىز؟!

جابىر بىلەن دىلاۋەرنىڭ بىر - بىرىگە دوست تارتىشىپ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ ئۇن چىقىرالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل تەشۋىش ئالامىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

جابىر دىلاۋەر بىلەن قىلىشقان گەپلەرنىڭ ئۇنۇم بېرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چىمەنبانۇنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، چۈشىنىكسىز خىياللار ئىچىگە غەرق قىلىۋەتتى.

— هامما، بۇ گەپلەرنى قىلىشقا ھەتتا ئۆزۈممۇ نومۇس قىلىمەن. نېمە دېسەم بولار؟ — ئۇ گويا قورسىقىدا ئېغىزدىن چىقىرىشقا تەس كېلىۋاتقان بىر سۆزى باردەك سەل توختىۋالدى، — راستىنى ئېيتسام، كىشىلەرنىڭ هازىردىن باشلاپلا تارقىتىشىۋاتقان سۆز - چۆچەكلىرىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئېيتىڭا، ئاكامنىڭ ئابرۇيىنىڭ مۇنچىلىك تۆكۈلۈشىگە مەن قانداقمۇ چىداي؟!

چىمەنبانۇ ياخشى كۆرمەيدىغان بۇ ئىككى بالا مانا شۇنداق قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ،

ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشكە باشلىغانىدى. چىمەنبانۇ ئۆز كۆڭلىدە: «مەن نېمىشقا شۇ كەمگىچە بۇ تەرەپلەرنى ئويلاپ باقمىغاندىمەن ـ ھە؟ ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. مانا ئەمدى ماھىنۇر بىلەن مېنىڭ يۇسۇپۇمگە خەقلەر كۆز ـ قۇلاق بولىدىغان، ئۇلار ئۇستىدىن سۆز ـ چۆچەك قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ ...» دەپ ئويلىدى.

چىمەنبانۇنىڭ غەم ـ ئەندىشىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، جابىر بىلەن دىلاۋەر يېنىك تىنىۋېلىپ كۆڭلىدە: «ئوق نىشانغا تېگىپتۇ، غەلىبە قازىنىشىمىزدا گەپ يوق» دەپ ئويلىدى ۋە بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەپ مەمنۇنىيەت ئىچىدە كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى.

چىمەنبانۇ شۇ چاغقىچە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە تۈزۈك بىر نەرسە دېمىگەنىدى. دىلاۋەر يەنە ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىشقا باشلىدى:

ـــ خانىم، ئەسلىدە جابىر ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشنى سىزگە ئېيتقۇسى يوق ئىدى. بىراق، يۇسۇپ ئەپەندى ئۇنىڭ ئاكىسى تۇرسا، ئۇ قانداقسىگە بىۋاسىتە بېرىپ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالىسۇن؟ ئويلاپ بېقىڭا، مەيلى بۇ ئىش يالغان ياكى راست بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ئاكىسىغا بۇ سەتچىلىكلەرنى دېيىشكە قانداقمۇ تىلى بارىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولساممۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ياكى يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ئالدىدا بۇلارنى ئېيتىشقا خىجىل بولىمەن. ئېنىقكى، ئىش خېلىلا ئېغىر دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئىشنىڭ يامىنىغا ئۆرۈلۈش خەۋپى بار. ئالىمادىس شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ سىز ۋە ئائىلىڭىزنىڭ نامىشەرىپى ئۈچۈن تولىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ.

بىرپەسلىك سۈكۈت ۋە ئويلىنىشتىن كېيىن چىمەنبانۇ ئاخىر كەسكىن قارارغا كەلدى. چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرى شۇ ھامان ئېچىلدى، چىمەنبانۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايتتى، ھەرگىز ئىككىلەنمەي يۈرمەيتتى.

چىمەنبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئىككىسىگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئادەتتىكىچىلا بولسىمۇ، لېكىن جابىر بىلەن دىلاۋەر خۇددى سوتچىنىڭ تىكىلىپ قارىغىنىغا دۇچ كەلگەن جىنايەتچىلەردەك هودۇقۇپ، پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتتى. چىمەنبانۇ كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن چەكچەيتىپ قويۇپ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئاندىن:

— باللىرىم، رەھمەت سىلەرگە، سىلەر مېنىڭ يۇسۇپۇمنىڭ يامان قىلىقلىرىغا دىققىتىمنى قوزغىدىڭلار. بېرىڭلار، هازىر بېرىپ يۇسۇپنى تېپىپ كېلىڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارمۇ تۈگەيدۇ، — دېدى.

ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغان جابىر دىلاۋەر بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئاخىر غەلىبە قىلدى.

ئۇ ئىككىسى كەتكەندىن كېيىن چىمەنبانۇ ئۆزى يالغۇز ئۆيئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمىدى. «جابىرلارنىڭ يۇسۇپ توغرۇلۇق دېگەنلىرى ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە هەم جەمەت ـ نەسەبنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، جامائەتچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە قويىدىغان جىددىي ئىش. شۇڭا، كەسكىن قارارغا كېلىپ، دەررۇ هەرىكەت قىلىش كېرەك. ئوغلۇم يۇسۇپنى جەمئىيەتنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرماسلىقىم كېرەك ... — ئۇنىڭ پىكرى بارغانسېرى چېچىلىپ، ئويلىغانسېرى قورقۇنچ ئىچىدە قالدى، — يۇسۇپنىڭ بۇنداق ئەخمىقانە هەرىكىتىنى زورمۇزور چەكلەشكە بولمايدۇ. هەرقانداق مەجبۇرلاش مۇھەببەتلىشىۋاتقانلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ تەرىقىدە كېتىۋېرىشىگىمۇ يول قويغىلى بولمايدۇ. كېمە تېخى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بارغىنى يوق، تېشىلگەن تۆشۈكنى ئېتىشكە ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ. دەرەخ تېخى پۇختا يىلتىز تارتىپ بولمىغان چاغدا ئۇنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ قويسا كېچىككەنلىك بولمايدۇ. چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەندىن

كېيىن تۇتۇش قىلسا كېچىكمىدىغان گەپ. بۈگۈن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئىشەنمەيمەن، بىراق، مۇشۇ بىرقانچە كۈندىن بۇيان مەنمۇ راستتىنلا يۈسۈپنىڭ باشقىچىرەك بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەندىم، ھەتتا يۈسۈپ سەنەۋەر دېگەن تېگى پەسنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە، دېگەن خىيالمۇ كۆڭلۈمگە كەلگەندەك بولغان. ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ. ئاھ خۇدا ... ئۇ تېگى پەس نېمىدېگەن يامان ـ ھە ! ئۇ ھەتتا ھەرگىز ئالدانمايمەن دەپ يۈرگەن مەندەك ئادەمنىڭمۇ كۆزىنى باغلاپ كېتىپتۇ. ماھىنۇر سەنەۋەرنىڭ قىزى، پاھىشە خوتۇننىڭ قىزى. «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق» دېگەن شۇدە. ماھىنۇرنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، مەن يالغۇز ئوغلۇمنىڭ بۇنداق تېگى پەس قىز بىلەن توي قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن. ياق، بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا جەمشىد بىلەن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىشىم كېرەك.»

قۇياش پاتتى. رەڭگارەڭ كەچكى شەپەق نۇرى ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشتى. ئۆيئىچىنى بارا ـ بارا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇ جابىر بىلەن دىلاۋەرنى يۈسۈپنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەندى. ھازىرغىچە ئۇلاردىن دېرەك يوق ئىدى. كەچكى تاماق ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

# ئالتىنچى باب

يۇسۇپ تېخىچە كەلمىدى. يۇسۇپ ھەر كۈنى بۇ ۋاقىتنى ماھىنۇر بىلەن بىللە كۇلۇبتا ئۆتكۈزەتتى. بۇ كۈندىكىدەك نورمال ئىش ئىدى، ئەمما بۈگۈن چىمەنبانۇغا باشقىچە بىلىندى بولغاي، ئۇ يۇسۇپنى تەقەززالىق بىلەن ساقلىدى.

جابىر چىمەنبانۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى يۇسۇپكە يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۇ چىمەنبانۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك تېز ۋە چاققان بولمىغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ پەقەت تاپشۇرۇقنى يەتكۈزۈپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ماھىنۇرنى يات ئارىدا قولغا كىرگۈزۈش مەسىلىسى ئىدى.

تېخى ئويناپ قانمىغان يۇسۇپ قولىدىكى پالاقنى قويۇپ، بالدۇر يېنىپ چىقتى ۋە ئادەتتىكىدەك ماھىنۇرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن قايتتى.

يۇسۇپ ئەدەپلىك، تەربىيە كۆرگەن بالا ئىدى. بۇنى چىمەنبانۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايتتى. چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىدە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تەجرىبىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. شۇڭا، ئۇ كىشىلىك دۇنيادىكى خورلۇق، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىدام بىلەن بەرداشلىق بېرىشىم، ئوغلۇم يۇسۇپنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشۇم، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە قورقۇنچلۇق قايناملارغا كىرىپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىم لازىم، دەپ ھېسابلايتتى. گەرچە، ئوغلىغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىلدۈرۈشنى خالىمىسىمۇ، ئوغلىنى بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا رەزىللىك، ئەسكىلىكلەرگە يولۇقتۇرماي، بەختلىك ھايات يولىغا

ماڭدۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىغانىدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ تەربىيەسىدە غەرەز ئۇقىدىغان، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بالا بولۇپ يېتىلدى. ئۇ بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا قوزىدەك ياۋاش ئىدى. ئىتائەتمەنلىك ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى. مۇشۇ كەمگىچە ئاتا ـ ئانىسىدىن تەنبىھ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. چىمەنبانۇ جابىرغىمۇ ئوخشاش يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ ئىككى بالىنى تەربىيەلەش جەھەتتە، چىمەنبانۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپ، بۇنى خارلايدىغان ئىشنى زادىلا قىلمىغانىدى. ۋاھالەنكى، جابىر تۇغما يارىماس بولۇپ چىقتى. گەرچە ئۇ يۈسۈپ بىلەن ئوخشاش بىر ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئوخشاش شارائىتتا تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، ياشلىرىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئىككىسىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئۆگىنىش ۋە ھەۋەس ـ ئىشتىياقى تامامەن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇپ چىقتى.

يۈسۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا، ئۇدۇل ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئادىتى بويىچە سالام بەردى:

— ئاپا، مەن قايتىپ كەلدىم، بىرەر تاپشۇرۇقىڭىز بارمىتى؟

ئوغلىنى كۆرۈپ چىمەنبانۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان، ئۇ ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىسىمۇ، ئوغلى ئالدىغا كەلگەن ھامان ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئوغلىغا ئانىلىق مېھرى بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە يۈسۈپنى سۆيۈپ قويدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يۈزىدىكى مۇلايىملىق ۋە شادلىقنىڭ ئورنىنى بىئاراملىق ئىگىلەشكە باشلىدى. بىراق، ئاچچىقىنى ئوغلىدىن چىقىرىشقا ئۇنىڭ يۈرىكى قانداقمۇ چىدىسۇن؟

— يۈسۈپ، مېنىڭ ئانچە مۇھىم ئىشىممۇ يوق. سېنىڭ كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىڭنى كۆرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغان، بۈگۈن بالدۇرراق قايتىپ كەلسۇنمىكىن دەپلا چاقىرتقانىدىم. سەن كىتابنى مەندىنمۇ

بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ كەتتىڭ. كۈن ـ كۈنلەپ كىتاب دۆۋىسى ئىچىگە كىرىۋالىسەن. كەچتە يەنە كۆلۈبقا كېتىسەن، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ قويۇشقىمۇ ۋاقتىڭ چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى ...

ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز رەنجىپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى يۈسۈپنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

— سېنىڭ بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىڭ ناھايىتى ياخشى بولدى، سېنى قانغۇدەك كۆرۈۋالىدىغان بولدۇم. تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، يۈر، مەن بىلەن بىللە تاماق يېگىن! — ئۇ گويا بىرنېمىنى كۆزدە تۇتقاندەك شۇنداق دېدى ـ دە، يۈسۈپنى قولىدىن يېتىلەپ تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئاپىسىنىڭ رەنجىشلىرىگە يۈسۈپ دەررۇ بىرنېمە دېمىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا باشقىچىلا تۇيۇلدى ۋە ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويۇپ، كوكۇلىسىنى تۇتقۇزۇپ قويغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا، چىقىپ كېتىۋېتىپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى:

— ئاپا، مەن ئۈچۈن سىزدىن قەدىرلىك ھېچقانداق نەرسە يوق. كىتابقا كەلسەك، ئۇ مېنىڭ كېلەچىكىمگە داغدام يول ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دادام ئىككىڭلار ماڭا دائىم: تىرىشىپ بىلىم ئۆگەن، دەرستە داۋاملىق ئىلگىرىلە، ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈر، دەپ تەربىيە بېرەتتىڭلارغۇ؟ بىرقانچە كۈندىن بۇيان، مەن سىزنىڭ تاپىلىغىنىڭىز بويىچە يېڭى ئىمتىھانغا تەييارلىق كۆرۈۋاتىمەن، شۇڭا كىتاب مەستانىسىگە ئايلىنىپ قالسامۇ قالغاندىمەن.

چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ دۇمبىسىنى سىلىدى ھەم قانائەتلەنگەندەك قىلىپ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى.

— سېنىڭ، — دېدى ئۇ يەنە، — بۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭدىن مەن ئىنتايىن خۇشال، ھەممىنى پېشانىدىن

كۆرۈپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. تەقدىر ئىلاھىمۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگىلا ياردەم بېرىدۇ، «ئاللاتائالا ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولمىغان ھەرقانداق مىللەتنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغان ئەمەس» دېگىنى شۇ گەپ، — ئۇ سەل توختىۋالدى. تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بالام، بىر مەزگىل ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇپ، بىرپەس ئويناۋالغىن. ئوغلۇم، مەن سەندىن خۇش. قانداق قىلماقچى بولساڭ، شۇنداق قىلىۋەرگىن.

چىمەنبانۇ شۇنداق دېسىمۇ، بىراق بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ھېلىقى ئېغىر تاش يېنىكلەي دېمەيتتى. ئوغلىنىڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىلغان ئەدەپلىك سۆزلىرى ۋە ئۆزىنىڭ قايناق ئانىلىق مۇھەببىتى يۈرىكىدىكى دەردىنى يەڭگىللىتەلمىدى.

ئانا ـ بالا تاماقخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقلار ئادەتتىكىگە ئوخشاش قويۇلغان: تۆرنىڭ سول تەرىپىدىكىسى چىمەنبانۇنىڭ، ئوڭ تەرىپىدىكىسى جەمشىدنىڭ، ئاياغ تەرىپىدىكىسى يۈسۈپ بىلەن جابىرنىڭ ئورنى ئىدى.

جابىر قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا غالىبلارچە شادلىق جىلۋە قىلاتتى. جابىرنىڭمۇ شۇنداق چاغدا پەيدا بولۇشى خۇددى جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك چىمەنبانۇنى بەكلا ئازابلىدى. ئۇ ئەتىۋارلىق ئوغلى يۈسۈپنىڭ قاراپ تۇرۇپلا جەمشىد جەمەتىدىن چىققان نائەھلى جابىرغا ئەيىبىنى ئېچىپ، كوكۇلىسىنى تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىدىن قاتتىق نومۇس قىلدى.

ئۇلار جەمشىدنى ساقلىدى. تاماقخانىنىڭ ئىچىنى گۆر كەبى جىمجىتلىق باسقانىدى. يۈسۈپ گەرچە ئاپىسىنىڭ كۆلمەي، گەپ قىلماي ئولتۇرىدىغان بۇنداق ئادىتىگە كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ،

بۇگۈنكى بۇ جىمجىتلىق ۋە سوكۇت ئۇنىڭغا ئادەتتىكىدىن باشقىچە تۇيۇلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىقنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ: «زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئاپامنىڭ گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس!» دەپ ئويلىدى ۋە ئەندىشىدە قالدى.

يۈسۈپ نەچچە قېتىم سوراپ باقماقچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، يەنە توختاپ قالدى.

جەمشىد ئاخىر قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇستەلگە كېلىپلا كەيپىياتنىڭ سەل چاتاقلىقىنى بايقىدى ۋە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇلارغا سەپسالغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چىمەنبانۇدىن سورىدى:

— سۆيۈملۈكۈم، بۈگۈن نېمە بولدى؟ سىزنىڭ گۈل ۋە ئاينىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان خۇش چىرايىڭىزغا بۈگۈن غەم ـ قايغۇ بۇلۇتلىرى سايە تاشلاپ قاپتۇغۇ؟ نېمە ئىش بولدى؟

چىمەنبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، خىزمەتكار پېتىر تاماق كۆتۈرۈپ كىردى. تەخسە ـ قاچا، پىچاق ـ ۋىلكىلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى تاماقخانىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى. پېتىر چىقىپ كېتىشى بىلەنلا يەنە جىمجىتلىق باشلاندى.

— ھوي، سىلەرگە گەپ قىلىۋاتىمەن. ھەممىڭلار گاچىلار بايرىمى ئۆتكۈزۈۋاتامسىلەر يا؟ زۇۋانمۇ سۇرمەيسىلەر، چىنە ـ قاچىلارمۇ جاراڭلىمايدۇ، پىچاق ـ ۋىلكىلار قىمىرلىمايدۇ، رومكىلارمۇ كۆتۈرۈلمەيدۇ. تاماقنى يالماپ يۇتىدىغان جابىرنىڭ تاماق يېگەن ئاۋازىمۇ چىقمايدۇ، زادى نېمە ئىش بولدى؟ نېمىشقا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالىسىلەر؟

جەمشىد شۇ سۆزلەرنى قىلىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ھەممەيلەنگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ، نەزىرىنى خوتۇنى چىمەنبانۇغا تىكتى.

چىمەنبانۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش قىزغىنمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ

ئەمەس تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى:

— گەپ قىلماي ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى قىلغۇدەك گەپنىڭ يوقلۇقىدىن ـ دە، بۇنىڭ يەنە نېمە سەۋەبى بولاتتى؟ چىنە ـ قاچىلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى سىز كەلمەستىن بۇرۇن باشلىنىپ باققان ئەمەس، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك نەرى بار؟

چىمەنبانۇ سۆزلەپ بولۇپ كۈلۈپ قويدى، بىراق يەنە ناھايىتى تېزلا ئەسلىدىكى سوغۇق چىراي ھالىتىگە قايتتى.

تاغىسىنىڭ مەقسەتسىز قىلغان چاقچىقى، ھاممىسىنىڭ غەلىتە جاۋابلىرى جابىرنى ئىنتايىن كەيپسىزلەندۈردى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ دىلاۋەر بىلەن بىللە باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان ھىيلىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئوڭۇشلۇق ھەرىكەت ئۇنى بىرمەھەل خۇشال قىلغانىدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەھۋاللاردىن ئىشنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ھەپسىلىسى قاچتى.

داستىخانغا تاماق كەلتۇرۇلدى. كەچلىك تاماق ئۆزىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە ئېسىللىقى بىلەن كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى.

ئۇلار ئۆز تەخسىلىرىگە قول ئۇزارتىپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. جابىر كۆڭلىدە، ھەممە ئىشنى خۇداغا تاپشۇردۇم، ھازىر تاماق يېيىش مۇھىم، دەپ ئويلاپ، تەخسىگە تاماق ئۇستى ـ دە، ئۇنى شالاپ ـ شۇلۇپ يېيىشكە باشلىدى.

جەمشىد يەنە كوتۇلدىغىلى تۇردى:

— چىمەن، سۆيۈملۈكۈم! مەن سىزدىن خاپا بولۇۋاتىمەن!

— نېمە بولدى؟ مەندىن نېمە سەۋەبلىك ئۆتۈپتۇ؟

— ئوھۇي، ماۋۇ گەپنى قاراڭلار، ئۆزىدىن قانداق سەۋەبلىك ئۆتكىنىنى مەندىن سوراۋاتقىنىنى تېخى!

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە. سىز مەندىن خاپا بولسىڭىز، بۇنى سىزدىن سورىماي كىمدىن سورايمەن؟ قانداق ئىشنى خاتا قىلغىنىمنى ئېنىق سورىۋالماي ھە دېگەندىلا ئىقرار

قىلىشىم، باش ئېگىشىم كېرەكمۇ؟
— بولىدۇ ئەمىسە، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، نېمىشقا ھەممىڭلار چىرايىڭلاردىن بوران ئۇچۇرۇپ جىم ئولتۇرىسىلەر؟ مەن بۈنى سىزدىن سورىسام پەرۋامۇ قىلمىدىڭىز. بىرھازا ئۆتكەندە ئاندىن خۇشياقمىغاندەك قىلىپ ھېچ ئىش بولمىدى دەپ قويدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ چىرايىڭىز ۋە ھەممىڭلارنىڭ كەيپىياتىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئىچىڭلارغا يۇتۇپ تۇرغىنىڭلار بىلىنىپ تۇرىدۇ. سىز تېخى مېنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسىز؟ ھا - ھا - ھا ... قانداق؟ يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟ ...
جەمشىد ئاخىرقى بىر جۈملە گەپنى ئاھاڭغا سېلىپ، بارمىقى بىلەن شىرەنىڭ گىرۋىكىگە چېكىپ، رىتىمغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دېدى. ئەمما، ئولتۇرغانلاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ھەممەيلەن بۇرۇنقىدەك چىرايلىرىنى تۇرۇشۇپ بۇتتەك ئولتۇرۇشاتتى.
جەمشىد ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، جىددىي تەلەپپۇزدا ئوغلى يۈسۈپكە گەپ قىلدى:
— يۈسۈپ، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ شۈبھە تۇماننى تارقىتىۋېتەلمەمسەن؟ ھەممىڭلار نېمىشقا بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىڭلار؟ شۇنچە سىرلىق بولۇپ كېتىپسىلەركى، مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم. سەن بىرەر ئىشتا ئاپاڭنى رەنجىتىپ قويدۇڭمۇيا؟ ئۇ تولىمۇ پەرىشان كۆرۈنىدۇ.
يۈسۈپ بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، يەنە نېمىشقىدۇر ئۇڭايسىزلىنىپ جىم بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا چىمەنبانۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ئاچچىق ھەسرەت ئارىلاش كۈلكە بولسىمۇ، جەمشىدكە ناھايىتى قىممەتلىك تۇيۇلدى. شۇڭا، ئۇمۇ دەرھال كۈلۈپ چىمەنبانۇغا قارىدى. چىمەنبانۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— ئوغلۇمدىن كەلسە - كەلمەس گۇمان قىلىۋەرمەڭ،

ھەممىسى يوق گەپ. ئۇ ئەزەلدىن خەقنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى قىلىپ باقمىغان تۇرسا، قانداقسىگە مېنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتسۇن؟ ئوغلۇم دېگەن ۋاپادار، سالماق، مۇلايىم، مەن ئۇنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن.

ئىچى پۇشۇپ تۇرغان يۈسۈپ بۇ گەپلەر بىلەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى بىلەلمىدى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ ئاڭلاۋاتقىنى ئەيىبلەش ئەمەس، ئۆزىنى ماختايدىغان سۆزلەر ئىدى. شۇڭا، ئۆزىمۇ چۈشىنىكسىز بىر خىل كەيپىيات ئىچىدە ئاپىسىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا گەپ قىلدى:

— ئاپا، دادامنىڭ گەپلىرىمۇ توغرا، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن راستىنلا غەم - قايغۇ چىقىپ تۇرىدۇ. قېنى گەپ قىلىڭا، زادى قانداق كېلىشمەسلىك يۈز بەردى؟ قەدىرلىك ئاپا، سىز كۆڭلىڭىزدىكى ئازابنى ئوغلىڭىزدىن يوشۇرماسلىقىڭىز كېرەك. سىز غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇپ، خۇشال بولىدىغان ئىش بولسىلا ھەممىگە جېنىم بىلەن تەييار.

چىمەنبانۇ يۈسۈپ ئىزھار قىلغان باللارغا خاس چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتتىن ئوغلىنى تېخىمۇ سۆيۈملۈك ھېس قىلدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يۈسۈپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانائەتلىنىش، سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئاپىسىنىڭ تەبەسسۇمى ۋە مېھىرلىك قاراشلىرى تېڭىرقاپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ئۈچۈن تەسەللى بولدى.

— ئاپا، ماڭا ئىشىنىڭ. ئەگەر سىز خۇشال بولىدىغان بولسىڭىزلا، ئاسمانغا چىقىپ ئاينى ئېلىپ چۈش، دېسىڭىز ئېلىپ چۈشىمەن. ئاپا، مەن ھازىر ناھايىتى قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. چۈنكى، سىز مەندەك بىر ئوغلىڭىز تۇرۇپ دەرد تارتىۋېتىپسىز.

چىمەنبانۇنىڭ ئۆزىنى بىئارام قىلىپ تۇرغان ھېلىقى ئىشنى تىلغا ئېلىشقا تېخىچىلا كۆڭلى بارمايۋاتاتتى. جەمشىد بىر دەم

يۈسۈپكە، بىردەم چىمەنبانۇغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال، ئۇ خوتۇننىڭ چىرايىنىڭ سەل ئېچىلىۋاتقىنىدىن كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن بولسا كېرەك، چاقچاق بىلەن گەپ باشلىدى:

— دېگىنىڭ توغرا، بالام، ئاپاڭ هازىر ئازابلىنىۋاتقىنى ئۈچۈن ماڭا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپاڭنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى سەن بولۇپ قالدىڭ. ئاپاڭنىڭ ئالدىدا مەن نېمىدىم؟

— ياق، دادا، مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس كۆڭلۈم هەر ئىككىڭلار ئۈچۈن ئورتاق. دادا، ئاپام ئىككىمىز سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، سىز بىز ئۈچۈن شاهلىق تاجىدىنمۇ بەك هۆرمەتلىك هەم قىممەتلىك.

جەمشىدنى يەنە قانداق نەرسە يۈسۈپنىڭ تاتلىق گەپلىرىدەك شادلاندۇرالىسۇن؟ كۆلكىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. بۇ چاغدا، چىمەنبانۇمۇ ئاغزىنى يۇمۇپ كۈلۈپ قويدى. بۇ كۈلكە قاقاقلاپ كۈلۈشكە ئوخشىمىسىمۇ، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى.

ئارقىدىنلا ئادەمنى تىت ـ تىت قىلىدىغان جىمجىتلىق يەنە باشلاندى.

— خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىغان بۇ ئائىلىمىزگە قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، باش ـ ئايىغى يوق قانداق كۆڭۈلسىزلىك كىرىۋالغاندۇ؟ — دېدى يۈسۈپ.

يۈسۈپنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا جەمشىد قىزىقچىلىق قىلدى:

— ئاي مومىمىز خالىسا، يىپ ئېگىرىدىغان چاقى بىلەن بىزگە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىپ، تۇگۈچنى يېشىپ بەرگەن بولاتتى.

جەمشىدنىڭ كىنايە ئارىلاش بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جابىر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ۋە چىمەنبانۇغا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى مەسخىرىلىك كۈلكىدىن پۈرۈشكەندى.

جابىر نىڭ چىرايىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرگەن چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى. ئۇ لام ـ جىم دېمىدى، جەمشىدنىڭ ئۆزىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ئېيتقان ھېلىقى سۆزىگە ئۆز ھەرىكىتى بىلەن كەسكىن ھەم چاققان جاۋاب بېرىپ جەمشىدكە ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلغان، ئاغزى تېخىمۇ چىڭ يۇمۇلغانىدى. يۈسۈپچۇ؟ ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇراتتى؛ جابىرنىڭ سوغۇق كۆلكىسىنىمۇ، ئاپىسىنىڭ غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ھالىتىنىمۇ كۆردى، ئەمما زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ بۇنداق قاتمال ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بىراق، كىشى چىدىغۇسىز بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتا سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ ـ دە، يۈسۈپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تېتىكرەك تۇتۇشقا تىرىشتى ۋە ئامال بار گەپ تېپىپ، ۋاقىت ۋە مۇھىتتىكى بۇ مۇئەللەق بوشلۇقنى تولدۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ ئادەتتە داستىخان ئۈستىدە ئاپام مېھرىبان، ئىللىق چىرايى بىلەن ئولتۇرۇپ، مۇلايىم سۆزلەرنى قىلاتتى، دادامنىڭ چاقچاق گەپلىرى تۈگىمەيتتى. بۈگۈن سىلەرگە نېمە بولدى؟ ــ دېدى يۈسۈپ سەل ھاياجانلىنىپ. جەمشىد ئالدىراپلا ئېغىز ئاچتى:

ــ بالام، بۇنى مەنمۇ ئويلىدىم. قاتتىق يامغۇر يېغىشتىن ئاۋۋال ئاسماندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ئۇيان ـ بۇيانغا چېپىشىدۇ، بۇنداق چاغدا پەلەكنىڭ پەردىسى يىرتىلىپ يامغۇر تازا شارقىراپ يېغىۋالسىلا ئاسمانمۇ شېشىدەك سۈزۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈل ـ كۆكسىنى بوشىتىۋېتىمۇ نېمە جاپا؟ ــ جەمشىد سۆزلەۋېتىپ خوتۇنىغا بۇرۇلدى، ــ قېنى، يامغۇرىڭىزنى تازا كېلىشتۈرۈپ بىر ياغدۇرۇۋېتىڭا، چىمەنىم، سىزنى قانداقلا ئىش قىىناۋاتقان بولسا مەيلى، ئۇنى تۆكۈپ تاشلاشنى خالىسىڭىزلا ھەممىمىز يېنىكلەپ قالاتتۇق.

چىمەنبانۇ يەنىلا زوۋان سۈرمەي، كۆلۈمسىرەپلا قويدى. ئۇنىڭدىن يۈسۈپنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولدى. ئۇ بىرپەس جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— ئاپا، سىز مۇنداق خاپىلىق ئىچىدە ئولتۇرسىڭىز ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى تەڭلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا خۇشخۇي، كۆڭلى ئوچۇق دادامىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، — دېدى تىت - تىت بولغان ھالدا. يۈسۈپ بۇ سۆزلەرنى قوشۇمچە دەپ قويغىنىنى ئۆزىمۇ بىلگەنىدى. بىراق، شۇنداق دېمەسلىككە ئامال يوق - دە، شۇڭا ئاپىسى بىلەن دادىسىغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — دادام ھېچقاچان سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇگۈنكىدەك تەڭلىكتە قېلىپ باقمىغان، ئەزەلدىن غەم - قايغۇ دېگەننى بىلمەيتتى. بۇگۈن سىزنى دەپ بىئارام بولۇۋاتىدۇ. دادامنىڭ ئىشى ئالدىراش، بىز بىلەن ئۈچ ۋاخ تاماقتا بىللە بولغان چاغدىلا ئازراق ئارام تاپىدۇ. مانا شۇ قىسقىغىنا كەچلىك تاماق ئۈستىدىمۇ ئاراملىق تاپالمىسا، ئەتە ئىشقا جەزمەن پەرىشان بارىدۇ. ئاپا، ئويلاپ بېقىڭا، بۇ دادامنىڭ سالامەتلىكىگە ۋە خىزمىتىگە قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلار؟ ئاپا، سىز زادى نېمە بولدىڭىز؟ دادام ئۈچۈن، خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بىزگە ئېيتىپ بېرىڭە!

ئۇندىمەي جىم ئولتۇرغان چىمەنبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىغا سوغۇققىنا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى سۆرۈن ۋە پەرۋاسىز ئىدى. كۆزلىرىدىن ئاچچىق ھەسرەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىشى ئەيمەنگۈدەك سوغۇق قاراشلىرى گويا: «ئالدىراش؟ ئۇ راستتىنلا ئالدىراش. ئاشنىسى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ مانا شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان تۇرسا، ئۇنىڭ نەدە بىكار يۈرگۈدەك ۋاقتى بولسۇن؟» دېگەندەك قىلىۋاتاتتى.

چىمەنبانۇ يۈسۈپنىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا تېخى جاۋاب بەرمەي تۇرۇپلا، جەمشىد يەنە قىزىقچىلىق قىلغىلى تۇردى:

— چىمەن، يۈسۈپنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئاھايىتى ئورۇنلۇق بولدى. مەن ئېخى دەۋاغا پۇل تۆلىمەي تۇرۇپلا مېنى ئاقلاپ سۆز قىلىدىغانلار چىقىپ قالدى. چىمەن، سۆيۈملۈكۈم، ئەجەبا، بالىنىڭ چىن ئۆتۈنۈشى ۋە ھەققانىي، يوللۇق نەسىھەتلىرىمۇ سىزنى تەسىرلەندۈرەلمەسمۇ؟ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ئاللىقاچان باش ئېگىپ توۋا قىلغان بولاتتىم.

چىمەنبانۇ ئاخىر سۆز قىلماقچى بولۇپ، ئادىتى بويىچە ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىپ مىيىقىدا سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ناھايىتى ياخشى، ئاھايىتى مەنىلىك گەپ بولدى. ئۇنداق بولسا سىز ئالدى بىلەن «باش ئېگىپ، توۋا قىلىش»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسىڭىز قانداق؟ بىراق، شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، سىزنىڭ قانداق «باش ئېگىپ»، قانداق «توۋا قىلىش»ىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مەن «باشمۇ ئېگەلمەيمەن»، «توۋا»مۇ قىلالمايمەن، — دېدى چىمەنبانۇ، ئاندىن سەل توختىۋېلىپ ئوغلى يۈسۈپكە قاراپ قويدى. بايا يۈسۈپنىڭ جەمشىدنى ئاقلاپ قىلغان سۆزى چىمەنبانۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يۈسۈپ زېرەك، ئېغىر - بېسىق، غەرەز ئۇقىدىغان بالا بولغاچقا، بۇرۇندىنلا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر مەنىۋى تىرىكى دەپ ھېسابلاپ كېلىۋاتقان چىمەنبانۇ شۇ كەمگىچە يۈسۈپنى سۆزدە چېقىپ باقمىغانىدى، ھەتتا ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردىمۇ، ئوغلىنىڭ سۆيۈملۈك، ئوماق چېھرىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق كېلىدىغان گەپنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايتتى. ھازىرقى ئەھۋالمۇ دەل شۇنداق بولدى.

— يۈسۈپ، جېنىم بالام، باياتىن قىلىۋاتقان گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن، مېنىڭ بالام كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا چوپچوڭ ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ، نەزەر دائىرىسى خېلىلا كېڭىيىپ قاپتۇ. گەپ قىلسا خۇددى ماقالە ئوقۇۋاتقاندەك ناھايىتى رەتلىك، مېغىزلىق، ئورۇنلۇق

سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. مەن گەپ قىلسام سىنىڭ گېپىڭنى ئۈزۈلۈپ قالارمىكىن دەپ، بىرھازاغىچە دىمىمنى چىقارماي جىم تۇرۇپ ئاڭلىدىم. گەپ ـ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئوغلۇمنىڭ لەۋلىرى ئارىسىدىن گەپ ئەمەس، بەلكى دەستە ـ دەستە خۇش پۇراق گۈل تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئېيتقىنا بالام، شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداقمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ خۇشال بولماي تۇرالايمەن؟

— چىمەن، سۆيۈملۈكۈم، سىز تازا شەخسىيەتچى ئىكەنسىز! ئۆزىڭىز يالغۇز، ئۇن ـ تىن چىقارمايلا ئادەمنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق گۈللەر ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرۈپسىز، ھەتتا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپسىز. سىزنى شۇنچە مەست قىلىپ ئۆزىڭىزنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنى قانداق خۇش پۇراق گۈلدۇ؟

— سىز بىلەن ئىككىمىز ئوخشاشلا بىر جايدا تۇرساق، — دېدى چىمەنبانۇ بىرنېمىنى ئويلانغاندەك قىلىپ، — مەن پۇرىيالىغان ھىدنى سىزمۇ پۇرىيالايسىز، بۇرنىڭىزغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان خۇش پۇراق ھىدنى پۇرىيالمىغان بولسىڭىز، زۇكامداپ قالغان ئوخشايسىز. گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ھەممە ياققا تارايدۇ، ئۇنى توسۇپمۇ توسقىلى بولمايدۇ، شۇڭا پۇراش سېزىمى بارلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇنى پۇرىيالايدۇ. ئەلۋەتتە، سىرتتىكى گۈللەر تېخىمۇ خۇش پۇراق بولۇپ، ئۇنى تازا قانغۇدەك پۇراپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولسىڭىز، ئۆيدىكى گۈل ھەرقانچە خۇش پۇراق بولغىنى بىلەنمۇ سىزگە پۇراقسىز تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەيرانمۇ قالمايسىز.

جەمشىد خوتۇنىنىڭ ئېيتقان بۇ گەپلىرىنىڭ تېگىدىكى گەپنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي قالدى. يۇسۇپ بولسا ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىدە يەنە قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەندى.

چىمەنبانۇ يۇسۇپكە قاراپ قويۇپ، ھېچكىمنىڭ گەپ

قىستۇرماي جىم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— يۇسۇپ، بۈگۈن قىلغان نۇرغۇن سۆزلىرىڭ سىنىڭ مۇلايىم، ئىتائەتچان، ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىڭنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۇردى. سەن ئەزەلدىن تارتىپلا سۆزۈڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ، ئىچىڭ بىلەن تېشىڭ بىردەك بالىسەن. سىنىڭ گەپلىرىڭ مېنى بەكمۇ ھۇزۇرلاندۇردى. شۇنداق بولمايچۇ، ئانا بولغان ئادەمنىڭ بالىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمۇ مانا شۇ ۋاپادارلىق ئەمەسمۇ؟

ئاپىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۇسۇپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاخىر ئاپىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئاپا، قەدىرلىك ئاپا، ئۇنداق بولسا نېمە بولغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېنىق ئېيتىپ بېرىڭ، مەندىن ئەمدى يوشۇرماڭ! سىز بۈگۈن ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە زادىلا ئوخشىمايسىز. كۆڭلىڭىزدە سىزنى ئازابلاۋاتقان بىرەر ئىش بولمىسا، چىرايىڭىزنى بايىقىدەك غەم - قايغۇ قاپلاپ كېتەرمىدى؟ — دېدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، بالام. راستىنى ئېيتسام، ھەممىنى قىلغان داداڭ. ئۇ كېلىپلا «ئاي تۇتۇلدى» دەمدۇ، «سۇكۇت»، «گاچىلار بايرىمى» دەمدۇ، «ئاي موماي» دەمدۇ ئىشقىلىپ ... ئاغزى تىنماي كوتۇلداۋەردى. شۇنداق تۇرسا مەن ئارامخۇدا ئولتۇرامدىم؟ — چىمەنبانۇ ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن يەنە بىر يېڭى باھانە تېپىپ، نىشاننى ئېرىگە قاراتتى ۋە جەمشىدكە لەپپىدە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن يەنە يۇسۇپكە گەپ قىلدى، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقىنى داداڭنىڭ شۇ ئاغزى. ئۇ قاچان جىم تۇرۇپ باققان؟ سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، قېنى!

چىمەنبانۇ ئۆرۈلۈپ ئېرىگە ئالىيىپ قويدى ۋە:

— قارىغا سىزنى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى باشقىچە قىلىپ قويۇپ غەم تارتماستىن ياخشىچاق بولۇپ ئولتۇرۇۋالدىڭىز. بولدى بەس، بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى. مەن ھازىر بىر ئىشنى سىزگە ئېيتاي دەيمەن، — دېدى.

جەمشىد خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇردى:

— قېنى مەرھەممەت، تاپشۇرۇقىڭىز بولسا بىر نېمىنىڭ ... كەمىنىڭىزنىڭ قۇلىقى سىزدە ...

ئېرىنىڭ بۇ خۇشامەتلىرى چىمەنبانۇغا ياقمىدى.

— يائاللا، سىزنىڭ بۇ ئاغزىڭىز بىر ئېچىلدىمۇ بولدى، باشقىلارغا سۆز قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمەيسىز. قېنى، يەنە قانداق تۈگىمىگەن سۆزلىرىڭىز بولسا تېزرەك سۆزلەپ تۈگىتىڭ، بىزگىمۇ ئازراق سۆزلىگۈدەكمۇ پۇرسەت چىقسۇن! — دېدى چىمەنبانۇ تېرىكىپ.

— مېنىڭ گېپىم تۈگىدى. پەقەت بىرلا گېپىم: مۇبارەك ئاغزىڭىزنى ئېچىۋەتسىڭىزلا ھەممىمىز سىزنى گەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ ئەمەس، بەلكى خۇش پۇراق چېچىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتۇق.

جەمشىد قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئېرىنىڭ بۇنداق شۆپۈك ئېغىزلىقىدىن چىمەنبانۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئاغرىنغان تەلەپپۇزدا دېدى:

— سىزنىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بولارمۇ؟ جىددىي ئىشىمىز چاقچاققا ئايلاندۇرىدىكەنسىز؟ مەن سىزگە بىر مۇھىم ئىشنى ئېيتىمەن دېگەنغۇ.

— بولىدۇ، جېنىم، بولىدۇ، تولا كايىپ كەتمەڭ. ئېيتىڭا، سىزنى شۇنچە بىئارام قىلغان زادى قانداق ئىش ئۇ؟

— بىزنىڭ ئەمدى بالىمىزنىڭ توي ئىشىنى ئويلىشىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى، — دېدى چىمەنبانۇ.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپ يۇسۇپنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ئۇ ھالغ ـ تاڭ بولغان ھالدا ئاپىسىغا قارىغىنىچە گەپىنىڭ داۋاملىشىشىنى ۋە ئايدىڭلىششىنى كۈتۈپ تۇردى. جەمشىدمۇ بۇنداق گەپنى زادى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ باياتىنقى ئەھۋالنى يادىغا ئېلىپ بىرەر ئىشنى كۆڭلى تۇيغاندەك بولدى ـ دە:

— ھە ... ھە توغرا، توغرا، ئوھۇي ... مۇشۇ ئىشمىدى ... مەن ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى.

— بۇ دېگەن چوڭ ئىش، چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ بىر تالىلا بالىمىز بار، سىز دائىم ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن تويىنى قىلىپ، ئۆز ئىگىلىكىڭىزگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىڭىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق ... — جەمشىد قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ دېدى، — بىراق بۇ ئادەتتىكى بىر ئىشقۇ، ھەممىمىزنى گاڭگىرىتىپ، خاپا قىلىشىنىڭ، باش ـ ئاخىرى يوق گۇمانغا سېلىپ قىيناشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ چىمەن، سۆيۈملۈكۈم، يۇسۇپ قايسى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا ئىككىسىنىڭ بېشىنى باغلاپ قويساقلا بولمامدىمۇ! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدىكى قىزلاردىن بولسىمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلا بولسا، بىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىمىزلا كۇپايىغۇ!

جەمشىد سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكىنىڭ ساداسىدىن پۈتكۈل تاماقخانا سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئەمما، چىمەنبانۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى، جەمشىدنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ماھىنۇرنى تاللىسىمۇ بولىدۇ دېگەندىن بېشارەت بەرگەندەك تۇيۇلدى. چىمەنبانۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ جەمشىدنىڭ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز تۈردە، ئۆزى ئەڭ ھەزەر ئەيلەيدىغان نەرسىدىن سۆز ئېچىپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقىنىدا، جەمشىد يۇسۇپكە قاراپ ئېغىز ئېچىپ بولغانىدى:

— شۈنداققۇ دەيمەن، يۈسۈپ؟ سەن قايسى قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان بولساڭ، بىزگە ئېيتساڭلا بولدى، بىز دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك توغرىلايمىز.

جەمشىد كۈتمىگەن يەردىن چىمەنبانۇنىڭ يوشۇرۇن دەردىنى قوزغاپ قويدى. چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت سورالغان سوئالدىن يۈسۈپنىڭ يۈزى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي «شۇنداق، دادا» دېدى. يەنە نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماي چەتتە قاراپ تۇرغان جابىر بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. جەمشىد بىلەن يۈسۈپ شۇ تاپتا گەپنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىدىن زادى خەۋەرسىز ئىدى، جابىر بولسا ئۇندىمەي تۇرغىنى بىلەن، ھەممىنى بەش قولدەك بىلىپ ئولتۇراتتى. جەمشىد يۈسۈپتىن ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، جابىر ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. جەمشىدنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ھەرىكەت قىلىشىنى چىمەنبانۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىغانلىقىنى جابىر بىلەتتى. مۇبادا ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بۇ غايىبانە شاھماتىنى داۋاملىق ئوينىشىغا قاراپ تۇرىۋەرسە، جابىرنىڭ دىلاۋەر بىلەن باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ چىققان سۇيىقەستى بەربات بولاتتى. ناۋادا يۈسۈپ جەمشىدنىڭ تەلىپى بويىچە ماھىنۇرنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا جەمشىدنىڭ رازىلىقىنى ئېلىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەگەر جەمشىد ماقۇل بولۇپ قالسا، چىمەنبانۇمۇ ئامالسىز قالاتتى. جابىر شۇنى ئېنىق بىلەتتىكى، جەمشىدنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن ئادەملەر ئىچىدە تېخى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك ئادەم چىققان ئەمەس، جەمشىد ئاغزىدىن چىققان گېپىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەيدىغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى زورلاپ تېڭىشىغا يول قويمايدىغان، ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ

ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلا ئەمەس، يەنە يۈقىرى ئابرۇيىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، بۇ جەمئىيەتتە ئۇ توسالغۇسىز يۈرەلەيتتى. قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى ۋۇجۇدقا چىقىراتتى. «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن بۇ سۆز جەمشىدنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ناھايىتى مۇۋاپىق ئىپادە قىلىپ بېرەلەيتتى. پۇل ۋە كۈچ جەھەتتە ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ ئالالىغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە بولغان مانا شۇنداق كاتتا باي ئالدىدا خەس ـ چۆپتەك ئەرزىمەس جابىر قانداق شىلتىڭ ئاتالىسۇن؟ شۇ تاپتا جابىر: «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، بۇ ئىشقا مەن ئاجىزلىق قىلىمەن، بىراق، شۇنى دەپلا بۇنىڭدىن قول ئۈزۈش كېرەكمۇ؟ قاراپ تۇرۇپ يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر ...» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىمۇ جابىرنىڭكىگە ئوخشاشلا پاراكەندە بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئېرىگە تاپا ـ تەنە قىلالىغىنى، ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى ئالايتالىغىنى بىلەن، ۋاقتى كەلگەندە بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە جەمشىدكە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى جابىرنىڭكىگە تامامەن ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، بىراق جەمشىدنىڭ يۇسۇپتىن ئوينىشقاندەكلا سورىغان سوئالى ئۇنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

بىرپەس جىددىيلىك ئىچىدە قالغان جابىر ئاخىر نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ تاپتى:

ـــ تاغا، ئائىلىمىزدىكى بۇ زور ئىش ئۈستىدە ئەرزىمەس بولسىمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلسام قانداق؟

جابىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئارقىدىنلا بېشىنى سىلىڭۋالدى.

جەمشىد جابىرنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان بىر ۋاقىتتا لوقما سېلىشىدىن كەيپى ئۇچۇپ:

— سۆز قىلساڭ ئەلۋەتتە بولىدۇ. بىز بۇ يەردە يەنە بىر دانىشمەن ئەپەندىنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق ئەمەسمۇ. نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى. بىر گەپ بار ئىدى، ھە، ئەمدى يادىمغا كەلدى. «پاقىنىڭمۇ تۇمۇقاپ قالىدىغان ۋاقتى بولىدۇ»[①] - دە! چىمەن، سىزچە قانداق؟ — دېدى.

تاغىسىنىڭ كەمدىن - كەم ئېيتىدىغان بۇنداق زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى جابىرنىڭ باياتىنقى غەيرىتىنى بىردەمدىلا سۇسلاشتۇرۇپ قويدى. يېرىم كۈندىن بۇيان ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن گەپلىرىنى تېخى ئاغزىدىن چىقارماي تۇرۇپلا يەنە ئىچىگە يۇتۇشقا توغرا كەلگەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىنى باشقىچىلا غەش قىلىۋەتتى.

جەمشىدنىڭ ئاللىقاچانلا جابىردىن كۆڭلى قالغانىدى. ئۇ جابىرنى يۇسۇپ بىلەن بىللە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپكە بېرىپ، ئوبدان تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ياراملىق ئادەم بولۇپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، جابىر ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلمەي، ھەر يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇ يالغان ئېيتىشقا، پو ئېتىشقا ئامراق ئىدى، خۇشامەت، ياغلىما تىلغا ئۇستا ئىدى. قىسقىسى، تاپتىن چىققانىدى. شۇڭا، جەمشىد خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بىكاردىن - بىكار پۇل سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى.

جابىر تاغىسىنىڭ پۇل دېسە پۇلى، كۈچ دېسە كۈچى بار، قۇدرىتى ھەممىگە يېتىدىغان، چېقىلىشقا بولمايدىغان كاتتا ئەرباب ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بولسا باشقىلار كۆزگە ئىلمايدىغان، خەقنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرىدىغان يېتىم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ: «تاغامنىڭ ‹پاقىنىڭمۇ تۇمۇقاپ قالىدىغان ۋاقتى بولىدۇ !› دېگەنىدەك

① بۇ ئوردۇ تەمسىلى بولۇپ، گەپ ياكى ئىش قىلغاندا ئۆزىنى چاغلىمايدىغان ئادەملەرنى مەسخىرە قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەر بىلەن دارىتمىلاشلىرىغا تاقەت قىلىپ تۇرىۋېرەمەنمۇ» دەپ ئويلىدى. باشتا ئۇ خورلۇققا چىداپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپلا قالغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئويلىغانسېرى قورسىقى كۆپتى، ئاخىرىدا قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ تۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— يۇسۇپنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا سىرتتا گەپ - سۆزلەر خېلى بار، مەن ئەسلىدە پايدىسى تېگىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلاپ ئاڭلىغان گەپلىرىمنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولغانىدىم، بىراق ...

— مەن سېنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىڭگە موھتاج ئەمەس ! — جەمشىدنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى.

— شۇنداق، مەن ھېچنېمىسى يوق بىر يېتىممەن. شۇڭا، ھازىر ئۆز تاغامنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالدىم !

«يېتىم» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جەمشىد ئۇنىڭغا قايتا گەپ قىلمىدى. ئەگەر باشقا بىرى ئۇنىڭغا شۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلغان بولسا، ئۇ ھەرگىز كەچۈرمىگەن بولاتتى.

جابىرنىڭ بىھايا سۆزلىرىنى مۇشۇ كەمگىچە قىلچە كۆڭلىگە ئالماي كەلگەن چىمەنبانۇ بۇگۈن تۇنجى قېتىم چىداپ تۇرالمىدى.

— قايسى ئىشتا، قايسى ۋاقىتتا سېنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قاراپتۇق؟ بىز ئەزەلدىن ساڭا يۇسۇپكە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق. قايسى ئىشتا، قايسى ۋاقىتتا يۇسۇپ بىلەن ئىككىڭلاردىن قايسىڭلارنى ئەتىۋارلاپ، قايسىڭلارنى خارلاپتۇق؟ — چىمەنبانۇ غەزەپ بىلەن ئارقا - ئارقىدىن سوئال قويدى.

— ئۇنداق قىلمىدىڭلار، يۇسۇپ نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يېدىم، ئۇ نەدە ئوقۇغان بولسا، مەنمۇ شۇ يەردە ئوقۇدۇم. تاغام ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەندەك يېتىمغىمۇ ئوخشاشلا

غەمخورلۇق قىلدى. بىراق، مەنمۇ سىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقىنىم يوق! — دېدى جابىر.

— مەن سېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇقالمىدىم، — دېدى چىمەنبانۇ، — بىز سېنى دارىلئېتامغا ئەكىرىپ قويدۇقمۇ ياكى خەير - ئېھسان مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردۇقمۇ، مەن سەندىن شۇنى سورىماقچى.

— مەن نېمە ئۈچۈن خەير - ئېھسانغا تايىنىپ ئوقۇيدىكەنمەن؟ دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان مىراس - بىساتلىرىنى مەن تېخى ئازراقمۇ ئىشلىتىپ بولالمىغاندىمەن؟ راستىنى ئېيتسام، ئوقۇشتا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى دەل مانا شۇ يەردە. مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەن، شۇڭا مەن ئائىلىدە ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قالدىم ... ئۇنداق بولمىغاندا، مەن ياخشى نومۇرنى قىلچە كۈچ سەرپ قىلماي سىتىۋېلىپ بولسىمۇ ئالالىغان بولاتتىم.

جابىرنىڭ بۇنچىلىك يولسىزلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن يۇسۇپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي، ئىختىيارسىز جابىرغا ئالىيىپ قويدى. تازا ئاچچىق ئۇستىدە تۇرغان جابىر ئۇنىڭ ئالىيىشلىرىغا پىسەنت قىلىسۇنمۇ، ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ تېرىسىگە پاتمايلا قالغانىدى. ئۇ بۇگۈن كانىيىغا تۇرۇپ قالغان ئۇستىخان چىقىپ كەتكەندەك ھۇزۇرلىنىپ، ئۇزاقتىن بۇيان يۈرىكىنى مۇجۇپ كەلگەن دەرد - ئەلىمىنى چىقىرىۋېلىشقا پۇرسەت تاپقانىدى.

چىمەنبانۇمۇ غەزىپىنى زادىلا باسالماي قالغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ كاللىسىدىن: «بۇگۈن بۇ ھارامزادىنىڭ كەيپى بۆلەكچىلا تۇرىدۇ. توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ يۈرمىسۇن يەنە!» دېگەن بىر پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى.

جەمشىد جابىرغا پەرۋا قىلماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ بارغانسېرى تاپتىن چىقىپ، گەپنىڭ سەتىنى قىلىشقا باشلىغىنىنى كۆرۈپ، چىدىيالماي قالدى. غەزەپتىن

چىرايى تاتىرىپ، تىترەپ كەتتى. ئۇ جابىرنىڭ ئەدىپىنى بىرىپ قويۇشقا تەمشىلىۋېتىپ، بىردىنلا، بۇنداق قىلسا مۇۋاپىق بولمايدىغىنىنى سەزدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ھەممىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاخىر ۋۇجۇدىنى قاپلىغان غەزەپ ئوتىنى زورىغا بېسىپ، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇۋەردى.

جابىرنىڭ بۇنداق مۇتتەھەملىك قىلىشىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەپ تارتماي مىراس تەلەپ قىلىشىنى جەمشىد زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. ھەتتا: «ھايات ۋاقتىمدا بارلىق مۈلكۈمنىڭ ھەممىسىنى ئېدىتلاپ رويخەت تۇزۇپ، مەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەڭگى ـ جېدەل قىلىشماسلىقى ئۈچۈن كىمنىڭ نېمىگە مىراسخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى دەپ قويمىسام بولمىغۇدەك» دەپمۇ ئويلىدى. باياتىن جابىرنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ جېدەل قىلماقچى بولغانلىقى بىلىنىپ قالغانىدى. «بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ تېخى !»

ئۆيئىچىدە يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

ئۇلار شىرەدىن تۇرۇپ كېتىشتى. پېتىر قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ كېلىپ، ئۇستەل ئۇستىدىكى تاماقلارنىڭ سوۋۇپ، شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

پېتىرنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن جەمشىد دەررۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك:

— ھە پېتىر، داستىخاننى يىغىۋەتكىن، — دېدى.

# يەتتىنچى باب

كەچكى غىزا ۋاقتى ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئۆتتى. جابىردىن باشقىلارنى ھېچنېمە يېمىدى دېسىمۇ بولاتتى. ئۇلار ئاچچىق يۇتۇپ قورساق كۆپۈكى بىلەن تويۇشتى. جابىر مەيلى باشقىلار خاپا بولغان ياكى ئۆزى خاپىلىق تارتقان چاغلاردا بولسۇن، ھەرگىز قورسىقىنى ئۇنتتۇرۇۋەتمەيتتى. ئۇ ۋىجدان، ئار ـ نومۇس دېگەنلەرنى بىلمىگەچكە، ھەرقانچە دەرد تارتسىمۇ پىسەنت قىلماي، قورسىقى يېرىلغۇچە يەپ ـ ئىچىپ، بەخۇدۇك ئۇخلاۋېرەتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى.

ئۇلار تاماقخانىدىن چىقىپ ئادىتى بويىچە مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. جابىرمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. ئۇمۇ بۇ يەرگە مەلۇم غەرەز بىلەن كىرگەنىدى. ئۇ: «يۇسۇپنىڭ توي ئىشىدىن تېخى بىر خۇلاسە چىقمىدى، ئۇلار بۇ ھەقتە داۋاملىق مەسلىھەتلىشىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى مەندىن يوشۇرۇنچە بېكىتىۋېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك، ئەگەر مەن ھازىرلا يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئېشىغا توپا سالمايدىغان بولسام، كېيىن قانداق قىلىمەن؟» دەپ ئويلايتتى.

داستىخان ئۈستىدە جابىرنىڭ كاساپىتى بىلەن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىز كەيپىيات ئەمدى بۇ يەردىمۇ داۋام قىلىۋاتاتتى. جىيەنىنىڭ قىلغانلىرى جەمشىدنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپنىڭ توي ئىشى ھەققىدىكى خىيالىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا كۆڭلىدە: «ئوغلۇمنىڭ توي ئىشىنى

مەسلىھەتلىشىش چوڭ ھەم خۇشاللىق ئىش. بۇ ئىشنى ھەممەيلەن خاپا ئولتۇرۇپ سۆزلەشسەك بولماس. ئۇنداق قىلساق بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ» دەپ ئويلايتتى.

جەمشىد كۆلۈپ تۇرۇپ، كۆپچىلىككە تەسەللى بەرگەن تەلەپپۇزدا سۆز قىلدى:

— باشقا گەپنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇ ھەقتە باشقا كۈنى سۆزلىشەرمىز. يۇسۇپنىڭ توي ئىشى ئائىلىمىزدىكى خۇشاللىق ئىش. ئۆيىمىزگە قاچان يېڭى ئادەم قوشۇلاركىن دەپ تەلمۈرگىلى نەۋاخ ...

ھېچكىم بۇنىڭغا جاۋابەن ئېغىز ئاچمىدى. جەمشىدنىڭ چىرايىدىكى خۇشخۇي كۈلكە ۋە ئۇنىڭ سالماق، مۇلايىم سۆزلىرى مېھمانخانىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىياتنى بىردىنلا يېنىكلەشتۇرۇۋەتكەندەك بولدى.

يۇسۇپ ئاپىسى ئېيتقان سۆزنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئۇقالماي ئولتۇراتتى. بايا دادىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت سورىغان سوئالى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچ نەرسە كىرىپ چىقمىغان، ھەتتا توي قىلىش دېگەن پىكىرنىڭ زەررىچىلىك ئۇچقۇنىمۇ يوق ئىدى. ھازىر ئۇ ئۇشتۇمتۇت: «قارىغاندا، ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈككەن ئاشۇ ئىش رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىش ئەمەسمۇ!» دەپ ئويلىدى ـ دە، بىردىنلا خۇشال بولۇپ، قىن ـ قىنىغا سىغماي كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببىتىنى تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئىزھار قىلمىغانىدى، ئەمما پاك ۋە قىزغىن مۇھەببەت ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش تەلەپ قىلىنىغانىكەن، ئۇ پەقەت ماھىنۇرنىڭلا ئىسمىنى ئېيتالايتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «دادامنىڭ بۇ ئىشنى شەخسەن ئۆزى سورۇشتە قىلغىنى بەك

ياخشى بولدى. ئاپام مەن كىمنى تاللىسام، ھەرگىز تـوسقۇنلـۇق قىلمايدۇ، ئۇ قوشـۇلـمىغـان ھـالەتتىـمۇ يەنـە دادام بـار ـ دە! دادامنىـڭ پىكرى مـۇقەددەس، ئاپام ئـۇنىڭغا ئىتائەت قىلـىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستـىگە ئۇلار بـۇنىڭدىن ئىلگـىرى مېنىـڭ ھەرقانـداق تەلىپىمنى زادىلا رەت قىلىپ باققان ئەمەس» دەپ ئويلىدى.

يۈسۈپ تاتلىق خىياللارغا غەرق بولۇپ، پۈتۈنلـەي مەستخـۇش بولغانىدى.

جەمشىـد ئـۇشتۇمـتـۇت سۆز قىلـىپ، يۈسـۈپنى شـېرىـن خىياللاردىن ئويغاتتى:

— بالام، سەن ھازىرغىچە ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزنى ئېيتمىدىڭ، مېنىڭ سەندىن بـۇنى سورىغىنىمـغا ئۇزاق بولـدى. كۆڭلۈڭدە زادى بىرى بارمۇ؟

يـۈسـۈپ بـۇ پۇرسـەتـنـى قولـدىـن بـېرىـپ قـويـمـاسلـىق كېرەكلىكىـنى بىلـەتتى. ئـەمـما، بىـرنېمە دېيـىشـتىـن قىسىلىۋاتاتتى، ئاغزىنى ئېچىشقا نەچچە قېتىم تەمشەلدى ـ يـۇ، يەنە يۇمۇۋالدى. جەمشىد ئوغلىنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كـۆرۈپ يەنە ۋايسىغىلى تۇردى:

— بالام، مەن سېنى غەرەز ئۇقىدىغان، گەپ ئاڭلايدىغان بـالا دەپ قارايمـەن. ئـاپاڭ ئىـككىمىـز قايـسىـلا بىـر ئـائىلـىـنى قۇدىلىششقا تاللىساق، سەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرمايسەن. بىـراق، بىزنىڭ ئائىلىمىز مەدەنىيەتلىك ئـائىلە، بىز بىرىنچىدىن ئىنگلىزلارغا ئوخشاش «بالىنىڭ ئىشى بىلەن كارىمىز يوق» دەپ قاراپ تۇرمايمىز، ئىككىنچىدىن نۇرغۇن ئاددەملەرنىڭ ھازىرغىچە قىلىۋاتقىنىنى دوراپ ھەممىگە چاتمۇ كىرىۋالمايمىز. ئەگەر سەن ھازىرغىچە بىرەرنى ياخشى كۆرمىگەن ياكى بىرەرىگە كۆزۈڭ چۈشمىگەن بولسا، بىز ساڭا تاللاپ بەرسەكمۇ بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭنى ئېلىپ، ئاندىن بېكىتىدىغان گەپ.

ئۇ سەل توختىغاندەك بولۇپ، يۈسۈپنىڭ جاۋاب بېرىشىنى

كۆتمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھوجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
جەمشىد كىرگۈچە مېھمانخانىدا يەنىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
ئۇ بىر قولىدا يۆلەك ئەدىيال، يەنە بىر قولىدا يېپىنچىنى ئاچىقتى.
— ھاۋا نېمانچە سوغۇقتۇ، پۇت - قوللار مۇزلاپ قېتىپلا قالدىغۇ! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەدىيالغا ئورنىنىۋالدى، ئاندىن ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك ئىزاھات بەرگەچكە — مۇبارەك بەدىنىڭىزگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالماڭ يەنە، — دەپ يېپىنچىنى چىمەنبانۇغا ئارتىپ قويدى.
چىمەنبانۇ ئېرىنىڭ چاقچىقىغا پىسەنت قىلمىدى، مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالغان يېپىنچىنى تۈزەپ قويۇپ «رەھمەت!» دەپلا قويدى. باشقىلاردىنمۇ جەمشىدنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرگۈچىلەر چىقمىدى. يۇسۇپ دادىسىنىڭ بايىقى گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىنتىزار ئىدى.
— دادا، ئەدىيالنى يېپىنىۋالمىسىڭىز ئەلۋەتتە سوغۇق... ئادەم جىم ئولتۇرسا توڭلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۇرۇن بىز بىلەن مۇنداق ئۇزاق ئولتۇرۇپ باقمىغان! — دېدى يۇسۇپ.
— ئېھتىمال شۇنداقتۇر، يا ماڭا قېرىلىق يەتكەنلىكىدۇ، ئادەم قېرىسا توڭغاق بولۇپ قالىدىكەن، — جەمشىد سۆزلەۋېتىپ، بىردىنلا بىر نېمىنى ئويلىغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. ئاندىن، — مەن قېرىپ قالغىنىمدىن ئازراقمۇ ھەسرەتلەنمەيمەن. قاراڭلار، مېنىڭ ئىزباسارىم نېمىدېگەن ياش ۋە قابىل! — دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان تەبەسسۇم پەيدا بولدى. يۇسۇپ دەرھال قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىپ:
— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، دادا! سىزنىڭ قولىڭىزغا قول، پۇتىڭىزغا پۇت بولۇش مەن ئۈچۈن پەخىرلىنەرلىك ئىش، — دېدى.

جەمشىدنىڭ نەزەرى يەنە يۈسۈپنىڭ چىرايلىق يۈزىگە چۈشتى. يۈسۈپنىڭ قورسىقىمۇ ئاچ ئىدى، بىراق ئۇ دادىسى باشلىغان گەپ ئۈستىدە ئويلىنىپ: «دادام ھېلىقى ئىشنى يەنە قاچان ئېغىزغا ئالاركىن» دەپ كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

يۈسۈپنىڭ ئويلاۋاتقىنىنى بىلگەندەكلا، جەمشىدمۇ ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— يۈسۈپ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ بايا مېنىڭ دېگەن گېپىم گەپ، توي ئىشىنى سېنىڭ خاھىشىڭغا قاراپ بەلگىلەيمىز.

يۈسۈپ بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى. جەمشىد بۇنىڭغا دىققەت قىلمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا ئۆزۈڭ قانداق ئويلىغان بولساڭ بىزگە ئېنىق ئېيتقىن، — ئۇ يۈسۈپكە قاراپ قويدى، — نېمىشقا قىز بالىدەك بېشىڭنى ساڭگىلىتىۋېلىپ گەپ قىلمايسەن؟

جەمشىدنىڭ قەتئىي تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ جابىرنىڭ كاللىسى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىشقا باشلىدى. ئۇ بارلىق ئۈمىدلىرىنىڭ كۆپۈكتەك غايىب بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزدى. ھەشەمەتلىك بۇ كاتتا مېھمانخانا ئۇنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى دەپنە قىلىنىۋېتىش ئالدىدا تۇرغان گۆردەك بىلىندى. چىمەنبانۇمۇ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ئېرىنىڭ سۆزىنى ئويلاۋاتاتتى، ئويلىغانسېرى ئۇنى شۇنچە قورقۇنچ باساتتى.

ئۇ: «ياپىرىم، جەمشىد قىستاۋەرسە، يۈسۈپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ھېلىقى تېگى پەس قانجۇقنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ سالارمۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ يۈرەك - باغرىم خۇن بولمامدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرسە، يەنە بىر تۇرۇپ: «جابىر بىلەن دىلاۋەرنىڭ ئېيتقانلىرى تۆھمەت بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ بۇنداق ئېھتىماللىقمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ يۈسۈپۈم ھەرگىز ئۇنداق پەسنىڭ قىزىنى كۆز قىرىغا ئالمايدۇ،

ئۇنىڭ يۇسۇپ بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ قىز تەرەپنىڭ شېرىن چۈشى، يۇسۇپ ھەتتا بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا مەن بىھۇدە ئەنسىرىگەن بولمامدىمەن؟» دەپمۇ ئويلايتتى.

چىمەنبانۇنىڭ بۇنداق ئويلىشى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭچە ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ يۇسۇپتە بۇ جەھەتتە ھېچقانداق گۇمانلىق ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى زادىلا بايقىمىغانىدى. شۇڭا، بۇگۈن جابىر بىلەن دىلاۋەر ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلەر ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، ئوغلىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا قارىتا تۇنجى قېتىم گۇمان پەيدا قىلغانىدى. بىراق، ھازىر ئۇ بۇ خىل ئەنسىرەشتىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى.

جەمشىدنىڭ پوزىتسىيەسى ئۈچ كىشىنىڭ ھەممىسىدىلا كۆچلۈك ئىنكاس، يەنە كېلىپ بىر ـ بىرىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئىنكاس قوزغىغانىدى.

جەمشىد يۇسۇپكە يەنە بىر قېتىم ئۈمىد نەزەرى بىلەن تىكىلدى. بۇ مېھرىبانلىق، رىغبەتلەندۇرۇش ۋە ئالدىرىتىش مەنىسىدىكى قاراش ئىدى، يۇسۇپ ئەدەپ بىلەن ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ سۆزلىمەكچى بولغانىدەك قىلدى. بىراق، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى، ئاخىر ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— قەدىرلىك دادا! — بىردىنلا ئۇنىڭ تىللىرى قېتىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، جەمشىد شۇئان ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ:

— سۆزلەۋەر، سۆزلەۋەر، بالام. ئىككىلەنمە، قانداق ئويلىغان بولساڭ شۇنى دە. ئاپاڭ ئىككىمىز سېنىڭ خۇش خەۋىرىڭنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز. قېنى سۆزلە.

دادىسىنىڭ رىغبەتلەندۇرۇشى بىلەن ئۇ ئاخىر يۈرىكىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان سىرنى ئاشكارىلىدى:

— دادا، سىزچە ماھىنۇر قانداق؟

جەمشىد بېشىنى لىگشتىپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۆلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى شۇنچە تەبىئىي بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ قوشۇلىدىغانلىقى ۋە رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى.

جابىر بارلىق ئۇمىدلىرىنىڭ بەرباد بولغانلىقىنى، ئەمدى يەنە بىرنېمە دېيىشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە يۈرىكىگە ئۆتكۈر خەنجەر سانجىلغاندەك ئازابلاندى. ئۇ گويا: «قانداق، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز. قېنى، قانداق كارامىتىڭىز بولسا ئەمدى كۆرسىتىڭ» دېگەندەك قىلىپ چىمەنبانۇغا قاراپ قويدى.

چىمەنبانۇ ناھايىتى سالماق ئولتۇراتتى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھەيرانلىق، بىئاراملىق ۋە چۈچۈش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە سەرگۈزەشتى ئۇنىڭغا مانا شۇنداق قابىلىيەت ئاتا قىلغان. ئۇ كۈچەپ قارشى تۇرغان ھەرقانداق ئىش، ئۇنىڭغا زورلاپ تېڭىلغان ھەرقانداق ئارزۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدىغان رېئاللىققا ئايلانغان چاغدىمۇ، ئۇ بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دېگەن گەپنى ھەرگىز قىلمايتتى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە «قېنى، كېيىنچە كۆرۈپ باقارمىز» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى.

دادىسىنىڭ باش لىگشتىپ كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يۈسۈپ يەنە بىر قېتىم شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى، چىمەنبانۇ بىلەن جابىرنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەرگە دىققەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ، دادام باش لىگشتىسىلا ئىش پۈتىدۇ، باشقا ئىشلاردىن غەم قىلمىساممۇ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇ ئەمەسمۇ، ئۆيىنىڭ چوڭى قوشۇلغان يەردە، يەنە كىممۇ نارازىلىق بىلدۈرەلىسۇن؟

— گېپىڭ جايىدا ... يۈسۈپ. ماھىنۇر بىلەن توي قىلساڭ مۇۋاپىق بولغۇدەك. ئۇ كىچىكىدىن بىزنىڭ ئۆيدە چوڭ بولدى، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئادەم ئىدى، بەختكە قارشى ئۇنى

تاشلاپ كېتىپ قالدى ... ھەي ... دوستۇم دانىيال، سەن ھەرگىز ... — جەمشىدنىڭ كۆڭلى سەل بوزۇلدى ۋە ئۇشتۇمتۇت كۆتۈلمىگەن بىر ئىش يادىغا چۈشكەندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

جەمشىدنىڭ يادىغا دانىيال كەلگەن بولسا، جەمشىد ئۇنىڭ غەزەپ - نەپرەت چاقنىغان كۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتتىمىكىن ياكى خىياللىرى ئۇنى ئەينى يىللاردىكى خىلۋەت، خاتىرجەم سەھرا مەنزىرىسى ئىچىگە باشلاپ كەتتىمىكىن؟

جەمشىد بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ئەنە شۇ مىنۇتتا چىمەنبانۇنىڭ نەزىرى جەمشىدنىڭ ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بېشىغا چۈشتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى كىشىگە كۆيۈۋاتقان ئوتنى، پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر خەنجەرنى ئەسلىتەتتى. بۇ قاراش شۇنچە قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بولسىمۇ، ناھايىتى قىسقا داۋام قىلدى. خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىمەنبانۇ نەزىرىنى يۆتكەشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇنى كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇپ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىككى كۆزى گويا يالقۇنى توسۇلۇپ قېلىپ نۇرى خىرەلەشكەن شام چىراغقا ئوخشاپ قالغانىدى.

چىمەنبانۇ بىلەن ئېرى جەمشىد جىمجىت ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىسىمۇ، ھەر ئىككىسىگە بەش قولدەك ئېنىق ئىدى.

يۈسۈپنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دادىسىنىڭ گويا ئۇنىڭغا چۈشىدە ئاڭلىغاندەك ئاڭلانغان: «ماھىنۇر بىلەن توي قىلساڭ مۇۋاپىق بولغۇدەك» دېگەن سۆزى تېخىچە ياڭراپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ قوشۇلغانلىقى يۈسۈپتىكى قورقۇنچنى بىردىنلا غايىب قىلدى. ئۇ ئەسلىدە ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببىتىنى دادىسىغا تولۇق سۆزلەپ بەرمەكچىدى، بىراق ئەقىل - ئىدراك ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇ: «مەن قانچە خۇشال بولۇپ كېتەي، ئەدەپ - ئەخلاقتىن چەتلەيدىغان ھەرقانداق تەنتەكلىكتىن ساقلىنىشىم لازىم» دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن گەپ باشلىدى:

— دادا، ماھىنۇر ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە چوڭ بولىدۇق، مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇدۇق. بىر ـ بىرىمىزنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلىمىز. شۇڭا، ئىككىمىز ئاسان ئەپلىشىپ كېتەلەيمىز.

جەمشىد تېخىچىلا خىيالغا پېتىپ، ئولتۇراتتى. يۇسۇپنىڭ گېپى ئۇنى يېڭىباشتىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. بىراق، ئۇ يەنىلا بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئالمان ـ تالمانلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بالام، سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا!

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ ئارقىدىن چىمەنبانۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغاندەك، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قارىدى. چىمەنبانۇ بولسا پەرۋاسىز ھالەتتە، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي، گويا تىلسىز ئادەمدەك ئولتۇراتتى.

جەمشىدنىڭ مەدەت تىلىگەن نەزىرى چىمەنبانۇنىڭ مۇزدەك تەلەتىدىن دەككە يېدى. شۇڭا ئۇ، مەن ئۇنىڭدىن پىكىر ئالماي ئۇنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن توپتوغرىلا سورىدى:

— چىمەن، قەدىرلىكىم، سىزنىڭچە يۇسۇپنىڭ پىكرى قانداق؟

— بولىدۇ، جەمشىد، — دەپ جاۋاب بەردى چىمەنبانۇ.

ئاپىسىنىڭمۇ ماقۇل بولغىنىنى ئاڭلاپ، يۇسۇپ ئەمدى ئىش پۈتتى، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش كۈتمىگەن يەردىن ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغاندەك بىلىندى. شۇڭا، ئۇ قىن ـ قىنىغا پاتماي، ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتمەكچى بولدى:

— دادا، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە تاراق ـ تۇرۇق قىلىشىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىر ئائىلىدە ئۇلار خۇددى بىر ھارۋىنىڭ ئىككى چاقىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىر ـ بىرىگە ماسلاشمىسا، ھايات يولىدا ئۇچرايدىغان ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە ئېگىز ـ پەسلىكلەرنى

يېڭىش تەس بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئوخشىمىسا دەسلەپتە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا كېلىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال تەرەققىي قىلىۋەرسە، ئاخىرىغا بېرىپ، زادىلا ساقلانغىلى بولمايدىغان پاجىئە كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، بۇرۇنقى بارلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، بارلىق مۇقەددەس ۋەدىلەر پۈتۈنلەي بىكار بولىدۇ.

جەمشىد ئوغلىنىڭ ئاجايىپ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سۆيۈندى. چۈنكى، يۈسۈپ گەپ ـ سۆزدە بەكمۇ ئېھتىياتچان ئىدى، بىرەر ئىشلارغا ئالدىراپ باھا بەرمەيتتى. جەمشىد بۈگۈن ئوغلىنىڭ بۇنداق زوق بىلەن سۆزلەپ كەتكىنىنى، يەنە كېلىپ شۇنچە مەنىلىك، ئورۇنلۇق سۆزلىگىنىنى كۆرۈپ، يۈسۈپنىڭ ئۆزىنىڭ كۈتكىنىدەك بالا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. يۈسۈپنىڭ سۆزلىرى خۇددى كائىناتقا ھاياتلىق بېغىشلايدىغان ئىللىق باھار شامىلىدەك، ئۇنىڭ بەك بالدۇر قورۇق چۈشكەن يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ھۇزۇرلاندۇردى ۋە ئېچىلدۇرۇۋەتتى. جەمشىد شۇ ھامان قايسىبىر شائىرنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرىنى يادىغا ئالدى:

ساپ ھاۋادۇر بۇ دۇنيادا ئېسىل بايلىق،
راھەت ماڭا دىلىمدىكى رازىمەنلىك.

دادىسىنىڭ شاد چىرايىنى كۆرگەن يۈسۈپ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ يەنە شۇنداق دېدى:

— قەدىرلىك دادا، مېنىڭچە، بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا پەيدا بولغان «مۇھەببەت»نىڭ ھېچقانداق قەدرى بولمايدۇ، ماھىنۇر ئىككىمىز بالىلىقىمىزدىن تارتىپ ياشلىق دەۋرىمىزگىچە بىللە تەربىيەلەندۇق، بىر ـ بىرىمىزنى چۈشەندۇق، بۇنى ئۇنداق «مۇھەببەت» بىلەن ھەرگىزمۇ

سىلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

— بالام، سىنىڭ كۆزۈڭ ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەن. مەن سىنىڭ بۇ قارىشىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن. سىزچۇ چىمەن؟

— مىنىڭ ھېچقانداق قارشى پىكرىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى چىمەنبانۇ.

يۇسۇپ ئۇزاقتىن بۇيان ماھىنۇرغا ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئۇ خىيالىدىكى بۇ ئىشنىڭ بىردەمدىلا رېئاللىققا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى.

— دادا، بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالىدىغان «مۇھەببەت»نىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىرىنى كۆرمىدىم، — دېدى يۇسۇپ يەنە، — ئۇنداق مۇھەببەت تامامەن ساختىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئېچىپ ئېيتقاندا، ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭدا ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىگە ساداقىتىنى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالىنى كۆرسەتمەي، بەلكى قارشى تەرەپ ياخشى كۆرىدىغان نۇقسانسىز نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئىنتايىن يامان نەرسە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ تەرەپنى كىشىگە ئېيتقىلى بولمىغاچقا، نۇقسانى بار تەرەپ نۇقسانىنى ناھايىتى پۇختا نىقابلايدۇ. ئالدامچىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ھامان، دەرھال توي قىلىدۇ. توي قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار سوتقا بېرىپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە يۈزىنىڭ كېتىشىدىن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭ ـ كىچىك يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ سېسىق نامى جاھانغا پۇر كېتىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتىشتىن باشقا، بىر تىيىنلىق پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

يۇسۇپنىڭ مۇنداق ئالدامچىلىقلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرى جەمشىدنى ئانچە خۇشال قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ

ئوغلىنىڭ پىكىر قىلىش جەھەتتە پىشىپ ـ يېتىلگەنلىكىنى بىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېنىق، مارجاندەك تىزىپ قويغان داۋلىلىرى، ئاجايىپ رىتىملىق بايانى، بىر ـ بىرىگە ھىملىشىپ كېلىۋاتقان تەھلىللىرىگە ھەيران بولدى. ئۇ يۇسۇپنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيگەندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، ھەقىقەتەن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزدەك ئادەم بوپسەن. پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە باي، مەنتىقىلىك پىكىرلىرىڭ بىلەن بەئەينى يىراقنى كۆرىدىغان دانىشمەنىنىڭ ئۆزى بوپسەن. سەن ھەتتا مېنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتىڭ. ياخشى، ناھايىتى ياخشى، چىمەنىم، قارىغا، بىزنىڭ ئوغلىمىز ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم بوپتۇ! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

چىمەنبانۇ بايىقىدەك سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، دادىسىنىڭ بالىسى ـ دە!

جەمشىد تېخىمۇ جاراڭلىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇ چىمەنبانۇنىڭ يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى:

— قەدىرلىكىم، تەنە قىلماڭ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇنىڭغا ئاتا بولغۇچى مەن تولىمۇ ئاددىي ئادەممەن! — دېدى. ئارقىدىن يۇسۇپكە بۇرۇلدى، — بالام، سېنىڭ بىلىمىڭ ۋە تۇرمۇشنى چۈشىنىشىڭدە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بوپتۇ. مەن بەكمۇ رازى بولدۇم. راست، سەن ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىدىڭ، باشقىلارغا ئوخشاش مېنىڭ ئەجرىمنى زايا قىلمىدىڭ، ياشلىقىڭنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىنى قېتىرقىنىپ بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىدىڭ. يىللار ئالدىدا، ئاتا ـ ئاناڭ ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق بولدى. بىلىم ئىنسانىيەت ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق. پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشەلەيسەن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ھالىڭ خاراب.

جەمشىد جىيەنىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئاللىقاچان ئۈمىد ئۈزۈپ، نېمە قىلساڭ قىلمامسەن دەپ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭدىنمۇ

يۇسۇپكە ئوخشاشلا ئۈمىد كۆتكەن ۋە پۇلنى ئايىماي خەجلىگەندى. ئەمما، ئاقىۋەتتە بىرى ئاسماندا، بىرى يەردە بولۇپ چىقتى. جەمشىد بۇنى ئويلىسىلا بىئارام بولاتتى. شۇڭا، يۇسۇپنىڭ ئۆگىنىشى ھەققىدە سۆز بولغاندا جابىرغىمۇ ئانچە - مۇنچە تەگكۈزۈپ قوياتتى.

تاغىسىنىڭ يۇسۇپنى ماختاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دارىتمىلاش يولى بىلەن ئۆزىنى كەمسىتكەنلىكىنى ئاڭلىغان جابىر ئۇنىڭغا سوغۇققىنا بىر قاراپ قويدى. ئۇ تاغىسىنىڭمۇ دەل شۇ چاغدا ئۆزىگە قارايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدى، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىن بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆكتەملىك ھالىتى جەمشىدنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:

— قورسىقىدا ئۈمىچىنىڭ تايىنى يوق تەييارتاپ ھۆرۈنلار بىلىمنىمۇ بىر خىل تاۋار، پۇل بولسىلا ئۇنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ، بىلىم، مەرتىۋە، ئىنسانىي غۇرۇرنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ پۇتۇنلەي خام خىيال، ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىلىمنى پۇلغا سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت جاپالىق ئەمگەك قىلىپ تەر ئاقتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

جەمشىدنىڭ چىرايىدا بايىقى ھاياجانلىق كەيپىيات ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۈمىدسىزلىك، ئەپسۇسلىنىش ۋە پەرىشانلىق ئىگىلىدى. ئۇ گويا جەمشىد جەمەتىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتىغا كۆلەڭگە چۈشۈرىدىغان يەنە بىر قارا بۇلۇت كۆپەيگەندەك ھېس قىلدى. مانا بۇ، جابىرنىڭ خۇنۇك كەلگۈسى ئىدى. ئۇ جىيەنى چۈشكۈنلەشكەندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خىرە - شىرە كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتى. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ چىرايىنى غەم - قايغۇ تۇمانلىرى قاپلاپ بېشى تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى.

شادلىق ئىچىدە مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرغان يۈسۈپ دادىسى بىلەن جابىر ئوتتۇرىسىدا قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن سوغۇق نەزەر جېڭىنى قىلچە سەزمىدى، شۇڭا ئۇ:

— مېنىڭدىكى ھەممە نەرسە سىزنىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىڭىزنىڭ، مېنى قېتىرقىنىپ تەربىيەلىگەنلىكىڭىزنىڭ نەتىجىسى. بولمىسا مەن ھېچنېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتىم. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى مەرتىۋىلىك ئادەملەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ يېرىم ئىنگلىز ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەنمەيدىغىنى يوق، سىز مانا شۇ يېرىم ئىنگلىزلىكىڭىز بىلەن ھەممىگە تونۇلدىڭىز ...

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆزىچىلا مۇنداق گەپنى قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ يەنە نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن، گېپىنى بۆلمەستىن داۋاملىق ئاڭلاپ تۇردى.

— ئەمما، سىز مەن ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ مىزانىغا خىلاپلىق قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىدە ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ ئۇسۇلىنى دورىمىدىڭىز. ئۇ يەردە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بالدۇرلا ئۆزىدىن نېرى قىلىۋېتىدىكەن، سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىتمۇ سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلاتتى. بىراق، سىز مېنى ئاسراپ ئۇنداق قىلمىدىڭىز. بۇ سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنىڭ غۇلغۇلىسى ۋە مەسخىرىسىنى قوزغاش ئېھتىمالى بولغان ئىش ئىدى. سىز مېنى دەپ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلمىدىڭىز. ئەگەر سىز ماڭا غەرب مەدەنىيىتىدىكى تەلەپلەر بويىچە مۇئامىلە قىلغان بولسىڭىز، مېنىڭ قانداقمۇ بۈگۈنۈم بولسۇن؟ ...

چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىد يەنە بىر قېتىم چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئوغلىمىز بىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى بىلىپ قالدىمۇ، نېمە، دېگەن ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇلار

دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئەنسىرەپ تۇرۇشقاندا، يۈسۈپ يەنە مۇنداق دېدى:

ـــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، دادام بولمىغان بولسا، مەن بۇنداق بىلىملەرنى ئۆگىنەلمىگەن بولاتتىم. ئادەم ئۆز ئەجدادىنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ. مەن جەزمەن ھەسسىلەپ تىرىشىمەن. سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەيمەن.

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ يېنىك نەپەس ئېلىشتى. جەمشىد جابىرغا قاراپ قويۇپ سۆز باشلىدى:

ـــ جابىرغا ئوخشاش بۇنداق پەرزەنتلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۈزىنى قانداقمۇ يورۇق قىلالىسۇن؟

يۈسۈپ دادىسىنىڭ گېپىنىڭ جابىرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئىتتىك گەپ ئارىلاپ كەتتى:

ـــ جابىر سىزنىڭ بىز بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتىڭىزنىڭ ئازلىقىنى ئويلاپ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، دادا، بىز ھەممىمىز سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، ئەگەر سىزنىڭ مانا شۇنداق يۈكسەك بىلىمىڭىز ۋە پىكىرلىرىڭىز بولمىغان بولسا، مەن ...

جەمشىد يۈسۈپنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ـــ بولدى، بولدى، گەپنى ئازراق ئېلىپمۇ قويغىن. دادا ھەققىدىكى مەدھىيەڭ بەك كۆپ، بەك يۇقىرى بولۇپ كەتتى، بەزى گەپلىرىڭگە ھەتتا ئۆزۈممۇ چىدىيالمىدىم، ئاپاڭمۇ چىدىيالماي قالغاندۇ، سەن مېنى شۇنچە ماختاپ كۆككە كۆتۈردۈڭ، ئۇنى بولسا ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمىدىڭ ...

چىمەنبانۇ تىنچ ئولتۇراتتى. ئۇ جەمشىدنىڭ ئوغلىدىن ئادىللىراق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان تىرىشچانلىقىنى تامامەن ئارتۇقچە دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئوغلىنىڭ كىمنى ماختاپ، كىمنى كەمسىتىشىگە پۈتۈنلەي پەرۋا قىلمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇنىڭغا سۈسلا كۈلۈپ قويدى.

— يۈسۈپ، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئاپاڭغا مەن رەھمەت ئېيتىپ قويياي، — جەمشىد چىمەنبانۇنىڭ دولىسىغا يېنىك ئۇرۇپ قويدى، — يۈسۈپ، ئاپاڭ سېنى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدى، ئۇنى ھەرگىز يەرگە قاراتما! بولمىسا ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار مەڭگۈ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمىز.

جەمشىد جابىرغا يەنە بىر قاراپ قويدى. جەمشىد ئەسلىدە جابىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئىنىسىدىن قالغان بۇ تەۋەررۈكنىڭ چاقناپ تۇرغان بىلىم چولپىنىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ھالبۇكى، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن كۆڭلى بەكلا سوۋۇپ كەتتى. تۇرغۇن قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ھەتتا ئۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. ئەمدى جىيەنىنىڭ ئادەم بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى.

ئۆيئىچى يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى. ئۇشتۇمتۇت، جەمشىد بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويدى ـ دە، شۇنداق دېدى:

— قاراڭلار، سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنتۇپتۇق. يېرىم كېچە بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ. ھېلىقى ئىشنى بىر ياقلىق قىلىۋېتەيلى. يۈسۈپ، ئېيتقىنا، ماھىنۇر بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەشكەنمىدىڭ؟

— ياق، دادا، ھېچقايسىمىز مۇنداق ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدۇق. ئۇ ئىنتايىن ئەدەپلىك، ئېغىر ـ بېسىق، ئەقىللىق، يۇرۇش ـ تۇرۇشى جايىدا قىز. مەن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنى تاللىغان.

— ھا ـ ھا ـ ھا ... — جەمشىد قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ۋاي خۇدايىمەي! مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ تېخى توي قىلماي تۇرۇپلا كېلىنىنى كۆككە كۆتۈرۈپ كەتكىنىنى قاراڭلار ... ھا ـ ھا ـ ھا ...

دادىسىنىڭ چاقچىقى يۈسۈپنى خىجىل قىلىۋەتتى.

جەمشىد ئۆشتۆمتۆت كۆلكىسىنى توختىتىپ، بىرنىپمىنى ئويلىغاندەك:

— يۈسۈپ، سەن ماھىنۇرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقمىساڭ بولمايدۇ، جۇمۇ! — دېدى.

— مېنىڭچە، ئۇ قوشۇلماي قالمايدۇ. مۆرىتى كەلگەندە، ئۇنىڭغا دەپ باقاي.

يېرىم كېچە بولاي دەپ قالغاچقا، ھەممەيلەننىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالغانىدى.

— بولىدۇ، بالام، مۇرادىڭغا يەتكىن، خۇدايىم ئىشىڭنى ئاسان قىلار. شۇ تاپتا مەن بەك چارچاپ كەتتىم، — جەمشىد كۈچەپ سافادىن قوپتى ۋە چىمەنبانۇغا قاراپ قويۇپ، — سىزمۇ ئۇخلاڭ، قەدىرلىكىم. بالىنىڭ توي ئىشىنى دەپ سىزمۇ ئۇيقۇدىن قالدىڭىز. خەير، ئەتە كۆرۈشەيلى! — دېدى – دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى.

قالغانلارمۇ ئارقا – ئارقىدىن ئورنىدىن قوپۇپ، جەمشىد سارىيىدىكى جۇدۇن – چاپقۇنلۇق بۇ كېچىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇخلىغىلى چىقىپ كېتىشتى.

# سەككىزىنچى باب

چىمەنبانۇ تۈگمەن تېشىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاياغلىرىنى سۆرەپ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن يۇيۇنغۇسى كەلمەي، ئېرىنچەكلىك بىلەن كېچىلىك كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپلا كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ قالدى. ئەمما، ئۇ قانداق ئۇخلىيالىسۇن؟ ماموق تۆشەكلەر سېلىنغان يۇمشاق كارىۋات باشقا كۈنلەردە ئۇنىڭغا ناھايىتى راھەت بىلىنەتتى، بۈگۈن بولسا خۇددى تىكەن باردەك ئۇنى ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈشكە مەجبۇر قىلىپ زادىلا ئۇخلاتقۇزمىدى. ئۇ ئويلايتتى: «مەن يەنە بىر قېتىم يېڭى زەربىگە دۇچ كەلدىمۇ؟ يۇسۇپ نېمە ئۈچۈن بۇنچە يېنىكلىك قىلىدىغاندۇ؟ يا ئۇ ئوينىشىپ دەپ قويدىمۇ؟ جەمشىدنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ يا؟ توغرا، مەقسەتلىك قىزىقتۇرۇش ... بەلكىم بۇرۇن يۇسۇپ بۇ ئىشنى ئويلىمىغان بولغىيدى. ئۇ قىزغا ئازراق قىزىقىپ قالغان بولسا، جەمشىدنىڭ ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە گۆدەكلىك بىلەن قىلتاققا ئىلىنىپ قالدىمۇ يا؟ ياشلار ئارىسىدا خەقنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن دەرمەھەللىككە ئۆزىنى تۇتالماي قالىدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇغۇ ! ... ئەمما، نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئىشنى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان، جەمشىد بېكىتكەن تۇرسا.»

ئۇ بۇ قورقۇنچلۇق خىياللار ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە ـ ئامال ئويلىدى. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى قالايمىقانلىشىپ، كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن،

ئۇ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ سەھەر، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى شايىدەك نېپىز تۇمان قاتلىمىدىن ئۆتۈپ، كەڭ كائىناتقا چېچىلماقتا؛ جەمشىد سارىيى بارغانسېرى يورۇپ، قۇياش نۇرلىرى چىمەنبانۇنىڭ دېرىزىسىدىكى تولۇق تارتىلمىغان پەردىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا چۈشمەكتە ئىدى. ئىللىق ھەم يورۇق قۇياش نۇرى تېخى ئويغانمىغان چىمەنبانۇغا ئارام بەرمىدى. ئۇ تېرىكىپ بېشىنى يوتقانغا تىقىۋالدى. يۇسۇپ نەچچە قېتىم كىرىپ، ئايىسىنىڭ تېخى ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا چىقىپ كەتتى. سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشلىرى، يۇيۇنغان، ئېغىز چايقىغان ئاۋازلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ بىرىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەمدى يەنە ئۇخلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

جەمشىد خىزمەتكارنى ئەۋەتىپ چىمەنبانۇنى نەچچە قېتىم چاقىرتتى؛ يەنە يېتىۋېرىشكە ئامال قالمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ - تاراندى. ئەينەكتىن كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، رەڭگىنىڭ سارغىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى.

تاماقخانىدا جەمشىد بىلەن يۇسۇپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدا بۈگۈنكىدەك بۇنداق كېچىكىپ تۇرىدىغان ئەھۋال ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. ئادەتتە ئۇ بىرىنچى بولۇپ تاماقخانىغا كېلەتتى - دە، ئولتۇرۇپ ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ۋە جابىرنى كۈتەتتى.

ئۇ كىرگەندە يۇسۇپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى، ئارقىدىنلا جابىرمۇ ئورنىدىن تۇردى. يۇسۇپ ئالدىغا بېرىپ ئايىسىدىن ئامانلىق سورىدى. چىمەنبانۇمۇ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. جەمشىد كۈندىكىدەك قىزىق چاقچاق ئارقىلىق خوتۇنى بىلەن سالاملىشىپ «تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟» دەپ قويغاندىن كېيىن يەنە گەپدانلىق قىلغىلى تۇردى:

— قەلب رىشتىمىز تۇتاشتۇر هامان، سورىمىساقمۇ سىز بىزگە ئايان. كېچىڭىز بولغاندۇ ئېسەن ـ ئامان !

چىمەنبانۇ بۇ تېتىقسىز چاقچاقتا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، سەل ـ پەل كۈلۈمسىرەپ قويۇپلا ئولتۇردى.

— قەدىرلىكىم، بۇ شېئىر قانداقراق ئىكەن؟ سىز ئاڭلىمىغاندەكلا ئولتۇرسىزغۇ؟ — جەمشىد غەرەزسىزلا سورىدى.

چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىدى. قىلچە ئېچىلالمايۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، سورۇنغا بىقسىپ ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا:

— ياخشى بولمامدىغان. سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن چىققان شېئىر يامان بولاتتىمۇ ! — دەپ قويدى.

جەمشىد قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى ۋە:

— بۇ نەدىمۇ مېنىڭ شېئىرىم بولسۇن، مەن ئۆزۈممۇ ئۇنىڭ قايسى ئەربابنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ! — دېدى.

— كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يامان ئەمەس ئىكەن. بىراق ...

— سۆزلەۋېرىڭ، سۆزلەۋېرىڭ. بىراق نېمە؟

چىمەنبانۇ يۇسۇپ تەرەپكە قاراپ قويۇپ، سەل ئارىسالدى بولغان هالدا:

— بىراق ... سىزمۇ سورۇنغا قاراپراق ئىش قىلسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

— سورۇنغا قارىسام گەپ قىلمىساملا بولىدۇ. سىز بۇ سورۇندا يۇسۇپلەرمۇ بار تۇرسا دېمەكچىمۇ؟ ئەجەبا، ئۇلار سىزنىڭ، مېنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەمتى؟

— گەپتە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇغۇ، سىزگە !

— ياخشى، يېڭىلگىنىڭىزنى ئىقرار قىلدىڭىز. خوپ، ئۇنداق بولسا، يېڭىلگىنىڭىزنى ئېغىزدا ئىقرار قىلىپلا قالماستىن، هەرىكەتتىمۇ كۆرسىتىڭ، مەغلۇپ بولغىنىڭىزغا بېرىلگەن جازا

ئۇچۇن چەينەكنى ماڭا ئۈزىتىۋېتىڭ. تەخسەمدىكى تۇخۇم پوشكىلى مۇزلاپ كەتتى، بۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

جەمشىدنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان «يېڭىلگىنىڭىزگە ئىقرار بولدىڭىز»، «مەغلۇپ بولدىڭىز» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ يۈرىكىگە بىر نەرسە سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ چەينەكنى جەمشىدكە ئۈزىتىپ بەرگەندىن كېيىن يېنىك خورسىنىپ قويۇپ:

— مەيلى يېڭىلەي، يېڭىلمەي، بۇنداق بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارنىڭلا بېشىغا چۈشىدىكەن. بۇ ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. مەزلۇملار ... ئەي مەزلۇملار! — دېدى.

ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن قوشۇق تۇتقان قولى ھاياجاندىن سەل - پەل تىترەپ كەتتى. جەمشىد بۇنى بايقاپ، چىمەنبانۇنىڭ ئۆزى دېگەن گەپلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. جەمشىد چاقچىقىنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق قاتتىق تېگىپ كېتىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ، بۇ ئىش چىمەنبانۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدىكى خاتىرىسىنى قوزغاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئالمان - تالمان چەينەكنى قولىغا ئېلىپ چىمەنبانۇنىڭ قاچىسىغا ئازراق سۇت قۇيۇپ بەرگەندىن كېيىن:

— قارىڭا سىزنى، بۇنىڭ خاپا بولغۇدەك نەرى بار؟ چاقچاق قىلدىم. بوپتۇ، مەن يېڭىلگەن بولاي، ئەمدى خۇش بولغاندۇ؟ — دېدى.

چىمەنبانۇ راستتىنلا ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن نالە قىلاتتى. ھەر خىل مەنىلەردىكى يېڭىلىشلەر خۇددى دەھشەتلىك ئېقىن ۋە قايناملارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەقىقىي ئازادلىق ۋە تىنچلىققا زادىلا ئىگە بولالمىغانىدى. ھايات يولىدىكى يېڭىلىش ۋە يېڭىلىشكە تەن بېرىشلەر ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەنىدى. جەمشىدنى ئالساق، ئۇ ئەسلىدە چىمەنبانۇنىڭ شاپائەتچىسى بولۇپ، ئۇنى ئۈمىدسىزلىك

گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. ئەمدى بولسا جەمشىد ئۇنىڭغا قىچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان يېڭى بەختسىزلىكنى ئەكىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ يەنە يۇسۇپنىڭ توي ئىشىدا ...

چىمەنبانۇنىڭ ئىككى كۆزىنى بىرنەرسە تۇسۇۋالغاندەك بولدى. ئۇ ھەممىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى سېزەتتى. قىسمەتنىڭ كولدۇرلىتىشى ۋە دەپسەندە قىلىشى ئۇنىڭغا كىشىلىك دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭدا خەير ـ ساخاۋەت تىلەش، ھېسداشلىق قىلىشنى كۈتۈش دېگەندەكلەردىن ئەسەر قالمىغانىدى. كۆزىگە لىققىدە ياش تولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، ئۇ ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن قەلب ئېتىزىغا قۇياتتىكى، بىر تامچىسىنىمۇ سىرتقا ئاقتۇرمايتتى. داستىخان ئۈستىدە يەنە سۇرلۇك جىمجىتلىق پەيدا بولدى.

بۇ جىمجىتلىقنى يەنىلا جەمشىد بۇزدى. ئۇ قىزىق گەپلەرنى قىلدى.

چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدا ئازراق تەبەسسۇم پەيدا بولۇۋىدى، كەيپىيات خېلى جانلاندى. جەمشىد بۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن يەنە بىرمۇنچە قىزىق گەپلەرنى قىلدى. يۇسۇپنىڭمۇ گېپى كۆپەيگىلى تۇردى. تاماقخانىدا كۈلكە سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ خۇشال كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە چىمەنبانۇمۇ ئېغىر غەملىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ، كۆپچىلىككە قوشۇلۇپ بىر ـ ئىككى ئېغىز دىن بولسىمۇ گەپ قىلىپ ئولتۇردى. چىمەنبانۇ جەمشىدنىڭ قارارىغا يا داۋراڭ كۆتۈرۈپ قارشى تۇرمىدى، يا خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى. ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق بولغاچقا، جەمشىد بىلەن يۇسۇپنىڭ نەزىرىدە بۇ تامامەن نورمال ئەھۋال ئىدى. جەمشىد ئەزەلدىن خوتۇنىنى تەربىيە كۆرگەن، غەرەز ئۇقىدىغان ئايال دەپ بىلەتتى.

چىمەنبانۇ: «يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئىشى مانا شۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ياكى يۇسۇپنى يارنىڭ

لېۋىدىن قايتۇرۇش ئەمدى تەس. ھېلىقى تېگى پەس ئالۋاستى يۈسۈپنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي قارىتىۋاپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇن بۇ ھەقتە ئويلاپ باقماي، ھېلىقى قانجۇقنىڭ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئەگەر يۈسۈپ تونۇگۇن ھاماقەتلىك قىلىپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتمىغان بولسا، ئۇ تېخى يەنە قاچانلارغىچە ھېچنېمىنى بىلەلمەي يۈرىۋېرەتتىكىنتاڭ؟ بۇمۇ ياخشى بولدى. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىۋالدى. ئەھۋالنى ئېنىق بىلىۋالغاندىلا، ئاندىن ۋەزىيەتنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ ــ دە. ئەمدى يەنە يېنىكلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەتراپلىق ئويلىنىپ، پەم بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. قاتتىق قوللۇق قىلغاندا ئىش تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ. سوغۇققانلىق بىلەن ئوبدان ئويلىنىپ مۇكەممەل بىر چارە تېپىپ چىقىش كېرەك ...

ئەتىگەنلىك تاماق يېيىلىپ بولدى.

جەمشىد سائىتىگە قاراپ قويۇپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، ئاندىن چۈشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئىشىم بار دەپ، باشقىلار بىلەن كۆلۈپ خوشلىشىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

يۈسۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، چىمەنبانۇ ئۇنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئاپام مېنى قۇتۇلدۇرالايدىغان گەپنى قىلسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. بىراق، چىمەنبانۇ بىرھازاغىچە ئېغىز ئاچمىدى، بۇنىڭغا يۈسۈپ سەل ھەيران قالدى.

«... ئېرىمنىڭغۇ باشقىلار ئىگىلىۋالدى، ئەمدى ئوغلۇمنىمۇ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ ... ئەجەبا، كىشىلىك ھايات شۇنچىۋالا رەھىمسىزمىدۇ؟ ياق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئەمدى باشقىلارغا ھەممە نەرسەمنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ دەپ قاراپ تۇرسام بولمايدۇ...» دەپ ئويلىدى

چىمەنبانۇ.
— ئاپا، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟
ئېغىر خىيالدىن ئويغانغان چىمەنبانۇ ئالدىراپ:
— ھە، مەن ... دادالڭ بۇ ئىشقا قوشۇلغاندىكىن، ئائىلىمىزنىڭ بۇ چوڭ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.
نېمىشقىدۇر، يۈسۈپنىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ، بېشىنى دەرھاللا تۆۋەن سېلىۋالدى، ئاپىسى ئۇنىڭ باش كۆتۈرۈشىنى كۈتمەيلا:
— يۈسۈپ، راستىمنى ئېيتسام، مەن ئىنتايىن خۇشالمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام مەسلىھەتلەشكەن ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈككىلى ئۇزاق يىللار بولغانىدى. ماھىنۇرنى كىچىكىدىن تارتىپلا ياخشى كۆرەتتىم. كىچىك ۋاقىتىڭلاردا قول تۇتۇشۇپ خۇشال ئويناپ يۈرگىنىڭلارنى كۆرسەم، ئىچىمدە، چوڭ بولغاندىمۇ ئايرىلماس بىر جۈپلەردىن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە، دەپ ئويلايتتىم. خۇداغا شۈكۈر! بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كېلىدىغان بولدى. ئەمدى ماھىنۇر بىزگە كېلىن بولىدىغان بولدى، — دېدى.
يۈسۈپ تېخىچىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى.
چىمەنبانۇ بىردەم گېپىنى توختىتىۋالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى سەل بوغۇلۇپ چىقتى:
— مەن نەچچە قېتىم مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق سەن بىلەن سۆزلىشەي دەپ ئويلاپ، سېنى قوشۇلماسمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن سۆزلىشەلمەي كېلىۋاتاتتىم.
يۈسۈپ دەرھال بېشىنى كۆتۈردى.
چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. يۈسۈپ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قوشۇمىسىنى تۈردى:
— ئاپا، قوشۇلماسمىكىن دېگىنىڭىز نېمىسى؟

يۈسۈپ تېخىچىلا ئايىسىنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تازا تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغاندا، چىمەنبانۇ ئىزاھات بەردى:

ــ ئۇنىڭ ئاپىسى سەنەۋەر يامان ئاتىقى چىققان ئايال. بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. شۇڭا، ماھىنۇر بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى ئويلىغان بولساممۇ، ساڭا ئېيتماي كەلگەنىدىم.

ئايىسىنىڭ ئاغزىدىن ماھىنۇرنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يۈسۈپنىڭ بىردىنلا ئوغىسى قايىندى:

ــ ماھىنۇرلار ئائىلىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن پاجىئەدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، بۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن بۇ ئائىلىدىكى ئانا ـ باللارنىڭ خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغان تەقدىرىگە ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىمەن. سىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىشىدىكى جاۋابكارلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى كۆرمەيسىز؟

چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ مۇنداق دېيىشىنى قىلچە ئويلاپ باقمىغانىدى. يۈسۈپتىكى بۇ ئىنكاس كۈچلۈكلا ئەمەس، بەلكى خېلىدىن بۇيان پىششىق ئويلىنىشتىن ئۆتكەنىدەك قىلاتتى. چىمەنبانۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قايناپ كەتتى:

ــ سەنەۋەر ۋىجدانىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساتقان تۇرسا، باشقىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب قىلىشى كېرەكمۇ؟

يۈسۈپنىڭ ئاپىسىغا يېنىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، بۇگۈنكىدەك ئەھۋال تېخىمۇ ئاز ئىدى. ئەگەر باشقا ئىش ئۈستىدە بولسا، چىمەنبانۇ بۇنى ھەرگىز كۆڭلىگە ئالمىغان بولاتتى. ئەمما، ئوغلى قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كۈنداش رەقىبىنى ئاقلاۋاتقاچقا، ئۇ بۇنىڭغا چىدىماي قالدى. ئىرىڭگىمۇ چىقىلالمايدۇ. ئەمدى كېلىپ ئوغلىمۇ ئۇنى خالىغانچە بوزەك ئەتسۇنمۇ؟ ئۇ بۇنىڭغا چىدىماي، كۆڭلىدە ئۇزاقتىن بۇيان كۈنداش رەقىبىگە ساقلاپ كېلىۋاتقان چوڭقۇر ئۆچمەنلىكىنى تۆكۈپ تاشلىدى ۋە ئوغلىنىمۇ پاسىقلارغا يان باستىڭ، دەپ

قاتتىق سۆكتى.

— نېمە ئۈچۈن يالغۇز سەنەۋەرنىڭلا نامى بۇلغىنىشى كېرەك ئىكەن؟ ئۇنىڭ بۇنداق گۇناھلىق ئىشنى قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەم نېمە ئۈچۈن جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ؟ — دېدى يۇسۇپ تېخىمۇ ئاچچىقلاپ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، يۇسۇپ، دادام مەردلىك قىلىپ ئاغىنىسىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا ۋە يېتىم بالىلىرىغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. كېيىن ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى تەھلىل قىلىپ، دادىسىنىڭ بۇ بىر ئائىلىنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى.

ئەگەر سەنەۋەر ئېرى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، جەمشىد داچىسىغا كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئېرىنىڭ دوستىنىڭ ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىشىنى ئەيىبلەشكە بولمايتتى؛ ئانا - بالا ئىككىسىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۇرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمايتتى. سەنەۋەرنىڭ شەمسىيە بىلەن گۆھەرنى جەمشىد داچىسىدا تۇغقانلىقىنى يۇسۇپمۇ، ماھىنۇرمۇ بىلەتتى. گەرچە ئۇلار كىچىككىدە بۇنى بىلمىگەن بولسىمۇ، چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسىنىڭ سەۋەنلىكى، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بىراق، بۇ ئىش يۇسۇپتە دادىسىغا قارىتا نارازىلىق پەيدا قىلمىدى. سەۋەبى، بۇنداق ئىشلار يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ھەمىشە ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى سەنەۋەرنىڭ ئائىلىسىگە يەنىلا كۆيۈنەتتى، بولۇپمۇ ماھىنۇرغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلاتتى. بىراق، بۈگۈن ئۇ ئاپىسىنىڭ قاراپ تۇرۇپلا بارچە گۇناھنى سەنەۋەرگە ئارتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ، ماھىنۇرغىمۇ قىلچە خەيرخاھلىق قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىداپ تۇرالمىدى. ھازىر ئۇ ئاپىسى بىلەن ھەق - ناھەقلىق ئۈستىدە قاتتىق تالاش - تارتىش

قىلماقچى بولۇۋېتىپ، ئۆزى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك دادىسىنى قولىدىكى قامچا بىلەن قامچىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى:

— ... مەن سەل قاپ يۈرەكلىك قىلىپ تاپتىن چىقىپ كەتكەندەك تۇرىمەن. بىراق، مەن لىللا گەپ قىلمايدىغان بولسام تېخىمۇ يامان قىلغان بولىمەن. ئەجەبا، دادام ئۇلار ئالدىدا جاۋابكار ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇچە كۆڭۈللۈك قىلىپ، سەنەۋەرنى ئازدۇرۇپ مانا شۇ جىنايەت يولىغا ئېلىپ ماڭغان. دادام بۇ قىلمىشى بىلەن يالغۇز سەنەۋەرگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى. ئېيتىپ بېقىڭا، ماھىنۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى، سىڭلىسى گۇناھسىزمۇ، ئەمەسمۇ؟

— مەيلى سەن ئۇلارنى قانداق ئاقلا، ماھىنۇرنىڭ ئاپىسى شەرمەندە خوتۇن، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېپپەت ـ نومۇسىنى ساتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەگەر ئۇ شۇكۇر ـ تاقەتلىك خوتۇن بولسا دادا‌ڭ ئۇلارنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەرمىدى؟ ھىم ... ماھىنۇرنىڭ قانۇنلۇق دادىسى بارمۇ ـ يوق، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

چىمەنبانۇنىڭ سۆزىدىن غەزەپكە كەلگەن يۈسۈپ دەماللىققا سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ بىرھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تىترىگەن ھالدا:

— شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ مەن ماھىنۇرنى ھەممىدىن ياخشى دەپ قارايمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سەن خەقلەرنىڭ ئاغزىنى ياپالامسەن؟ سەنەۋەر دېگەن بىر جالاپ. «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق.» ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىۋاتسا، سەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى بىر ـ بىردىن پېچەتلىۋېتەلەمسەن؟

— ئۇنداق ئەمەس! ئۇلارنىڭ قىلچە ئاساسى يوق! ئۇلار بىكارچىلىقتىن قىلمىدىغان ئىش تاپالماي يۈرگەنلەر. ئۇلار نېمە

دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۈن، پەرۋايىم پەلەك !

— ئاساسى بولسۇن ـ بولمىسۇن، خەقلەر شۇنداق دېيىشكىلى تۇرسا، كىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېنىقلاپ ئولتۇرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالالامسەن؟

— دادام ھەممىشە، ماھىنۇر ئاغىنەمنىڭ قىزى، مەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تويىغا قاتناشقان، دەيتتىغۇ، ئەجەبا، بۇمۇ يالغانمۇ؟ — يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ، ماھىنۇرنىڭ قاتۇنلۇق دادىسى بارمۇ ـ يوق ... دېگەن گېپىگە قارىتىپ سورىغانىدى.

— بۇ ئۇنىڭ سەنەۋەرنى ئاقلاش ئۈچۈن دېگەن گېپى. ئەمما، پاكىت مەڭگۈ پاكىت پېتى تۇرىۋېرىدۇ.

— بۇ قانداقىسىگە پاكىت بولمايدىكەن؟ سىلەر ھەممىڭلار ماھىنۇر بۇ يەرگە كەلگەندە ئۈچ ـ تۆت ياشلاردا بار ئىدى دەۋاتاتتىڭلارغۇ؟

— شۇنداق. بىراق، بۇ سەنەۋەرنىڭ شۇ چاغدىمۇ پاك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

— ئاھ، نېمىدېگەن ئازاب بۇ ! ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئۇنى قانداقمۇ دوستلۇق ـ ۋاپادارلىق دېگىلى بولسۇن؟ ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئويلاپ قويمايدىغاندۇ؟

يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزىنى، ياق، ئوغلىنىڭ خۇداغا قىلغان نالىسىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ گويا غايەت زور بىر قايىنامغا كىرىپ كەتكەندەك، دەماللىققا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. يۇسۇپنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا قويغان سوئالى بەئەينى قاراڭغۇ كېچىدە چاقنىغان چاقماقتەك، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرقى كۈنىنى ئايرىپ تۇرغان پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت؟

ئاھ، رەھىمسىز ھايات!

«ئاتا ــ ئانا بولغۇچىلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئويلاپ باقمايدىغاندۇ؟» دېگەن سۆزلەر بەئەينى ئېغىر بازغاندەك چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلدى. يۈسۈپنى ئۇ تۇغقان، بىراق يۈسۈپ جەمشىدنىڭ ئۆز دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ. چىمەنبانۇ يەنە ئوماق قىزىنى ــ يۈسۈپنىڭ سىڭلىسى شاھبانۇنى ئەسكە ئالدى: «قىزىم ھازىر قەيەردىدۇر؟» ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى.

ــ ئاپا، نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ ــ دەپ سورىدى يۈسۈپ، ئەمما ئاپىسىنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ باقماستىن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، ــ مېنىڭ گېپىم خاتامۇ يا؟ دادامنىڭ ئىشلىرى سىزگە قاتتىق تەگدىمۇ؟ دادام سىزدەك بىلىملىك، ئەقىللىق، ۋاپادار ئايالغىمۇ قانائەت قىلماي، سەنەۋەرنى سىزگە زورلاپ تېڭىپ، سىزنى شۇنچە ئازابقا سالدى؛ ئۇنىڭ سەنەۋەرگە بەرگىنى يەنە نېمە بولدى؟ سەنەۋەر خەقنىڭ قولىغا قاراپ، يامان ئاتاققا قالدى. پەرزەنتلىرىمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولدى. ئويلاپ بېقىڭا، ئەگەر ھەممە جاۋابكارلىق سەنەۋەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلسا، بۇ بەك ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ؟ ...

چىمەنبانۇ يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەممىنى سەنەۋەرگە ئارتىپ قويۇش كېرەك دەپ قارىمايتتى. ئۇ ئېرى جەمشىدكە قانداق قارايدۇ، بۇ ئۆزىگە ئايدىڭ ئىدى. بىراق، گۇنداش دېمەك رەقىب دېمەكتۇر. ئۇنىڭغا ئېغىزدىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنى يۈسۈپ ھازىرچە چۈشەنمەيتتى.

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ يۈزىدە يالتىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى ۋە شۇندىلا، بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتمىسەم بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. بىراق، ئۇ شۇ زامان بۇ ئويىدىن ۋاز كەچتى: «ئاپامنىڭ ياش تۆكۈشى

ئېھتىمال، مېنىڭ گەپلىرىمنىڭ تەسىرلەندۈرگەنلىكىدىن بولغاندۇ؟»

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:

— ئاپا، قەدىرلىك ئاپا، مەن تولا بىلجىرلاپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىمنى بىلدىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋېرىپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ! دادام ھەققىدە ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلمىسام بوپتىكەن، ھازىر پۇشايمىنىمنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. بىراق، ئاپا، ماھىنۇرغا ئادەمنىڭ بەكلا ئىچى ئاغرىيدۇ. ئەجەبا، كۆڭلىڭىزدىن ئۇنىڭغا بىر ئازمۇ ئورۇن چىقماسمۇ؟

ئوغلىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى چىمەنبانۇغا تەسىر قىلغانىدى. گەرچە ئۇ دائىم، ئۇياتسىز خوتۇندىن ئەدەپلىك بالا تۇغۇلمايدۇ، دەپ يۈرسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ماھىنۇرنىڭ پاكلىقىنى، ئېسىل قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايتتى. بالىلاردا نېمە گۇناھ؟ ئەمما، ئۇ كۆڭلىدىكى ئەلەمنى يېڭىشكە ئاجىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭ ئېرىنى تارتىۋالغان ـ دە! ئەگەر بۇ ئۈچ بالا جەمشىد داچىسىدا بولماي، باشقا بىرەرىنىڭ ئالدىدا ياشىغان ۋە مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغان بولسا، ئۇ ئۇلارغا جەزمەن ھېسداشلىق قىلغان بولاتتى.

— بالام، ھەرقانداق ئىشتا يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىش كېرەك! مېنىڭ گېپىم يەنىلا شۇ، خەقنىڭ گېپىدىن قورقماي بولمايدۇ. سەن خەقنىڭ ئاغزىنى ھەرگىز ياپالمايسەن، — ئوغلىنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغا جاۋابەن ئۇ يەنە بىر قېتىم نەسىھەت قىلدى.

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ گېپىدىن يانماي تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى:

— خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك. بىراق،

سىزنىڭ مۇددىئايىڭىزنى يەنىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— مېنىڭ گېپىم ناھايىتى ئېنىقققۇ! جەمئىيەت رەزىللىكنى گۈزەللىك، ياماتلىقنى ياخشىلىق دەۋاتقان ھالەتتىمۇ، كىشىلەرنىڭ يەنىلا جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك. سەن بۇ جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايسەن، پەقەت شۇنىڭغا مۇۋاپىقلىشىپلا ياشىيالايسەن. ئېھتىمال، داداڭ يېڭىباشتىن ئويلىنىپ قېلىپ، ماھىنۇرغا قوشۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن. سېنىڭ توي ئىشىڭ ئۇنىڭ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بەلكىم مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن خەقلەرنىڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشىمۇ مۇمكىن، — چىمەنبانۇ ئۆزىنىڭ گەپىنى ئېنىق ئېيتمىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىدا شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر ئىدى.

— دادام ئۇنداق قىلمايدۇ. بولمىسا ئۇ تۇنۇگۇن ئاخشام نېمىشقا شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماھىنۇرنى ماختاپ كېتىدۇ؟

— راست، ئۇ بۇ ئىشىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ماھىنۇرنىمۇ ياخشى قىز دەپ ماختىدى. بەلكىم ئۇ سېنى خۇشال بولۇپ قالسۇن، دەپ شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ جەزمەن شۇنداق بىر قىزنى كېلىن قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدۇ.

يۇسۇپ ئەمدى غەزىپىنى باسالماي ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالغانىدى. بىراق، ئالدىدا ئولتۇرغىنى ئۆزى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان ئاپىسى بولغاچقا، ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ:

— «شۇنداق بىر قىزنى» دېگەن گەپ، بىگۇناھ كىشىگە قىلىنغان مەسخىرە ۋە ھاقارەت! ئاپا، سىز خۇدايىمنىڭ ئۈستىمىزدە قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ! — دېدى.

چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ خۇدانىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى. يۇسۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «بۇنداق بىر قىز» مېنىڭچە ئەڭ ساددا، بىغۇبار قىز. باشقىلارنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىكى بىلەن بۇ قىزلارنىڭ ئىززىتىنى، نامىشەرىپىنى يوق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ماھىنۇرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا شۇنداق. ئەگەر بۇنداق قىزلارغا ھېچكىم ياردەم قولىنى سۇنمىسا، جەمئىيەت ئۇلارنى تېخىمۇ چەتكە قاقسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئاپا، سىز بۇلارنى بىلەمسىز؟

— مەن پەقەت ئۆيدىكى ئىشلارنىلا بىلىمەن. بوسۇغىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى بىلمەيمەن. تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنى چۈشىنىش جەھەتتە، سەن مۇتەخەسسىس بولۇپ قاپسەن. سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ كۆپ ئىكەن، تۇرمۇش ۋە ئادەمگەرچىلىك توغرىسىدىكى بۇنچىۋالا ئىشلارنى مەن نەدىن بىلەي؟

يۈسۈپ گېپىنى دەۋېلىشقا ئالدىراپ، ئاپىسىنىڭ تەنە قىلىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاقىۋەت شۇكى، مانا بۇ قىزلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىپپەت ـ نومۇسى، ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك ئىپپەت ـ نومۇسى ھاۋايى ـ ھەۋەس قاپلىغان بازاردا باشقىلارغا سېتىلىدۇ. ئىپپەت ـ نومۇسىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنى ئاقلىسىمۇ، بۇ جەمئىيەتتىمىزدە يەنىلا قانۇنسىز تاۋار دېگەن نامغىلا ئىگە بولۇپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنىمۇ يوقىتىدۇ.

— قانداقسىگە قىممىتىنى يوقىتىدۇ؟ ھازىر بەزىلەر ئەنە شۇنداق ئاياللارنى ھىمايە قىلىۋاتامدۇ؟ سەنەۋەرگە ئوخشاش ئىززەت ـ ھۆرمەتكە لايىق ئەمەس ئادەملەرنىڭ قانداق ...

— سىز نېمىلا ئىش بولسا سەنەۋەرنى چىشلەپ تارتىدىكەنسىز ! بايا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلەر، — يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ سۆزلەپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلەر ئەمەس،

بەلكى سەنەۋەر بىلەن ماھىنۇر ئانا ـ بالا ئىككىسىگە ئالاقىدار گەپلەر، مەن بۇنىمۇ بىلمەمتىم؟ — دېدى چىمەنبانۇ.

— بوپتۇ شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، — يۇسۇپنىڭ ئاپىسى بىلەن يەنە تاكاللىشىپ ئولتۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت گەپلىرىنى دەۋىلىشىنىلا ئويلاۋاتاتتى، — جەمئىيەت سەنەۋەرگە ئوخشاش ئادەملەرنى خالتا كوچىغا كىرگۈزۈپ قويىدى. بىز ئۇلارغا «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئىززەت ـ ھۆرمەتتە ئۇلاردىن ھەسسىلەپ ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەملەر تارتىۋالدى. بۇنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭمۇ جاۋابكارلىقى بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى ھەممە نېمىدىن قۇرۇق قويۇشىغا مەدەت بەرسەك بولمايدۇ.

— مەن سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى چىمەنبانۇ.

— مەن ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتىمەن. ئەگەر سىزگە مالال كەلمىسە، كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ بۇ جەمئىيەتكە قاراپ بېقىڭ. قىسمەت شۇلارغا ئوخشاش تالاي ـ تالاي بىگۇناھ قىزلارنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارغا پەقەت غالجىرلارچە قىساس ئېلىش روھىي ھالىتىنىلا قالدۇردى. بۇنداق روھىي ھالەت ئىنتايىن يامان، ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەس پىچاق، بۇ ئۇلارنى كۆڭۈلەرنىڭ بىر يەرە، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا داۋامىدا ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىنى، ئانىسىنى، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى، ھەتتا پەرزەنتلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. تالاي ـ تالاي ئائىلىلەر مانا شۇ قىساس ئېلىشنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمىدىمۇ؟ مانا شۇنداق قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇن ئاياللار كېيىنكى تۇرمۇشىدا ئىتتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، يا ئۆلۈپ قۇتۇلالمايدىغان، يا ئادەمدەك ياشىيالمايدىغان كۈنگە قالمىدىمۇ؟

چىمەنبانۇ ئەمدى گەپ قىلمىدى. ئۇ بىئارام بولۇپ

بىر نىمىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈسۈپنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئەينەكتەك، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى كۆرسىتىپ بىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— روشەنكى، بىرەر ئادەم ماھىنۇر بىلەن شەمسىيەنى توغرا يولغا باشلىمايدىكەن، ئۇلارمۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ يولغا كىرىپ قالغان ھەرقانداق ئايال بەئەينى جاراھەتلەنگەن زەھەرلىك يىلاندەك، ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان ھەممە ئادەمدىن ئۆچ ئالماي قالمايدۇ.

چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىدە ھەر خىل پىكىرلەر دولقۇنلىنىشقا باشلىدى: «مەن دەل شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەندىكى قىساس ئوتىنى قانچە ئەركەكنىڭ قېنى بىلەن ئۆچۈرگىلى بولار ـ ھە ؟!» ئۇ چۆچۈگەن ھالدا ئۆزىگە مانا شۇنداق سوئال قويدى.

ئۆيدە يەنە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

يۈسۈپ سەنەۋەرنىڭ ئۈچ بالىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقاتقانلىقتىن، ئۇلار يا دادىسىنىڭ قانۇنلۇق ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيتتى، يا ئۆزىنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدىيالمايتتى. قىسقىسى، بۇ دۇنيادا ئۇلارغا پاناھ بولغۇدەك يەر يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار قانداقمۇ باشقىلارنىڭ راھەت ـ پاراغىتىگە ھەسەت قىلمىسۇن؟ قانداقمۇ جىنايەت يولىغا ماڭمىسۇن؟ گۆھەرنىلا ئالايلى، ئۇنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ كەمسىتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. گەرچە ئۇ جەمشىدنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، بىراق كەلگۈسىدە جەمشىدنىڭ بايلىقىدىن بىر يارماققىمۇ ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنى تاپقان دادىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىدىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. قانۇنىي جەھەتتە، ئۇ بۇنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا ئېرىشەلمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، يەنە كېلىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭدا ئاللىقاچانلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش خىيالى پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئوقۇشنى تاشلاپ، كەلسە ـ كەلمەس بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئىستىقبالى قاراڭغۇ ئىدى.

يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ سىڭلىسى شەمسىيەنىمۇ يادىغا ئالدى. ئۇ ئەركىنلىكتە سىزىقتىن سەل چىقىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىككىنە تۇرۇپلا دىلاۋەر دېگەن لۇكچەك بىلەن ئارىلىشىپ يۈرەتتى، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. ئۇ ئىنىسى گۆھەر بىلەن جەمشىد داچىسىدا يۈرۈپ، غەربنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەركىن تۇرمۇش شەكلىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ داچىدىكى خوجايىنىنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ئۇلارغا قايسى يولدا مېڭىش، قايسى يولدا ماڭماسلىقىنى ئېيتىپ بەرمىدى. سەنەۋەر بولسا بالىلىرىنى ئازراقمۇ باشقۇرالمايتتى، قىسقىسى، پۈتۈنلەي ئامالسىز ئىدى. ئۇلار ئاپىسىنىڭ ئەخلاقى ۋە قىلمىشىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئازراقمۇ ھۆرمەت قىلمايتتى. ئەگەر سەنەۋەر ئۇلارنى ئەيىبلەپ قويىدىغان بولسا، شەمسىيە شۇ زامانلا دەككىسىنى بېرىپ: «ئۆزۈڭنىڭ پېشانەڭنى سىلاپ باق. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بىز مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالدۇق. خەقلەر بىزنى ‹ھارامدىن بولغانلار› دەپ تىللايدۇ. سېنىڭ قىلمىشىڭ بىزنىڭ ئاغزىمىزنى پېچەتلەپ قويدى. ئۇقتۇڭمۇ؟» دەيتتى.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار بارغانچە ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ، بەڭباشلىقتا چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

يۈسۈپ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق، كۆزىدىن ياش چىقارمىدى، ئېغىر ئۇھ تارتىپلا قويدى. ئوغلىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ ئالدىراپ سورىدى:

— يۇسۇپ، نېمە بولدۇڭ؟

— ئاپا، مەن ئۇنداقمۇ ئويلاپ، بۇنداقمۇ ئويلاپ، ئەمدى ئائىلىمىز بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ، ئۇنى جەزمەن ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم.

— ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىكەن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— سەنەۋەر، ماھىنۇر، شەمسىيە ۋە گۆھەرلەرنىمۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى دەپ ھېسابلاش لازىم. چۈنكى، ئۇلارمۇ دادامنىڭ قېرىنداشلىرى، ئۇلارمۇ دادامنىڭ ھىمايىسىدە ياشىشى لازىم.

يۇسۇپنىڭ سەنەۋەرلەرنى ئۆز ئائىلىسىگە قوشۇۋېلىش پىكرىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق بىمەنە، غەلىتە ئويلاردا بولۇشىنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. سەنەۋەر ئۇنىڭ چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ كۆرىدىغان كۈنداش رەقىبى ئىدى. ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان، سەنەۋەر بەئەينى ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغان مىختەك، ئۇنى روھىي جەھەتتىن بىردەممۇ ئارام تاپتۇرماي قىيناۋاتاتتى. سەنەۋەرنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈنگەن شۇمبۇيىدەك ئىدى. سەنەۋەر ئېرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇ تۇرمۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. ئۇنىڭ پۈتۈنلەي سېزىمىنى يوقاتقان گەۋدىسىدە پەقەت ئىنتىقام ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان يۈرەكلا قالغانىدى.

يۇسۇپ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئاخىر ئېنىق ئىزھار قىلدى. بۇ ئىش چىمەنبانۇنى ئەمدى يۇسۇپتىن چوڭ ئۈمىد كۈتمىسەم بولغۇدەك، دېگەن يەرگە كەلتۈردى. ئۇ يۇسۇپنىڭ جەمشىدنىڭ ئالدىدا ماھىنۇرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى بىردەملىك ھاياجانلىنىشتىن بولغان ئىش، دەپ ئويلىغانىدى. بۈگۈن ئۇ ھەممىنى چۈشەندى: ئوغلى «خاتا تاللىمىغان»، ئۇ ئوغلىنى خاتا چۈشەنگەن. ئەمدى ئۇ، ئەھۋالنى ئېنىق بىلىۋالغىنىمۇ ياخشى بولدى. بۇ ئىشقا تاقابىل

تۇرىدىغان مۇۋاپىق تەدبىر تېپىشىمىغا پايدىسى بار، دەپ ئويلىدى.

تام سائىتى زىل، رىتىملىق ئاۋازدا چىكىلداۋاتاتتى. يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ ئىنىق بىر گەپ قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

— بالام، سىنىڭ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىدىغان بۇنداق ئىسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىڭنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم، — دەپ گەپ باشلىدى چىمەنبانۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بۇنداق پىكىرلەر ھازىرقى ياشلاردا ناھايىتى ئاز. تۇنۇگۈن ئاخشام داداڭمۇ بەك خۇشال بولدى، سىنى ماختىدى. بىراق، بالام ... ئىككى ئائىلىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە بولامدۇ - يوق، بۇ بىر چوڭ ئىش، ئوبدان ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داداڭنىڭ قانداق خىيالدا ئىكەنلىكىگە بىرنىمە دېيىش تەس. ھازىرچە بۇنى قويۇپ تۇرايلى. شەمسىيە بىلەن گۆھەرگە كەلسەك ...

— راست، ئۇلارنى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇلارنىڭ پاتقاقتا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارىمىز بولمىسا بولماس ! — دېدى يۇسۇپ خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— كىشىلەر ھەمىشە، نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئادەملەرنى ساۋابلىق ئىش قىلىشقا دالالەت قىلىش يولى بىلەن توغرا يولغا باشلىغىلى بولىدۇ، دېيىشىدۇ. سىنىڭ قارىشىڭ توغرا، بالام، شەمسىيە بىلەن گۆھەر تېخى يۇمران نوتا، سەن ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگىن. ئۇلار سىنىڭ سەمىمىيىتىڭنى قوبۇل قىلماي قالماس. توغرا، يۇسۇپ، ماھىنۇر بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشنى سەن خالىغان بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئېيتساڭ بولىۋېرىدۇ. مەن ساڭا توسقۇنلۇق قىلمايمەن. مەن ساڭا خۇشياقمايدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدىم. بىراق، بۇلار سىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنغان گەپلەر. مىنى ھەرگىز توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىغىن !

يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن زور تەسەللى ئالدى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى ئەپلىشىپ، بىر ئاز قورۇق پاراڭ سېلىشتى. سائەت ئون بولۇپ قالغانىدى. يۇسۇپ بىردىنلا ئۆزىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلىرى بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ، توي ھەققىدە گۈزەل ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈككەن ھالدا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

# توققۇزىنچى باب

دېڭىز ساھىلىغا جايلاشقان جەمشىد سارىيىدا ياللىۋېلىنغان قولى گۈل بىر تۈركۈم ئۇستىلار يىلبويى ئىشلەيدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى مەنزىرە بەئەينى سۈرەتتىكىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ئىدى؛ شىپاڭلار، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن يوللارنىڭ ھەممىسى خۇددى يۇيۇپ قويۇلغاندەك پاك - پاكىز ئىدى. بىراق، بۇ ھەشەمەتلىك سارايىنىڭ ئايال خوجايىنى چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكىدە ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇن ئىككى بال بوران چىقىۋاتاتتى.

تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئوغلى بىلەن قىلغان سۆھبەت چىمەنبانۇنىڭ ۋەزىيەتنى يۇسۇپتىن باشلاپ ئوڭشىۋېلىش خام خىيالىنى بەربات قىلغانىدى. ئۇ ئىككى كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، نېمىلەرنى قىلغانلىقى ۋە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ نەچچە ئون يىللىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ چىققانىدى. تۈنۈگۈن كېچە خۇددى ئۇچى يوق يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتكەن رېئاللىق ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ كاللىسى چىڭقىلىپ يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان، تەپەككۇر ئېتى ھېرىپ قالغان چاغدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى.

باشقىلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى. چوڭ - كىچىك تۆت خوجايىنىنىڭ كەيپىياتى خۇددى فېۋرالنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشاش خىلمۇخىل ئىدى. چىمەنبانۇ باشقىلار سەزمىگەن بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان پەيتتە، يۇسۇپ باھار پەيزىنى سۈرۈپ مەمنۇنلۇق ئىچىدە ئولتۇراتتى، جەمشىد بولسا خۇددى تومۇزدا تۇمۇقاپ قالغان ئادەمدەك ئىسسىق - سوغۇقنىڭ

ئۆزگىرىشىنى سەزمەيتتى، بۇرنىغىمۇ ھېچقانداق غەلىتە پۇراق پۇرىمايتتى، ئىشقىلىپ، ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز ھالەتتە ئىدى. جابىر كۆزىنىڭ بەزگىكى قېيىنغاچقا، بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۇسۇپنى قارىلاش پىلانىنىڭ پاجىئەلىك ھالدا بەربات بولغانلىقى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. تاغىسىدىن ئىشىتكەن دەشنەم ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ ئوت يېنىۋاتاتتى.

يۇسۇپ تۈنۈگۈن ئاپىسى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال ئىدى. توي ئىشىغا دادىسىمۇ، ئاپىسىمۇ قوشۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىشىدىن چاتاق چىقمايدۇ. شۇڭا، ئۇ مەقسىتىگە يەتكەن، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقاتقان، غەم - ئەندىشىدىن تامامەن خالاس بولغانىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇ ماھىنۇرنى ئىزدەپ بارماقچىدى، لېكىن ئۇشتۇمتۇت مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىش ئۆيىگە كەلدى. ئۇ تاشلاپ قويۇلغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ماھىنۇرنىڭ رەسىمىنى سىزىپ تۈگەتمەكچى بولدى.

ئۇ ماھىنۇرنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى سىزىشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئاتا - ئانام بۇنىڭغا نېمە دەر؟ دېگەن غەم ئۇنى تۈگىمەن تېشىدەك بېسىپ تۇرغاچقا، ئىستىقبالى خىرە كۆرۈنۈپ، نەتىجىدە، رەسىم تا بۈگۈنگىچە پۈتمىگەنىدى.

مانا، رەسىم ۋە قەلەملەر ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ، يۇسۇپنىڭ روھىي ھالىتى بولسا باشقىچە، ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ رەسىم جازىسى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇنۇ ناخشىنى ھۇزۇرلىنىپ ئېيتتى:

ئوينار كۆرسەم جامالىڭنى يۈرىكىم،
قولۇم تىترەر سىزاي دېسەم رەسىمىڭنى؛

سۇمبۇل چىچىڭ زەپ جۇلالىق ـ پارقىراق،
قۇندۇز سۇۋار قاپلىغاندەك بەستىگنى.
كۆزۈڭ چاقماق كۆزنى ۋال ـ ۋۇل چاقنىتار،
ياق، چىقىنلار يۈرىكىمنى ئۆينىتار؛
سۇمبۇل چىچىڭ، خۇمار كۆزۈڭ خاس ماڭا؛
ھەسرەت كۈيىن كۈيلىمەسمەن، بەس، يانا.

يېقىملىق ناخشا يۈسۈپنى مەستخۇش قىلىپ، ئۇنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھۇزۇرلاندۇردى. بۇگۈن رەسىمنىڭ ئىزناسى باشقا كۈنلەردىكىدەك تۇتۇق، خىرە كۆرۈنمەستىن، ئېنىق، چاقناپ تۇرغاندەك ئىدى. يۈسۈپنىڭ كاللىسىدىكى ماھىنۇرنىڭ ئوبرازى ۋە كۆز ئالدىدىكى رەسىم ئۇنى بىردىنلا كەلگۈسىدىكى يېپيېڭى بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭغا پەلەكنىڭ چاقى بىردىنلا تېز ئايلانغاندەك، كۆڭلىدىكى خىيالى ئۇزاق ئۆتمەي رېئاللىققا ئايلىنىدىغاندەك تۇيۇلدى.

ئىنچىكە قەلەم قەغەز ئۈستىدە يېنىك ئويناپتى. ئۇ قەلىمىنىڭ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك راۋان يۈرۈشمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئوبراز قەغەز ئۈستىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بەك بېرىلىپ كەتكەچكە، تۈن پەردىسى تارتىلىشقا باشلىغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ كەچلىك تاماقتا ئۇنى ساقلاپ خېلى كۈتسىمۇ كەلمىگەندىن كېيىن ئۆزلىرى يەۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. يۈسۈپ تاكى خىزمەتكار پېتىرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن تېخىچە غىزالانمىغانلىقىنى يادىغا ئالدى.

چىمەنبانۇنىڭ كەيپىياتى ئوغلى يۈسۈپنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ ھەم چارچاپ، سەل خامۇش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىشنىڭ تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئەمدى

يۇسۇپتىن ئۇمىد كۈتۈشكە بولمايتتى. ئەمدىكى بىردىنبىر ئۇمىدى جەمشىدنىڭ ئۆز لەۋزىدىن قايتىۋېلىشىدا ئىدى. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ئېرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئېرى ياۋاش ـ يۇمشاقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، مىجەزى چۇس ئادەم ئىدى. كۆرۈنۈشتە ھەممىگە ماقۇل دەيتتى. قىزىقچىلىق قىلاتتى، گەپ قىلىشقا، باشقىلارنى كۈلدۈرۈشكە ئامراق ئىدى. ئەمما، بىر قارارغا كەلدىمۇ، بولدى، قاراردىن ھەرگىز يانمايتتى، چىمەنبانۇ ئۇنىڭ قارارىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئىككى كۈندىن بۇيان، چىمەنبانۇ ئېرى بىر پارچە تاش بولغان ھالەتتىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئورۇپ باقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. يەنە كېچىكتۈرۈۋېرىشكە بولمايتتى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ، ئىچىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپلىرىنى دەۋالماقچىدى.

كەچكى تاماقتىن كېيىن ئۇ ئېرى بىلەن گۈللۈكتە بىردەم ئايلاندى، ئاندىن ئادىتى بويىچە ھۇجرىسىغا ماڭدى. جەمشىدمۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ «خوش، خەيرلىك كەچ!» دەپ ئۆز ھۇجرىسىغا ماڭغاندا، چىمەنبانۇ ھۇجرىسىغا كىرمەستىن، جەمشىدنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

بۇ ئادەتتىن تاشقىرىلا بىر ئىش ئىدى. جەمشىد ھەيران قالدى، كۈلۈمسىرەپ قالدى، كۆڭلىدە: «بۇگۈن ئۇ باشقىچىلا تۇرىدۇغۇ؟ نېمە ئىش قىلماقچىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىمەنبانۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كىرگەنلىكىگە خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. چىمەنبانۇمۇ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەشنىڭ ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقمىغانلىقىنى پەرق ئېتىش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى.

— چىمەن، قەدىرلىكىم! قانداق تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟ — ئىككىيلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن جەمشىد ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى.

— تاپشۇرۇق؟ يوقسۇ، ھەددىم ئەمەس. بىر دېدەك باشقىلارغا تاپشۇرۇق بېرەلەيتتىمۇ؟ جانابلىرىغا ئېيتىدىغان بىرلا ئېغىز

گېپىم بار ئىدى.

— قېنى، سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە! — جەمشىد ئۇنىڭ ئەلپازى يامانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى.

— سىز ماڭا ئىنتايىن كۆيۈنسىڭىز كېرەك، شۇڭا تۇنۇگۈندىن تارتىپ مېنىڭ روھىي ھالىتىمنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىكى سەۋەبنى نەچچە قېتىم سورىدىڭىز ... — دېدى چىمەنبانۇ.

جەمشىد ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— شۇنداق، قەدىرلىكىم. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە! مەن سىزنىڭ غەمكىن يۈرۈشىڭىزنى خالىمايمەن. ئۆيدىكى كەيپىياتنىڭ سۇس بولۇشىنىمۇ ياقتۇرمايمەن. شۇ سەۋەبتىن سىزدىن نەچچە رەت سورىغانىدىم. بىراق، قەدىرلىكىم، سىز ئېنىق جاۋاب بەرمىدىڭىز ياكى جىم ئولتۇرۇۋالدىڭىز، ياكى مېنى گۇمانخورلۇق قىلىپ تېرىقتەك ئىشلارغىمۇ ھەيران قالىدىكەنسىز، دېدىڭىز.

— ئۇ مېنىڭ سىزنىڭ گەپنى ئۆز ئورنىدا، ئۆز ۋاقتىدا قىلمىدى دەپ بىلگىنىمدىن بولدى، — چىمەنبانۇ سەل تۇرۇۋېلىپ، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ ئەندىشەم، قايغۇمنى سىز راستتىنلا بىلمەمسىز؟

— بىلمەيمەن، سادىغاڭ كېتەي، تېزرەك دەڭە!

— ئۇنداق بولسا دەي. بۇنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ھېلىقى سۆزىڭىزنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ.

— نېمە، نېمە؟ سىز نېمىنى دەۋاتىسىز؟ — جەمشىد ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھودۇقۇپ سورىدى.

— سىزنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە قىلغان ھېلىقى سۆزلىرىڭىز، — دېدى چىمەنبانۇ جىددىي ھالدا.

جەمشىد ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا قاتتىق ھەيران قالدى.

— قەدىرلىكىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مېنىڭ گەپلىرىم سىزنى قانداقسىگە بىئارام قىلىدۇ؟ بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ زادى؟ مەن سىلەرنى غەمدىن خالاس قىلىش، بىر ئامال قىلىپ كۆڭلۈڭلەرنى ئېچىشنىڭلا كويىدا يۈرىمەن. مېنىڭ چاقچاقلىرىم بەزىدە سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ، سىزنى رەنجىتىش دەرىجىسىگە يەتمىگەندۇ؟

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم بۇ ئەمەس.

— قارىڭا سىزنى، يەنە ئېنىق ئېيتمايۋاتىسىز. ئەمىسە سىزنى قايسى ئىش خاپا قىلدى؟ مەن سىزنى قانداق قىلىپ غەمگە سېلىپ قويدۇم؟ ئەگەر ئويلىماي بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغان بولسام، مېنى كەچۈرۈڭ، قەدىرلىكىم!

— مەن بۇنى دەۋاتمايمەن، دېدىمغۇ!

— ئۇنداق بولسا، مەندىن نېمىشقا خاپا بولىسىز؟ — ئۇ شۇ گەپنى دەپ، چىمەنبانۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلدى، — ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىككى كۈندىن بېرى سىزنى غەمگە مۇپتىلا قىلىدىغان بىرەر ئىش بولغىنى يوق. بىز پەقەت يۈسۈپنىڭ توي ئىشى توغرىسىدىلا سۆزلەشتۇق.

— دەل مانا شۇ گەپلەر مېنىڭ بېشىمنى قاتۇردى.

— مەن بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ كېتىۋاتىمەنغۇ. ئوغلىمىزنىڭ توي ئىشى توغرىسىدىكى گەپلەر بېشىمنى قاتتۇردى دېسىڭىز، بۇ تازا غەلىتە ئىش بولمامدۇ؟ قەدىرلىكىم، يۈسۈپنىڭ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشى سىزنىڭمۇ كۆڭلىڭىزدىكى چوڭ ئىشقۇ؟ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزمۇ شۇ ئىدىغۇ؟

چىمەنبانۇ جەمشىدنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭغا قاراپ جىمجىت تۇرىۋەردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت، تىت-تىتلىق، نارازىلىق ۋە ئاغرىنىش چىقىپ تۇراتتى.

چىمەنبانۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھەقىقەتەنمۇ جەمشىد ھېس قىلغاندىكىدەك بۆلەكچىلا ئىدى. ئۇ جەمشىد سارىيىغا كەلگەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان، بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئېرى بىلەن

ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماقچى، تۇنجى قېتىم ئېرىگە ئۆزىنىڭ نېمە دېسە ماقۇل دەپ ئولتۇرىۋېرىدىغان ئايال ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى؛ ئېرى بىلەن سەنەۋەرنىڭ مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالمىغانلىقىنى، بۈگۈنمۇ گاچىدەك ئولتۇرمايدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولغانىدى.

بۇ ئەلۋەتتە، غەلىتە ئىش ئىدى.

چىمەنبانۇ جىمجىت ئولتۇرغان بىلەن كۆڭلى ئىنتايىن بىئارام ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ بەخت - سائادىتىم، ئۇمىد - ئارمانلىرىم ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. يۇسۇپنىڭ توي ئىشىنى ئويلىساملا يۈرىكىم پۇچىلىنىدۇ. سەن مېنىڭ بۇ دەردلىرىمنى قانداق چۈشىنەلەيسەن! سىلەر تىلى تۈزۈك، دىلى بۇزۇق ئەركەكلەر خوتۇنۇڭلارنىڭ ياستۇق قۇچاقلاپ ياتقىنى بىلەن كارىڭلار بولماي، ئۇلارنى يالغۇزلۇق ئازابىدا قىينايسىلەر. ئۆزۈڭلار تالادا جىگدە پۇراپ، خەقنىڭ خوتۇنلىرىغا مەستانە بولۇپ يۈرىسىلەر ياكى كىچىك خوتۇن ئېلىپ، ئۇنى كەھرىۋادەك ئەتىۋارلايسىلەر. سېنىڭمۇ يوشۇرۇنچە ئىش قىلىدىغان بۇزۇق ئەرلەردىن قىلچە پەرقىڭ يوق!» دەپ ئويلىدى.

چىمەنبانۇ ئاۋۋال سىلىق - يۇمشاق بولۇپ، كېيىنچە قاتتىقراق بولۇش قارارىغا كەلدى - دە، يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوتىنى كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— جەمشىد، يۇسۇپنىڭ توي ئىشىدا سىز چاقچاق قىلغاندەك ئويلانمايلا جاۋاب بەرمىسىڭىز بولاتتى. ئالدىنقى كۈنى كەچتە سىز ئۇلارنىڭ كۆزىچىلا مەندىن سورىدىڭىز، مەن نېمە دەيتتىم؟ يۇسۇپ سىزنىڭ ئويۇن قاتارىدا دەپ قويغان گېپىڭىزنى راست دەپ بىلدى. تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم. بۇنىڭمۇ قىلچە پايدىسى بولمىدى. بۇنداق چوڭ ئىشنى ئىككىمىز مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئاندىن بىرنېمە دېسىڭىز بولاتتى. ئەمدى بىز بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرىمىز؟

چىمەنبانۇ گەپنى ئىمكانقەدەر سىلىقراق قىلىشقا

تىرىشىۋاتاتتى.

جەمشىد چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىدى، نەچچە قېتىم گەپنى ئۈزمەكچى بولۇۋىدى، چىمەنبانۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۇنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. چىمەنبانۇ سەل توختىۋالدى، جەمشىد گەپ ئاچقۇچە چىمەنبانۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— سىزنىڭ گېپىڭىز بىلەن بۇ ئىشنى ئەمدى ئۇنىڭ يۇرىكىدىن چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. ياشلار ئىش قىلغاندا ئەقىل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرامدۇ؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ يۈزىنى يەرگە قارىتىدۇ. سىز بۇنداق ئىشلارنى ئاز كۆرگەنمۇ؟

چىمەنبانۇ گويا جەمشىدنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك گەپتىن توختىدى.

جەمشىد چىمەنبانۇنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سوزۇلغان نۇتقىنى چىداپ ئاڭلىدى، ئۇ توختىغاندىن كېيىن دەرھال گەپ باشلىدى:

— قەدىرلىكىم چىمەنبانۇ، سىز خاتا چۈشىنىۋالدىڭىزمۇ قانداق؟ شۇ چاغدا مەن يۈسۈپنىڭ پىكرىگە راستتىنلا قوشۇلدۇم، چاقچاق قىلمىدىم جۇمۇ!

— ھازىرچۇ؟ — چىمەنبانۇ ئۆزى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھازىر قوشۇلمايدىغانغا قانداق ئاساسىم بولسۇن؟

ھەممە ئىش چىمەنبانۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇ ئون يەتتە، ئون سەككىز يىلدىن بۇيان ئېيتالماي كېلىۋاتقان گەپلىرىنى ئېيتمىسا بولمايدىغاندەك قىلاتتى:

— مەن سىزنىڭ ئۆز پىكرىڭىزنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەن، ئۆزگەرتىڭ دەپ زورلىساممۇ بولماس. بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇيقۇڭىز كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. سىزگە

دەيدىغان گەپلىرىم ناھايىتى كۆپ ئىدى.

— ئۇيقۇم كەلمىدى، سۆزلەۋېرىڭ. قۇلىقىم سىزدە. بىراق، قەدىرلىكىم، بۈگۈن سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ئانچە نورمال ئەمەس. مەن سىزنىڭ بۇنچىۋالا ھاياجانلانغىنىڭىزنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن.

چىمەنبانۇنىڭ قېنى قايناپ ئاچچىقى بىراقلا سىرتقا تەپتى:

— توغرا، پۈتۈنلەي نورمال ئەمەس. سىز بۇنى تۇنجى قېتىم دېدىڭىز، بۇمۇ توغرا، راستتىنلا تۇنجى قېتىم، كېيىنكى ئېھتىمالىيەتكە، بۇ ھەم تۇنجى قېتىملىقى، ھەم ئاخىرقى قېتىملىقى، يىرىڭلىق جاراھەت ئاخىرقى چېكىگە يەتتى، ئۇنى ئەمدى يېرىۋەتمەي بولمايدۇ، ئىچىدىن يىرىڭ چىقامدۇ، قان چىقامدۇ ياكى سۇ چىقامدۇ، ئەمدى چىقسۇن، قانچە تولۇق چىقىپ كەتسە، شۇنچە ياخشى.

جەمشىدكە چىمەنبانۇنىڭ سۆزلىرى غەلىتە، ئۇشتۇمتۇت ۋە دەھشەتلىك تۇيۇلدى.

ئۇنىڭ زۇۋان سۈرمىگىنىنى كۆرۈپ، چىمەنبانۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جەمشىد، يۈسۈپنىڭ توي ئىشى توغرىسىدا سىزنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق قارار چىقىرىشىڭىزغا مەن قىلچە تەسىر كۆرسەتمەسمەن، شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويايكى، مەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر قىز بىلەن، ئۇياتسىز بىر جالاپنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمايمەن. ھېچكىمنىڭ قاراپ تۇرۇپ چىۋىننى يۇتقۇسى كەلمەيدۇ – دە!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جەمشىد ھەممىنى چۈشەندى، قاتتىق ئېلىشىشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ جەڭنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ كېچىدە ۋارقىراپ – جارقىراشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ئېنىق، ھەيۋىسىگە تايىنىپ بېسىم بىلەن قايىل قىلىش كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلىسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئوبدان تەدبىر ئەمەس، ياخشىسى، ئۆزى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ئۇسۇل

بويىچە ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇش كېرەك. مال ـ مۈلۈك، كۆچ ـ ھەيۋە ئارقا تىرەك بولۇپ تۇرغاندا ھودۇقۇپ ۋە ئالدىراپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇرۇن قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوللۇق، ھازىر قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ داۋاملىق شۇ بويىچە قىلىۋەرسە بولىدۇ.

— زادى نېمە ئىش بولدى، قەدىرلىكىم، ئېنىقراق ئېيتسىڭىز قانداق؟ — دېدى جەمشىد كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماڭا قارىڭا، قەدىرلىكىم، سىزگە باشقىلار بىلمەيدىغان ئىشلارنى بىلىۋالىدىغان بىرەر ۋەھى كەلدىمۇ، قانداق؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئىشىنىڭكى، مەن سىزنىڭ تۇنجى مۇرىتىڭىز بولاي.

— بولدى، ساختىپەزلىك قىلماڭ، — دېدى چىمەنبانۇ جىددىي تۇردە، — خەقلەر ماھىنۇرنىڭ ئاپىسىنى سىزنىڭ ئاشنىڭىز ئىكەن دېيىشىدۇ. بۇنى سىز ئېنىق بىلىسىز. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— چىمەن، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — جەمشىد قىلچە ئىككىلەنمەي ئىنكار قىلدى، — ۋاي خۇدايىمەي، بۈگۈن مېنى قانـداق پالاكەت باسقاندۇ، بۇنداق خورلۇق تارتقۇدەك؟ ئەمەلىيەتتە ...

— ساختىپەز! پېشانىڭىزنى سىلاپ بېقىڭا! سىزدىن نومۇسسىز ئادەممۇ بارمىدۇ؟ — جەمشىد سۆزلەۋاتقىنى ئۇچۇن، چىمەنبانۇنىڭ بوش ئاۋازدا تىللىغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالماي قالدى.

— چىمەن، سىز ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدىڭىز. قانداق بولۇپ خەق نېمە دېسە سىزمۇ يېنىكلىك بىلەن شۇنى دەيدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ مەن سىزدىن بۇنداق ئاساسسىز گەپلەرنى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان. سىز ماڭا خۇددى خۇدانىڭ بەرھەقلىكىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتىڭىز. بۈگۈن قانداق بولۇپ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قالدىڭىز؟

چىمەنبانۇ غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئادەم

ئالدايدىغان بۇنداق ياسالما گەپلەرگە ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ مانا مۇشۇ رەھىمسىز، سوغۇق دۇنيادا تارتقان نەچچە ئون يىللىق دەرد ـ ئەلەمىنى بىراق تۆكۈۋەتكۈسى كېلەتتى.

— مەن سىزگە راستىمنى ئېيتاي، — دېدى ئۇ، — مەن خەق نېمە دېسە شۇنى دەيدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ نومۇسسىز خوتۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەن شۇنداق ئويلىغان. بۇ ئون يەتتە ـ ئون سەككىز يىلنى مېنىڭ قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ سىز مېنى قۇتۇلدۇردىڭىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭىز؛ سىز ماڭا بەخت ئاتا قىلدىڭىز. لېكىن، يەنە ھېلىقى ئۇياتسىز بىلەن بىرلىكتە بەختىمنى تارتىۋالدىڭىز. سىز ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمىگىنىڭىز بىلەن، ئەخلاقلىق ئىش قىلىپ باققىنىڭىز يوق. سىز ساختىپەز، نومۇسسىز، سىز ۋەھشىي ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم پۇخادىن چىققۇدەك ئادەم تىللىشى، كۆڭلىگە چوڭقۇر يوشۇرۇپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەمىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا تۆكۈشى ئىدى.

— چىمەنبانۇ، گەپنى ئويلاپ قىلىڭ جۇمۇ! — جەمشىدنىڭ يۈزىدە كۈلكىدىن ئەسەر قالمىدى. بۇ ئۇنىڭ چىمەنبانۇ بىلەن توي قىلغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق گەپ قىلىشى ئىدى. جېدەل چوڭىيىپ كەتسە ئۇنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ تۆكۈلەتتى. شۇڭا، ئۇ دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، جېدەلنى بېسىش چارىسى بىلەن خوتۇنىنىڭ غەزىپىنى پەسەيتمەكچى بولدى:

— قەدىرلىكىم چىمەن، ئىككى ئائىلىنىڭ بالىلىرى چوڭ بولۇپ قالغاندا بۇنداق جېدەللەشسەك بۇنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟

— ئۇنداق بولسا ئېيتىڭا، سەنەۋەر بۇ يەرگە زادى قانداق كېلىپ قالغان؟ — دېدى چىمەنبانۇ.

— قەدىرلىكىم چىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، سەنەۋەر راستتىنلا

ئاغىنەم دانىيالنىڭ خوتۇنى. قەسەم ئىچىپ بەر دېسىڭىز ئىچىپ بېرەي. دانىيال ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىمۇ ئورۇق ـ تۇغقانلىرى تالاپ تۈگىتىپتۇ. تايانچىسىز قالغان بۇ ئانا ـ بالىلار كوچىغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. مەن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ، ياردەم قولۇمنى سۇندۇم، بۇنداق قىلىشىم خاتامۇ؟

چىمەنبانۇ بىرنېمە دېگۈچە جەمشىد ئارقىدىنلا يەنە:

— دانىيال ئىككىمىز قەدىناس دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ هايات چاغدا، بىز بىر ـ بىرىمىز ئۈچۈن جېنىمىزنىمۇ ئايىماسلىققا، ئىككىمىزدىن قايسىمىز هايات بولساق، يەنە بىرىمىزنىڭ بالىۋاقىلىرىنى بېقىشقا سۆز بەرگەن، بەختكە قارشى، دانىيال مەندىن بالدۇرراق ئاللانىڭ دەرگاهىغا كەتتى. مەن ئۆز قەسىمىمنى ئورۇندىشىم كېرەك، بۇ مېنىڭ زادىلا باش تارتقىلى بولمايدىغان بۇرچۇم ئىدى. ئەھۋال مانا شۇنداق. قەسەمنامىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى هېلىمۇ سەنەۋەرنىڭ قولىدا بار. سىز ئۇ بىچارە سىڭلىڭىزنى يوقلاپ قويۇشنى زادىلا خالىمىدىڭىز. سىلەر ئۇبدان تونۇشۇپ قالغان بولساڭلار، ئۇ ئەھۋالنى سىزگە تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى، — دېدى.

جەمشىدنىڭ مۇداپىئە ئىستىهكامى بەئەينى قۇمدىن ياسالغان مودېلدەك ئىدى، ئىتتىرىپلا قويسا پۇتۇنلەي بەربات بولاتتى، بۇنى چىمەنبانۇ بىلەتتى، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە سۆزلەشسىمۇ جەمشىدنىڭ يېرىم ئېغىز بولسىمۇ راست گەپ قىلمايدىغانلىقىنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى جان تىكىپ قوغدايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ھەپىلىشىشنىڭ هاجىتى يوقلۇقىنى هېس قىلدى. ئەمما، دەردىنى چىقىرىۋالمىسا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى جەمشىدكە بىلدۈرۈپ قويمىسا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئەمدى داۋاملىق چىمەنبانۇنى گاس، قارىغۇ، گاچا، ئەخمەق دەپ بىلىشىگە يول قويۇشقا بولمايتتى. ئۇ بايىقى سۆزلىرى بىلەن شۇ

مەقسىتىگە يەتكەندى، ئەمدى ئۇنىڭ جەمشىدتىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ قويۇشى پەقەتلا جەمشىدنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەخمەقلەرچە قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، ئۇ جەمشىدتىن سورىدى:

— شەمسىيە بىلەن گۆھەر قانداق تۇغۇلغان؟ سىز بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

جەمشىد بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، ئاندىن شۇنداق دېدى:

— بۇنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزمەن، مەن پەقەت ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىنلا دوستۇم ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم. سەنەۋەرنىڭ كىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مېنىڭ شارائىتىم مۇشۇنداق بولغاندىكىن، خەقلەر سەنەۋەرنى مېنىڭ ئاشنام دېيىشتى، ئۇ ئىككى بالىنىمۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، دەپ يۈرمەكتىن باشقا ئامالىم يوق.

— باشقا ئىشلاردىغۇ بىر مەر باھانە بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاقلارسىز، بۇ ئىشتا ئۇنداق قىلالىشىڭىز تەس. بۇ ئىككى بالىنىڭ تۇغۇلۇشى سەنەۋەرنىڭ سىز بىلەن ياكى باشقا بىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىدىن بولغان، — چىمەنبانۇ ئىچىدە باشقىچە ئويلىغان بولسىمۇ غەزەپلەنمىدى. جەمشىد ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا سۆزلىدى:

— بولدى، ئاغزىمغا كەلدى دەپ قارىسىغا گەپ توقۇۋەرمەڭ. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ئەجەبا، سىز مېنىڭ يۈسۈپكە بولغان مۇھەببىتىمنى كۆرمىگەن بولسىڭىز ـ ھە ؟ !

جەمشىدنىڭ يۈسۈپكە بولغان مۇھەببىتى چىن، چوڭقۇر، سەمىمىي مۇھەببەت ئىدى، ئۇنىڭدىن زادىلا قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى. بۇنى ئويلاپ چىمەنبانۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى تېزلا يۇمشىدى.

— بۇلارنى مەن توقۇپ چىققىنىم يوق، سىزنىڭ

هامىيلىقىڭىزدىكى ماھىنۇرنىڭ ئايىسىنىڭ زادى قانداق سالاھىيەتتىكى ئادەملىكىنى ھەممە خەق بىلىدۇ. خەقلەرنىڭ نىمىلەرنى دەپ يۈرگەنلىكىدىن يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭمۇ خەۋىرى بار، — چىمەنبانۇ جەمشىدكە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەگەر مەن باشتا بۇ خوتۇندىن گۇمانلانغان ياكى سىزدىن خاتىرجەم بولمىغان بولسام، ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا ئۇنى بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇزمىغان بولاتتىم ! بۇ ئىش توغرىسىدا تا مۇشۇ كۈنگىچە سىزنى زادىلا ئەيىبلىمىدىم، بۇنىسى ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان. ئەمما، ئۆزىڭىز توغرا يولدا ماڭمىدىڭىز ... ھەي، بولدىلا، سىز بەربىر بۇنى بوينىڭىزغا ئالمايسىز.

ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى. چىكىلداپ تۇرغان تام سائىتى ئون ئىككىگە داڭ ئۇردى.

— ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەنگە ھېساب بولسۇن، قەدىرلىكىم چىمەن، ئۇلارنى غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن قارا بۇلۇت دەپ قويايلى. كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغان، بۇنىڭغا نىمە ئاساسىمىز بار؟ بۇنى پەقەت بىرلا خۇدا بىلىدۇ. تۈتۈرۈقسىز ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشتىن نىمە پايدا چىقىدۇ؟

— ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دېمەيمۇ ئامال قانچە، — دېدى چىمەنبانۇ.

گەرچە ئۇ يۈرىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەردىنى چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى نىمە قىلالىدى؟ بۇ ھال چىمەنبانۇنى: «بۇ جەمئىيەت ئاياللارغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرمىگەنىكەن، شۇڭا ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ بىكار، ياخشىسى، ھېچنىمە دېمەسلىك كېرەك» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويدى.

— قەدىرلىك چىمەن ! — جەمشىد غەرەزلىك ھالدا سائىتىگە قاراپ قويدى، — مېنىڭچە يۇسۇپنىڭ پىكرىگە قوشۇلساقمىكىن

دەيمەن. بۇ ئەڭ ئاقىلانە، ئەڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ساقلايدىغان چارە. يۇسۇپ ھازىر چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بەزى ياشلارغا ئوخشاش ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي، بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئالدى. ناۋادا، بىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، ئۇمۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىماي، بىرەر ئىش چىقىرىپ قويسا بىزگە نېمە پايدىسى؟

چىمەنبانۇمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرىگىنى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ماقۇل كەلدى، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ جەمشىد بىلەن بولغان بايىقى جەڭدىن جەمشىدنى ئۆز پىكرىدىن قايتۇرۇش تامامەن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنداقتا يەنە داۋاملىق سوكۇت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە!

— جەمشىد، ئۆزىڭىز بىلىپ، قانداق قىلساق مۇۋاپىق بولسا شۇنداق قىلىۋېرىڭ! — دېدى چىمەنبانۇ.

چىمەنبانۇ ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

# ئونىنچى باب

ئەتىگەندە سەيلە قىلىپ قايتقان يۇسۇپ ئۆدۈل ھۇجىرىسىغا كىرىپ كەتتى. پېتىر گېزىت بىلەن چاينى شۇ ھامان ئۇنىڭغا ئەكىرىپ بەردى، ئۇ ئەمدىلا چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، يۇسۇپ ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى، ئەمما گەپ قىلماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. پېتىر ئىچىدە: «ئاپلا ! مەن قايسى ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندىمەن؟ بەگزادە نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنداق تىكىلىپ قارايدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

يۇسۇپنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا شادلىق ۋە خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى، ئارقىدىن چىرايىدا كۈلكە تەپچىدى. ئۇ پېتىرنىڭ يېنىغا كېلىپ قوللىرىنى پېتىرنىڭ يەلكىسىگە تاشلاپ سىلكىپ قويدى، ئاندىن ئۇنى تارتىپ شىرەگە يېقىن ئەكەلدى. پېتىر تېخىچىلا نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇراتتى.

— پېتىر، — دېدى يۇسۇپ، — مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشال ...

يۇسۇپ بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكلا ھاياجانلىنىپ ئالىجوقىلىق قىلىپ قويغانلىقىنى سەزدى بولغاي، پېتىرنىڭ يەلكىسىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، گېزىتنى ئالدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— پېتىر، ھېچ ئىش يوق، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ ! — دېدى.

پېتىر گاڭگىرىغان ھالدا چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭغا بەگزادە بۆلەكچىلا بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

پېتىرغا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى يۇسۇپنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى

ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بىرەر ئادەمگە ئاشىقى بىلەن ئۇچرىشىش ئالدىدىكى بەختىيار ھېسسىياتىنى بىلدۈرگۈسى، ئۇنى ئۆز خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلغۇسى، ئۇنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن قانغۇدەك سۆزلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئوينىغۇسى كېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن كۆڭلىدىكى ئادەمگە مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلماقچىدى. تەلمۈرۈپ كۈتكەن ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ھاياجانلانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك بىئارام بولۇپ باققان ئەمەس. بۇنداق بولۇشىمۇ ھەم ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببىتىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ كەلگەن، مانا بۈگۈن شۇ قۇلۇپ ئېچىپ تاشلانماقچى. شۇڭا، يۈسۈپنىڭ تىزگىنىدىن بوشانغان ئاتتەك ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ماھىنۇر تەرەپكە قاراپ چېپىشقا تەييار تۇرۇشى تەبىئىي ئىدى.

زارىقىپ كۈتكەن گۇگۇم پەيتى ئاخىر يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ، ماشىنىسىنى ھەيدىگىنىچە جەمشىد داچىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا قانات ياساپ بىراقلا ئۇچۇپ بارغۇسى كېلەتتى.

ماھىنۇرلارنىڭكىگە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلەپ بارمايدىغان ئىش يۈسۈپتە ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. بۇ ھال ماھىنۇرنى بەكلا تىت ـ تىت قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇ «يۈسۈپكە نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ تېلېفون بىرىپ سوراپ باقماقچى بولۇپ، قولىنى بىرنەچچە قېتىم تۇرۇپكىغا ئۇزاتتى ـ يۇ، يەنە تارتىۋالدى. «ئۇنچىۋالا غەم قىلىپ كەتمىسەممۇ بولار، مۇھەببەت دېگەن ناھايىتى ئاسانلا گۇمان پەيدا قىلىدىغان نەرسە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېفوننى باشقا ئادەم ئالسا نېمە دەيمەن؟ مەندە يۈسۈپنى ئىزدەيتتىم دەيدىغان غەيرەت بولمىسا.» ماھىنۇر

شـۇلارنـى ئۇيلاپ، يـەنـىلا «ئۆزۈم بـارغـىنـىم تـوزۇك. باشقــىلار كۆرسىمۇ، يولى توغرا كېلىپ قېلىپ، كىرگـەن ئوخشايـدۇ دەر» دېگەن يەرگە كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەتتىكى رەختتىن تىكىلگەن يارىشىملىق كۆڭلىكىنى كىيدى. چاچلىرىنى مۇنـداقلا تۈزەشتـۈرۈپ سىرتقا چىقمشقا هازىرلاندى. ئـەمەلىيـەتتە ئۇنـىڭ هۆسن ـ جامالىغا پـەردازنىڭ لازىمـى يوق ئىدى، گـىرىم قىـلىسۇن ـ قىـلمىسۇن، ئىسىـل كىيـىم كىيـسۇن ـ كىيـمىسۇن، ئـۇنىڭغا ئوخشاشلا يارىـشىۋېرەتتى. ماهـىنۇرنىڭ سـىرتقا مـاڭغىـنـىنى كـۆرگـەن دەرۋازىـۋەن، گۇلچـى ۋە شـوپۇر ئـۇنـىـڭ تاپـشۇرۇقـىنـى بـەجا كەلتۈرۈشكە تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ، هـۆرمەت بىلـەن سالام بېرىشتى. ماهىنۇرمۇ ناهايىتى ئەدەپ بىـلەن ئۇلارغا سـالام قايتۇرۇپ، ماشىنا ئىسكىلاتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شوپۇر باشتا ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىغا كەلگەنـدە ئىتتىك بېرىپ ئىشكنى ئېچىـپ، ماشىنـىنى هەيـدەپ چىقىش ئۈچۈن ئىچىگە كىرگەندە، ماهىنۇر ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا:

ــ بولـدى، ماشـىنـىنى بـۈگـۈن ئۆزۈم هەيـدەي، ــ دېـدى ۋە ماشىنىغا چىقىپ، ئوت ئالدۇرۇپ ئىسكىلاتتىن ئاچىقتى.

ماهىنۇر ماشىنىنى هەيدەپ دەرۋازىدىن چىقىپلا، يـۈسۈپنىـڭ ماشىنا بىـلەن بۇيـاقتا كېـلىۋاتقـانلىقـىنى كۆردى ـ دە، دەرهـال تورمـۇز بېرىپ، خىجىل بـولغان هالـدا يۈسۈپنىـڭ كېلىـشىنـى كۈتۈپ تۇردى.

يۈسۈپ ماشىنىسىنـى ماهىنـۇرنىڭ ماشـىنىسـىنىڭ يـېنىغا هەيدەپ كېلىپ توختاتتى.

ــ ماهىنۇر، نەگە ماڭدىڭىز؟

يۈسۈپنىڭ سوئالى ماهىنۇرنى تېخىمۇ تـەمتىرىـتىپ قويدى. ئـۇ دەماللىـققا نـېمە دېيـىشـنـى بـىلەلـمـەي قالـدى. يـۈسـۈپ ئارقىدىنلا:

ــ كۆڭۈلۈبقا كېتىۋاتامتىڭىز يا؟ ــ دەپ سورىدى.

— ياق، يۈسۈپ، مەن كۆلۈبقا يالغۇز بېرىپ باقمىغانغۇ، — دېدى ماھىنۇر.

— ئۇنداقتا، ئۆزىڭىزگە بىللە بارىدىغان ھەمراھ ئىزدەپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ ئۇنداق بولسا سىزگە مەنلا ھەمراھ بولاي! — دېدى يۈسۈپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

يۈسۈپنىڭ گەپنى بۇنداق چاقچاق بىلەن قىلىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولاتتى، شۇڭا ماھىنۇر شۇ ھامان ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ يەرگە قارىۋالدى. كۆڭلىدە بولسا: «بۈگۈن يۈسۈپ باشقىچە بولۇپ قاپتۇغۇ؟ بۇنداق ھېيىقماي گەپ قىلغىنىغا قارىغاندا ئۇ جەزمەن قانداقتۇر بىر رومانتىك ھېكايە ئوقۇغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى.

ماھىنۇر يۈسۈپنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇنى - بۇنى سوراشنى خالىمايتتى. بۇنداق قىلىشقىمۇ خىجىل بولاتتى، شۇڭا ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يۈسۈپ، نەچچە كۈندىن بېرى نەگە كەتتىڭىز؟

يۈسۈپ ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك ماشىنىنىڭ يان ئىشىكىنى ئېچىپ، ماھىنۇرنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى:

— يۈرۈڭ، ئىككىمىز بىللە بارايلى!

ماھىنۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، شوپۇرغا ماشىنىنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئاندىن يۈسۈپنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، يۈسۈپ ماشىنىنى ھەيدىدى. ماشىنا داچىدىن چىقىپ كەتتى.

ماھىنۇر يۈسۈپنىڭ، ئۆزىڭىز يالغۇز نەگە ماڭدىڭىز، دەپ سوراۋەرمىگىنىگە خۇشال بولۇپ ئولتۇردى، بولمىسا ئۇ يەنە تەڭلىكتە قالغان بولاتتى.

— بۈگۈن كۆلۈبقا بارمىساق قانداق؟ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلى! — دېدى يۈسۈپ.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى ماھىنۇر.

ئۇلار كۆنچىقىش تەرەپكە سوزۇلغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
ماشىنا ناھايىتى ئىتتىك كېتىۋاتاتتى، شەھەر ئەتراپىغا بارىدىغان تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەل - دەرەخلەر، ئېدىرلىقلار ۋە يىراق - يېقىندىكى كەنت - مەھەللىلەر ماشىنا دېرىزىسى ئالدىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇراتتى. يۈسۈپنى كۆنبويى قىيناپ كەلگەن روھىي ئازاب ئاخىر تۈگىگەندى. يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ نۇر ۋە خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى. خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالمايۋاتقان يۈسۈپكە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا شاد - خۇراملىققا چۆمگەندەك تۇيۇلاتتى، شاماللار ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك، يېشىللىققا پۈركەنگەن باغلار ئۆزىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك، ياۋا گۈللەر بېشىنى لىڭشىتىۋاتقاندەك، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.
مەيىن شامال يۈزلەرنى سىيپاپ تۇرىدىغان بۇ ئارامبەخش گۈگۈم پەيتىدە، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاشىقى بىلەن شەھەر سىرتىدىكى تېپتىنچ خىلۋەت تاشيولدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان يۈسۈپ پۈتۈنلەي مەستخۇش ھالەتتە ئىدى.
ماھىنۇر بۇرۇنقىدەكلا ئۈنىڭغا يېقىن ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا، يۈسۈپ ئەھۋالنىڭ بۇرۇنقىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. بۇرۇن ئۇ، ماھىنۇر بىلەن ئىككىمىزدە نۇرغۇن ئورتاقلىقلار بار، دەپ قارايتتى، شۇنداقتىمۇ بىر غايىبانە تام ئۇلارنى ئايرىپ تۇراتتى. بۈگۈنكى ئەھۋال تامامەن باشقىچە ئىدى. ھېلىقى تام بۇزۇپ تاشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى، ماھىنۇر ئۇنىڭ خوتۇنىغا، ئۆمۈرۋايەت ھەمنەپەس، تەقدىرداش سىردىشىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.
مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ئۆزىنى گويا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمىدا تۇرغاندەك سەزدى: ئەنە، داغدۇغىسى پەلەككە يەتكەن ناغرا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە ئۇ قولىغا

چېتىگە كالۋۇتۇندىن چوڭچا تۇتۇلغان تويلۇق بۆكىنى ئېلىپ، ئاجايىپ مەمنۇنىيەت بىلەن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كۆشكىگە كىردى. كۆشكىدە چىراغلار چاقناپ، ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئەنبەرلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلاتتى؛ رەڭگارەڭ دەستە ـ دەستە گۈللەر يۇسۇپنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، ئۇنى بەئەينى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى؛ ھەشەمەتلىك، نەپىس كىيىملەر بىلەن تېخىمۇ زىبالىشىپ كەتكەن ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالاتتى. يۇسۇپ ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ يېنىشلاپ قارايتتى. ئۇ ئېڭىشىپ، قولى بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئۇياتچان يۈزىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندە، ماھىنۇر ياخشىلىق بەلگىلىرى سىزىلغان قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالاتتى. ماھىنۇرنىڭ ئايدەك گۈزەل رۇخسارى ۋە خىجىللىق ئارىلاش ئوماق تەبەسسۇمى يۇسۇپنىڭ كۆزىگە تاشلىنىش بىلەن تەڭ، يۇسۇپ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ: «ھەي، سىز ھىلال ئايمۇ ياكى ماھىنۇرمۇ؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ماشىنا غۇيۇلداپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ماھىنۇرمۇ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت، يۇسۇپنىڭ ئۆزىدىن بىرنېمىنى سورىغانلىقىنى ئاڭلاپ:

ـــ يۇسۇپ، نېمە دېدىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ئاۋازىنىڭ چىڭراق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ خىجىل بولدى ـ دە، دەماللىققا گەپ تاپالماي قالدى.

يۇسۇپ ئاخىر ئۆزىنى بېسىۋالدى:

ـــ مەن سىزگە نېمىشقا گەپ قىلمايسىز، دەۋاتىمەن.

ماھىنۇر ئىختىيارسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ:

ـــ سىز بەكلا ئادالەتسىز ئىكەنسىز، ئۆزىڭىز گەپ قىلىپ ئولتۇرغانمىدىڭىز؟ ـــ سىزنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىڭىزغا تېخى مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتى. سىزنى بۇنداق ھالەتتە

ناھايىتى ئاز كۆرگەنمەن، — دېدى.
— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى خالامسىز؟
يۇسۇپ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ماھىنۇرغا قارىدى.
ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تارتىنماي، قورۇنماي گەپ قىلىۋاتقان بۇ ھالىتىدىن ئەجەبلىنىپ «ھەئە» دېدى ـ دە، يەرگە قارىۋالدى.
— بايا مەن بۇ يەردە بولمىسام، نەدە يۇرۇپ گەپ قىلىمەن؟ — دېدى يۇسۇپ.
— باياتىندىن بېرى مۇشۇ يەردە بولماي نەدە ئىدىڭىز؟ نەگە بارغانتىڭىز؟ — دېدى ماھىنۇر چۈشىنەلمەي.
— مەنچۇ، ئاجايىپ گۈزەل بىر يەرگە باردىم. ئۇ يەردە ئادەمزات دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ مەنزىرىلەر بار ئىكەن!
— نېمە؟ ھەيران قالغۇدەك ئىشقۇ بۇ! — دېدى ماھىنۇر ۋە چاقچاق قىلدى، — چۈشەندىم، بايا سىز چۈش كۆرۈپسىز، چۈشىڭىزدە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر ئىشقا يولۇققان ئوخشايسىز.
— شۇنداق، چۈش كۆردۈم. ئىلاھىم، بۇ چۈشۈم ئوڭۇمغا ئايلانغاي.
— بۇ گەپچە سىز ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىشقا يولۇققان ئوخشايسىز.
— راست دەيسىز.
— ئۇنداق بولسا بۇ چۈشنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.
— ۋاي ـ ۋۇي ماھىن! — يۇسۇپ ماھىنۇرنى تۇنجى قېتىم شۇنداق ئاتىغاچقا، ھەر ئىككىسى ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يۇسۇپ ئارقىدىنلا، — بۇ ئاسانغا چۈشمەسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟
— بايا مەن چۈشۈمدە بارغان يەر مېنى قورقۇتىدىغان يەر.
— ئۇنداقتا، سىزنى قورقۇتىدىغان يەرگە بېرىپ نېمە قىلىسىز؟
— چۈنكى ئۇ يەردە مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان گۈزەللىك بار، بولدى، بۇنى سىزگە كېيىن سۆزلەپ بېرەي.
— سىز بۇ گەپلەرنى ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا توقۇپ چىقتىڭىز. كاللىڭىزنىڭ ناھايىتى ئىشلەيدىغانلىقىغا قول قويدۇم، — دېدى ماھىنۇر كۈلۈپ.
يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:
— ئاھ، خۇدا! مېنىڭ تەلىيىم بار ئوخشايدۇ. سىزنىڭ ماختىشىڭىزغا مۇيەسسەر بولۇش مەن ئۈچۈن چوڭ ئامەت! — دېدى.
ماھىنۇر ئەمدى بۇ چاقچىقىدىن ئىزا تارتىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:
— بولدى، بولدى! قۇرۇق گەپنى جىق قىلىپ كەتتىڭىز قارىغا، چىمەنباغقا كېلىپ قالدۇق. قالغان گەپنى شۇ يەردە دەۋالارسىز. ۋاقىت دېگەن تولا.
باغچە تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە تەبىئىي مەنزىرىمۇ، ماھىر ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان ئاجايىپ ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. ھەممە يەر مەخمەلدەك يايپېشىل ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغانىدى. رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر گوياكى جەننەتنى ئەسلىتەتتى.
يۈسۈپ ھېلىقى سۈرەت سىېلىنغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ماھىنۇر بىلەن بىللە ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار چىغىر يولنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ سەيلە قىلىشتى. ئاندىن دەرەخلىكە كىرىپ ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئەمدى ئولتۇرۇشىغا بىرنەچچە تال ئاق گۈل ماھىنۇرنىڭ بېشىغا، كېيىن قۇچىقىغا چۈشتى.

— ماھىنۇر، كۆردىڭىزمۇ؟
— نېمىنى؟ — دېدى ماھىنۇر يۇسۇپكە ھەيران بولغان ھالدا قاراپ.
— ئاۋۇ گۈلنى دەيمەن، بۇ گۈل ئادەم تونۇيدىكەن، دۇنيادىكى گۈزەل نەرسىلەر گۈزەللەرنى تونۇيدىكەنغا.
— سىز بۈگۈن تېپىشماقتەك گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟ — دېدى ماھىنۇر ئىزا تارتقاندەك تەلەپپۇزدا.
— تېپىشماق تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — يۇسۇپ ماھىنۇرنىڭ قۇچىقىدىكى ھېلىقى گۈلنى كۆرسەتتى، — قارىڭا، گۈللەر سىزنىڭ ئۇستىڭىزگىلا چۈشۈۋاتىدۇ. يۇسۇپ بىلەن قىلچىمۇ كارى يوق. گۈللەرمۇ زىلەيخانى تونۇۋاپتۇ!
يۇسۇپنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان چاقچاقلىرى ۋە ماھىنۇرنىڭ قارىشىچە، تازا چاك باسمىغان ئوخشىتىشلىرى ماھىنۇرنى سەل ئالاقزادە قىلىپ قويدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ يەنە مۇھەببەت سۆزلىرىنى قىلىپ قويۇشىدىن قورقاتتى. شۇڭا، ئۇ كۆلگىنىچە قۇچىقىدىكى گۈللەرنى ئېلىپ، يۇسۇپنىڭ بېشىغا ئاتتى:
— كالللىسى ئېلىشىپ قالغان بۇ گۈللەر چۈشىدىغان يېرىگە چۈشمەي، نېمىشقا ئادىشىپ بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغاندۇ؟!
ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ مۇھەببەتلىك گەپلەر ئىدى. ئۇ بۇنى سېزىپ خىجىل بولۇپ كەتتى ـ دە، دەرھاللا:
— ئەسلىدە گۈل سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە چۈشسە توغرا بولاتتى. مەندەك بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ نابۇت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.
ماھىنۇر ئۆزىنىڭ خىيالىدىكى گەپلەرنى دەپ بولالمايلا ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدى. چۈنكى، ئۇ چۈشەندۈرگەنسېرى گەپلىرىنىڭ شۇنچە قولاشمايۋاتقانلىقىنى سەزگەندى. ھېلىمۇ ياخشى، يۇسۇپ قولىدىكى سومكا بىلەن بولۇپ كېتىپ ماھىنۇرنىڭ گېپىگە دىققەت قىلمىغانىدى.

— مېنىڭ كىچىككىنە، ئەمما ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلسىڭىز ! — يۇسۇپ قولىدىكى سومكىنى ماھىنۇرغا ئۇزاتتى.

ماھىنۇر ھەيران بولۇپ: «كىچىك، ئەمما قىممەتلىك دېگىنى قانداق سوۋغاتتۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ماھىنۇر سومكىنى ئېلىپ، گاڭگىرىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە ئەمدىلا سومكىنى ئاچقىلىۋاتقاندا، ئۇنى يۇسۇپ توسۇۋالدى:

— ئالدىدا گېپىمنى ئاڭلاڭ، — دېدى يۇسۇپ سومكىنى قولى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، — ئەگەر مەن بۇ سوۋغاتنى ھاياتىمنىڭ ئالبومى، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم، دۇنيادا تەڭدىشى يوق، جەننەتتىنمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، دەيدىغان بولسام، بەلكىم سىز مېنى تېپىشماق ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلارسىز. ياق، ماھىنۇر، — ئۇ گېپىگە ئۇلاپلا مۇنداق ئىككى مىسرا بېيىت ئوقۇدى:

سىز الىمايدۇ چېھرىڭنى داڭلىق ماھىر رەسساممۇ،
يارىتالماس ھۆسنۈڭنى كارامەتلىك ئاللامۇ.

ماھىنۇر تېخىمۇ گاڭگىراپ: «ھاياتىمنىڭ ئالبومى؟ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق؟ بۇ زادى قانداق گەپتۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ماھىنۇر بۇ ھەقتە يەنە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ سومكىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەنزىرە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ سىزىلغان ئۆزىنىڭ رەسىمى تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ قۇرۇق سومكىنى يۇسۇپكە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقاندا دىققەتسىزلىكتىن رەسىم قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئەينەك ۋە رامكىلىرى پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يۇسۇپنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئاپلا، ماھىنۇر ! نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ئىش ھە دېگەندىلا

پىشكەللىكتىن باشلانىدىغۇ، مىنىڭ ئارزۇيۇم ... — ئۇ كۆڭلىدىكى ئاغرىنىشنى يوشۇرالمىدى.
يۇسۇپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇ قىمىر قىلماي، ئىككى قولىنى بىلىگە تىرىگەن ھالدا نىمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ماھىنۇر ئالمان ـ تالمان رەسىمنى يەردىن ئالدى. ئۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە قالغانىدى. بولۇپمۇ يۇسۇپنىڭ بۇنچە ئىچ ئاغرىقى تارتقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇۋەتتى.
— كەچۈرۈڭ، يۇسۇپ ! — دېدى ماھىنۇر چىن دىلىدىن ئەپۇ سوراپ. ئۇ يۇسۇپنىڭ بايا ياخشىلىق، پىشكەللىك دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئالدىراپ سورىدى، — ھە، راست، بايا سىز نېمە دېدىڭىز؟ ئەينەكنىڭ سۇنغىنى پىشكەللىك بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ مەن بۇرۇن بۇنداق گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمەنغۇ؟
يۇسۇپ ئۇنچىقمىدى، ئەمما توختىماي خورسىناتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ماھىنۇر تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.
— يۇسۇپ، سىز تېخىچىلا مۇشۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرەمسىز؟ مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى ماھىنۇر ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن. يۇسۇپ تېخىچىلا زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى.
ماھىنۇر رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتى:
— ئەجەب ياخشى سىزىپسىز ! بۇ ئەسەر سىزنىڭ تالانتىڭىزنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىپتۇ، ماڭا بەك ياقتى.
يۇسۇپكە ماھىنۇرنىڭ بۇ سۆزىدىنمۇ ئارتۇق تەسەللى تېپىلمايتتى، شۇڭا ئۇ سەل تىنچلىنىپ:
— مەن سىزنىڭ باشقا ئىشىڭىزدىن ئەمەس، رەسىمنىڭ ئەينىكىنى سۇندۇرۇپ قويغانلىقىڭىزدىن ئاغرىندىم. بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدۇ، — دېدى.
يۇسۇپنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ماھىنۇر كۈلدى ۋە:

— «سىز چىنە - قاچا چىقىلسا بالا - قازا كېتىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئەگەر سىز بۇ تەمسىلنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنسىڭىز، بۇ دەل كۆڭلىڭىزدىكى تۈگۈنگە جاۋاب بولمامدۇ؟ بولدى، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلماڭ! — دېدى.

ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈسۈپنىڭ ئاچچىقى ياندى.

— بولدى، سۆزلىمەڭ، ماھىنۇر! — ئەمدى خىجىل بولۇش نۆۋىتى يۈسۈپكە كەلگەنىدى.

— مەن باشقىدىن ئەينەك سالدۇرۇپ بېرەي، ئەسلىدىكىسى ئۇبدان سىلىنماپتىكەن، خۇددى چىرايلىق كىيىمگە ياماق سېلىپ قويغاندەك، ئېسىل ئەسىرىڭىزگە ئازراقمۇ ياراشماپتىكەن. سۇندۇرۇۋەتكىنىممۇ ياخشى بوپتۇ! — ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

— ئەينەكنى ئۆزۈم سالغان، بۇ رەسىمنى باشقىلار كۆرمىسۇن دەپ ئەينەك دۇكىنىغا ئاپارمىغانىدىم.

— كۆزىڭىز كىچىك ھەم شەخسىيەتچى ئىكەنسىز. بۇ ئەسەرنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي مەڭگۈ تىقىپ قويماقچىمىدىڭىز؟

— شۇنداق، بەزى ئىشلاردا ئادەم شەخسىيەتچى رەك، كۆزى كىچىكرەك بولغىنى ياخشى!

— بىراق يۈسۈپ، سىز بۇ رەسىمنى بەك چىرايلىق سىزىپسىز. ئۆزۈمنى رەسىمدىكى ئادەم بىلەن سېلىشتۇرۇشقا ئامالسىزمەن.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەندەك قىلاتتى، — سىز مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلىدىغىز ھەم ياقتۇردىڭىز. مېنىڭ خۇشال بولۇشۇم، ھەتتا بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىم ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. چۈنكى، مېنىڭ ئەجرىم بىكارغا كەتمىدى. ئىلاھىم، ئەينەك رامكىنىڭ سۇنۇشى

خۇددى سىز ئېيتقاندەك ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بولغاي، خۇدايىم بىزنى بەخت ـ سائادەتلىك قىلغاي، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق پارچىلىنىش ـ چېقىلىش ئەھۋاللىرى قايتا يۈز بەرمىگەي !

ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ «بەخت ـ سائادەتلىك»، «بىزنىڭ ... بۇنىڭدىن كېيىن» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ھاڭ ـ تاڭ بولدى، كېيىن سەل خىجىل بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئېھتىمال، ماڭا باشقىچە ئاڭلانغاندۇ، يۇسۇپنىڭ «بىز» دېگىنى كۆپ ئادەمگە قارىتىلغان سۆزدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئۇ بايىقى گېپىگە قوشۇمچە قىلدى:

— سىز رەسىم سىزىشتا كامالەتكە يېتىپسىز. ئەمدى مۇنەججىملىك بىلەن سىنچىلىقنى ئۆگەنسىڭىز بولغۇدەك، — ماھىنۇر ئۆزىنى تۇتالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى، — ئۇ چاغدا كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىنئالا پەملەپ يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرالايسىز. سىز بايا «پارچىلىنىش ـ چېقىلىش»، «بەخت ـ سائادەتلىك» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭىزغۇ؟ شۇنداق قىلسىڭىز، ساقلىنىشقا تېگىشلىكىدىن ساقلىنالايسىز، ئېرىشىشكە تېگىشلىكىگە ئېرىشەلەيسىز. سىنچىلىق، رەمماللىق ئىش خۇشياقمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئوبدان ئوقەت !

يۇسۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەن رەمچى بولىمەنمۇ؟ كوچىمۇكوچا، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىمەنمۇ؟ بۇ كېيىنكى ئىشلار. ھازىر مەن سىزدىن يوشۇرماي ئېيتاي، مۇنەججىملىكنى ئۆگەنمەيمۇ، قولىڭىزغا قارىمايمۇ، سىزنىڭ تەقدىرىڭىزگە پال ئېچىپ بېرەلەيمەن.

يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزى ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىدىكى تىنچلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. «تەقدىر» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەسلىدىلا ناھايىتى قورقۇنچلۇق سۆز ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىگە

قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندا ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچقا سالدى. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى. يۈسۈپ بۇنى ئازراقمۇ سەزمىدى.

— كېلىڭ، ماھىنۇر، مەن قولىڭىزغا قاراپ پال سېلىپ بېرەي، پۇل ئالمايمەن.

يۈسۈپ چاقچىقىنى قىلىۋەردى، ئۇ شۇ تاپتا ماھىنۇرنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

— مەندەك شور پېشانە پال سالدۇرۇپ نېمە قىلارمەن؟ ئۇنىڭسىزمۇ تەقدىرىم ئېنىقلا تۇرسا، — ماھىنۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ ئۇھ تارتىشىنى ۋە ھەسرەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قالدى. ئەمما، ئۇ ماھىنۇرنى چۈشەنمىگەن بولغاچقا، چاقچاقلىرىنىڭ ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كەتكەنلىكىنى دەررۇلا چۈشەندى. ماھىنۇردىكى غەمكىن كەيپىيات يۈسۈپكىمۇ تەسىر قىلىپ، ئىككىسى بىرپەس ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا قۇياش تاغ ئارقىسىغا مۆككەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئازراق سارغۇچ شولىلىرىلا قالغانىدى. ئەتراپتىكى نەرسىلەر بىر قەۋەت نېپىز شايىغا ئورالغاندەك كۆرۈنەتتى. قۇشلار ئۇۋۇلىرىغا قايتىشقا باشلىدى. يۈسۈپ سائىتىگە قارىدى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. رەسمىي گەپ تېخى تېشىلمىدى. يۈسۈپ سەل تىت - تىت بولدى. ئاخىر چىداپ تۇرالماي، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋاتقان چوڭ ئىشنى ماھىنۇرغا ئېيتىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى:

— ماھىنۇر !

ماھىنۇر ئېغىر خىياللار ئىلكىدىن بوشىنىپ ۋە كۈلۈمسىرەپ:

— نېمە بولدى، يۈسۈپ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن يۈرىكىمدىكى بىر ئارزۇيۇمنى سىزگە ئىزھار قىلاي دەۋاتىمەن. ئەمما، سىزنىڭ بۇنى ئاڭلاپ گەپ قىلماي

تۇرۇۋۇالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئارزۇيۇمنى مەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يوشۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم. بۇنى ئېيتىشقا ئىجازەت بېرەمسىز؟

— يۇسۇپ، سىز نېمە دېمەكچى؟ — ماھىنۇر ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى، ئەمما خۇشخۇيلۇق بىلەن جاۋاب بەردى، — ئەجەبلا بولۇپ قاپسىزغۇ، بۇرۇن بىرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ، بۇگۈنكىدەك گەپنى مۇقەددىمىسى بىلەن دېمەي، ئۇدۇللا سۆزلەۋېرەتتىڭىز، بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرىسىز؟

يۇسۇپنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ، چىرايىنى تەبەسسۇم قاپلىدى.

— بۇرۇنقى ئىشلار بىلەن بۈگۈنكى ئارزۇيۇمنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس! ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار، ماھىنۇر! — دېدى يۇسۇپ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— قانچىلىك پەرق بولسىمۇ سۆزلەۋېرىڭ! — دېدى ماھىنۇر. ماھىنۇرنىڭ ئوماق چېھرىدىن يۇسۇپكە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

يۇسۇپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا تىنچلاندۇردى.

— بۇرۇن مەن بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالمىغاندىم، چۈنكى ئۇ چاغدا ئۆيدىكىلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان، — يۇسۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماھىنۇرغا تىكتى، — مەن بۈگۈن ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشتىم، ئەمدى خاتىرجەم ئالغا قەدەم تاشلايمەن. ماھىنۇر، سىز ئۆمۈرۋايەت مەن بىلەن بىللە بولۇشنى خالامسىز؟ گەپ قىلىڭا! مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرماڭ، ماھىنۇر!

يۇسۇپ ئاخىر ماھىنۇرغا مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى:

— ماھىنۇر، ماڭا ماقۇل دەڭ، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەڭ! مەن سىز بىلەن توي قىلىشنى خالايمەن. گەپ قىلىڭا، نېمىشقا

گەپ قىلمايسىز؟ — يۇسۇپ ماھىنۇرنىڭ ئاپپاق قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى.

ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ ئۇشتۇمتۇت تەلەپ قويۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا بۇ بەگزادىنىڭ راستىنلا ئۆزىگە مۇھەببەت تەلىپى قويغانلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ماھىنۇر يۇسۇپنى خۇپىيانە ياخشى كۆرۈپ يۈرەتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ قەلب ئېتىزىدا بۇ مۇھەببەت گۈلىنى يوشۇرۇنچە ئېچىلدۇرغان ھەم كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغانىدى. يۇسۇپ ماھىنۇرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىيتتى. يۇسۇپ ماھىنۇرغا كۆيۈنەتتى، ماھىنۇرنى ئايايتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. ئەمما، رېئاللىقتىكى يۇسۇپنىڭ جەمشىدنىڭ بەگزادىسى ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشۈشى بىلەنلا، ماھىنۇر يۇسۇپنى ياخشى كۆرۈش ئۆزى ئۈچۈن نومۇس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يۇسۇپنى ياخشى كۆرۈش نومۇسسىز ئانا باققان قىزنىڭ ئانىسىدىنمۇ بەتتەر نومۇسنى بىلمىگەنلىكى بولاتتى. ئۆزىنىڭ يۇسۇپنى ياخشى كۆرۈشىنى شەرمەندىلىك دەپ قارىسا، ئۆزىنىڭ قەلب ئېتىزىدىكى مۇھەببەت گۈلىنى پەرۋىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايتتى. «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش» دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى. كەم سۆز، تارتىنچاق، ئەقىللىق، ئېغىر - بېسىق ماھىنۇر قانداق قىلىپ ئۇنداق ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىسۇن؟ ماھىنۇر يۇسۇپنى ياخشى كۆرگەن، ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ماھىنۇر ئىنكار قىلالمايدىغان پاكىت؛ ئەمما، ماھىنۇر بۇنداق مۇھەببەتتىن قورقىدۇ، بۇنداق مۇھەببەتنى قەدىرلىيەلمەيدۇ. بۇنى شەرمەندە مۇھەببەت دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇ بۇنداق مۇھەببەتنى بوغۇپ، تۇنجۇقتۇرۇۋەتمەكچىمۇ بولۇۋاتىدۇ. بۇمۇ پاكىت. ئۆزىنىڭ ھەر خىل روھىي ئازابلار ئىچىدە قانداق تىركەشكەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئەمەسمۇ؟

يۇسۇپمۇ ماھىنۇرغا ئوخشاش ئۇنى يوشۇرۇنچە ياخشى كۆرۈپ

كېلىشۋاتامدۇ، قانداق؟ ماھىنۇر ئىشىنىڭ بىمەنىلىكتە بۇ دەرىجىگە يېتىشىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. ئۇنداق بولمىسا، ئۇمۇ ئۆزىنى ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماقچى بولۇۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.

ماھىنۇر دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ھەتتا قولىنى يۈسۈپنىڭ تېخىچىلا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ھاڭ ـ تاڭ بولغان ھالدا قېتىپ تۇراتتى. بىر پەستىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، ئالمان ـ تالمان قولىنى تارتىۋالدى.

ماھىنۇرغا ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەندەك، ھازىرلا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. يۈسۈپ ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى. ھەر خىل خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈشكە باشلىدى: مەن خاتا ئىش قىلىپ قويغاندىمەنمۇ؟ ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويدۇممۇ يا؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقۇدەك گەپ قىلىپتىمەنمۇ؟ ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ قوبۇل قىلسىمۇ، رەت قىلسىمۇ بولىدۇغۇ؟ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟

يۈسۈپ ھەرقانچە ئويلاپمۇ ماھىنۇرنىڭ يىغىسىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

ماھىنۇر ئۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن خېلى يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— يۈسۈپ، مەن زادىلا چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. نېمە ئۈچۈن سىزمۇ مېنى باشقىلارغا ئوخشاش ئەخمەق قىلىسىز؟ — دېدى ۋە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

يۈسۈپ تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدى.

— بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جابىرمۇ مەن جەمشىدنىڭ جىيەنى، دېگەندەك قىلىپ ماڭا تەكلىپ قويغان، سىلەر مېنى

ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىز خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەۋاتىمىز ـ دە. مەن خۇددى باشقىلار خالىغانچە ئوينىسا بولىدىغان جانسىز ئويۇنچۇقتەك سىلەرنىڭ رايىڭلارغا بېقىشىم كېرەك، «ياق» دېگەن گەپنى قىلالمايمەن. سىلەر بىزنىڭ دادىڭىزنىڭ، جابىرنىڭ تاغىسىنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىگە تايىنىپ هايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلىسىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بەدەل تۆلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي كىشىلىك ئىززەت ـ هۆرمىتىمىزنى سىلەرگە سېتىپ بېرىشىمىز كېرەك. سىلەر ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ ئىزىنى بېسىپسىلەر ...

بۇ ماهىنۇرنىڭ هاياتىدا تۇنجى قېتىم ئادەم تىللىشى ئىدى. ئۇ يەنە داۋاملىق تىللىماقچى بولۇپ، «يۇسۇپ» دەپلا توختاپ قالدى. چەكسىز هەسرەت ۋە هاياجاندىن گېلى بوغۇلۇپ ئاۋازى چىقماي قالدى.

يۇسۇپ ماهىنۇرنىڭ هەربىر سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا هېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. ماهىنۇرنىڭ تىللاش ۋە ئەيىبلەشلىرىدىن ئۇنىڭ نېمىگە نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. يۇسۇپ ماهىنۇرنىڭ ئەهۋالىغا هېسداشلىق قىلاتتى. ۋاهالەنكى، ئۇ ئەيىبلىگەن ئىشلار بىلەن يۇسۇپنىڭ نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟ يۇسۇپنىڭ روهىي دۇنياسى رەزىل ئەمەس، ئۇ ماهىنۇرنى راستتىنلا ياخشى كۆرىدۇ.

خېلىلا كەچ كىرىپ قالغانىدى، يۇسۇپنىڭ ماهىنۇرغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ، هازىرچە دېمەسلىككە مەجبۇر بولدى.

يۇسۇپ سائىتىگە قاراپ قويدى، كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۇ ماهىنۇردىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سوراپ، قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتتى. ماهىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، يۇسۇپ ئالدىغا

ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ئالدى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. بىراق، ماھىنۇر ئارقا ئىشىكنى ئاچتى. يۇسۇپ ئالدىدا، ماھىنۇر ئارقىدا ئولتۇرۇپ، ئىككىيلەن چىمەنباغدىن ئايرىلدى.

ماشىنا ئۆيگە قاراپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. تاغلار، سۇلار ئاۋۋالقى پېتى تۇراتتى، ئەمما ماشىنىدا ئولتۇرغان ئىككى ساياھەتچىنىڭ كەيپىياتى كەلگەن چاغدىكىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. يۇسۇپ ئۆزىنىڭ خۇشال كېلىپ، خاپا قايتىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

ماھىنۇرلارنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ماشىنا توختىدى. ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئۆزى ئېچىپ، كۆڭۈلسىز ھالەتتە ماشىنىدىن چۈشۈپ، يۇسۇپ بىلەن خوشلاشتى. يۇسۇپ ئۆيگە قايتتى.

# ئون بىرىنچى باب

ھاۋا رايىدىكى ئۆزگىرىش تۇراقسىز بولىدۇ، ئۇنى مۆلچەرلەش تەس. جانغا راھەت سالقىن گۇگۇم پەيتى ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇن پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بوران – چاپقۇن كەڭ زېمىنغا ئېتەك يايدى.

تېنى ئاجىز ماھىنۇر بەك چارچاپ كەتكەچكە سائەت ئون بولار – بولمايلا چالا – بۇلا يۇيۇنۇپلا يېتىۋالدى. سىرتتىن يامغۇر تامچىلىرى دېرىزە كۆزنەكلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى. ماھىنۇر كارىۋاتتا ئۇيان – بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. يۇسۇپنىڭ ئۇشتۇمتۇت مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق روھىي زەربە بولۇپ، ئۇنى تېخىچىلا ئازابلىماقتا ئىدى.

ماھىنۇر ئۆزىنىڭ يۇسۇپنى يوشۇرۇنچە ياخشى كۆرۈشىنى بىر خىل شەرمەندىلىك، كەچۈرۈشكە بولمايدىغان قىلمىش دەپ ھېسابلايتتى؛ يۇسۇپنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنىمۇ ئەگەر راست بولغان تەقدىردىمۇ ئوخشاشلا شەرمەندىلىك، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى: «... ئاپام ئىززەت – نومۇسىنى يوقىتىپ، روھىي – ۋىجدانىدىن مەھرۇم بولۇپ، شەرمەندىلىك دۇنياسىدا، كىشىلەرنىڭ نەپرىتى ئاستىدا ياشىماقتا، جەمشىد ئۇنى كۆڭۈل ئاچىدىغان بۇيۇم ئورنىدىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئانىلىق ھوقۇق ۋە ئورۇن بەرمەي، ئۇنى بۇ دۇنيادا ئېرى بار دېسە يوق، يوق دېسە قانۇنسىز تېپىلغان پەرزەنتلىرى بار ھالەتكە؛ خۇپىيانە خوتۇن — مەخپىي پاھىشە ئايالى سۈپىتىدە ياشايدىغان ھالەتكە مەھكۇم قىلغان ... — مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، ماھىنۇرنىڭ يۈزى كۆپكەندەك ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆرۈلۈپ يۈزىنى تام

تەرەپكە قارىتىۋالدى، — جەمشىد ئۆزىنىڭ پۇل ـ دۇنياسى، مەرتىۋىسى، كۆڭۈلى يۇمشاقلىقى ۋە خەير ـ ساخاۋەتتە مەردلىكى بىلەن داڭ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن شەمسىيە بىلەن گۆھەرنىڭ ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلماي، ئۇلارنى تا ھازىرغىچە ئاتا مېھرىدىن، باشقىلارغا ئۆز دادىسىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاھ، بۇ نېمىدېگەن تەڭسىز دۇنيا ـ ھە! ... — ماھىنۇر مۇشۇلارنى ئويلاپ ۋارقىراپ نالە قىلماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىنى چىقىرالمىدى، — بىراق، يۇسۇپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئاندىن سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتىمەن دېدىڭىزغۇ؟ بۇنى قانداق چۈشىنىشىم كېرەك؟ ئەجەبا، ئۇلار مېنىڭ باشقىلارنىڭ بوسۇغىسىدا ياشاۋاتقان ھالىتىمنى ياقتۇرۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭدەك ‹تېگى پەسنىڭ قىزى›نىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ‹چىرايلىق› نامى ئۇلارنى تەسىرلەندۈرگەنمىدۇ؟ ...»

ماھىنۇر بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە ئورنىدىن ئۆرۈلۈپ ياتقىنىچە خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: «... بۇ چۈشىنىشلىك بولدى، ھەممىسى چۈشىنىشلىك بولدى. نومۇسسىز جابىرنىڭ ماڭا تەلەپ قويۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە. ئۇلارنىڭ دادىسى ئاپامنى قانغۇدەك ئويناپ تاشلىدى. ئەمدى ئاپام سولاشقان گۈلگە ئايلاندى. ئادەم گۈلنى ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن، قوينى سويۇپ يېيىش ئۈچۈن باقىدۇ. بىز تۆت جاننى ئۇلار بىكاردىن ـ بىكارغا باقامدۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان، ئاپامنىڭ ئەينى يىللىرىدىكىدىنمۇ گۈزەل بىر تال غۇنچە، ئەمدى ئۇزۇپ ھۇزۇرلىنىش نۆۋىتى جەمشىد سارىيىدىكى بەگزادىلەرگە كەپتۇ ـ دە! ...»

ماھىنۇر كېلىنغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ چاڭگاللىۋالدى. قورقۇنچلۇق ئوي ـ پىكىر ئۇنىڭ كاللىسىنى قاتتىق

چىرماۋاتاتتى. بۇ ھال بارغانسېرى ئۇنى ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. چىمەنباغدا يۈسۈپ ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت تەلەپ قويغاندا، ئۇ ئازابلىنىپ قاتتىق يىغلىغانىدى. بۇنى ئۇ بۇرۇنمۇ ئويلىغان، ئەمما ئۇ چاغدىكىسى دەسلەپكى تەبىئىي ئىنكاس بولۇپ، ھازىرقىدەك سەگەكلىك بىلەن چىقىرىدىغان قائىدىلىك يەكۈن ئەمەس ئىدى. قارىغاندا، شۇ چاغدىكى شۇ تەبىئىي ئىنكاس توغرىدەك، يوللۇقتەك قىلاتتى. ئۇ ئۆرۈلۈپ يېنىچە ياتتى. ئۇنىڭ ئەمدى چارچاپ يەنە ئويلاتغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇ ھېچنېمە ئويلىماي ئۇخلىماقچى بولدى. بىراق، ئەمدىلا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلگەندە، خىيالىغا: «... يۈسۈپ چىن دىلىدىن شۇنداق دېگەن بولسىچۇ؟ يۈسۈپ دادىسىغا ئوخشاش ئەمەسقۇ، جابىرغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ ماڭا مەلۇمغۇ. يۈسۈپ نىيىتى دۇرۇس، قىزغىن، سالماق بالا، مېنى چۈشىنىدىغان، تەقدىرىمگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ماڭا كۆيۈنىدىغان ۋە تەسەللى بېرىدىغان بىردىنبىر ئادەم. ئەجەبا، ئۇ مەندىكى يوشۇرۇن، شەرمەندە مۇھەببەتنى بايقاپ قالغانمىدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇمۇ مېنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭدا بۇنداق ھېسسىيات بارلىقىنى قىلچە سەزمىدىمغۇ! ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەچكە، ئىچ ئاغرىتىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتامدۇ يا؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن تېگى پەس قىزنى تاللاپ، ئائىلىسىنىڭ شان ـ شەرىپىگە داغ تەگكۈزىدىغان ئىشنى قىلىدۇ؟ ئۇ ئۆز ئائىلىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مەرتىۋىلىك ئائىلىلەردىن ھەمراھ تاللىسا تامامەن بولاتتىغۇ؟ بۇ ئۇنىڭ دادىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ئاسان ھەم ئابرۇيلۇق ئىش ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ماڭا ئوخشاش مەرتىۋە، نام ـ ئاتاق ۋە ئىستىقبال جەھەتتە ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا مۇناسىپ بولمىغان بىر ئادەمگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغاندۇ؟ ئىككىمىز بىللە ئۆتتۇق دېگەندىمۇ، ئۇ دادىسىنىڭ قىلىقىنى مەڭگۈ دورىماسلىقا ھۆددە

قىلالارمۇ؟ ...» ئۇ نۇرغۇن ئويلاندى. ئاخىر بىر چاغدا ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ماھىنۇر ۋاقىچە ئويغاندى. ئورنىدىن قوپقاندا قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، بەئەينى كېسەل تارتقان ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى. ئاپىسى سەنەۋەر ماھىنۇرنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ: «ئۇ تۈنۈگۈن سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى. كېچىدە ئوبدان ئۇخلىمىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ماھىنۇر زېرەك قىز ئىدى. گەرچە ئۇ ئاپىسىنىڭ قىلمىشىدىن نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن بۇ رەھىمسىز دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن ئاپىسى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، بىر ـ بىرىنى پاناھ تارتىپ ياشىماقتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى ئاز قىلاتتى. تۈنۈگۈن كەچ سىرتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئاپىسىغا كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى روھلۇق كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرۇپ قويغانىدى. ئاپىسى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ پەقەت:

ــ قەدىرلىك ئاپا، ھېچنېمە بولمىدى، سەل ھېرىپ قاپتىمەن، ــ دەپلا قويدى.

ئىككى قىزنىڭ ئىشلىرىنى سەنەۋەر ئادەتتە ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى. سەنەۋەر شەمسىيە بىلەن دىلاۋەر مۇھەببەتلىشىشكە باشلىغان مەزگىللەردىلا، ئۇنىڭ سەل ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىزى شەمسىيەنىڭ ئەدەپلىك بولۇشىنى، تاپتىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى ئەيىبلىگەنىدى، كۈتۈلمىگەندە، قىزىنىڭ تەنە ـ مەسخىرىسىگە قالدى. قىزى ئۇنى «باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن ئىلگىرى، ئۆزۈڭنىڭ پېشانەڭنى سىلاپ باق» دەپ تىللاپ، ئاپىسى سەنەۋەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزلىرىنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولماسلىققا قەسەم

قىلغانىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ سادىق ئېرى دانىيالنىڭ بىردىنبىر يادنامىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماھىنۇر ئەقىللىق، سالماق قىز بولۇپ، سۆز - ھەرىكىتى، خۇلق - مىجەزى شەمسىيە بىلەن گۆھەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇڭا، سەنەۋەر ئۇنىڭغا باشقىچە مۇئامىلە قىلاتتى. ماھىنۇرنىڭ ئوقۇش، يۇسۇپ بىلەن كۆلۈبقا بېرىپ ئويناش ياكى كىنو كۆرۈشتىن باشقا ئارتۇقچە ئىشى يوق ئىدى. سەنەۋەر ماھىنۇرنىڭ بۇنداق ئوبدان پەرزەنتىنى دادىسى دانىيالدىن قالغان دەپ قارايتتى.

تاشتىدا، سەنەۋەر قىزى ماھىنۇرنىڭ ئېغىر كېسەل تارتقان ئادەمدەك قايغۇلۇق ھالەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىئارام بولدى. ئۇ باللىرىنىڭ چوڭى بولغاچقا، داستىخان ئۇستىدە گەپ سوراش ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، ناشتىدىن كېيىن ماھىنۇرنى ھۇجرىسىغا چاقىردى.

— ماھىنۇر، نېمە بولدۇڭ؟ ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالمىدىڭمۇ ياكى مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، ئاپا، بىر ئوبدان تۇرىمەنغۇ؟

— چىرايىڭ بۆلەكچىلا تۇرىدۇ، كۆزلىرىڭ ئىششىپ كېتىپتۇ. زادى نېمە ئىش بولدى؟

ماھىنۇر گەپ قىلالماي ئاپىسىغا قاراپ قويدى. ئۇ كۆڭلىنى مالال قىلىۋاتقان ھەسرەتكە يۇسۇپنىڭ تەلەپ قويۇشى سەۋەبچى بولدى دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭ ئاپىسى بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ماھىنۇر بىئارام بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

سەنەۋەر قىزىنىڭ بۇنداق ئېچىنارلىق ھالىتىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خاتىرجەم بولالمىدى.

— ماھىنۇر، سېنىڭ بۇنداق قايغۇلۇق ھالىتىڭنى، كېچە - كۈندۈز غەم - قايغۇ بىلەن ئازابلىنىپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ يۈرىكىم خۇددى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — سەنەۋەر ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا»

دېگەن شۇ، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى، سەن شۇنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىسەن، بىچارە بالام!

سەنەۋەر ماھىنۇرنىڭ زادى نېمىگە بۇنچە قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما بالىلىرىنىڭ كۆڭلىدىكى دەردىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شەمسىيە بىلەن گۆھەر ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەن ئەمەسمۇ؟ ھەر قېتىم بالىلىرى يىغلاپ كىرسە، سەنەۋەر بۇنى ئۆزىنىڭ نومۇسسىز ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارايتتى. بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئاپا! مېنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، — ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشىپ كەتتى.

— ماھىنۇر، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ مەندىن يوشۇرما، خۇدا ھەققى، ھەرگىز بۇنداق قىلما! بۇ دۇنيادا ئاپاڭدىن باشقا سېنىڭ يەنە قانداق يېقىنىڭ بار؟ ... — سەنەۋەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئاپىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ماھىنۇرنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. راست ئەمەسمۇ، شۇنچە كەڭ دۇنيادا ماھىنۇرنىڭ شۇ ناپاك ئاپىسىدىن باشقا يەنە قانداق يېقىن كىشىسى بولسۇن؟

شۇ تاپتا، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۆز ياشلىرى كۆڭلىدىكى دەرد ـ ئەلىمىنى يۇيۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئون يەتتە يىل ئىلگىرى، جەمشىدنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن سەنەۋەر ئۆزىنىڭ ئىشچان، ۋاپادار ئېرىنى تاشلىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرمەھەل كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ياشلىق پەيزىنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ جەمشىدنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى بەئەينى چۈشتىن كېيىنكى ئاپتاپقا ئوخشاش بارا ـ بارا ئاخىرلاشقانىدى. ھازىر ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەتىۋارلىنىدىغان كېچىلىرى يوق ئىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان، شەمسىيە بىلەن گۆھەر چوڭ بولۇپ قالغاچقا، جەمشىدنىڭ سەنەۋەرگە بولغان

«مۇھەببەتى»نى ئىپادىلەشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى چىمەنبانۇ ۋە يۈسۈپتىن يوشۇرۇنچە كېلىپ ئۇنى يوقلاپ قويۇشلا بولۇپ قالغانىدى. چىمەنبانۇ جەمشىد سارىيىدا سەنەۋەر بەھرىمەن بولالمايدىغان بارلىق ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. چۈنكى، چىمەنبانۇ نىكاھلىق خوتۇن ئىدى، چوڭ ــ كىچىك سورۇنلاردا ئادەملەر ئۇنى ھۆرمەت بىلەن «جەمشىد خانىم» دەپ چاقىرىشاتتى؛ سەنەۋەر بولسا جەمشىدنىڭ ئاشنىسى ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنى جەمشىدنىڭ خانىمى دەپ ئويلاشقىمۇ ھەققى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىپپەت ــ نومۇسىنى، نامىشەرىپىنى ۋە ئائىلىق ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلىۋەتكەنىدى.

سەنەۋەر پات ــ پاتلا ئۆزى تاشلىۋەتكەن ئوغلىنى ئېسىگە ئالاتتى. ئۇ ئۆلگەنمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟ ئۆيدىمىدۇ ياكى سەرگەردان بولۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟ سەنەۋەر سەھەرالىق ئېرىنى ياراتمايتتى، ھەتتا ھازىرغىچە تېرىقچىلىق بىلەن جان باقىدىغان سەھرا تۇرمۇشىدىن ئايرىلغىنىغا ئېچىنمايتتى. بىراق، بالىدا نېمە گۇناھ بولسۇن؟ نېمە ئۇچۇن ئوغلىنى يېتىم قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ماھىنۇرنى دادىسى يوق يېتىم قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ؟ ئوغلى ھازىر قەيەردىكىنە؟ ماھىنۇر بولسا «تېگى پەس خوتۇننىڭ ساقلاندىسى» بولۇپ، سورۇقچىلىقنى تويغۇچە تارتتى، خارلاندى. شەمسىيە بىلەن گۆھەر ئاپىسىمۇ، دادىسىمۇ بار تۇرۇقلۇق، يەنىلا بۇ دۇنيادا ھارامزادە دېگەن شەرمەندە نام بىلەن ياشاۋاتىدۇ، مەسخىرە قىلىنىۋاتىدۇ، كەمسىتىلىۋاتىدۇ ... مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، سەنەۋەرگە ئۆلۈۋېلىشمۇ، ياشاشمۇ تەس كېلىپ قاتتىق ئازابلىناتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇ باللارنى جەمشىد داچىسىدىن ئەكىتىپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەممە ئادەم بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەركىن ھاۋادا نەپەس ئالدۇرۇشنىمۇ ئويلىدى. بىراق، نەگە بېرىشى كېرەك؟ ئۇلارنى كۆتۈپ تۇرغىنى بۇنىڭدىنمۇ زۇلمەتلىك ئىستىقبال بولامدۇ، قانداق؟ ئۇ باللارنى تاشلاپ،

يالغۇز چىقىپ كېتىشىنىمۇ ئويلىدى، بىراق بالىلارنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

......

سەنەۋەر تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ماھىنۇر چوڭ بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىدە بولغان ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ناھايىتى سەت ئىش قىلغانلىقىنى بىلەتتى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەنەۋەر جەمشىد دېگەن بۇ ساختىپەزنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى ئىدى. شۇڭا، ماھىنۇر ئاپىسىدىن نەپرەتلىنىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى. ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بىلەن ئاپىسىنىڭ دەردىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىشنى خالىمايتتى. ھەمىشە خورلۇق ۋە ھاقارەتكە چىداپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاپىسىنىڭ مەنىۋى يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشاتتى.

ھازىر ماھىنۇر ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەپ قايغۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئاپىسىنى تېخىمۇ زور ئازابقا سالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى بېسىۋېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ كۆڭلىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتكە چىداپ، ئاپىسىغا تەسەللى بەردى:

— ئاپا، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاۋەرمەڭ! خۇدانىڭ پېشانىمىزگە پۈتكەن قىسمىتى شۇنداق ئىكەن، كىممۇ ئۇنى ئۆزگەرتەلىسۇن؟ مەندىن ئەندىشە قىلماڭ، تونۇگۈن ئاخشام ئوبدان ئۇخلىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن كەيپىياتىم ئانچە ياخشى ئەمەس.

— بولدى، گەپ ياسىما! چىرايىڭدىن كۆڭلۈڭدە بىر ئىش بارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ. بولمىسا، كېچىدە نېمىشقا ئۇخلىيالمايسەن؟ — سەنەۋەر قىزىنىڭ گەپ قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەنغۇ ئەمدى دورا كار قىلماس كېسەلمەن. ئۆز ـ ئۆزۈمنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمايدىغانلىقىم تۇرغان گەپ. ئەمما، ئاپا بولغانلىقىم

ئۇچۇن، دەردىڭنى بىلمۇۋېلىشىم، ئۇ دەردلەرنى تەڭ تارتىشىم كېرەككۇ!

ئەگەر ماھىنۇر بۇ ئىشنى ئاپىسىغا ئېيتسا، ئاپىسىنىڭ بۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاپىسىنى قىينىماسلىق، ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، كۆڭلىدىكى ئىشنى ئاپىسىغا ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

— ۋاي قىزىم، بۇ خۇشاللىق ئىش بولماي نېمىشقا بالايىئاپەت بولىدۇ؟

دەرۋەقە، ئاپىسىنىڭ پوزىتسىيەسى ماھىنۇرنىڭ كۈتكىنىدەك بولۇپ چىقتى.

— قانداقمۇ خۇشاللىق بولسۇن، ئاپا، شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭىز يەتمەيۋاتامدۇ؟ — دېدى ماھىنۇر ئەپسۇسلانغان ھالدا.

سەنەۋەر يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ماھىنۇر قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ توختىتىۋالدى ۋە ھاياجان بىلەن يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئاپا، يۇسۇپنىڭ نىيىتى سەمىمىي بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمايمەن. مەن ياتلىق بولماسلىققا بەل باغلىدىم.

— بالام، سەن قانداقلارچە بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭ؟ يۇسۇپنىڭ ساڭا تەلەپ قويغانلىقى سېنىڭ بەختىڭ! ئۇ خېلى تۈزۈك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بالا، ياسانچۇق بەگزادىلەردىن ئەمەس. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭغا ئوخشاش يىگىتلەر كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن ...

— ئاپا! — ئاپىسىنىڭ «ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىلىك» دېگەن گەپلىرىنى تىلغا ئالغىنىنى ئاڭلاپ، ماھىنۇرنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى، — دەل مۇشۇنداق مەرتىۋە، ئابروي سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىزنى نابۇت قىلغان ئەمەسمۇ، سىز يەنە نېمىشقا بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالىسىز؟ بولدى، سۆزلىمەي قويۇڭ!

ماھىنۇرنىڭ گېپىدىن خىجىل بولغان سەنەۋەر ئىختىيارسىز

يەرگە قارىۋالدى. ماھىنۇر گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— ئادەتتە تۇزۇك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ نىكاھ ئىشىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى ناتايىن. يۈسۈپنىڭ ماڭا نېمە مەقسەتتە توي قىلىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى سىزمۇ ئويلاپ يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.
ماھىنۇرنىڭ گېپى توغرا ئىدى، يۈسۈپنىڭ قانداق مۇددىئاسى بارلىقىنى سەنەۋەر راستتىنلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ پەقەت يۈسۈپنىڭ دادىسىغا، جابىرغا، شۇ زاماندىكى كۆپ سانلىق ياشلارغا ئوخشىمايدىغان، قىزلار ئىشەنسە ۋە سۆيسە بولىدىغان بالا ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. سەنەۋەر قىزىدىن يۈسۈپنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، يۈسۈپنىڭ دادىسى جەمشىد بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئازراقمۇ يادىغا كەلتۈرمىگەنىدى، ھازىرمۇ شۇنداق ئىدى. سەنەۋەر ئۆزىنى زېرەك قىزى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنتايىن بىخۇد ئىدى.
— يۈسۈپ كىچىكىدىن تارتىپلا بىز بىلەن بىرىش ـ كېلىش قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بۈگۈنلا شۇنداق قاراۋاتقىنىم يوق، ئۇنىڭغا ئۇزۇن قىلىپ قويمىغىن. ئۇ بۇرۇن ساڭا بۇ ھەقتە چاقچاق قىلىپ باققانمۇ؟
— ياق! بىز بۇرۇن بىللە بولغان چاغلىرىمىزدا بىر ـ بىرىمىزدىن تارتىنمايتتۇق، قورۇنمايتتۇق، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ زادىلا بۇنداق چاقچاق قىلمايتتى، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرۈپمۇ باقمىغان.
— قارا، ئۇنىڭ ناھايىتى ئەدەپلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ ئىقرار قىلىۋاتىسەنغۇ، ئۇ قانداقسىگە بىر كېچىدىلا ئۆزگىرىپ شاللاق بولۇپ كېتىدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۇنداق بولىدىغان بولسا ئۆزىنى يەرگە ئۇرمامدۇ؟ مېنىڭچە، سېنى شەيتان ئازدۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ ئۇنداق بالىلاردىن ئەمەس.
ماھىنۇرغا ئاپىسىنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلىدە زىددىيەت تۇغۇلۇشقا باشلىدى. سەنەۋەر يەنە مۇنداق دېدى:

— ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان ئادەملەر كۆپىنچە زىيان تارتىدۇ. سېنىڭ يۇسۇپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىڭ ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ قايغۇمىزنىمۇ ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز بۇنداق ئوبدان يىگىتنى نەدىن تاپالايمىز! بىزگە ئوخشاش كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتقان ئادەملەر بىلەن كىمنىڭ كارى!

ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتقان ئادەملەر دېگىنىنى ئاڭلاپ، ماھىنۇرنىڭ كۆڭلى يەنە ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى. سەنەۋەر قىزىنىڭ گەپ قىلمىغىنىنى كۆرۈپ: «گەپلىرىم ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، يەنە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولساڭ، ساڭا يەنە تەلەپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ سەندىن سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ. ئەمدى پۇشايمان قىلما. مەن بىر ئامال قىلىپ بۇ ئىشنى توغرىلاي، ئۇ بۇ قېتىم كەلسە ئۇنىڭغا ئېيتاي، سېنىڭ ئورنۇڭدا ماقۇل دەپ قوياي، شۇنداق قىلساقلا ئىش پۈتمەمدۇ؟

سەنەۋەر گېپىنى تۈگىتىپ، قىزىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، بىر ئاز ئۈمىدسىزلەندى.

— ياق، ئاپا، ھەرگىز بۇنداق نىيەتتە بولماڭ! بايا سىزمۇ ئۇلارنى ئابرۇيلۇق، مەرتىۋىلىك، بىز بولساق باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىمىز دېدىڭىزغۇ؟ بىز خەقنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ كۈن كۆرىدىغان تۇرساق، مەن قانداقسىگە ئېگىز گە يامىشاي؟

ماھىنۇر سەل ھاياجانلىنىپ كېتىپ ئاپىسىغا دارىتمىلاپ گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى تۇيماي قالدى، كېيىن دەرھال سېزىپ يېتىپ، قىلمايدىغان گەپنى قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئاپىسىدىن كەچۈرۈم سورىدى.

دەرۋەقە، ماھىنۇر بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاپىسىنى ئەيىبلىگەن ھەم ئازراق كەمسىتكەنىدى.

ماھىنۇر ئاپىسىدىن ئەپۇ سورىغاندا، قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىپتى قىلالماي قالدى. ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئازابلىنىپ ياش تۆكۈشىگە چىداپ تۇرالامدۇ؟ سەنەۋەر ماھىنۇرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاپ كەتتى.

ماھىنۇر بېشىنى كۆتۈردى، ئاندىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئاپىسىنىڭ يۈزىدىكى ياشنى سۈرتتى.

— قەدىرلىك ئاپا، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مەن كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلىپ قويدۇم. ئاپا، ئويلاپ بېقىڭا، ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرسەم، بۇ بەئەينى بىر پارچە پالاسنى مەخمەل ئۈستىگە ياماق قىلغاندەك ئىش بولمامدۇ؟ بۇنداق كۆرۈمسىز سەت ياماقتا يۈسۈپ ۋاقتىنچە چىدىغان تەقدىردىمۇ، بۇ زادى قانچە ئۇزاق داۋاملىشار؟ يۈسۈپ بىزنىڭ باش قوشۇشىمىز بىر مەھەللىك كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھامان قورقۇنچلۇق پاجىئە كېلىپ چىقمامدۇ؟ كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر كۈنلەردە ئۇ ئادەملەرنىڭ مەسخىرىلىرىگە چىدىماي، بىر باھانە تېپىپ مەخمەل ئۈستىگە ياماق ئورنىدا سېلىنغان مەندەك «كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان پالاس پارچىسى»نى يىرتىپ ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا مەن ئاللىقاچان ئوتتۇرا ياشقا كېلىپ قالىمەن، جىنىم ئاپا، ئويلاپ بېقىڭا، ئۇ چاغدا مەن نەگە بارىمەن؟

سەنەۋەر قىزىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى.

— باشقىچە ئېيتقاندا، — دېدى ماھىنۇر يەنە، — يۈسۈپ ياخشى بالا، دېگەن گېپىڭىزدىن يانمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسامغۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى. بىراق، ئاپا، مەن يالغۇز ئۆزۈمنىلا ئويلاشنى خالىمايمەن. كەلگۈسىدە بالىلىق بولۇپ قالسام، ئۇلارنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ئۆمۈر بويى روھىي ئازاب چېكىدىغان قىلىپ قويسام بولمايدۇ. مەن بىرنەچچە كۈن

ئوبدانراق ياشىشىمىنىلا ئويلاپ، ئۇلارنى ئۆمۈر بويى خاراب قىلالمايمەن.

ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىگە يەنە ئازار بېرىپ قويۇشتىن قورقاتتى، شۇڭا ئاپىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ماھىنۇرنىڭ قىلغان ھەربىر ئىبغىز سۆزى سەنەۋەرنىڭ بەدىنىگە خۇددى چالما ـ كېسەكتەك ئۇرۇلماقتا ئىدى.

ماھىنۇر كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەۋالغاندىن كېيىن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئەمما، ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنى كۆرۈپ، كۆڭلى يەنە غەش بولدى ـ دە، ئاپام مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلغاندىكىن يەنە داۋاملىق سۆزلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى ئارام ئالدۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

ـــ جېنىم ئاپا، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇڭ! سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئارامىدا بولسىلا بىز خۇشال بولىمىز. ئاپا، مەن ئەمدى ئىشقا باراي، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ.

سەنەۋەر قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ «خوش بالام!» دېدى.

ماھىنۇر چېركاۋ دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىرالىق كۇرسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەتنى بەجانىدىل، قېتىرقىنىپ ئوبدان ئىشلىگەنلىكتىن، ناھايىتى تېزلا سېستىرالار باشلىقى بولغانىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئاندىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ دوختۇرخانىغا كەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

يۇسۇپ ماھىنۇرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتمىدى. ئۇ دېڭىز بويىدىكى بىر قەھۋەخانىنىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنى توختاتتى. ئۇ ئۆيدىكىلەر تاماق يەۋاتقان چاغدا ئۆيگە بېرىشنى خالىمىغانىدى. ھەتتا ئۇ بىرەر تونۇش ئادەمگە ئۇچراپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتى.

يۇسۇپ قەھۋەخانىغا كىرىپ، ئازراق بىرنەرسە ئالدى ـ دە، دېڭىزغا قاراپ تۇرىدىغان دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ ئۇسسىمىغان، قورسىقىمۇ ئاچمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئادەملەردىن خالىي جىمجىت دۇنيانى خالايتتى. ھەر خىل ئوي ـ پىكىرلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا خۇددى دېرىزە سىرتىدىكى دېڭىزنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان دولقۇنلىرىغا ئوخشاش داۋالغۇماقتا ئىدى. ئۇ بوران ـ چاپقۇن ئىچىدىكى دېڭىزغا قارىدى. يىراقلارنى سىياھدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بولۇپ، تولىمۇ سۈرلۈك ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئاشۇ قاپقارا دېڭىزنىڭ ئۇ چېتىدە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ يۇسۇپ ئۇ تەرەپكە قاراشقىمۇ، ئۇ تەرەپكە قاراپ ئويلىنىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

قەھۋەخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقايدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، يۇسۇپنىڭ ئۆيگە قايتىشىغا توغرا كەلدى، بۇ چاغدا كېچە سائەت ئون بىر بولغانىدى.

چىمەنبانۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە ئوغلىنىڭ ماھىنۇرغا تەلەپ قويۇپ نەتىجىلىك قايتىپ كېلىشىدىن قورقۇپ ئولتۇراتتى. بىراق، يۇسۇپ بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولسا، ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك قىلاتتى. بىرنەچچە كۈندىن

بۇيانقى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئازاب ۋە بىئارامچىلىقلار، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان مەسلىھەت ۋە جەڭلەرنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولاتتى. شۇڭا، ئۇ يۈسۈپنىڭ قايتىپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاشتىن قورقاتتى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

چىمەنبانۇ سائەت ئونغىچە دەككە ـ دۈككە، تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇرۇپ چارچاپ كەتكەچكە، ئاخىر كىرىپ ئۇخلىماقچى بولدى.

چىمەنبانۇ يېتىپ قالدى، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى: «يۈسۈپ جەمشىدنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدىمۇ، بولدى جەزمەن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۈگۈن يۈسۈپ ماھىنۇر بىلەن چوقۇم كۆرۈشتى. ھەممە ئىشنى بىكىتىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمدى ئۇ ئىككىسى ئاشىق ـ مەشۇقتەك ئاشكارا مۇھەببەتلىشىپ يۈرىدىغان بولدى. ئەمدى ھېلىقى نومۇسنى بىلمەيدىغان شەرمەندە سەنەۋەر كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن قورقىدىغان پاھىشە خوتۇندىن بىر ئۆرۈلۈپلا مېنىڭ قۇدامغا ئايلىنىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا بوسۇغامغا كېلىپ، ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلگىلى تۇرسا قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟ ھەممىگە سەۋەبچى بولغان ئاشۇ قېرى خۇنپەر جەمشىد، ئۇنىڭ سەنەۋەرگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، قاراپ تۇرۇپ مېنىڭ يۈسۈپۈمنى قۇربانلىق قىلغىنىنى قاراڭلار!» ئۇ جەمشىدكە ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتتى. جەمشىدنىڭ يۈسۈپنى قوللىشى، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىشى چىمەنبانۇنى نائىلاج ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ «مېنىڭ توي ئىشىمغا دادامۇ قوشۇلدى، پەقەت سىزلا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىسىز» دېيىشىدىن قورقاتتى. چىمەنبانۇ يۈسۈپنىمۇ تىللىدى، ئۇنى پەس دېدى، ئۇنىڭ سەنەۋەرنىڭ ئائىلىسىگە پەسكەشلىك بىلەن باش ئەگكەنلىكىدىن نەپرەتلەندى.

يۈسۈپ، ماھىنۇر، چىمەنبانۇ ئۈچى بۇ كېچىنى ئازاب بىلەن

كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا، يۈسۈپ ئادەتتىكىدەك چىمەنبانۇدىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئەھۋال سوراپ، ئۇنى سۆيۈپ قويدى، چىمەنبانۇ ئۇنىڭ خۇشال بولۇۋاتقىنىنىمۇ، بىئارام بولۇۋاتقىنىنىمۇ سېزەلمىدى. بۇنداق بولۇشنى چىمەنبانۇ ئويلاپ باقمىغانىدى: «ئۇنىڭ ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانمىدۇ؟ خۇشال بولغان ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھاللا ماڭا ئېيتقان بولاتتى. مەغلۇپ بولغانمىدۇ؟ بۇنىڭمۇ قىلچە ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ ...» چىمەنبانۇ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ: «يۈسۈپنىڭ ماڭا ماھىنۇرغا تەكلىپ قويغان ئىشىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئېيتمىغىنىغا قارىغاندا، مەغلۇپ بولمىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ئېنىق: هازىرچە قورقۇنچلۇق خەۋەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمايدىغاندەك تۇرىمەن» دەپ ئويلىدى. شۇڭا، ئانا ـ بالا ئىككىسى تاماقخانىدىن چىقىپ خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، چىمەنبانۇ ئۇشتۇمتۇت قەدىمىنى توختىتىپ:

— يۈسۈپ، سەندىن سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تۈنۈگۈن ماھىنۇر بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — دەپ سالماقلىق بىلەن سورىدى.

— ئېسىمگە سېلىپ قويمىغان بولسىڭىز، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالار ئىكەنمەن. تۈنۈگۈن سۆزلىشەلمىدىم. چىمەنباغدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، كەچ قايتىپ كەلدىم، — دېدى يۈسۈپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك.

بۇ جاۋابنى يۈسۈپ تۈنۈگۈن كېچىلا ئويلاپ قويغانىدى. ئۇ پۈتۈن كېچىنى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆتكۈزدى. يۈسۈپ بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان، جابىرنىڭ بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى ۋە ماھىنۇرنىڭ بۇ ئىككىسىنى بىر ـ

بىرىگە باغلاپ قارايدىغانلىقىنى تىخىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ جابىرنىڭ تەكلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، ماھىنۇرنىڭ شۇنچىلىك ئازابلىنىشى ۋە ئۆزىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تىللاپ كېتىشى چۈشىنىشلىك دەپ بىلدى، چۈنكى ماھىنۇرنىڭ جابىرغا قانداق قارايدىغانلىقىنى يۈسۈپ ئېنىق بىلەتتى. يۈسۈپ ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چۈشەندى. دادىسى تۇنۇگۈن ئەتىگەن سودا ئىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ كۆچلۈك ھىمايىچىسىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلغاچقا، «ھازىرچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئىشنى جىممىدە بېسىپ قويۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى، چۈنكى ئاپىسى ئۇنى ئىلاجسىز قوللاۋاتاتتى، ئەگەر بۇ ئىشنى ئۇ سېزىپ قالىدىغان بولسا، يۈسۈپكە يەنە قانداق تاپا ـ تەنىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ چاغدا يۈسۈپنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولمامدۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ يەنە قانداق چىدىسۇن؟

— سېنىڭ ماڭا ھېچنېمە دېمىگەنلىكىڭ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، تۇنۇگۈن كەچتە سېنى ئۇزاق ساقلىغانىدىم، — دېدى چىمەنبانۇ.

— مېنى دەپ ئاۋارە بولغىنىڭىزغا رەھمەت، ئاپا! — يۈسۈپ گېپىنى تۈگىتىپ، ئاپىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۈچ ـ تۆت كۈن تېپتىنچ ئۆتتى. يۈسۈپنىڭ چىمەنباغقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن زادىلا تالاغا چىقمىغانلىقىدىن چىمەنبانۇ ھەيران قالدى.

«ئادەتتە يۈسۈپ ھەر كۈنى كەچتە كۇلۇبقا باراتتى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى نېمىشقا بارمىدى؟» چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلى چىگىش گۇمانلار بىلەن تولدى.

جابىر ماھىنۇرغا تەلەپ قويۇپ بۇرنىغا يېگەندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، دىلاۋەر بىلەن تېخىمۇ ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ، ماھىنۇردىن ئۆچ ئېلىشقا كىرىشكەنىدى. شۇنىسى

ئەجەبلىنەرلىككى، ماھىنۇرنىڭ يۇسۇپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا قانداق يەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئىككىسى خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى چىمەنبانۇغا يەتكۈزدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ پايلاقچى ئىتلارغا ئوخشاش، تىرناقچىلىك ئىش بولسىمۇ ھەر كۈنى كېلىپ چىمەنبانۇغا دوكلات قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ماھىنۇرنىڭ يۇسۇپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، خۇدايىم ئۇنى يۈرىكىنى كېچە ـ كۈندۈز ئەندىشىگە سېلىپ تۇرغان غەمدىن خالاس قىلغانىدى. «خۇداغا شۈكۈر، غەمدىن قۇتۇلدۇم، زىخمۇ كۆيمىدى، كاۋاپمۇ كۆيمىدى. بۇ بەك ياخشى بولدى. ئوغلۇمنىڭ مەن بىلەن ئۆچلىشىپ قېلىشىدىن قۇتۇلدۇم، بوسۇغىدىن چىقمايمۇ بۇ توي ئىشىنى رەت قىلىش مەقسىتىمگە يەتتىم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئوغلىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغىنىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن چىمەنبانۇغا شۇ تاپتا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە يېقىملىق ناخشا ـ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك، ئىشىكلەر، تاملار سىرداش دوستىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ: «ھەي، ئىشى ئىلگىرى باسمايدىغان چىمەن! بۇگۈن ئامىتىڭ كەلدى، سېنىڭ چۆلدەرەپ خارابىلىككە ئايلانغان، تەۋرىنىپ ئۆرۈلەيلا دەپ قالغان ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىڭ نىجادلىقا ئېرىشتى. بۇ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان ئىش جۇمۇ!» دەۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ۋە غەم ـ قايغۇسىدىن خۇشال بولۇشنىڭ ئانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان نورمالسىز ئىش ئىكەنلىكىنى قىلچە سەزمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ چىدىغۇسىز روھىي ئازابقا دۇچ كەلگەنىدى.

چىمەنبانۇ تېرىسىگە پاتماي، نۇرغۇن پىلانلارنى قۇرۇۋاتقان پەيتتە، قاتتىق روھىي ئازاب ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە قالغان

ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى.
جابىر بىلەن دىلاۋەر ئۇنىڭغا «ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان خۇش خەۋەر»نى يەتكۈزگەن كۈنى ئۇ يۈسۈپنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتتى.
ئۇ: «ئوغلۇم مېنى كۆرۈپ، ئاپام مېنىڭ ئىشىمغا مەندىنمۇ بەك ئازابلىنىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىسۇن» دەپ، كۆڭلىدىكى خۇشاللىقى ۋە سۆيۈنۈشىنى كۈچ بىلەن باستى.
— بالام، ئەمدى مەندىن يوشۇرما. سەن ھازىر چىدىغۇسىز ئازاب چېكىۋاتىسەن، شۇنداق تۇرۇپمۇ مېنى دەپ زورمۇزور خۇشال يۈرۈۋاتىسەن. بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ماھىنۇر سېنىڭ تەلىپىڭنى ئاللىقاچان رەت قىلدى. سەن ھەر كۈنى سىرتقا چىقماي، بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدىڭ. ئەگەر ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ...
ئاپىسىنىڭ سۆزى، ئاۋازىنىڭ تىترەشلىرى، بىرەر ئىش بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئۆزىدىن ئەنسىرەشلىرى ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بېرىقى زورمۇزور خۇشال قىياپەتكە كىرىۋالغان ياسالمىلىقىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا يول بەرمىدى، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ قالدى.
يۈسۈپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، بىرھازا تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يۈرىكى ئېزىلگەن ھالدا شۇنداق دېدى:
— ئاپا، بۇ ئىشنى ئەمدى ئېغىزغا ئالماڭ. مېنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ئېتىقادىم بەربات بولدى. مېنىڭ بۇرۇن بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم ۋە تەسەۋۋۇرلىرىم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەن، خام خىيال ئىكەن، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈشلىرىممۇ قارىغۇلارچە بوپتىكەن!
— بالام! — چىمەنبانۇ چۆچۈپ كەتكەن قىياپەتتە سورىدى، —

بۇ زادى قانداق گەپ؟

— مەن ئۆزۈمنى پايلىماي ئېگىزگە ئېسىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ماھىنۇر ئالىيجاناب، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان خىسلەتلىك پەرىشتە ئىكەن. مەندەك بىر ئاددىي ئادەم ئۇنىڭغا قانداق جور بولالىسۇن؟

روشەنكى، يۇسۇپ تەئەددى بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، ئەمما يۇسۇپنىڭ سىپايىلىك بىلەن قىلغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چىمەنبانۇ: «ئوغلۇم ماھىنۇرغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ، ھەممە ئىش مېنىڭ كۆتكىنىمدەك بولۇۋېتىپتۇ، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قىلىۋېرەي» دېگەن يەرگە كەلدى.

— قارا سېنى، مەن بۇرۇنلا ساڭا دېمىگەنمىدىم؟ ماھىنۇر كۆرۈنۈشتە مۇلايىم، سىپايە بولغىنى بىلەن، بەربىر بۇزۇق خوتۇننىڭ قىزى، قاچانلا بولسا، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئادەمدەك ياشاشنى خالىمايدىغان شاللاق قىزغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ئاپىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان يۇسۇپ پوكاندەك قىزىرىپ، غەزەپلەنگىنىدىن ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئۇ بىرنىمە دېگۈچە چىمەنبانۇ يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئاڭلىسام، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئوغۇل باللار ئاز ئەمەس ئىكەن، دىلاۋەردەكلەرگە بەك خۇشتارمىش.

يۇسۇپ ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي، زەردە بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاپا ! سىز نېمىلەرنى پىلجىرلاۋاتىسىز؟

ئۇنىڭ ئاچىزلاپ كەتكەن گەۋدىسى سەللا بىرنەرسە تەسىر قىلسا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئارانلا تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت ھاياجانلىنىش ۋە غەزەپتىن ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلىپ، بىردىنلا گېلى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ گېلىنى تۇتۇۋېلىپ قىينالغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىز ماھىنۇرنى دەۋاتامسىز؟

— باشقا كىم بولاتتى؟ دەل ئاشۇ يۇرسىز ئاپىدىن تۇغۇلغان قىزنى دەيمەن ـ دە !

يۇسۇپنىڭ نىمە ئۇچۇن مۇشۇنداق سوئال سورىشىنىڭ سەۋەبىنى چىمەنبانۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ قىلچە قورۇنمايلا ئەنە شۇنداق كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى.

يۇسۇپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چوڭچەكتەك بولۇپ كەتتى. ئەمما، گېپى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقتىن، ئاپىسىغا غەزەپ بىلەن رەددىيە بېرىشكە ئامالسىز قالدى، ئۇ بىر ئاز توختىۋېلىپ، ئاندىن بوش ئاۋازدا:

— ئۇ دېگەن پەرىشتە، مۇقەددەس پەرىشتە ! بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ۋەسلىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما مەغلۇپ بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا قىلىنغان ھەرقانداق ھاقارەت، كەمسىتىشلەرگە چىداپ تۇرالمايمەن ! ئۇ دىلاۋەردەك لۈكچەكلەرنى ياقتۇرۇپ قېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارغا گەپ قىلىشنىمۇ نومۇس دەپ بىلىدۇ. سىز بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ بۇ پۈتۈنلەي نومۇسسىزلىق بىلەن قىلىنغان تۆھمەت ! — دېدى.

چىمەنبانۇ يۇسۇپنىڭ بۇ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي، ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقچى بولغاندەك يۇسۇپكە قاراپلا قالدى.

يۇسۇپ يەنە ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىماي، جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاچچىق خىيالغا چۆمدى ـ دە، ئۆزىنىڭ راستتىنلا ماھىنۇرغا جور بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كالىلىسى نەسەب ـ مەرتىۋىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان ئىدىيە بىلەن تولغان، ئالدىدا ئولتۇرغان ئاپىسى بۇ جەھەتتە دادىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. ئەمما، كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتقان، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەۋاتىدۇ، دېيىلگەن ماھىنۇردا بۇنداق ئىدىيە يوق ئىدى. بۇ ئالىيجانابلىق ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىدا تۇرغان ئاپىسى ھەققىدە ئويلاپ كەتتى. ئۇ تېخى يېقىندىلا ئاپىسى بىلەن نەچچە سائەت

سۆزلەشكەن، ئۇنى قايىل قىلىش، گۇماندىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئاپىسىمۇ: «بالام، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بۇنچىۋالا ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن ...» دېگەن ئەمەسمىدى؟ بايىزە، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ئىكەن ـ دە! يۇسۇپ ئاپىسىدىكى نەسەب ـ مەرتىۋە كۆز قارىشى ۋە ماھىنۇرلارنىڭ ئائىلىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇنىڭ رەھىمدىل يۈرىكىنى مۇزدىن سوغۇق، تاشتىنمۇ قاتتىق قىلىۋەتكەنلىكىنى بايقىدى.

يۇسۇپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، يۈزىدىن تەر تەپچىرەپ تۇراتتى. بويۇن تومۇرلىرىمۇ كۆپچۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قول ياغلىقى بىلەن تەرىنى سۈرتمەكچى بولۇۋاتقاندا ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھېلىقى بىمەنە گەپلەرنى يەنە ئېسىگە ئېلىپ قالدى.

ئۇ غەزەپلەندى، كۆڭلىدە: «ئاپام شەرىئەتنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە پىتنە ـ ئىغۋا تېرىپ، تۆھمەت چاپلىغان ئادەملەرنى مىڭ دەررە ئۇرۇپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىش كېرەك !» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل بىر قىزغا نېمە ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ تۆھمەت چاپلايدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئاپىسىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىدىن، بولۇپمۇ بايا قىلغان ئاڭلىغۇسىز سۆزلىرىدىن يۇسۇپ ئاپىسى رەت قىلغان ئىشنى قىلىشنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. بۇ گەپتىن قارىغاندا، ماھىنۇر ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر ياستۇققا باش قويالىشى ناھايىتى تەس ئىدى. بۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز ئانا ـ ھە ! ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى دەپ ئۆز پەرزەنتى ئولتۇرغان كېمىنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ، ئوغلىنى پۈتۈن ئۆمرىنى ئازاب ـ ئوقۇبەت قاينىمىدا ئۆتكۈزۈشكە مەھكۇم قىلىۋاتاتتى. يۇسۇپ ئۆزىدە تاشنى ئېرىتكۈدەك تۇغرا، ھەققانىي

ئاساس بولسىمۇ، ئاپىسىدىكى جاھىل قاراش ۋە رەھىمسىزلىكنى يېڭىشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەندى.
يۈسۈپنىڭ يۈزىدىكى تەر ئەمدى مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك تامچىلارغا ئايلىنىپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى، يۈرىكى گويا ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن سوقاتتى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە قول ياغلىقىنى چىقىرىپ تەرىنى سۈرتتى، شۇ چاغدىلا چىمەنبانۇ ئۇنىڭغا سەپسېلىپ، چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى:
— يۈسۈپ، نېمە بولدۇڭ، بالام؟ ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟
يۈسۈپ ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. يۈرىكىگە تولۇپ تۇرغان قايغۇ ۋە غەزەپنىڭ قاشنى بۇزۇپ، زادى توسقىلى بولمايدىغان تاشقىن سۇغا ئوخشاش دەھشەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ كېلىنىڭ گويا داغلىغاندەك كۆيۈشۈپ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى.
— ئاپا، ھېچ يېرىم ئاغرىغىنى يوق، مەن ئازابتا قالدىم، سىز ئۈچۈن، دادام ئۈچۈن، ئائىلىمىز ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىمەن. ماھىنۇر ئۈچۈن تېخىمۇ ئازابلىنىۋاتىمەن.
چىمەنبانۇ قېتىپلا قالدى.
— ئاپا، ئۆزىڭىزگە ئايان، — دېدى يۈسۈپ چېكىسىدىكى تەرىنى سۈرتۈپ، — سىز بۇ توي ئىشىغا دەسلەپتىلا قارشى تۇرغان، ئەمما يوشۇرۇن قارشى تۇرغان. ھازىر ماھىنۇرنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىڭىزنى باسالماي، قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقتىڭىز، ماھىنۇرنىڭ مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىشى مەيلى قايسىلا تەرەپتىن بولسۇن، ناھايىتى توغرا. ئۇ نېمە ئۈچۈن سىزگە كېلىن بولۇشى كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن سىز تىللايدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان نىشانغا

ئايلىنىپ، ئۆمۈربويى سىزنىڭ خورلۇقىڭىزنى تارتىشى كېرەك؟ ئاپا، سىز ھېچقاچان ئۇنى ئۆزىڭىز بىلەن تەڭ كۆرۈپ گەپ قىلىپ باقمىدىڭىز ! — ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ بىر ئوتلام سۇ ئىچكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز نېمىشقا ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىسىز؟ ئۇنىڭ ئۆيى قەيەردە، دادىسى كىم، ئاپىسى قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟ يەنە ھېلىقى نىكاھسىز تۇغۇلغان ئىككى بالىمۇ بار ... بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزدەك مۇقەددەس ئانىنىڭ ئۇنىڭغا ماڭا ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىزغا سەۋەب بولغان. دادام ئىككىڭلار ھۆرمەتكە سازاۋەر مەرتىۋىلىك ئادەملەر. مەن بولسام مۇشۇ ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىنىڭ ئەڭگۈشتەرى، بىز ئەرشىئەلادا، ماھىنۇرلار ئاياغ ئاستىمىزدا، شۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلار بىلەن باراۋەرلىك ئۈستىدە ئېغىز ئاچقىلى بولسۇنمۇ؟ ئۇلار بىزگە زادىلا لايىق كەلمەيدۇ، ئاپا ! سىزنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىڭىز ئوغلىڭىزنىڭ بېشىغا چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن !

— يۇسۇپ، سەن ... — چىمەنبانۇ گەپ قىلىشقا تەمشەلدى - يۇ، بىراق ئاخىرىنى چىقارمىدى. يۇسۇپ قولى بىلەن شەرەت قىلىپ ئۇنى توختىتىپ قويغانىدى:

— ماھىنۇردەك پاك بىر قىز مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سەۋەنلىكى تۇپەيلىدىنلا مانا شۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچراۋاتىدۇ. ئۇ ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، خەقلەر ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىشنى راستقا چىقىرىۋاتىدۇ. ماھىنۇر بولسا ئۆزىنى ئاقلاشقا ئامالسىز. ئۇ، دانىيال مېنىڭ دادام، دەپ قانچىلىك يىغلاپ قاقشىسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ ! مەن گۇناھسىز، دەپ دەريا - دەريا ياش تۆككىنى بىلەنمۇ، كىم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ؟ مەن سىزنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئەيىبلىنىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن، ئادەملەرنىڭمۇ يۇسۇپ توغرىسىدا بىر ئېغىزدىن ...

— بولدى، سۆزلىمە يۈسۈپ !

چىمەنبانۇ ئۈشتۈمتۇت ئىچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولى بىلەن يۈسۈپنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالماقچى بولغانىدى، بىراق ئۇنىڭ گەپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېترەپ تۇرغان قولىنى تارتىۋالدى.

يۈسۈپ ئىچىگە يىغىلىپ قالغان غەزىپىنى تۆكۈۋاتقان چاغدا چىمەنبانۇ نەچچە قېتىم گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ باقتى، ئەمما بەزىدە ئۇنى يۈسۈپ توختىتىۋالدى، بەزىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە راستلا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ماھىنۇر ئۈستىدە نۇرغۇن بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئويلاپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئەسلىدە ئۇ يۈسۈپنىڭ ئۆزىمۇ ماھىنۇردىن نارازى دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقماي، ئۆزىنىڭ گەپلىرى ئوغلىنى خاپا قىلىپ قويدى. ئۇ ئوغلى بىلەن قاتتىق ئېلىشىش نىيىتىگە كېلىپ تۇرۇشىغا، ئۈشتۈمتۇت، يۈسۈپنىڭ سۆزلەپ بولالمىغان ئاخىرقى بىر جۈملە گېپىنى، ئۇنى غال ـ غال تىترىتىدىغان بىر جۈملە گېپىنى ئاڭلاپ قالدى. گەرچە بۇ مەقسەتسىزلا ئېيتىلغان گەپ بولسىمۇ، چىمەنبانۇ تاياقنىڭ زەربىسىگە چىدىيالمىغان جىنايەتچىگە ئوخشاش ئالدىراپلا: «بولدى، سۆزلىمە يۈسۈپ !» دەۋەتتى.

ھازىر گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى يەنە بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەندەك سەزدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىرمۇنچە گۇمانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولاتتى، ناۋادا يۈسۈپ بۇ گەپنى ئوبدانراقلا ئويلايدىغان بولسا، نۇرغۇن ئىشلاردىن گۇمانلانامدۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ يەتكەن چىمەنبانۇ دەرھال ئۆزىنى نىقابلاش چارىسىنى قوللاندى ـ دە، ئوغلىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك ئەلپازدا شۇنداق دېدى:

— گەپلىرىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، يۈسۈپ ! نېمانچىلا كوتۇلداۋېرىسەن، نەزىرىڭدە ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ ـ يوق؟

نېمە ئۈچۈن ھەدېسىلا ئۇنىڭغا چاپان ياپىسەن؟ گەپ قىلماي جىم تۇرسام ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىنا، بۇ قانداق قىلىق ! سەن بۇنچە شۇم ئېغىزلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى ھەم مېنى قاغاۋاتىساڭ، مەن چىداپ تۇرالامتىم؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپلىرىڭنى قۇلىقىم ئىككىنچى ئاڭلىمىسۇن. سېنىڭ بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىشىڭغا رۇخسەت يوق !

«شۇم ئېغىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۇسۇپنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ماھىنۇرنىڭ ھېلىقى رەسىم رامكىسىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن چاغدىكى ئەھۋال كۆز ئالدىدا يەنە پەيدا بولدى؛ ماھىنۇرنىڭ: «سىز چىنە ـ قاچا چېقىلسا، بالا ـ قازا كېتىدۇ، دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇ؟» دېگەن گەپلىرى قۇلىقى تۈۋىدە يەنە جاراڭلىغاندەك بولدى.

ئۇ خىيالدىن ئويغىنىپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا ئاپىسىغا:

— ئاپا، سىز مېنى ماھىنۇرغا يان بېسىپ شۇنداق كوتۇلداۋاتىدۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەچكە، تېرىكىپ ھەممىنى بىزدىن كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق ئويلايمەن. ياشلار ئەقىلگە ئەمەس، ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتكەندە، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ قالىدۇ. سەنمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسەن.

— ياق، ئاپا، مېنىڭ كاللام قىزىپ كەتكىنى يوق، — يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلمىدى.

— سەن ئەسلىدە چوڭلارنىڭ كۆڭلىنى ئايايدىغان بالا ئىدىڭ، بۈگۈن تۇرۇپلا ئەقلىڭدىن ئادىشىۋاتىسەن، «ساۋابلىق ئىش» قىلىمەن، ۋەسلىمگە يېتىمەن، دەپ ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك دەرىجىگە يېتىپسەن.

— ياق، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس. مەن ھەرگىز ساۋابلىق ئىش قىلىش باھانىسى بىلەن مەقسىتىمگە يېتىشنى خالىمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاپا، بۇنداق دېمەڭ، — يۇسۇپ يەنە ھاياجانلاندى،

شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، چوڭقۇر بىر تىنىدى ـ دە، يەنە شۇنداق دېدى، ــ مەن، مەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالىدىغانلاردىن ئەمەس. مېنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمەيمەن، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ پاك دەپ ھېسابلايمەن. ھازىر بۇ ئىش تۈگىدى. ماھىنۇر مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن. مەن مەجنۇن ياكى پەرھات ئەمەس، سۆيگىنىمدىن ئايرىلدىم دەپ ئورمانلىققا كىرىپ ساراڭ بولمايمەن، پالتا بىلەن ئۆز بېشىمغىمۇ چاپمايمەن. ماھىنۇر بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ياشاۋېرىمەن.

قورقۇپ تۇرسىمۇ يالغاندىن يۈرەكلىك قىياپەتكە كىرىۋالغان چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئوغلۇم ئەمدى ئۆزىنى سەل بېسىۋاپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالمان ـ تالمان:

ــ ئىلاھىم شۇنداق بولغىن، ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ــ دېدى.

ــ مېنى ئۆمۈرۋايەت ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، جەمئىيەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا مۇۋاپىق كەلمىسە، ھەرقانداق توغرا ئىش، پىكىر ۋە ھەرىكەتلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدىكەن. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز ئۈچۈن ئىدارە، ئىستىقبال ۋە غەيرىتىمدىن ۋاز كېچىمەن. چاكىنا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەردىن بولىمەن، ــ دېدى يۈسۈپ.

چىمەنبانۇ ئۇنى ئەمدى ئەيىبلىمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ: «ئەرلەر بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى باسالماي بارا ـ بارا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئوغلۇمغا تەسەللى بەرگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. مەن مەقسىتىمگە يەتتىم، ماھىنۇر ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلدى. ئەمدى بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان ئىشنى قىلمىسام، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى جاراھەت ئاستا ـ ئاستا ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاپ شۇنداق دېدى:

— جېنىم بالام، ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەن مېنىڭ بىردىنبىر بايلىقىم، نەچچە كۈندىن بېرى، سېنىڭ قاتتىق روھىي ئازابقا چىداپ، زورمۇزور خۇشال يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ماھىنۇرنىڭ تەلىپىڭنى رەت قىلغانلىقىدىن ناھايىتى نومۇس قىلدىم، ئاچچىقىممۇ كەلدى. نەزىرىمدە ماھىنۇرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىردىنلا كەمچىلىككە ئايلىنىپ، ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى ئېيتىشىمغا سەۋەب بولدى. بالام، سەن توغرا ئېيتتىڭ، بىر ئادەم ئۇچۇن ھېچكىم ساراڭ بولۇپ كەتمەيدۇ. سەن توي ئىشىڭدىن غەم قىلما، بىزنىڭ ئۆيگە كۆز تىكىپ تۇرغان ئادەم ئاز ئەمەس، ئۇلار قىزلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىشىمىزگە تەشنا ...

چىمەنبانۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا يۈسۈپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— ئۇلارنىڭ قىزىقىۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ مال - دۇنيايىڭلار، ماھىنۇردا بۇنداق ئىللەت يوق. ئۇنىڭدا بىزنىڭكىدىن غايەت زور بايلىق — غۇرۇر بار!

چىمەنبانۇ ئەمدى ئادەتتە ئوغلىغا ئىشلىتىپ كۆنۈپ قالغان ئىككى يۈزلىمىلىكىنىڭ قايسىسىنى ئىشقا سالسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي بىرمەھەل تەمتىرەپ قالدى.

ئۇ بىرھازا ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق دېدى:

— بالام، مەن ھازىر سەندىنمۇ بەك ئازابلىنىۋاتىمەن! ئەمەلىيەتتە، مەن ماھىنۇرنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى كۆرەتتىم، ئۇ ھەقىقەتەن ئوبدان قىز ...

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ بۇنداق گەپلىرىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانىدى.

— ئەمدى بۇلارنى دېيىشىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ، — سىز ماھىنۇرنى ياخشى دەڭ، يامان دەڭ، بەرىبىر ئاڭلاشنى خالىمايمەن. بۇ گەپلەرنى ئەمدى قايتا ئېغىزغا ئالماڭ. كەچۈرۈڭ

ئاپا، مەن بېرىپ ئارام ئالاي، بەك ھېرىپ كەتتىم.
يۈسۈپ ھۇجرىسىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ بەكمۇ چارچىغانىدى، شۇڭا چۈشكىچە ياتتى. پېتىر ئۇنى چۈشلۈك تاماققا چاقىرىپ كىرىۋىدى، باشقىلار يېگەچ تۇرسۇن، دەپ چىقىرىۋەتتى، كېيىنمۇ تاماققا چىقمىدى. چۈشتىن كېيىنكى چاينى يۈسۈپنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ بەردى، يۈسۈپ ئۇنىمۇ ئىچمىدى.
يۈسۈپ چىمەنباغدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىدى. كاللىسى سەگەك بولسىمۇ، ئىچىدىكى دەردىنى يېنىكلىتىشنىڭ ئامالى يوق ئىدى. بۈگۈن ئاپىسى بىلەن بولغان ئۆزاق سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئاجىز تېنى ناھايىتى تېزلا ھالىدىن كەتتى. چېكىدىن ئاشقان روھىي زەربە تۈپەيلىدىن، ئۇ ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.
چىمەنبانۇ ئاززۇلۇق ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن تىت ـ تىت بولدى ۋە ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كارغا كەلمىدى.
ئەمەلىيەتتە، يۈسۈپنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىغان ئېسىل دورا يوقمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما چىمەنبانۇ قېرىشقاندەك بۇ دورىنى ئىشلەتمەيۋاتاتتى.
نىكاھ ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولسىلا، ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى سارغىيىپ غازاڭ بولغان بوستانلىقنىڭ قايتا كۆكلەيدىغانلىقى، ئوغلىنىڭ سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىدىغانلىقى چىمەنبانۇغا ئايان ئىدى. ئەمما، بۇنداق قىلىشقا چىمەنبانۇ قانداق كۆنسۇن؟ ناۋادا بىرەرى ئۇنىڭغا، ئوغلىڭىزنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن سىزنىڭ قېنىڭىز كېرەك دېسە، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنىمۇ تەقدىم قىلغان بولاتتى. ئەمما، ئۇ ئۆز كۆڭىدىكى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ھەممە نېمىسىنى قۇربان بېرىشتىن يانمايتتى.

«بۈركۈت كۈنىنىڭ ئىسسىقىغا چىدىيالماي، ئۆزى باستۇرۇۋاتقان تۇخۇمدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇ كۈنلەردە چىمەنبانۇ دەل شۇنداق بۈركۈت بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭغا ئوغلۇڭنىڭ ھاياتى بىلەن كۈندىشىڭدىن ئۆچ ئالىدىغان بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللىۋال دېسە، ئۇ «يۇسۇپ مېنىڭ جەستىمنى دەسسەپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ماھىنۇرنى ئۆيگە ئەكىرەلەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

يۈسۈپنىڭ كېسىلى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. گەرچە چىمەنبانۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن داڭلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، زادىلا ئۈنۈمى بولماي، ئەكسىچە كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئاخىر ئۇلار يۈسۈپنى شەھەردىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى.

ئىنگلىزلار باشقۇرۇشىدىكى بۇ دوختۇرخانا ماھىنۇر ئىشلەۋاتقان چېركاۋ دوختۇرخانىسى ئىدى. ماھىنۇرنىڭ بۇ يەردە سېستىرالار باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. ئۇ ناھايىتى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەچكە، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كۈنى سېستىرالارغا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغاندىن سىرت، كېسەلخانىلارنى ئۆزى تەكشۈرۈپ چىقاتتى، بەزى كېچىلىرى ھەتتا سېستىرالارنىڭ خىزمىتىگىمۇ ياردەملىشەتتى. چىمەنباغدا ئۇ كۆڭلى پەرىشان ھالدا يۈسۈپنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىش ياكى كۇلۇبقا بېرىپ ئويناشقا ئەمدى ئانچە قىزىقمايدىغان، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى دوختۇرخانىدا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى دوختۇر ئۇنىڭغا دەرھال ياتاققا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر كېسەل كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئۇ شۇ ھامانلا سېستىرالارغا بىمارنى كېسەلخانىغا ئەكىرىشنى تاپىلىدى ۋە ئۆزىمۇ قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، كېسەلخانىغا كەلدى. ئۇ بىمارنى كۆرۈپلا، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ دەلدەڭشىپ كەتتى.

ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي، تېزلىك بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىش رەسمىيەت قەغەزلىرىنى ۋاراقلاپ، بىمارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بىلەن ئادرېسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ خاتا كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەندى.

«ئاھ خۇدا! بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇ راستىنلا يۇسۇپمىدۇ؟ كۆرۈشمىگىنىمىزگە تېخى ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىلا بولغان تۇرسا، ئۇ قانداقسىگە ئاغرىپ بۇنداق تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەندۇ !» يۇسۇپنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى گويا ئادەملەرگە، مەن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيادىن كېتىمەن، دەۋاتقاندەك يېرىم ئېچىقلىق ئىدى. ماھىنۇر ئەھۋالىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا كۆڭلى تارتمىدى ـ دە، سېسترالارغا بىمارنىڭ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشنى تاپىلاپ، دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى.

ماھىنۇر ماتىئىن دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كېتىۋېتىپ: «يۇسۇپنىڭ ئاغرىپ بۇ دەرىجىگە يېرىپ قېلىشىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟ بۇنىڭغا مەن سەۋەب بولدۇممۇ يا ... شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ياشىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشكىمۇ رازى بولغان بولاتتىم !» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ماتىئىن دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. كۈتۈلمىگەندە، چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىدمۇ شۇ يەردە ئىدى. ماھىنۇر سەل ئارىسالدى بولدى ـ يۇ، قەدىمىنى توختاتمىدى. ئۇ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى. جەمشىد ئۇنىڭ سالىمىنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى، چىمەنبانۇمۇ ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا ئەھۋال سوراپ قويدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن روشەن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى.

جەمشىد بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى سىرتتىن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ تەلىپىنى ماھىنۇر رەت قىلغانلىقى

ئۇچۇن، بۇنچە قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قايغۇغا چۆمگەنىدى. ئۇ چىمەنبانۇغا خېلى قاتتىق كايىدى ۋە: «يۇسۇپكە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا سىزنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن» دېدى.

ئۇ يەنە خوتۇنغا: «ئوغلىمىزنىڭ ھاياتىنى ئەلا بىلىڭ، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات دەڭ» دەپ بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئوغلىنى ماھىنۇر ئىشلەۋاتقان چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا ئەكەلگەنىدى.

كۈتۈلمىگەندە، ئۇلار ماتىئىن دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدا ماھىنۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ماھىنۇر ماتىئىن دوختۇرغا: «يۇسۇپ ھازىر بىھوش ھالەتتە ياتىدۇ» دېدى. چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىدكە تەڭلا تىترەك ئولاشتى. ئۇلار ھەممىسى دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ كېسەلخانىغا كىردى.

دوختۇر دىياگنوز قويۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال جىددىي قۇتۇلدۇرۇش باشلاندى. ماھىنۇرنىڭ ئاناردەك قىزىرىپ تۇرىدىغان چىرايى شۇ تاپتا تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، چېكىلىرىدىن تەر تەپچىپ تۇراتتى. چىمەنبانۇ يا ئۆلۈك ئەمەس، يا تىرىك ئەمەس ھالەتتە ياتقان ئوغلىغا قاراپ كۆز يېشى قىلاتتى. ئەمما، يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنىمۇ، ماھىنۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

چىمەنبانۇ ماھىنۇرنىڭ كىرپىك قاقماي دىققەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، چەبدەسلىك بىلەن تېز - تېز ھەرىكەت قىلىۋاتقان قوللىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز قاتتىق ھاياجانلىنىپ، خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ خەۋپ ئۈستىدە تۇرغان ھاياتى ماھىنۇرنىڭ قولىدا تۇرغاندەك، ناۋادا ئۇ سەللا بوشاڭلىق قىلسا، ئەقەللىيسى بىر بارمىقى بىخەستەلىك بىلەن مىدىرلاپ كەتسە، يۇسۇپ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتكەن تۇخۇمغا ئوخشاش شۇ ھامان جان بېرىدىغاندەك سېزىلدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ماھىنۇر ئەمدى «تېگى

پەس قانجۇق» ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان پەرىشتە بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ماتىئىن دوختۇرنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قۇتۇلدۇرۇش ئىشى ئاياغلاشتى. يۈسۈپ ۋاقتىنچە خەتەردىن قۇتۇلدى. دوختۇر جەمشىدلەرنى ئىشخانىسىغا چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. جەمشىد ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىپ، چىمەنبانۇ قالدى. سېسترالارمۇ چىقىپ كەتتى.

— ماھىنۇر، بالام، — چىمەنبانۇ نېمىشقىدۇر ئىككىلىنىپ قالغاندەك سەل تۇختىۋالدى، — مەن يۈسۈپنى سىزگە تاپشۇردۇم. ئۇنىڭ ئۆلۈشىمۇ، تىرىلىشىمۇ پۈتۈنلەي سىزگە باغلىق. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ! ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆردىڭىز. بىللە ئويناپ چوڭ بولغىنىڭلارنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، بۇرۇن ئاراڭلاردا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇڭ! — ئۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چىمەنباغدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالىماي، يەنە مۇنداق دېدى، — ماھىنۇر، جېنىم بالام! يۈسۈپنىڭ سىزگە قىلغان ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىڭ، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي! ئۇ سىزگە يېقىنلىشىشقا باشقا ئامال تاپالمىغان. ئۇنى خۇدايىم مانا شۇ تەرىقىدە سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلتۈرگەن!

چىمەنبانۇنىڭ سۆزى يۈسۈپنىڭ ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببىتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ماھىنۇرنىڭ چىرايىدا خىجىللىق ئەكس ئەتتى.

ماھىنۇر چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇ ھېچقاچان چىمەنبانۇدىن كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ ئاڭلاپ باقمىغانىدى: «ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ ھاكاۋۇر خانىم بۈگۈن قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ سالاپىتىگىمۇ قارىماي، ئۆزى كەمسىتىدىغان ماڭا يېلىنىپ گەپ قىلىپ قالدىكىنا؟» ماھىنۇر دەسلەپتە ھەيران بولۇپ، كېيىن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. شۇڭا، دەماللىققا

سۆز قايتۇرالمىدى.

چىمەنبانۇ ماھىنۇرنىڭ ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلماپتۇ» دەپ ئويلىدى ــ دە، يەنە بىر قېتىم يالۋۇردى. شۇ چاغدىلا ماھىنۇر ئۆزىنىڭ گەپنى خاتا ئاڭلاپ قالمىغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئىختىيارسىز ئالاقزادە بولۇپ، يەنە تېزلا ئۆزىنى بېسىۋالدى.

ــ چوڭ ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بار ئىمكانىيىتىم بىلەن ياردەم بېرىمەن. بىز ھەرقانداق كىشىلەردىن ئوبدان خەۋەر ئالىمىز. بىزنى بىقىپ ئۆستۈرگەن شەپقەتچىمىز سىز ۋە تاغىمىزغا تېخىمۇ شۇنداق قىلىمىز! ــ ماھىنۇر بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مۇلايىم، تەمكىن، ئەدەپلىك ئىدى.

ــ ياق، ماھىنۇر! شەپقەت دېگۈدەك نېمە بار؟ ــ چىمەنبانۇ بۇنداق گەپنى تۇنجى قېتىم دەۋاتاتتى، ــ شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ، بۇ تاغىڭىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، ئۇنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟ يۈسۈپنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالالىسىڭىز شەپقەت دېگەن شۇ.

ــ چوڭ ئاپا، نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ سىلەر بولمىغان بولساڭلار، مەن بۇ يەرگە قانداق كېلەلەيتتىم؟ سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالىدىم. يۈسۈپنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مەن ...

ماھىنۇر ئۇشتۇمتۇت توختاپ قېلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، ئالدىدىكى گەپلەرنى دېمەك ئاسان ئىدى. بىراق، ھازىرقى گەپ ئۇنىڭ يۈسۈپ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقى ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى. يۈسۈپنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولسىلا، ئۇ يۈسۈپنىڭ ئورنىدا ئۆلۈشكىمۇ رازى ئىدى. بىراق، ئۇ شۇنداق دېيەلەمدۇ؟ گەرچە ئۇ شۇنداق ئويلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما چىمەنبانۇنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى باشقىچە ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى.

ــ ئۇنىڭغا قان لازىم بولسا، مەن چوقۇم بېرىمەن.

— ماھىنۇر، مەن سىزنىڭ ياخشى قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. كۆڭلۈم ئەمدى ئەمىن تاپتى. يۈسۈپنىڭ ساقىيىشى پۈتۈنلەي سىزنىڭ ياردىمىڭىز ۋە غەمخورلۇقىڭىزغا باغلىق بولۇپ قالدى.

— چوڭ ئاپا، خاتىرجەم بولۇڭ. ماتىئىن دوختۇر يۈسۈپنى بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، بىر مەزگىل داۋالىنىپ كۆتۈنمىسە، دەم ئالمىسا بولمايدۇ، دېدىغۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا يۈسۈپ تېز ساقىيىپ كېتىدۇ. چوڭ ئاپا، ئۇ قانداق بولۇپ ئۇشتۇمتۇت بۇ ھالغا كېلىپ قالدى؟ ئۇ تېخى ئىككى ـ ئۈچ ھەپتە ئىلگىرىلا ...

ماھىنۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ نېمە سەۋەبتىن بىردىنلا ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئەھۋال ئۇنىڭ ئۆزى پەرەز قىلغاندەكمۇ ياكى ئەمەسمۇ، شۇنى بىلىشكە تەقەززا ئىدى.

— مەنمۇ ئۇنىڭ كېسەللىكگە نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. سىزنىڭكىگە بېرىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئۇ خۇشال ھالدا: «قەدىرلىك ئاپا، مەن بېرىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى رەسىمنى سىزىپ تۈگىتەي، ئەتە ئۇنى ئىگىسىگە تەقدىم قىلماقچىدىم» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ گېپىگە دىققەت قىلماپتىمەن. كېيىن ئۇ يەنە: «سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىزغا بىنائەن، ئەتە ماھىنۇرلارنىڭكىگە بېرىپ، سىز زارىقىپ كۈتكەن خەۋەرنى سىزگە بالدۇرراق ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىمەن ...» دېگەندەك قىلغان.

ماھىنۇر بۇ گەپلەرنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى.

چىمەنبانۇ ئارقىدىنلا يۈسۈپنىڭ ماھىنۇرلارنىڭكىدىن قايتىپ كەلگەندىن تارتىپ خۇددى گاچا بولۇپ قالغاندەك جىمىپ، روھى جەھەتتە كۈندىن ـ كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ، چىرايىنىڭمۇ ئاستا ـ ئاستا سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ...

چىمەنبانۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، توساتتىن ماھىنۇرغا:

— يۈسۈپ سىزنىڭ يېنىڭىزدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا نېمە بولغانلىقىنىمۇ ئېيتمىدى، مەن تا ھازىرغىچە سىزگە

چاي ئىچۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئاڭلىمەن دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇ بۇ هالدا ياتسا، مەن قانداق ... — چىمەنبانۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ماھىنۇر چىمەنبانۇنىڭ سۆزلىرىنى يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېلىقى كۈنى ئېغىر - بېسىق بولمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئەمما، باشقىلارنىڭ چىمەنباغدا يۈز بەرگەن ئىشتىن خەۋەر تاپمىغانلىقى ئۇنى خۇشال قىلدى. بولمىسا ئۇ ھازىر چىمەنبانۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبكار بولۇپ قالمايتتىمۇ؟

ئەمدى ئۇ كىمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى كۆپ ئويلىماي، يۇسۇپنىڭ ئۆلۈكتەك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ: «كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈپتىمەن» دېگەن قاراشقا كەلدى.

ماھىنۇرنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ كەتتى.

چىمەنبانۇ ماھىنۇرنىڭ يۈرىكىدىكى سىرلىرىنى بىلىۋالغاندەك، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ماھىنۇر، جېنىم بالام، مەن كېتەي. بۇ يەردە يۇسۇپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مەن خاتىرجەم بولدۇم، — دېدى ۋە ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىغا، تېخىچىلا بىھوش ياتقان يۇسۇپكە قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويدى - دە، ماھىنۇر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

كېسەلخانىدا يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرلا قالدى.

جىمجىتلىققا چۈمگەن كېسەلخانا ئىچىدە يۇسۇپنىڭ ئىنتايىن زەئىپ نەپەس ئالغان تاۋۇشىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. ماھىنۇر يۇسۇپكە قاراپ ئولتۇرۇپ تۇرلۇك - تۈمەن خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ تاتىرىپ كەتكەن مۇزدەك قوللىرىغا سۆيدى. ئىسسىق ياش تۆنچىلىرى يۇسۇپنىڭ قولى ئۈستىگە، ئۆزىنىڭ ئاپپاق خالتىسىنىڭ ياقىلىرىغا تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— يۈسۈپۈم، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

ئۇ نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟ ئۇنىڭ قەلبىدىكى يۈسۈپ — ئىلگىرىكى سەرۋى قامەتلىك، ھەيۋەتلىك ياش قارىغاي بۈگۈن تىكەنلىك قاقشالغا ئايلىنىپ قالغان تۇرسا! ئۇ: «چىمەنباغدا يۈسۈپكە ھېلىقىدەك مۇئامىلە قىلمىسام، ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ ئۇنىڭ يارىسىنى تاتىلاپ، ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرمىسەم بوپتىكەن. ئۇنى مەن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدۇم» دەپ پۇشايمان قىلاتتى. ئۇ يەنە يۈسۈپتىن شۇ كۈنى ماڭا يۈرىكىڭنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بەرمىدىڭ دەپمۇ ئاغرىنىدى.

بۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا يۈسۈپنىڭ لەۋلىرىنىڭ گويا بىرنېمە دەۋاتقاندەك بىلىنەر - بىلىنمەس قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى. ئەمما، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدى. ماھىنۇرنىڭ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. بىر ئازدىن كېيىن يۈسۈپ يەنە بىر قېتىم ئۇزۇپ - ئۇزۇپ جۆيلۈگەن چاغدا، ئۇ گەپنى ئېنىق ئاڭلىيالىدى: «ياق ... يالغان گەپ ئەمەس ... بۇ مېنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈم ...»

ماھىنۇر چۈشەندى، ئۇ چىمەنباغدىكى ئىشنى سۆزلەۋاتاتتى. ماھىنۇر بايا سەل دەرگۇمان بولۇپ: «ھەرقانچە بولسىمۇ يۈسۈپ چىمەنباغدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش تۈپەيلىدىنلا ئاغرىپ بۇ ھالغا كېلىپ قالماس» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى. «ئۇ ماڭا چىن دىلىدىن تەلەپ قويغانىكەن، ئۇنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كاردىن چىقارغان ئادەم مەن بوپتىمەن!» بۇلارنى ئويلىغانسېرى ماھىنۇر تېخىمۇ بىئارام بولاتتى، كۆز ياشلىرىمۇ مەڭزىنى بويلاپ يۈسۈپنىڭ قولىغا تاراملاپ چۈشتى.

كېسەلخانا ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق قاپلىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

يۈسۈپ ئەتىسىمۇ ھوشىغا كەلمىدى. ماھىنۇر ماتىئىن دوختۇرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بىمارنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك كۈتۈش تەدبىرىنى — بەدەننى ئۇۋۇلاپ سۈرتۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى.

ئۇنىڭ مامۇقتەك يۇمشاق ھەم نازۇك قوللىرى بەئەينى مەيىن باھار شامىلى مەجنۇنتاللارنى ئەركىلەتكەندەك يۈسۈپنىڭ بەدىنى ئۈستىدە يېنىك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى ئىلمان سۇغا چىلانغان ئاپپاق بۇلۇت پارچىسى بىلەن يۈسۈپنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتەتتى، ئۇۋۇلايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى يۈسۈپنىڭ يۈرەك تارىسىنى ئاستا چېكىپ، قېنىنى قىزىتماقتا، ئۇنى تېز ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكتە ئىدى. ماھىنۇرنىڭ قوللىرى يۈسۈپنىڭ بەدىنىدە سېھىرلىك ئۈنۈم پەيدا قىلدى.

يۈسۈپ ئاخىر ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلدى ۋە قاپاقلىرىنى بىرنەچچە قېتىم لىپىلداتقاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى. بۇ چاغدا ماھىنۇر تېخىچىلا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ يۈسۈپكە چاپلىشىپ دېگۈدەك نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ماھىنۇرنىڭ نەپىسى بەئەينى ئيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خاسىيەتلىك «سۈپكۆچى»گە ئوخشاش يۈسۈپنىڭ بەدىنىگە تېگىپ، ئۇنىڭ سىزىمىنى يوقاتقان زەئىپ بەدىنىگە يېڭىدىن جان كىرگۈزمەكتە ئىدى.

يۈسۈپ كۆزلىرىنى يەنە ناھايىتى تېزلا يۇمۇۋالدى. ئۇ خامۇشلۇق ئىچىدە تا بۈگۈنگە قەدەر كۆڭلىدە ئېچىلىپ كەلگەن، ئەمما يېقىندا ئۈشتۈمتۈت ئۆزىدىن نېرى كەتكەن ھېلىقى گۈلنى

خىرە ـ شىرە كۆرگەندە تازا ئىشىنەلمەي، بۇ چۈشۈم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. «ماھىنۇر قانداق بولۇپ يەنە مەن بىلەن بىللە بولۇپ قالىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ خۇدانىڭ ئۇقدىنىدىكى ماڭا ئاتالغان بىر تال ئوق بولسا كېرەك، بۇگۈن يەنە ماڭا ئېتىلدى !»

ئۇ شۇنداق خاتا ئويغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىنۇرنىڭ گۈزەل سىماسى ئاخىر ئۇنىڭ پەرىشانلىقتا تولغان چىرايىغا تەبەسسۇم ئاتا قىلدى.

يۈسۈپنىڭ چىرايىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ماھىنۇر سەزدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، يەنىلا ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

يۈسۈپ ئاخىر ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزى بايا خىرە ـ شىرە كۆرگەن ئەھۋالنىڭ چۈشى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆزىنى يەنە ئاچتى، ماھىنۇر ئاۋۋالقىدەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى ۋە ئېنىق قىلىپ: «ماھىنۇر !» دەپ توۋلىدى. بۇ ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ يانقاندىن بۇيانقى تۇنجى گېپى ئىدى. ئاندىن ماھىنۇرغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ قويۇپ، يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمۇ غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قايغۇ كۆلەڭگىسى ئىگىلىدى. يۈسۈپنىڭ ھېسسىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ماھىنۇر ئېنىق كۆردى، ئىچىدە بولسا: «ھاقارەت ۋە خورلۇق ئازابى ئۇنى تېخىچىلا قىيناۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ مېنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن بىزار بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى» دەپ ئويلىدى.

يۈسۈپنىڭ كېسىلىنىڭ تېزرەك ساقىيىشى ئۈچۈن، ماھىنۇر ئۇنى ئۆزى كۈتمەي، ئورنىغا باشقا بىر تەجرىبىلىك سېستىرانى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يۈسۈپنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالسىلا

چىمەنباغدىكى ئىشنى يادىغا ئېلىپ جۇدۇنى ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ئۇ يۇسۇپنىڭ كېسىلىنىڭ ئەمدى ھەرقانداق يېڭى زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ھازىرقى ھالەتتە سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا كېسەلنىڭ قايتا قوزغىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقايمىقى تېخىمۇ تەس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. گەرچە سىستىرانى ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، يۇسۇپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرغاچقا، كېسەلنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

يۇسۇپ ئەمدى كارىۋاتقا يۆلىنىپ ئولتۇرالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى.

سەنەۋەرمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كېلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ھەر قېتىم يۇسۇپنى يوقلاپ كەلگەندە، چىمەنبانۇ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمىشە چىمەنبانۇ دوختۇرخانىغا كەلمىگەن ۋاقىتنى تاللاپ كېلەتتى. چىمەنبانۇ ھەر سەيشەنبە، پەيشەنبە، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كېلەتتى. جەمشىد تىجارىتى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كېلىدىغان مۇقىم قەرەلى يوق ئىدى. ئۇ بۈگۈن كەلگەنىدى.

كېلىشىپ قويغاندەك، سەنەۋەرمۇ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغاچقا، يۇسۇپتىن بىر ئاز ئەھۋال سوراپ بولۇپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— ماھىنۇر كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالغانلىقى ئۈچۈن ئوغلۇم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ماھىنۇر ئۇنىڭغا يېڭىدىن جان بەردى. سىزدىن كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى جەمشىد.

— بۇنچىلىك تەكەللۇپ قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ماھىنۇر پەقەت ئۆزىنىڭ دوستلۇق بۇرچىنىلا ئادا قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دوختۇرخانىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلسە، خۇداغا ئېيتىش كېرەك. ئۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىزنى بىكار كەتكۈزمىدى، بىزگە يۇسۇپنىڭ ساقىيىپ ئەسلىگە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈشنى نېسىپ قىلدى.

— قانداقلا بولسۇن، ماھىنۇر ماختاشقا لايىق. ئۇ يۇسۇپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ، چارچىغىنىدىن ئۆزىمۇ كېسەل كىشىگە ئوخشاپ قاپتۇ.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپنىڭ يۈزىدە ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى. دادىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «گېپىنىڭ چىرايلىقلىقىنى قاراڭ! ئۇ ماڭا يېڭىدىن جان بېرىپتۇمىش تېخى. مەن ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويماي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالدى. سېسترا بولغاندىكىن، كېسەللەرگە مۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك - دە... ئۇنىڭ مېنى قانداق كۈتكەنلىكىنى مەن تا ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ دېگەن سېسترالار باشلىقى، شۇڭا بۇنداق جىددىي قۇتقۇلدۇرۇشلارغا قاتناشمىسا بولامدۇ؟ بىراق، مېنى كۈتۈشكە يېڭىدىن كەلگەن سېسترانىڭ ئېيتىشىچە، مېنى كۈتۈش جەھەتتىكى ئالاھىدە تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ماھىنۇر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ھازىر مەندىن نەپرەتلىنىدىغان تۇرسا، مېنى ئالاھىدە كۈتۈش تەدبىرلىرىنى يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرىدۇ؟ ئادەتتىكى كېسەللەرگە ئوخشاشلا قاراۋەرسە بولمامدىمۇ؟ ئاتا - ئانامنىڭ كۈچ - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ مۇشۇنداق قىلدى دەي دېسەم، ماھىنۇر بۇنداق كۈچ - ھەيۋە ئالدىدا باش ئېگىدىغانلاردىن ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ھەممىگە ئوخشاش قاراش. ئۇنىڭ نەزىرىدە

كىيسەللەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئەمما، ئۇ نىمە ئۇچۇن ماڭا ئالاھىدە ئىتىبار بىرىدۇ؟ مۇھەببەت ئۇچۇنمۇ يا؟ ئاھ، خۇدا بۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزى گۇناھقۇ! بۇ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس!» دەپ ئويلىدى.

يۈسۈپ ئۇنداق ئويلاپمۇ، بۇنداق ئويلاپمۇ ھىچنىمىنى ئاڭقىرالمىدى. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئىچىلىپ ماھىنۇر كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ چىرايى گويا خۇش پۇراق گۈلدەك ئىچىلىپ، نۇرلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭدا خۇش تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئىچىپ، ئۆيئىچىگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كىيىن يىنىك قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭ يىنىغا كەلدى. ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. يۈسۈپ تىخىچىلا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشقا ئىشىنەلمەي تۇراتتى. ئەمما، ئۆيئىچىدە ئۇ ئىككىسىلا بار ئىدى، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى.

شۇ تاپتا ماھىنۇر ئاق خالاتلىق سىسترا ئەمەس، بەلكى ئۇشتۇمتۇت ساددا، ساھىبجامال، ئۇياتچان، مەسۇم قىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەر ئىككىسى گەپ قىلمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇسۇپ تۇرغان بۇ نىپىز قەغەز پەردىنى دەرھال يىرتىپ تاشلاشقا تەشنا ئىدى. ئاھ، بۇ نىمىدىگەن چىدىغۇسىز مىنۇتلار ـ ھە! كىم ئالدى بىلەن ئىغىز ئىچىشى كىرەك؟

ماھىنۇر يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى پەملىدى ـ دە، بىردىنلا غەيرەتلىنىپ، قىزغىن مۇھەببەت، چوڭقۇر ھىسسىيات بىلەن:

ـــ يۈسۈپ، قانداقراق تۇردىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى. يۈسۈپنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. بۇنىڭ خورلۇقتىن ياكى ئاغرىنىشتىن، ئۈمىدسىزلىكتىن ياكى غەم ـ ئەندىشىدىن ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ـــ ئەھۋالىمنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، يەنە قانداق بولماقچىدى؟ ـــ دىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ماھىنۇر پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى:
— بولدى، بۇنداق دېمەڭ، يۈسۈپ. قارىغا سىزنى، سىز يەنىلا ئۆز ۋاقتىدىكى ساغلام، چىرايلىق يۈسۈپقۇ، — ماھىنۇر قىزىرىپ كەتتى. خۇشاللىقىدىن بۇنداق چاقچاق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئويلىمىغانىدى.
ماھىنۇرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ يۈسۈپنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېنىكلەشتى.
— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قانداقمۇ توغرا ئەمەس دېيەلەيمەن؟ «يارىم كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، كۆڭلۈم ئېچىلدى، كېسىلىممۇ ساقىيىپ، تۈگۈن يېشىلدى» دېگەن شۇ - دە !
ماھىنۇر ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇ يۈسۈپ بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق سۆزلىشىۋاتاتتى ھەم ئۇ تۇنجى قېتىم چىن دىلىدىن لەززەتلەنگەنىدى.
— سىزنىڭ بۇ ئەقىللىق كاللىڭىز كېسەلخانىدا يېتىپمۇ شېئىر ئوقۇشقا ئۈلگۈرۈپتۇ - دە !
بىردىنلا يۈسۈپنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كېلىپ قېلىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەپسۇسلانغان ھالدا:
— ھېلىقى خۇدا ئۇرغۇر مىنۇتلار يادىمغا كېلىپ قالسا ھازىرمۇ ناھايىتى پۇشايمان قىلىمەن ! — دېدى.
ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:
— تاپسۇن دەپ يەنە يېڭى تېپىشماق چىقارغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.
— چىمەنباغدىكى تېپىشماقنىڭ جاۋابى بۈگۈنگىچە تېپىلمىغان تۇرسا، نەدە يېڭىسى بولسۇن؟ مېنىڭ ھېلىقى كۈنى قىلغان گەپلىرىم، تەقدىم قىلغان سۈرىتىم، تېخى ...
— بولدى، ئۇ ئىشلارنى ئەمدى تىلغا ئالماڭ ! — دېدى ماھىنۇر ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.
— ياق، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئىش مېنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن شۇ كۈنى كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ، سىزنى

شۇنچە قاتتىق يىغلىتتىۋەتكۈدەك قانداق گەپ قىلغانلىقىمنى بىلمىگۈچە كۆڭلۈم ئەمىن تاپمايدۇ. ماھىنۇر، مەن ئالدىڭىزدا بەك خىجىل!

يۈسۈپنىڭ كونا ئىشلارنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئەپۇ سورىشى ۋە پۇشايمان قىلىشى ماھىنۇرنى شۇ چاغدا يېنىكلىك قىلغانلىقىغا بەكمۇ ئۆكۈندۈردى.

— بولدى قىلىڭا! — ئۇ يۈسۈپكە تەسەللى بەردى، — سىز يەنە ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان كونا خامانىنى سورىغىلى تۇردىڭىزغۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئۇنى ئەمدى ئويلىمايلى، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيلى! تېنىڭىز تېخى ئاجىز، ئارتۇقچە كۆڭۈلسىزلىك سىزگە زىيانلىق، يېڭىباشتىن ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

يۈسۈپ مىننەتدار بولۇپ ماھىنۇرغا قارىدى. ئۇ مۇنداق ئىللىق، مۇلايىم تەسەللىگە دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، بىرھازاغىچە لام ـ جىم دېمىدى. كېيىن ماھىنۇرنىڭ چىمەنباغدىكى ئىشقا تېخىچە بىرنېمە دېمىگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، قايغۇلۇق ھالدا گەپ باشلىدى:

— مەن شۇ كۈنى كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويۇپ، خىجىللىق ئىچىدە ئازابلىنىپ كېسەل بولۇپ قالدىم. ئېھتىمال، مەن ئۇزاق ياشىيالماسمەن. مېنى ئەپسۇسلاندۇرغان ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمىغاچقىلا ھايات قالدىم. مەن ئۆلۈش ئالدىدا سىز بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ھازىر بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى مېنىڭ تەقدىرىم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مېنى ئۆلتۈرەمسىز ياكى داۋاملىق ئازابلاپ قىينامسىز، ئىختىيار سىزدە.

ماھىنۇر ئالدىراپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— يۈسۈپ، سىز يەنە كەلسە ـ كەلمەس خىياللارنى قىلغىلى تۇرۇپسىزغۇ، ئۈمىدسىزلىك پەقەت قورقۇنچاقلارغا خاس نەرسە. ھازىر بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىسىزغۇ؟

— بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، شۇ كۇنى نېمىشقا يىغلىدىڭىز، شۇنى دەڭە!

— خۇشاللىق - خاپىلىق دېگەنلەر ئادەمدە بولۇپ تۇرىدۇ. سىز يەنە تەرسالىق قىلماي بولدى قىلىڭا.

— مېنى قىيناپ كېسەل قىلغان ئىش نەق شۇ. ماڭا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرسىڭىز، بەلكى يەنە بىرقانچە ۋاقىت ياشىيالىشىم مۇمكىن.

— سىز مەندىن زادى قانداق جاۋاب ئالماقچى؟

— مېنىڭ شۇ چاغدا دېگەنلىرىم چاقچاق گەپ ئەمەس، يۈرىكىمدىكى گەپلەر ئىدى.

ماھىنۇرنىڭ گەپنى كولۇپ تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقىنىنى كۆرگەن يۈسۈپ تېخىمۇ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— مەن سىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىڭىزدىن راستىتىنلا قورقۇپ كەتتىم. شۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭىزنى بۇگۈنگە قەدەر چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، ھېچبولمىغاندا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن، بوپتۇ، سىزنى كەچۈردۈم، دېگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلسىڭىزمۇ، مەن بۇ دۇنيادىن خاتىرجەم كەتكەن بولاتتىم.

ماھىنۇر «مەن بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم ئۇنىڭ گېپى تۈگىمىگۈدەك، ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن يۈسۈپكە شۇنداق دېدى:

— مەن ھېچقاچان سىزدىن ئاغرىنىپ باققان ئەمەس، شۇ كۈنكى ئىش پۈتۈنلەي مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولدى، كەچۈرۈشكە تېگىشلىك ئادەم سىز ئەمەس، مەن. ناۋادا سىز مېنىڭ ئاغزىمدىن «كەچۈردۈم» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم ئەمىن تاپاتتى، دەپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئاڭلاپ تۇرۇڭ: سىزنى كەچۈردۈم! قانداق، ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسىز؟ — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ماھىنۇر توساتتىن گەپنى بۇراپ، — ئاپلا! گەپ

بىلەن بولۇپ كېتىپ، مېنىڭ كۆتۈشۈمگە قاراشلىق يەنە بىر ئىبغىر كېسەلنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كەتمىسەم بولمايدۇ! — دېدى - دە، يۇسۇپنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چىقىپ كەتتى.

ماھىنۇر چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يۇسۇپ ئوخشاشلا خاتىرجەم بولالمىدى. «ماھىنۇر مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساش ئۈچۈنلا بايىقى گەپلەرنى دەپ قويدى، بولمىسا ئۇ نېمىشقا ئىزاھات بېرىشنى خالىمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ئۇ بەك چارچاپ كەتكەندى، شۇڭا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى.

ئۇلار بىر نەچچە كۈنگىچە كۆرۈشمىدى. يۇسۇپ تاقەت قىلالماي سېستىرالارغا ماھىنۇرنى چاقىرتقۇزدى. ھايال ئۆتمەي ماھىنۇر خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىردى.

— قانداقراق، يۇسۇپ؟ — ئۇ يۇسۇپتىن قىزغىن ئەھۋال سورىدى. ئەمەلىيەتتە يۇسۇپنىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك ئەھۋالىنى ئۇ بەش قولدەك بىلەتتى.

يۇسۇپ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزىنى يوقلاپ كىرمىگەنلىكىدىن خاپا ئىدى.

— قارىغاندا، سىز پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىپسىز! — دېدى ماھىنۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ساقىيىپ قالدىم. ئەمما، خەقلەر بىزار بولىدىغان ئارتۇقچە يۈككە ئايلىنىپ قالغانلىقىمغا بەكلا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ياشاپ نېمە قىلىمەن؟ نېمىشقا ئەزرائىل مېنى ئەكەتمەيدىغاندۇ! — دېدى يۇسۇپ قېيىدىغاندەك قىلىپ.

ماھىنۇر ئۇنىڭ قەستەن ئاچچىق قىلىۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆلگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— يۇسۇپ، بۇنداق گەپلەرنى قىلىۋەرمەڭ! خۇدايىم سىزنى پاناھىدا ساقلايدۇ. ماتېئىن دوختۇر بۈگۈن ماڭا سىزنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقىيىپ قالدى، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن

چىقىپ كەتسە بولىدۇ، دەيدۇ.

— دوختۇرنىڭ گېپى مەن ئۈچۈن ھېچقانداق خۇش خەۋەر ئەمەس، بۇ ئۆلۈم خەۋىرىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئېلان قىلغانلىق. مەن دورا ئىچمەيمەن! سىز نېمىشقا مېنى قۇتۇلدۇرىسىز؟ مېنى ئازاب تارتىپ قىينالسۇن دەپمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە، يېتىم - يېسىرلار سىزدەك ئادەمگە موھتاج ... — ئۇ سەل توختىۋېلىپ، يەنە، — بىچارە ماھىنۇرمۇ سىزگە موھتاج، — دېدى.

ئۇ دەررۇ يەرگە قارىۋالدى، ئىزا تارتقىنىدىن يۇسۇپكە قايتا قارىيالمىدى.

يۇسۇپ ئۆزىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە «بىچارە ماھىنۇرمۇ سىزگە موھتاج!» دېگەن گەپنى قايتا ـ قايتا ئويلاندى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ بۇ گەپنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇڭا، ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنداق دېدى:

— ماھىنۇر، سىز تېخىچىلا چىمەنباغدىكى ئىش ئۈچۈن مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتىسىز، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ خۇدا بەرھەق! ئۇ كۈنى مەن يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلغانىدىم. ھازىر بولسا سىز مېنى مەسخىرە قىلىپ كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىۋاتىسىز.

— گۇمانخورلۇق ساقايماس كېسەل! سوقىراتقا ئوخشاش بۈيۈك پەيلاسوپلارمۇ گۇمانخورلۇق ئالدىدا ئامالسىز قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭا نېمە چارە؟ بولدىلا، يەنىلا دورىڭىزنى ئىچىۋالغىنىڭىز تۈزۈكقۇ دەيمەن! ئىچىۋېلىڭا! — ماھىنۇر شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، تومپۇچكا ئۈستىدىكى بىرنەچچە تال دورا سېلىنغان كىچىك ئىستاكاننى ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈپ قويدى.

— ياق، ئىچمەيمەن! مەن ئۆزۈمنىڭ كېسىلىنى ياخشى بولۇپ قالار دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن. بۇ يەردە كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭ

يۈرەك رىشتىم دوختۇرخانا بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. بۇ يەردە ... مەن بەزىدە سىزنىمۇ كۆرۈپ تۇرالايمەن، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسەم سىزنى قانداق كۆرەلەيمەن؟ دورىنى ئىچمەيمەن، ھەرگىز ئىچمەيمەن!

— يۈسۈپ! — دېدى ماھىنۇر ھەم خۇشال بولغان، ھەم ئاغرىنغان ھالدا، — باللىق قىلىپ دورا ئىچىشنى رەت قىلماڭ! ئۆزىڭىزنى قايتىدىن كېسەلگە زورلاش ياخشى ئىش ئەمەس! بەك ھاياجانلىنىپ كەتسىڭىز، ئاجىز تېنىڭىزگە تەسىرى بولىدۇ، يەنە ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزگە چاقچاق قىلىمدىم، كۆڭلىڭىزنى ياساش نىيىتىدىمۇ ئەمەسمەن، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە تېخىمۇ بولمىدىم. خاتالىق سىزدە ئەمەس. سىز نېمە ئۈچۈن بىز دوختۇرخانىدىلا يۈز كۆرۈشەلەيمىز دەپ ئويلايسىز؟ مەن كېيىن يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سىز بىلەن بىر ئۆيدە كۆرۈشىمەن.

يۈسۈپ ئاغزىنى ئېچىپ ماھىنۇرغا قاراپلا قالدى. ئۇ ماھىنۇرنىڭ گېپىگە زادىلا ئىشەنمىدى.

— ماھىنۇر، — دېدى ئۇ، — سىزنىڭ دېگىنىڭىز بىلەن ئويلىغىنىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور - ھە! ئەگەر مەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالمىغان بولسام، بۇگۈنكى كۈندە سىز بىلەن يۈز كۆرۈشەلەمتىم؟ ماڭا جاۋاب بېرىڭە!

— يۈسۈپ، — دېدى ماھىنۇر بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، — سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىم يادىمغا كەلسىلا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. ھېلىقى كۈنى چەمەنباغدا قاتتىق يىغلاپ كەتكىنىمگە كەلسەك، بۇنىڭغا مەندىكى ئۆز - ئۆزۈمدىن خورلىنىش تۇيغۇسى سەۋەبچى بولغان. شۇ كۈنى سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كونا دەردلىرىم قايتا قوزغىلىپ، ئىنتايىن قاتتىق ئازابلاندىم، سىزنىمۇ جابىرغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نەسەب - ئابرۇيىنى پەش قىلىپ مېنى بوزەك

قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىدىم. بۇ ئىشنى ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم، ھەتتا بىر كىچە كىرپىك قاقمىدىم. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنىمۇ، سىزنىڭ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلغىنىڭىزغا ئوخشاشلا يالغان دەپ قارىغانىدىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۇسۇپ قاتتىق تەسىرلەندى. شۇڭا، ئۇ ماھىنۇرنىڭ گېپىنى بۆلمەي جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى:

ــ مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىڭىزنى ماڭا قەستەن تەنە قىلغانلىق، مېنى مەسخىرە قىلغانلىق دەپ قاراپتىمەن. بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، ــ ماھىنۇر بىئارام بولۇپ يۇسۇپكە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ مەن سىزنىڭ مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. تاغام، ھامماملارنىڭ سەمىمىيىتىدىنمۇ خەۋەردار بولدۇم. يۇسۇپ، مېنىڭ بۇنداق سەمىمىي، چىن مۇھەببەتنى قوبۇل قىلماسلىقىم ھەققىم يوق. مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغىنىم مانا شۇ ...

قاتتىق ھاياجاندىن ماھىنۇرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. يۇسۇپ ئالدىدا ھەيران بولدى، ئارقىدىن خۇشال بولۇپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ ماھىنۇرنىڭ بايا قىلغان سۆزىگە جاۋابەن ئۇنىڭ ئاپپاق، نازۇك قوللىرىنى كاپپىدە تۇتۇپ قىزغىن سۆيۈپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ مۇھەببەت ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق دادىل ھەرىكىتى ئىدى.

# ئون بەشىنچى باب

ئۇچ ـ تۆت كۈندىن كېيىن كېسەلى ساقىيىپ روھلىنىپ قالغان يۈسۈپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ماھىنۇر بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا، ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە ئاجايىپ قىزىقىش بىلەن سەپسالدى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئاپتىپى پارلاۋاتقاچقا، ئۆيئىچىدىكى سەرەمجانلار ئاجايىپ كۆركەم، گۈل ـ گىياھلار بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى. كۆزگە چېلىقمايدىغان، قولغا ئۇرۇنمايدىغان روھنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس جازىبىدار سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى يۈسۈپكە قاتتىق تەسىر قىلدى!

ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان ئەزىز ئوغلىنىڭ قايتىدىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگەن جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇۋاتقانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

«ماھىنۇر، ــ دەيتتى ئۇلار ماھىنۇرغا قايتا ـ قايتا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ،ــ يۈسۈپنى يېڭى ھاياتقا سىز ئىگە قىلدىڭىز جۇمۇ!» چىمەنبانۇ يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنى ئۇچراشتۇرمايمەن دېگەن گېپىنىمۇ بىكار قىلدى، ئەلۋەتتە.

جابىر چىمەنبانۇنىڭ غالچىسى بولغاندىن بۇيان، ئۆيئىچىدە باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. چىمەنبانۇ ئۇنى ئەڭ سادىق ئادىمى ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا پەس كۆز بىلەن قاراش ئورنىغا زوقلىنىدىغان، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش ئورنىغا ھىجىيىدىغان، گۇمانلىنىش ئورنىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھامىيسىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈل مۇئامىلىسىگە ئېرىشىۋاتقان جابىر ئۆزىنى ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئازادىلىك ۋە مەمنۇنىيەت

ئىچىدە سىزەتتى. ئۇ يۈسۈپ ئۆيگە كېلىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ خەيرخاھلىقىنى قانداق بىلدۈرۈش يولىنى ھېچ بىلەلمەي، بىردەم ھاممىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسەنلىك تىلەپ، قايتا - قايتا مۇبارەكلىسە، بىردەم ئۆيان - بۇيان شاپاشلاپ، چىمەنبانۇنى بىرەر ئىش تاپشۇرۇشقا ئالدىرىتاتتى. قىسقىسى، كۈنبويى ھاممىسىنىڭ يېنىدا پەرۋانە بولۇپ، يەتكۈچە ئىززەت - ھۆرمەت قىلىۋاتاتتى. بۇرۇنقىدەك ئەتىدىن - كەچكىچە سىرتتا لاغايلاپ يۈرىدىغان ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

جەمشىدنىڭ يۈسۈپ دوختۇرخانىدىن چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال بەرگەن تەكلىپى بويىچە، ئەتىسى يۈسۈپنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش ھەمدە يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىنى ئۆرۈۈق - تۇغقان، دوست - يارەنلەرگە جاكارلاش يۈزىسىدىن ئۆيگە مېھمان چاقىرىلماقچى بولغانىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە، مېھمانلار كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىشتى. مۇنداق سورۇن تۈزۈلۈپ باقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغان جەمشىدنىڭ سارىيى باشقىچىلا شادلىققا تولدى. باشقا بىر يېڭى ئادەم سىياقىغا كىرگەن يۈسۈپنىڭ قاش - كۆزلىرى ئويناپ، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. تۇغقانلار ۋە دوستلار يۈسۈپنى بەس - بەستە مۇبارەكلەپ، بويىنىغا گۈل دەستىلەرنى ئېسىۋەتتى. ماھىنۇرمۇ مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئۇ گويا بىر چىرايلىق كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ، چىمەنبانۇ بىلەن بىللە مېھمانلارنى كۈتۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا چىمەنبانۇ مۇشۇ سورۇنغا ئاتاپ تىكتۈرۈپ بەرگەن بىغىر رەڭ كۆڭلىكى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى باش قىشتا ئېچىلغان ئەتىرگۈل تۈسىگە كىرگۈزگەنىدى. بويىدا ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان زىبۇ - زىننەتلەر پەرىزات كەبى چىرايىنى تېخىمۇ جازىبىدار

قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا كۆز سالغانلىكى ئادەم ئۇنىڭ دىلىنى مەپتۇن قىلغۇچى نازىنىنلىقىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايتتى.

يۇسۇپنىڭ ئالدىغا ئالايىتەن بېرىپ مۇبارەكلەشكە چولىسى تەگمەيۋاتقان ماھىنۇر مېھمانلارنى كۈتۈۋېتىپ، يۇسۇپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن پەيتتىلا، ئۇنىڭغا قاراپ چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، يۇسۇپمۇ مېھمانلاردىن بىرمەھەل بوشىنىپ ماھىنۇر بىلەن بىرەر - ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشنى ئويلايتتى، بىراق ئەتراپىنى مېھمانلار ئوراپ ئولتۇرغاچقا، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئامال قىلالمايۋاتاتتى. ماھىنۇرنىڭ ھەربىر يانداپ ئۆتۈشى يۇسۇپكە جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى باھار شامىلىدەك تۇيۇلاتتى، ماھىنۇرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تاتلىقىنا كۈلۈمسىرىشى يۇسۇپكە مۇھەببەتنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بولۇپ سېزىلەتتى.

جەمشىد يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىنى مىلاد بايرىمى كۈنى ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى مېھمانلارغا جاكارلىغىنىدا، مېھمانخانا ئىچى «مۇبارەك بولسۇن»، «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن تەنتەنە بىلەن يەنە بىر قېتىم جانلاندى. شۇنداقتىمۇ، قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ گۇدۇڭلاشلارمۇ كۆپەيدى.

ئولتۇرۇش ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ مۇھەببىتى رەسمىي ئاشكارىلاندى.

يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر تەقەززا بولۇپ كۈتكەن مىلاد بايرىمى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

جەمشىدنىڭ سارىيىغا چىراغ ۋە شەلپەرلەر ئېسىلغانىدى. دەرۋازا راۋىقى، لەمپە ۋە باغچىدىكى ئېگىز دەرەخلەر، پاكار تاملار رەڭدار چىراغلار بىلەن بېزەلگەن، پۈتكۈل ساراي رەڭگارەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ، گويا خىيالىي پەرىشتىلەر ماكانىغا ئوخشاپ قالغانىدى. سارايىنىڭ ئايۋان - مېھمانخانىلىرى ئېخىمۇ گۈزەل قىلىپ رەڭگارەڭ بېزەلگەنىدى.

تەييارلىق ئىشىدا جابىر ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇ ئۇيان -

بۇيان چېچىپ زادى تىنىم تاپمىدى. جانجىگەر دوستى دىلاۋەر ئۇنىڭغا قول ـ قانات بولدى. بۇ خۇي ـ پەيلى يامان دوستلارنىڭ بۇرۇنقى لۇكچەكلىك ۋە قۇۋ ـ شۇملۇقلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولغاندەك ئىدى، ئۇلار چىمەنبانۇنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى تولىمۇ دۇرۇس قىياپەتتە كۆرسىتىۋاتاتتى. جەمشىد تالانىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، چاي ئىچۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆز ـ ئۆزىدىن چىمەنبانۇغا قالغانىدى. چىمەنبانۇ ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ سادىق ئىككى قول ـ قانىتى چاكارلارنى ۋە ئىشچىلارنى ئىشقا بۇيرۇيدىغان غەيرىي رەسمىي باش سەركارلارغا ئايلانغانىدى.

ھاۋانىڭ ئۇساللىقىغا قارىماي، دوستلاردىن بىرقانچىسى دېگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنلا يېتىپ كەلدى. ھايال ئۆتمەي، مېھمانلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن يىغىلدى، دەرۋازا ئالدى ماشىنا ـ خادىكلار بىلەن تولدى، جەمشىد ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى شادلىقتا تولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى دەم ئېلىش ئۆيىگە باشلىدى. جابىر بىلەن دىلاۋەر پانۇستەك پىرقىراپ، جەمشىدلەرنىڭ مېھمانلارنى كۈتۈشىگە ھە ـ ھۇ دېيىشتى. ئىككىسى ئالاھىدە كۈچ كۆرسىتىپ، ھەر ئىشنى ئىخلاسى بىلەن چاققان بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تىرىشىپ خىزمەت ئۆتەۋاتقانلىقىنى خوجايىنىغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى.

بۈگۈن چىمەنبانۇ توزدەك ياسىنىۋالغانىدى. ئۆزىگە يېرىم قېرىلىق يېتىپ، جامائەت سورۇنلىرىدا ئاق باشلار قاتارىغا چىقىشقا ئاز قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بويى ـ بەستى يەنىلا زىلۋا ئىدى، ئالاھىدە گىرىمنىڭ كۈچى بىلەن ھۆسن ـ جامالى بۇرۇنقىدەكلا ئۇز كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكتىن قىسىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن دەرد ـ ئەلەمدىن خالىي بولالماي يەتكۈچە خارلىق كۆرۈپ ۋە ئازاب چېكىپ، ئۆزىلا ئىچىدە

بىلىدىغان ئىچىنىشلىق ھاياتىنى كەچۈرگەنىدى. ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى چاي ئىچۈرۈش ئىشى ئۆز ئارزۇسىغا زىت كېلىدىغان، يەنى ئەھۋالنىڭ بارا ـ بارا قىستىشى ئارقىسىدا ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇل بولغان ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇنىڭغا ئۆكۈنمەي، ئوغلىنىڭ چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىدە ياكى توي مۇراسىمىدا ئانا بولغۇچىنىڭ خۇشال بولۇشقا ھەممىدىن ھەقلىق ئىكەنلىكىنى باشقىلار كۆرۈپ قويسۇن دەپ ئۆزىنى خۇشال تۇتۇۋاتاتتى.

ئۇ گويا قىشتا كېتىپ، باھاردا كېلىدىغان بۇلبۇلدەك، مېھمانلارنى تىنماي ئارىلاپ پەرۋاز قىلىۋاتاتتى، سايراۋاتاتتى. خۇشامەتچىلىككە ئامراق بەزى كىشىلەر ئۇنى: «زىلۋا چاغلىرى ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ياپياش تۇرۇۋاتىدىلا» دەپ ماختىغىنىدا، ئۇ بۇنىڭغا جاۋابەن كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان زىل ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. جەمشىد ئۇزۇك سېلىنغان دۇخاۋا قاپلىق قۇتىنى كۆتۈرۈپ چىمەنبانۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ چىمەنبانۇنىڭ بۈگۈن ئاجايىپ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— پاھ، شۇنچە گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىڭىزگە تا ھېلىغىچە دىققەت قىلمىغىنىمنى قاراڭ! — دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ ۋە مېھمانلارغا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى.

چىمەنبانۇمۇ خۇشاللىقىغا ئېلىپ:

— قېنى ئېيتىڭچۇ، مەن مۇنداق گۈزەللەشسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى.

— ھەي، ماختىغانىمنىمۇ بىلمەيسىز ـ دە! مەن سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىزنى چىن دىلىمدىن ماختاۋاتىمەن جۇمۇ!

— گېپىڭىزنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەن يەردىمەن!

— گېپىمنىڭ تېگىدە نېمە گەپ بولسۇن؟ ماڭا يەنە تېپىشماق ئېيتىۋاتامسىز نېمە؟

— تېپىشماق ئېيتىۋاتقىنىم يوق، سىزنى سەممىي بولمايۋاتىسىز دەۋاتىمەن!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— نېمە دەۋاتقىنىم ئېنىققۇ، سىز ئادەم كولدۇرلىتىشقا ئامراق! تايىنلىق مېنى غەلىتە ياسىنىۋاپتۇ دەپ ياقتۇرمايۋاتقانسىز، قانداق دېدىم؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، جەمشىد ئەپەندىنىڭ ئۇنداق ئويدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇياق سىلىنى ياشلىقىنى تازا كۆرسەتكۈدەك ياسانماپتۇ دەۋاتقاندەك قىلىدۇ! — چىمەنبانۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان بىر مېھماننىڭ توساتتىن قىستۇرغان شۇ گەپلىرى باشقىلارنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

جەمشىد خۇشال بولۇپ ئۈنلۈك كۈلدى.

— شۇنداق، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ، — مەن قانداقمۇ ئۇنداق ئويدا بولاي. راستىنى ئېيتسام، بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ توي قىلغان كۈنى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

جەمشىدنىڭ بۇ گەپلىرى چىمەنبانۇنىڭ خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان چىرايىدا قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلدى. جەمشىد بىلەن توي قىلغان كۈنى گويا كىنو لېنتىسىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تويى بولغان چاغدا، چىمەنبانۇنىڭ ھېسسىياتى جەمشىدنىڭكىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولغانىدى، ئۇ شۇ چاغدا جەمشىدنىڭ ياردىمى بىلەن ھايۋان قاتارىدىكى تۇرمۇشتىن مەڭگۈ قۇتۇلۇشنى كۆزلەپلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانىدى. چىمەنبانۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن دەپ كۆڭلىدىكى ئازابنى ئاشكارىلاشتىن ئۆزىنى تۇتتى ـ دە، تېزلا جاۋاب قايتۇردى:

— ئۆز كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىدىغان بۇ ئەسلىمىڭىز جايىدا، سۆيۈملۈكۈم جەمشىد، ئەسلىمە دېگەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نەرسە. شۇ ئەسلىمىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن مەن يەنە بىر رەت يېڭى توي قىلغان قىز بولىدىغان بولدۇم، سىز توي لەززىتىگە چۆمۈلۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان بولدىڭىز.

چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرى ئەتراپتىكى مېھمانلارنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى.

— بىراق، — دېدى جەمشىد، — پەلسەپەچى چىمەن گۈلـۈم! ئەسلىمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟

— قايسى تەرىپىنى دەيسىز؟

— ئادەمنىڭ ئەسلىمىلىرى ياشلىقى گۈزەللىكىگە تولغان چاغلىرىدا، قېرىپ چىرايى سولىدىغان ۋاقىتتىكى كۆڭۈلسىزلىك ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، يېمەك - ئىچمەكتىن قىسىلماي ئۆتتۈۋاتقان چاغلىرىدا، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن جاپالىق كۈنلىرىنى يادىغا ئېلىشقا ياردەم بېرىدۇ!

جەمشىدنىڭ بۇ گەپلىرى چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىگە تەگدى، ئەمما ئۇ قۇتلۇق سورۇننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن چاندۇرماي، كۈلۈمسىرەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى:

— بىراق، ئەسلىمە كىشىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنۇشى كېرەك. كىشى كۆڭۈلگە ياقىدىغان تەرەپىنى ئەسلەشكە قادىر تۇرسا، كۆڭۈلسىزلىك ياكى بەختسىزلىكنى ئەسلەپ نېمە قىلىدۇ؟ — ئۇ ئەتراپىدىكى مېھمانلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن دەيمەن، جەمشىد، ئادەمنى ياخشىسىغا تارتىپ ئويلاش بىلەن يامىنىغا تارتىپ ئويلاش كۆپ ھاللاردا باشقىچە نەتىجە بېرىدۇ. ئادەمنى ياخشىسىغا تارتىپ ئويلايدىغان بولسىڭىز، ئۇ قېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، سىزگە چىرايىدىن ياشلىق نۇرى پارلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ؛ ئادەمنى يامىنىغا تارتىپ ئويلايدىغان بولسىڭىز، ئۇ ياشلىقتا تولۇپ تۇرغان ھالەتتىمۇ، كۆزىڭىزگە زادى ياقمايدۇ، ئۇ ھەرقانچە گىرىم قىلغان بولسىمۇ، يېتەرسىز تەرىپى كۆزىڭىزدىن كەتمەيدۇ.

مېھمانلار چىمەنبانۇنىڭ شۇ گەپلىرىنى قولداپ باش لىڭشىتىشتى.

بىر ئىشنى ئانچە زىغىرلاپ كەتمەي خۇشاللىقنى ئىنتىلىدىغان جەمشىد رەپىقىسىنىڭ گۈزەللىكىنى ماختايمەن

دەپ، ئۇنىڭ بىلەن پەلسەپەگە ياتمىدىغان كۆڭۈلسىز تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ سەل كەيپى ئۇچتى ـ دە، دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى:
— ھېلى لوگىكىدىن، ھېلى پەلسەپەدىن، ھېلى روھتىن، ھېلى ئەخلاقتىن سۆزلەپلا كېتىۋاتىسىز. بولدى، بولدى، مېنى تەڭلىككە سېلىۋەرمەڭ. راستىمنى ئېيتسام، سىزگە گەپ قىلىشتىن قورقىمەن. بىر شېئىر بار ئىدى، قانداق ئىدى؟ ھە، تاپتىم: «بۇياقتىن ئەمدىلا گەپ باشلاي دېسەم، ئۇياقتىن پۈتلىماق بولىسىز شۇدەم.»
كۆپچىلىكنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى بىلەن تەڭ چىمەنبانۇمۇ كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— ئېسىڭىز جايىدا بولمىغاندىكىن، شېئىر يادلىيەن دەپ ئاۋارە بولمىسىڭىز بولاتتى. بىرھازا ئىنجىقلاپ، ئاران يېرىمىغا تىلىڭىز كەلدى! — دېدى.
— ئۇنداق بولسا، قالغان يېرىمىنى قېنى سىز ئۇلاپ بېرىڭچۇ؟
— مېنى ئۇستاز تۇتۇشقا ئۇنىسىڭىز ئۇلايمەن.
چىمەنبانۇ شۇ گەپ بىلەن سورۇن ئەھلىنى يەنە بىر قېتىم پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى.
— سىزلا مېنى شاگىرتىم دەپ بىلسىڭىز، مەن سىزنى ھازىرلا ئۇستاز تۇتىمەن. بىراق، ئالدى بىلەن شېئىرنى ئېيتىڭ ...
— خوپ، قۇلاق سېلىڭ: «پەيلىڭىز يەڭمەكچى گەپ بىلەن مېنى، تىك موللاق چۈشۈرۈپ ھېيلە ـ پەم بىلەن.»
شۇ ئەسنادا، قىز ـ يىگىت چىقىپ كەلدى، مېھمانلار جانلىنىپ تەنتەنە قىلىشتى. يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ، گويا بىر ـ بىرىگە مېھرىبان قۇشلاردەك يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، مېھمانلار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.
— قاراڭ! — دېدى چىمەنبانۇ ئۇ ئىككىسىنى جەمشىدكە

كۆرسىتىپ، — بىزنىڭ مەڭگۈ سولماس ياشلىقىمىز ئەنە شۇلار ! سۆيۈملۈكۈم جەمشىد، مېنىڭ پەلسەپەم ئېسىڭىزدە بولسۇن ! — ئۇ كۆلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىزگۇ پەلسەپەنى ياقتۇرمايسىز، ئەمما مۇشۇ مىنۇتلاردا پەلسەپەدىنمۇ مۇۋاپىقراق سۆز تاپالمايۋاتىمەن. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بىز ياشلىقىمىزدىن قالغاندا، ئۆز ياشلىقىمىزنى ئەمەلىيەتتە، بالىلىرىمىزغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولىمىز؛ ئۇلار شۇ گۈلدەك ياشلىقىغا سۆيۈنۈپ، بىلىم ۋە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە جەھەتتە ئۆزىمىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ھەممە ئىشتا كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، قايتىدىن ياشىرىپ قالغاندەك بولمايمىزمۇ؟ دېمەك، ياشلىقىمىز مەڭگۈ پورەكلەپ تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە !

چىمەنبانۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن جەمشىد ناھايىتى ھوزۇرلاندى، كۆڭلى يايراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك رەپىقىسىگە ماختاش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

ئەسلىدىلا چىرايدا باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان يۇسۇپنىڭ يېقىملىق چىرايىدا بەخت نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يارىشىملىق كىيىنگەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان بەرنا يىگىتلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ماھىنۇر ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تېگى يېشىل، ئاق گۈللۈك سارى يېپىنچىۋالغان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل زىبۇزىننەتلەرنى تاقىۋالغان بولۇپ، ئادەتتىكىدىن باشقىچىلا زىبالىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار مېھمانلار ئارىغا ئېلىۋېلىپ سۆزلىشىۋاتقان جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇنى كۆرۈپ، شۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. يۇسۇپ دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ، ئۇلارنى سۆيۈپ قويدى. ماھىنۇر جەمشىدكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، جەمشىد ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ مۇبارەكلىدى، ماھىنۇر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىمەنبانۇنى سۆيۈپ قويدى. قىز - يىگىت ئىككىسى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مەرىكە باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. يۈسۈپ يىگىت قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن راسلانغان ئالاھىدە ئورۇنغا قاراپ ماڭدى. ماھىنۇرمۇ بىر توپ قىزلارنىڭ گويا ئاينى ئارىغا ئېلىپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك چۆرىدەپ مېڭىشى بىلەن باشقا بىر تەرەپتىن تارتىنىش ئىچىدە يېنىك قەدەم تاشلاپ كەلدى. ماھىنۇر يېقىن كەلگەندە، يۈسۈپ ئۈنى ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىدىن تارتتى. ماھىنۇر ئىزا تارتىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى ۋە قولىنى ئاستىلا تارتىۋالدى، ئەمما ئۈنىڭ زىننىخىدا شېرىن تەبەسسۇم خېلى ۋاقىتلارغىچە جىلۋىلىنىپ تۇردى. مېھمانلار چۆرىدەپ كېلىپ، بىردەم يۈسۈپكە، بىردەم ماھىنۇرغا تويماي سەپسېلىشتى.

شۇ ئەسنادا، دىنىي مويسىپىتلاردىن بىرى يېقىن كېلىپ، چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىگە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەممە يىگىت بىلەن قىزغا ئەتىر چېچىپ قويدى. كىشىلەر ئاپپاق يەكتەك كىيىپ، سەللە ئورىغان مويسىپىتنى كۆرۈپ باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى. مويسىپىتقا بەزىلەر ناھايىتى ھۆرمەت قىلىۋاتسا، بەزىلەر ئاجايىپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ: «قىزىق گەپ! بىر تەرەپتە غەرب پاسونىدا ناخشا ـ تانسا بولۇۋاتىدۇ، قانغۇچە ھاراق ـ شاراب ئىچىلىۋاتىدۇ، بىر تەرەپتە كونا قائىدە ـ يوسۇنغا بەند بولغان سەللىلىك مويسىپىت ئوتتۇرىغا چىقىپ رىياسەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئات دېسە ئات ئەمەس، ئېشەك دېسە ئېشەك، دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتامدۇ، قانداق!» دېگەندەك تەنە گەپلەرنى قىلىشىۋاتاتتى.

مويسىپىت جەمشىدنىڭ قولىدىن ئۈزۈك قۇتىسىنى ئېلىپ ئاچتى ـ دە، ئۈنىڭدىن بىر بىرلىيانت ئۈزۈكنى چىقاردى ۋە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ...» دەپ، ئۈزۈكنى يۈسۈپكە بەردى.

يۈسۈپ ئۆزىنى ئامەتلىك سېزىپ، ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ئۈزۈكنى ماھىنۇرنىڭ

قولىغا سىلىپ قويدى. بىرىلىيانت ئۈزۈك چىراغ نۇرىدا ۋال - ۋۇل چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. يۈسۈپ ئۈزۈكنى سىلىپ قويغاندىن كېيىن ئىنگلىزلار پەدىسىدە ماھىنۇرنىڭ قولىغا ۋە مەڭزىگە سۆيدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مويسىپىت مۇسۇلمان ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايىدا خاپىلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى. ئۇ ياشلارغا پەند - نەسىھەت قىلىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن مېھمانخانىنى بىر ئېلىپ ئولتۇرغان مېھمانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاياللارنىڭ مەيدىسى ۋە بىلەكلىرى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ كاستۇم كىيىۋالغانلىقىنى، مىللىيچە كىيىم كىيگەنلەرنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى كۆرۈپ: «ھەي! ئىمانسىزلار! ھەممىڭ بۇزۇلۇپسەن - دە!» دەپ ئاچچىقى بىلەن غۇدۇراپ قويدى.

ئۇنىڭ باشقا نېمە ئىلاجى بولسۇن؟ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، زۇۋان سۈرمەي قويدى، خالاس.

ئەمدى ماھىنۇرنىڭ يۈسۈپكە ئۈزۈك سىلىپ قويۇش نۆۋىتى كەلگەنىدى، مويسىپىت ئەلەم بىلەن ھىجىيىپ، پارقىراق ئۈزۈكنى ماھىنۇرغا تۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. ماھىنۇر ئۈزۈكنى ئېلىپ، قوللىرى تىترىگەن ھالدا يۈسۈپنىڭ سول قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا سىلىپ قويدى، ئاندىن يۈسۈپنىڭ شۇ قولىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ سۆيۈپ قويدى ۋە يۈزىگە يېقىن ئەكىلىپ بىردەم تۇردى. يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ قوللىرى تىترەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆز قولىغا ئىسسىق ياش تامغانلىقىنى سېزىپ، بۇ ھاياجاندىن بولۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ مۇنداق سورۇندا ئۇنى شۇنىڭدىن باشقىچە مەنىدە چۈشىنىش مۇمكىنمۇ؟

مەرىكە ئاخىرلاشتى، چاكارلاردىن بىرى بىر پەتنۇستا مويسىپىتنىڭ ھەققىگە ئاتالغان پۇل ۋە تون ئەكەلدى. مويسىپىت باشتا ئالماسلىقنىڭ قارىنىنى ئېسىپ، بولدى، بولدى، دېگەن

بولسىمۇ، كېيىن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى ـ دە، رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

مويسىپىت كېتىشى بىلەنلا، مېھمانلار بەس ـ بەس بىلەن جەمشىد، چىمەنبانۇ ۋە يۈسۈپ، ماھىنۇرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنى مۇبارەكلىدى. دەرۋەقە، قىزىق چاقچاقلارنى قىلىۋاتقانلار بىلەن قىزىقچىلىق قىلىۋاتقانلارمۇ خېلى بار ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئىچى بىردىنلا قايناپ كەتتى. نەغمىچىلەر شوخ ئاھاڭلارغا چالدى. مېھمانخانىدا يېقىملىق كۈيلەر ياڭرىدى. مېھمانلار يەپ ـ ئىچكەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى، كۈلۈشۈۋاتاتتى. نەغمىچىلەر تانسا ئاھاڭىغا چالغاندا، كىشىلەر يەپ ـ ئىچىشنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە ھەمراھ تېپىپ تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئاياللارنىڭ قولى ئەرلەرنىڭ مۈرىسىدە، ئەرلەرنىڭ قولى ئاياللارنىڭ بېلىدە ئىدى.

تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش، رومكا سوقۇشتۇرۇپ تەبرىكلىشىش، مەيدە ـ بىلەكلىرىنى ئوچۇق قويۇش، بەللىرىنى تۇتۇشۇپ تانسا ئويناشلار غەربچە چاي ئىچۇرۇش مەرىكىلىرىدە ئەيىبكە بۇيرۇلمايدىغان ئىشلار ئىدى، بۇ ئىشلار مۇسۇلمان مويسىپىتلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان بولسا، تازا ئەخلاقسىزلىق دەپ هاقارەتلەنمەي قالمايتتى. بىراق، بۇ ئىشلار جەمشىد ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۈچۈن ئاللىقاچان ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

بىرنەچچە نۆۋەت تانسىغا چۈشكەندىن كېيىن ئارىدا دەم ئېلىش بولدى، نەغمىچىلەر ئەمدى يېڭى ئاھاڭلارغا چېلىشقا باشلىدى. يۈسۈپنى ئاغىنىسىنىڭ رەپىقىسى تانسىغا تارتتى. ئاغىنىسى بولسا ماھىنۇرنى تارتتى. ماھىنۇر ئانچە خالىمىسىمۇ ياق دېيىشنى ئەپسىز كۆردى.

تانسا ئويناش، شاراب ئىچىش تازا ئەۋجىگە چىقىپ ئالىتاغىل ۋارقىراشلار باشلانغاندا، دىلاۋەر ئاللىقاچان غەرق مەست بولۇپ كەتكەنىدى. كىشىلەر يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى تانسىغا

ئېتىۋاتقاندا، دىلاۋەر دەلدەڭشىگىنىچە ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دانىيال خېنىم ! مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى كېكەچلەپ.

ماھىنۇر «رەھمەت» دەپ، زورىغا كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن سىزنىڭ تازا خۇشاللىق كۈنىڭىز ! تانسىغا تارتسام ماقۇل بولارسىزمۇ؟ — دېدى دىلاۋەر يەنە.

ماھىنۇر مۇنداق ئادەم بىلەن تانسا ئويناشنى زادىلا خالىمايتتى. ئۇ بىرەر باھانە كۆرسىتىپ، ياق دېيىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ:

— دىلاۋەر ئەپەندى، كەچۈرۈڭ ! بەك چارچاپ كەتتىم، بولمىسا سىز بىلەن تانسىغا چۈشەتتىم، — دېدى.

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە پەيدا بولغان چىمەنبانۇ شۇنچە كۈنلەردىن بۇيان ئۆز ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ كەتكەن دىلاۋەرگە بولۇشۇپ:

— قىزىم، مېھماننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماڭ، — دېدى ئۇ، — مۇزىكىمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى، بىردەمدىلا تۈگەيدۇ. ئاۋۋال بىر ئاز ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، هاردۇق چىقىرىۋېلىڭ.

چىمەنبانۇ خىزمەتچىنى يېنىغا چاقىردى. دىلاۋەر خىزمەتچىنىڭ قولىدىكى پەتنۇستىن بىر رومكا پىۋا ئالدى، ماھىنۇر بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق ئالدى. دىلاۋەر پىۋىدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن ماھىنۇرغا قاراپ:

— كىشىنى روھلاندۇرۇشقا كەلگەندە يەنىلا پىۋىغا يەتمەيدۇ. هازىر ئۇسسۇلۇق ئىچىدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق سورۇنلاردا پىۋا، ۋىنو ئىچكەنگە يەتمەيدۇ! — دېدى.

كەلگۈسى قېيىنئانىسى بولغان چىمەنبانۇنىڭ گېپى كۈچلۈك كېلىپ، ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئىلاجسىز ئىتائەت قىلدى. ئۇ ئىچىدە خاپا بولۇۋاتسىمۇ، تېشىدا زورىغا كۈلۈمسىرەپ دىلاۋەر بىلەن تانسا مەيدانىغا ماڭدى.

مۇزىكا توختاش بىلەنلا، مېھمانلار جايىغا كېلىپ

ئولتۇرۇشتى. چىمەنبانۇ ماھىنۇرنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

چىمەنبانۇ: «كىشى ھاياتىدىكى خۇشاللىق مەرىكە شارابى كىشىنىڭ ئۆمۈر سەپىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىرەر رومكىمۇ ئىچمىسىڭىز بولامدۇ» دەپ، ماھىنۇرغا بىر رومكا ۋىنو تۇتتى. ماھىنۇر ناھايىتى تەڭلىكتە قالدى ـ يۇ، لېكىن رەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆتكەنكى ئىشلارنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ، چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتىغا يول ئېچىشنى ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، «رەھمەت» دېدى ـ دە، رومكىنى ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. چىمەنبانۇ ماھىنۇرغا ناھايىتى يۇمشاق ۋە سەمىمىي پاراڭ قىلدى، ماھىنۇرمۇ چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى. ئارىدىن سەل ئۆتكەندە، ماھىنۇر چىمەنبانۇغا رەھمەت ئېيتىپ، نېرىغا كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاغرىنىش بىلەن سۆزلىدى:

— نېمىشقا ماھىنۇرنى دىلاۋەر بىلەن تانسا ئويناتمىسىز؟ بۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىۋاتىدۇ!

— بۇ دېگەن تانسىغۇ، خاپا بولغۇدەك نېمىسى بار؟

— ئۇنىڭ لۇكچەكلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق! ئۇنى چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— چاقىرماي بولمايدۇ ـ دە. ئۇنى چاقىرمىغان بولسام، جابىرنىڭ كېلىشىمۇ يوق گەپ ئىدى.

— ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمىگەن بولسا ياخشى بولاتتى! ئۇ كەلمىسە بۇ مەرىكىنى ئۆتكۈزەلمەمتۇق؟ ئۇلار قانچىلىك نېمىلەر ئىدى! — يۇسۇپنىڭ بۇ گەپلىرى بەكمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى.

— بۇ مەرىكىگە قاتناشقان باشقىلارنىڭ ياكى ماھىنۇرنى دىلاۋەردىن بۇرۇن تانسىغا تارتقانلارنىڭ پېشانىسىدە ئالىي پەزىلەتلىك دېگەن تامغىسى بارمىكەن؟ — دېدى چىمەنبانۇ ئوغلىنى ئەيىبلەپ، — ئەجەب دىلاۋەر بىلەن جابىرنىلا يامان دەيسىنا؟ دۇرۇس، ئۇ ئىككىسى كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ مەرىكە

قىلچە ئاقساپ قالمايتتى. بىراق، خەق كەينىمىزدىن سۆز ـ چۆچەك قىلمامدۇ؟

ــ ئۇلار قانچىلىك نېمىدى؟ خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن!

ــ هاي، ئۆپكەڭنى بېسىۋال! بىزنى باشقىلار ئەمەس، داداڭنىڭ ئۆزى ئەيىبلىگەن بولاتتى!

ــ دادامنىڭ ئۇلارنى قاچانمۇ ياخشى كۆرگەن يېرى بار؟

ــ بۇ گېپىڭمۇ توغرا! جابىرنى ئالساق، ئۇ بەڭباشلىق قىلىپ داداڭنىڭ دىلىنى رەنجىتتى. بىراق، ئېسىڭدە بولسۇنكى، جابىر بەربىر داداڭنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ بالىسى. مەن جېنىمدا داداڭنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاي دەپ، جابىرنى ئۆز ئوغلۇم قاتارىدا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇنداق بىر مەرىكىدە جابىرنى چەتتە قويساق، داداڭ قانداق ئويلايدۇ؟ هېلىغۇ جابىر ئۆز ئۆيىمىزنىڭ ئادىمى، باشقىسى بولغاندىمۇ، مۇنداق سورۇندا، ئۇزاق يىللىق ئاداۋەتنى ۋاقىتىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويغىنىمىز تۈزۈك.

ــ ئۇنىڭ دادامنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشنىڭ بالىسىلىقىغۇ راست، بىراق بىز شۇنچە نۇرغۇن زىياپەت، ئولتۇرۇشلارنى ئۆتكۈزگەندە، دادامنىڭ ئۇنى بىرەر قېتىم چاقىرىپ باققانلىقىنى كۆرمىگەنمەن!

چىمەنبانۇ يۇسۇپنىڭ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە خاپا بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كىشىلەر تانىسىغا چۇشۇۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئوغلىغا سەۋرچانلىق بىلەن نەسىھەت قىلدى:

ــ جابىرنىڭ هازىر ماڭا ناھايىتى ئەقىدە باغلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۆيىنىڭ نۇرغۇن ئىشىنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ بولىدۇ. ئۇ هازىر بۇرۇنقى جابىر ئەمەس.

چىمەنبانۇ شۇ گەپلەردىن كېيىن جابىرنىڭ بۈگۈنكى مۇشۇ مەرىكىنى دەپ، سارايىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى شۇنچە ياخشى، شۇنچە

رەتلىك جايلاشتۇرغانلىقىنى، بۇ ئىشتا جابىر بىلەن دىلاۋەرنىڭ كۆپ كۈچ چىقارغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىغىنىدا، چاتدۇرۇپ، سەتچىلىككە قېلىشى تۇرغان گەپ ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئاندىن ئۇ ناھايىتى ئەقىلگە سىغارلىق قىلىپ يۈسۈپكە سوئال قويدى:

— ئۇلار تارتقان جاپاسى ئۈچۈن بىرەر چىنە چېيىڭىنى ئىچىشكە لايىق ئەمەسمۇ؟ چېيىڭنى ئىچكەنگە ساڭا نېمە زىيان بولدى؟ دىلاۋەرنى ھەرقانچە يامان كۆرسەڭمۇ، ئۇ كەلگەنىكەن، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇتۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر دادىڭ سېنىڭ رەقىبىڭنى چىللاپ كەلگەن بولسا، خالاش ـ خالىماسلىقىڭغا باقماي، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان بولاتتىڭغۇ؟

يۈسۈپ چىمەنبانۇنىڭ شۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدىن سەل ياندى. ئەمما، ماھىنۇرنىڭ دىلاۋەر بىلەن شۇنچە قىزغىن تانسا ئويىنىغانلىقىنى كۆڭلىدىن زادى چىقىرىۋېتەلمىدى.

— ساڭا ئېيتتىمغۇ؟ — دېدى چىمەنبانۇ، — يۇقىرى مەدەنىيەت مۇنداق ئىشلارغا يول قويىدۇ. مۇنداق سورۇنلاردا ھەركىمنىڭ تانسا ئويناشقا ھەققى بار، كىم بىلەن ئويناشنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن ئويناۋېرىدۇ. ماھىنۇر ناھايىتى ئەدەپلىك قىز، شۇڭا تانسىغا تارتقانلارنىڭ تەكلىپىنى يەردە قويماي، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئويناۋەردى، دۇرۇس، مۇبادا ئۇ سېنىڭ خالىمايدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، ھېچبولمىغاندا، سېنىڭ ئالدىڭدا مۇنداق ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلمىغان، ئەتەي سەن يامان كۆرىدىغان ئادەم بىلەن تانسا ئوينىمىغان بولاتتى. بولدى قوي، بۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، بوگۈن ھەممىمىز خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك كۈن.

يۈسۈپ قانداقلا بولمىسۇن ئۇزاقتىن بېرى «يېرىم ئىنگلىز»لارچە ئائىلىدە ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاپىسى ئېيتىۋاتقان شۇ مەدەنىيەتنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدى،

بىرلا يېرى، ئۆز سۆيگىنىنىڭ دىلاۋەردەك ئادەم بىلەن قول تۇتۇشۇپ، بەل قۇچاقلىشىپ تانسا ئويناشقانلىقىدىن سەل كۆنداشلىقى تۇتۇپ قالغانىدى. يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ تۇگىمەس پەند ـ نەسىھەتلىرىدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاپىسىدىن ئەپۇ سوراپ نېرى كەتتى.

بىراق، «مۇھەببەت ئاسانلا گۇمان پەيدا قىلىدۇ» دېگەندەك، يۇسۇپكە ماھىنۇر بىلەن بولغان ئەينەكتەك سۈزۈك مۇھەببىتى ئۈستىگە نېپىز گۇمان بۇلۇتى قونغاندەك تۇيۇلدى.

سازەندىلەر ئەمدى مۇھەببەت تېمىسىدىكى مەشھۇر بىر تانسا ئاھاڭىغا چالدى. تانسا مەستانىلىرى رومكىسىدا يېرىملاپ قالغان ۋىنونى دەرھال كۆتۈرۈۋېتىپ، تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ نۆۋەت يۇسۇپ ماھىنۇرنى باشقىلار بىلەن تانسا ئويناتماي، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆزى تانسىغا چۈشتى، ماھىنۇر تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ مەيدانغا چۈشتى. بۇلار بىر ـ بىرىگە كۆز بېقىشقاندا، يۇسۇپنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان ئەلەم بىردىنلا غايىب بولدى. بىراق، ماھىنۇر نەچچە رەت تانسىغا چۈشۈپ ناھايىتى چارچىغانلىقى ئۈچۈن، يۇسۇپنىڭ كۆتكىنىدەك، ئۆزىنى باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن ۋە خۇشال تۇتالماي قالدى. بۇ ھال يۇسۇپنىڭ گۇمانىنى يەنە كۈچەيتتى. ئۇنىڭ ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببەتلىك ئارزۇ ـ ئارمىنى بۇگۈن يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەسەبىيلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە زىت كېلىدىغان بىشەملىكتىن خالىي بولالمىدى. ئۇنىڭ دىلىنى قورقۇنچلۇق گۇمان تۇمانى قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈن تانسا ئويناۋېتىپ، ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان كۆز يۈگۈرتۈپ، ماھىنۇرغا ئەتەي سۇس چىراي تۇتتى.

مۇزىكا توختاش بىلەن تانسا مەستانىسى ھەم ھاراق خۇمارى بولغان مېھمانلار يەنە بىر قېتىم ئىچىملىككە قول ئۇزاتتى. كېچە بىر يەرگە بارغانسېرى، مەست بولغانلارمۇ كۆپىيىپ باردى، بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان دەرىجىدە مەست بولۇپ

كەتتى. جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ بىر ياقتىن ھەممە ئورۇنغا سەپسالسا، يەنە بىر ياقتىن خىزمەتكارلىرىنى جورۇپ، جوزىلارغا يېگىي قورۇما ۋە ھاراق ئەكەلدۈرۈۋاتاتتى. جەمشىد كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكۈچە ئىچىپ غەرق مەست بولغانىدى. ئۇنىڭ رومكىسى قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ ئۇنىڭغا ئۇسسۇلۇق قۇيۇپ بەردى.

— مەست بولۇپ كېتىپسىز، ئەمدى ئىچمەڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — بىردەم تۇرۇپ مېھمانلارنى ئۇزىتىسىز جۇمۇ!

چارچاپ ھالى قالمىغان ماھىنۇر ئورۇندۇقلارنىڭ ئارقىسىدىن سەل جىمجىت بىر جاينى تېپىپ دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئارتىلىپ، بېشىنى قولى ئۇستىگە قويۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى ئاياللار ئىدى. ئەرلەر ھاراق ئىچىش بىلەنلا بولۇپ، ئۆزىنى بىلمىگۈدەك ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا، ئاياللارغا قارىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇلار بىكار قاراپ ئولتۇرۇشنى سەت بىلىپ تازا پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى:

— جەمشىد دېگەن بۇ داڭلىق باينىڭ ئوغلىغا زاتى نامەلۇم بىر قىزنى تېپىپ بېرىپ، ھېچكىم قىلىپ باقمىغان مۇشۇنداق كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزگىنىنى قاراڭ!

— شۇنى دېسىلە، بىرمۇنچە داڭلىق باي - غوجاملار يۇسۇپنى كۆيۈ ئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئويلاپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشقانىدى. چىمەنبانۇ دېگەن ھالىنى ئات تارتالمايدىغان بۇ ئايال قانداق بولۇپ ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلىغا نەدىكى بىر گادايىنىڭ قىزىنى لايىق كۆرگەندۇ؟

— ۋاي - ۋۇي! «ئاشىقنىڭ كۆزى چىرايلىقتا چۈشىدۇ» دېگەننى بىلەملا، تايىنلىق ئۇنىڭغا يۇسۇپنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان گەپ! بۇلاردەك ئاتا - ئانىلار ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئەركىن مۇھەببەتكە يول قويماي تۇرالامتى؟

— ئۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن، ھەرقاچان ئاشۇ قىز ئۇستىلىق

قىلغان گەپ.

— راست دەيلا، يۈسۈپ دېگەن بۇ سېرىق قۇشنى قولغا قوندۇرۇش ئۈچۈن ئۇ خېنىمنىڭ قانچىلىك ئۈندەكچىلىك قىلغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ بولمىسا ئۇنداق قىزلارغا بۇنداق كاتتا ئامەت نەدە تۇرۇپتۇ؟

— بۇ سەنەۋەرگە ئوخشاش نومۇسنى بىلمەيدىغان ئاياللار ئۈچۈن ئاسانلا ئىش - دە! ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ ئىپلاسنىڭ ھىيلىسى يامان ئىكەن. ئۆزىنىڭ يېشى بىر يەرگە يەتكەندە كېيىنكى كۈنۈمنى قانداق ئۆتكۈزىمەن دەپ، ئۆز قىزىنى بازارغا سالغان گەپ! بولمىغىنىدا، جەمشىدكە قېرىلىق يەتكەن ھامان، چىمەنبانۇ ئۇ بىر ئۆيلۈكنى قوغلاپ چىقارماي قالامدۇ؟

— ئاڭلىسام، گۆھەر بىلەن شەمسىيە جەمشىدتىن بولغان باللار ئىكەن، بىراق جەمشىد ئۇلارنى مەرھۇم دوستى دانىيالنىڭ قورساقتا قالغان باللىرى دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. بۇنىڭغا كىم ئىشەنسۇن؟ بۇ قوشكېزەكلەر سەنەۋەر جەمشىدنىڭكىگە كېلىپ ئون ئايدىن كېيىن تۇغۇلدى. ماھىنۇرنىڭ بۇ يەرگە ئۈچ - تۆت ياش چېغىدا كەلگەنلىكى ئېنىق. ھەي، ئىشقىلىپ ياخشى ئىش تالاغا چىقمايدۇ، يامان ئىش ھەممە يەرگە پۇر كېتىدۇ!

— ئاللا بىلىدۇ! بەلكى ماھىنۇرمۇ شەمسىيەگە ئوخشاش يوتقانىنىڭ تېشىدىن بولغاندۇ! سەنەۋەردەك ئاياللارنىڭ ئىشەنگۈدەك نەرى بار؟ قەلەندەرنىڭ خالتىسىغا تۇرلۇك - تۇرلۇك ئادەملەرنىڭ سەدىقىسى چۈشىدۇ - دە!

......

ئۇلار يۇخادىن چىققۇدەك سۆزلىشىپ، ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار ۋىنونى ئانچە كۆپ ئىچمىگەن بولسىمۇ، خۇدىنى ئاللىقاچان يوقاتقانىدى. ھەممىسى ئايال تۇرۇقلۇق، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھەمشىرە ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتاتتى، ئۇلار سەنەۋەر، ماھىنۇر ۋە چىمەنبانۇلار

ئۇستىدە ھۇزۇرلىنىپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشىۋاتقىنىدا، بىر ھەمشىرە ئىككىنچى بىر ھەمشىرىنىڭ چاۋىسىنى يۇز ـ خاتىر قىلماي چىتقا يېيىشىۋاتقانلىقىنى، بىر ھەمشىرە ئىككىنچى ھەمشىرىنىڭ بەختسىزلىكى ئۇستىدە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۇلۇپ، ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك قىلىشىۋاتقانلىقىنى، سەنەۋەرنىڭ ئاللىقاچان چېقىلغان ئابرۇي قاچىسىنى ھاقارەت بازغىنى بىلەن ئۇرۇپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىشىۋاتقانلىقىنى سەزمەيۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئاياللارمۇ ئادەم، ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇلاردىمۇ سەۋەنلىك، يولدىن ئېزىش بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ سەۋەنلىكلەر كۆپ ھاللاردا ئەرلەرنىڭ ئازدۇرۇشىدىن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاياللار بىر قېتىم ئازسا، ئۆمۇربويى باش كۆتۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئەۋلادلىرىمۇ شۇنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدۇ. بۇنى ئادىللىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن ھەمشىرە بولغاندىكىن، بىر ـ بىرىگە كۆيۇنۇش، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە خارلانغانلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي ۋە دىنىي بۇرچى قىلىشى لازىم ئىدى. دەرۋەقە، قورسىقى توق، قىلغىلى ئىشى يوق ئاياللار بۇگۇنكىدەك جاۋىلداقلىق قىلماي نېمە ئىش قىلسۇن؟

ماھىنۇر ئاياللارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنى تېنىي جۇغۇلدىغان ھالدا ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى، ئاپىسىنى، يەتكۇچە خارلانغان ئائىلىسىنى مۇنچە ھاقارەتلەيدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كىرسىز پاك مۇھەببىتىنى باشقىلار ئەنە شۇنداق ھاقارەتلەۋاتاتتى ! ئاپىسى سەنەۋەرنى باشقىلار ئەنە شۇنداق ئاياغ ئاستى قىلىۋاتاتتى ! ئىنىسىنى، سىڭلىسىنى باشقىلار نومۇسسىزلىق قامچىسى بىلەن رەھىمسىزلەرچە قامچىلاۋاتاتتى ! مۇنداق ھاقارەتكە قېلىۋاتقان ئائىلىدىن جاھاندا يەنە بىرەرى بارمىدۇ؟ ئۇ ئاشۇ غەيۋەت ـ شىكايەتلەرنى قانداق قىلىپ تۇگىگۇچە ئاڭلاپ

ئولتۇرالىغانلىقىنى، مۇنداق كۈچلۈك سەۋر ـ تاقەتنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاپىسىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ، قېرىنداشلىرىمۇ ئۆمۈر بويى ئەلنىڭ ھاقارىتىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى؛ مانا بۈگۈن كىشىلەر ئۇنى مۇشۇنداق بەختلىك كۈندىمۇ ئۆز ئارامىغا قويمايۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەر ئۆچمەنلىك قىلىپ مېنىڭ نامىمنى مەڭگۈ نومۇسسىزلىقتا ئاپىرىپ چاتىدۇ، بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگەن ياخشى، بۇ ئالەمدە ئادالەت دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن! دېگەن يەرگە كەلدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، گويا نېمىنىدۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك، ياشتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ئېچىپ، يۇسۇپنىڭ مېھمانلار ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى يىراقتىنلا كۆردى. ئۇ ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭغا يۇسۇپنى تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، قۇۋ ـ ھىيلىگەر ئادەملەر ئارىسىغا ئېلىۋالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈلۈشۈپ، ئاغزىدىن شالىنى چاچرىتىپ يۇسۇپنى ھەدەپ «تەبرىكلەۋاتقان» لىقىنى، «مۇبارەكلەۋاتقان»لىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. كۆڭلىدە: «ھەي يۇسۇپ! كىشىلەر تەبرىكلەۋاتقان شۇ مىنۇتتا ئارقىڭىزدىن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتامسىز؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ باياتىن مەن ئاڭلىغان گەپلەرنى يۇسۇپ ئاڭلاپ قالسا پۇشايمان قىلىپ يۈرەرمۇ؟ ئىككىمىز توي قىلىپ بالا يۈزى كۆرسەك، باشقىلار بالىنىڭ ئاپىسى كىم، چوڭ دادىسى، چوڭ ئاپىسى كىم دەپ سوراپ قالسا، يۇسۇپ نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئويلاشقا پېتىنالماي كۆزىنى قايتىدىن يۇمۇۋالدى ...

بۇمۇ ئوبدان بولدى، ئاشۇ ئايالارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرى ماھىنۇرنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇ، ئاشۇ ئايالار يۇسۇپ بىلەن ئىككىمىزنى مۇبارەكلىدى ھەم مېنىڭ تېخىمۇ چوڭ سەۋەنلىك سادىر قىلىپ، يۇسۇپنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ، ئىككىمىزدىن

بولىدىغان بالىلارنىمۇ ۋەيران قىلىشتىن ساقلىنىشىم توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، بۇنىڭغا رەھمەت دېيىشىم كېرەك دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچىلا بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەي، ئۆزۈمنىڭ ساپ، مۇقەددەس مۇھەببىتىمنى داغ چۈشۈشتىن ساقلاپ قالاي دېگەن نىيەتكە كەلدى.

«تەن بىرلىكىنى كۈتمە، دىل بىرلىكىنى كۈت» ناملىق مۇقەددەس مۇھەببەت داستانىدىكى بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئۇنىڭ پارە - پارە بولغان يۈرىكىگە ئىلھام ۋە ئارام بېغىشلىدى. ئۇنىڭچە بۇنداق قارارغا كېلىشى يۈسۈپنى چىن دىلىدىن سۆيگەنلىكى ئۈچۈن بولۇۋاتاتتى. يۈسۈپ مەڭگۈ ئۇنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. مەڭگۈ بىردىنبىر ئۈمىد بۇلىقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئۇ يۈسۈپنى ئۆزىنىڭ خىيال ئەينىكىدە كۆرۈپ تۇرىدۇ. رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىق ئۇنى يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشۈشتىن قىسما - قىسما يوللار بىلەن چەكلىيەلىسىمۇ، ئۇنىڭ خىيال - تەسەۋۋۇرىنى چەكلەپ قويالمايدۇ! بېشى بولغان ئىشنىڭ ئاخىرىمۇ بولىدۇ، ئازابلىق كۈنلەر تۈگەيدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. ئاق بىلەن قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان بۇ جەمئىيەتنىڭ زاۋاللىق كۈنلىرى بەربىر يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا، ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ، ئىرق، دىنىي مەزھەپ، مەرتىۋە دېگەنلەر ئاجىز - ئۇششاقلارغا تەھدىت سالالمايدۇ، شۇ چاغقا بارغاندا، ئۇ ئاشىقى يۈسۈپكە ھەرقانداق كەمسىتىشتىن خالىي بولغان رېئاللىق ئىچىدە ئىگە بولۇپ، ئىككى ئاشىق - مەشۇق مەڭگۈ ئايرىلماي ئۆتىدۇ!

... بىردەملىك شېرىن چۈش گويا ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ياپراقتەك، غىل - پال قىلىپلا غايىب بولدى.

مەرىكە ئاياغلىشىپ، مېھمانلار خوشلىشىشقا باشلىغانىدى. ماھىنۇر غەزەپلىك ھەم چىگىش خىياللاردىن دەرھال ئۆزىنى تارتىپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، باشقىدىن جانلىنىپ چىمەنبانۇنىڭ يېنىغا كەلدى. چىمەنبانۇ ۋىنونى كۆپرەك

ئىچىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن كۆزلىرى قىزارغانىدى. ئۇ ماھىنۇرنى كۆرۈپلا دەرھال يۈسۈپنى يېنىغا چاقىردى، ئاندىن جەمشىدكە ھەمدەم بولۇپ مېھمانلارنى ئۇزاتتى. بىرمۇنچە مېھمانلار ئۇبدانلا تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، خوتۇنلىرى يۆلىمىسە ماشىنىغا چىقالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ساراي ئىچىدە بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىدى. مەستلىكتە ئۆزىنى تۇتالماي قالغان جەمشىد يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنى بىرەر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن مۇبارەكلىگەندىن كېيىن دەلدەڭشىگىنىچە ئارام ئېلىشقا كىرىپ كەتتى. چىمەنبانۇ يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنى چاقىرىۋالدى ۋە خىزمەتكارىغا ئىككى رومكا ئەكەلدۈردى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ، گويا ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىك قىلىۋاتقانلىقىنى تۇساتتىن سەزگەندەك، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

ـــ قاراڭلار، قاراڭلار، بۇگۈن خۇشاللىقىمدا خۇدۇمىنى يوقىتىپ، قۇرۇق رومكىلارنى ئەكەلدۈرۈپ يۈرگىنىمنى! ھا ـ ھا ـ ھا! ـــ ئۇ كۈلۈۋېتىپ، خىزمەتكارىنى بىر بوتۇلكا ۋىنو ئەكىلىشكە چاپتۇردى.

خىزمەتكارى يېڭىلا ئاغزى ئېچىلغان بىر بوتۇلكا ۋىنونى ئەكەلدى. چىمەنبانۇ رومكا تۇتقان ئىككى قولىنى سۇنۇپ ۋىنو قۇيدۇردى. ئاندىن توشتۇرۇپ ۋىنو قۇيۇلغان ئىككى رومكىنى جاققىدە سوقۇشتۇرۇپ، كۆتۈرۈۋېتىش مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرغا تۇتتى.

ـــ بالىلىرىم، كېلىڭلار! ـــ دېدى ئۇ، ـــ سىلەر مېنىڭ قەلبىمدىكى چولپانلىرىم، كۆڭلۈمدىكى چوڭ ئىش ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ئانىلىق سۆيۈمنى بىلەن سىلەرگە ئۆز قولۇمدا خۇشاللىق شارابى تۇتتۇم، مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈشۈڭلارنى تىلەيمەن! مۇشۇ رومكىنى كۆتۈرۈۋەتسەڭلار، چاي ئىچىۋېلىش مۇراسىمى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشقان بولىدۇ، ئاندىن ھەربىرىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ دەم ئېلىڭلار.

يۇسۇپنىڭ شادلىققا چۆمۈلگەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ماھىنۇر دىلىدىكى قاتتىق ئازابقا ئەڭ زور تاقەت بىلەن چىداشلىق بېرىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ، يۇسۇپ بىلەن ئىككىمىزنىڭ چاي ئىچۇرۇش مۇراسىمى ئاياغلاشقانلىقىغا ئاتاپ، بۇ شارابنى ئاچچىق - تاتلىقلىقىغا قارىماي كۆتۈرۈۋېتەي دېگەن يەرگە كەلدى.

ئىككىسى رومكا سوقۇشتۇرغاندىن كېيىن بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. مەستلىكتە ئۆز گەۋدىسىگە ئىگە بولالماي قالغان يۇسۇپمۇ ماھىنۇرنى ئۇزىتىپ قويالماي، ماھىنۇرنىڭ قولىغا ۋە چىمەنبانۇنىڭ يۈزىگە ئىتتىكلا سۆيۈپ قويۇپ، ئۇلارغا خەيرلىك تىلىگەندىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ دەلدەڭشىپ ماڭدى. ماھىنۇر «خەيرخوش»، «كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلاپ يۇسۇپنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى.

يۇسۇپ ھەم چارچاپ، ھەم مەست بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھۇجرىسىغا كىردى - دە، كىيىملىرىنىمۇ سالماي، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ماھىنۇر چىمەنبانۇغا خەيرلىك تىلىگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. بىراق، ئۈچ - تۆت قەدەم يەرگە بارمايلا، كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى - دە، بىرەرىنى چاقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي پالاققىدە يەرگە يىقىلدى.

ماھىنۇرنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ ئىتتىك كېلىپ ئۇنى تەسلىكتە يۆلەپ تۇرغۇزۇۋالدى ۋە نېرىدا تۇرغان دىلاۋەرنى ئىشارەت بىلەن چاقىردى، ئاندىن:

— ماھىنۇرنى ئۆيىگە ساق - سالامەت ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەل! — دېدى.

— ئوبدان.

دىلاۋەر تېنى تىترەۋاتقان ماھىنۇرنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن تالاغا ئاچىقتى، ماشىنا شۇ يەردە تۇراتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

ئەتىسى تاڭ سەھەر، جەمشىدنىڭ سارىيى. ئىچمۇپ ئېرىپ غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ساھىبخانىلار ۋە چارچاپ ھالى قالمىغان خىزمەتكارلار ئورنىدىن تۇردى. جەمشىدنىڭ يېقىن خىزمەتكارى پېتىر چاي راسلاپ قويۇپ، خوجايىن ياتقان ئۆينىڭ دالىنىدا خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

چىمەنبانۇنىڭ ھۇجرىسى جەمشىدنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيىنىڭ ئەڭ ياخشى جايىدا ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى يورۇق ھەم ھاۋالىق بولۇپ، مەيىن شامال گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كىرىپ تۇراتتى. ئۆي سەرەمجانلىرى ساراي بويىچە ھەممىدىن ياخشى ئىدى. كۈن نۇرى قېلىن پەردىلەردىن ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، چىمەنبانۇ مامۇقتەك يۇمشاق كارىۋاتتا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

چىمەنبانۇ ئاخىر ئويغاندى. ئۇ توساتتىن نېمىدۇر ئېسىگە چۈشكەندەك، قولىنى ئۇزاتتى ـ دە، كۆينىكىنى باستى.

پېتىر قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كىيىملىرىنى ئىتتىك تۈزەشتۈرۈپ، پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. چىمەنبانۇ ئۈستىگە يوڭ ئەدىيالنى يېپىنچاقلاپ، كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. پېتىر چاينى بېرىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، چىمەنبانۇ ئۇنى توختىتىۋالدى. پېتىر دەرھال قول باغلاپ، خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ سۆرلۈك خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قىمىرمۇ قىلماي، تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي تۇراتتى.

— يۈسۈپ بايۋەچچە تېخى ئويغانماپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى چىمەنبانۇ زىل ئاۋازدا.
— ياق، خېنىم، — دېدى پېتىر، — ئۇ ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئاستا چاقىرىپ باقسام ئۇرۇلۇپمۇ قويمىدى.
چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامىتى نامايان بولدى. ئۇ چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن:
— باي غوجاڭ تۇرغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، تېخى ئۇخلاۋاتىدۇ.
— ئۇلار ئۇخلاۋەرسۇن، بولۇپمۇ يۈسۈپ بايۋەچچىگە دەخلى قىلماڭلار، ئاخشام ئۇ ناھايىتى كەچ ياتتى، بەك چارچاپ كەتتى! ھە، دىلاۋەر كەتتىمۇ؟ جابىر ئۇنى قوندۇرۇپ قالىمەن دەۋاتقانتىغۇ؟
— دىلاۋەر ئەپەندى ئاخشام كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، بولمىسا، جابىر بايۋەچچىنىڭ ياتىقى يېنىدىكى ئۆيگە ئورۇن راسلاپ قويغانتۇق. جابىر بايۋەچچە ئاخشام ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى.
— ھە.
— جابىر بايۋەچچە، — دېدى پېتىر ئايال خوجايىنىنىڭ گېپىگە داۋاملىق جاۋاب بېرىپ، — قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلىغانچە ھېلىغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى.
چىمەنبانۇ پېتىرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۇنى يېنىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزى بىلەلمىگەن يەنە بىرقانچە ئىشنى سۈرۈشتۈردى. پېتىر چىقىپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، چىمەنبانۇ بىردىنلا چىرايىدىن تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرئاز پۇل بېرىپ، ئىككى كۈندىن بېرى بەك جاپا تارتتىڭ، بۇ ساڭا مۇكاپاتىم بولسۇن، دېدى ھەمدە سارايىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى خەققە يايماسلىقنى ئېيتتى.

پېتىر چاي چىنىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. چىمەنبانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇيۇنغاندىن كېيىن گىرىمخانىسىغا كىرىپ تارىنىپ ياساندى. ئۇ ياسىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، تەڭتۇشلىرى ئىچىدە قېرىراق كۆرۈنەتتى، بۇنىڭغا تەقدىرنىڭ ئۇنى ئازابقا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىچى كۆچلۈكلۈكى سەۋەب بولغان.

ئۇ تارىنىپ ياسانغاندىن كېيىن دەرھال يۇسۇپنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇ باشتا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىن نېمىنىدۇر بىلىپ يېتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا بىرپەس سەپسالدى. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاشتۇرۇپ:

— ئەزىز بالام، يۇسۇپ! نە كەمگىچە ئۇخلايسەن؟ ئورنۇڭدىن تۇر! — دېدى.

يۇسۇپتىن زۇۋان چىقمىغاچقا، چىمەنبانۇ بىر پىيالە چاينى ئېلىپ، خۇدىنى بىلەلمەي ئۇخلاۋاتقان يۇسۇپنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. يۇسۇپ تېخىچىلا مىدىر قىلمايتتى. چىمەنبانۇ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، قاتلىغاندىن كېيىن گويا ئوغلىنىڭ بۇرنىدىكى نېمىنىدۇر سۈرتۈۋەتمەكچى بولغاندەك ئالدىغا ئېڭىشتى. شۇ ئارىلىقتا يۇسۇپ بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ تېخىچىلا قاتتىق ئۇيقۇدىن يېشىلمەي، ئۆزىنى بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى. چىمەنبانۇ ئەمدى ئۇنىڭغا دەخلى قىلماي: «بولدى ئۇخلاۋەر، ئوڭايلىقچە ئىچمەيسەن، ئىچكەندە مەست بولغۇچە ئىچىپ، ئۇنىڭ دەردىنى ئۇيقۇدىن ئالىسەن. ئاخشام ئۆزۈڭمۇ بەك چارچاپ كەتتىڭ» دېگەن سۆزنىلا قىلدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. يۇسۇپ قايتىدىن كۆزلىرىنى يۇمدى.

يۇسۇپ شۇ ئۇخلىغانچە چۈشتىن كېيىن ئويغاندى. ئۇ بىردىنلا ماھىنۇرنى — ئۆزىنىڭ بولغۇسى مەھبۇبىسىنى يادىغا ئېلىپ، يۈرىكى شېرىن لەززەتكە تولدى. ئۇ يۇيۇنۇپ ـ كىيىنىپ، ناشتا قىلدى ـ دە، شادلىق ئىچىدە ماھىنۇرنىڭ

قېشىغا ماڭدى. بۇ ئۇ ھەر كۈنى ماھىنۇر بىلەن بىللە كۈلۈپقا بارىدىغان چاغ ئىدى. ئۇنىڭ كەيپى باشقىچە ئىدى. بۇرۇن مۇنداق چاغلاردا ئىككىسى مۇھەببەت توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشاتتى، ھەتتا كەينىدىن باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىش خەۋپى بار ئىدى. بۈگۈن ئۇ ماھىنۇرنى ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى سۈپىتىدە ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى، ئەمدى قەيەرگە بېرىپ ئوينىغۇسى كەلسە ئويناۋېرەتتى، نېمە گەپ قىلغۇسى كەلسە قىلىۋېرەتتى، ھەتتا يوقىلاڭ ئىشلارغا چېپىلغاق ساقچىلارغا يولۇقسىمۇ، مەيدىسىنى كېرىپ: «ھەي، چېپىلغاقلىق قىلىۋەرمەڭ، بۇ مېنىڭ ئالىدىغان قىزىم!» دەۋېرەتتى. مانا بۇ بۇرۇنقىدىن نەقەدەر چوڭ پەرق ـ ھە !

ئۇ ماھىنۇرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ ماشىنىسىنى توختاتتى ۋە ئۇدۇل ماھىنۇرنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. بىراق، ماھىنۇر ھۇجرىسىدا يوق ئىدى. يۈسۈپ ئەمدى يۈگۈرۈپ سەنەۋەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بولغۇسى قېيىنئانىسى سەنەۋەرنى كۆرۈپ، سەل تارتىنىپ قالدى ـ دە، ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئۆزىنى ئازادە تۇتالمىدى. سەنەۋەر بولسا ئۇنداق ھالەتتىن خالىي ئىدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا:

— ماھىنۇرچۇ؟ — دەپ سورىدى ھېچنېمىگە قارىماي.

— ئۇ ھۇجرىسىدا كۆرۈنمەيدۇ، ھازىرلا قاراپ كەلدىم، — دېدى يۈسۈپ تارتىنىش بىلەن، ئۇ سەنەۋەرنىڭ سوئالىنى چۈشەنمەي، يەنە مۇنداق دېدى، — ھەر كۈنى مۇشۇ چاغدا ماھىنۇرنى ئېلىپ كۈلۈپقا بارىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ؟

يۈسۈپنىڭ بۇ گېپى سەنەۋەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى.

— ياق، يۈسۈپ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن ماھىنۇرنى ئاخشام سىلەرنىڭكىگە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى، نېمىشقا ئۆزىڭىز يالغۇز كەلدىڭىز، ماھىنۇر نەگە كەتتى، دەۋاتىمەن.

يۈسۈپ سەنەۋەرگە ئەجەبلىنىپ بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مەن ئۇنى مەشەدە دەپ ئىزدەپ كەلگەن، بۇ گەپچە ئۇ ئاخشام قايتىپ كەلمەپتۇ ـ دە؟ — دېدى.

— ھەئە، ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. سىز كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆيۈڭلەردە چېلىقتۇرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سەنەۋەر تەئەججۇپ بىلەن.

— ئاخشام سەل جىق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن، كۈندۈزى ئۇخلىدىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپلا شەھەرگە قاراپ ماڭدىم. كېلىشتىن بۇرۇن راستتىنلا دىققەت قىلماپتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئاپىڭىز تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى سەنەۋەر.

— ئاپام ئۇنى ئاخشام مېنىڭ ئالدىمدا ئۇزىتىپ قويۇۋاتقان؛ كېيىن بەك كەچ بولۇپ قالغانلىقىغا قاراپ، ئەكىلىپ قويۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ قوندۇرۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يۈسۈپ ئاغزىدا شۇنداق دەۋاتسىمۇ، كۆڭلىدە ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ قاراپ بېقىش ئۈچۈن خوشلىشىپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا، سەنەۋەر ئۇنى ماڭدۇرماي:

— يۈسۈپ! نېمىگە مۇنداق ئالدىرايسىز؟ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ! — دېدى.

ئۇ شۇ گەپ بىلەن يۈسۈپنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، چاي ئىچۈرۈشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى، ماھىنۇر بىلەن ئىككىسىگە بەخت تىلىدى. يۈسۈپ بېشىنى سىلىپ كۈلۈمسىرىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆلكىسىگە تىت ـ تىتلىق ئالامىتى يوشۇرۇنغانىدى، ئۇنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيغان سەنەۋەر:

— ئاۋۋال ئۆيگە قاراپ باقماي، بۇ يەرگە يۈگۈرۈپسىز، بەلكى ئۆيلىرىڭىز بىرەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ، قىز بالا چاي ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن ئىزا تارتىپ كۆزگە چېلىقىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قايتىپ بېرىپ ئۇنى بالدۇرراق

ئەۋەتىۋېتىڭ، — دېدى.

سەنەۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى يوللۇق بىلىپ، يۇسۇپنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشتى.

يۇسۇپ قايتىپ بېرىپ، ھەممە ئۆينى ئالا قويماي ئاختۇرۇپمۇ ماھىنۇرنىڭ قارىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ شۇ ھامان سەنەۋەرگە تېلېفون بەردى، سەنەۋەر: «ماھىنۇر تېخىچە قايتىپ كەلمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. يۇسۇپ ئاپىسىدىن سورىدى:

— ئاپا، ماھىنۇر نەگە كەتتى؟

— ئاخشام قايتىپ كەتكەنغۇ، — چىمەنبانۇ غېمىدە يوق جاۋاب بەردى.

— نېمە دەيسىز؟ — دېدى يۇسۇپ تىت ـ تىت بولۇپ، — ئاخشام ئۇ قونۇپ قالمىغانمۇ؟

چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يۇسۇپنىڭ مەڭزىگە چېكىپ قويۇپ:

— تەنتەك! ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنى شۇ تاپتا چاقىرتساڭمۇ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. چاي ئىچۈرۈلگەن تۇرسا، قىز بالا قېيىنئانا بولغۇچىنىڭ ئۆيىدە قانداقمۇ ئىزا تارتماي خالىغانچە تۇرالايدۇ؟ ئۇ ئاخشاملا قايتىپ كەتتى، شۇ چاغدا سەنمۇ بارغۇ؟ — دېدى.

— ياق، ئاپا، ئۇ تۈنۈگۈن ئۆيگە بارماپتۇ!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئېزىپ قالمىغانسەن؟

— ئېزىپ قالدىڭ دېگەنمۇ گەپ بولامدۇ؟ مەن بايا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىم، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئاپىسىمۇ بىلمەيدىكەن.

— دوستلىرىنىڭكىگە ئويىنىغىلى كەتكەندۇ. كۈلۈبقا كەتكەنمىكىن يا؟

— ياق، يېقىن ئەتراپتا ئۇنىڭ بارغۇدەك دوستى يوق. ئۇ مەن بولمىسام كۈلۈبقىمۇ بارمايدۇ، بىر يەرگە يالغۇز بېرىشنىمۇ خالىمايدۇ.

— قىزىق گەپقۇ بۇ ! نەگە كەتكەندۇ؟ ئاخشام ئۇنى ئۆزۈم ئۆزىتىپ قويدۇم. بىرەر كۈتمىگەن ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، ئاپىرىپ قويۇشقا دىلاۋەرنى قوشۇپ قويدۇم تېخى.

يۈسۈپ دىلاۋەرنىڭ ماھىنۇرنى ئاپىرىپ قويماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق خاپا بولدى.

— دىلاۋەرنىڭ ماھىنۇرغا يېقىنلىشىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، ماھىنۇرنى ئاپىرىپ قويۇشقا يەنە شۇنى ئەۋەتكىنىڭىزنى قاراڭ !

— تولا گۇمانخورلۇق قىلمىساڭچۇ، گۇمان دېگەنمۇ چېكىدە بولۇشى كېرەك ! مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، ھېچقاچان كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدۇ. دىلاۋەرنىڭ كەلگۈسىدە ماھىنۇرلارغا قېيىنئىنى بولىدىغانلىقىنى يادىڭدا تۇت ! ماھىنۇرنى يالغۇز شوپۇرغىلا قوشۇپ قويسام بولامتى؟ ئۇ چاغدا سەن مەستلىكتە خۇدۇڭنىمۇ بىلمەي قالغانىدىڭ، مەنمۇ نەچچە ھەپتە ئاغرىپ ياتقاندەك ھالىمدىن كېتىپتىمەن. ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلاپ شۇ ياتقانچە تاڭ ئاتقاندا ئاران كۆزۈمنى ئاچتىم.

— نېمىلا دەڭ، ماھىنۇر ئۆيگە قايتىپ بارماپتۇ، — دېدى يۈسۈپ ئەلەم بىلەن.

— كىچىككىنە ئىشقىمۇ ئۆپكەڭنى باسالماي قالىسەن. بەلكى ماھىنۇر سېنى تېرىكتۈرۈپ ئويناش ئۈچۈن ئەتەي يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ؟

— ماھىنۇرمۇ، ئاپىسىمۇ مۇنداق بىمەنە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس ! ئۇلار خەقنى مۇنداق يول بىلەن ئازابلاپ ئويناشنى بىلمەيدۇ. ماھىنۇر ئۆيىدە يوق، بۇ ئېنىق.

ئوغلىنىڭ ھەدەپ سەنەۋەرنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، چىمەنبانۇنىڭ ئىچى ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ، چىرايى تۇرۇلدى. ئەمما، ماھىنۇرنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقى ھەركىمنى ئەندىشىگە سېلىپ، تىت - تىت قىلىدىغان چوڭ ۋەقە ئىدى، شۇڭا ئۇ بىئارام بولغاندەك :

— ئۇنداق دېگىنىم بىلەن، يۇسۇپ، سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشقا سەل قارىمىساق بولمىدىكەن دېگەن يەرگە كېلىۋاتىمەن. ئويلىسام ــ ئويلىسام ئەندىشەم كۈچىيىۋاتىدۇ. سەن چاققان بېرىپ ئۇنى ئىزدىسەڭ بولغۇدەك ! — دېدى.

— نەدىن ئىزدەيمەن؟ — دېدى يۇسۇپ غەم بىلەن.

— ماھىنۇر بالام، نەدە يۈرىدىغانسەن ! — دېدى چىمەنبانۇ ئۆھسىنىپ، ئارقىدىنلا يۇسۇپكە، — ئاخشام ماھىنۇر بەك چارچاپ كەتكەچكە، كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى، ئۆزۈم بېرىپ يۆلىۋالدىم. كېيىنچە تاۋى ياخشى بولماي قالغان بولسا، ئۆيىگە قايتماي، ئۇدۇللا دوختۇرخانىغا كەتتىمۇ يا؟ — دېدى.

ئاپىسىنىڭ قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن يۇسۇپ ئىتتىك ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— ئاپا، تولا ئەندىشە قىلىپ كەتمەڭ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇقۇپ باقاي، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم چاپتۇردى، دىلاۋەرنىمۇ، شوپۇرنىمۇ چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۆزى دوختۇرخانىغا تېلېفون بەردى. ماھىنۇر دوختۇرخانىدىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

بىردەمدىن كېيىن شوپۇر يېتىپ كەلدى.

— ئاخشام دىلاۋەر ئەپەندى بىلەن دانىيال خېنىمنى نەگە ئاپىرىپ قويدىڭىز، ئۆيىگىمۇ ياكى دوختۇرخانىغىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ ئۇنىڭدىن.

— بېگىم ! — دېدى شوپۇر ھۆرمەت بىلەن، — مەن ئولتۇرۇش ئاياغلاشمايلا كېتىپ قالغان.

— نېمە؟ — دېدى يۇسۇپ ئاچچىقلىنىپ، — قانداق قىلغىنىڭىز ئۇ؟ ئىش تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆيگە كەتتىم دېگەنمۇ گەپمۇ؟

— بېگىم، مەن قانداقمۇ ئۆزۈمچىلا كېتەي؟— دېدى شوپۇر، —

مەن خوجايىننىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق قىلغان، ئەمرىگە بويسۇنۇش مېنىڭ ۋەزىپەم ـ دە !

ــ قايسى خوجايىننىڭ ئەمرى ئىكەن ئۇ؟ ــ دېدى چىمەنبانۇ كايىپ.

ئايال خوجايىننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن شوپۇر دىر ـ دىر تىترەپ:

ــ خانىم، ئۆزلىرى شۇنداق دەپتىكەنلىغۇ ! دىلاۋەر ئەپەندى ماڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتتى. مەندە سەۋەنلىك يوق، خانىم.

ــ بولدى، قايتىپ كەت، ئىششىڭ توگىدى ! ــ دېدى چىمەنبانۇ ئاچچىقى بىلەن.

شوپۇرنىڭ گەپلىرى چىمەنبانۇنى قاتتىق ئەنسىرىتىپ قويدى. شوپۇر چىقىپ كېتىپ بىردەمدىن كېيىن دىلاۋەرنى چاقىرىشقا كەتكەن خىزمەتكارمۇ قايتىپ كەلدى. چىمەنبانۇ بىلەن يۈسۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ: «دىلاۋەر كەلمەيتۇغۇ؟ بىرەر گەپ ئېيتىپ بەردىمۇ ـ يوق؟ ئۇ دانىيال خېنىم توغرۇلۇق بىرەر گەپ قىلدىمۇ؟» دېگەنلەرنى سورىدى.

ئۇلارنىڭ ئارقىمۇئارقا سورىغان بۇ سوئاللىرىدىن سەل جىددىيلەشكەن خىزمەتكار:

ــ خانىم، بېگىم، ــ دېدى كېكەچلەپ، ــ دىلاۋەر ئەپەندى ئاخشام ئۆيىگە قايتىپ بارماپتۇ.

خىزمەتكارنىڭ بۇ گېپى گويا بومبا پارتلىغاندەك ئاڭلىنىپ، يۈسۈپنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلغاندەك بولدى. يۈسۈپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، بېشى پىرىرىدە قېيىپ، ئايپىسنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالدى.

ئەھۋال ئېغىر ئىدى. يۈسۈپنىڭ ئالماقچى بولغان قىزنىڭ يوقاپ كېتىشى جەمشىدنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئاران ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىناۋىتىگە داغ تەگكۈزەتتى. چىمەنبانۇ يۈسۈپنى يۆلەشتۈرۈپ ياتىقىغا ئېلىپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ خىزمەتچىگە:

— ھېچقىسى يوق، بىگىنىڭ بىتاپ بولۇپ قاپتۇ. ئاخشام دانىيال خېنىممۇ بىتاپ بولۇپ قاپتىكەن، تايىنلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ ياتقان گەپ، بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈم يوقلاپ بارىمەن، — دېدى.

يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياتىقىغا كىردى. ئۇ سافادا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن ماغدۇرىغا كەلگەن بولسىمۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسى ئۆز ئىشى ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، بىر — بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساشنى يادىدىن چىقىرىشقانىدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يۇسۇپنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چىمەنبانۇ «ئۇ ئۆزى ئويلانسۇن، ئۆزى بىر قارارغا كەلسۇن، بەلكى ئۇ بۇ ئىشلار ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالار، ئۆزىنىڭ باشتىكى كاجلىقىدىن پۇشايمان قىلار» دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، بىر ـ ئىككى ئېغىز سىلىق گەپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

يۇسۇپمۇ ئۆزى يالغۇز قېلىش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى چېچىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاپىسىنىڭ سىلىق گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانىدەك، ئاپىسىنىڭ غىپپىدە چىقىپ كېتىشىنى كۆرمىگەندەك ئىدى. ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن بېشىنى چىڭ قاماللىۋالدى، ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا پاتتى.

ئۇ «ماھىنۇر زادى نەدىدۇ؟» دەپ، ئېھتىمالى بولغان ھەممە يەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ يۇ، لېكىن بىرەر يەرنىمۇ قارارلاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى تامامەن ئۆچكەنىدەك ئىدى. شۇ مىنۇت، شۇ سائەتتە، ئۇنىڭ قەلبىنى ماھىنۇرغا تۇرۇپ ئىشىنىدىغان، تۇرۇپ شەك كەلتۈرىدىغان چىگىش خىياللار چىرمىۋالغانىدى. شۇنداق خىياللار ھەربىر خىيالىغا كەچكەنىدە، قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت توقۇنۇشى لاۋۇلدىغان ئوتقا ئايلىنىپ، باغرىنى كاۋاپ قىلىپ، قۇلاق، بۇرۇن ۋە ئېغىزلىرىدىن ئىس چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ ئۆز گەۋدىسىگە

زادى ئىگە بولالماي، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

نەچچە مىنۇت، نەچچە ئون مىنۇت ۋاقىت ئۆتتى، يۈسۈپ قايتىدىن ھوشىغا كەلگەندە، ھېلىقى ئوت تىلىنى ئۇزۇن سوزۇپ يەنە بېسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بېشىنى قۇچاقلىۋېلىپ، كارىۋاتتا ئېغىناشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ چىمەنباغدا بولغان ئەھۋالنى ئېسىگە ئالدى. يۈسۈپ ئەسلىدە ماھىنۇرغا ئۆز يۈرىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز، سەممىي پاك مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلغاندا، ماھىنۇرنىڭ مۇنداق ساختىپەزلىك قىلىپ، ئۇستىلىق ئىشلىتىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى! ماھىنۇر بەكمۇ ئېچىنىپ يىغلىغاچقا، يۈسۈپ ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە چىن دىلىدىن ئىشەنگەن. ماھىنۇر ئۆزىگە جابىرنىڭ ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى ئۆز ئىززىتىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ غەزەپلەنگەنىدى. مانا ئەمدى ئەھۋال ئايدىڭلاشتى: ماھىنۇرنىڭ جابىرغا ماقۇل دېمىگەنلىكى دىلاۋەرگە ئاللىقاچان كۆڭۈل بەرگەنلىكىدىن بولغانىكەن ـ دە! ماھىنۇر دىلاۋەرنىڭ ئۆز سىڭلىسىنىڭ يىگىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ! ئۆز سىڭلىسىغىمۇ يول قويمىغىنىنى قارىمامدىغان! ئۇ دىلاۋەرنى «قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەم، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز سۆزلىشىشتىنمۇ نومۇس قىلىمەن» دېمىگەنمىدى؟ ئەمەلىيەتتە يالغان ئىكەن ـ دە!

يۈسۈپ چىمەنبانۇنى ماھىنۇرنى ئاپىرىپ قويۇشقا دىلاۋەرنى ئەۋەتكىنىڭىز بولماپتۇ دەپ ئەيىبلىگەنىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئاپىسىدا گۇناھ يوق ئىكەن.

يۈسۈپ ئەنە شۇلارنى ئويلىغانسېرى غەزىپى قايناپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى شاپىلاقلاشقا باشلىدى، چۇۋۇلۇپ پاخپايغان چاچلىرىنى مىجىقلىدى، شۇ ئەسنادا، ھېلىقى كۈنى باغدىن قايتىپ كېلىپ، چىمەنبانۇ بىلەن قىلىشقان گەپلىرى بىردىنلا ئېسىگە چۈشتى. «ئاپام شۇ چاغدا ‹ماھىنۇر دىلاۋەردەك يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ› دېمىگەنمىدى؟ مانا، ئاپامنىڭ دېگىنى

تۇغرا چىقتى.» يۇسۇپ يەنە چىمەنبانۇنىڭ ماھىنۇرنىڭ ئاپىسى ھەققىدە نەچچە قېتىم قىلغان گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ شۇ چاغدا قىلغان گەپلىرى پۈتۈنلەي دېگەن يەردىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ شۇ چاغدا ئاپىسىنىڭ دانالىق بىلەن ئېيتقان گەپلىرىگە ئوبدان قۇلاق سالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەندى: «شۇ چاغدا سەل ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ، ئاپامنىڭ گېپىگە كىرگەن بولسام، بۈگۈنكىدەك ئىش بولارمىدى؟ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا قالارمىدىم؟ ماھىنۇرمۇ قۇۋ ئىكەن! مېنى ئالداپلا قالماي، ئاپامدەك تەجرىبىلىك ئايالنىمۇ قىلتاققا چۈشۈرۈپتۇ. ئاپام ‹ماھىنۇر ساڭا ئىككىنچى قېتىم ھايات بەردى› دەۋاتامتى؟ ‹ئىككىنچى قېتىم بېرىدىغان ھاياتى› مۇشۇنداقمىدى؟ ھۇ زەھەرلىك يىلان!»

يۇسۇپ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، چىشىنى شۇنداق قاتتىق چىشلىدىكى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

يۇسۇپنىڭ زېھنى باشقىچىلا ئۆتكۈرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئاخشامقى سورۇندا ماھىنۇردىن سەزگەن بەزى ئالامەتلەرنى ئېسىگە ئالدى. ھېلىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىدە، ماھىنۇر ئۇنىڭغا ئۆزۈك سېلىپ قويغاندا، قوللىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ياش تامچىغانىدى. بۇنى يۇسۇپ «ماھىنۇرنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ» دەپ بىلگەن. ئەمدى ئايان بولدىكى، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. يۇسۇپ يەنە ماھىنۇرنىڭ ئۆزى بىلەن تانسىغا چۈشكەن چاغدىكى سوغۇق قىياپىتىنى، دىلاۋەر بىلەن تانسا ئوينىغان چاغدىكى نايىناقلاشلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ بۇنىڭدىن: «دۇرۇس ئادەم يامان ئىش قىلمايدۇ، ئۇسال ئادەم ياخشى ئىش قىلالمايدۇ، ماھىنۇر بىلەن دىلاۋەر ئوخشاش بىرنېمىلەر» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن جەمشىدمۇ خەۋەر تاپتى ۋە ئىنتايىن سەتچىلىك بولغانلىقىنى دەرھال سەزدى. رەپىقىسىنىڭ تىت - تىت بولۇشى، ئوغلىنىڭ ئازابلىنىشى ۋە ئۆز ئابرۇيىنىڭ

تۆكۈلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۇنى بىردىنلا ئادەتتىكى خۇشخۇيلۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، قاتتىق غەم - ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ «قانداق قىلسام ئابرۇيۇمغا داغ تەگكۈزمەيمەن» دەپ قاتتىق باش قاتۇردى. ئۇنىڭچە ماھىنۇر بىلەن دىلاۋەردەك گۇناھكارلارنى ھەر باب بىلەن تېز ئارىدا تېپىش كېرەك ئىدى. بىراق، سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، بۇ ئىشنىڭ ھەممە يەرگە پۇر كېتىشى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشنى سىرتقا چىقارماي ساقچىغا يوشۇرۇن ئىلتىماس سۇنۇپ، ئەتراپنى ئاختۇرۇشنى قايتا - قايتا تاپىلىدى.

جەمشىدنىڭ خۇشاللىقتا چۆمگەن سارىيى بىر كېچىدىلا جىمجىتلىقتا ۋە كۆڭۈلسىزلىككە پاتتى. ئۆيئىچىدىكى ھەممەيلەننىڭ كۆنى ماھىنۇر بىلەن دىلاۋەرنىڭ دېرىكىنى بىلىش ئىنتىزارلىقى بىلەن ئۆتتى. ئەمما، كۈن ئەتىگىنى چىقىپ، كەچلىكى پېتىۋەردى، ئۇ ئىككىسىنى تېپىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشماي قېلىۋەردى، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىش ئىشى زادىلا ئىلگىرى باسمىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

نازپەرۋەر مىكائىلنى بامدات نامازدا مەسچىتتە ئۇچراتتى، مىكائىلمۇ ئۇنى كۆردى، ئۇلار مىرزابانىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، توي قىلماقچى بولۇشقان قىز - يىگىت بولۇشقا قارىماي، بۇنداق ئوچۇق سورۇندا خەقنى قارىتىپ قويۇپ يىچىرلىشىۋېلىشقا ھېچقايسىسى پېتىنالمايتتى؛ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، مىرزاباندىن دەككە يەپلا قالماي، تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭمۇ مەسخىرىسىگە قالاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ: «مەن تۇنۇگۈن كېچە مىكائىل بىلەن خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، يېگىلا كۆمۈلگەن گۆردىن ئېچىۋالغان ۋە تىنىقى توختىمىغان ھېلىقى ‹ئايال مۇردا› قانداق بولغاندۇ؟ جان ئۈزگەنمىدۇ ياكى ئاستا - ئاستا تىرىلگەنمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ، مىكائىلنىڭ چىرايىغا قاراپ بۇ توغرۇلۇق بىرەر ئالامەت سېزەلمىدى.

نازپەرۋەر مەسچىتتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قولى ئىشتا بولسىمۇ، ئىچىدە كۈنىنىڭ بالدۇرراق پېتىشىنى تىلەيتتى، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنىڭ ۋەز - نەسىھىتىگە يەنە بىر قېتىم خىلاپلىق قىلىشتىن قورقماي، مىكائىلنىڭ قېشىغا بېرىش خىيالى بىلەن تىت - تىت بولۇۋاتاتتى.

ئاخىر كۈنمۇ پاتتى، ئاستا - ئاستا گۇگۇم چۈشۈپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. نازپەرۋەر دادىسىنىڭ تېزرەك ئۇيقۇغا كېتىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

بۈگۈن ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە، جۈملىدىن دادىسىنىڭ ئۇخلىشىمۇ ئاستىلاپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

مىرزابان چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلدى.

نازپەرۋەر: «كىچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، دادام تېخىچە ئۇخلىماپتا» دەپ غۇدۇرىدى ئىچىدە.

ئۇ ئۆزى كارىۋىتىغا چىقىپ، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. مىرزابانىنىڭ ئۇھ تارتىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىچىدە: «دادام نېمىگە ئۇھ تارتىدىغاندۇ؟ بىتاپ بولۇپ قاپتۇ - دە» دەپ ئويلاپ، بىردىنلا ئەنسىرەشكە باشلىدى ۋە بۇ ئەھۋالدا دادامنىڭ تېز ئارىدا ئۇخلاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، مىكائىلنىڭ قېشىغا بېرىشىممۇ بىر گەپ بولدى. قانداق قىلسام بولار؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ دادىسىغا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر چىدىماي:

— دادا، بىتاپ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ قەيەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ئۇھ تارتىسىز؟ — دەپ سورىدى كۆيۈنۈش بىلەن.

قىزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت گەپ سورىغانلىقىنى ئاڭلىغان مىرزابان ھەيران بولدى. ئۇ قىزىنىڭ تېخىچە ئويغاق يېتىشىنى ئويلىمىغانىدى: «نازپەرۋەر ئادەتتە كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىغان ھامان ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتەتتى، بۈگۈن نېمە بولغاندۇ. تېخىچە ئۇخلىماپتا؟» مىرزابان ئاساسسىز خىياللارغا كۆپ بېرىلمەي:

— ناز، ھېچ ئىش يوق، ئۇخلاۋەر، تۈن بىر يەرگە بېرىپ قالدى! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمەلىيەتتە، مىرزابان ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا كارىۋىتىدا يېتىپ، بۇرۇن بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بىر - قۇر ئەسلەپ چىقاتتى، ئۇھ تارتىشتىن خالىي بولالمايتتى. نازپەرۋەر ئادەتتە يېتىپلا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى سەزمەيتتى، بۈگۈن ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشى بولغاچقا، ۋاقتى - سائىتىدە ئۇخلىماي، دادىسىنىڭ ئۇھ تارتىشىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى.

مىرزابان ھەر كۈندىكىدەك ئۆز ۋاقتى - سائىتىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

دادىسىنىڭ قاتتىق ئۈيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن نازپەرۋەر كارۋىتىدىن ئاستا چۈشۈپ، دادىسىغا چاندۇرماي بىر دەم سەپسالغاندىن كېيىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ غىپىلا ئىشىكتىن چىقىۋالدى. بۇگۈن ئۇنىڭدا تونۇگۈنكى جاسارەت يوق ئىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ خۇددى دادىسى ھازىرلا: «ناز، نەگە بارىسەن؟» دەپ چاقىرىپ قالىدىغاندەك، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى.

بۇگۈن تونۇگۈنكىگە قارىغاندا تېخىمۇ سوغۇق، تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. كۆز باغلانغاندىن تارتىپ شارقىراپ ياغقان يامغۇر ھازىرمۇ توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغاچقا، قولنى سۇنسا كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدى. زاراتكاھلىق بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك سۈرلۈك تۇس ئالغانىدى. يۈرىكى چوڭلۇقتا باشقىلارنى بىسىپ چۈشىدىغان نازپەرۋەر بۇلارغا پەرۋا قىلمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ ھېلىقى «ئۆلۈك»نى تىرىلدۈرۈۋالايدىغانلا بولسا، ھەرقانداق يەرگە بېرىشتىن قورقمايتتى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە زاراتكاھلىقنىڭ يەنە بىر چېتىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ كېتىۋېتىپ خۇددى بۇغىنىڭ بالىسىدەك ئەتراپتىكى شەپىگە ھوشيارلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى.

تونۇگۈن ئۇ كۆڭلىدىكى چىگىشنى يېشىش ئۈچۈن، ئابرۇيى تۆكۈلۈش خەۋپىگە قارىماي، مۇشۇ يولنى بېسىپ، بەكمۇ ئېھتىياتچان مىكائىلنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ھەددى ــ ھېسابسىز يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن مەسخىرىسىگە چىداپ، «ئۆلۈك»نى گۆردىن ئاچقۇۋالغانىدى. بۇگۈن ئۇ بىر كۈننى مىنۇت ــ سېكۇنتنى سانىغاندەك ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزدى. مانا ھازىر ئۇ يەنە شۇنداق خەۋپكە قارىماي، ماڭماق تېخىمۇ تەس بولغان يوللارنى بېسىپ، مىكائىلنىڭ قېشىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئاخىر مىكائىل تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئاستا شاراقلىتىپ، تاقەتسىزلىك

بىلەن ئىشىك يوچۇقىدىن ئىچكىرىگە قارىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئۈستەل يېنىدا جىنچىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۈستەلگە يۆلىنىپ ئەسنەپ ئولتۇرغان مىكائىلدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. مىكائىل ئىشىكنىڭ شاراقلىغانلىقىنى ئاڭلاپلا بېرىپ ئاچتى، نازپەرۋەر غىپپلا قىلىپ ئۆيگە كىردى.

نازپەرۋەر تاقەتسىزلىك بىلەن قولچىرىغىنى يورۇتۇپ، كارىۋاتتا ياتقان «جەسەت»كە قارىغىنىدا چىرقىراپ تاشلاشقا قىل قالدى. كارىۋاتتا «جەسەت» ئەمەس، قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقان چىرايلىق بىر قىز ياتاتتى. قىز ناھايىتى تەكشى نەپەس ئېلىۋاتاتتى، چىرايىدىن ئۆلۈككە خاس ئالامەتلەر ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. بىراق، نازپەرۋەر كۆڭلىدىكى شادلىقىنى مىكائىلغا ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلۇپلا ھەيران قالدى. خۇددى چالا ئۆلۈك ياتقان قىزنىڭ چىرايىدىكى ئۆلۈم ئالامەتلىرى مىكائىلغا كۆچكەندەك، ئۇنىڭ چىرايى ئىنتايىن سەتلىشىپ كەتكەنىدى. نازپەرۋەر بۇ ھالنى كۆرۈپ باشتا ھەيران بولدى. كېيىن، ئېھتىمال بۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىدىن بولغاندۇ. ئاخشام كېچىچە ئۇخلىماي، كۈندۈزى كەچكىچە ئىشلەپ، ماناـ ئەمدى ياتىدىغان يەر يوق، ئۈستەلگە يۆلىنىپ مۈگدەۋاتقاچقا، تەرى سەتلەشمەي قالامدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز مىكائىلغا ئىچ ئاغرىتتى.

— بەك چارچاپ كېتىپسىز، — دېدى ئۇ، — ئەمما، مەن ئاۋۋال سىزدىن شۇنى ئۇقماقچى، بۇياقىنىڭ تونۇگۇندىن بۇيانقى ئەھۋالى قانداقراق، ئېيتىڭچۇ!

— ئەھۋالىنى دەمسىز، ناھايىتى ياخشى! — دېدى مىكائىل چىشى قېرىشىۋاتقاندەك ئاھاڭدا.

— نېمە بولدى؟ ئەجەب خاپىغۇ سىز؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر.

تونۇگۇن كېچە ئىككىسى بۇ «ئۆلۈك»نى گۆردىن ئاچىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ تىنىقى ئەسلىگە كەلگۈچە بولغان

ئارىلىقتا، مىكائىل گويا بىر شوخ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ بىردەممۇ توختىمىغانىدى. مانا ئەمدى گويا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قاپتۇ.

— بۇ مېنى ئازابلاپ ئۆزرىدىنىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولدى! — دەپ جاۋاب بەردى مىكائىل ئىچى ئەلەمگە تولغان ھالدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نازپەرۋەر دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئۇنداق گەپنى قويۇڭ، مىكائىل، تارتقان جاپايىڭىز بىكارغا كەتمەپتۇغۇ ئەنە! مانا، ئۆلۈككە جان كىرىپ قاپتۇ، ئۇزاققا قالماي ھوشىغا كېلىدۇ.

مىكائىل بىرنېمە دەي دەپ تۇرغاندا، نازپەرۋەر چاقچاق قىلىپ:

— پات ئارىدا مۇشۇ مۆجىزە كەبى ئۇلۇغ خىزمىتىڭىز بىلەن داڭقىڭىز چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيۋاتامسىز؟ — دېدى.

— داڭقىم چىقارمىش؟ راست دەيسىز، داڭ چىقىرىشنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى رەسۋاچىلىق! — دېدى مىكائىل تەنە قىلىپ.

— رەسۋاچىلىق؟ ئۇنداقمۇ بولامدىغان؟ شۆھرەتلىك نامىڭىز چىقىدۇ. كىشىلەر ئۈلگىلىك ئىشىڭىزنى ئالتۇن بىلەن تاختايغا پۈتۈپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكىگە ئاسسا، بۇ شۆھرەتلىك نام بولامدۇ ياكى رەسۋاچىلىق بولامدۇ؟ — مىكائىل لام - جىم دېمىدى، نازپەرۋەر داۋاملىق چاقچاق قىلدى، — سىز بىر كاتولىك مۇخلىسىنى تىرىلدۈردىڭىز، كىشىلەر سىزنى زامانىمىزدىكى مەسىھا[①] دەپ ماختايدۇ. كىشىلەر سىزنى «بۇ مەسىھاغا ئوخشاش ئۆلگەننى تىرىلدۈرىدىغان ھېكمەتلىك يىگىت، قالتىس ئوبدان يىگىت، يارايدۇ!» دېمەي قالمايدۇ.

نازپەرۋەر ئەنە شۇنداق چاقچاق قىلىپ ئوينىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مىكائىل تېخىچىلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،

---

① مەسىھا — «قۇرئان»دا ئىيسانىڭ سۈپىتى، ئۇ «قۇتقۇلدۇرغۇچى ئىگەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «ئەۋلىيا ھېكىم» دېگەن مەنىسىمۇ بار.

ناھايىتى تولۇق ۋە روھسىز كەيپىياتتا:

— ھەممە پالاكەت ئەنە شۇ «ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش»تە! ئۇ تىرىلگىنى بىلەن، مېنى پالاكەت باسىدۇ - دە! — دېدى.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر بۇنى توغرا تاپماي كۈلۈپ، — سىز ئۇنى تىرىلدۈرۈپ قويسىڭىز، ئۇ سىزگە يامانلىق كەلتۈرەمتى؟

— ئۇنداققۇ قىلمايدۇ، — دېدى مىكائىل ۋە تۈنۈگۈن ئاخشامدىن ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئويلىغان قورقۇنچلۇق خىياللىرىنى نازپەرۋەرگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— ھەي! — دېدى نازپەرۋەر تەمكىنلىك بىلەن، — تېرىقتەك ئىشنى تۆگىدەك قىلىۋېتىپسىز. بۇ ئىش گۇناھ ئاتىلىدىغان بولسا، ھەر ئىككىمىزلا گۇناھكار بولغان بولىمىز. جازا كەلسە سىزگىلا كەلمەيدۇ، باشتا مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن!

— ھىم، بۇ ئۆزىڭىزنىڭلا خىيالى، ناز، ئىككىمىزنىڭ تەڭ گۇناھ قىلغانلىقىمىزغا بىر ئاللادىن ئۆزگىچە ھېچ كىشى گۇۋاھ بولالمايدۇ! دەرۋەقە، ماۋۇ چالا ئۆلۈك قىزمۇ بىلىدۇ. شۇنى ئېيتايكى، پېقىر مىكائىل جان كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، جېنىنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتچىسىنىڭ قىزىنى بۇ ئىشقا چاتمايدۇ!

— ۋاقتى كەلگەندە گۇۋاھچى كەتمەيدۇ. سىزگە نېمە جازا كەلسە، مەنمۇ شۇ جازانى تارتاي، بولامدۇ؟ شۇنداق قىلمىسام ھېساب ئەمەس، ئەمدىغۇ ماقۇل دەرسىز؟ مېنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان ئادىتىم يوق. مەن ئۇنداق ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقىلارنى بالاغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس، خاتىرىڭىز جەم بولسۇن!

— سىز گۇۋاھلىق قىلغان بىلەنمۇ كىم ئىشىنىدۇ؟ سىز ئەزەلدىن گۆر ئاچىدىغان ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەن، دەپنە ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ باقمىغان قىز - دە، سىز قانچىكى گۇۋاھلىق قىلسىڭىز، خەق سىزنى شۇنچە ئەتەي يالغاننى توقۇپ،

مېنى قانتى ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ دەپ بىلىدۇ.

— خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن نېمە كارىڭىز؟ داداممۇ سىزنى چۈشەنمىگۈدەك ھاماقەتلەردىن ئەمەسقۇ، سىز يەنە: «جازاغا تارتىلسام، ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىغا دەخلى يېتىدۇ» دېگەن ئەندىشىدە بولۇۋېتىپسىز، بۇمۇ بىھۇدە ئەندىشە.

نازپەرۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، مىكائىلىنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى. بىراق، كۆڭلى يەنىلا غەمدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

— بىھۇدە ئەندىشىمىش! بۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز. ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز بەربىر مىرزابان تاغامنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق! ئۇ ئىشەنمەيدىغانلا بولسا، ئاچچىقىدا نىكاھ ئەھدىنى بىكار قىلىشتىن يانمايدۇ!

— دادام لەۋزىدە تۇرىدىغان ئادەم. ئۇ كۆزى يەتمىگەن ئىشقا بەل باغلىمايدۇ. بەل باغلىغان ئىشنى ئورۇندىماي قالمايدۇ. ئۇ كىشىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ، قىلغان ۋەدىسىدىن تاغ تەۋرىمىگەندەك تەۋرىمەيدۇ.

— بىراق، ناز، ئۇياق ئىككىمىزنىڭ توي ئىشىغا بۇ بالا - قازا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ماقۇل بولغان - دە! ئۇ چاغدا مەن ئۇياقنىڭ نەزىرىدە پاك ئادەم ئىدىم. مانا ئەمدى گۆر ئېچىپ ئۆلۈكنى ئوغرىلاش جىنايىتىنى سادىر قىلدىم.

— ئادەم قۇتۇلدۇرۇش جىنايەتكە كىرمەيدۇ، گۇناھقىمۇ كىرمەيدۇ. دادام سىز دېگەندەك قاراشقا كېلىپ، ئىككىمىزنىڭ ئىشنى قايتا ئويلانماقچى بولغان تەقدىردىمۇ مەن بار - دە! مەن ھەققىلا بوي ئېگىمەن، ئېزىتقۇدىن قورقمايمەن، كۆڭلى سۇيۇق، ئىرادىسى بوش قىزلارغا ئەسلا ئوخشىمايمەن، دادامنىڭ لەۋزىدە تۇرمايدىغان سەت ئىشنى قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

نازپەرۋەر يۈرەكلىك قىز بولسىمۇ، مىكائىلغا ئۆز كۆڭلىدىكىنى مۇنداق تۆكۈپ باققان ئەمەس. ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەل ئىزا تارتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئىككىسى بىردەم جىم بولۇپ قالدى. مىكائىل

نازپەرۋەرنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ قەسەم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، كۆڭلى بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن، يەنى راستتىنلا دەۋالىشىدىغان ئىش چىقسا قانداق قىلىش كېرەكلىكىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا نازپەرۋەردىن:

— ناز، گەپلىرىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئىككىمىزنىڭ نىكاھ ئىشىدىغۇ تاغامنى قايىل قىلارسىز، بىراق خەقنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىمىز بالا تېرىسا، سىز راستتىنلا ماڭا ياردەم بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى ئۇنىڭ قايتىدىن تۇيۇق خىيال كوچىسىغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نازپەرۋەر زەردە بىلەن، — سىزدە گۇمانخورلۇق كېسىلى شۇنچىلىك ئېغىر ئىكەنكى، چامامدا ئەپلاتون ئەۋلىيا بىلەن ئېزوپ دانىشمەنمۇ ساقايتالمىغۇدەك. ھىم! مۇشۇ گۇمانخورلۇقىڭىز سىزنى ھەر بالاغا قويىدىغاندەك تۇرىدۇ. قاراڭ، دەككە - دۈككىدە سالپىيىپ ئولتۇرۇشلىرىڭىزنى، خەق بۇ ھالىڭىزغا قاراپ، گۇناھ قىلمىغان بولسىڭىزمۇ سىزنى گۇناھكار دەپ بىلىدۇ. نېمىدىن قورقىسىز، سەت ئىش قىلمىغانىكەنسىز، سەتچىلىكتىن قورقماڭ!

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئارتۇقچە خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، جاسارەت، بىلىم - مەلۇمات ۋە ھەققانىي ھېسسىيات جەھەتتە كۆز ئالدىدا تۇرغان يارىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ناز، — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىپ، — ئۇنداق بولسا، ئۆزىمىز بايىقىغان بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى جامائەتكە قاچان ئاشكارىلايمىز؟

— ھازىرچە ئاشكارىلىماي تۇرىمىز. ئۇ ھازىر تېخى ھوشىغا كەلمىگەن بولسىمۇ، ھوشىغا كېلىشىدە گەپ يوقتەك قىلىدۇ. ئۇ

هوشىغا كەلسىلا، ئۇنىڭدىن سۆزسىز ھەممە ئەھۋالنى بىلىمىز، ئىككىمىزنى بىر ەر غەلىتە دەۋاغا سۆرەپ كىرگەن ھالەتتىمۇ، نېمىدىن قورقاتتۇق؟ — دېدى نازپەرۋەر، ئۇ مىكائىلنىڭ نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، گېپىنى ئىزاھلىدى، — ئۇ تىرىلىپ ئۆز ھالىغا كېلىدىغان بولسا، شۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ بۇ پاجىئەنى پەيدا قىلغان ئەسلىي قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ ئەلۋەتتە ئىسپاتلايدۇ. بىز نېمىدىن قورقىمىز؟ ئىش كۆتكىنىمىزنىڭ تەتۈرىچە بولۇپ، ئەزرائىلنىڭ چاڭ سېلىشى بىلەن ئۇ ئاخىرقى نەپىسىنى ئۈزسە، سىز ئويلىغاندەك، باشقىدىن كۆمۈپ قويساقلا بولىدى. ساندۇقمۇ، گۆرمۇ تەييار، ئۇ چاغدا دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ يۈرۈشىڭىزگىمۇ، دادامغا ئېيتىشىڭىزغىمۇ ئورۇن قالمايدۇ.

— شۇنداق بولسىغۇ ئارمان يوقتى! — مىكائىل بۇ سۆزنى پىچىرلاپ دېگەندە، نازپەرۋەر ئاڭلاپ قالدى.

— قويۇڭ، ئۇنداق خىيالىڭىزنى. باشقىلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەش گۇناھ بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق قىلغانلار قاتتىق جازاسىنى تارتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسىز ـ ھە؟ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش، شۇ ۋەجىدىن بۇ ئىش ئالدىمىزغا يولۇقتى.

— شۇنداق، شۇنداق. بىراق، بۇ بىر تەرەپتىن ئاللانىڭ ئەمرى، يەنە بىر تەرەپتىن سىزنىڭ كاجلىقىڭىزدىن بولۇۋاتىدۇ، شۇ ئىككى تەرەپ بىر يەردىن چىققاچقا، ئۇنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن گەپ.

— كۇپۇر سۆزلىمەڭ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىز! بىز ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى. بۇ قىز تىرىك كۆمۈلگەچكە، نەپىسى قىسىلغان، يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالغاچقا جان ئۈزمىگەن. بىز ۋاقتىدا كولاپ ئاچىقىۋالمىغان بولساق، تىنالماي جان ئۈزگەن بولاتتى. ئېيتىڭچۇ، ئۇنىڭ تىرىك قالغانلىقى ئاللانىڭ ھېكمىتى

بولماي نېمە؟

— شۇنداق، بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئاللانىڭ ھېكمىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كىم بار؟ جاھاندىكى ھەممە نەرسە ئاللانىڭ ھېكمىتىنىڭ نامايەندىسى، ھەتتا مىرزابان تاغام سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سالماي، مېنى ... .

— ئەقلىڭىزنى ئىت غاجىلاپ كەتكەنمۇ نېمە؟ شۇنچە چۈشىنىشلىك گەپلەرمۇ قۇلىقىڭىزغا كىرمەيۋاتىدۇ، گەپنى ئۇيان يورغىلىتىپ، بۇيان يورغىلىتىپ، يەنە كونا خامانىنى سورۇۋاتىسىز !

— ھەئە، ھەئە ! مېنىڭ ئەقلىمنى ئىت غاجىلاپ كەتكەن، سىزنىڭ ئەقلىڭىز ساق تۇرغان، ئەمىسە ئەقلىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ماڭا بىر يول كۆرسىتىڭچۇ: مۇبادا بۇ ئۆلۈمتۈك ھوشىغا كەلمەي تۇرۇپ، مىرزابان تاغام ئۆزى بىلىپ قالسا ياكى باشقا بىرىدىن ئاڭلاپ قالسا، شۇنچە چوڭ ئىشنى نېمىشقا مەندىن يوشۇراپ قىلدىڭلار دەپ سوراپ قالسا، بۇ ئۆلۈمتۈك شۇ چاغدىمۇ زۇۋان سۈرەلمەي ياتسا، خوش، ئۇنىڭغا لايىق جاۋاب بېرىشكە قانداق كارامىتىڭىز بار؟ ناز، مەن سىزگە ئېيتايكى، ئىشنى ئىنچىكىرەك ئويلىمىغان بىلەن بولمايدۇ !

مىكائىل قاتتىق تاقەتسىزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نازپەرۋەر ئۆزىنى تولىمۇ تەمكىن تۇتتى. ئۇ بىرقۇر ئويلاپ كۆرۈپ:

— راست ! بۇ بىر چاتاق گەپ ئىكەن مىكائىل ! شۇنداق بولۇپ قالسا، دادامغا نېمە دېگۈلۈك؟ — دېدى.

— تۇنۇگۈن كېچىدىن بېرى شۇ قىيىن مەسىلە مېنى قىيناۋاتىدۇ. سىزگە ئېيتسام ئاغزىڭىزدا شەھەر ئېلىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلاردەك سۆزلەپ، مېنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. قېنى، مەن يارىمىغاندىكەن، ئەمدى ئۆزىڭىز بىرنېمە دەيسىز ـ دە.

— مىكائىل ! مەن قانداقسىگە ئاغزىمدا شەھەر ئالغان

بولسەن؟ مېنىڭ دېگەنلىرىم راست گەپلەرغۇ! ھېلى سىز مەن ئويلاپ باقمىغان بىر مەسىلىنى ئەسكەرتتىڭىز، شۇ ھەقتە قايتىدىن ئەقىل ئىشلىتىپ كۆرسەك بولىدۇغۇ، — دېدى نازپەرۋەر، ئۇ توساتتىن ۋاقىتنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئىتتىكلا، — بولدى، تالىشىۋەرمەيلى، ماۋۇ يەر ئاستىدىن چىققان مېھمانغا قاراپ باقايلى! — دېدى.

ئىككىسى كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. نازپەرۋەر قولچىرىغىنى يورۇتۇپ شۇنداق قاراپلا قىزنىڭ لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى پەملىدى. مىكائىلمۇ چۈش ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەنلىكىنى ھەمدە يورىكىنى توم قىلىپ قىزنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتقانلىقىنى نازپەرۋەرگە ئېيتتى. نازپەرۋەر مىكائىلغا سۇ ئەكەلدۇرۇپ، قىزنىڭ ئېغىزىغا ئىككى قوشۇق تېمىتتى، قىز تېمىتىلغان سۇنى قىينالمايلا يۇتۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن قىزنىڭ چىرايىدا جانلىنىش ئالامەتلىرى روشەن كۆرۈندى. يەنە بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى ـ يۇ، دەرھال يۇمۇۋالدى. نازپەرۋەر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، تومۇرى ئاجىز سوقسىمۇ نەپەس ئېلىشى تەرتىپلىك ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىزنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشقا ئوبدانلا كۆزى يەتكەن نازپەرۋەرنىڭ قەلبىنى شادلىق چۇلغىدى.

— ئىچۈرگۈدەك يەنە بىرنەرسىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر.

مىكائىل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بار، يېرىم شىشە مېۋە شەربىتى بار، — دېدى ۋە شەربەتنى نازپەرۋەرگە ئەكېلىپ بەردى.

نازپەرۋەر قولچىرىغىنى مىكائىلغا ياندۇرۇپ تۇرۇشقا بېرىپ، ئۆزى قىزغا قوشۇق بىلەن شەربەت ئىچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ تازا ئىچۈرۈۋاتقاندا، قولچىرىغى قىمىرلاپ كەتكەچكە، نازپەرۋەرنىڭ

قولىمۇ جايىدىن قوزغىلىپ كېتىپ، ئىككى ـ ئۈچ قوشۇق شەربەت قىزنىڭ ئېغىزىغا چۈشمەي ياقىسىنىڭ ئىچىگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ چىراغنى ئۇدۇل تۇتۇڭچۇ! قىمىرلىتىپ، قىزنىڭ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتتىڭىز، كۆڭ شۆنچە سوغۇق تۇرسا ... — دېدى نازپەرۋەر مىكائىلغا كايىپ. مىكائىل قولچىرىغىنى يېقىن تۇغرىلاپ:

— گۇناھنى ئارتىمەن دېسە، گەپ دېگەن تېپىلىۋېرىدىكەن ـ دە، ئۆزىڭىز قاملاشتۇرالماي، خەقتىن كۆرۈۋاتقىنىڭىز قىزىق! — دېدى كۇلۇپ.

نازپەرۋەر قوشۇقنى قويۇپ، بېشىدىن ياغلىقنى ئالغاندىن كېيىن قاتلىدى ۋە:

— ھى! سىز ئۆزىڭىزنى ئاقلاشقا بەك ئۇستا جۇمۇ! بولدى، چىراغنى تۇز تۇتۇڭ! ئۇنى سەل كۆتۈرۈپ، ياغلىقنى بويىنىغا قىستۇرۇپ قوياي، — دېدى.

نازپەرۋەر بىر قولىنى قىزنىڭ بويىنىغا سىلىپ، يەنە بىر قولىنى ئۇنىڭ بېلىگە سۇنغان چېغىدا، قولچىراغنىڭ شولىسى قىزنىڭ مىكائىل تەرەپتىكى قولىنىڭ دۈمبىسىنى ناھايىتى ئېنىق يورۇتتى. بۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالغان مىكائىلنىڭ قولىدىكى قولچىراغ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۆزىمۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. نازپەرۋەر قىزدىن قولىنى ئېتىك تارتىپ، مىكائىلنى يۆلىۋالدى ۋە:

— مىكائىل نېمە بولدى، سىزگە؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ، — ھېلىلا بىر ئوبدان تۇراتتىڭىز، ئەجەب ئەمدى ... تېز ئېيتىڭچۇ، نېمە بولدىڭىز؟

نازپەرۋەر مىكائىلنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. مىكائىل ئېسىنى يىغىپ، شاقلا ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلىغان پېتى كارىۋاتتا تېخىچە ھوشسىز ياتقان قىزغا ئېتىلدى ۋە:

— شاھبانۇ، سىز ئىكەنسىزغۇ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئاندىن ئۇ بېشىنى قۇچاقلاپ، تامغا يۆلەنگىنىچە ياغاچتەك قېتىپ قالدى. ھەيران بولغان نازپەرۋەرنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى ـ دە، مىكائىلغا قاراپ:

— نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتىدىغاندۇ بۇ؟ شاھبانۇ دېگەن كىم؟ — دېدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مۇشۇ شەھەردىكى ئايرودرومدىن ئۇچقان بىر ئايروپىلان ئۇزاق ئۆتمەيلا ناھايىتى تېز قايتىپ كەلدى. ئايروپىلان يەرگە قونۇپ بولغۇچە قۇيرۇقىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىپ، ئايرودرومغا قونۇشى بىلەنلا كۆيۈپ، ئۇلۇغ بىر پارچە ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى. قۇتقۇزۇش خادىملىرى بار كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى، ئوتتىن قۇتقۇزۇلغان يولۇچىلارنى ماھىنۇر ئىشلەيدىغان چېركاۋ دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دوختۇرخانىغا بېرىش بىلەنلا جان ئۈزدى. ئەتىسى، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى تونۇپ ئەكېتىش ئۈچۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ياكى تۇغقان ـ دوستلىرى دوختۇرخانىغا كېلىشتى، تېز قۇتقۇزۇش ئارقىسىدا ئامان قالغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن دوختۇرخانىغا يوقلاپ ۋە ھال سوراپ كېلىشتى، بەختىگە يارىشا ئامان قالغانلاردىن شەمشاد ئىسىملىك بىرىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىغا بىرنەچچە كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ھېچكىم يوقلاپ كەلمىدى.

كۆيۈك دەستىدىن شەمشادنىڭ چىرايى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، بېشىدىن ـ ئايىغىچە قاپقارا كۆيۈپ جاراھەتلەنگەن، ئۆزى قورۇلۇپ ئىككى پۈكلىنىپ قالغان، قىسقىسى ئۇ ھۆ قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆيۈپ، ئىسلىنىپ كەتكەن يوغان بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئەزرائىلنىڭ جان ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

دوختۇرخانا خادىملىرى ئۇنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىغا،

يوقلايدىغان ئادىمى يوق، ئىچىنىشلىق ئەھۋالدا قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدى.
گرىس ۋە فەريال ئىسمىلىك ئىككى سىېسترا شەمشاد ياتقان كېسەلخانىدىن چىقىپ، پاراڭلاشقاچ ماڭدى:
— فەريال، ئايروپىلان ۋەقەسى زادى نېمە سەۋەبتىن بوپتۇ؟
— قىزىق گەپ بولدى ـ دە! ۋەقە چىققىلى شۇنچە كۈنلەر بولدى، تېخىچە بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ نەچچە كۈندىن بېرى ئايروپىلانغا ئوت كېتىش ۋەقەسى ھەققىدە گېزىتلەرگە نۇرغۇن خەۋەر بېسىلدىغۇ!
— ھە، مېنىڭ گېزىت ئوقۇمايدىغان مىجەزىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ كۈنلەردە رۇخسەت سورىغانمەن. ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىڭە.
فەريال ئايروپىلاننىڭ قانداق ئۇچقانلىقى، چاتاق چىققاندىن كېيىن يەنە قانداق قىلىپ كەينىگە قايتقانلىقى، قانداق ئوت كەتكەنلىكى، ئايرودۇرۇمغا چۈشۈپ قانداق ۋەيران بولغانلىقى ۋە خەتەرگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى.
— بۇ تازا كېلىشمەسلىك بوپتۇ، — دېدى گرىس، — بىراق، فەريال، ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كەم دېگەندە بىرەر سائەتچە ۋاقىت كېرەك، شۇنىڭغىچە يولۇچىلار كۆيۈپ تۈگىمەمدۇ؟
— شۇنى دەڭە! بۇ ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى ئەمەس، ئايروپىلانغا ئوت كەتكەن گەپ. ھېلىمۇ ياخشى تېز قۇتۇلدۇرۇش ۋاقتىدا بولغان، بولمىسا، بىرەر سائەت ئەمەس، بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ھەممە يولۇچى بىراقلا تۈگەشكەن بولاتتىكەن. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەن، بەزىلىرى ئۆلۈمدىن ساق قېلىپ جاراھەتلەنگەن. مانا بۇ ئاللانىڭ ھېكمىتى. مۇبادا ئايروپىلان ئايرودۇرۇمغا قايتماي، ھاۋادا ئوت ئېلىپ كەتكەن بولسا، پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولار ئىكەن.
— بۇ گەپچە، شەمشادنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلاپ قالغان دەڭچۇ؟

— ھەم، ئۇنى تولىمۇ پالاكەت باسقان دەڭە ! ئۇ دوختۇرخانىغا كەلتۈرۈلگەن چېغىدا پۈتۈن ئەزايى كۆيۈكتە جاراھەتلىنىپ، پۈتۈنلەي ھوشىنى يوقاتقان. ئۇنىڭ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنكى قىينىلىپ تىپچەكلەشلىرىنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېسەلخانىنى بىر ئالدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈشكە، نالىسىنى ئاڭلاشقا ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. بىز ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى ئۇزمەي تازىلاپ دورا يەڭگۈشلەپ تۇردۇق، — دېدى فەريال بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپ.

— ئۇ شۇنچە قىينالغان بولسا، ئادەتتىكى دورىلار ئاغرىقنى توختىتالمىغۇدەك، ئەجەب ئۇنىڭغا ئەڭ ئۈنۈملۈك تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلماپتۇغۇ ! — دېدى گىرىس.

— بەلكى ئۇ ئوكۇلنى ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرىدۇ دەپ بىلگەندۇ ! مەيلى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئاغرىقلار بولسۇن ۋە مەيلى شەمشادقا ئوخشاش ئاغرىقلار بولسۇن، جان ئۈزمىگەنلا بولسا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش دوختۇرنىڭ بۇرچى. ئۇلارنى بىردەملىككە ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، ھاياتىغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ.

— بۇ شەمشادنىڭ ھالىغا ۋاي ! دورا يەڭگۈشلىگەندە، بەدىنىگە قول تېگەر ـ تەگمەيلا ئەتلىرى سويۇلۇپ چۈشەرمىكىن دەپ ئادەم قورقىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى گىرىس قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ.

— شۇنى دەڭە ! ئۇنىڭ بىرەر ساق يېرى قالماپتۇ. پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ، تېشى قاپقارا قېتىشىپ، ئىچى لۆمشىپ تۇرىدۇ ! بىراق، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى جايىدا، مېڭىسىمۇ زەخىم يېمىگەن. سەۋەبى، كۆيگەن يېرىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولسىمۇ، كۆيۈش دەرىجىسى ئېغىر بولمىغان. مەن ئۇنىڭدىن ئالاھىدە خەۋەر ئېلىۋاتىمەن. ھەي ! گىرىس، سىزدىن گەپ يوشۇرمايمەن، بۇنىڭ دورىسىنى ھەربىر يەڭگۈشلىگىنىمدە،

ئاغرىتىۋەتمىسەم بولاتتىغۇ دەپ قوللىرىم دىر ـ دىر تىترەپ كېتىدۇ. شەلۋەرەپ كەتكەن گۆشلىرىنىڭ سېسىقىدا بېشىم ئايلىنىپ كېتىدۇ. خۇدا، ئۇنى يەنە ئازابقا قويماي ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !

— شۇنى دەڭە ! بايا سىز بىلەن كىرگەن چېغىمدا، سېسىق پۇراقتا چىدىمايلا قالدىم.

شەمشادنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. يېقىنقى بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئەھۋالى يېڭى كەلگەن چاغدىكىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ قالدى. بەلكىم ئۇ كۆيۈك ئازابىغا كۆنۈپ قالدى بولغاي، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بولدى. ئەمما، كۆيۈك جاراھىتى ھېچ ساقىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىدىن زەرداب سۇ ۋە قان ئېقىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى: «شۇنچە ئۆلۈم تىلىسەم، جېنىم چىقمايۋاتىدۇ، بەلكى ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ چوڭراق ئازاب بار ئوخشايدۇ. دېمىسىمۇ، مەن ئۆز گۇناھىم ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق جازاغا تارتىلىشىم كېرەك !» دەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ قانداقتۇر چوڭ بىر گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك، ئۆزىدىن ئۆزى نەپرەتلىنەتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

بۇنىڭدىن خېلى چاغلار ئىلگىرى، ئۆيدىكىلەر يۇسۇپنىڭ توي ئىشى ئۇستىدە پاراڭلىشىۋاتقاندا، جابىرمۇ گەپكە ئارىلىشىپ، بەزى قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ، جەمشىدنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندى. جەمشىد شۇ يەردىلا جابىرنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى سۆزلەتمەي قويغاچقا، جابىر بەك خاپا بولۇپ، ئىچىدە «خەپ» دەپ يۈرەتتى. ئادەتتىمۇ جابىرنىڭ قىلىقى سەت، گەپ ـ سۆزلىرى بىمەنە بولغاچقا، جەمشىد ئۇنى يامان كۆرەتتى. ئاشۇ كۈنكى تاكاللىشىشتىن كېيىن جەمشىدنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. جابىر شۇ كۈندىن باشلاپ تاغىسىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك، ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قانداق قىلىپ جەمشىدنى ئورنىغا ئىتتىرىشنىڭ كويىدا ئىدى.

تۇرمۇشتا شاللاق جابىر ئاللىقاچان قاراقچى ـ لۈكچەكلەر بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى چۈشكۈنلىشىش بىلەنلا قالماي، سەنەۋەرنىڭ ئوغلى گۆھەرنىمۇ يولدىن چىقارغانىدى. گۆھەر ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى چېچەن ئىدى. جابىر گۆھەرنى شېرىكلىشىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزىگە قول ـ قانات بولۇشقا نەچچە قېتىم تارتتى. گۆھەر ھازىرچە كىچىك ۋە يۈرەكسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىر بىر كۈنى جابىرنىمۇ، جابىرنىڭ شېرىكلىرىنىمۇ بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى جابىر بايقىغانىدى.

جابىرنىڭ كاللىسىدا جەمشىدنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى

پىلانى ھاسىل بولدى. بىر كۈنى ئۇ مۇشۇ قاتىللىق سۇيىقەستىگە قاتناشتۇرۇشنى ئويلاپ گۆھەرنى ئىزدىدى. جابىر شۇنىڭغىچە بىر ئامال قىلىپ گۆھەرنى ئۆزىگە مەھكەم چىتىش، ئۆزىگە ئىرادىسىدىن ھەرگىز تايماي ئەگىشىدىغان قىلىش ئۈستىدە ئۇزاق باش قاتۇردى ۋە ئاخىر بىر يەرگە توختىدى. ئۇ چوڭ كوچىدا لاغايلاپ كېلىۋاتقان گۆھەرنى چاقىرىۋېلىپ:

— ۋاي - ۋۇي، گۆھەر، ئەتىگەندىن بېرى سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، نەلەردە يۈردۈڭ؟ — دېدى.

— نەدە يۈرەتتىم، ئۆيدە بولىمەن، ئۆيدە بولمىسام سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بارىمەن! ئۇنىڭدىن باشقا نەگە بېرىشىم مۇمكىن؟ ئاخۇنۇمنىڭ بارار يېرى مەسچىت دەپتىكەن! جاھان شۇنچە كەڭ، ئەمما مېنىڭ بارار يېرىم ئاز.

— سەن راستىنىلا بەك بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭ. سەن جەمشىدنىڭ ئوغلى بولساڭمۇ، لېكىن دادىسى يوق سەرگەردان بالا بولۇپ قالغانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟ خەق كەينىڭدىن سۆز - چۆچەك قىلىۋاتىدۇ، مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. ھەي، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلار - دە!

جابىرنىڭ گەپلىرى گۆھەرنىڭ يېغىرىغا تەگدى. ئۇ نومۇس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئەگەر مۇنداق گەپلەرنى يۇزىدىن - يۈزىگە باشقا بىرى ئېيتقان بولسا، ئۇ مۇشتلاپ جېنىنى ئالغان بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقان كىشى ئۆزى ھەممىدىن بەك ئىشىنىدىغان جابىر ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى قاتتىق باستى.

— تېگى پەسلىك پېشانىمىزگە پۈتۈلۈپتىكەن، ئۆمۈرۋايەت سەرگەردان بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. قاچانمۇ باشقىلار بىلەن ئوخشاش بولالارمىزكىنتاڭ! — دېدى ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ.

— ئەڭ يامىنى، خەق سىلەرنى ئادەتتىكى ئەمەس، ھەممىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان پەسلەر دەپ قاراۋاتىدۇ! سىلەر جەمشىدنىڭ

خەير ـ ساخاۋەتچى بىلەن كۆن كەچۈرۈۋاتسىلەر، ئۇ ئۆلسە سىلەرگە كىم قارايدۇ؟ — جابىر چىرايىدىن غەزەپ يېغىۋاتقان گۆھەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاپاڭنىڭ جەمشىد بىلەن ئالغان توي خېتى يوق، سىڭلىڭمۇ ئۇنى ئۆز دادام دەيدىغانغا ئىسپاتىڭ بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۆي ـ بىساتىغا ۋارىسلىق قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بولسۇن؟ مانا ھازىر يۇسۇپمۇ سىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ھەدەڭ ماھىنۇر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولغاچقا، سىلەردە ئاز ـ تولا ئۇمىد تۇغۇلغانىدى، مانا ئەمدى ھەدەڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىپ، ئۇ ئۇمىدمۇ يوقىلىپ چىقتى، ئىستىقباللىرىڭلارنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. خۇددى قاينامغا كىرىپ قالغان قېيىقتەك، غەرق بولۇشتىن ئۆزگە يول قالمىدى. ئاندىن يەنە ...

— بولدى، گېپىڭىزنى توختىتىڭ !

گۆھەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ھەدىسىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن تۇغۇلغان يېڭى شەرمەندىلىك نەچچە كۈنلەردىن بېرى خۇددى ئالۋاستىنىڭ قارىسىدەك ئۇنىڭدىن خېلى يىراقلاپ قالغانىدى، جابىرنىڭ گەپلىرى بىلەن ئۇ ئالۋاستى قايتا كېلىپ ياماشقاندەك بولدى. گۆھەر باشقىدىن ئىنتايىن ئېغىر روھىي ئازاب ئىچىدە قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئائىلىسىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە جابىرنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، زادىلا سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدى.

— بۇ گەپلەرنىڭ ساڭا ياقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. بىراق، ئېيتىپ باقە، دېگەنلىرىمنىڭ قايسىسى راست ئەمەس؟ بۇ گەپلەرنى ساڭا مەندىن باشقا كىممۇ ئوچۇق ئېيتالايدۇ؟ ئۆزۈڭچە مېنى بۇ گەپلەرنى دەپ ئىچىدە ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالما، ئۇنداق ئويلىساڭ، خاتالاشقان بولىسەن، مەن سەندىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىۋاتىمەن ! — جابىرنىڭ گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە، قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۆزىنى گويا يىغا تۇتۇۋاتقان قىياپەتتە كۆرسەتتى. ئۇ گۆھەرگە

لەپپىدە قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — باياتىن دېگەنلىرىم سىلەرنىڭ جەمشىد ئۆلگەندىن كېيىن بېشىڭلارغا كېلىدىغان ئەھۋال ئۈستىدىكىلا گەپ. ھازىرغۇ ئۇ ھايات، يەيمەن دېسەڭلار تامىقىڭلار، خەجلەيمەن دېسەڭلار پۇلۇڭلار بار، بىراق ئويلاپ باققىنا، ئۇنى كۆرگەنلەر ياكى ئىسمىنى تىلغا ئالغانلاردىن كىممۇ سېنى، ئاپاڭنى، ئىككى ھەدەڭنى ئۇنىڭغا چاتمايدۇ؟ سىلەر نومۇستىن قاچان قۇتۇلىسىلەر؟ ...

جابىر «گال پىچاق»نى گۆھەرنىڭ يۈرىكىگە سانجىۋەردى. گۆھەرگە يۈرىكىدىن قان تېمىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا نەزەر سېلىشتىن قورقاتتى، چۈنكى ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق شەرمەندىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتاتتى؛ ئۇ كەلگۈسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن تېخىمۇ قورقاتتى. چۈنكى، ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كوچىلاردا قاتراپ يۈرگەن لالما ئىتلارغا ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ يىغلىغۇسى، ۋارقىرىغۇسى كەلدى، ئەمما يا يىغلىيالماي، يا ۋارقىرىيالماي قالدى، ئۇ بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن:

— بۇنداق ياشىغۇچە تېزرەك ئۆلۈپ كەتسەك بولمامدۇ ـ ھە! — دەپ ئىچىنىشلىق ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

گۆھەرگە ئىچىنىۋاتقان ۋە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان جابىر ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى:

— يىغا ـ زار قىلغاندىن نېمە چىقىدۇ؟ كىم ساڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ ئۆزۈڭنى ئوغۇل بالىدەك تۇت! قارا، ئۆزۈڭ ياپياشلا تۇرىسەن، بۇ يەپ ـ ئىچىپ، تازا ئوينىلىپ كۈلىدىغان ۋاقتىڭ ئىدى، بىراق ئەتىدىن ـ كەچكىچە نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەي، غەم ـ قايغۇ ۋە يىغا ـ زار ئىچىدە ياشاۋاتىسەن! سەن ئۆيۈڭلەردە بىردىنبىر ئوغۇل، ئالدىڭدا تۇرغان ئۇزاق ھايات يولىغا ئەمدىلا

قەدەم قويدۇڭ، ھاياتىڭ ئۇ قىرغىقى سەندىن تېخى ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپتۇ! كەلگۈسى ئىستىقبالىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئازراقمۇ يوروق يول تاپالمايۋاتقانىكەنسەن، ئۇ يولغا مېڭمۇپ نېمە قىلىسەن؟ نېمىشقا باشقا بىر يول تاپمايسەن؟

گۆھەر قانداقلا بولمىسۇن جابىردىن بىرقانچە ياش كىچىك، تېخى ئون سەككىز گە توشمىغان بالا بولغانلىقى، يەنە كېلىپ شۇ تاپتا ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقى ئۇچۇن، جابىرنىڭ ئەسلىي غەرىزىنى قىلچە سەزمەي: «ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ، ئۆزۈمنىڭ، ئائىلەمنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەھۋالىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ بىلدى. شۇڭا، ئۇ جابىر كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىن نومۇستىن قانداق قىلىپ خالاس قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. بىراق ئۇيان ئويلىنىپمۇ، بۇيان ئويلىنىپمۇ ماڭغۇدەك بىرەر يول تاپالمىدى.

جابىر: «گۆھەرنىڭ ئۈستىگە ‹ئۇل› سېلىپ بولدۇم، ئەمدى شۇ ‹ئۇل› ئۈستىگە ‹تام قوپۇرسام› بولىدۇ» دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ گۆھەرگە غالجىرلاشتۇرىدىغان زەھەر ئىچۈرۈۋەتتى، ئەمدى گۆھەرنىڭ غالجىرلىقى تۇتسىلا ھەممە ئىش جايىدا بولاتتى.

— يوروق ئىستىقبالغا باشلاپ بارىدىغان يول يوق ئەمەس! — دېدى جابىر ھودۇقماي.

— قانداق يول؟ — دەپ سورىدى گۆھەر تەقەززالىق بىلەن.

— جەمشىدنى ئۇجۇقتۇرۇش! — دېدى جابىر گۆھەرگە قاراپ قويۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكەن گۆھەر:

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز ھوي، جابىر ئاكا! — دېدى پەس ئاۋازدا، — جەمشىدنى ئۇجۇقتۇرۇشنى قانداقمۇ كۆڭلۈم كۆتۈرىدۇ؟

— گۆھەر، گېپىمنى توغرا چۈشىنىپسەن! مەن سېنى جەمشىدنى ئۇجۇقتۇرۇۋەت دەۋاتىمەن! — جابىر «مۇشۇ ھالقىلىق

پەيتتە بەلنى قويۇۋەتمەي چىڭ گەپ قىلىش كېرەك، بوشاڭلىق قىلىش ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن ھېسسىياتقا كەلگەنىدى، — نېمانچە ئالاقزادە بولۇپ كېتىسەن؟ — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن تۇرغان يەردە نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ بۇ ئىشنى خالايدىغانلا بولساڭ، سېنى جەمشىدنىڭ بەگزادىسىگە ئايلاندۇرۇپ، مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىمەن. پو ئېتىشۋاتقىنىم يوق، بۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانچە تەس ئىش ئەمەس. بىزنىڭ كۈچىمىزنى بىلەمسەن؟ بىز قىلغان ئىشلارنى نەچچە قېتىم كۆردۈڭغۇ. بىز قىلالمايدىغان نېمە ئىش بولسۇن؟ كۈچلۈكتىن ۋە ھوقۇقى باردىن جەمشىدمۇ قورقىدۇ، ئەمما بىز قورقمايمىز!

جابىرنىڭ ئۆز تاغىسىغا مۇنچىۋالا ئۈچىمەنلىكى، ھەتتا ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقانلىقى گۆھەرنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغانىدى. بۇرۇن گۆھەر جابىر بىلەن ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ جەمشىدكە يۈز - خاتىر قىلماسلىق توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا «بەلكى ئۆزلىرىنى تونۇتۇپ قويماقچى بولۇۋاتسا كېرەك» دەپلا ئويلىغان. ئەمدى بىلدىكى، ئۇلار ھازىر راستتىنلا ۋەھشىيلىك قىلىش يولىغا چۈشۈپتۇ.

گۆھەر ئەمدى باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ ياق دەيدىغان بولسام، ئۆزۈمنىڭ جېنىممۇ ئامان قالمىغۇدەك دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ «جابىر دېگەن ئادەملەر ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ‹ياق› دەيدىغانلا بولسام، چاۋىسىنىڭ چىتقا يېيىلىشىدىن قورقۇپ، شېرىكلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، ئەتە تاڭ ئاتارغا قالدۇرمايلا مېنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ» دېگەننى ئويلاۋاتاتتى. شۇ ئويغا كەلگەندىن كېيىن چېچەن گۆھەر دەررۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ:

— ماقۇل، جابىر ئاكا، دېگىنىڭىزنى قىلاي! قېنى ئېيتىڭا، قانداق ئۇجۇقتۇرىمەن؟ — دېدى.

گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن جابىر گۆھەرنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ:

— ھەببەللى ! مانا ئەمدى يارايسەن. قانداق ئۇجۇقتۇرۇش يولىنى كېيىن دەپ بېرىمەن، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى ئىنىس ـ جىنغا تىنىمىساڭ بولىدۇ، تىنىدىغان بولساڭ زىيىنىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، سېنى يەنە قورقۇتۇپ ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ ئورنى يوق، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى گۆھەر بېشىنى لىڭشىتىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى بىرھازا كۈلۈشۈپ، بەزى سەت گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ئاچقاندىن كېيىن خوشلاشتى.

گۆھەر ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، جابىرنىڭ گەپلىرىنى ئويلىغانسېرى قورقۇپ كەتتى. ئۆز ئائىلىسى جەمشىدنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان بولسىمۇ، لېكىن گۆھەر بۇنداق چوڭ قاتىللىققا قاتنىشىشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ جابىرنىڭ سۇيىقەستىنى ئاپىسى سەنەۋەرگە ئېيتىپ قويدى.

سەنەۋەر بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ۋە دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ جەمشىدكە ئېيتىپ قويۇشنى ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن بىر يەرگە توختىيالماي قاتتىق ئارسالدى بولدى. ئۇ ھەم بۇ ئىشنى جەمشىدكە ئېيتىپ قويالايدىغان، ھەم ئۆز ئوغلىنى چېتىلىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان بىرەر مۇكەممەل چارە تاپالماي قىينىلىۋاتاتتى. ئۇنداق بولمىغىنىدا، جەمشىد بۇ گەپنى سەنەۋەرنىڭ گۆھەردىن ئاڭلىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن: «باققان بالاڭ بۇزۇلۇپ مېنى ئۆلتۈرىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇ» دەپ سەنەۋەرنى ھەرگىز كەچۈرمەيتتى، گۆھەرنى تېخىمۇ كەچۈرمەيتتى. بىراق، ئۇ گۆھەردىن ئاڭلىدىم دېمىسە، كىمدىن ئاڭلىدىم، دەيدۇ؟ سەنەۋەر غەمگە پېتىپ كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىماي چىقتى.

ناشتىدىن كېيىن جابىر ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى، كۆڭلىگە يەنە قانداق يامان نىيەت پۈكتىكىنىتاڭ، تەرىدىن قاتتىق ئويچانلىق بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنى شېرىكى جونسۇن ئىزدەپ كەلدى. جونسۇن

موزدوزنىڭ ئوغلى بولۇپ، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەجنەبىي ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتكەندى. ئۇ شىمالىي ئىشتاتتىن بولۇپ، ئانا تىلى ئوردو تىلى ئىدى، ئەمما ئۇزاق ۋاقىت ئىنگلىزلارنىڭ ئۆيىدە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەچكە، ئىنگلىزچىنىمۇ ئاز - تولا بىلەتتى. جابىر ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا: «دەل پەيتىدە كەپتۇ. بۇمۇ بىرگە ھېساب. گۆھەر دېگەن بۇ توخۇ يۈرەك كۆپ بولسا ھە - ھۇ دېيىشكىلا يارايدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا، جونسۇنىنىمۇ تارتماي بولمايدۇ. گۆھەرنىڭمۇ، جونسۇنىنىڭمۇ جېنى مېنىڭ چاڭگىلىمدا، ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتىمدا جۆندىۋېتەلەيمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

جونسۇن ئىشكتىن كىرىپلا:

— دوستۇم، ھالىڭ قانداقراق؟ — دېدى قىزغىنلىق بىلەن.

— ناھايىتى ياخشى، بۇرادەر.

— بىراق، چىرايىڭ ئەپ ئەمەس، بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق.

— ماڭا ئېيتىشنى خالىمايدىغان بىرەر ئىشىڭنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. دوستلار نېمە گەپى بولسا بىر - بىرىگە ئېيتىشى كېرەك، بولمىسا، قانداقمۇ جان دوست دېگىلى بولسۇن؟

— توغرا ئېيتتىڭ! دوست دېگەندىن گەپ يوشۇرماسلىق كېرەك. راست بىر ئىش بار ئىدى.

— قېنى ئېيتە، نېمىگە ئارىسالدى بولىسەن، ماڭا ئىشەنمەمسەن يا؟

— ئېيتسام قوشۇلمايسەنغۇ دەپ، ئېيتمايلا قويۇشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتىمەن!

— شۇنچە يېقىن دوستلار تۇرۇپ، ئەجەب گەپ قىلىسەنغۇ؟ ھەي ئىسىت، تازا تەتۈر پېشانە ئىكەنمەن - دە، دوستۇمنىڭ ئىشەنچىگىمۇ ئىگە بولالمايۋاتىمەن!

جابىر مەككارلارچە كۈلۈپ، ئۇنى ئالدىغا تارتقاندىن كېيىن يېقىنچىلىق بىلەن قۇچاقلاپ:

— ئىشەنمەيدىغان گەپ يوق، ساڭا گەپ كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتىمەن! — دېدى.

— نېمە گېپىڭ بولسا ئېيتىۋەر! كاللام كېتمىدىغان ئىش بولسىمۇ مەن تەييار. ھەرقانچە چوڭ ئىش بولسىمۇ كىشىگە تىنمايمەن! «ئېيتمايلا قويۇشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتىمەن» دېگەن گەپلىرىڭنى ئىشىنىشكە بولمايدىغان چاكىنا ئادەملەرگىلا ئېيتساڭ بولىدۇ، چىن دوستلارغا بۇنداق دېيىش كەتمەيدۇ.

— جونسون، راستىنى ئېيتسام، سېنى بۇرۇندىنلا يېقىن ئاغىنەم ھېسابلاپ كېلىۋاتىمەن. ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە مېنىڭمۇ سەن ئۈچۈن جېنىمنى ئايىمايدىغان دوستۇڭ ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن!

جابىر شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە پىلاننى جونسونغا سۆزلەپ بەردى.

— يۈرىكىم ھەرىكەتتىن توختىماي، تومۇرلىرىمدا قان يۈرۈشۈپ تۇرىدىغانلا بولسا، سەن بىلەن بىللە بۇ ئىشنى باشقا ئاچىقماي قويمايمەن! — دېدى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان جونسون مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

— ئاڭلىشىمچە، تاغام ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ قويغانمىش.

— ئۇنداقتا، پىلانىڭ ئىشقا ئاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە بىردىنبىر ۋارىس بولالمايدىكەنسەن - دە!

— شۇنداق، قانداق قىلسام بولىدىكىن؟

— مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەقسىتىڭگە يەتمىسەڭ بولمايدۇ. بولمىسا، ھاياتىڭ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئۆمۈر بويى پالاكەتكە چىداشقا، جەمشىدنى ئۆلتۈرۈپ مال - مۈلكىگە ئوڭچە ئىگە بولالمىغانلىقىڭنىڭ روھىي ئازابىنى تارتىشقا مەجبۇر بولىسەن، باشقىلارنىڭ مال - مۈلۈكىنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ بۆلۈشۈشكە يول قويماي تۇرالمايسەن.

— شۇنى دېگىنە، گۆھەر بىلەن شەمسىيە دېگەن بۇ هارامىلىقلارنىڭمۇ مىراسخور بولۇشىنى ئويلىسام، قاتتىق ئاچچىقىم كېلىدۇ.

— شۇنداق! سەن يا دېگىنىڭنى قىلىشىڭ، يا بولمىسا، ئۇ خىيالىڭدىن كېچىشىڭ كېرەك. بولمايدىغان بولسا، ياخشىلىق كۆرمەيسەن! جەمشىد ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ۋەسىيەتنامىنى قولغا چۈشۈرمەيدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا مىراسخور بولىمەن دەيدىغانلاردىن نەچچىسى چىقىدۇ. قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولغاندا، مۈلۈك تەقسىماتى ئۈستىدە كېسىم چىقىرىلغۇچە، بارلىق مۈلۈكنى ھۆكۈمەتنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇش كېرەك. چىمەنبانۇ قۇۋ خوتۇن، جەمشىد ئۆلۈپ كېتىدىغانلا بولسا، ھۆكۈمەتتىن ئاشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلماي قالمايدۇ. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بەك مەككار، شۇنداقلا قىلىدىغان بولسا، كۆزۈڭنى چەكچەيتىپ قېلىشتىن باشقا ئامال قىلالمايسەن.

— مېڭەمنى تازا قوچۇۋاتقان ئىش دەل شۇ، بىراق بۇ تۇگۈننى يېشىشنىڭ قانداق ئامالى بار؟

— ھەي! يۈرىكى قاپتەك ئوغۇل بالا تۇرۇپ، شۇنداق لامزەللە گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىڭنى قارا! مەن ئۆز قولىقىمغا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن. سەنچە، تۇگۈن قەيەردە!

— ئاچقۇچنى قولغا چۈشۈرسەم بولاتتى، ئاچقۇچنى بىر بولسا تاغام يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، بىر بولسا ئاشۇ بالا خوتۇن ئۆز قولىدا تۇتىدۇ، ئاچقۇچنى قانداق قىلسام قولغا چۈشۈرەرمەن؟ ئۇلار تۇرغان ئۆيگە خالىغانچە كىرەلمەيمەن. مېنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىم ياخشى ئەمەس، ئۇلار ھەتتا ...

— چوڭ ئىش تەۋرىتىمەن دېگەنىكەنسەن، ئۇنداق ئىشلار بىلەن نېمە كارىڭ؟ ئۇلار ئۆيدە يوق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، غىپپىلا كىرىپ ئىسسىپ قويغان كېيىملىرىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرساڭ

بولىدۇ. ئۇلار بىرەر ئولتۇرۇشقا ياكى زىياپەتكە ئالدىراپ ئۆيدىن چىققاندا، ئاچقۇچنى يەڭگۈشلىگەن كىيىملىرىنىڭ يانچۇقىدا ئۇنتۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. چىمەن خانىم ۋەسىيەتنامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ بولغاندۇ، بەلكىم؟

— تېخى خەۋەر تاپمىغانغۇ دەيمەن.

— بىلمەي قالامدۇ؟ شۇنچە چوڭ ئىشنى ئۇنىڭدىن يوشۇرالامدۇ؟

— ۋەسىيەتنامىدە بەلكى سەنەۋەرلەرنىڭ ئىسمىمۇ بارغۇ دەيمەن. هامام سەنەۋەرلەرنىڭمۇ مىراسخور بولۇشىغا ئەلۋەتتە يول قويمايدۇ. هامامىلا ياق دەيدىغان بولسا، تاغام ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ! تاغام بىلەن سەنەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كىم بىلمەيدۇ؟ تاغام هامامدىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇ باش ئاغرىقى تېپىۋالماي دەپ، ۋەسىيەتنامە يېزىش ئىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتمايدۇ. تاغامنىڭ پۇل ـ مېلى، يۇز ـ ئابرۇيى بولغان بىلەن، ئۆينىڭ ئىچىدە پادىشاھتەك هۆكۈم سۈرىدىغىنى هامام!

— ها ـ ها، گېپىڭ جايىدا! ھەممىلا ئۆيدە ئەھۋال شۇنداق، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇنلىرىنىڭ سىزىقى بىلەن ئىش قىلىدۇ. پەلەكنىڭ گەردىشى ھەقىقەتەن باشقىچە چۆرگىلەۋاتىدۇ. ئەر ئەرگە، ئايال ئايالغا ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بولىۋېرىدىغان بولسا، جەمئىيەت ئاخىر نەگە بېرىپ توختايدىكىنتاڭ! بولدى! ئاغىنە، بوگۇنكى پارىڭىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، خەيرخوش، مەن كەتتىم!

— توختاپ تۇر! — دېدى جابىر جونسۇننى قويۇپ بەرمەي، — بۇ ئىشنى ئىنس ـ جىنغا تىنما! بۇ كونا ئۇدۇم جۇمۇ.

— خاتىرجەم بولغىنا!

جونسۇن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى جابىرغا ئىلھام بولدى. جابىر جونسۇننىڭ دېگەنلىرى بويىچە قانداق ھەرىكەت قىلىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

جونسۇنىڭمۇ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن غەرىزى بار ئىدى. ئەگەر جابىر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسا، جونسۇن ئارىدىن نەپ ئېلىپ، كۈنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ مائاشى ناھايىتى ئاز ئىدى، ئاش - تاماقلىرىغىمۇ يەتكۈزەلمەيۋاتاتتى. ئۇ شېرىكلىرى بىلەن بىرقانچە قېتىم يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئاز - تولا هارام تاپاۋەت تاپقان بولسىمۇ، بەتخەجلىكىگە ئۇمۇ كار قىلمايتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئىنگلىز ئائىلىسىدە ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارغا قارىغاندا نوچىراق تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئىشتىن چۈشكەندە، يەنە ئاشۇ كېيەنلىككە ئوخشايدىغان ئاق كىيىم بىلەنلا رەستىگە چىقماسلىقى، قېتىپ تۇرىدىغان كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالىستۇك تاقىشى، ئوبدان قول ياغلىق تۇتۇشى، يۇرىدىغان قىزى بولۇشى، قىزىنى كىنولارغا ئەكىرىشى كېرەك! بىراق، جونسۇن ئاشۇ ئازغىنە پۇلى بىلەن قانداقمۇ ئۇنداق قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئايال خوجايىنى ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق، ئاچقۇچ - قۇلۇپلارنىڭ ھەممىسىنى بەك چىڭ ساقلايدىغان، ئوغرىلىق قىلغۇدەك بىرەر كاۋاكىمۇ قويمايدىغان ئايال ئىدى. شۇڭا، جونسۇن باشقا يول تېپىشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جابىر بىرقانچە كۈنگىچە باش قاتۇرۇپمۇ جەمشىدنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. ئۇ كۈنبويى غەرب رازۋېدكىچىلىرىنى دوراپ يىپ ئۇچى ئىزدەيتتى، يوشۇرۇن ماراپ، قول سېلىش پەيتىنى كۈتۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى، جەمشىد بىلەن خوتۇنى چىمەنباغۇ ئۆيىدە يوق ئىدى، جابىر ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت كەلدى.

جابىر جونسۇننىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئاچقۇچنى بىردەمدىلا تېپىۋالدى. ئۇ جەمشىدنىڭ ئۈستىلىنىڭ تارتمىلىرىنى ئاچقاندىن كېيىن ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاختۇرۇپ، ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپالمىدى. كېيىن ئۇ تارتمىلارنى بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىرىپ، ئىچى - تېشىنى قويماي ئاختۇردى.

شۇ ئارىدا ئۇ بىر تارتمىنىڭ ئارقا توسۇقىنىڭ قوش قەۋەت تۈرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. بىر قەۋەتنى ئېلىۋەتكەندى، ئۆزى كىچە - كۈندۈز تەشنا بولغان ھېلىقى مەخپىي خەت شۇ يەردىن چىقتى. بۇ دەل جابىر ئىزدەۋاتقان ۋەسىيەتنامە ئىدى. بۇ ۋەسىيەتنامە بىلەن بىللە يەنە بىر پارچە ھۆججەتمۇ بار ئىدى. جابىر ھاپىلا - شاپىلا ۋەسىيەتنامىنى ئېچىپ كۆردى، دېگەندەك، جەمشىد ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويغانىكەن. بۇ جابىرنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ھوقۇقىغا قىلىنغان دەخلى - تەرۇز ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى قېنى قايناپ، يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى. ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپمۇ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن سەل پەسكويىغا چۈشۈپ، ھۆججەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا جابىرغا بەخت يۇلتۇزى پارلىغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋەسىيەتنامىنى قولغا چۈشۈرۈپلا قالماي، بەلكى كۈتمىگەن يەردىن چوڭ بىر سىرنىمۇ بىلىۋالغانىدى. ئۇ ھۆججەتتە يۇسۇپنىڭ جەمشىدنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەس، بېقىۋالغان بالىسى ئىكەنلىكى يېزىلغانىدى. يۇسۇپنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا گەپ يوق، پەقەت يۇسۇپنىڭ جەمشىد سارىيىغا قەبرىستانلىقتا قارايدىغان بىرىنىڭ ئۆيىدىن ئەكېلىنگەنلىكىلا تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ يېڭى «تاپاۋەت» ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت ۋە نەپرەت، يەكلىنىش ۋە قىزغىنىش ئازابىدا قىينىلىپ كەلگەن جابىر ئۈچۈن شادلىق بېغىشلايدىغان دورا، ئالەمچە چوڭ خۇش خەۋەر بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى غايەت زور ئازاب بىردىنلا غايىب بولدى. ئۇنىڭ ۋەھشىيلىك خۇيى باشقىدىن تۇتتى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتى يوگەنسىز ياۋا ئاتتەك چاپچىشقا باشلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى ئويلىدى:

«ھا - ھا ! دىلنى شادلاندۇرىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى ! ئەمدى دەرھال تۇتۇش قىلمايدىغان بولسام، ئەخمەقلىق قىلغان بولىمەن. جەمشىدنى ئۇجۇقتۇرۇشتىن بۇرۇن، يۇسۇپكە ئۇنىڭ جەمشىدنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قوياي. بۇ

زەھەرلىك ئوق ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە - پارە قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق چوڭ روھىي ئازابقا چىدىماي ساراڭلىقى تۇتىدۇ؛ بۇ يېڭى ئازاب ئۇنىڭغا ماھىنۇرنىڭ ئازابىدىنمۇ ئېغىر تېگىدۇ! ئۇ بۇنىڭغا چىداشلىق بېرىپ، ساراڭ قېتىش ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان ھالەتتىمۇ، مېنىڭ مال - دۇنيانى ئۇچچە ئىگىلىشىمگە چات كىرەلمەيدۇ، ئەرز قىلىپمۇ يۈرمەيدۇ. ئۇ جېدەل - غوۋغادىن بۇرۇندىنلا ئۆزىنى نېرى قاچۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا جېدەل - غوۋغا قىلىشنى بىلمەيدۇ ھەم خالىمايدۇ. ئۇ پۇلغىمۇ ئانچە خۇشتار ئەمەس، — جابىرنىڭ خىيالى ئەمدى چىمەنبانۇغا كۆچتى، — بۇ بالا خوتۇننىڭ چاتاق تۇغدۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلىپلا كەلگەنىدىم، مانا ئەمدى ئۇنىڭ چاتاق تېرىشىدىن ئەنسىرىشىمگە ئورۇن قالمىدى. ئۇنىڭ بار - يوقى بىرلا ئوغلۇم دەپ كېلىۋاتقىنى جەمشىدنىڭ ئۆرۈۋقى بولماستىن، قىل سىغمايدىغان ساقلاندى بولۇپ چىققان يەردە، ئۇ خوتۇننىڭ ئەمدى ھۆرۈ - پۆرۈ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يۈزىنى قىلىن قىلىپ ئوغلى ئۈچۈن تالىشىپ باققان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭغا ھە دېيىشىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ...»

جابىر ئويلىغانسېرى كۆرەڭلەپ، غەيرىتى بارغانچە ئېشىۋاتقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ھازىرلا يۈسۈپنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە پىلانىنى باشلىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى چېچىلغان ھەممە نەرسىنى جاي - جايىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، يۈسۈپنى تېپىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ماھىنۇرنىڭ جامالى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ شۇنچە كۆنلەردىن بېرى ماھىنۇر ۋەقەسى بىلەن كاللىسى قېيىپ، يېگەن تامىقى تېتىماي، خاتىرجەم ئۇخلىيالماي، سالامەتلىكى باشقىدىن ئوساللىشىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇنى ئويلاپ جابىر تېخىمۇ كۆرەڭلىدى. بۇ، ئادەمنى خۇش قىلىپ دەردىنى چىقىرىدىغان ئەپچىل يول بولدى. مانا ئەمدى يۈسۈپ كونا - يېڭى نومۇسنىڭ دەستىدىن پات ئارىدىلا

تۇگىشىدىغان، مەڭگۇ باش كۆتۇرەلمەيدىغان بولدى. ئۇ شۇ خىيالدىن كېيىن دەررۇ يۇسۇپنى تېپىشقا ماڭدى.

جابىر يۇسۇپنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، چىرايىدىن كۇلكە ياغدۇرغان ھالدا:

— نېمانداق ھالغا چۇشۇپ قالدىڭ ھوي؟ تالا ـ تۇزگە چىقىپمۇ باقماي ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورىدى يېقىنچىلىق قىلىپ.

جابىرنىڭ يوقلاپ كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ۋە شۇنچە يېقىنچىلىق بىلەن ھال سوراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يۇسۇپ قاتتىق تەئەججۇپلەندى. شۇنداقتىمۇ يۇسۇپ قانداقلا بولمىسۇن تەربىيە كۆرگەن يىگىت ئىدى. شۇڭا، دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ:

— مىجەزىم يوق، ھېچ يەرگە بارغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، قېنى ئولتۇر! — دېدى.

— ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خاپىلىققا سېلىپ كېسەل تېپىۋېتىپسەن! دىلاۋەر بىلەن ماھىنۇرغا ئالدانغىنىڭ ئۇچۇن ئازابلىنىۋاتقانلىقىڭ چۇشىنىشلىك. ئەمدى قاچانغىچە مۇشۇنداق يۇرىسەن؟ بولدى قوي، سالامەتلىكىڭنى ئويلا!

جابىرنىڭ دىلاۋەر بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشى يۇسۇپكە گويا ئېرىگەن قىزىق قوغۇشۇننى قۇلىقىدىن قۇيۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئازاب بىلەن باش چايقاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جابىر:

— چىرايلىق گۇلنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق دېگەندەك، چىرايلىق قىزدىن تولا نېمە يوق! ماھىنۇر بولمىسا، باشقا قىزلار تۇرۇپتۇ. سەن ئۇنى دەپ ئۆزۈڭنى مۇنداق ھالغا چۇشۇرۇپ نېمە قىلىسەن! سەن سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك بولۇپ قالغىنىڭ بىلەن، شۇ تاپتا ماھىنۇر دىلاۋەر بىلەن قايسىبىر كاماردا بەخىرامان كۆڭۇل ئېچىۋاتقاندۇ! مۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە! بەكمۇ ئېچىنىشلىق كۇنگە قاپسەن! — دېدى.

يۇسۇپنىڭ يۇرەك ـ باغرى قاتتىق ئېچىشتى. ئىچىدە بىر

پارچە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بولدى، جابىرنىڭ ھەربىر سۆزى شۇ ئوتقا چېچىلغان ياغ بولۇپ، ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋاتاتتى. يۈسۈپ ئۇنىڭ ۋەھشىي نىيىتىنى نەدىن بىلسۇن ! جابىرنىڭ غەرىزى يۈسۈپنىڭ يۈرىكىنى غەزەپ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىش ئىدى !

كۆڭلى ئاق ھەم پاك يۈسۈپ ئايرىم ۋاقىتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جابىرغا يامان نىيەتتە بولمايتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ جابىرنىڭ يامان غەرىزىنى سېزىۋالالماي، ئۇنى بىر نەۋرە ئاكام بولغاچقا ياخشى نىيىتى بىلەن يوقلاپ كەلگەندۇ دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دادامنىڭ نامىنىمۇ بۇلغىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئاچچىق ئارىلاش كۈچسىز ئاۋازدا، — دادام ناھايىتى ئازابلانسىمۇ، مېنىڭ دەردىمنى ئاشۇرۇۋەتمەي دەپ چىداشلىق بېرىۋاتىدۇ. دادام مېنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ قايتا ناچارلىشىشىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. ئاپاممۇ ماڭا ئېچىنىۋاتىدۇ. دادام بىر ياقتىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىسا، يەنە بىر ياقتىن ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتىدۇ، دادام بەك تەڭلىكتە قالدى.

— سەنلا شۇنداق ئويلايسەن. مېنىڭچە، تاغام ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويغىنى يوق. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى. دادام نېمىدېگەن چىداملىق ! مەن دادامنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، دەردىمنى بار كۈچۈم بىلەن بېسىپ، ئۆزۈمنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىۋاتىمەن. بىراق، ئىچىمدىكى ئەلەمنى ۋە نومۇسنى قانداقمۇ ئۇزاققىچە يوشۇرالايمەن؟ ياسىما خۇشاللىققا كىشى گول بولمايدۇ. مەن بەرداشلىق بېرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيمەن ... — دېدى يۈسۈپ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلىغانىدى.

دىلاۋەر بىلەن ماھىنۇرنىڭ تەڭلا يوقاپ كېتىش ۋەقەسى يۈسۈپكە قاتتىق زەربە بولۇپ، ئۇنى ھاياتىدىن كەچكۈدەك كويغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا خاتىرجەم بولۇپ قالغان بىماردەك غايەت زور ئازابقا چىداپ، ناھايىتى خاموش بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن جابىر ئۆتكەن ئىشنى قايتىدىن تىلغا ئالغاچقا، يۈسۈپنىڭ ئىچى يىڭنىباشتىن غەزەپكە تولدى. ئۇ دادىسىنىڭ مەردانىلىكى ھەققىدە قىلغان گەپلىرىنىڭ جابىرغا تازا ئوبدان تۇتقا بولۇپ بېرىشىنى ئويلىمىغانىدى. جابىر بۇ تۇتقىنى ئەمدى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ شۇ تۇتقا بىلەن ئىشنىڭ بېشىنى باشلىدىمۇ، بولدى، ئۇنى باشقا ئاچىقماي قالمايدۇ. ئۇ يۈسۈپنىڭ گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا دەرھال سۆز ئالدى:

— يۈسۈپ، بۇ ئىشتا ساڭا بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۆزۈممۇ بەك ئازابلىنىۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ نېمىلا دېگەنبىلەن مېنىڭ ئائىلەمنىڭ نومۇسىغا تېگىۋاتقان ئىش - دە.

جابىرنىڭ «نېمىلا دېگەنبىلەن مېنىڭ ئائىلەمنىڭ نومۇسىغا تېگىۋاتقان ئىش - دە» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى ۋە ئىچىدە، بەلكى گەپتىن ئېزىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ ھەقتە تۈزۈك ئويلىنىپ بولغۇچە، جابىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن ئۆزۈمنىڭ سېنى دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلىش يولىدا بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. مۇبادا تاغامدەك يۈز - ئابرۇيلۇق بولغان بولسام، سەن ئۈچۈن كۆچۈمنى ئايىماي تەرەپ - تەرەپكە چاپقان بولاتتىم. بىراق، ھازىر خۇدادىن بۇ بەختسىزلىككە چىداشلىق بېرىشىڭنى، بالدۇرراق خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىڭنى تىلەشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— ماڭا ئۆلۈم تەھدىت سېلىۋاتسا، خاتىرجەملىك توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ!

— نېمانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدىغان گەپلەرنى قىلىدىغانسەن. ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ. ساڭا دەيدىغىنىم يەنە شۇ: بۇ ئىشقا تاغام كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. ئۇ شەھەردە ئاتىقى بار، ھەممىگە مەشھۇر ئادەم. ئۇ شۇ يۈز - ئابرۇيى بىلەن قىلىمەن دېسە، قىلالمايدىغان ئىش يوق ! ئۆزۈمنى ئالسام ئامالىم يوق، ساڭا ئېچىنىشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— توغقان دېگەن باشقا گەپ ئىكەن. قىلىۋاتقان خەير - ساخاۋىتىنى چۈشىنىۋاتىمەن. بىراق، دادام مەن ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتىدۇ. جابىر، سەن دادامنى توغرا چۈشەنمەيۋېتىپسەن ! — دېدى يۈسۈپ تەسىرلىك ھەم سىلىق قىلىپ.

— ياق، توغرا چۈشەنمەيۋاتقان يېرىم يوق. ئۇ چىن كۆڭلىدىن كۈچ چىقارمايۋاتىدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى راستتىنلا يۈز كېتىدىغان ئىش دەپ بىلگەن بولسا، مۇنداق سۈسلۈق قىلمىغان بولاتتى، ھېلىقى ئىككى گۇناھكار ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىۋالغان، زېمىننىڭ تەكتىگە چۈشۈۋالغان ھالەتتىمۇ تۇتۇپ كەلگەن بولاتتى. يەنە بىر گەپ: ئۇ سېنى ھەقىقەتەن ئۆز ئوغلى قاتارىدا كۆرگەن بولسا ...

— سەن ... سەن نېمە دېمەكچى؟ — يۈسۈپ تەئەججۈپ بىلەن جابىرغا قادىلىپ ئاران دېگەندە شۇ گەپنى قىلالىدى.

— ھېچنېمە، يۈسۈپ ! ھېچ نەرسە دېمەكچى ئەمەسمەن ! — دېدى جابىر پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە، ئاندىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يۈسۈپكە قاراپ قويدى.

جابىرنىڭ بۇ جادۇسى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى خۇددى قاچىدا تۇرغان مىلتىق دورىسىغا چېچىلغان ئۇچقۇندەك ئوت ئېلىپ، يۈسۈپنى ساراڭ قىلىۋېتەي دەپ قالدى. يۈسۈپ خۇددى يارىلىنىپ غەزەپكە كەلگەن يولۋاستەك جابىرغا

ئېتىلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن قاماللاپ سىلكىشلىگەن ھالدا:

— جابىر، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن ! سەن مېنىڭ قېشىمغا پەسكەشلىك قىلغىلى كەپسەن ـ دە؟ نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتقانلىقىڭنى چۈشەنمەيۋاتىمەن ! — دېدى ۋە جابىرنىڭ گېلىدىن سىقتى. ئۇ ئاچچىق ئەلەمدىن ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. جابىرنىڭ مۇنداق ھاقارەتلىشىگە يول قويمايتتى. ئۇنىڭغا مۇنداق كۈچنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، — نېمە دېمەكچىسەن؟ ئېيتە، بولمىسا بوغۇپ جېنىڭنى ئالىمەن !

— مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويساڭ، بۇ سىر مەن بىلەن بىللە گۆرگە كىرىپ كېتىدۇ، — دېدى جابىر بوغۇلغان ئاۋازدا دۇدۇقلاپ، — مۇنداق ساراڭلىق قىلىدىغان بولساڭ، بولدى ئېيتمايلا قوياي. ئەگەر ئېيت دېسەڭ، ئۆپكەڭنى بېسىپ قۇلاق سال !

يۇسۇپ قولىنى بوشىتىپ، يېنىدا تۇرغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى.

جابىر گېلىنى سىلاپ قويۇپ، يۇسۇپنىڭ قايتىدىن گېلىنى سىقىشىدىن قورققاندەك، ئۇن نەچچە قەدەم نېرى بېرىۋالدى.

— يۇسۇپ ! — دېدى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى ئۆكۈنۈۋاتقاندەك كۆرسىتىپ، — ئەسلىدە ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى ئويلىمايلا ئاغزىمدىن چىقىرىپ سالغىنىمغا بەكلا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— قېنى ئېيتە ! ئېيتە ! — دېدى يۇسۇپ بىردىنلا ۋارقىراپ.

— ئۇنداق بولسا سەكرەپ كەتمەي ئۆپكەڭنى بېسىۋال، بولمىسا ... — دېدى جابىر نائىلاج ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ئاھاڭدا، — مەن بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى يېقىندا ئۇقتۇم، ئويلاپ باقە. ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىر ئۆيدە ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ تۇرۇۋېتىپ، ئەمدى بىردىنلا دوست دېيىشكىلا تۇغرا كېلىدىغان بولۇپ چىقساق، مەن قانداقمۇ ئازابلانماي؟

جابىرنىڭ گەپلىرى يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر بازغان بولۇپ تەگدى، ئۇ جابىرنى سۆزلەپ بولسۇن دەپ، چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇردى. جابىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كۆرگەن ھۆججەتتە ...

— نېمە ھۆججەت؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئۇنى خەقنىڭ قولىدا كۆردۈم، — دېدى جابىر ئىنزاھلاپ.

— كىمنىڭ قولىدا؟

— كەچۈرگىن، بۇنى ساڭا دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ گەپلەرنى ئېيتمىغىنىم ياخشى.

— ئاخىرىنى ئېيت! — دېدى يۈسۈپ يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— ئۇ ھۆججەت تۇتۇق يېزىلغان، خەتلىرىنى تونۇماقمۇ قىيىن، شۇنداقتىمۇ ئوقۇپ چۈشەنگەنلىرىم مېنى قاتتىق بىئارام قىلىۋەتتى. سېنى تاغامنىڭ ئۆز ئوغلى ئەمەس، بېقىۋالغان «ساقلاندىسى» دېگىنى نېمە گەپتۇ؟ مەن بۇنىڭغا بەك ھەيران! بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان يەنە بىر گەپ تۇرىدۇ. ئېسىمگە تازا ئالالمايۋاتىمەن، سېنى قانداقتۇر قەبرىستانلىقتا قارايدىغان بىرىنىڭكىدىن ئەكەلگەن دېگەندەك قىلىدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتكۈم كەلمىدى. بىراق، ئۇنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغانغىمۇ بىرنەرسە تاپالمىدىم. شۇڭا، نەچچە كۈندىن بېرى كۆڭلۈم غەش يۈردۈم. بۈگۈن سېنى يوقلىغاچ، ئىچىمنى بوشىتاي دەپ كېلىۋىدىم. سېنىڭ ماھىنۇرنىڭ ئىشى بىلەن شۇنچە ئازابقا قالغانلىقىڭنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتاي، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتماي دەپ تۇرۇۋاتاتتىم. لېكىن، سەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن تاغامنى ئۇنداق كۆيۈندى، بۇنداق ئىچ ئاغرىتتى، دەۋەرگەچكە، بۇ ئىش بىردىنلا يادىمغا چۈشۈپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى. ئاندىن سەن چىچاڭلاپ گېلىمنى سىقىۋالدىڭ، مانا!

ھازىرمۇ ئاغرىۋاتىدۇ! ئۆزۈڭنى باسالماي كېتىۋاتقانلىقىڭغا قاراپ، ئاشۇ گادىرماچ ھۆججەتتىكى گەپلەرنى ساڭا ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. سەن ئەقىللىق يىگىت. بۇ ئىشنىڭ ئاق ـ قارىسىنى ئايرىپ چىقالىشىڭ مۇمكىن.

جابىرنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ ـ يالغانمۇ، ئىشەنچلىكمۇ ـ ئەمەسمۇ، يۇسۇپ ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق ئويلانمىدى، چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا گويا ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان بىر پارچە تاشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كېلىپ، مېڭىسى يېڭىباشتىن پىكىر قىلىشقا باشلىدى: «مۇبادا جابىرنىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ جەمشىد ئۆز دادام بولمىسا، ئۇنداقتا دادام كىم بولغىيدى؟ دادام راست قەبرىستانلىقتا قارايدىغان ئادەممىدۇ؟» يۇسۇپ بۇ خىيالنىڭ ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

يۇسۇپنىڭ يۈرىكى ئېغىشقا باشلىدى.

جابىر خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلەتتى: ئۇ غەلىبە قىلغانىدى.

يۇسۇپ باياتىن ئۆزىنى باسالماي جابىرنىڭ گېلىنى شۇنچە چىڭ سىققان، ئەمدى ۋۇجۇدىدا كۈچتىن ئەسەر قالمىغانىدەك بولدى. ھەتتا ئورنىدىن قوپۇپ جابىرغا خوش دېيىشكىمۇ قۇدرىتى يەتمىدى.

ئۇ ئۆز سوئاللىرىغا نەدىن جاۋاب تاپسۇن؟ ئۇنىڭ ئۆز دادىسى زادى كىم؟ قەبرىستانلىقتىن قايسى يول بىلەن جەمشىدنىڭ بالىسى سۈپىتىدە بۇ يەرگە ئەكىلىنگەن؟ ئۇ بۇ سوئاللارغا ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ جاۋاب تاپالمايتتى. بۇ سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى — ئاپىسى چىمەنبانۇ ئىدى.

# يىگىرمىنچى باب

سەنەۋەر جابىرنىڭ جەمشىدنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشكەنلىكىنى ئوغلىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ سۇيىقەستنى جەمشىدكە قانداق ئۇقتۇرسام، ئۇنىمۇ، ئوغلۇمنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالارمەن، دېگەننى ھەر مىنۇت ـ ھەر سائەت ئويلاندى.

ماھىنۇر يوقاپ كەتكەندىن بۇيان، سەنەۋەرگە ئۆزىنىڭ جەمشىد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەل ياخشىلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىندى. شەمسىيە بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى گۆھەر چوڭ بولۇپ قالغاندىن بېرى جەمشىدنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئالاھىدە سوغۇقلىشىپ قالغانىدى. جەمشىد خېلى كۈنلەردىن بېرى داچىسىغا بىرەر قېتىم ئۆزىنىڭ «ۋەسىي»لىك يۈزى ئۈچۈن سەنەۋەر بىلەن بالىلىرىنى يوقلاپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى. بۇرۇن سەنەۋەر بىلەن تەنھا بىللە تۇرغان چاغلىرىدىكىدەك يېقىنلىق ۋە قىزغىنلىق كۆرسەتمىدى. ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كېتىشى سەنەۋەرگە روھىي زەربە بولغانلىقىنى جەمشىد بىلەتتى. مەيلى سەنەۋەرنىڭ ئاشنىسى ياكى قانۇنسىز ئېرى، ياكى ۋەسىيسى ۋە ياكى يېڭىدىن چۈشكەن قۇدىسى دېيىلسۇن، ئىشقىلىپ جەمشىد سەنەۋەرگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر روھىي تەسەللى بەرگەن، داچىسى تەرەپكە كۆپرەك كېلىپ سەنەۋەرنى ئاللىقاچان مەھرۇم بولغان بۇرۇنقى مېھىر ـ مۇھەببەتتىن ئانچە ـ مۇنچە بەھرىمەن قىلغان بولسا ياخشى بولاتتى.

بىر كۈنى جەمشىد داچىسىغا كەلدى. بۇ باللار ئۆيدە يوق

چاغ ئىدى. ئۇ ئولتۇرغانلىدىن كېيىن سەنەۋەر ئۇنىڭغا گەپنى ئەگىتىپ:

— جابىر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋېتىپتۇ، تەپ تارتماي قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپتۇ، — دېدى.

— ئوبدان قىپتۇ! بېشىغا چىقاي دەپتۇ شۇ.

— ئۆز بېشىغا چىقىش بىلەنلا توختىسىغۇ شۈكۈر دەيتتىم، بىراق ئۇ سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىقماقچى بولغان گەپ.

— مەن ئۇنىڭ تېرە تاراقلىتىپ تەھدىت سېلىشىدىن قورقۇپ قالمايمەن، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— بىراق، نىيىتىنى بۇزغان ئادەم ھەر باب بىلەن مەقسىتىگە يېتىشكە تىرىشماي قالمايدۇ. ھەرھالدا ئۇنى سەل چاغلىماڭ، — دېدى چىرايىدىن قايغۇ يېغىپ تۇرغان سەنەۋەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — جابىر بىلەن دىلاۋەر بىزنىڭ ئىككى بالىمىزنىمۇ يولدىن چىقىرىۋەتتى. بالىلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە خەقنىڭ ئۇلارنى، دادىسى يوق بالىلار، دېيىشى سەۋەب بولۇۋاتامدۇ؟ سىز مېنى كۆزىڭىزگە ئىلىپ قويمىدىڭىز، بالىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلمىدىڭىز، جابىر گۆھەرنىمۇ ئازدۇرۇپ ئۆز يېنىغا تارتىپ سىز بىلەن دۈشمەنلىشىشكە كۈشكۈرتكەن، گۆھەر ئۇنىماپتۇ. گۆھەر سىزدىن مېھىر ـ شەپقەت كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن دادىسىغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىۋاتىدۇ!

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سۆيۈملۈكۈم، گېپىڭىزنى ئوچۇقراق قىلىڭچۇ، زەردە بىلەن قىلغان گەپلىرىڭىزنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن.

— ئاقىلغا بېشارەتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئېيتىڭ دېسىڭىز، مەندە ئۇنداق يۈرەك يوق.

— مەن نەدىمۇ ئاقىل بولاي؟ — دېدى جەمشىد كۈلۈپ، — راستتىنلا ئاقىل بولغان بولسام، سىزنى ئوچۇقراق سۆزلەڭ دەپ ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلاتتىم؟ سىز مېنى كالىۋا قاتارىدا كۆرۈپ،

گەپنى ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭ، مېنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاۋارە قىلماي يۈرمەڭ.

— جابىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، — دېدى سەنەۋەر كەسكىن ئاھاڭدا، — مەن ئۇنىڭ ۋەھشىي سۈيىقەستىنى گۆھەردىن ئاڭلىدىم. ئۇ گۆھەرنى ئۆزىگە گۇپپاڭچى قىلماقچى بوپتۇ.

— گېپىڭىز يەنە ئوچۇق بولمىدى، نېمىگە گۇپپاڭچى قىلماقچىكەن، چۈشەنمىدىم.

— مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمگە ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ، ھەرگىز سەل قارىماڭ، ئۆزىڭىزگە چوقۇم قاتتىق ئاگاھ بولۇڭ! شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، پۇل، مال ـ مۈلۈك دېگەن نەرسە ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ. ئۇنداقلار ۋاقتى كەلگەندە ئۇ نېمەم، بۇ نېمەم، ئاتا ـ ئانام، تونۇشۇم دەپ ئولتۇرمايدۇ.

سەنەۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان جەمشىد ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلدى ـ يۇ، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى.

— مال ـ مۈلۈك ئالدىدا سىناقتىن ئۆتەلەيدىغانلار كۆپ چىقمايدۇ، — دېدى سەنەۋەر ئاغرىنىش بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، مال ـ مۈلۈك تالىشىپ ئولتۇرمايدىغانلارمۇ، تالاشسا پايدا ئالالمايدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن، بىزگە ئوخشاش. ئىشقىلىپ، بىز ئۆلەمدۇق، تىرىلەمدۇق، سىزنىڭ كارىڭىز بولمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، بىزنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىمىز ياكى خارلىنىشىمىز، ھەتتا قەلەندەرگە ئايلىنىپ ۋەيران بولۇشىمىز بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟!

سەنەۋەرنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلاپ، جەمشىدنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئويلاشقا رايى بارمىدى ـ دە، دەرھال سەنەۋەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— جېنىم سەنەۋەر! — دېدى ئىچ ئاغرىتىش بىلەن، — ئۇنداق ئويلاپ يۈرمەڭ. ئالدىراشلىقىمدا يېتىشەلمەيۋاتسام، سىز

بۇنى بىزگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ دەۋېتىپسىز.

جەمشىدنىڭ خىيالى يەنە ۋەسىيەتنامىگە يۆتكىلەي دەپ تۇرغاندا، سەنەۋەر يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئالدىراش دەمسىزا؟ ئەيش - ئىشرەت يولىدا ئالدىراۋاتقانسىز، چىمەنگە ياخشىچاق بولىمەن دەپ ئالدىراۋاتقانسىز؟ دەرۋەقە، ئۇ سىزنىڭ يوللۇق خوتۇنىڭىز، دۆلەت كۆرۈشكە ھەقلىق! مەن نېمىدىم! ئەمما، شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، گۆھەرنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى، ماھىنۇرنىڭ دىلاۋەرگە ئالدىنىپ كېتىشى پۈتۈنلەي سىزنىڭ بىز بىلەن كارىڭىز بولمىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ دەردلەرگە قانداقمۇ چىداپ يۈرەلەيمەن؟

— بالىلار چوڭ بولۇپ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىپ قالدى، باشقۇرىمەن دەپ بەك قاتتىق قوللۇق قىلىشىڭىز بولمايدۇ. ئۆنىڭدىن قالسا، ماھىنۇر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاچقان، ئۇنىڭ باشقا بىرىگە ئەگىشىپ قېچىپ كېتىشى مېنىڭ نامىمنىمۇ بۇلغىدى، بۇنىمۇ كۆرسىڭىز بولىدۇ!

— ئىست - ئىست، تېخىچە شۇنداق قاراشتا بولۇۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ! مەن سىزگە يەنە بىر رەت ئېيتىپ قوياي، بۇ دېگەنلىرىڭىز مېنىڭ قىزىمغا قىلىنغان ھاقارەت! ئۇ ھەرگىز ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاچقان ئەمەس!

سەنەۋەر شۇ گەپلەرنى قىلدى - دە، يىغلاشقا باشلىدى، مەڭزىنى بويلاپ ياش تاراملىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئېچىنىش بىلەن يىغلىشىغا چىداپ تۇرالمىغان جەمشىد:

— شۇنداق، ئۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك قىز بولغان. مەن ئۇلارنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىزدەشتۈرۈۋاتىمەن، ئالدىرىماڭ، بىر يەردىن ئۇچۇرى چىقىدۇ! — دېدى جەمشىد سەنەۋەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— سىزدىن بىزگە ۋاپا كېلەمدۇ؟ بۇ تەس، — دېدى سەنەۋەر ئېسەدەپ، — قاچاندۇر بىر زامانلاردا سىزدىن ۋاپا كۆرگەنىدۇق.

بىراق، مەن ھازىر سىزدىكى ۋاپانىڭ نىمىلىكىنى بىلەلمەي كېلىۋاتىمەن. ھازىر كۆڭلىڭىزدە يوسۇپ بىلەن چىمەندىن باشقا كىم بولماقچى؟

سەنەۋەر ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. جەمشىد ئۇنى ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا ئۈندىدى.

— بىزگە ۋاپادارلىق قىلىدىغان كىشىمىز ئۇ دۇنياغا كەتتى! — دېدى سەنەۋەر داۋاملىق يىغلاپ، — ماھىنۇر كېتىپ قالدى، ئاندىن يەنە، ماۋۇ نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان شەمسىيەنى ۋىجدانسىز دىلاۋەر تاشلىۋەتتى. بۇ ئىككى ئىش بىرلا ۋاقىتتا بولدى. ياخشىلىق يېپىلىپ، يامانلىق تارقىلىپ كېتىدىغان بۇ جەمئىيەتتە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەي! خەقنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىشىغا يەنە بىر يېڭى باھانە تېپىلدى. ھەرقانداق ئادەم بۇ ئىككى ئىشنى ماڭا چاتماي قويمايدۇ، چۈنكى مەن گۇناھكار، مەن يامان ئانا. بىراق، خەق مېنى گۇناھكار دېگىنىدە، مېنىڭ گۇناھكار شېرىكىمنى كىممۇ يادىغا كەلتۈرسۇن؟

سەنەۋەرنىڭ گەپلىرى شۇنچە ئېچىنىش ۋە ئاغرىنىشقا تولغانىدى. جەمشىد ئۇنىڭدىن ناھايىتى تەسىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنى ياساشقا گەپ تاپالماي:

— جېنىم سەنەۋەر، بۈگۈن كۆڭلىڭىز بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يەتمەسمۇ؟ نېمە دېمەكچى بولسىڭىز، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، تۇزلا ئېيتىڭچۇ، — دېگەن گەپنىلا قىلالىدى.

— مەن تارتقان دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئالدىدا، سالامەتلىكىم قانچىلىك گەپ؟ — دېدى سەنەۋەر ياش پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى جەمشىدكە تىكىپ، — بۇنداق ياشاش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىۋالغىنىم ياخشىراق. ئۆلۈكۈمنى تاپالمايدۇ، دەپنەمنى قىلىشقا توغرا كېلىپ، يامان ئېتىم يەنە تارقىلىپ يۈرىدىغان، قەبرەم

شەرمەندىلىكىنىڭ ئۈچمەس ئىزى بولۇپ قالىدىغان ئىشتىنمۇ قوتۇلىمەن !

جەمشىد سەنەۋەرنىڭ مىجەزىنىڭ چىمەنبانۇنىڭ بىلىپ بولمايدىغان مىجەزىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. جەمشىدكە شۇ ئايان ئىدىكى، سەنەۋەر ئۇزاقتىن بېرى بىر تالاي دەرد - ئەلەمگە ۋە تەرەپ - تەرەپتىن بولىۋاتقان مەسخىرە - ھاقارەتكە چىداشلىق بېرىپ كېلىۋاتاتتى، شۇ سەۋەبتىنمۇ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنى يىغىدىن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن توختىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھەرگىز چاتاق چىقارمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. جەمشىدنىڭ سەنەۋەرنىڭ ئاچچىقىدا ئېيتىۋاتقان گېپىگە جاۋاب بەرمەسلىكى يەنە شۇنىڭدىن بولىدىكى، بایاتىن سەنەۋەر شەمسىيەنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، جەمشىدنىڭ يىغىرىغا تەگكەنىدى.

سەنەۋەر «نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان شەمسىيە ...» دېگەن گەپنى قىلغاندا، جەمشىد قاتتىق بىئارام بولغانىدى. كىشىلەر دىلاۋەر بىلەن ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كېتىشىنى بىر تەرەپتىن ماھىنۇر دىلاۋەرگە ئەگىشىپ قېچىپ كەتتى، دەپ بىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىلاۋەر ماھىنۇرنىڭ سىڭلىسى شەمسىيەنى تاشلاپ كېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى، دەپ بىلەتتى. قوشلاپ كەلگەن بۇ شەرمەندىلىكنىڭ ئۇستىگە شەمسىيە قورسىقىنى دومبايتىپ توغايلا دەپ قالغانىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، شەمسىيە جەمشىدنىڭ جانجىگىرى ئىدى، شۇڭا جەمشىد نومۇس قىلماي تۇرالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

جەمشىد بىرھازا جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئازاب بىلەن:

— ھەممىمىزنى ئورىغا تىقىپ ئازابتا قويغان ئاشۇ دىلاۋەر. شەمسىيەنىڭ شاللاقلىقى، ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كېتىشى سىزنى ئازابلاپ جاندىن كېچىش كويىغا سېلىۋاتىدۇ. ئۇياقتا يۇسۇپمۇ ئازابقا چىدىماي ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتىمەن. سىزنىمۇ، مېنىمۇ ئاشۇ دىلاۋەر ۋەيران

قىلىۋەتتى ! — دېدى.
ئىككى قىزىدىن كەينى - كەينىدىن چاتاق چىققانلىقىنى كۆرگەن سەنەۋەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق ئازابقا پېتىشىنى جەمشىد خالىمايتتى. سەنەۋەر بۇ تەرەپتە بىر ئۆينىڭ بېشى بولۇپ، ھەممە ئىشقا ئۆزى تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى، ناھايىتى سالاپەتلىك، خىزمەتكارلىرى تەييار چىمەنبانۇغا ئوخشىمايتتى. شۇڭا، مۇشۇنداق ھالى خاراب بولۇۋاتقاندا، سەنەۋەرنىڭ روھىي ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاز - تولا غېمىنى يېيىش كېرەك ئىدى. ئالدى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شەمسىيەنىڭ تۇغۇپ قويۇش سەتچىلىكىنىڭ يېيىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئامالىنى قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئەپلىك چارىسى شەمسىيەنى نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنى باقىدىغان مەخسۇس ئورۇنغا مەخپىي ئاپىرىۋېتىپ، شۇ يەردە تۇغدۇرۇش، ئاندىن بالىنى شۇ يەردە قالدۇرۇش ئىدى.

جەمشىد شۇ چارىنى ئويلاپ قويدى - يۇ، لېكىن ۋاقتىنچە سەنەۋەرگە ئېيتقۇسى كەلمىدى. ئۇ سائەتتىكە قاراپ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يەنە بەزى يۇمشاق گەپلەر بىلەن سەنەۋەرنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى؛ ئىلگىرى ئوبدان كۆڭۈل بۆلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن سەنەۋەردىن كەچۈرۈم سوراپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. ئاندىن يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيىگە بېرىپلا يەنە ھېلىقى ۋەسىيەتنامىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، قىستۇرمىسىغا قارىدى، ۋەسىيەتناملا ئەمەس، ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىنغان ھېلىقى مەخپىي ھۆججەتمۇ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندەك جايىدا كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭغا سەنەۋەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى چېتىپ: «ھە، بۇ جابىرنىڭ قىلغان ئىشى» دېگەن ئويغا كەلدى. جەمشىدنىڭ قەلبىنى نەپرەت چۇلغىدى. ئۇنىڭ مەخپىيەتلىرىنى

ئايرىم جان دوستلىرىدىن باشقا ھېچكىم، ھەتتا چىمەنبانۇمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بۇ مەخپىيەتلىرىنى بالدۇرراق پۇتۇپ ساقلاپ قويۇشتا، مۇھىمى كېيىنكى كۇنلەردە ھايات قالغانلار شۇ نۇرغۇن بايلىقنى دەپ ئۆلۈم جوداسى چىقىرىپ يۇرمىسۇن، جەڭگى - جېدەل ئىچىدە ھۆكۇمەت ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرى ئاشۇ بايلىق سەۋەبىدىن ئۇرۇق - جەمەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاپەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرەلمەي قىينىلىپ قالمىسۇن، دېگەننى كۆزدە تۇتقانىدى. بىراق، بۇ پۇتۇكلەرنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزى ھايات ۋاقتىدا كىشىلەر كۆرۈپ تۇرغان ھەممە شۆھرىتى، ئىززىتى ۋە دۆلىتىنى ئامان ساقلاپ، ئادەمگەرچىلىك، پەزىلەت ۋە ۋىجدان جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى مەھكەم يېپىپ قالالايتتى. مانا ئەمدى بۇ مەخپىيەت جېدەل تېرىشقا ئامراق جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭ كوچىدىكى لۇكچەكلەرنىڭ مەسخىرە ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قېلىشىدا شەك يوق، يامىنىغا تارتسا، چوڭ بالا تۇغدۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

جەمشىد مەخپىي ھۆججەتنى ئوغرى ئالغانلىقىغا قاراپ، سەنەۋەر ئەسكەرتكەن خەۋپنى پۇتۇنلەي چۈشەندى. ئۇ ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ، ئامانلىق تەدبىرىنى چىڭىتىش لازىملىقىنىمۇ بىلىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق قىلغاندىن تاشقىرى، بىرىنچى ۋەسىيەتنامىنى كۆزدە تۇتۇپ يېڭىسىنى، يەنى ئىككىنچى ۋەسىيەتنامىنى يازدى. ئۇ يېڭى ۋەسىيەتنامىدە جابىر بىلەن تاغا - جىيەنلىك مۇناسىۋەتنى ئۇزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ مال - مۇلۇككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى يازدى. يېڭى ۋەسىيەتنامىنى مەخپىي تىزىمغا ئالدۇردى، ئاندىن ئۇنى ھەبىب بانكىسىنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گۆھەرگە قانداق تەربىيە بېرىش ئۇستىدە ئويلاندى. ئىلگىرى ئۇ سەنەۋەرنىڭكىگە بارسىلا، گۆھەر جابىر بىلەن چىقىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن كەمدىن - كەم

ئۈچر بشالايىتتى. ئەمدى جەمشىد گۆھەرنىڭ چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى، مەخپىي ھۆججەت يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ئۇلگۇرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ گۆھەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوبدان نەسىھەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

بىر كۈنى ئۇ سەنەۋەرنىڭكىگە بارغاندا، گۆھەر ئۆيدە ئىدى. جەمشىد گۆھەرنى ئالدىغا چاقىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ناھايىتى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن:

— گۆھەر، سىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولدى. مەن كەلسەملا سەن ئۆيدە يوق. سىنى ھەمىشە جابىر بىلەن بىللە يۈرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مەن دائىم شۇنىڭ بىلەن بىللە.

— ئۇ بەك شاللاق، قىلىقى ئەسكى، مەن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئوبدان بولمايدۇ دەپ ئەنسىرەيمەن. تېگى ياخشى ئادەممۇ نامى يامان ئەسكى ئادەملەر بىلەن بىللە يۈرسە، خەق ئۇنى ئەسكى قاتارىدا كۆرىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمىغىن.

گۆھەر جەمشىدنىڭ گېپىگە ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، تەرىدىن ئاچچىقلاش ۋە ياقتۇرماسلىق ئالامىتى كۆرۈندى. ئۇ جەمشىدنىڭ سۆزلەپ بولۇشىنى كۈتمەيلا گەپنى تارتىۋېلىپ:

— قىزىق ئىش، ئەزەلدىن كۆزىڭىزگە ياخشى كۆرۈنۈپ باقمىغان مەندەك بىر پەسكە ئەجەب بىردىنلا غەمخورلۇقىڭىز تۇتۇپ قاپتۇغۇ؟ ماڭا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشنى كۆڭلىڭىز كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايمەن، — دېدى.

— گۆھەر، نېمانداق گەپ قىلىسەن! — دېدى بىر چەتتە تۇرغان سەنەۋەر ئىتتىكلا.

جەمشىد گۆھەرنىڭ ئۆزىگە مۇنداق يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ سەل ئېغىر ئېلىپ ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ

نەسىھەت قىلىمەن دەپ كەلگەچكە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى.

— گۆھەر، مەن بۈگۈن ئالايىتەن سەن بىلەن سۆزلىشىشكە كەلدىم. ئاڭلىسام ئوقۇشتىن بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىپسەن، — دېدى جەمشىد ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھەئە، ئاڭلىغىنىڭىز راست.

— سەن ئەمدى ياخشى - يامانني ئايرىشنى بىلىشىڭ كېرەك، — دېدى جەمشىد جىددىي قىلىپ، — ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن قايسى يولدا مېڭىشىڭ كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

— ھىم ! ماڭا يول كۆرسىتىپ بېرەرمىش ! مەندە ئۇنداق تەلەي نېمە ئىش قىلسۇن ! مۇشۇ كۈنگىچە ماڭا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئادەم چىققىنى يوق ! ئاپامنىڭ قورسىقىدىن يولدىن ئېزىپ چۈشكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تا ئۆلگۈچە قاراملىقىمنى قىلىۋېرىمەن، گۆرگە كىرگەندە ئاندىن توختايمەن !

گۆھەرنىڭ مۇنداق سەپسەتىسىنى سەنەۋەر تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغانىدى. جەمشىد ئۇ گەپلەردىن غىقلا بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئەمما، ئۇ گۆھەرنى قانداقمۇ سۆزلەشتىن توسۇپ قويالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سۆز قىستۇرۇشىغا پۇرسەتمۇ بولمىدى. گۆھەر گەپنى بىردىنلا باشقا ياققا بۇراپ:

— سىز ئېيتقاندەك، جابىرنىڭ قىلىقى ئەسكى، ئۇ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولمىسام بولاتتى. بىراق، ئېيتىڭچۇ، مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت بولۇپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر قىلغان كىم؟ — دېدى.

گۆھەرنىڭ زەمبىرەك ئوقىدەك كەينى - كەينىدىن ياغدۇرغان گەپلىرىدىن بېشى ئايلىنىپ كەتكەن جەمشىد ئۇنى توسۇشقا ھېچقانداق ئامال تاپالماي ئادىشىپ:

— ئەلۋەتتە ئاشۇ ئىپلاس جابىر - دە، ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولماقچى؟ شۇ ۋەجدىنمۇ مەن سېنى ئۇنىڭدىن ئۈزۈۋېلىش نىيىتى

تارت دەۋاتىمەن ! — دەپ سالدى.

— ياق، جابىر ئەمەس ! ئۆيۈڭگە ئوت كەتسە، ئۆزۈڭنىڭ چىرىغىدىن كۆر، دەپتىكەن ! مېنى قىڭغىر يولغا باشلىغان كىشى ماڭا يول كۆرسىتىۋاتقان، ماڭا ۋەسىي بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى !

جەمشىد گېپىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى، گۆھەرنىڭ دەۋاتقىنى دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقاپ، چىرايى بىردىنلا ئوساللاشتى. گۆھەر توختىماي سۆزلەيتتى:

— پۇت - قولۇمنى باغلاپ سۇغا تاشلىۋەتكەن تۇرۇپ، يەنە ئىمزا تارتماستىن «كىيىمىڭگە پەخەس بول، هۆل بولۇپ كەتمىسۇن» دېيىش ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك - دە !

بىر چەتتە ئولتۇرغان سەنەۋەر جەمشىدنىڭ بۇ ئېغىر گەپلەرگە چىدىماي ئاچچىقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. سەنەۋەر ئەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ جەمشىدنىڭ كۆڭلىنى ئاران ئېرىتكەن ۋە ئۇنى بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۇناتقانىدى. مانا ئەمدى ئۇ، بولدى، كارىم يوق، دەپ پېشىنى قاقىدىغان بولسا، سەنەۋەر قانداقمۇ قىلسۇن؟ سەنەۋەر گۆھەرگە بىرنەچچە رەت قاتتىق كۆز ئالايتتى، بىراق گۆھەر بۇنى مەنسىتمىدى، بولۇپمۇ جەمشىدنىڭ ئالدىدا ئۇنى كۆزگە ئىلىشى يوق گەپ ئىدى.

— مېنىڭ ئوقۇشقا قىزىقماسلىقىمدىكى سەۋەب مۇنداق، — دېدى گۆھەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىلىملىك، مەلۇماتلىق بولغان تەقدىردىمۇ، جەمئىيەتتىكى پەس ئورنۇم بەربىر ئۆزگەرمەيدۇ ! ئىككىڭلار ماڭا ۋە ئىككى ھەدەمگە تۇغدۇرغان شەرمەندىلىك ئۆمۈر بويى پېشانىمىزدىن كەتمەيدۇ، ئۇنى بىلىم بىلەن يۇيۇش مۇمكىن ئەمەس !

ئوغلىنىڭ ئۆزىنىمۇ قوشۇپ ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەنەۋەر گەپ قىلماي تۇرالمىدى:

— بۇنداق گەپلەر ئاغزىڭغا قانداق پاتتى؟ جۆيلۈمەي گەپ

قىل! ھوشۇڭنى يىغ ! باشتا نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتىڭلار؟ نېمىدەپ باشقا گەپكە چۈشۈپ كەتتىڭ؟

— ھوشۇڭنى يىغ؟ مەن ئاللىقاچان ھوشۇمنى يوقاتقان ! مەن سەندەك ئاپام بولسىمۇ، لېكىن دادام يوقلۇقىنى بىلگەن كۈندىن تارتىپلا ھوشۇمنى يوقاتقان.

ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرى ئەمدىلا ئېغىز ئاچقان سەنەۋەرنىڭ بېشىغا توقماقتەك تېگىپ، گەپ قىلالماس قىلىپ قويدى. سەنەۋەر ئىزا تارتىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

ئون نەچچە يىلدىن بېرى گۆھەر «يوتقان تېشىدىن بولغان بالا» دېگەن ئۇيات گەپنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ كەلگەندى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئۆز ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغلىپ قالغان نەپرىتىنى كىمگە چاچسۇن؟ كىمگە ئېيتسۇن؟ ئۇ ئۇچەيلەن بىر يەرگە جەم بولغان بۇگۈنكىدەك پۇرسەتكە ئاران ئىگە بولغان تۇرسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ يەنە ئالاھىدە سالاپەت بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىشىغا يول قوياتتىمۇ؟

غەزىپى ئۆرلىگەن گۆھەر ئاچچىقىغا پايلىماي، جەمشىدكە قاراپ يەنە ھۆركىرىدى:

— سىز ھەرقانچە كۆپ پۇل بەرسىڭىزمۇ، مەن ھەرقانچە ياخشى ئوقۇپ، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان شاھادەتنامە ئالسامۇ، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟ مەن شۇنىڭغا قاراپلا سىزنى ئۆز دادام دېيەلەمدىمەن؟ ئۆز دادامنى «دادا» دەپ چاقىرالامدىمەن؟ ياق، چۈنكى، سىز جەمئىيەتتىكى كۈچلۈك بېسىم ئاستىدا ئەخلاقىي جەھەتتىكى جۈرئىتىڭىزنى ئاللىقاچان يوقاتتىڭىز.

— ياق، گۆھەر، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى گۆھەرنىڭ يۈرەكنى تىلىدىغان گەپلىرىگە جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىۋاتقان جەمشىد.

— سىز، — دېدى گۆھەر ئۇنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ

قويماي، — مېنى، ئاپامنى، ھەدىلىرىمنى گويا بىرنەچچە پارچە ئەسكى ياغاچتەك جەمئىيەتكە چۆرۈۋەتتىڭىز، خەقنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا، تۇكۇرۇپ - مىشقىرىشىغا تاشلاپ بەردىڭىز، ئۆزىڭىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەردىڭىز. نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن! بۇنى بۇنىڭدىن باشقا قانداق ئىزاھلىيالايسىز؟ ۋەيران بولغانمۇ بىز، گۇناھكار بولغانمۇ بىز! بۇنداقمۇ يولسىزلىق بولامدۇ؟

گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە، گۆھەر ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، ئەسلىدە ئېسەدەۋاتقان سەنەۋەرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

باغرى قاتتىق جەمشىدنىڭ كۆڭلىنى گەپ بىلەن تەسىرلەندۈرۈش كەمدىن - كەم بولىدىغان ئەھۋال ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدە گۆھەر قىلغان قانلىق شىكايەتنى نومۇسقا چىداپ ئاڭلىغىنىدا، گويا يۈرىكى توختىماي ئېتىلغان ئوقلار تېگىپ تېشىلگەندەك چەكسىز ئازابلاندى. ئۇ گۆھەرنىڭ ھەربىر گېپى يۈرەك قېتىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ۋە ھەممە گېپىگە قان بىلەن ياش ئارىلاشقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم گۆھەرنىڭ قانلىق ياشلىرىنىڭ باش ئۈچى ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلدى. ئۇنىڭ قوشكېزەك بۇ ئاچا - ئىنىغىلا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئاتا مېھرى ئۆز تۇيغۇ دۇنياسىدا ئون يەتتە يىل غەپلەت بېسىپ ياتقاندىن كېيىن بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئويغىتىلغانىدى، ئۇنىڭ ئېتىلىپ بېرىپ گۆھەرنى چىڭ قۇچاقلىغۇسى ۋە ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم! سەن دادىسىز بالا ئەمەس! داداڭ مانا مەن!» دېگۈسى كەلدى - يۇ، لېكىن شۇ نىيەتكە كېلىشى بىلەنلا، تالادا مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن كۆزلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا غەلىتە قاراۋاتقاندەك ۋە: «ھولۇقۇپ كەتمەڭ! ھوشۇڭىزنى تېپىۋېلىڭ! ھۆرمەتلىك جەمشىد ئەپەندى، سىز شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئىززەت - ھۆرمىتىڭىز ۋە قوۋم - جەمەتىڭىزنىڭ نامىنى نابۇت قىلماقچىمۇ؟ ئوغلىڭىزنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن جامائەتچىلىكنىڭ مەسخىرىسىگە چىداشلىق

بىرەلەمسىز؟ ئەگەر ئۇنداق بولۇشنى خالىمىسىڭىز، بۇ ئىشتىن يالتىيىلىڭ!» دېگەندىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

جەمشىد قورقۇپ قالدى. بەدىنىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاستىغا بېسىپ ئولتۇرغىنى سافا ئەمەس، يار لىۋىدە تۇرغان ئات بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ گويا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقاندەك ئۆزىنى تارتىپ، نىيىتىدىن ياندى. باياتىنقى ئۇيىلىش ھېسسىياتى، ئويغانغان ئەخلاقى، ۋىجدانى ۋە ئاتىلىق مېھرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ ئەمدى يەنە سالاپەتلىك ۋەسىيگە ئايلاندى. ئۇ ئاخىر گۆھەر بىلەن سۆزلىشىشكە قايتىدىن جۈرئەتلىنىپ مۇنداق دېدى:

— گۆھەر، سەن ئۇنداق قىزغانچۇقلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشەنمە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ دەيدەيلىرىگە ئىشىنىپ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ خاپىلىقتا سالما، ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئوقۇشۇڭ ئاقساپ، ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىسەن. ئۇنداق قىلساڭ، سېنى ئاقنى قارا دەيدىغان تۆھمەتخورلار كۆزىنىڭ قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ! مەن سىلەرگە ۋەسىي، ھەرنېمە دېگەنبىلەن سىلەرگە كۆيۈنىمەن، شۇنى بىلىپ قويىكى، خەق دوستۇمنىڭ ئوغلىنى ئاق ـ كۆك دەۋاتقاندا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا نومۇس قىلىمەن!

گۆھەر غەزىپىنى باسالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ لاغىلداپ كەتكەن سەنەۋەر ئىتتىك ئۇنى تۇسماقچى بولدى. گۆھەر ئاپىسىنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ:

— قالتىس گەپ بولدى! — دەپ ۋارقىراپ، جەمشىدكە قول شىلتىدى، — بۈگۈن مەن سېنى، ئاپامنىڭ گۇناھكار شېرىكىنى بوغۇپ ئۆلتۈرمىسەم ھېساب ئەمەس!

گۆھەر شۇ گەپ بىلەن جەمشىدنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى.

— گۆھەر! — دېدى سەنەۋەر گۆھەرنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ، ھەم ۋارقىراپ، ھەم يىغلاپ، — ئالدىدا مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! مېنى جان ساقلىغىلى قويمايدىغان ئوخشايسەن ...

— پوپاڭ كۆتۈرمەكچىمۇسەن! — دېدى جەمشىد ئورنىدىن

تۇرۇپ ئۆزىنى قاچۇرغاچ ئۇنلۇك ۋارقىراپ.

گۆھەر ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنالماي توختاپ قالدى.

— ساڭا دەپ قوياي، جابىرنىڭ يولىدا ماڭغىنىم ماڭغان، ئۇ نەگە ماڭ دېسە شۇ يەردىن قالمايمەن! خەقنىڭ ئەمدى نېمە دېيىشى بىلەن كارىم يوق! ئەمدى نومۇس ئازابىنى ھەرگىز تارتمايمەن! خالىغىنىمنى قىلىمەن، پۇخادىن چىقسام بولىدى! — دېدى گۆھەر، ئارقىدىن يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

جەمشىد يەنە بىرنەچچە ئېغىز كايىدى. ئۇنى سەنەۋەر يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ نېرى ئېلىپ ماڭدى. بىرپەس داۋام قىلغان كەسكىن ئېغىز جېڭى ئاياغلاشتى. جەمشىد گۆھەرنى ئەگرى يولدىن قايتۇراي دېگەن ياخشى ئارزۇ بىلەن نەسىھەت قىلىشقا كېلىپ، بىر تاغار سېسىق تىل ئاڭلىشىنى، ھەتتا تاياق يېيىشكە تاس قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز جابىرنى قايتا يادىغا ئېلىپ، ئۇنى قاتتىق قارغىدى ۋە: «ئاشۇ بالا تەگكۈر جابىر ۋەسىيەتنامىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن گۆھەرگە ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغان، — دەپ ئويلىدى، — بۇرۇنلاردا گۆھەر كەپسىزلىك قىلغىنى بىلەن، ئىشىنىڭ يولىنى بىلەتتى، مېنى ئۆز ۋەسىيىسى ھېسابلاپ، ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنىدى. بۈگۈن گۆھەرنىڭ ئاغزىدىن ساپلا يۇز ئۆرۈيدىغان گەپلەر چىقىۋاتىدۇ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى قانداق بولۇپ شۇنچە قاپتەك بولۇپ كەتكەندۇ؟ ھەي! خەپ، بالا تەگكۈر جابىر!»

شەمسىيەنىڭ قورسىقى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتاتتى، سەتچىلىك ئۇستىگە سەتچىلىك بولۇۋاتقاچقا، ئۇمۇ ئاپىسىغا ئوخشاشلا غەمگە پېتىپ، كېلىدىن غىزا ئۆتمەيۋاتاتتى، دىلاۋەر بولغان بولسا، بۇ ئىشتىن سەنەۋەرمۇ، شەمسىيەمۇ غەم قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئىككىسى بەربىر توي قىلىدىغان بولغاچقا، باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن قالمايتتى. قورساق چوڭايغۇچە

تويۇ قىلىۋەتسىلا بولاتتى. غەرب كىشىلىرىگە خاس مۇھەببەت ئەۋج ئېلىۋاتقان زاماندا، بۇنداق ئىشلار بارا ـ بارا سىڭىشىپ قالغان بولاتتى. قىز يىگىت بىلەن تويۇ قىلىدىغانلا بولسا، غەربلەشكەن جەمئىيەتتە تويۇ قىلماي تۇرۇپ ھامىلىدار بولۇپ قېلىشنى ھېچكىم كوچىلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. گەپ شۇ يەردىكى، ھازىر دىلاۋەر شەمسىيەنى تاشلىۋەتتى. يەنە كېلىپ، خەقنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئەپقېچىپ كەتتى.» شۇڭا، خارلىنىش، ئالدىنىش ۋە قورساق چوڭىيىشتىن بولۇۋاتقان بۇ سەتچىلىك سەنەۋەر بىلەن شەمسىيەنى قاتتىق ئەلەمگە سېلىش بىلەنلا قالماي، جەمشىد ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ قالغانىدى. جەمشىد شەمسىيەنى ھۆكۈمەتنىڭ بوۋاقلارنى تەربىيەلەش دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى سەنەۋەرگە ئېيتىپ بولغۇچە، يۈسۈپ ئاغرىپ يېتىپ قالغاچقا، شەمسىيەنىڭ ئىشىغا ھازىرچە نۆۋەت تەگمىگەنىدى.

شەمسىيەنىڭ ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتاتتى، سەنەۋەر ئامالسىز قالدى. نەچچە كۈندىن بېرى سەنەۋەر ئولتۇرسا ـ قوپسا بىئارام بولۇپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپمۇ ھېچ يول تاپالمىدى. ئۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا گۆھەرنىڭ جەمشىد بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى ئويلاپمۇ قاتتىق بىئارام بولدى. ئۇ: «جەمشىد ئەسلىدە بىزگە كۆڭۈل بۆلۈشكە ماقۇل بولغانىدى، گۆھەر بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ، شەمسىيەنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان پالاكەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كارى بولمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈن كەچۈرىمىز؟ جەمشىدتىن ئايرىلىپ كەتسەك قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭدىن ئايرىلساق قەيەرگە بارىمىز؟ مۇشۇ ياشقا كېلىپ قالغاندا، جەمشىدكە ئوخشاش يۆلەنچۈكنى يەنە نەدىن تاپاي؟ بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە قىلسام بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، ئەرلەرنىڭ ساداقىتى، ۋەدىسى، مۇھەببىتى ۋە قەسىمىنى پۈتۈنلەي يالغان، ئۇلار خۇشى تۇتۇپ

كەتسە، قىرغاققا قاتتىق ئۇرۇلغان دېڭىز دولقۇنىدەك ئېتىلىپ كېلىپ سېنى قۇچاقلايدۇ، خۇشلۇقى بېسىلغاندىن كېيىن خۇددى دولقۇن كەينىگە يېنىپ قۇم تاشلارنى ئۇچۇق قالدۇرغاندەك، سېنى ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇرىدۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى.

ئۇ جەمشىدكە نەپرەتلەندى، ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ تالاغا چىقالمايۋاتقان شەمسىيەدىن نەپرەتلەندى. چۈنكى، ئۇنى شۇنچىۋالا قاتتىق ئازابقا سېلىپ، بىئارام قىلىۋەتكەن ھەم ئامالسىز قىلىپ قويغان كىشى شەمسىيە ئىدى.

سەنەۋەرنىڭ كۆڭلىدىن: «شەمسىيە دېگەن بۇ ئالۋاستىنى ئۆلتۈرۈۋېتەي! ئۇنىڭ تىرىك ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئارتۇق، قالغانلىرىمىز ئارام ئېلىپ قالارمىز» دېگەن دەھشەتلىك بىر خىيال غىل - پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ بىردىنلا باغرى تاشلىقى تۇتتى. بىر قىزىنىڭ يوقاپ كېتىش ئازابىنى تارتىپ بولالماي تۇرۇپ، يەنە بىر يېڭى ئازابقا بەل باغلىدى.

كېچە، سەنەۋەر قىزىنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن رەڭسىز، تەمسىز، ئاغرىتمايدىغان، زەھىرى كۈچلۈك بىر خىل سۇيۇق دورىنى تەييارلاپ قويدى. ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كېلىپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ، ئادەتتىكى بويىچە: «نەچچە كۈندىن بېرى ھاۋا ياخشى ئەمەس، كۆپرەك سۇ ئىچ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن بىر چىنىگە سۇ قۇيۇپ، ئۇنى قىزىنىڭ كارىۋىتىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۈستەلگە قويدى - دە، چىقىپ كەتتى.

تۇغۇتى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەن شەمسىيەمۇ بارغانچە ئېغىر روھىي ئازاب ۋە بېسىم ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ دىلاۋەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىنىڭ دەردىنى ئۇزاق تارتىپ، ئۆزىمۇ جېنىدىن كېچىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئاۋۇ كۈنلىرى قوزغالغان قورقۇنچلۇق خىيالى نەچچە كۈندىن بېرى يېڭى شەرمەندىلىكنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغانىدى. ئۇ

ئۆزىنىڭ ئەمدى مېڭىشقا يول قالمىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندى. بۈگۈن ئۆيلىمىغان يەردىن ئاپىسى بىلەن ئۆزىنىڭ خىيالى بىر يەردىن چىقىپ قالدى، ئۇ بۇ لەنىتى دۇنيادىن ئادا ـ جۇدا بولۇش قارارىغا كەلدى. ئاپىسى سەنەۋەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنى «ئاپا !» دەپ يەنە بىر قېتىم چاقىرغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئۆزىنى شۇ ئاپىسىنىڭ مۇشۇ لەنىتى دۇنياغا تۇغۇپ قويغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز قىزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا داغ تەگكۈزگەن لاياقەتسىز ئانا ئىكەنلىكى يادىغا چۈشۈپ، ئاپىسىغا تىكىلگەن كۆزلىرىنى شارتلا قىلىپ باشقا ياققا يۆتكىۋالدى.

شەمسىيەنىڭ كۆزلىرى كارىۋات بېشىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر چىنە سۇغا تىكىلدى.

ئۇ: «ئاپامنىڭ سۈتىنى ئېمىپ بۇ دۇنياغا كەلگەنىدىم، ئەمدى ئاپام ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ بەرگەن بۇ سۇنى سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى ئۆزىتىش شارابى دەپ بىلىپ ئىچىپ بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشاي» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە، ئاندىن نەچچە كۈنلەرنىڭ ئالدىدا تەييارلاپ قويغان بىر بولاق نەرسىنى چىنىگە تۆكتى.

ئەتىسى، كۈن خېلى ئېگىز ئۆرلىدى. قىزىنىڭ ئەمدى ئورنىدىن تۇرمايدىغانلىقىنى سەنەۋەر بىلەتتى، شۇڭا يېرىم كېچىگىچە يىغلاپ چىقتى. ئۇ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن قىزىنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم يىغا ـ زار قىلدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئانا ـ دە!

شەمسىيە ئاخىر مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىلەن پۈتۈن سەتچىلىك يېپىلىپ قالىدىغان بولدى. ئۇ ئۆلمەيدىغان بولسا، ئاشۇ قانخور يىرتقۇچلار ئۇنى يەنە قوغلاپ يۈرگەن، ئەپتى ئىنسان، پەيلى ھايۋان يالماۋۇزلارمۇ ھەر كۈنى بىر ياڭزا سېھىر ئىشلىتىپ قېنىنى شورىغان بولاتتى. روھى جەھەتتىن تارتىدىغان ئازابمۇ ئاز بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

شۇ خىياللاردىن كېيىن سەنەۋەر ئۆپكىسىنى بېسىپ قىزىنىڭ

ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تەييارلاشقا كىرىشتى.

شەمسىيەنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشى دىلاۋەرنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن بولغان دېگەن يەرگە كېلىشكەنىدى، شۇڭا شەمسىيەنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەردە گۇمان ۋە شەك پەيدا قىلىش ئورنىغا، «ياشلا تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى» دەپ ئىچ ئاغرىتىدىغان ھېسسىيات پەيدا قىلدى.

يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى، جەمشىدنىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭغا تارتمىدى، ئۇ كۆڭۈلسىز ۋە پېشكەل ئىشلارغا يولۇقۇپلا تۇردى. بولۇپمۇ شەمسىيەنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى ئۇنى تېخىمۇ غەمگە سالدى. ئۇ شەمسىيەنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ھازىرغىچە بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلارغا ئوخشاشلا «كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەن تونۇشتا ئىدى.

دەپنە قىلىش ئالدىدا، قىزىنىڭ دىدارىنى يەنە بىر كۆرۈۋالسۇن دەپ، كىشىلەر سەنەۋەرنى يۆلەپ ئەكەلدى. ئازاب دەستىدە كۈچ ـ مادارى قالمىغان سەنەۋەر قىزىنىڭ جەسىتى ئالدىغا مۆكچەيگىنىچە دوڭغاقلاپ مېڭىپ كېلىپ، تۇرۇشقا مادارى قالماي يەرگە ئولتۇرۇۋالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىنىڭ يۈزىگە يېپىلغان يوپۇقنى ئېچىپ كۆرسەتتى. شەمسىيە جىمجىت ئۇخلاۋاتقاندەك ياتاتتى. سەنەۋەرنىڭ كۆزلىرى قىزىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى، ئۇنىڭ قورۇقلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاچچىق كۈلكە ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇ يىغلىدى.

بۇ ئاچچىق كۈلكىنىڭ نېمە مەنە بىرىدىغانلىقىنى سەنەۋەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىممۇ بىلسۇن؟ تېخى ئون سەككىز ياشقىمۇ تولمىغان قىزىنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندە، ئانا بولغۇچى چەكسىز ئېچىنىپ، دەپنە مۇراسىمىغا كەلگەن ئادەملەرنى يىغلىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق يىغلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى !

# يىگىرمە بىرىنچى باب

يۈسۈپتە «جەمشىد ئۆز دادامدۇ، ئەمەسمۇ» دېگەن گۇمان پەيدا بولغاندىن بېرى، ئۇنىڭ ئەس ـ خىيالىنى: «مەن راستتىنلا قەبرىستانلىقتا قارايدىغان بىرىنىڭ ئوغلىمۇ؟ مەنمۇ يوتقان تېشىدىن بولغانمۇ؟ ئۆز ئاپام ئىپپەت ـ نومۇسنى يوقاتقان ئاياللاردىنمۇ؟ مەنمۇ ماھىنۇرغا ئوخشاش ساقلاندىمۇ؟ ...» دېگەن سوئاللار چىرمىۋالدى ۋە بۇ سوئاللارنى ئۆزى يەشمەكچى بولدى. ئېسىنى بىلگۈدەك بولغاندىن بۇيان يادىدا قالغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىرەر قۇر ئەسلەپ چىقىپ، گۇمان تۇغدۇرغۇدەك بىرەر تەرىپىنى تاپالمىدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ باشقىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى، ئەمما بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بولسۇن؟ ئاپىسىنىڭ مىجەزى شۇنداق ـ دە! ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئەسلىدىلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ كېچىسى ئوبدان ئۇخلىيالمايدىغان، بەزىدە ئۆزى يالغۇز ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئادىتى بارلىقىنىمۇ يادىغا ئالدى. بىراق، دادىسى ئۇنىڭغا: «ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس» دېگەن ئەمەسمىدى؟ بەلكىم ئۇيقۇسى قېچىپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ. يۈسۈپ شۇ كەمگىچە ئاپىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن زادى گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس. چىمەنبانۇ يۈسۈپنىڭ قەلبىدىن مۇقەددەس، سۆيۈملۈك ۋە ھۆرمەتلىك ئانا سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىپ كەلگەنىدى. بىراق، نەچچە كۈندىن بېرى، يۈسۈپنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان سوئاللار شۇ ئاپىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ئۈستىگە جۈغلانغانىدى. ئوغلى ئاپىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىدىن گۇمانلانسا بۇ نومۇس

ئەمەسمۇ؟ ماھىنۇرنىڭ كېتىشى بىلەن روھىي زەربە يېگەن يۇسۇپ ئەمدى يېڭى بىر نومۇس ئازابىدا قالدى.

ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كېتىشى يۇسۇپ ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىك، قاتتىق زەربە بولغانىدى. ئۇ بۈگۈن يەنە ئاپىسىنىڭ ئېپپەت ـ نومۇسىدىن، ئۆزى بىلەن دادىسىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر يېڭى ئازابقا دۇچ كېلىپ قاتتىق ئەلەم چەكتى ۋە نەچچە كۈنلەرگىچە ئورنىدىن قوپماي ياتتى. بۇنىڭدىن جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇنىڭ نەدىمۇ خەۋىرى بولسۇن؟ ئۇلار «ماھىنۇر دېگەن مەلئۇن ئوغلىمىزنىڭ جېنىغا يەنە زامىن بولىدىغان بولدى» دەپ قاتتىق ئەندىشە قىلىپ، نەچچە كۈنگىچە بىئارام بولدى.

كېيىن يۇسۇپ «ئۆز دادامنىڭ زادى كىملىكىنىڭ سىرىنى كارىۋاتتىن قوپماي يېتىۋەرسەم ئاچالمىغۇدەكمەن» دەپ ئويلاپ، تۇنۇگۈندىن باشلاپ كارىۋاتتىن چۈشتى ۋە «ئەمدى بۇ گەپنى ئاپامدىن يوشۇرماي، بىرەر بالا ـ قازا تۇغۇلسىمۇ، ئۆز ئېغىزىدىن تولۇق جاۋاب ئېلىپ باقاي» دېگەن قارارغا كەلدى.

ئۇ ناشتىدىن كېيىن ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

ئوغلىنى كۆرگەن چىمەنبانۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي قالدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئوغلىغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى، كۆڭلىدە بولسا: «ماھىنۇرنىڭ يوقاپ كېتىشى بىلەن تۇغۇلغان بۇ پالاكەتچىلىك ئاخىر ئۆتۈپ كېتىدىغان بوپتۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىراق، يۇسۇپنىڭ چىرايىدىن مىسكىنلىك يېغىپ تۇراتتى. ئەسلىدە بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كىرگەنلىكىنى ئۇچۇق ئېيتماقچى بولغان يۇسۇپنىڭ كالپۇكلىرى يەملىشىپ قالغاندەك ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ بىرھازاغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ ئاخىر گەپ تېپىپ:

ـــ ئاپا ! ـــ دېدى.

ئوغلىنىڭ سوغۇق تەلەتىدىن كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان چىمەنبانۇ ئوغلى ئېغىز ئاچقان هامان:

— خوش، ئوغلۇم، نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى ۋە يۈسۈپنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزلەۋەردى، — سالامەتلىكىڭ ياخشى بولمايلا كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇ نەچچە كۈننى غەم بىلەن قانداق ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بالام، ئاپاڭنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيسەن، تۇنۇگۈن كارىۋاتتىن چۈشكەنلىكىڭنى كۆرۈپ، بېشىمدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپلا قالدىم. داداڭمۇ شۇنداق بولدى. ئەمدى ھەرگىز ئۆزۈڭنى قىينىما. ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت، ئىچىڭگە سالما.

چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرى يۈسۈپنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. شۇ تاپتا يۈسۈپنىڭ خىيالىغا ئۆزى تېگىگە يەتمەكچى بولۇپ ئالدىراۋاتقان ئىشتىن باشقىسى كىرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، چىمەنبانۇنىڭ «داداڭ» دېگەن سۆزى يۈسۈپكە تەسىر قىلدى. يۈسۈپ ئەمدى ئارىسالدى بولۇپ تۇرماي، گەپ كوچىلاپ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولدى:

— ئاپا، يېقىندىن بۇيان ئاشۇ قەبرىستانلىق خىيالىمدىن نېرى كەتمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— مۇنداق شۇم گەپنى قوي! توۋا دە! توۋا! ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ مۇنداق قارغىش تىلەپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى چىمەنبانۇ يۈسۈپكە گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلدۇرماي. ئۇ ئوغلىنى ماھىنۇر پەيدا قىلغان روھىي ئازابقا چىدىماي جېنىدىن كەچمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— ياق، ئاپا، مەن كىچىكىمدە تۇرغان ھېلىقى قەبرىستانلىقنى دەۋاتىمەن!

— مۇنداق گەپنى ساڭا كىم دېدى؟ — دەپ ئىتتىك سورىدى چىمەنبانۇ.

— جابىر دەپ بەردى!

— نەدىن ئاڭلاپتۇ ئۇ؟

— باشقا بىرىنىڭ قولىدىكى خەتلىرى ئۆچۈپ كېتەي دەپ قالغان قەغەزدىن كۆرۈپتۇ.

چىمەنبانۇ جىم بولۇپ قالدى.

يۈسۈپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ چىمەنبانۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، غال - غال تىترەپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئەقلىدىن ئايرىلغاندەك، تىلى كالۋالىشىپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالدى.

بىرھازادىن كېيىن، چىمەنبانۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ كەتكەندەك پەرىشان ھالدا دېدى:

— يۈسۈپ، نېمە گېپىڭ بولسا ئېيتىۋەر، مېنى مۇنداق قىينىما!

بۇ گەپنىڭ ئاپىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى سەزگەن يۈسۈپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئاپا، — دېدى ئۇ، — نەچچە كۈندىن بېرى ئىشەنمەي دېسەم تېخى، ئىشىنەي دېسەم تېخى، خۇددى چۆرگىلەۋاتقان تۈگمەن تېشىنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك، يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، بىر سوئالىم بار ئىدى، تا بۈگۈنگىچە سىزدىن سوراشقا جۈرئەت قىلالماي كەلدىم. ئەمدى تاقىتىم قالمىدى، سورىمىسام بولمىغۇدەك.

چىمەنبانۇ داڭ قېتىپ قالدى. گويا سوتنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر نۇقتىغا قادىلىپ ئوغلىنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

— ئاپا، مەن ئۆزۈمنىڭ زاتىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن، ئېيتىڭچۇ، مەن زادى سىز بىلەن دادامدىن بولغان بالىمۇ ياكى دادام بېقىۋالغان بالىمۇ؟ مەندىن يوشۇرماڭ!

چىمەنبانۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ ھەتتا كۆزلىرىنى ئېچىشقىمۇ پېتىنالماي، جالاقلاپ تىترەيتتى.

يۈسۈپ ئۇنىڭغا سەل ئىچ ئاغرىتقاندەك بولۇپ يەنە دەررۇ غەزىپىنى باسالماي قالدى:

— ئاپا، تولا دىلىغۇل بولماي تېزرەك گەپ قىلىڭچۇ!

بۇ گەپلەرمۇ چىمەنبانۇغا قىپقىزىل تاۋلانغان زىختەك سانجىلدى. ئۇ سورلۇك قىياپەتتە، چەكچەيگىنىچە لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى.

— ئاپا، — دېدى يۇسۇپ يەنە، — گەپ قىلىڭچۇ! جىم بولۇۋالسىڭىز مەن تېخىمۇ ئازابلىنىدىكەنمەن، — يۇسۇپ ئاپىسىنى گەپ قىلدۇرۇشقا ئالدىراپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى، — مېنى بۇ ئازابتىن بالدۇرراق قۇتۇلدۇراي دېسىڭىز، ئەينەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىڭ.

يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ جىم تۇرۇۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇغىسى قايناشقا باشلىدى:

— ئاپا، مەن سىزنى قىيناشنى خالىمايمەن، سىزمۇ مېنى قىيناۋەرمەڭ، «ھەئە» ياكى «ياق» دەپلا جاۋاب بېرىڭ: مېنى قايسىبىر قەبرىستانلىقتىن ئەكەلگەنمۇ، قانداق؟ بۇ ئىشنى ئېيتمىساڭلا خىيالىدىن چىقىرىۋېتىمىز دەپ ئويلاپ قالماڭ. مېنى قىينىماڭ! — يۇسۇپ ناھايىتى پەرىشان ئاۋازدا يىغلامسىراپ سۆزلىدى، — يامان گەپ قىلسام چىدىمايسىز، ئۆزۈممۇ چىدىمايمەن؛ ياخشى گەپ قىلسام، لام - جىم دېمەيۋاتىسىز، سىز زادى ...

چىمەنبانۇنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا لىق ياش كېلىپ، ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ پىنجىكىگە تېمىپ چۈشتى. بۇ ياش ئۇنى كۆڭلىدىكى ۋەھىمىدىن خالاس قىلدى. ئۇ سەگەكلىشىپ كۆڭلىنى توختاتتى. ئۇ كۆزۈمنى يۇمۇپلا تۇرۇۋالسام بولماس، مېڭىشقا باشقا يول قالمىغانىكەن، ئالدىمغا دەريا كەلسىمۇ سەكرەي، دېگەن يەرگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پىنجىكىنىڭ پېشىدە كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— بالام، ئۆزۈڭ دېگەندەك، سېنى بىر قەبرىستانلىقتىن ... — ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

يۇسۇپنىڭ قۇلاق تۈۋىدە چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. بىراق،

ئەھۋالىنىڭ تېگىنى بىلىشكە تەقەززا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسى ئۇنى بۈگۈن باشقىچىلا قەيسەر قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئۆپكىسىنى بېسىپ، ئاپىسىغا:

— ئاپا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماي سۆزلەۋېرىڭ، مەن چىداشلىق بېرەلەيمەن. ئېيتىۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ يېنىكلەپ قالىسىز، — دېدى.

بىراق، يىراقنى كۆزلەۋاتقان چىمەنبانۇ ئىشنى ئۇنداق ئاددىي چاغلىمايتتى.

ئارىدىن يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. يۈسۈپنىڭ يەنە تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— يۈسۈپ، بۇ ئىشنى بەرىبىر بىلىپ قاپسەن، قاتتىق ئازابلانساممۇ، بۇنى ساڭا ئېيتماي ئىلاجىم يوق. بۇ ئېيتسا سەت تۇرىدىغان ئىش بولغاچقا، باشقىلاردىن يوشۇرۇشىمىز تۇرغان گەپ. بىراق، ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتىپ بەرسەم، بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، بىرلا يېرى، ئۆزۈڭگە سەتچىلىك بولۇپ تۇيۇلىدىغان تەرىپى بار...

چىمەنبانۇ ئوغلىغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ جەمشىد بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن كىشىنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان گۈل - گىياھدەك يا چېچەكلىمەي، يا مېۋە بەرمەي ئۆتۈپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بالا يۈزى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن بىرمەھەل قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ پەرىشان بوپتۇ. ئۇلار ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر مويسىپىتنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆز مۇرادىغا يەتكۈزىدىغان يورۇق يول تېپىپتۇ. ئۇلار مويسىپىتنىڭ تاپىلىشى بويىچە، بىر پەيغەمبەر مۇخلىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەپتۇ ۋە قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تىلاۋەت قىپتۇ. ئۇلارنىڭ چىن ئېتىقادىنى پەيغەمبەر مۇخلىسى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يەتكۈزۈپتۇ، ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا ئۆز ئارزۇسىنى ئىزھار قىپتۇ.

ئىككىسى قەبرە ئالدىدىن قايتقاندا «ئاللا مۇرادىمىزغا يەتكۈزەرمۇ؟» دېگەن ئىككى خىيالدا بولۇپ يۈرەكلىرى تىترەپ كېتىپتۇ. بىراق، كىشىلەر «ئاللا تىلىكىڭگە يەتكۈزمەي قويمايدۇ دەۋاتاتتى» دېگەننى ئويلاپ، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، خاتىرجەم بولۇشۇپتۇ.

روھىي كارامەتتىن بولغانمۇ ياكى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىخلاس بىلەن تىلىگەن تىلەكلىرى ئاللانى ئېرىتكەنلىكتىن بولغانمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ تىلەكلىرى ئىجابەت بولۇپ، خازان بولغان ئارمان دەرىخى ئاللا بەخش ئەتكەن باھار شامىلىدا يەلپۈنۈپ قايتىدىن كۆكىرىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىد ئايدەك چىرايلىق بىر ئوغۇلغا ئېرىشىپتۇ، ئۇ ئوغۇل دەل يۇسۇپ ئىكەن. ئىككىنچى يىلى ئۇلار يۇسۇپكە سىڭىل تۇغۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا سەمەن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

بىراق، ئۇلار ئۇ مويسىپىت بىلەن پەيغەمبەر مۇخلىسىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئوغلى بىلەن قىزىنى ئۆز باغرىدىن ئايرىپ تۇرۇش دەردىگە چىداپ، كىشىلەردىن ئەڭ يىراق جايغا ئەمەس، ئۆز چۈشەنچىسىگە ھەممىدىن باب كېلىدىغان قەبرىستانلىقتا ئاپىرىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ، ئۇلار ۋەدىسىدە تۇرمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ھايات چېغىدا ئەمدىلا پۇرەكلەشكە باشلىغان ئىككى تال غۇنچىسىنىڭ جېنىنى ئەزرائىل ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. چىمەنبانۇ ئانىلىق مېھرىدىن كېچەلمەي قاتتىق ئازاب تارتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆمۈر بويى پەرزەنت كۆرمەي ئۆتكەندىن كۆرە ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۆز ۋەدىسىنى قەيسەرلىك بىلەن ئورۇنداپتۇ. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇلارغا مەدەت بېرىپتۇ.

ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن ئۇلار ئوغلى بىلەن قىزىنى بىر قەبرىستانلىقتا باقتۇرۇپتۇ. بۇ قەبرىستانلىقتا قارايدىغانلار بالا يۈزى كۆرمىگەن، ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلار ئىكەن. ئۇلار ئىككى بالىنىڭ ھالىدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. چىمەنبانۇ بىلەن

جەمشىد يۈسۈپ بىلەن سەمەتنى دائىم يوقلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئاخىر ھەممىمىز جەم بولىدىغان كۈنمۇ يېتىپ كەلدى، — دېدى چىمەنبانۇ. ئۇنىڭ چىرايى بايىقىدىنمۇ بەكرەك تۇتۇلغانىدى، — سەن ساق ـ سالامەت يېنىمىزغا قايتىپ كەلدىڭ. بىراق، بىچارە سەمەن ئاپىسىنىڭ باغرىدىن قەبرىستانلىقنى بەكرەك ياقتۇرۇپ قالغانمىدىكىن، ئۆپكە يالللۇغىغا مۇپتىلا بولۇپ، شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا سەن ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن. سەمەن بىر ياشتىن ئاشقانىدى.

چىمەنبانۇنىڭ يىغلاۋېرىپ قىزارغان ۋە ئىششىغان كۆزلىرىدىن ئەمدى يەنە تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇراتتى. چىرايىدىن چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى خۇددى بىر جۇپ ھەيكەلدەك زۇۋان سۈرمەي، بىر ـ بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان چىمەنبانۇ ئوغلىدىن گەپ كۈتۈپ تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۇتتەك قىزىق قۇملۇقتا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىش ئامالىنى تاپالمايۋاتقان ئادەمدەك ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى توقۇغان ھېكايىگە زېھنى ئۆتكۈر ئوغلىنىڭ ئىشەنمەي بىرمۇنچە سوئاللارنى ياغدۇرۇشىنى بىلەتتى، شۇڭا ھودۇقۇپ، بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

يۈسۈپ ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ قىلدى:

— زادى ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرغۇ بۇ.

بۇ گەپ قىسقا بولسىمۇ، ئەمما يەر تەۋرىگەندەك شۇنداق دەھشەتلىك ئاڭلاندىكى، ئۇنىڭ زەربىسىدە چىمەنبانۇ باش قاتۇرۇپ ياساپ چىققان ھەشەمەتلىك بىنا گويا قۇم دۆۋىسىدىن ھاسىل بولغان ئۆيدەك گۇمۇرۇلۇپ تۈپتۈز بولۇپ كەتتى.

يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ مۇنداق كۆلدۈرلىتىشىغا ئەمدى تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ قانداق كارامەتلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈنلا ئۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى.

— مۇنداق سىرلىق ۋەدىلىشىش قايسى دىنىنىڭ، قايسى مىللەتنىڭ يېڭى پەتىۋاسى ئىكەن؟ پەيغەمبەر مۇخلىسىغا سەجدە قىلىش، ئاللاغا ئېتىقاد باغلاش دېگەنلەرنى سىلەر قاچانمۇ ئۆزۈڭلەرگە ھەمراھ تۇتۇپ باققان؟ سىلەردەك ئادەملەر جاھاندا مودا بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئالىي مىزان قىلىپ كېلىۋاتىسىلەر، ئاللانىڭ ئەمرىنى بىر تىيىنغا ئالمايسىلەر، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى «كالتە پەملىك»، ئۆشرە ـ زاكات بېرىشنى «پۇلنى زايا قىلغانلىق»، روزا تۇتۇشنى «ئاچ قېلىش»، ھەج ـ تاۋاپ قىلىشنى «خەتەرلىك سەپەر» دەپ بىلىسىلەر. بۇ ئىشلار سىلەردەك موداپەرەسلەرنىڭ نەزىرىدە رەڭۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۆمران بىلەن مەريەمنىڭ، زىكرىيا بىلەن يەھيانىڭ ھېكايىسى سىلەر ئۈچۈن كۆپ بولسا قەدىمكى رىۋايەتتىنلا ئىبارەت. سىلەردەكلەر ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ۋە پىداكارلىق روھىغا قانداقمۇ ئىشىنىسىلەر؟

يۈسۈپنىڭ ئاچچىق تەنە گەپلىرى چىمەنبانۇنى ئۈمىدسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ باش قاتۇرۇپ توقۇغان چىرايلىق گەپلىرى گويا بازغان تەگكەن ئەينەكتەك كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. ئۇ بىرھازاغىچە جىممىدە كېتىپ، بىر چاغدا ئارانلا:

— يۈسۈپ، بالا يۈزى كۆرۈشنى ئويلىغان كىشى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ، — دېدى.

— بولدى، بۇنداق گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ، ھەرقانداق قىلىپمۇ مېنى ئىشەندۈرەلمەيسىز، سۆزلىگەن ھېكايىڭىزنىڭ قىلچە راست يېرى يوق، شۇڭا ئۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئەسلا رايىم بارمايدۇ. زادى كۈتكەن يېرىمدىن چىقالمىدىڭىز !

يۈسۈپ يەنە چىچىلىشقا باشلىدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بىرى كاللىسىغا كەلگەن بەزى ئۇششاق ئىشلارنى ئىختىيارسىز يادىغا ئالدى. بۇ ئىشلارغا ھېچقانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ھازىرقى ئەقىل يەتكۈزۈپ بولمايدىغان سىرلىق ھالىتىنى كۆرگەندە، نېرى ـ بېرىسىنى ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ئىچىدىكىنىڭ ھەممىسىنى تۆكمەكچى بولدى، چىمەنبانۇ ئۆزىنى ئىقابلاشنىڭ باشقا يولىنى ئويلاۋاتقاندا، يۈسۈپ ئېغىز ئاچتى:

— بەلكىم ماڭا يەنە شۇنداق بىرمۇنچە غەلىتە ئەپسانىلەرنى ئېيتماقچى بولۇۋاتىدىغانسىز، بولدى قويۇڭ، ئۇ گەپلىرىڭىزنى ئەقلىمگە سىغدۇرالمايمەن، — يۈسۈپ گويا ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىۋاتقاندەك ئېغىر ئۇھ تارتتى، — ئاپا، مەن سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ باقمىغان. بۇرۇن بەزى ئىشلىرىڭىز ماڭا سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا كاللامغا بەزى خىياللار كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئىشلىرىڭىز ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئالايلۇق، سىز باشقىلارنى ياقتۇرمايتتىڭىز، ھەتتا سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان دادامغىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى يامان كۆرۈپ كەلدىڭىز. سىز دادامغا تۇرمۇشتا كۆرۈنۈشتىلا ھەمراھ، ھەققە ئۆزىڭىزنى تەربىيە كۆرگەن ئايالدەك كۆرسەتتىڭىز، لېكىن دادامغا ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك مېھرىڭىز بىلەن كۆيۈنمىدىڭىز، بىلسىڭىز، راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ دادام بىلەن ھەمنەپەس بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق، مەن ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندىن بۇيان، سىزدە تۇرمۇشۇڭلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىش دېگەننى ناھايىتى ئاز كۆردۈم.

— يۈسۈپ، مۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولما! — دېدى ئوغلىنىڭ گەپلىرى يىغىرىغا تەگكەن چىمەنبانۇ سۆز ئارىلاپ.

— ياق، ئاپا، بۈگۈن بۇ گەپلەرنى دەۋەتمىسەم بولمايدۇ، بۇنىڭغا يول قويمايدىكەنسىز، باياتىنقى ئالدامچىلىقىڭىزنى

ھەرگىز كەچۈرەلمەيمەن، — دېدى يۈسۈپ قىلچە يول قويماي — سىز يەنە ھەمىشە ئۆزىڭىز يالغۇز خىيالغا پېتىپ يۈردىڭىز، ئۇ ھالىڭىزنى كۆرگەن كىشى سىزنى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بەزى چاغلاردا سىزنىڭ جىمجىت قاراشىڭىز تۈندە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىڭىزدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار. سىز بولسىڭىز ئۇنى ئادىتىم دەپ كەلدىڭىز، دادامۇ سىزنى سالامەتلىكى ناچار دېگەچكە، شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ كەلدىم، — ئۇ ئاپىسىغا لەپپىدە بىر قاراپ، ئاپىسىنىڭ يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ئاپا، مەن كۆڭلەرنى قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر كەينى ـ كەينىدىن ماڭا زەخمەت سانجىلىپ، مېنى خاراب قىلايلا دەپ قالدى. ئاللانى تىلغا ئېلىپ سىزدىن تىلەي، ئەمدى مېنىڭ ئازابىمنى ئېغىرلاشتۇرماڭ. مېنى ھېچكىم ماھىنۇر بېشىمغا سالغان ئازاب ۋە نومۇستىن خالاس قىلالمايدۇ، ئەمما بېشىمغا چۈشكەن يېڭى ئازابتىن سىز خالاس قىلالايسىز، بىراق شۇنداق قىلىشنى راۋا كۆرمەيۋاتىسىز. بۇنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. شۇڭا، ئادەتتىكى چاغلاردىكى غەيرىي مىجەزلىرىڭىز يادىمغا چۈشۈپ، بايىقىدەك گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن، — يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالاھىدە سىلىق ئاھاڭدا سۆزلىدى، — ئاپا، مەن نەچچە كۈندىن بېرى شۇ ھالەتتە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، ئەمدى ئېككىلەنمەي ئېيتىڭ، يەنە ئالدايمەن دېمەڭ، ھەممىنى ئېيتىڭ! مەيلى ئۆزىڭىزنىڭ بەختسىزلىكى ياكى مېنىڭ ئۆتمۈشۈم بولسۇن، ئەينەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلا بولىدىكەن، مەن ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيمەن. ماڭا ئىچ ـ قارنىڭىزنى تۆكۈپ، بارىنى قويماي سۆزلەپ بېرىڭ، ئاپا! سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي ...

— يۈسۈپ! ...

چىمەنبانۇ بىردىنلا ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ يۈسۈپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدى، ئوغلىنىڭ سەمىمىي ئۆتۈنۈشلىرىنى ئەمدى رەت قىلالمايدىغان يەرگە يەتتى. ئۇ قايتىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

كۆپ يىللاردىن بېرى، ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ يوقلۇقى چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكىنى كۈيىدەك يەپ چاك ئېتىپ كېلىۋاتقان بولسا، مانا ئەمدى بۇ ئازاب ئۇنىڭغا قارا بوراندەك بىردىنلا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ «جەمشىد بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەم ۋە نومۇس ـ كۈلپەتلىرىمنى ئۆلسەم گۆرۈمگە ئەكىتىمەن» دېگەن شېرىن خىيالدا بولغانىدى. لېكىن، بۇ خىياللىرى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ «خەپ لەنىتى جابىر !» دەپ ئىچىدە جابىرنى قارغىدى. ئوغلىنىڭ ھازىرقىدەك مەجنۇنلارچە ھالەتكە چۈشۈپ، ئۆزىنى قىستاۋاتقانلىقى ئەنە شۇ جابىرنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاشۇ ئازاب ۋە گۇمان ئوقىنى سانجىغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. «ئاھ خۇدا ! مانا ئەمدى ئۆتمۈشتىكى رەسۋاچىلىقلىرىمنىمۇ، ئوغلۇمنىڭ تەكتىنىمۇ يوشۇرۇشقا ئامال قالمىدى» دېگەنلەرنى ئويلىدى چىمەنبانۇ.

باشتا ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەممە ئىش بەرباد بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان چىمەنبانۇ ئۆزىنى سەل تۇختىتىۋالغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ گەپلىرى ئىچىدىن ئۆزى خۇشال بولغۇدەك بەزى نەرسىلەرنى بايقاپ، قەبرىستانلىقتا تۇرغانلىقىنى بىلگىنى بىلەن، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىسە كېرەك، دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن گەپ توقۇپ ئىشنى ئۇنىڭغا تارتماقچى بولغانىدى. بىراق، چېچەنلىكتە شەيتاندىن قېلىشمايدىغان ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قارغىش تەگكۈر جابىر تۇتاشتۇرغان ئوتنى يالغان گەپلەر بىلەن قانداقمۇ ئۆچۈرەلىسۇن؟ ئۇ ئوت كۈتكىنىنىڭ تەتۈرىچە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى !

چىمەنبانۇ بارغانسېرى ئامالسىز قېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ھەممە ئىشنى ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، شۇ ھامان:

ئەزەلدىن كەلدى ھەر جاننى بىھوش
ئەيلەپ پاراڭ ـ چاقچاق.
لېكىن ئېيتسام ھېكايەمنى يۈرەك ـ باغرىڭ
بولار چاك ـ چاك.

دېگەن بۇ ھەسرەتلىك مىسرالار يادىغا چۈشۈپ، ئوغلىغا ئېيتماقچى بولغان ئەھۋاللار ئۇنىڭغا گويا بىر ئوغا بولۇپ تۇيۇلۇپ، ئىچىدىكىنى ئوغلىغا تۆكۈشكە چىدىماي قالدى. ئۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ خاتىرجەم، راھەت، كۆڭۈللۈك ھەم ھەشەمەتلىك ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشى ئەسلىدىنلا بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ ئوغلىغا ئاشۇ شەيتان شەھىرى[①] نى رېئاللىق دەپ ئىشەندۇرۇشنى ئەۋزەل بىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئانىلىق تەبىئىتى ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھنى ئوغلىغا ئېيتماسلىققا دەۋەت قىلىپ كەلگەنىدى. بىراق، ئانىلىق سۈپىتىدە ئويلىغان بۇ ئويلىرىنىڭ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ئۆزىنىڭ قانداق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئوغلى بىلىدىغان بولسا، ئوغلىنىڭ ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نېمە ئامالى بولسۇن؟ جابىرنىڭ تىلى چىمەنبانۇنى ئوغلى ئۈچۈن ئاشۇ «شەيتان شەھىرى»نى ساقلاپ قېلىش قۇدرىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلغانىدى، شۇڭا ئۇ «تەۋەككۇل دەرياسىغا سالدىم كېمەمنى» دېگەندەك يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

— يۇسۇپ! مەن تەكتىڭنى ساڭا زادى بىلدۈرمەي كەلگەنىدىم، باياتىنقى گەپلەرنى قىلىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن بولغانىدى، سەن ھەرگىز بۇنى ئاپام ئالدامچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ

① شەيتان شەھىرى — يەنە بىر ئاتىلىشى ئېزىتقۇ، سەراپ.

ئويلاپ قالما، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— مېنىڭ گەپلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ ئاپا، مېنى كەچۈرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— مېنى كەچۈر، بالام. مەن بىر گۇناھكار ئانا، سەن بىگۇناھ ئىدىڭ. بىراق، ئەمدى ساڭىمۇ قاتتىق ھار كېلىدىغان ئىشلارنى ئالدىڭدا ئېيتماي ئىلاجىم يوق. ساڭا گېلىڭدىن ناھايىتى تەستە ئۆتىدىغان ئاچچىق دورا ئىچۈرگەندەك ئىش قىلماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمايۋاتىمەن. سەن ئاخىر چۈشكە ئوخشايدىغان ئەمەلىيەتتىن ئاپاڭنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى دەپسەندە قىلىنغان ئايال ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپسەن، — دېدى چىمەنبانۇ. ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىنچىپ قالغانىدى، — مەن ئىنسان ھاياتىنىڭ شەرمەندىلىك ئازگىلىغا تاشلاندىم، مېنى بۇ ئازگالغا ئۆز دادام ئىتتىرىۋەتتى دېسەم بولىدۇ.

— ئۇ ھازىر نەدە؟ — سورىدى يۈسۈپ.

— ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. شۇنداقتىمۇ مېنى ۋەيران قىلغان ھېلىقى ئادەمنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، مېنىڭ شۇ ئادەم بىلەن جىنايەت دېڭىزىدا بىللە ئۈزۈشۈمگە يول قويۇپ بەردى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ ئادەم مېنى ئازاب دېڭىزىغا تاشلىۋېتىپ، ئۆزى قىرغاققا چىقىۋالدى، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى.

ئاپىسىنىڭ بۇ گەپلىرى يۈسۈپكە بەك تومتاق تۇيۇلدى.

— سېنىڭ قانۇنسىز، رەھىمسىز، ۋىجدانسىز داداڭ ئەنە شۇ، ئىسمى ياقۇپ،① بىر ئەنگلىيەلىك زەردارنىڭ ئوغلى، — دېدى چىمەنبانۇ.

توساتتىن بىر مۇشت كېلىپ تەگكەندەك، يۈسۈپنىڭ بېشى

① ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە ئىسمى ياكوب، مۇسۇلمانلارچە ئىسمى ياقۇپ.

پىررىدە قايدى.

— مەن ئۇنىڭ ئالدامچىلىقتىن توقۇلغان ئالتۇن تورىغا چىرمىشىپ، نىمە دىسە ماقۇل دەيدىغان قولىغا ئايلاندىم، جاندىن ئەلا تۇرىدىغان ئىپپەت ـ نومۇسۇمدىن ئايرىلدىم ...

چىمەنبانۇ ئاشۇ گەپلىرىنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ بەردى: ئۇ ياقۇپنىڭ قايتا ـ قايتا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ۋە «توي قىلىمىز» دەپ ۋەدە بىرىشى ئارقىسىدا، ياقۇپنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بوپتۇ. ياقۇپ ئۇنىڭ نومۇسىنى بۇلغاپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىمەنبانۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئالدىدا بەكمۇ سەتچىلىككە قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ ۋە قورقۇپتۇ. ياقۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ: «قەدىرلىكىم، نىمىدىن غەم يەيسىز؟ بالىمىز تۇغۇلغان ھامان ئۇتى قانۇنلۇق ئاتا ـ ئانا بولۇپ قارشى ئالىمىز، يەنە ئاز كۈننى ئۆتكۈزسەكلا بولغىنى» دەپتۇ، چىمەنبانۇ ياقۇپنىڭ ۋەدىسىگە چىنپۇتۇپ خاتىرجەم بوپتۇ. قورساقتىكى ئوغلىنى — يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ ئولتۇرغان مۇشۇ يۇسۇپنى — قانۇنلۇق ئوغلى قاتارىدا ئەڭ ياخشى ئارزۇ بىلەن قورسىقىدا ساقلاپتۇ، ئۇنى چۇشۇرۇۋىتىش خىيالىدا بولۇپ باقماپتۇ، مۇنداق خىيال كىشىلىك ھاياتىنىڭ مەقسىتىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسنى قاندۇرۇش دەپ بىلىدىغان ئاياللارغىلا خاس دەپ قاراپتۇ.

— ... مەن سىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئاناڭ بولۇشنى ئويلىغانىدىم. ئاق كۆڭۈل ئانا بولۇش ئارزۇيۇم بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ سىنى ئامان ساقلىغانىدىم. بىراق، سەن دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ئاياللار ئۇچۇن جاندىنمۇ ئەزىز تۇرىدىغان ئىسىل نەرسەمنى يوقاتقانلىقىمنى بىلدىم.

ئۇياتلىق ئەسىر قىلىۋالغان يۇسۇپ ئاپىسىنىڭ ئازابلىق ئۆتمۈشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى توغرىسىدىكى يۈرەكنى ئېزىدىغان بايانلارنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى

نومۇستىن بىردەم قىزىراتتى، بىردەم تاتىراتتى. چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ كەيپىياتىنى، قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى پۈتۈنلەي چۈشەنگەنىدى.

ئۆينىڭ ئىچىنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى، ئاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا ئېسەدەپ يىغلاش ئاڭلاندى.

جەمشىدنىڭ بايۋەچچىسى بولۇپ كەلگەن يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئىگە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى شەيتان شەھىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، بۇنىڭدىن كېيىن جەمشىد سارىيىدىكى ئىت ـ مۈشۈكلەرمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ بالدۇرقى بايۋەچچىسىنى مەسخىرە قىلىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. چىمەنبانۇنىڭ يۈسۈپنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان مېھرىبان ئانىلىق ئوبرازىمۇ بۇگۈندىن باشلاپ يوقىلىدۇ، خۇددى ئاللا نەپىسى ئۇزۇلەي دەپ قالغان گۇناھكارنىڭ جېنىنى زەئىپ تېنىدىن جۇدا قىلغاندەك، چىمەنبانۇنىڭمۇ ھەرقانچە ئازابلىنىپ يالۋۇرۇشىغا قارىماي، گۇناھكار جېنىنى ئەكەتمەي قويمايدۇ. يۈسۈپنىڭ دەرد ـ ئەلىمى چىمەنبانۇغا تامامەن ئايان. يۈسۈپ ئۆزى ئىززەتلەپ كەلگەن دادىسى جەمشىدتىنمۇ، دادىسى بەخش ئەتكەن يۇقىرى مەرتىۋىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ، مەڭگۇ مەھرۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مەڭگۈلۈك مەسخىرە ھەمراھ بولىدۇ. يۈسۈپ ئەسلىي زاتىنى يېپىپ كەلگەن ئالتۇن تونى ئېلىپ تاشلانغان، بېشىغا كىيگەن ئېسىل بەگزادىلىك تاجىدىن ئايرىلغان ھامان، ئۇ خەق مەسخىرە قىلىدىغان نىشانغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

چىمەنبانۇ ئوغلىنىڭ غېمىدىلا قالدى. ئەزرائىل سەللا كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، يۈسۈپنى قايتىدىن چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدىغانلىقى ياكى ئەسەبىيلەشتۈرۈپ مەجنۇن قىلىۋېتىدىغانلىقى چىمەنبانۇغا ئايان ئىدى. چىمەنبانۇ ئۆزىنىڭ قان ـ ياشقا تولغان ئۆتمۈشىنى ئوغلىغا سۆزلەپ بېرىۋېتىپ،

ئوغلىغا خىجىللىق ۋە قورۇنۇش بىلەن كۆز تاشلايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بىشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشى ۋە ھاسىراپ نەپەس ئېلىشىدىن قەلبى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقانلىقىنى بايقىدى:

«ھەممە بالانى تېرىغان ئاشۇ ۋەھشىي جابىر، سېنى مۇشۇنداق چوڭ ئازابقا قويغان بالاخور شۇ.» چىمەنبانۇ ئانا ـ بالا ئىككىسىگە بۇگۈنكىدەك بەختسىزلىك ئەكەلگەن جابىرنى ئىچىدە يەنە قارغىدى. ئەگەر جابىر شۇنداق قىلمىغان بولسا، چىمەنبانۇ ئۆزى تا گۆرگە كىرىپ كەتكۈچە سەۋر ـ تاقەت قىلاتتى، ئوغلى ئىززەت ـ ئابرۇي ئىچىدە ياشايتتى.

ئۇنىڭ شۇنچە سەۋر ـ تاقەت قىلغانلىقى ماختاشقا لايىق ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆز ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇم ـ تۇپراقتىن قوپۇرۇلغان سارايدا باتۇرلۇق بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. جىنايەت، ئالدامچىلىق، بىۋاپالىق، شۆھرەتپەرەسلىك دېگەنلەر گويا ئۇنى ھازىرلا يالماپ كېتىدىغان ئەجدىھادەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىدا خىرىس قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ قاچاندۇر قارا بوران چىقىپ ئۆزى قۇم ـ تۇپراقتىن سالغان مۇشۇ سارايىنى تۇپتۇز قىلىۋېتىشتىن ئەنسىرەپلا كەلگەنىدى. ئۇ مۇبادا جابىر ئارىغا مۇشۇنداق پىشكەللىك سالمىغان بولسا، ھەممە ئىشنىڭ چاتاق چىقماي جايىدا كېتىۋېرىدىغانلىقىغا ھازىرمۇ ئىشىنىۋاتاتتى.

ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئويلىدى: يۇسۇپ ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئانىلارنىڭ ياكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئانىلاردىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ پاجىئەسى توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايىلەرنى ئوقۇغىنىدا، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقاتتى. مانا ئەمدى يۇسۇپنىڭ ئۆزى شۇنداق بالىلاردىن بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ بەختسىزلىكىگە كىم ئىچ ئاغرىتسۇن؟ ئۇنىڭ دەردىگە كىم دەرمان بولسۇن؟

ئۆيدە ھۆكۈم سۈرگەن تىپتىنچلىق ۋە ئېسەدەشلەر بارا ـ بارا

غايىب بولدى.

چىمەنبانۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ قىز ۋاقتىدىن تارتىپ قانداق ئازغانلىقى ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى يۇسۇپكە سۆزلەپ بەردى.

چىمەنبانۇ زىلۋا ياش چاغلىرىدا، لاپ ئەمەس، ھەقىقەتەن شائىرلار سۈرەتلەيدىغاندەك بەك چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ قىز دوستلىرىمۇ ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن. چىمەنبانۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى غەرب مەدەنىيىتىگە چوقۇنىدىغانلاردىن بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەرنى دوراشنى شەرەپ بىلىدىكەن. ئۇمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە يات مىللەت مەدەنىيىتىدىن تەلىم ئاپتۇ ۋە شۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپتۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يالغۇز قىزى بولغاچقا، ئاتا ـ ئانىسى بەك ئامراقلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپتۇ. قىزى خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئاتا ـ ئانىسىمۇ خۇشال بولىدىكەن. شۇ كەملەردە ئۇنىڭ ئائىلە مۇھىتى خاتىرجەم بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غەم ـ قايغۇسىز كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئۇنىڭ دادىسى سەھراپ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، تەربىيە كۆرگەن، نومۇسچان كىشى ئىكەن. بىراق، غەربلىكلەر بىلەن ئالدى ـ بەردىسى، باردى ـ كەلدىسى كۆپەيگەنسېرى، ئۇ ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممە جەھەتتە غەربلىكلەرنى دورايدىغان بوپتۇ.

دادىسىنىڭ ئامىتى قاچقاچقا، نەچچە ئون تۈمەن رۇپىيەلىك تىجارىتى كاساتلىشىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭغا يارىشا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ئەلۋەتتە ناچارلىشىپ بېرىپتۇ. دادىسى بىراقلا قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا خانىۋەيران بوپتۇ. مەرتىۋىسىمۇ بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. ئائىلە تۇرمۇشى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئاخىر بىچارە دادىسىغا مۇساپىر

بولۇپ ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىشتىن باشقا يول قالماپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار يۇرتىدىن تۇيدۇرماي چىقىپ كېتىپتۇ. دادىسى قەرز ئىگىلىرىگىمۇ گەپ قىلالمايلا قېچىپ كېتىپ، ۋىجدانىي گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئىززىتىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ. دادىسى باشقىدىن روناق تېپىش يولىنى ئىزدەپ، چىمەنبانۇلار تا هازىرغىچە تۇرۇپ كەلگەن جەنۇبىي ئاسىيا دېڭىز ساھىلىدىكى مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ توختاپتۇ.
بۇ ئۆز ۋاقتىدا كىشىنى ئاجايىپ جەلپ قىلىدىغان يەر ئىكەن. ئۇلار: «بۇ يەردىكى زاۋۇتلار قابىل كىشىلەرنى ئەتىۋارلايدىكەن، شىركەتلەر بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولغانلىكى كىشىلەرنى قارشى ئالىدىكەن، سودا ئەهلى، ئەمگەكچان ۋە قائىدىلىك كىشىلەرگە مەدەت بېرىدىكەن، ئاھالىلەر ئارىسىدا مەرد ـ رەھىمدىل كىشىلەر ئەتىۋارلىق ھەم كۆپ ئىكەن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ.
چىمەنبانۇنىڭ دادىسى ئۆز قابىلىيىتىگە ناهايىتى ئىشەنگەچكە، ئۆز تەجرىبىسى، تىرىشچانلىقى ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ئۇزاققا قالماي باش كۆتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىدىكەن. ئۇ تېزرەك پۇل تېپىپ، يۈز ـ ئابرۇيى بىلەن يۇرتىغا قايتىپ قەرزىنى قايتۇرۇش، يېڭىباشتىن ئۆز ئىشىنى ئىزىغا سېلىش خىيالىدا بوپتۇ. بىراق، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي، شۇنچە قاتىرىغان بولسىمۇ، بارغانلا يېرىدە بۇرنىغا يەپتۇ. بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتىپ، مۇساپىرچىلىقتا كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەمەلگە ئاشماپتۇ. بۇ مەغلۇبىيىتى مەيۈسلۈككە گىرىپىتار قىپتۇ؛ ئىززەت ـ نەپسى مەسخىرىگە ئۇچراپتۇ، ئاخىر بېرىپ ئەقلىدىن ئاداشقان پەسكەش ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.
دادىسىنىڭ تاپاۋىتى تايىنلىق ئىكەن. سەھەر تۇرۇپ، كەچ قايتىپ، مىڭ جاپادا ئاز ـ تولا پۇل تاپقان بولسىمۇ، ھەممىسىنى هاراققا خەجلەپ تۈگىتىدىكەن. گادايلىق دەردىنى هاراقنىڭ

كۆچى بىلەن پەسەيتىدىكەن. شۇ ۋەجدىن، ئۆيدىكىلەر بەزىدە ئانچە - مۇنچە قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن قورساق گوللىسا، بەزىدە ئاچ قالىدىغان بوپتۇ. يېرىم توق، يېرىم ئاچ ئېغىر كۈنگە قېلىۋاتقان ئەھۋالدا ئۆي ئىجارىسى تۆلەش ۋە كىيىم كېيىشكە ئەسلا قۇربى يەتمەپتۇ.

ئۇلار ئەنسىرەپ كەلگەن ئىش ئاخىر يۈز بېرىپتۇ، ئۇلار سىنتاكروزدا بىر ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن ئۆي ئىجارىسىنى تاپشۇرالمىغاچقا، ئۆي ئىگىسى قوغلىغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ھال دادىسىنىڭ غېمىگە غەم قوشۇپتۇ. دادىسى خوتۇن - بالىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، زامانىنىڭ شۇنچە تەتۈرلۈكىنى، جەمئىيەتتە خانىۋەيران بولۇپ تەڭلىكتە قېلىۋاتقان كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش كويىدا يۈرۈۋاتقان لۈكچەك - خۇلىگەنلەرنىڭ جىقلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «نەگە بېرىپ تۇرساق بولار؟ كېيىنكى قەدەمنى قانداق باسساق بولار؟» دەپ ئازابلىنىپتۇ.

سىنتاكروز شەھەر ئەتراپىدىكى مەنزىرىسى چىرايلىق يەر ئىكەن. سودىگەرلەر ۋە زەردارلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شەھەرنىڭ ئاۋات رايونلىرىدا كۆنبويى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، جېدەل - غوۋغا بېسىلماي، كىشىنى بەك كۆڭۈلسىزلەندۈرىدىكەن ۋە زېرىكتۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، سىنتاكروز ئاجايىپ جىمجىت ھەم تىنچ جاي ئىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرغان ئۆيى «جەننەت» دەپ ئاتالغان چىرايلىق بىر داچىنىڭ يېنىدىلا ئىكەن، داچىنىڭ ئىگىسى دۆلەتمەن ئىنگلىز پرومۇم ئىكەن. بۇ داچا ناھايىتى كەڭ بىر زېمىننى ئىگىلەپ تۇرىدىكەن. قورۇق تام ئىچىگە سىلىنغان چوڭ - كىچىك ئۆيلەر داچىنىڭ مېھمانخانىسى ئىكەن. داچا راستتىنلا ئىسمى - جىسمىغا لايىق جەننەت ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك، كۈمۈش رەڭ ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ تۇرىدىغان فونتان، ياپيېشىل دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان كۆل، تەپتەكشى ۋە

سۇرەتتەك چىرايلىق يىشىل چىملىق بار ئىكەن.
پىرومۇمنىڭ ۋۇجۇدىدىن غەرب كىشىلىرىنىڭ ئادىتى ۋە مىجەزىگە خاس كەمچىلىكلەرمۇ، ئۆزىگە خاس بەزى ئارتۇقچىلىقلارمۇ تېپىلىدىكەن. ئۇ ناھايىتى كەڭ قورساق، مەرد بولغانلىقى ئۈستىگە تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ چىمەنبانۇنىڭ دادىسى بىلەن بىر ــ ئىككى قېتىم سىرداشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇش پاراڭ ۋە خۇش مۇئامىلە مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. پرومۇم بارا ــ بارا ئۇنىڭ ھالىنى چۈشىنىپ، قورۇسىدىكى بوش ئۆيلەردىن بىر يۇرۇشنى ئۇلارغا بېرىپتۇ. چىمەنبانۇنىڭ دادىسى شۇ كەملەردە ئىززەت ــ نەپسىنى تېخى يۇتۇنلەي يوقاتمىغانىكەن، پىرومۇمۇ بۇنى بىلگەنىكەن. پرومۇم ئىززەت ــ نەپسى كۈچلۈك ئادەملەر گادايلىق غېمىدە ھوشىنى يوقىتىپ قويسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە سەزگۈر كېلىدۇ، كىچىككىنە ئىشتىن كۆڭلى قاتتىق ئازار يەيدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆينى بېرىدىغان چاغدا: «سىز ئۆي ئىجارىسىنى كېيىنرەك ھالىڭىز ياخشىلانغاندا تۆلىسىڭىزمۇ بولىدۇ! مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلىسىڭىزمۇ مەيلى. بىراق، مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى رەت قىلماڭ، مېنى ئىنىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىڭ!» دېگەنىكەن.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاشۇ چىرايلىق، ئازادە «كىچىك داچا»غا كېلىپ خۇشال بولۇشۇپتۇ.
پرومۇم ئەپەندىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن چىمەنبانۇنىڭ دادىسىنىڭ تاپاۋىتىمۇ كۆپىيىپ، ئۆيدىكىلىرى بىلەن ئىككى ۋاخ تويغۇچە تاماق يېيەلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.
پرومۇم ئەپەندىنىڭ ياكوب ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ يالغۇز ئوغۇل بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئەركە بېقىلغاچقا، خالىغىنىنى قىلىپ كەپسىز چوڭ بولغانىكەن. ئەمما، پرومۇم ئەپەندى ئىنگلىزلارنىڭ بالا تەربىيەلەش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى ئۇنۇتۇپ، ياكوبنىڭ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇنقى

تەربىيەسىگە ۋە مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىشىغا سەل قاراپتۇ. بۇ ھال ياكوبىنىڭ ئادەم بولۇشىغا ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيان يەتكۈزۈپتۇ. ياكوبىنىڭ رەسمىي بىلىم ئېلىشقا ۋە تەربىيە كۆرۈشكە تېگىشلىك چاغلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياشلىقى قانات قېقىپ تۇرغان چاغلار ئىكەن. شۇ كەملەردە ئۇلار ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ياشلارغا ئوخشاش پاراسەتتىنىمۇ، غەم ـ قايغۇدىنمۇ خالىي بولۇپ، ئۆز ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشتىن ئۆزگە ھېچنېمىنى ئويلىماپتۇ، پەرزەنتىنى تەربىيەلەشكە، ئائىلە ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەپتۇ، ياكوب ئاتا ـ ئانىسىنى ناھايىتى سېغىنغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە تەشنا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىلبويى سىرتقا چىقىپ، دۇنيانى ئايلىنىپ، قانغۇچە تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. ياكوب پۈتۈنلەي تەربىيە كۆرمىگەن ئىنىكئانىسىنىڭ، ئەدەپسىز چاكارلارنىڭ، مەسئۇلىيەتسىز ئائىلە مۇئەللىمىنىڭ ۋە تۇۋۋەن تەبىقىدىن چىققان، تەربىيە كۆرمىگەن خىزمەتچىلەرنىڭ قولىغا قاپتۇ. ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئۇ قانداقمۇ ياخشى تەربىيەلىنەلىسۇن؟ شۇنداق قىلىپ تۇرلۇك يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇپ بەڭگە ھەم ھاراقخۇمار بولۇپ قاپتۇ. ياكوبىنىڭ يېشى چوڭىيىپ، ئەقلى ئۆسكەنسېرى شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىشكە باشلاپتۇ.

مەيلى ياخشى بالا بولسۇن ياكى يامان بالا بولسۇن، ئەتراپتىكى مۇھىت ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان نىشانىنى بويلاپ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەربىيە كۆرمىگەن ياكوب توغرا يولنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشى كىچىك بولغانلىقى ئۇچۇن، ئەگرى يولنى بويلاپ چېپىۋېرىپتۇ. يامان ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋاپتۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ يامان ئىشلارنى قىلسا تەرەپ ـ تەرەپتىن چاپان ياپىدىغانلار چىقىپ تۇرغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ باشقىلارنىڭ بالىلىرىدا تېپىلمايدىغان بىرمۇنچە يامان قىلمىقلارنى سىڭدۇرۇۋاپتۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ

كۆچى ۋە مەرتىۋىسىدىن ئەيمەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈشنى كۆزلەپ، ياكوب قانداقلىكى تەلەپ قويسا، ھەممىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ، بۇ بايۋەچچىگە خىزمەت قىلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئابرۇي دەپ بىلىپتۇ.

يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكى، ئۇلارنى دورىغانلىقى ئۈچۈن، ياكوب ئىنتايىن شاللاقلىشىپ، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بەك بالدۇر بېرىلىپ كېتىپتۇ. «بۆرۈن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتتە دادىسىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ. ئېسىل هاراق ۋە چىرايلىق قىزلار ئۇنىڭ ئىككى چوڭ ھەۋەس ـ خۇمارىغا ئايلىنىپتۇ. ياكوب چىرايى قاملاشقان، خۇش قامەت، گەپكە ئۇستا، ئۇنىڭ ئۈستىگە زەردارنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنى ۋە تانسا ئوييناشنى ئامەت دەپ بىلىپ، بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ، ئۇنىڭ بىللە سەيلە ـ تاماشا قىلىدىكەن ۋە شۇ باھانىدە بۇ بايۋەچچىدىن ئانچە ـ مۇنچە نەپمۇ ئېلىشىدىكەن. ياكوب بىرەر تانسىخانىغا كېلىدىغانلا بولسا، قىزلارنىڭ كۆزى شۇنىڭغىلا تىكىلىدىكەن. قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز كۆڭلىدە «خۇدايىم، ياكوب مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىيدى» دېگەن ئارزۇدا بولىدىكەن، ياكوبنىڭ مۇھەببىتى گويا كىم ئېرىشسە شۇنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرىدىغان تەبىئىي قورالغا ئايلىنىدىكەن، بەزى كۆڭلى سۇيۇق قىزلار بۇ قورالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆزىنى ۋەيران قىپتۇ.

چىمەنبانۇلار ياكوب بىلەن بىر داچىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئەلۋەتتە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. چىمەنبانۇ شۇ كەملەردە ئون سەككىز ياشتا ئىكەن، ياكوب كېلىشكەن قامىتى ۋە خۇش چىرايى بىلەن چىمەنبانۇنى جەلپ قىلغان تۇنجى يىگىت بوپتۇ. ياكوب چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە گويا ماگنىتتەك تارتىپتۇ. چىمەنبانۇ ياكوبنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنداق بىر سېھرىي

كۆچ بارلىقىنى ھېس قىلغانكى، بۇ كۆچ گويا بەدەنگە توك ئۆتكەندەك تەسىر قىلىپ، چىمەنبانۇنى شادلىققا چۆمدۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چىمەنبانۇ ھاياتىنىڭ يېڭى لەززىتىنى ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ، چىمەنبانۇ ياكوبقا قىزلارغىلا خاس مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى نەچچە - نەچچە تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆڭلىگە يارىشا جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ. يىگىتتىن ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇرلۇقتىن باشقا ئىنكاس بولماپتۇ، يىگىتنىڭ نەزىرىدە چىمەنبانۇ خۇددى بۇ ئالەمدە يوقتەكلا ئىكەن. ئۇنىڭ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇرلۇقى ۋە جاھانغا پاتماي قالغان ئەلپازى چىمەنبانۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سالىپتۇ. چىمەنبانۇ ئازابلىنىپتۇ، قايغۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يىگىتكە بولغان ئىشقى ۋۇجۇدىنى خۇددى ئۆز ئەرۋاھىدەك چىرمىۋاپتۇ.

كېيىنچە، چىمەنبانۇ: «ئۇنىڭ ئەتراپىدا گۈزەللىكتە بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆزى بىلەن دىنداش قىزلار شۇنچە كۆپ تۇرغان يەردە، ماڭا نېمىدەپ نەزەر سالسۇن؟ ئۆزۈمنىڭ ۋەيران بولغان سودىگەرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى، گاداي، ئورنۇم تۆۋەن، يەنە كېلىپ يات دىندىكى قىز ئىكەنلىكىمنى يادىمدىن چىقارماي» دېگەنلەرنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يېتىپتۇ.

— ياق! — دېدى چىمەنبانۇ بىردىنلا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — كېيىنكى ھەممە ئەھۋال مېنىڭ ئۇ ئويلىرىمنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى! ئۇ ماڭا قارماق تاشلاپ، ئۇندەككە كەلتۈرۈشنى، ئورىغا چۈشۈرۈشنى كۆزلەپتىكەن! قەستەن ماڭا كۆز قىرىنى سالماي، ئەتەي ئالدىمدىن ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ يۈرگەنىكەن. ئۇ ئەنە شۇنداق يول بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتماقچى بولغانىكەن. مەن ئەقىل - ھوشۇمنى يوقاتقان پەيتتە، تۇيۇقسىز مېنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشۇمنى، قانداق قىلىمەن دېسە رايىغا بېقىشىمنى كۈتكەنىكەن ...

چىمەنبانۇ گەپلىرى شۇ يەرگە يەتكەندە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ياكوبىنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇنقى سىلىق ھېجىيىشلىرى، ئۆزىنىڭ قىزلىق پاك جىسمىنى ياكوبىنىڭ قانداق قىلىپ بارا ـ بارا ئىگىلىۋالغانلىقى ... خۇددى روشەن سۇرەتتەك تىزىلىپ ئۆتتى.

چىمەنبانۇ ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆيئىچىنىمۇ جىمجىتلىق قاپلىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئىنسانىي ھاياتنىڭ شۇ گۈلزارىدا،
مەيلى سەن بارمىغىن قايسىبىر تامان.
تىكىلىپ قارىساڭ تۆت ئەتراپىڭغا،
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە تىكەنلىك ماكان.

ئۆيىنىڭ ئىچى سۇكۇتكە چۆمگەن، چىمەنبانۇ بىلەن يۇسۇپنىڭ قەلب سەھراسىدا ئەلەم بورىنى توختىماي گۈركىرەپ، ھەسرەت يامغۇرى ئۇزۇلمەي يېغىۋاتاتتى. چىمەنبانۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشنىڭ ئازابلىق خاتىرىسى كىنو لېنتىسىدەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

يۇسۇپنىڭ ۋۇجۇدى مۇزلاپ تىترەۋاتاتتى. ئۇ كىشىلىك ھاياتىدىكى رەھىمسىزلىكنىڭ تەمىنى تۇنجى رەت تېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلىماقچى ۋە ئۆزىنىڭ پارە بولغان قەلبىگە شۇ سەرگۈزەشتىلەردىن تېگىدىغان يەنە بىر زەربىنى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، چىشىنى چىڭ چىشلىگىنىچە مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.

چىمەنبانۇ قانلىق ياشلار بىلەن تولغان ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئۇغلىغا سۆزلەپ بەردى:

......

مەۋلۇت بايرىمىنى تەبرىكلەيدىغان كۈنى ئاتا ـ ئانام بىلەن بىللە كۇلۇبقا باردىم. غەرق مەست بولۇۋالغان ياكوب مەن تەرەپكە كەلدى. بىراق، ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ھال گويا يۈرىكىمنى دەسسەپ مىجىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. مەن ياكوبنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىغا خېلى

چاغلارغىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن كۆزۈمنى باشقا ياققا يۆتكىدىم.

ياكوبنىڭ يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. لېكىن، بىرپەستىن كېيىن ياكوب يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. مەن ئىتتىك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم، ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئاخىر ئۇچرىشىپ قالدى. ياكوب ماڭا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى. ياكوب مېنى تانىسىغا تەكلىپ قىلغان چېغىدا ھەيران بولۇپ چىرايىغا قارىدىم. بۇ تاسادىپىي ئەھۋالدىن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. شۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن «بۇ ئامەت ماڭا راستتىنلا نېسىپ بولارمۇ» دەپ ئويلاپ قالدىم. كۆڭلۈمدىكى ئادىمىمنىڭ ئۆزۈمگە مۇنداق يېقىن تۇرۇشىنى چۈشۈمدىلا كۆرگەنىدىم! ياكوب بولسا مېنىڭ كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن ئۇستىلىقلىرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى پەملىدى بولغاي:

— خېنىم، مەن سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىۋاتىمەن، مەن بىلەن ئويناشنى خالامسىز؟ — دېدى.

مەن ياكوبنىڭ شۇ سۆزىدىن گويا ئۇيقۇسى يېشىلگەن ئادەمدەك سەگەكلىشىپ، بۇنىڭ ئوڭۇم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم !

مەن ئۇنى قانداقمۇ رەت قىلاي؟ ئۇنىڭ تەكلىپى مەن ئۇچۇن ئاللانىڭ ئەمرىگە باراۋەر ئىدى، ئۇنى رەت قىلىش مەن ئۇچۇن گۇناھ بولاتتى.

ئۇ ماڭا ئىككى قولىنى سۇندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى نېمىدەپ چۈشىنىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئىختىيارسىز شېرىن خىياللار ئەسىر قىلغان كىشىدەك ئۇنىڭ بېجىرىم بىلەكلىرى ئارىسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۆزۈمنى خۇددى قۇشقاچ قەپەسكە

كىرگەندەك ھېس قىلدىم.

مەن ۋاپاسىز ياكوبنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىدىم. ئۆزۈمنى شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندەك سەزدىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئاتا ـ ئانامنىڭ رۇخسىتىسىز خەق بىلەن تانسا ئوينىشىم ئىدى. بۇ تەرىپىنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا نەدە چولام بولسۇن؟ راستىنى ئېيتسام، شۇ چاغدا ماڭا بۇ ئالەمدە ئاشۇ كېلىشكەن، ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە ياكوبتىن باشقا ھېچكىم يوقتەك بىلىنىپ كەتتى. مېنىڭ جېنىمنى، تېنىمنى، قەلبىمنى بارا ـ بارا ياكوب بەند قىلىۋالدى. تانسا مۇزىكىسى ئاخىرلاشقاندا ياكوبنىڭ ماڭا تىكىلگەن خۇمار كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان لەۋلىرىدە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا يۈرەكنى ئوينىتىدىغان ئاجايىپ بىر خىل قۇدرەت ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بەختىيارلىقىمدىن پەخىرلەندىم. شۇ مىنۇتلار ماڭا ئارزۇ چىنارىم چىللاپ كەلگەن باھارنىڭ باشلىنىشى بولۇپ تۇيۇلدى. ئەمدىلا قۇچاق ئاچقان مۇھەببەت سەينايىمغا ئەر جىنس تۇنجى رەت تاماشا قىلىپ كەلگەندەك بولدى. بۇ مەندە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

ئىراق، بۇ مېنىڭ بىر كۈنلەردە بېشىمغا كېلىدىغان ئاپەت ۋە ۋەيرانچىلىقنىڭ باشلىنىشى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاخىر بېرىپ ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئازاب ۋە نومۇس ئىشقا ئايلىنىشىنى ئويلىمىغانىدىم.

شۇ تانسىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ بىللە بولىدىغان چاغلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇ مېنى ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئاپىراتتى. مەن بىلەن شامۇسەھەر بىللە ئۆتۈشنى ئارزۇلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ باشقا قىزلارغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ مېنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن سۆيىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشەندىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرۈپ ھەممىنى ئۆگەندىم. ھەممىدىن مۇھىمى، ھاراق ـ

شارابتىن پەرھىز قىلمايدىغان بولدۇم. ئەسلىدە دادامنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى كۆرۈپ ھاراق ـ شارابتىن قاتتىق بىزار بولغانىدىم. مانا ئەمدى ياكوب نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان، نېمە قىلسا شۇنى دورايدىغان بولدۇم.

مەن ياكوبقا بارغانسېرى چىڭ باغلىنىپ قېلىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانام بىرئاز بولسىمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈش ئورنىغا «قىزىمىز بىر ئالتۇن قۇشنى تورغا چۈشۈرۈۋاتىدۇ» دەپ خۇرسەن بولۇشتى.

غەربنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ۋە يېڭىچە مەدەنىيەتكە چوقۇنىدىغان ئاتا ـ ئانام ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماي تۇرۇپ باردى ـ كەلدى قىلىشىمنى، مۇھەببەتلىشىشىمنى ھېچبىر يامان ئىش دەپ قارىمايتتى. ياكوبمۇ دادام بىلەن ئاپامغا پات ئارىدا ئىسلام دىنىغا كىرىدىغانلىقىنى ۋە مەن بىلەن توي قىلىش رەسمىيىتى ئۆتەيدىغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى. دادام بىلەن ئاپام بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشاللىنىپ خاتىرجەم بولۇشتى، مېنىڭ ياكوب بىلەن توي قىلماقچى بولۇشۇمغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلمىدى ۋە باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ياكوب بىلەن ئىككىمىز ئەل ئارىسىدا بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرگە پىسەنت قىلماي تاماشىمىزنى قىلىپ يۈرۈۋەردۇق، ئۆزىمىز تۇرغان يەردىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا تاماشا قىلىپ قانماي، دائىم باشقا يەرلەرگە، مەسىلەن، ماتران، لۇناۋرا، كېنرال، فونالارغا ئوخشاش مەشھۇر ساياھەت رايونلىرىغا بېرىپ، نەچچە ـ نەچچە كۈنلەپ تاماشا قىلىپ كەلدۇق.

ياكوب ئىككىمىزنىڭ ئالاقىسى سەل چەكتىن ئېشىپ كەتكەندىلا ئاتا ـ ئانام ئانچە خاتىرجەم بولالماي، ياكوبنىڭ تېزرەك ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى ۋە توي قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ قويۇشىنى تەكلىپ قىلدى. بىراق، ياكوب ئاتا ـ ئانامنىڭ تەكلىپىنى بەجا كەلتۈرمەي كېيىنگە سۈرۈۋەردى. ئاتا ـ ئانام كۆپنى كۆرگەن بولغاچقا، ياكوبنىڭ كۆڭلىدىكىنى بايقىۋالدى

بولغاي، غەمگە چۈشۈپ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار ياكوبنىڭ مەن بىلەن تاماشا قىلىپ قانغاندىن كېيىن باشقا قىزلارغا كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار «ئالتۇن قۇش قولىمىزغا چۈشسە، ئائىلە تۇرمۇشىمىز باشقىچىلا گۈللىنىپ كېتىدۇ. مۇبادا ئالتۇن قۇش قولىمىزدىن كەتسە قانداق قىلىمىز» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ياكوبنىڭ بوينىغا تاشلىغان سىرتماقنى چىڭراق تارتماقچى، ئۇنىڭدىن توي قىلىش ھەققىدە تېزدىن ۋەدە ئالماقچى بولدى. ھاراقخۇمارلىق ۋە گادايلىق شۆھرەتپەرەس دادامنى ئار - نومۇس ۋە غۇرۇردىن ئاخىر مەھرۇم قىلدى، قىزىنىڭ ھارامدىن تاپقان تاپاۋىتىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈش دادامنىڭ كۆڭۈل خۇشى بولۇپ قالدى.

مەنمۇ ياكوب بىلەن بالدۇرراق توي قىلىش ئويىدا بولدۇم. بۇ ئۆزۈمنىڭ يۈز - ئابرۇيۇم ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئىدى. جامائەتچىلىك ۋە غۇرۇرۇم ئالدىدا چىرايلىق يۈز كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئالدىرايتتىم. بىراق، ياكوبنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش - كىرمەسلىكىگە ئانچە قىزىقمايتتىم، ياكوب ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى.

ياكوب كۆڭلىدە: «توي قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ نېمە قىلاي؟ ئۆزۈمگە مۇنداق ئاۋارىچىلىك تېپىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى» دەپ ئويلايتتى.

گەپنىڭ قىسقىسى، مەنمۇ، ئاتا - ئاناممۇ، ياكوبمۇ ئەسلىدە ئورتاق بىر نىشاننى كۆزلەپ ماڭغان بولساقمۇ، لېكىن ئاچا يولغا كەلگەندە ھەممىمىز ئۆز غېمىمىز بىلەن قالدۇق.

ھەممىمىز نىكاھ ئەھدى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتۇق، كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. توساتتىن، كۆڭلۈم ئاينىپ بېشىم قايىدىغان بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۆزۈمدە يەنە باشقىچە غەيرىي ئەھۋاللارنىمۇ سەزدىم. مەندە كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئاتا - ئانام بىئارام بولۇش

ئورنىغا ناھايىتى خاتىرجەم ۋە مەمنۇن بولۇشتى. ئۇلار «مانا ئەمدى ياكوب ئالىقنىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولدى، ئۇنىڭ بوينى يىپ بىلەن ئەمەس، بەلكى زەنجىر بىلەن چىڭ باغلاندى» دەپ ئويلىغانىدى.

بىراق، ياكوب مەندە بولۇۋاتقان شۇ ئۆزگىرىشلەرگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ۋەھىمە يېپىشقاق ئەرزىمەيدىغان، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەتمەن تىرىك ئويۇنچۇق بولۇپ بەرگەنلىكىمنىلا ئىسپاتلايدىغان ئەھۋال ئىدى. ئۇ مېنى ھامىلدار بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ياكوبنىڭ دادىسى زەردار، كۆچى بار ئىنگلىز، ياكوب بولسا دادىسىنىڭ بىر تاللا ئوغلى تۇرسا، ئۇ نېمىدىن قورقسۇن؟ ياكوب بىرمۇنچە قىزلارغا توي قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋەدىسىنىڭ بىرىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرمىغان. ئۇ قانچىلىغان سەبىي قىزلارنى نىكاھسىز ئانىلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئاخىر تاشلىۋەتكەنلىكىنى، شۇ ئانىلارنىڭ يوتقان تېشىدىن بولغان بالىلىرى بىلەن كوچىدا قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيتتى. ئۇ نە جامائەتتىن، نە قانۇندىن قورقمايتتى، ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولالىغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇ پۇتى تايغان تەرەپكە بىمالال كېتىۋېرەتتى. ياكوب بۇرۇن ۋاپاسىزلىق قىلغان بىتەلەي قىزلارغا سېلىشتۇرغاندا مەن ھەرھالدا تەلەيلىكرەك چىقتىم، مېنىڭ چىرايىم ئۇ قىزلارنىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى سەمىمىي مۇھەببىتىم كۆڭلىنى ئېرىتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر، ياكوب ماڭا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى.

بىراق، مېنىڭ باشقا قىزلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بەختسىزلىك تەرىپىممۇ دەل شۇ بولدى.

قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن خەقتىن يوشۇرۇشۇم مۇمكىن بولمىدى، لېكىن ياكوب ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىغەم يۈرەتتى، ئاتا ـ ئانام توي قىلىش توغرۇلۇق ياكوبنى بارغانسېرى

قىستىغىلى تۇردى. ياكوب: «ئەپەندى، مەن ئۆز ئاغزىم بىلەن ماقۇل بولغان ئىشتىن زامانە ئاخىرىدىمۇ يالتايمايمەن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن دادامنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. «ياكوب، ئوغلۇم، — دېدى دادام روھى چۈشكەن هالدا، — شۇ تاپتا بىز ئۆتكۈزگەن گۇناھلار زامانە ئاخىرى بولغاندىكىدىن هېچ پەرقلەنمەيدۇ، بىزنى يەنە قايسى زامانە ئاخىرىغىچە كۈتكۈزمەكچى بولسىز؟»

«هۆرمەتلىك ئەپەندى، — دېدى ياكوب ئىززەت - ئىكرام بىلەن، — ماڭا ئىشەنسىلە. چىمەن يەڭگىگەندىن كېيىن تەبرىكلەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتنى چوقۇم ئۆتەيمىز. مەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى مەخپىي توي قىلىش يولى بىلەن ئادا قىلىشنى خالىمايمەن. ئۇنداق قىلىدىغان بولسام، چىمەننىڭ ئۆمۈرلۈك كاتتا ئىشى توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرىنى بىكار قىلغان بولىمەن. توي ئۆمۈردە نەچچە قېتىم بولىدىغان ئىش ئەمەس، قىزلار ئۆمرىدە بىرلا قېتىم يېڭى كېلىن بولالايدۇ! ئۇنداق خۇپىيانە توي قىلىشقا مېنىڭ ئاتا - ئانامۇ هەرگىز قوشۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى ماڭا باغلانغان، بۇنىڭدىن سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى يوق ئەمەس!»

ياكوبنىڭ گەپلىرى دادامنىڭ كۆڭلىنى يەنە بىر قېتىم ئېرىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئۆز قىزىنى ئېرىنىڭ قېشىغا، يەنى مېنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئىلاهىم ئالدىغا يۈز - ئابرۇي بىلەن ئاپىرىپ، رەسمىي چېتىپ قويۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىۋەردى.

مېنىڭ قورسىقىم بارغانسېرى چوڭايغىلى تۇردى. «خەقنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى قالماسلىق ئۈچۈن تۇغۇشقا چەترەك بىر خالىي يەر تاپايلى، — دېدى دادام بىلەن ئاپام ياكوبقا، — دوختۇرخانىدا تۇغسىمۇ، ئۆيدە تۇغسىمۇ بەرىبىر يۈزىمىز تۆكۈلىدۇ.»

ياكوب سۆزسىز ماقۇل بولۇپ: «ئاق تەنلىكلەرنىڭ قەبرىستانلىقىدىن بىر ئامال قىلاي، شۇ يەردە يەڭگىسە هېچكىم

بىلمەي قالىدۇ. ئۇ يەردە بىزنىڭ بىر قېرى خىزمەتچىمىز بار. ئۇ موماي ئېرى بىلەن بىللە تۇرىدۇ. ئۇلار «قەبرىستانلىقتا قولاق تىنىچ، ئارامخۇدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىساق بالا ـ قازادىن مەڭگۈ خالىي بولالايمىز» دەپ شۇ يەرگە بېرىۋالغان. بىز رەسمىي تۇي قىلغۇچە بالىنى شۇ قەبرىستانلىقتا باقتۇرۇپ تۇرايلى، ئۇماق بالىمىزنى ئۆز پەرزەنتىمىز سۈپىتىدە جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلاش پەيتى كەلگەندە ئۆيگە ئەكىلىۋالايلى» دېدى.

بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتقان ئاتا ـ ئانامنىڭ ياكوب كۆرسەتكەن ئەقىل بىلەن ئىش قىلماقتىن ئۆزگە نېمە ئامالى بولسۇن؟ شۇنداق قىلىپ مېنى قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ قويۇشتى.

ئارقامدىن ئازاب ئىچىدە قاراپ تۇرغان ئاتا ـ ئانام تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈك قاتارىدا قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، «ئاھ !» دېيىشكىمۇ مادارى قالمىدى ! بۇ خۇددى بىر شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا ئوخشايتتى:

ئۆرتىنىپ ـ خورسىنىپ ئاھ دېسەڭ ئەگەر،
يېپىلار چاۋىمىز چىتقا شۇ زامان؛
قاتىللىق قىلغاننى تۇرساقمۇ كۆرۈپ،
ھەددىمىز ئەمەستۇر سۇرمەككە زۇۋان.

مېنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنىڭ قانچىلىك تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قانچىلىك غەمگە پېتىپ ئازاب چېكىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ ياكوبنىڭ قىلچە كارى بولمىدى. ئاتا ـ ئانام زار ـ زار يىغلاپ، ياش پەردىسى توسۇۋالغان كۆزلىرىنى تىكىپ كەينىمدىن قاراپ قالدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ شۇ مىنۇتتىكى ھالى ماڭا مېنى ئۇزىتىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ جىسمىدىن جۇدا بولغان ئەرۋاھى ئۇچۇن ماتەم تۇتۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇلار ھۆركىرەپ يىغا ـ زار قىلىسىمۇ

ئارتۇق كەتمەيتتى. ئۇلار ئۆز قولى بىلەن چاچقان ئاپەت ئۇرۇقى كۆكلەپ، چېچەك چىقارغانىدى، ئۇلار ئۆزى تۆرەلدۇرگەن بۇ ئاچچىق مېۋىنى يېمەي ئىلاجى يوق ئىدى. ۋاھالەنكى، مەنىلا پالاكەتكە ئۇچراپ قالماي، ئاتا ـ ئانامۇ تېگىشلىك جازادىن قۇتۇلالمىدى.

ئۇلار مەن بىلەن تىرىك تۇرۇپ ئايرىلىش ئازابىغا چىداشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ پۇل ـ مالغا ھېرىسمەنلىكى مېنىڭ ئۆز شەنىم ۋە ئىپپىتىمدىن ئايرىلىشىمغا سەۋەب بولدى. ئەمدى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزلىرى تاپقان ئازابقا چىدىماقتىن ئۆزگە چارىسى يوق ئىدى! ئەمدى يىغلىغان بىلەن قىزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ئورنىغا كەلتۈرەلەمتى؟ قىزىنىڭ بۇلغانغان شەنىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇۋېتەلەمتى؟

مەن تىرىكلەر دۇنياسىدىن يىراق جايلاشقان، سۇرلۇك ھەم قاقاس قەبرىستانلىقتا تۇرۇشقا باشلىدىم. يىراق، كەيپىم جايىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەردە ئامراق كىشىم بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرالايدىغان بولدۇم. ئۇ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇھەببەتلىك كۆڭلۈمگە ئارام بېغىشلايدىغان شائىرانە سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئاچاتتى. بەزىدە مەن بىلەن كۈنبويى بىللە بولۇپ، قاش قارايغاندا قايتىپ كېتەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا ئۇنىڭ مۇھەببەتكە سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ قىلغان سوۋغاتلىرى، قورسىقىمدا مىدىرلاپ تۇرغان ئومىقىم ھەمراھ بولۇپ، قىلچە زېرىكمەيدىغان بولدۇم. ئوماق قوزامنىڭ قورسىقىمدا مىدىرلاشلىرى كۆڭلۈمنى ئېچىپ، ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا ئاجايىپ شادلىققا چۆمدۈرىدىغان بولدى، يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان قوزامغا بولغان ئانىلىق مېھرىگە چۆمۈلۈپ، بۇ ئوماق قوزامنى پۈتۈن ئىشقىم بىلەن قارشى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلدىم.

مەن ئەمدى توي ئۈستىگە توي بولىدۇ، ئوماق بالام دۇنياغا كەلسە، ئۇزاققا سوزۇلغان كۈتۈشلىرىم ئاخىرلىشىدۇ، ياكوب

بىلەن قانۇنلۇق، كۆڭۈللۈك ئۆي تۇتۇپ، ئۆمرۈمدە بىر رەت ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكتىن خالاس بولىمەن، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئوماق قوزامنىڭ هازىرلا ئېڭەلەپ يەرگە چۈشۈشكە تەقەززا بولۇپ تاقىتىم تاق بولاتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بىر كېچىسى توساتتىن تولغاق تۇتۇپ ئويغىنىپ كەتتىم. مۇنداق ئىش زادى بېشىمدىن ئۆتۈپ باقمىغاچقا، قورسىقىمنىڭ تولغاپ ئاغرىشىنى سەزسەممۇ، لېكىن سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. تولغاق جېنىمنى ئالمىغاندەك كۆچىيىۋەردى. بىردىنلا ئاپام ئېسىمگە چۈشتى: «بۇرۇن ئاپامنىڭ قوينىدا ياشىغان چاغلىرىمدا بۇنداق ئاغرىق ئازابىنى قاچان تارتىپ باققان؟» دېگەننى ئويلاپ، ئاپامنىڭ قېشىمدا بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلدىم. مانا ئەمدى سەتچىلىكنى ياپىمەن دەپ، دوختۇر چاقىرىشمۇ مۇمكىن بولمايتتى. شۇڭا، قەبرىستانلىقتىكى موماينىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كاتەكتەك ئۆي بەك قاراڭغۇ بولۇپ، بەئەينى گۆرگە ئوخشايتتى، مۇنداق ئازابنى ئۆمرۈمدە پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم! تولغاق كۈچەيگەنسېرى جاهان كۆزۈمگە تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قەبرىستانلىقتىكى موماي يېنىمدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆمرىدە پەرزەنت يۇزى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، قانچىلىك ئازاب تارتىۋاتقانلىقىمنى قانداق ھېس قىلسۇن؟

باشتا ئىنجىقلاشتىن باشقىنى بىلمىدىم، كېيىنچە پەس ئاۋازدا ۋارقىرىغىلى تۇردۇم. ئايلىنىپ هوشۇمدىن كېتىۋاتقاندەك بولدۇم. شۇ ئارىدا بىر كىچىك جاننىڭ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. بۇ يىغا ئاۋازى گويا ئۆلۈككە هايات بېغىشلايدىغان قۇدرىتى بىلەن چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان تېنىمگە جان كىرگۈزدى. جىسمىمدىن جۇدا بولايلا دەپ قالغان روهىم ئورنىغا چۈشتى. هوشۇمغا كېلىپ، هەممە ئازاب ۋە قورقۇشنى ئۇنتۇدۇم ـ دە، بالامنى قوينۇمغا ئېلىپ سۆيگىلى تۇردۇم.

ئەتىسى سەھەردە، ياكوب ئادەتتىكىدەكلا مېنى يوقلاپ كەلدى. بالىنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى. خۇدا بىلىدۇ، ئۇ راست خۇش بولدىمۇ ياكى يالغانمۇ، ئىشقىلىپ ماڭا ھېجىيىپ، خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يېنىشلاپ ــ يېنىشلاپ سۆيدى ۋە: «مانا بۇ مەن ياكوبنىڭ ئوغلى «يوزىف» بولىدۇ. ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى يۈسۈپ ئۇنىڭ جانجىگىرى بولغان بولسا، يوزىف مېنىڭ كۆز چىرىغىم ۋە دىلىمنىڭ خۇشاللىقى بولىدۇ» دېدى.

تۇغقان بالام، يەنى سەن ھەقىقەتەن ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق چىرايلىق بولۇپ، يۈسۈپ Ⅱ دەپ ئاتاشقا لايىق ئىدىڭ. شۇڭا، ئۇلار ساڭا «يۈسۈپ» دەپ رەسمىي ئىسىم قويدى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، سەن بىچارە جانجىگەر قوزامدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى ئۇنداق قىلماي يەنە كەينىگە سۈرسەم باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

سېنى ئىشكتىن ئاچىقىپ كېتىشكەندە، يۈرىكىم چىدىماي: «جېنىم بالام! سېنى بالا بېقىپ باقمىغان ئىككى قېرى مىسكىنگە تاپشۇرۇپ، ئاتا ــ ئانىڭ تارتىشقا تېگىشلىك جازاغا سېنى تۇتۇپ بېرىدىغان بولدۇم ...» دەپ يىغلىدىم.

ئىگەم بالا ئېمىتسۇن دەپ ئاتا قىلغان ئەمچەكلىرىمگە سۈت پاتماي قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سەن بالامنى ئېمىتىشكە ھەققىم يوق ئىدى. ئانا سۈتى ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ھۆرمەتكە لايىق. ئانا سۈتى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا مېھرىنىڭ نامايەندىسى. كىمكى ئانىسىنىڭ ئۆز سۈتى بىلەن بالىسىنى ئېمىتىشكە يول قويمايدىكەن، خەق شۇنى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغان پەسكەش دەپ قارغىماي قالمايدۇ. بىراق، مەن شۇنداق ھۆرمەتكە لايىق سۈتۈمنى يەرگە سىغىپ سىڭدۈرۈۋېتىشكە، قۇرتلارغا يەم قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. سەن بالامنىڭ ئۇنى ئەمگۈڭ كەلسىمۇ، ئېمىش

پۈرسىتىمىڭ بولمىدى.

سەن بالامدىن ئايرىلىپ تۇرۇش دەردى جىنىمغا سانجىلغان زىخ بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاغرىپ يېتىپ قالدىم.

ياكوب ئاغرىپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ مۇھەت ئالماشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن مېنى ئامېرىكىغا ئېلىپ باردى. «كۆزۈڭ كۆرمىسە، تۇگەيدۇ غۇسسە» دېگەندەك، بالىدىن ئايرىلىپ تۇرساڭ دەردىڭ يېنىكلەپ، روھىڭمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

ئىككىمىز غەرب ئېلىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە ئالىيجىشلىق ئالىمگە مەپتۇن بولۇپ، زوق - شوقىمىز بىلەن قانغۇچە تاماشا قىلدۇق، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى يادىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. سىنىڭ ۋەسىيىتىڭ لاۋرىنىي بوۋاي ۋە جولىيە موماي بىلەن ئۇزمەي خەت ئېلىشىپ تۇردۇق. چەت ئەلدە توپتوغرا بىر يىل ساياھەت قىلىش جەريانىدا مىنىڭ سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ، ناھايىتى روھلىنىپ قالدىم. ياكوبمۇ بالدۇرقىدىن ساغلاملىنىشىپ ۋە گۈزەللىنىشىپ، مېنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ ياكوبنى شۇنداق كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان بولدۇم. ياكوب بىر كۈنى ماڭا: «سۆيۈملۈكۈم، قالتىس كارامىتىڭ بار ئىكەن جۇمۇ! ئۆزۈڭ ئانچىكىم بىر مەرگەن تۇرۇپ، ئاتقان ئوقۇڭنى ئاۋۋال يۈرىكىم، ئاندىن جىنىمغا نەق تەگكۈزۈپ، ئۇست - ئۇستىگە غەلىبە قىلدىڭ!» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئامېرىكىدا تېزرەك توي قىلىشنى قايتا - قايتا ئېيتقان بولسامۇ، ياكوب: «سۆيۈملۈكۈم، مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن ھاياتىنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئىكەنلىكىنى بىلمۇاتامسەن؟» دەپ تۇرۇۋالدى.

شۇ ئارىدا ياكوب شۇ يەرلىك بىر قىز بىلەن يېقىنلىشىپ يۈردى. لېكىن، مەن بۇنداق يېقىنچىلىقنى «غەربكە خاس ئالاقە ئۇسۇلى بولسا كېرەك» دەپ، پەسەنتىمگە ئالمىدىم. ياكوبقا بولغان ئىشەنچىم ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشىمغا قىلچە ئورۇن

بەرمەيتتى. ھەتتا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنىمىزدىن كېيىن ياكوب ئۇ قىز بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش خىيالىمغا كەلمىدى، چۈنكى ياكوبنىڭ ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەنىدىم.

ئاپامنىڭ سېغىنىش ئازابىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلدۇق. شۇ كۈنلەردە داداممۇ ئاغرىپ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ بەك ھەسرەتلەندىم. جاھان كۆز ئالدىمدا قاراڭغۇلۇققا ئايلاندى.

ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇن، ئاشۇ رەڭگارەڭ ئاجايىباتلار ئارىسىدا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرگەن چېغىمدىلا يەنە بىر يېڭى بەختسىزلىكنى پەملەپ قالدىم. بىر كۈنى، كۆڭلۈم ئايىنىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم ۋە ئىچىمگە يەنە كىچىك جاننىڭ ئۈنگەنلىكىنى دەررۇ بايقىدىم. ئامېرىكىدىن قايتىپ يېرىم يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا يەنە ھېلىقى ئۆلۈكلەر دۇنياسىغا ئاپىرىپ قويۇلدۇم.

بۇ قېتىم ئۆتكەندىكىدەك يالغۇزلۇق ھېس قىلمىدىم. سەن بىر يېرىم ياشقا كىرىپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرەتتىڭ. سەن يېنىمدا بولغاچقا، ھەممە غەمنى ئېسىمدىن چىقىرىپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتۈم. سېنىڭ ئوماقلىقىڭ ۋە تاتلىق گەپ - سۆزلىرىڭ مەستلىكىمنى كەلتۈرەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، قەبرىستانلىقتىكى خىزمەتچى مومايىنىڭ ياردىمىدە بىر قىز تۇغدۇم. ياكوب مېنىڭ ئىسمىمغا يېقىن قىلىپ ئۇنىڭغا «سەمەنبانۇ» دەپ ئىسىم قويدى. قىزىم سەمەنىنىمۇ قەبرىستانلىقتا قارايدىغان بوۋاي بىلەن مومايغا تاپشۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم ۋە ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن پايپېتەك بولدۇم.

مېنىڭ ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلگەن دادام بىر كۈنى مېنى يېنىغا چاقىرىپ: «چىمەن، ساڭا

تارتىشىپ، بۇ ئالەمدىن شۇنداقلا كېتىشكە رايىم بارمايۋاتىدۇ. سېنىڭ ئاپاڭ ... ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاقىتىم تۈگەپ، كۆتۈپ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. سەن قاچانغىچە خەلقئالەمگە كۆرۈنمەي كۈن ئۆتكۈزىسەن؟ ياكوبنى توي قىلىشقا ئالدىرات، ئىككىڭلارنىڭ تويىنى كۆرسەملا، كۆزۈم خاتىرجەم يۇمۇلىدۇ» دېدى.

دادام شۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كۆزۈمگە لىق ياش تولغان بولسىمۇ، لېكىن يىغلىسام دادام تېخىمۇ بىئارام بولمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋالدىم. دادامنىڭ ئاشۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەك خىجالەت بولۇپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم ـ دە، كۆز يېشىم بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. دادام بۇرۇن ئاجايىپ يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. بەخت ۋە ئامەتنىڭ قۇچىقىدىلا يۈرەتتى. مانا ئەمدى ھەممە خۇشاللىقى ۋە شەۋكىتىنى بەختسىزلىك گويا قارا بۇلۇتتەك توسۇپ، كىشىلەر ئالدىدا پۈتۈنلەي ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

مەن دادامنىڭ گەپلىرىنى ئەتىسى ياكوبقا يەتكۈزدۈم. ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قارىدىم ۋە: «نېمىگە مۇنداق كۈلىسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ باشتا خىرىلداپ كۈلدى، كېيىن جىددىي قىياپەتتە: «سەن مېنىڭ خوتۇنۇم، بالىلارنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالدىڭ، مەن سېنى ئۆمۈر بويى ھازىرقىدەك ھۆرمەتلەيمەن، ئاسرايمەن. سېنىڭ ھەم داداڭنىڭ تەلىپى ھەقىقەتەن ئورۇنسىز. نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتەشنى ئاللىقاچان ئويلىغانمەن. بىراق، قەدىرلىكىم، ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان بىر يېرىم بار: ساڭا بولغان مۇھەببىتىم مەجنۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتتى. توي قىلساق، مۇھەببىتىمىز بالدۇرقىدىن سۇسلىشىپ قالارمىكىن دەيمەن، چۈنكى توي قىلىپ نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ساختىلىق بىلەن ئالمىشىپ، بارا ـ بارا خارابلىشىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ كېلىۋاتامدۇ؟» دېدى.

مەن ياكوبنىڭ بۇ ئاقىلانە گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا راستىتىنلا ئاشۇنداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشتىن قورقتۇم. مەن ياكوب ئېيتقان ئۇنداق ئەھۋالغا قېلىشنى خالىمىدىم. ئاخىر ئۇنى قىستاۋېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە غىڭ قىلماي كۆندۈم ۋە: «بىراق، قەدىرلىكىم ياكوب، دادامنى نېمە دەپ قايىل قىلارمەن؟» دېگەن گەپنىلا قىلدىم. «بولدى بېشىڭنى قاتۇرما، داداڭنى ئۆزۈم قايىل قىلىمەن !» دېدى ئۇ.

بىر كۈنى ياكوب دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كېسىلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن: «بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا ئۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ كەتمىسىلە، مېنىڭ ئىرادەم چىڭ. ئۇن يىللاردىن كېيىن تاللا دېسىمۇ، بىرلا چىمەنبانۇنى تاللايمەن. تۇرمۇشتا شۇلا مېنىڭ ھەمراھىم بولالايدۇ. باشقا ھەرقانداق قىز كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. بىراق، ھازىر دىنىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى توي قىلىشىمىزغا ئاساسىي توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمايۋاتىدۇ. مۇبادا ئۇلارنىڭ رايىغا باقماي، باشقىچە يول تۇتىدىغان بولسام، ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ مال ـ دۇنياسىدىن مەھرۇم بولۇشۇم تۇرغان گەپ. چىمەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختى پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسىغا باغلىق ـ دە ! شۇڭا ئۇلارنى گەپكە كۆندۈرمىگۈچە ھەقىقەتەن توي قىلىشقا ئامالىم يوق. دەرۋەقە، ئۇلار رازىلىق بىلدۈرمەي تۇرۇپلا ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولدۇم» دېدى. ئۇ دادامنى تېخىمۇ مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممىدىن رەسۇلىللا، مەن ئەمدى ياكوب ئەمەس، مۇسۇلمان ياقۇپ بولۇپ قالدىم» دېدى.

مەن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا تامامەن ئىشەندىم. بىراق، دادام ياكوبنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بولمىدى. دادام دەرد ـ ئەلەم ۋە ئۈمىدسىزلىك ئازابىغا چىدىماي، تېز ئارىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى. دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن مېنىڭ قاتتىق ھەسرەتتە

قالغانلىقىمنى كۆرگەن ياكوب ھەر باب بىلەن كۆڭلۈمنى ياسىدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزىنى «ياكوب» ئەمەس، مۇسۇلمانچە «ياقۇپ» دەپ چاقىرىشىمنى ئېيتتى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. توساتتىن ياقۇپنىڭ مىجەزى باشقىچىلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى سەزدىم. بىرقانچە كۈنلەرگىچە ماڭا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك، ئىشق ـ مۇھەببىتى، قىزغىنلىقى بۇرۇنقىغا يەتمەيۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بارا ـ بارا مەن بىلەن ئۇچرىشىپ بىللە بولىدىغان چاغلىرى بارغانسېرى قىسقىراپ كەتتى، بىر كۈنى كەلمەيلا قويدى. ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە قارىسى كۆرۈنمىگەچكە، ئاخىر ئۆيىگە ئىزدەپ باردىم. كۈتمىگەن يەردىن خىزمەتچىسى ماڭا: «ئۇ بىر ئىش بىلەن تۇيۇقسىز ئامېرىكىغا كېتىپ قالدى» دېگەن گەپنى قىلدى.

خىزمەتچىگە قاراپ خېلىغىچە تىلىم گەپكە كەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بىرئازدىن كېيىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا: «ئۇ قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟ ئامېرىكىدا قەيەرگە چۈشىدىكەن؟» دەپ سورىدىم. «خېنىم، بۇ تەرىپى بىزگە نامەلۇم» دېدى خىزمەتچى جاۋابەن.

بۇ دەھشەتلىك خەۋەردىن بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۆزۈمنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيگە ئۇچقاندەك قايتىپ كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم ـ دە، يۈزۈمنى تۇتۇپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدىم.

شۇ ئارىدا بىرى ئىشىكنى چەكتى. ئىتتىك كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ كارىۋاتتىن چۈشتۈم. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ياقۇپلارنىڭكىدە ئىشلەيدىغان بىر مۇسۇلمان خىزمەتچى ئىكەن. «خېنىم، سىلى بايا تۇرغان يەردىن بىر پارچە خەت ئۇچراتتىم.

لېپاپىغا ئىنگلىزچە خەتلەر يېزىلغاچقا ئوقۇيالمىدىم. مانا كۆرۈپ باقسىلا، سىلىنىڭمۇ قانداق؟» دېدى ئۇ. مەن شۇنداق قاراپلا بۇنىڭ ھېلىقى ئامېرىكىلىق قىزنىڭ ياقۇپقا يازغان خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم ــ دە، بېشىمنى لىڭشىتىپ خەتنى ئېلىپ قالدىم.

ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ، خەتنى ئاچتىم. مەن ئەزەلدىن ياقۇپنىڭ خەت ــ چەكلىرىنى سورۇشتۇرۇپ باقمىغان. مەن باشقىلارنىڭ خېتىنى ئوغرىلىقچە ئېچىپ كۆرۈش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، دىن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ گۇناھ بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. بىراق، بۇ خەتنى قانداقمۇ ئاچماي تۇرالاي.

*ياكوب مۇشۇ خەتنى كۆرگەن ھامان تېز يولغا چىقىڭ، سىزنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلغان، نام ــ شۆھرىتىمنى بۇلغايدىغان سوۋغىتىڭىز ئۇزاققا قالماي خەلقئالەمگە ئايان بولاي دەۋاتىدۇ. بۇ رەسۋاچىلىق ئاشكارىلىنىپ بولغۇچە تېز كېلىپ چارىسىنى قىلىڭ. بالىنى قانداق باقىدىغان گەپ، مېنىڭ تۇرمۇشۇم قانداق بولىدۇ، بۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. سىز بۇ گۇناھنىڭ جاۋابكارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىز. مەن بىلەن چۈشكەن سۈرىتىڭىز، توي قىلىش توغرۇلۇق چىڭ ۋەدە بېرىپ يازغان خەتلىرىڭىز ئۆتكۈزگەن جىنايىتىڭىزگە ئىسپات بولۇپ تۇرۇپتۇ. مۇبادا كۆز بوياپ قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولىدىكەنسىز، سىزنى چوڭ پالاكەت باسقىنى شۇ. بىلىپ قويۇڭكى، ئامېرىكىنىڭ قانۇنى سىزگە ئوخشاش چەت ئەللىكلەرگىمۇ باب كېلىدۇ. ئۆزىڭىزنى نەگە يوشۇرماقچى؟ ئۆزۈم تەلەپ قىلغان تۆلەم خىراجىتىنى سوت ئارقىلىق ئالماي قويمايمەن. ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغان بولسا، سىزنىڭ سېسىق نامىڭىزنى پۈر كەتكۈزۈپلا*

*قالماي، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئابرۇيىنىمۇ يەرگە تۆكۈش قولۇمدىن كېلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئورنىغا ئىتتەرمەڭ.*

*مارگارېت سىمون*

*ئامېرىكا*

مارگارېت سىمون ئامېرىكىغا بارغان چېغىمىزدا ياقۇپ بىلەن يېقىنلىشىپ يۈرگەن ھېلىقى قىز ئىدى. خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا گويا بىر چۈشتەك تۇيۇلغان بولسا، كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقىنى ئوپئوچۇق، ھەرقانچە كۆلپەتلىك بولسىمۇ، لېكىن خالىي بولۇشقا بولمايدىغان ئەمەلىيەت بولۇپ تۇيۇلدى. ياقۇپ بىلەن ئۆي تۇتۇش ئارزۇيۇم، ياقۇپنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن بالىلارنى ئۆز پەرزەنتىمىز سۈپىتىدە ئەل ـ جامائەت ئالدىدا ئاشكارىلايمىز دەپ بەرگەن ۋەدىسى كۆپۈكتەك غايىب بولدى. «بالىلىرىم مەڭگۈ ئاشۇ قەبرىستانلىقتا قالىدىغان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ‹يوتقان تېشىدىن بولغان بالىلار›غا ئايلىنىدىغان بولدى، بالىلارنىڭ، ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق قىلارمىز» دېگەن خىياللار مەن ئۈچۈن ھەممىدىن يامان تەھدىت بولدى. قانداقلا بولمىسۇن يۆلەنچۈكى يوق بالىلىرىمنىڭ يەيدىغىنىنى بىر ئىلاج قىلىپ قامدىشىم، بالىلارنى بېقىش ھەققى ئۈچۈن لاۋرېنىي بىلەن جۇلىيەنى بىر ئىلاج قىلىپ قامداپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. بۇرۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ياقۇپ ئۈستىگە ئالغان، ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن ھەممىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ ياقۇپنىڭ قانۇنسىز خوتۇن ـ بالىلىرىنى قامداشنى كىممۇ خالىسۇن؟ تۇرمۇش موھتاجلىقى دەستىدىن ئۆزۈم تالا ـ تۈزگە چېپىشقا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

شۇ يولغا ماڭماي نېمە ئىلاجىم بولسۇن؟ ئاتا ـ ئانامدىن،

تۇغقانلىرىمدىن، دوستلىرىمدىن ئايرىلغانىدىم. باراي دېسەم، ئۆيۈم يوق، بىرلا قەبرىستانلىقتا بېرىشىم مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ يەردە مېنى ئىككى بالام ئاغزىنى ئېچىپ كۈتۈپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن، بارا ــ بارا ئاشۇ يولغا ــــ يۆلەنچۈكى يوق قىزلار ئىلاجسىز ماڭىدىغان يولغا ماڭدىم.

شەرمەندىلىككە تولغان جاھاندا تىرىكچىلىك قىلدىم، خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىندىم، پۇچۇلدۇم. ئازاب دېڭىزىدا جان تالىشىپ، خەير خاھلىق چىقىپ قالسا، شۇلارنىڭ ياردىمىدە ئازابتىن قۇتۇلۇپ كېتەرمەن دەپ قايتا ــ قايتا ئۇمىد قىلدىم. بىراق، تىلى شېكەر، دىلى زەھەر نوچىلار ھەمىشە مېنى ئارا يولدا تاشلىۋېتىپ، رەھىمسىز ئازاب قايىنىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى خالىمىدى. ئاخىر جەمشىد بىلەن تېپىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى يېتىم باللىرىمغا ۋەسىيلىك قىلدى. ئۆزۈم كۆرگەن ئەرلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك كۆڭۈل ــ كۆكسى كەڭ بىرىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم. مەندەك بىر نىكاھسىز ئىككى بالا تۇغقان ئانا بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ شۇنچە كەڭ قورساق، مېھرىبان ۋە پەزىلەتلىك، ئىنسانپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئەگەر مېنى جەمشىد خوتۇنلۇققا ئالمىغان بولسا، ياقۇپ ئىتتىرىۋەتكەن جىنايەت ئازگىلىدا قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتمەسمىدىم؟

مەن جەمشىدتىن ھېچنېمىنى يوشۇرماي، بۇ ئالەمدە باشتىن كەچۈرگەن دوزىخىي كۈنلىرىمنى ئېيتىپ سۆزلەپ بەردىم. جەمشىدنىڭ سارىيىغا كەلگىنىمدىن كېيىن ئۇ مېنى ھەممە جەھەتتىن رازى قىلىشقا تىرىشتى ھەمدە ئۇچ ياشقا تولمىغان سەن بىلەن سىڭلىڭ سەمەتنى تېزدىن سارايغا ئەكىلىپ، بىزنى ئۇزاق ۋاقىت جەم بولالماسلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇ قەبرىستانلىقتىكى بوۋاينىڭ قېشىغا سىلەرنى ئېلىشقا بارغاندا، سەمەن زۇكامدىن ئەمدىلا ساقىيىپ، تېنى

ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغانىكەن. لاۋرېنىي: «بالىنى ۋە بىز ئىككى قېرىنى دېسەڭلار سەمەننى ھازىرچە ئەكەتمەڭلار» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمشىد سېنى ئۆيگە مەخپىي ئەكەلدى.

جەمشىد ئىككىمىز چەت ئەلگە چىقىپ بىرقانچە يىل تۇرۇپ كېلىش قارارىغا كەلدۇق. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن جەمشىدنىڭ ئۆز ئىشىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن بۇرۇنلا شۇنداق ئويدا بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن سەن بىلەن سىڭلىڭنىڭ ئەسلىي زاتى ئۈستىدە خەق گۇمان قىلىپ يۈرمىسۇن، چەت ئەلگە بېرىپ قايتىپ كەلسەك، خەق سېنى جەمشىدنىڭ ئوغلى، سەمەننى ئۇنىڭ قىزى دەپلا بىلىدۇ، دېگەننى كۆزدە تۇتتۇق. خەقنى جەمشىدنىڭ ئۆز ئوغۇل ـ قىزى بارلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەلگە چىقىپ كېلىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

چەت ئەلگە سەپەرگە چىقىشقا ئون كۈندەكلا ۋاقتىمىز قالغانىدى. پېشانەمدىن تەتۈرلۈك كەتمەپتىكەن. بىر كۈنى لاۋرېنىيلار بىز تۇرغان سارايغا بىرىنى ئەۋەتىپتۇ. كەلگەن كىشىنىڭ چىرايىدىكى ئالاقزادىلىكنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشتى ـ دە: «چىرايىڭىزدىن باشقىچىلا ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇغۇ؟ سەمەننىڭ ھالى قانداقراق؟ نېمە خەۋەر ئەكەلدىڭىز؟ ...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتىم، تەقەززالىقتا ئەتراپىمدا يات كىشى بار ـ يوقلۇقىغىمۇ قاراپ باقماي سۆزلەۋېرىپتىمەن. كەلگەن كىشى ئەتراپىغا قاراپ، مېنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا خەۋەرنى يەتكۈزدى: «خېنىم، سىلى يۈسۈپ بايۋەچچىنى ئالدۇرۇپ كەتكەن ئاخشىمى سەمەن قىزچاق قايتىدىن ئاغرىپ قالدى. كېيىن قارىساق ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قاپتۇ، تۈنۈگۈن بەك ئېغىرلاپ كەتتى. ئۇ قاقاسلىقتا دوختۇر تېپىلمىغاچقا، قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئامالى بولماي، سەمەن قىزچاق ئاخىر قازا تاپتى.»

يۈرەكتىن ئېزىلدىغان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆيدىكى قارا

خىزمەتچىلەر ئاڭلىسا گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ يا يىغلاشقا، يا ۋارقىراشقا پېتىنالمىدىم. يۇخادىن چىققۇچە يىغلاپ، كۆز ياشلىرىمنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئىچىمگە تولغان دەرد ــ ئەلەمنى چىقىرىۋەتكۈم بار ئىدى، ئەمما مۇنداق قىلالىدىغان بولسام، جەمشىدنىڭ خەير خاھلىقى بىلەن يېڭىلا قوغلانغان كۆپ يىللىق زۇلمەت مېنى يېڭىباشتىن قوينىغا ئېلىپ، ئەمدىلا ئېرىشكەن خاتىرجەم كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمنىڭ بىردىنلا غايىب بولۇشىغا كۆزۈم يەتتى. خالايىقنىڭ ھەممىسى جەمشىد ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز بىلەن توي قىپتۇ دەپ بىلىپ كەتكەن تۇرسا، مەن قانداقمۇ ۋاي قىزىم دەپ يىغلاي! ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم، جەمشىدنى نومۇسقا قويماي، ئىناۋىتىمنى ساقلاپ قېلىشىم، قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۆزۈم ئېرىشكەن بەختنى قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسام، خالايىقنىڭ يەنە بىر قېتىم نەپرىتىگە قېلىشىم، پېشانىسى ئوڭ كېلىپ ساق قالغان سەن بىرلا ئوغلۇمنى باقىمەن دەپ يەنە كونا كەسپىمگە قايتىپ، پاسكىنا كۈن كەچۈرۈشۈم تۇرغان گەپ ئىدى. سېنىمۇ يەنە شۇ قاقاسلىققا ئاپىرىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى، ئۇنداق قىلىشقا قانداقمۇ يۈرىكىم چىدىسۇن؟ سەن ئەمدىلا ئاناڭنىڭ قوينىدىن مېھىر ئېلىپ، ئانىلىق مېھىر بىلەن ئېيتقان ئەللەي ناخشىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، ئانا دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، ئاناڭدىن ئايرىلىپ ئۇ قاقاسلىققا بېرىشقا چىدىمايدىغان يەرگە يەتكەنىدىڭ. ئەگەر راستتىنلا بۇرۇنقىدەك كۈنگە قالىدىغان بولسام، سېنى يەنە شۇ يەرگە ئاپىرىۋەتمەي ئىلاجىم يوق ئىدى. چۈنكى، ئادەم بازىرىغا سەن ئەمەس، مەنلا كېرەك ئىدىم، ئاشۇ باي ــ غوجاملار بالىسى بار خېنىملار بىلەن ئارىلىشىشنى قانداقمۇ خالىسۇن؟

مەن يىغلاشقا پېتىنالماي، يېشىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. كەلگەن كىشىنى ئۇزىتىپ قويدۇم ھەمدە ئۇنىڭدىن لاۋرېنىي بىلەن خوتۇنىغا سالام يوللىدىم ھەم تەشەككۈر ئېيتتىم.

بىراق، قىزىم ئاغرىپ ياتقاندا، ئاپىسى تۇرۇپ قىزىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىمغا، ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا يۈز كۆرۈشۈۋالالمىغانلىقىمغا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جەسىتىنى بولسىمۇ كۆرەلمىگەنلىكىمگە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېچىنىمەن.

مەن جەمشىد سىرتتىن قايتىپ كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە قەبرىستانلىققا باردىم. ئوماق قىزىم سەمەن ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان، مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە قەبرىسى ئالدىدا يىغلىدىم ـ قاقشىدىم، كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ئانىلىق ياشلىرىمنى گۈل چەمبىرەك قىلىپ قويدۇم، جۇلىيە موماي «كۆڭۈللىرىنى بەك بۇزمىسىلا» دەپ ماڭا ھەدەپ تەسەللى بەردى.

ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندە، جەمشىد زۆرۈر ئىشلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، مېنى، سېنى ۋە جىيەن ئوغلى جابىرنى يىراق چەت ئەلگە ئېلىپ ماڭدى.

جەمشىد ئىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئەنگلىيەدە ئىككى يىللا تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتى، مەن سېنى ۋە جابىرنى ئېلىپ قېلىپ ئۈچ يىل بولغاندا قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ سېنىڭ تولۇق ئېتىڭنى يۇسۇپ جەمشىد دەپ ئاتايدىغان بولدۇق، سەن جەمشىدنىڭ بايۋەچچىسى دېگەن سۈپەت بىلەن خالايىققا مەلۇم بولدۇڭ. تەكتىڭنى ئانچە ـ مۇنچە بىلىپ قالغانلارمۇ ئاق ـ كۆك دېيەلمەيدىغان بولدى. ھەممە ئادەم جەمشىدنىڭ مەرتىۋىسى ۋە كۈچىدىن ھېيىقتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە مەردلىكىگە قايىل بولدى.

بىراق، مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلسەم، سەنەۋەر دۇنيانىڭ يىرىمىغا ئىگە بولۇۋاپتۇ. جەمشىد ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، مېنى كۆڭۈللۈك ۋە راھەت تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش يولىدا ئايانماي تىرىشىپ باقتى. لېكىن، ئۇ يېڭىلا ساقايغان يارامغا جاننى ئالغۇدەك قاتتىق بىر پىچاق ئۇرغانىدى. ھاياتقا بولغان ئۈمىدىم پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى، جەمشىد ھەرقانچە ياخشىچاقلىق قىلغىنى بىلەن بەرىبىر بىكار ئىدى. مەن ئازاب دېڭىزىدىن

قۇتۇلۇپ چىققىنىمغا ئۈچ يىل بولار ـ بولمايلا، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتلىك كىشىمنىڭ مېنى ئۆز قولى بىلەن زۇلمەتلىك زىندانغا ئىتتىرىۋېتىشىنى ئويلىمىغانىدىم. جەمشىد بېشىمغا سالغان يېڭى ئەلەم ئۆمۈرلۈك روھىي ئازاب بولۇپ، پۈتۈن ئەزايىمغا تارقاپ كەتتى.

مەن كىشىلىك هاياتنىڭ تېگىگە پۈتۈنلەي يەتتىم، بۇ ئالەمدە ياخشى ئادەم بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان بولدۇم، بىرەرسىنىڭ ئۆزۈمگە خەير خاهلىق قىلىشىنىمۇ خالىمايدىغان بولدۇم. شۇنىڭدەك ئۆزۈممۇ خەققە هەرگىز ئىچ ئاغرىتمايدىغان بولدۇم. ئۆچ ئېلىش نىيىتى كۆڭلۈمنى يامغۇرلۇق پەسىلنىڭ تۇمانىدەك قاپلىۋالدى. شۇنداق بىر زەهەرلىك دورام بولسا، پۈتۈن ئالەمنى گۇمران قىلسام، قەلبىمدىكى ئۆچ ئېلىش ئوتىمۇ ئالەمنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن تەڭ كۆيۈپ تۈگىسە، دېگەننىلا ئويلايدىغان بولدۇم. هەممە ئەر، هەممە ئايال ئەڭ يامان رەقىبىم بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن، باشقىلارنىڭ ئۆزۈمگە ئىچ ئاغرىتىشىنى يامان كۆرىدىغان بولدۇم. ئالىيجاناب، ئەخلاقىي پەزىلەت دېگەنلەر كۆزۈمگە پەس كۆرۈنىدىغان، هەممە نەرسە يۈز ئۆرۈش، ۋەيرانچىلىق بولۇپلا تۇيۇلىدىغان بولدى. ئەنە شۇنداق مەقسەتكە يېتىش خىيالى ئاشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇدا كاللامنى قوچۇپ كەلدى. ئەقىل ـ هوشۇمنى پۈتۈنلەي ئۆچ ئېلىش تەشنالىقى چۇلغىۋالدى. بۇنىڭ تېشىمدىكى گەۋدىلىك ئالامىتى سۈكۈت قىلىش، خالىغانچە گەپ ـ سۆز ۋە كۈلكە ـ چاقچاق قىلىشتىن ساقلىنىش بولۇپ كەلدى.

مەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشقى يوق مۇردىغا ئايلىنىپ قالدىم، پۈتۈن جىسمىم قۇرۇپ كەتكەن ياغاچتەك جانسىز بولۇپ قالدى. قەلبىمدە ئۇرغۇپ تاشقان تۇنجى ۋە ئاخىرقى مۇھەببەت ئىشتىياقىمنى ياقۇپقا بەرگىنىمدىن كېيىن ئىشق هۇجەيرىلىرىم زەئىپلىشىپ تۈگەشكە باشلىغانىدى. ئەمدى ۋۇجۇدۇم باياۋانىدا ئانىلىق مېهرىدىن ئۆزگە هېچقانداق مۇھەببەت

ئۇرۇقىنىڭ بىخ ئۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
كېيىنكى ئون نەچچە يىل ۋاقىتنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۇم.

چىمەنبانۇ ئۆزىنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى ۋە ئالدانغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى يۇسۇپكە ئىسيانكار ۋە قىساسچىغا خاس ئاھاڭدا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق كەچۈرمىشلىرى، ھەتتا كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ يۇسۇپتىن يوشۇرمىدى. ئۇ ئۆز ئوغلىغا پاراڭ سېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، گويا ئاللا ئەرشتىن ئەۋەتكەن قازىنىڭ ئالدىدا، يەنى ئادەمزات دۇنياسىدىكى پىششىق تائاملارنى ئىستېمال قىلمايدىغان، ئادەتكە ئايلانغان تار قاراشلاردىن خالىي بولغان مالائىكەنىڭ ئالدىدا كۆڭۈل ـ كۆكسىدىكىنى تۆكۈپ، ھەممىنى ئېنىق، تەپسىلىي كۆرسۇن، مېنى چۈشەنسۇن، تونۇسۇن دېگەندەك ھېسسىياتتا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ئىدى.
دەرۋەقە، چىمەنبانۇ بىتەلەي ئاياللارنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزىگە ئوخشاش قانچە ـ قانچىلىغان ھاۋا ئانا قىزلىرى ئادەم ئاتىدىن تۆرەلگەن ئىچى زەھەر، قولى قانلىق ئوغۇللارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان؟ قانچە ـ قانچىلىغان ياش ئاياللار ئەرلىرىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، شەھۋانىيلىقى ۋە نامەردلىكى ئارقىسىدا ئۆلۈك كۆيدۈرىدىغان قۇرۇق ئوتۇننىڭ ئوتىدا كۆيگەندەك ئازابلىنىپ جېنىدىن جۇدا، بەختىدىن ئادا بولمىغان؟ قانچىلىغان شەخسىيەتچى ئەرلەر راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، بىر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇشقا قانائەتلەنمەي، ئۇستى ـ ئۇستىگە خوتۇن ئېلىشقان، بۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ، ئاياللارنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇۋېلىشقان؟ مۇبادا جاھاندىكى ئەرلەر ئاشۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمايدىغان، كۆڭلى سۇيۇقلۇق قىلىپ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرمەيدىغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇلار ئۆز ئۆيىدە جەننەتتىكىدىن قېلىشمايدىغان

ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن — چىرايلىق، ئەدەپلىك ۋە ئىناۋەتمەن خوتۇندىن، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئوماق بالىلىرىدىن بەھرە ئالىغان بولاتتى. بىراق، ئۇلار قاتارىدىكى جەمشىد نەدىمۇ بۇنداق ھالاۋەتنى خالىسۇن؟

چىمەنبانۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئوغلىغا قالدۇرماي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يۇم ـ يۇم يىغلاپ كەتتى.

يۇسۇپ تېخىچە لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتى ئاپىسىنىڭ ھېكايە سۆزلەۋېتىپ تۆككەن تارام ـ تارام ياشلىرىغا بەند بولغانىدى.

بىرپەستىن كېيىن يۇسۇپ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى:

— ئاپا، رەھمەت سىزگە، مېنى ئاخىر ھەممىدىن خەۋەردار قىلدىڭىز. مېنى كەچۈرۈڭ، ھازىرچە سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ئويدانىراق ئويلىنىۋالاي. بىراق، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزدىن نەپرەتلەنمەيمەن، ئەمدى يىغلىماڭ، ئارامخۇدا ئوبدان دەم ئېلىڭ.

يۇسۇپ گېپىنى تۈگىتىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمى ۋە نومۇسلۇق ئىشلىرى گويا بىر كىتاب ئىدى، بۇ كىتابىغا ئاپىسىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى قېلىن بىر باب بولۇپ قوشۇلغانىدى. ئەتىسى قاق سەھەردە، يۇسۇپ گەپ قىلماي، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. قەلبى ئازابلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرۈپ كەلگەن دادىسى جەمشىدنى ئەمدى يەنە دادا دېيىش جاسارىتىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە مەسخىرىلىك كۆلۈۋاتقاندەك، ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان سادالار گويا ئۇنى مازاق قىلىپ چېلىنىۋاتقان سىمفونىيەدەك، بېشى يېرىلىپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ نىشانسىز، مەقسەتسىز سەرگەردان بولۇپ يۇرۇشكە

باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ يۇسۇپ دېگەن ئىسمىدىن باشقا ھېچنېمىنى يادىغا كەلتۈرەلمەيتتى. تۇنۇگۇن ئاپىسىنىڭ نېمىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى، ھەتتا ئۆزى بىلەن ئاپىسى ئوتتۇرىسىدا قانلىق ياشقا ۋە شەرمەندىلىككە تولغان شۇنچە ئۇزۇن پاراڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. كۈن تاغ كەينىگە پاتقان مەزگىلدە، يۇسۇپ گۈزەل بىر باغقا جايلاشقان قەبرىستانلىققا كىرىپ كەلدى.

يۇسۇپ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى تەر ۋە توپا ـ چاڭ دەستىدە قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئاغزى بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك مىدىرلايتتى ـ يۇ، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ تۇرۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتسە، تۇرۇپ مۈشتلىرىنى تۈگەتتى. ئەسلىدىكى سۆلەتلىك كىيىملىرى پېتىدىن ئۆزگىرىپ غەلىتە تۈس ئالغانىدى.

بۇ قەبرىستانلىققا قارايدىغان مىرزابان بۇرۇنلا، بۇ قەبرىستانلىقتا يات كىشىلەر قونسا بولمايدۇ، دېگەن تەرتىپنى ئورناتقانىدى، ئەمما بۈگۈن ئۇ بۇ روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان كىشىنى كۆرگىنىدە تەقۋادارلىقى تۇتۇپ، تەرتىپنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ سادىق ھەم ئىشچان ياردەمچىسى مىكائىلنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا، بۇ روھىي كېسەلگە تائام بېرىشنى تاپىلىدى ھەمدە ئۇنى بىر كېچە قوندۇرۇپ، ئەتىلىككە شەھەردىكى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى.

بىراق، تېخى قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپ، بۇ روھىي كېسەل خوشمۇ دېمەستىن قەبرىستانلىقتىن كېتىپ قالدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

يۈسۈپنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىدنىڭ بېشىغا يېڭى بىر بالا بولدى. ئۇلار تىت ـ تىتلىقىدىن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىشتى. ئوغلىنىڭ يوقاپ كېتىش سەۋەبى چىمەنبانۇغا ئەلۋەتتە ئايان ئىدى، جەمشىد بولسا يۈسۈپنىڭ يېقىندىن بۇيان ماھىنۇرنى ئىزدەش ئىشى ئوڭۇشسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ بىلىپ، ئوڭايسىزلاندى. ئۇلار يۈسۈپنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاترىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. جەمشىد قاتتىق بىئارام بولدى. چىمەنبانۇ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى.

جەمشىد بىرەرى يۈسۈپنىڭ خەۋىرىنى ئەكىلەر دېگەن ئوي بىلەن تالادىكى ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ، ئىشىككە قاراپلا ئولتۇراتتى. جەمشىد يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بىرەر جايدا ئۈچۈر بار ئىكەن دېگەننى ئاڭلىسىلا، ئۇدۇل شۇ يەرگە چاپقان بولسىمۇ، لېكىن بارغانلا يېرىدە دېرىكىنى ئالالماي لاسىدە بولۇپ، كۆڭۈلسىز قايتىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر ياردار دوختۇرخانىغا كىرىپ قاپتۇ، ئۇنى ھېچكىم تونۇيالماپتۇ، باش تەرىپى ئېغىر زەخىملەنگەچكە، خۇدىنى بىلەلمەي يېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. خەقنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ياردار ماكانسىز قالغان كەمبەغەل ئىشچى سىياقىدا ئىكەن.

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈسۈپ بولۇپ يۈرمىگىيدى دېگەن ئوي بىلەن قاتتىق بىئارام

بولۇپ، دەرھال دوختۇرخانىغا چاپتى.

ھېچكىم تونۇيالمىغان بۇ ئاغرىق كىشى ئادەتتىكى كېسەلخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. جەمشىد ئۇنىڭغا يىراقتىنلا كۆز تاشلاپ، ئۈمىدسىزلەندى ــ دە، چىمەنبانۇغا:

ــ كەلگىنىمىز يەنە بىكار بولدى، ئۇ نەدىمۇ بىزنىڭ يۇسۇپ بولسۇن؟ ــ دېدى.

بىراق، ئاغرىقنىڭ ئۇستىدىكى قانداقتۇر بىرنەرسە چىمەنبانۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قادىلىپ قارىدى ۋە:

ــ ۋاي ئاللا! جېنىم بالام! ــ دەپ ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى ــ دە، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، ئاغرىقنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتتى.

جەمشىد چىمەنبانۇنىڭ ھاياجانلىنىشىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى. چىمەنبانۇ ئاغرىق كىشىنى ئەسەبىيلەرچە قۇچاقلاپ سۆيۈۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ جەمشىدمۇ ئىتتىك ئاغرىقنىڭ باش ــ ئايىغىغا سەپسېلىشقا باشلىدى. دېگەندەك، ئاغرىقنىڭ جىسمىدىكى بىلىنەر ــ بىلىنمەس تاتۇقى جەمشىدكە ئوغلىنىڭ بالا چاغلىرىدا ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشىكىگە سوقۇلۇپ يەرگە يىقىلغان ھالىتىنى ئەسلەتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا ياتقان ئاغرىقنىڭ ئۆزلىرى كېچە ــ كۈندۈز ئىزدەۋاتقان يۇسۇپ ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى.

ــ ھە، بۇ راستتىنلا يۇسۇپ ئىكەن! ــ دېدى جەمشىد.

ئۇلار يۇسۇپنى تونۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئالاھىدە كېسەلخانىغا يۆتكەتتى. دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە بىردىنلا پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ئاغرىق ياتقان كىشى ئەمدى «ماكانسىز قالغان كەمبەغەل ئىشچى» ئەمەس، بەلكى مۇشۇ شەھەردىكى ئابرۇيلۇق زەردار جەمشىدنىڭ بايۋەچچىسى، دەپ قارالدى. يۇسۇپنى داۋالاشقا يەنىلا ئەڭ ياخشى دوختۇر، يەنى

شەھەر بويىچە داڭلىق دوختۇر ماتىئىن مەسئۇل بولدى. ئادەتتىكى كېسەللەر بۇنداق ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيتتى.

— ئۇ بۇگۈنمۇ مۇشۇ يەردە بولغان بولسا، بالامنى يەنە بىر قېتىم قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولاتتى ! — دېدى كېسەلخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرغان چىمەنبانۇ ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا جەمشىدكە پىچىرلاپ.

— كىمنى دەيسىز؟

— ماھىنۇرچۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭا ! — دېدى جەمشىد توغرا تاپماي.

ئىچكى ـ تاشقى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى زەخىملەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن، يۇسۇپنىڭ ئەھۋالى ئۆتكەن قېتىمقىدىن خېلىلا ئېغىر ئىدى. دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى يۇسۇپنى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشىغا ئىشەنچ قىلالمىدى، شۇڭا دوختۇر ماتىئىن باشچىلىقىدىكى تېز قۇتۇلدۇرۇش گۇرۇپپىسى جەمشىد بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيۋاتاتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بەك تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

ئاغرىقنى قۇتۇلدۇرۇشتا ئازراقلا ئۈمىد قالغانىدى، يەنى ئاخىرقى بىر چارە — ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئاغرىققا قان بېرىش ئۇنۇم بېرەمدۇ ـ يوق، ھېچنېمە دەپ بولمايتتى. مۇبادا بەرگەن قانمۇ ئۇنۇم بەرمىسە، ئەزرائىلغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ باشقا يولى قالمىغانىدى. دوختۇرخانىدا زاپاس قان بولمىغانلىقى ئۇچۇن، يۇسۇپنىڭ ھاياتى تېزدىن ئۆزىنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشاش قاننى تېپىشقا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. قان تىپى يۇسۇپنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئادەم ئاسان تېپىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ھەققىنى تۆلەش مال ـ مۈلكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان جەمشىد ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، يۇسۇپنىڭكىگە ئوخشايدىغان قان تېپىش زادى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. جەمشىدنىڭ يىراق - يېقىن تۇغقانلىرى، خىزمەتچىلىرى، چاكارلىرى، ئىشىكباقارلىرى ھەممىسى كېلىپ قېنىنى تەكشۈرتكەن بولسىمۇ، قېنى يۇسۇپنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىرىمۇ چىقمىدى. جەمشىد مەھبۇسلار، ھەتتا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى ھۆكۈم قىلىنىغان مەھبۇسلار ئىچىدىن قېنى يۇسۇپنىڭكىگە ئوخشايدىغانلارنى تېپىپ بەرسۇن دەپ، ساقچىدىكى تونۇشلىرىغا ئادەم ئەۋەتتى.

جەمشىدنىڭ تۇغقان ۋە دوستلىرى بىر - بىرلەپ قان تەكشۈرتكەندە، جابىر ئۆيىدە يوق ئىدى. جابىر سىرتتا پۇخادىن چىققۇچە تاماشا قىلىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ: «شۇنچە جىق ئادەمدىن بىرەرىنىڭمۇ قېنى توغرا كەلمىگەن بولسا، مېنىڭمۇ توغرا كەلمەسلىكى تۇرغان گەپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنى ياخشىچاق قىلىپ بىر كۆرسىتىپ قوياي!» دېگەن خىيالغا كېلىپ، قان تەكشۈرتۈش ئۈچۈن دەرھال دوختۇرخانىغا چاپتى.

ئەسلىدە يۇسۇپنىڭ ھازىرقىدەك چالا ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان كىشى دەل جابىر ئىدى. چىمەنبانۇ شۇنى ئويلىغىنىدا جابىرنى ئاغزىغا ئېلىپ چاينىۋەتكۈسى كېلەتتى. جەمشىدمۇ جابىرغا ئۆچ ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆچلۈك قىلىش سەۋەبى باشقا ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدە بىئاراملىق ھۆكۈم سۈرگەچكە، جابىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە ھېچقايسىسىنىڭ چولىسى تەگمىگەنىدى.

خۇدانىڭ ھېكمىتى بىلەن شۇنداقمۇ گۈلى - گۈلىگە كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن، جابىرنىڭ كۆرسەتكەن «ياخشىچاقلىق»ىدىن ئويلىمىغان يەردىن ھاياتى خەۋپتە قالغان يۇسۇپنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈمىدى تۇغۇلدى. جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇ خۇش خەۋەرنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن تەبىئىيلا ناھايىتى مۇرەككەپ ھېسسىياتقا چۆمدى، ئوغلىنىڭ قىل ئۈستىدە قالغان ھاياتى جابىرغىلا باغلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرى جابىرنى چاينىۋەتكۈدەك يۈرەكلىرى ھەمدە يۈرىكىدە پەيدا بولغان ئىكككىلەن بۇ ئىككىيلەن ئەمدى ئۇنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە، ھەتتا ئۇنى كۆلۈمسىرەپ قارشى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

قېنى ئوخشايدىغان ئادەم تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، جابىرنىڭ قېنىنى دەرھال يۈسۈپكە بەرمەكچى بولۇشتى. بىراق، جابىر نەگىدۇر يوقالدى. چىمەنبانۇ بىلەن جەمشىد بەك تىت ـ تىت بولۇپ، جابىرنى تېپىشقا تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم چاپتۇردى. ئۆزلىرى دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىدە تەقەززالىق بىلەن پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. كۆن چۈشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، جابىر تېخىچە كۆرۈنمەيتتى، جابىرنىڭ بېرىشى مۇمكىن بولغانلىكى جايلارنى قويماي ئىزدەشتۇردى، بىراق ئۇ بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، قولغا ئۇرۇنمايدىغان جىنغا ئايلىنىپ قالغاندەك، نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، يۈسۈپنى ئەجەل قىستىماقتا. دەررۇ قان بېرىش مۇمكىن بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دوختۇر: «كېسەلنىڭ ھاياتى ئۇزاققا بارمايدۇ» دېگەننى ئېنىق جاكارلىدى. يۈسۈپ ئۆزگە كېرەكلىك ئابىھاياتقا ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسى بىلەن شىپالىق تېپىش يولىلا قالغانىدى. مۇبادا دۇئامۇ كار قىلمىسا، دوختۇرلار ھېچبىر ئامال قىلالمايتتى ـ دە، تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى.

جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ ئۈمىدسىزلىنىپ پەرىشان بولدى. ئۇلارنىڭ جابىرغا بولغان ئۆچمەنلىكى مىڭ ھەسسە كۈچەيدى.

يۈسۈپكە يانداش كېسەلخانىلارنىڭ بىرىدە بۇنىڭدىن نەچچە ھەپتە بۇرۇن ئايروپىلان ۋەقەسىدە يارىلانغان بىر كېسەل ياتاتتى.

بۇ ئادەم تەلىيى ئوڭ كېلىپ، بارا ـ بارا سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. يۇسۇپنىڭ قاتتىق خەۋپ ئاستىدا قېلىشى بىلەن، كېسەلخانىنىڭ ئىچى ـ تېشىنى ئاجايىپ پاتىپاراقچىلىق قاپلىغاچقا، شەمشاد ئىسمىلىك بۇ ياربدار كىمنىڭدۇر ئۇشتۇمتۇت ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قىزىقىپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ باققۇسى كەلگەنىدى. شۇ ئارىدا سېستىرا كىرىپ كەلدى.

— فەريال خانىم، دوختۇرخانا شۇنچە پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتكۇدەك يەنە قانداق كېسەل كىردى؟ ئۇ راستىنلا ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ — دەپ سورىدى شەمشاد.

— ھەئە، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى فەريال، — دوختۇرخانىمىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى قوللاندى. بىراق، ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغۇچە توختىمايدىغان ئوخشايدۇ.

— قۇتۇلدۇرۇش دېگەننى جىملا ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇغۇ! ئۇنچىۋالا داۋراڭ كۆتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى شەمشاد.

سېستىرا فەريال شەمشادنىڭ دورىسىنى يەڭگۈشلەۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

— بۇ كېسەل دوختۇرخانىغا كىرگەندىن بۇيان ھوشىنى بىلمەيلا ياتىدۇ. تۇرۇپلا چىرايىدا چىدىغۇسىز ئازابلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇپ، جانسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلىدۇ؛ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، ئاللىقانداق چۈشىنىپ بولمايدىغان، تۇتۇق بىرنېمىلەرنى ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ پىچىرلايدۇ، ئەمما نېمە دەردى بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئاشۇ ھالىتىدىن قارىغاندا، كىشىگە ئېيتقۇسىز دەرد ـ ئەلەمى باردەك قىلىدۇ. بىمارنىڭ شۇنداق پەرىشان ھالىتىنى كۆرسە، تاش يۈرەك ئادەممۇ ئىچ ئاغرىتماي تۇرالمايدۇ. ئۆز ئىشىغا سادىق ماتىئىن دوختۇر ئۇ بىمارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئايىماي ھەممە ئاماللارنى قىلىپ كۆردى. بىراق، كېسەلگە دەرھال قان بېرىش كېرەك

ئىكەن. شۇغىنىسى قىرىشقاندەك قىنى ئوخشايدىغان ئادەم تېپىلمايۋاتىدۇ. بىمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تا ھازىرغىچە بار كۈچى بىلەن ئىزدەۋاتىدۇ. بىمارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

شەمشاد سىرتتىن فەريالنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ ئىغىز ئىچىپ بولغۇچە، فەريال يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇ ئادەم يارىلانغاندىن كېيىن تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدا يىتىپ قاپتىكەن، باشقىلار ئۇنى ماكانسىز ئوخشايدۇ، دەپ بۇ يەرگە ئەكەپتۇ. دوختۇرخانا كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغاچقا، ئۇ ھازىرغىچە ھەرھالدا تىرىك تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر باشقا دوختۇرخانىدا بولغان بولسا، ئاشۇ ئازاب دەستىدە ئاللىقاچان بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان بولاتتىكەن.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى شەمشاد.

— ئاددىيلا گەپ ! — دېدى فەريال ئاچچىق كۈلۈپ، — ئۇ دوختۇرخانىلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئاددىي، پۇلى ئەرزان، شۇڭا كېسەللەرنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشمۇ تېز.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئازابتىن بالدۇرراق خالاس قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىپ بەرسەڭلار بولماتتى؟ — دەپ سورىدى شەمشاد.

— مۇبادا كېسەلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كەلمىگەن بولسا، ئۇنى گەپ يوق ئاشۇنداق دوختۇرخانىلارغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولاتتۇق. ئەمدى ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ـ دە.

فەريال شۇ گەپلىرى بىلەن تەڭ شەمشادنىڭ دورىسىنىمۇ يەڭگۈشلەپ بولدى. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ مېڭىشىغا شەمشاد چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— خانىم، بۇ كېسەلگە بەكلا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى قاندۇرالامسىز؟ دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تېپىلدىمۇ، ئۇ قانداق يارىلىنىپتۇ؟

فەريال قەدىمىنى توختىتىپ، كەينىگە بۇرۇلغاندىن كېيىن:

— ھېلى ئېيتتىمغۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاللىقاچان تېپىلدى، دوختۇرخانىنىڭ ئىچى شۇنىڭدىن كېيىن ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى. ئاتا ـ ئانىسى ھەرقانداق چىقىم بولۇشىغا قارىماي كېسەل ئوغلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

— بۇ گەپچە ئۇ ماكانسىز يېتىم ئەمەس ئىكەن ـ دە؟

— ماكانسىز يېتىم ئەمەسلىكى بۇياقتا تۇرسۇن، زەردار ئائىلىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن. بىراق، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ يارىلانغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلگىلى بولمايۋاتىدۇ. بېشىدىن قان جىق ئېقىپ كەتكەچكە، جېنى ئاران ـ ئاران قالغان. ھازىرقى بىرلا گەپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن قان بېرىش كېرەك، قان بەرگەن تەقدىردىمۇ، ھاياتىدىن ئۈن پىرسەنتلا ئۈمىد بار، ئەپسۇسكى، شۇنچە جىق ئادەمنىڭ قېنىنى تەكشۈرگەن بولساقمۇ، قېنى ئوخشايدىغان بىرەرى چىقمىدى. بىمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ناھايىتى باي ئىكەن، ئۇلار قان بەرگەن كىشىگە نۇرغۇن پۇل بېرىشكە رازى بولدى. بىراق، رەھىمسىز ئەزرائىل بۇ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتمىغۇچە تىنىم تاپمايدىغان ئوخشايدۇ. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق!

سېسترا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەمشاد بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىدىن زادى خۇشال ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى سەل ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلسىمۇ، بىراق نۇرغۇن جەبىر تارتقانىدى. كىم بىلىدۇ، تۇرۇپلا بىر كۈنى كېسىلى يامانغا ئۆرۈلۈپ كېتەمدۇ تېخى. ئۇ: «جېنىم ئامان قالغان تەقدىردىمۇ، ھەممە يېرىم ساق قالماي كۆيۈپ مېيىپكە ئايلانغان مەندەك بىر ئادەمنىڭ تىرىك ياشىشىمنىڭ نېمە قەدرى بولسۇن؟ كىم مەندىن يىرگەنمىسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىم ئەۋزەل، ئەمەلىيەتتىمۇ جېنىم ئەزرائىلنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلغىنى يوق، شۇنداق ئىكەن، ئۆلۈشتىن بۇرۇن خۇدانىڭ

بەندىسىگە بىر ئاز ياخشىلىق قىلسام نېمە بوپتۇ؟ بۇ ئىشىم مۇرۇۋۋەتكە ئېرىشىشىمنىڭ يولى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھىم شۇنچە جىق، كەچۈرۈم قىلىنىشىمدىن ئۈمىدىم يوق. ئەمما، كۆيۈپ زەخىملەنگەن تېنىمدە يۇرۇشۇۋاتقان قېنىم بىلەن باشقا بىر جاننى قۇتۇلدۇرسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ مېنىڭ قېنىم بىلەن ئاشۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ جانجىگەر ئوغلى ئامان قالسا ئەجەب ئەمەس! ئىش ھامان شۇنداق بولىدۇ، ھەممىدىن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلگەن زۇلمەت ئىچىدە، كۆيۈپ تۈگەي دېگەن سەھەر شامىنىڭ پالىلىدە يورۇشى بىلەن ئۈمىد نۇرلىرى ئەتراپنى قاپلايدۇ. شامنىڭ قالدۇقى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نۇرىنى بەخش ئېتىپ، زۇلمەت ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان كىشىلەرگە تاڭ نۇرىنى ئەكىلىدۇ. ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا باشقىلارنى ئۈمىد پارلىغان كۈندۈزگە ئىگە قىلاي» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى قوڭغۇراقنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، فەريال خانىمنى يېنىغا چاقىردى.

— خانىم، مېنىڭ قېنىمنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ، مېنىڭ قېنىم ئۇنىڭغا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، سىز قانداقمۇ ... — فەريال «ئۆزىڭىزنىڭ جېنى ئاران تۇرۇۋاتسا، سىز قانداقمۇ خەققە قان بېرەلەيسىز!» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن كېسەلنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە مۇنداق دېيىشنى ئەپسىز بىلىپ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— ياق خانىم، مۇبادا ئۆز قېنىم بىلەن ئاشۇ يالغۇز ئوغۇلنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئازابتىن خالاس قىلالىسام خۇشال بولىمەن.

— بىراق ...

— بىراق، بۇ ئىنسانپەرۋەرلىككە توغرا كەلمەيدۇ دېمەكچىمۇ ـ ھە؟ — دېدى شەمشاد فەريالنىڭ نېمە دېمەكچى

بولغانلىقىنى پەملەپ يەتكەندەك، ئاندىن چۈشەندۈرۈپ سۆزلىدى، ـــ راست، مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرگەنلەر ھەم ئېچىنىدۇ، ھەم قورقۇپ كېتىدۇ. ئەمما، مېنىڭ روھىم يېپيېڭى، قېنىم ساپ. كىچىككىمدىن تارتىپ كېسەل بولۇپ باقمىغان، شۇڭا قېنىم زەرەرسىز بولۇشى مۇمكىن. تېز بولۇڭ، چاپسان قېنىمنى ئېلىپ، تەكشۈرۈپ بېقىڭ، ئاندىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سورەج دوختۇرغا مەلۇم قىلىڭ، مېنىڭ ئىلتىماسىمنى چۈشەندۈرۈڭ.

شەمشادنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى ۋە كېسەل دوستىغا خەيرخاھلىق قىلىشتەك ئېسىل خىسلىتى فەريالنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ شەمشادنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالغاچقا، ھەرقاچان ئۇنىڭ قېنىمۇ يارىمايدۇ، دېگەن ئويغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن كىچىك بىر شىشە قېنىنى ئېلىپ تەكشۈردى.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە شەمشادنىڭ قېنى ساپ ھەم يۇسۇپنىڭكىگە مۇۋاپىق بولۇپ چىقتى.

شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ قېنى يارىماي، كۆيۈكتە ئېغىر يارىلانغان، كېرەكتىن چىقىشى مۇمكىن بولغان كىشىنىڭ قېنىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن ياراپ قېلىشىنى قارىمامدىغان!

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قېيىنىلىۋاتقان جەمشىد ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ توساتتىن كۆز ئالدىدا قايتىدىن نۇر پارلىغاندەك بولدى ـ دە، ھاياجىنىنى باسالماي كۆرگەنلا كىشىگە: «ئوغلىمىز قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدى!» دېيىشتى.

ئۆز قېنىنىڭ ياراپ قېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان جابىر، ئېمىشقىمۇ ئۆزۈمنى مۇنداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلغاندىمەن. سودىدا زىيان تارتىپ ھەممە دەسمايىدىن قۇرۇق قالغاندىمۇ بەتتەر ئىش بولۇۋاتىدۇ، دېگەننى ئويلاپ بەك ئىچى سىقىلدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ ھايات قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، مۇبادا قولىدىن كەلسە، يۇسۇپنى ئاللىقاچان

جەھەننەمگە يولغا سپلىۋەتكەن بولاتتى. مانا ئەمدى كۈتكىنىنىڭ تەتۈرىچە، خالايىق ئالدىدا يۈسۈپنى ئۆز قىپنى بىلەن قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ئۇ: «ھەتتىگەي، تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى ـ دە ! ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم، قانداق قۇتۇلاي؟ بىرەر باھانە تېپىلسا ـ ھە؟ بىراق، خەق قارغاپ رەسۋايىمنى چىقىرىدۇ ـ دە ! ئۇنداق دېمىگەندىمۇ، يۈسۈپنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، تامچە قېنى بولسىمۇ ئۇنىڭ قېنىغا ئوخشايدىغان بىرەرى تېپىلىدىكەن، جەمشىدنىڭ شۇنىڭغا يېپىشقىنى يېپىشقان. ئۆزۈم جەمشىدنىڭ جىيەن ئوغلى تۇرۇپ، ئۆلۈم خەۋپىدە قالغان يۈسۈپنى قۇتۇلدۇرمايمەن دېيەلەمدىمەن؟ جەمشىد قاتتىق ـ سىلىق چارىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەتتا ھەممە نېمىسىدىن كېچىپ، پۇل ـ دۇنياسىغا سېتىۋېلىپ بولسىمۇ مېنى قان بېرىپ ئۆز رەقىبىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا مەجبۇر قىلماي قالمايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

جابىر ئويلىغانسېرى ئوغىسى ئۆرلىدى. ئاخىر باغرى تاشلىق قىلىپ دوختۇرخانىدىن غىپلا تىكىۋەتكەنىدى.

شەمشادنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىدىن تەسىرلەنگەن دوختۇرلار ئۇنىڭ ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، بىر ئاز قېنىنى ئېلىپ يۈسۈپكە بەردى، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، مەھبۇسلاردىن ئېلىنغان قانمۇ يېتىپ كەلدى، يۈسۈپ شۇنىڭدىن كېيىن خەۋپتىن قۇتۇلدى.

قېچىپ يۈرگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغان جابىر يۈسۈپنىڭ ئەزرائىل چاڭگىلىدىن يەنە بىر قېتىم قۇتۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنداق يېگى ھايات ھالاكەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. جابىر كۆڭلىدە: «مەن ئۇنىڭ دىلىغا شىپالىق تاپالمايدىغان ئوغا سېلىپ قويدۇم. ئۇ جەمشىدنىڭ ئۆز دادىسى ئەمەسلىكىنى

يىلىپ بولدى. ئۇنىڭ يۈرەك يارىسى ساقايمايدۇ. دىلى ئۆلگەنىكەن، جىسمانىي ھاياتىنىمۇ ئۇزاققا ساقلاپ قالالمايدۇ!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇ شۇلارنى خىيال قىلىپ جەمشىدنى تۈيدۇرماي ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن پىلانىنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. چىمەنبانۇ بۇرۇندىنلا كىچىنىڭ تەڭدىن تولا ۋاقتىدا ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالماي كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىق ئادىتىنى ھەممە بىلەتتى. جەمشىد پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تەتۈرى ئىدى. ئۇ كۆڭلى ئازادە، تېنى سېمىز ئادەم بولۇپ، ياستۇققا بېشىنى قويۇشى بىلەنلا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتەتتى، بىر ئۇخلىغانچە بىرەر قېتىم ئۆرۈلۈپمۇ قويماي، تاڭ ئاتقاندا ئويغىناتتى. ئۇ ئاللا بەرگەن شۆھرەت، مەرتىۋە ۋە بايلىقتىن بەھرىمەن بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئوبدان ئۇخلايدىغان ئامەتكىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسى ھەرقانداق غەم ـ قايغۇدىن پۈتۈنلەي خالىي ئىدى، ئۇيقۇسى زادى قاچمايتتى. ئۇنىڭ ھۇجرىسى چىمەنبانۇنىڭكى بىلەن تۇتاش ئىدى. شۇڭا، ئۇيقۇسى قاچقان چىمەنبانۇ ئۆز ـ ئۆزىدىنلا جەمشىدنىڭ كېچىلىك مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ ئۆزى جابىرغا ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. جەمشىدنى ئۆلتۈرۈش پىلانى تا ھازىرغىچە ئېغىزدىكى گەپلا بولۇپ، ئۇنىڭدا قىلچە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى.

شۇ تاپتا جابىرنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل ئەپلىك شارائىت بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، جەمشىدنىڭ «كېچىلىك مۇھاپىزەتچىسى» ھازىرچە قېشىدا يوق ئىدى. دوختۇرخانا جەمشىد سارىيىدىن ناھايىتى يىراقتا ئىدى، چىمەنبانۇ ھەر كۈنى چېپىپ يۈرۈشكە چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن، جەمشىد ئۇنى جاپا تارتمىسۇن دەپ، دوختۇرخانىغا يېقىن يەردىكى ئالىي مېھمانخانىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەنىدى. دېمەك، چىمەنبانۇ شۇ يەردە

تۇرۇۋاتاتتى. بۇ «كىچىلىك مۇھاپىزەتچى»نىڭ جەمشىدنىڭ قېشىدا بولمىغانلىقى جابىرنىڭ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئەپلىك شارائىتمۇ بار ئىدى: جابىرنىڭ شەھەردىن قويىرۇق تىكىۋەتكەنلىكىنى بىلگەن خالايىق ئۇنى ھەرقاچان ياقا يۇرتلاردا ياكى چەت ئەلدە يۈرۈۋاتسا كېرەك، دېيىشىۋاتاتتى. جەمشىدنى ئەنە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭدىن كىممۇ گۇمان قىلسۇن؟

ئەنە شۇنداق ئەپلىك پەيتنى كۆزدە تۇتقان جابىر ئىش باشلاشقا نەپسى تاقىلداپ، يەڭلىرىنى شىمايلىدى، ھەتتا ئۆلپەتلىرى گۆھەر بىلەن جونسۇننى ئىشقا سالماي، ئۆزى يالغۇز ئىش ئېلىپ بارسا تېخىمۇ بىخەتەر، قولايلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى يالغۇز بابلاش قارارىغا كەلدى.

جابىر جەمشىدنىڭ يېنىغا يېقىن بىرىش يولىنى تېپىش ئۈچۈن، سارايىنىڭ ئالدىدا گويا بىرەر ئادەمنى چېقىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان ئۆچۈپ يۈرگەن پاشىدەك، نەچچە ئاخشام ئايلىنىپ يۈردى ۋە تاغىسىغا قول سېلىش تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇ قىلچە چاندۇرماي چاققان ـ ئەپلىك ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن قانچىلىغان كۈندۈزنى قاتتىق خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ تەلىيى تازا تەتۈر كەلدى. ئۇ قول سالاي دەپ تۇرغان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، يۇسۇپنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ئەسلىگە كېلىپ، چىمەنبانۇ مېھمانخانىدىن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. جەمشىدنىڭ «كىچىلىك مۇھاپىزەتچىسى» يەنە پەيدا بولۇپ قالدى.

ئىش ئەمدى جابىر ئۈچۈن قىيىنلىشىپلا قالماي، بەلكى زادى ئەمەلگە ئاشۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتكەنىدى.

بىراق، جابىر ئاسانلا پەيلىدىن يانىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ جەمشىدنى جەھەننەمگە يوللاشنىڭ باشقا يولىنى تاپماقچى

بولدى. ئۇ ئىچ تەرەپتىن ھە ـ ھۇ دېيىشىدىغان بىرەرى بولمىسا، بۇ ئىشنى ئەسلا باشقا ئاچىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، جەمشىدنىڭ ھۇجرىسىغا خۇددى جەمشىدنىڭ خىزمەتچىسى پېتىر كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە، «دۇرۇس، ماڭا ياردەمچى بولالايدىغان شۇنىڭدىن ياخشىسى، شۇنىڭدىن مۇۋاپىقى يوق !» دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭ ياۋۇز تەلەتىدە بىردىنلا كۆرەڭلىك كۈلكىسى نامايان بولدى. شۇ دەم ئۇ ھەممە ئەسكىلىك يىغىلغان كاللىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ خىزمەتچىنى ئۆز ئىشىغا سېلىش ئۈچۈن ئۇنى قانداق قىلىپ قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈستىدە ئويلاندى. ئەسلىنى ئالغاندا، ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىپ قاغدالما بولۇپ كەتكەن جابىر ئۈچۈن ھېچقانچە باش قاتۇرۇش كەتمەيتتى، ئۇ بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئامالنى ئويلاپ قويدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى، جابىر پەيتنى پەملەپ تۇرۇپ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەن قاراڭغۇ تۈندە ئۇشتۇمتۇت پېتىرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئويلاپ باقمىغان پېتىر قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئىغىز ئاچقۇچە، جابىر ئۇنى تارتىپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئاپاردى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىمە دەپ ئىشارەت قىلدى.

ـــ ھە، سىز ئىكەنسىز ـ دە، جابىر بايۋەچچە ! سىز ... !

ـــ ئاستا گەپ قىل ! ھە، مەن قايتىپ كەلدىم.

ـــ سىزنى تېپىش ئۈچۈن قۇدۇق تېگىنى بادرا سېلىپ قوچۇغۇدەك بولۇپ كەتتۇق. نەگە كەتتىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى پېتىر ھەيران بولۇپ.

ـــ مەن كىرىۋالغان يەر شۇنچە چوڭقۇر ئويدا تۇرسا، بادرىنىڭ ئۈچى قانداق يېتەتتى؟

پېتىر بۇ گەپنى ئاڭقىرالماي:

ـــ قەيەر ئۇ؟ نەگە كىرىۋالغانتىڭىز؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ قۇدۇقنىڭ ئەڭ تەكتىگە، بادراڭلارنىڭ ئۈچى يەتمەيدىغان

يەرگە كىرىۋالغان، ــــ دېدى جابىر كۆلۈپ تۇرۇپ.

ــــ جابىر بايۋەچچە، گېپىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىمەن، سىز راستىنلا قۇدۇق تېگىگە چۈشۈۋالغانمۇ؟ ئۇ يەرگە چۈشۈۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ــــ دېدى پېتىر.

ــــ ساڭا بايلىق تېپىپ بېرىش، سېنى جان بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش غېمىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئىزدىدىم. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس» دەپتىكەن. ساڭا بايلىق ئەكەلدىم، ــــ دېدى جابىر بارغانچە سىرلىق سۆزلەپ.

ساددا، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېھتىياتچان پېتىر جابىرنىڭ «بايلىق ئۇندۇرۇش يولى»نى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ بۇنىڭدىن بۇرۇن، جابىر ئۇنىڭغا بىر ەر قېتىممۇ خەيرخاھلىق قىلىپ باقمىغانىدى، جابىرنىڭ ساڭا بايلىق ئىزدەپ قۇدۇق تېگىگە چۈشتۇم دېگەن گېپىنى مانا بۈگۈنلا ئاڭلاۋاتىدۇ! ئۇ يا ئىشىنىش، يا ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭلىدە جابىرنىڭ نەزىرىگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قېلىۋاتاتتى.

جابىر ئاۋۋال پېتىرغا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى ئېيتتى، پېتىر باش لىڭشىتقاندىن كېيىن جابىر ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۆز پىلانىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش ئىرادىسىنى بىلدۇردى. ئاندىن پېتىرغا بىرمۇنچە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بەردى. شۇنىڭدەك تەھدىت سالىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلدى.

جابىرنىڭ ئۆز تاغىسىنى ئۆلتۈرۈش كويىغا چۈشكەنلىكى، يەنە كېلىپ بۇ ئىشقا شۇنچە چىڭ بەل باغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ پېتىرنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئىختىيارسىز لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

ــــ جابىر بايۋەچچە، مەن ... مەن سىزگە بۇ ئىشتا ياردەم قىلالمايمەن! ــــ دېدى ئۇ تىترەپ.

جابىر پېتىرغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— مەن سىزنى مۇنداق نىيەتكە كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى پېتىر جابىرغا راست گېپىنى قىلىپ، — ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن بەك چوڭ ئىش، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن!

پېتىرنىڭ بىر گەپ بىلەنلا مۇنداق رەت قىلىشىغا جابىر زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، لوكچەكلەرچە قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئىككى كۆزى قانغا تولۇپ پېتىرنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن:

— ئىززىتىڭنى بىل جۇمۇ، پېتىر! ئالدىڭدا ئىككىلا يول تۇرۇپتۇ، بىرىنى تاللا، — دېدى تەھدىت سېلىپ.

پېتىر جابىرنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. جابىر قاتتىللىق يېغىپ تۇرغان سۇرلۇك كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ:

— بىرىنچى يولغا ماڭساڭ، هەددى ـ هېسابى يوق بايلىققا ئىگە بولىسەن، — دېدى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىككىنچى يولغا ماڭساڭ، كاللاڭدىن جۇدا بولىسەن.

پېتىر قورقىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى، شۇنداقتىمۇ يەنە سادىدىلىق بىلەن:

— بايۋەچچەم، بىرىنچى يولغىمۇ ماڭغۇم يوق، — دېدى.

جابىر پېتىرنىڭ بۇ گېپىدىن ئىختىيارسىز كۈلدى ئاندىن:

— ۋاھ! ماۋۇ كالۋانى قارا، بۇ ئىككى يولدىن سەن مېڭىشقا تېگىشلىك بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ سېنى بىر پاتمان ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە قىلىدىغان يول. مۇبادا، ياق دېسەڭ ئىختىيارىڭ. بىراق، ئۆلۈم بېشىڭغا كەلمەي قالمايدۇ. ئۇ چاغدا ئىختىيار ساڭا باقمايدۇ، چۈنكى قانۇن كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ، — دېدى.

— مەن جىنايەت ئۆتكۈزمىسەملا، مېنى تۇتۇش كىمنىڭ هەددى ئىكەن، ئۆلۈم قانداقسىگە مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىكەن؟ — دېدى پېتىر يىغلامسىراپ.

— چۈنكى، سەن مېنىڭ قەدىرلىك تاغامنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل بولىسەن - دەپ.

— مەندە ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا مۇنداق نىيەت يوق تۇرسا ! — دېدى ساددىلىقى چېكىگە يەتكەن پېتىر.

— شۇنداقتىمۇ، بەربىر جىنايى جاۋابكارلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

— ئۇنداق جىنايەتنى ھەرگىز بويىنۇمغا ئالمايمەن - دەپ.

— ئۇنىڭمۇ كارى چاغلىق. سېنىڭ قىلمىشىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھچى تاپىمەن، ھەتتا مەن تاغامنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سەن بىلەن ئېلىشىپ يارىدار بولغان بولۇپ چىقىمەن. مۇشۇنداق گۇۋاھچى ۋە نەق پاكىتلار تۇرغان يەردە، ھەرقانچە چوڭ كارامىتىڭ بولسىمۇ، جىنايى جاۋابكارلىقنى بويىنۇڭغا ئالماي تۇرالمايسەن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن جابىر پېتىرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭ چىرايىغا تىكتى.

پېتىر جابىرنىڭ تەھدىت ۋە تەھلىكىسىگە زادى چىداپ تۇرالماي، بەك قورقۇپ كەتتى. جابىر بولسا ھەدەپ پېتىرنى قىستاۋاتاتتى، پېتىرغا ئۆلۈم دارى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈۋاتقاندەك، جابىر كۆز ئالدىدا تۇرغان جان ئالغۇچى ئەزرائىلدەك بىلىنىپ كەتتى. پېتىرنىڭ مېڭىسىدە ئادەم تۇتقۇن قىلىش مەنزىرىسى گەۋدىلەندى، قولاق تۈۋىدە تۈرمىلەردىكى كويزا - كىشەنلەرنىڭ شاراقلاشلىرى، جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغان مەھبۇسلارنىڭ پەريادلىرى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، بىردىنلا تومۇرلىرى قېتىشىپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن پۈت - قولىدا جان قالماي جابىرنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ قالدى.

— پېتىر ! پېتىر ! نېمە بولدۇڭ؟ يىقىلىپ چۈشۈۋاتىسەنغۇ؟ ئاغرىپ قالغانمىدىڭ؟ — دېدى ھودۇقۇپ كەتكەن جابىر ئۇنى

بوش ئۇرۇپ ۋە لىڭشىتىپ. ئاندىن ئۇ پېتىرنى ئارقا ئىشىككە يېقىن يەردىكى يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى تاشقا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇردى. جەمشىد سارىيىدىكى بايۋەچچە بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرۇش پېتىر ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى.

پېتىر گويا مېڭىسىنى ناھايىتى چىگىش بىر نەرسە چىڭ چىرمىۋالغاندەك زادىلا پىكىر قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ جىملا ئولتۇراتتى. ئۇ بىرئازدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىنى تېپىپ، سوتتا ئۆرە تۇرۇش، قاماقتا چۈشۈش، جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىش توغرىسىدىكى خىياللاردىن خالىي بولۇشقا باشلىدى.

ئۇ ھەقىقەت، ئېتىقاد ۋە ساداقەتنى دىلىغا پۈككەن بىگۇناھ بىر كىشىنىڭ جازا مەيدانىغا ئېتىتىرىلمىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، گۇناھكارلىق، قاتىللىق، ۋاپاسىزلىق قىلغۇچىنىڭ شۆھرەتكە، كاتتا بايلىققا ۋە ئاتاق ـ ئابرۇيغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى زادى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. بىراق، ئىش شۇنداق بولۇۋاتقان تۇرسا، ئەقىلگە سىغدۇرالماسلىقنىڭ نىمە ھاجىتى بولسۇن! شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان ھاياتلىق يولى بىلەن ماماتلىق يولى بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي قارشى يۆنىلىشتىكى ئىككى خىل مەنزىلگە ئېلىپ باراتتى. بىرى جابىر سىزىپ كۆرسەتكەن گۈزەل مەنزىرە: بايلىققا ئېرىشىش، بىر كېچىدىلا بېيىپ، ئېسىلزادىلەرچە تۇرمۇش كەچۈرۈش؛ يەنە بىرى جابىر كۆرسەتكەن، كىشىنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرىدىغان دەھشەتلىك كۆرۈنۈش: ئازاب چېكىش، كويزا ـ كىشەندە يۈرۈش، ئاخىرىدا جازا مەيدانىغا بېرىش. ئۇ ئاخىر جابىرغا ئەگىشىشكە ماقۇل بولدى. «ھەممە ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى تەييار تۇرغان شاھانە ئالتۇن قەسىر ۋە كاللا كېتىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرە كۆز ئالدىمدا تەڭلا نامايان بولغانىكەن، يەنە كېلىپ ئىككىسىدىن بىرنى تاللىشىم لازىم بولغانىكەن، ئۆزۈمنى ھالاكەتكە ئىتتىرىپ

نېمە قىلاي؟» دەپ ئويلىدى پېتىر.

شۇ تاپتا، پېتىرنىڭ نىيىتى ۋە بۇ دۇنياغا بولغان چۈشەنچىسى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ گۈزەل ئىستىقبالغا تەلپۈنۈپ، گويا ئالدىنى پەۋەس قورام تاشلار توسۇپ تۇرغان خەتەرلىك يولدىن قۇتۇلۇپ، تۈپتۈز راۋان يولغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ، خىيال لاچىنلىرىنى قانات قاقتۇرۇشقا باشلىدى: «كەلگۈسى كۈنلىرىم نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە! مەنمۇ نەچچە ئۇنلىغان خىزمەتچى، ئاشپەز ۋە شوپۇرلارغا ئىگە بولىمەن. خىزمەتچىلىرىم ئەتراپىمدا ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ، ھەي دېسەم لەببەي دېيىشكە تەييار تۇرىدۇ. يوغان پىكاپىم، ئالىي دەرىجىلىك سارىيىم، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان داچام بولىدۇ، سارىيىمنى كۆركەم سەرەمجانلار بىلەن جابدۇيمەن ۋە ئىچىپ تۈگەتكۈسىز داڭلىق شارابلارغا توشتۇرىمەن. نۇرغۇن ـ نۇرغۇن چىرايلىق ھەرەمخانىلارنى سالدۇرىمەن، ئۇنىڭدا تالاي ـ تالاي كېنىزەكلەر تۇرىدۇ. ئۇلار پۈتىدىكى خالخاللىرىنى جىرىڭلىتىشىپ، بەللىرىنى تولغاپ ئالدىمدا ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇلار گۈل ۋە ئايدەك جامالى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ ... بۇ ئالەمدە راھەت كۆرۈش يالغۇز جەمشىدكىلا خاسمىكەن؟ بۇنداق راھەتنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمىكەن؟ مەنمۇ ئادەمغۇ؟ مېنىڭ راھەت كۆرۈش ھەققىم يوقمۇ؟ تېگىمدىنلا شۇنداق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن خالىي يارالغانمىكەنمەن؟ ياق! ھازىرچە چاكار بولساممۇ، لېكىن مەنمۇ خوجايىنغا ئايلىنىمەن، باشقىلاردىن ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئىگە بولىمەن. كەلگۈسىدە ھېچ كىشى ماڭا يېتەلمەيدۇ ...»

جابىر بىلەن پېتىر ئاخىر پۈتۈشتى. جەمشىدنى ئۇ ئالەمگە يوللاش پىلانىنىمۇ بېكىتىۋېلىشتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

پېتېرنىڭ ھۇجرىسى ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئۇستىدە ئىدى. بۇ يەر ھازىر جابىر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ سۇيىقەست پىلانلايدىغان مەخپىي ئۆيىگە ئايلاندى. جابىرنىڭ كۆرسەتكەن پىلانى بويىچە جەمشىدنى ئۆلتۈرىدىغان ئىش ئۇنىڭ سارىيى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلسا بولمايتتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، جەمشىدنىڭ يېنىدا ھېلىقى كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان «كېچىلىك مۇھاپىزەتچىسى» بار ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، تولۇق قوراللانغان ئۆي جېسەكچىسى كېچىدە ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىپ يۈرەتتى، جەمشىدنى بىر پاي ئوق بىلەن جايلىغان تەقدىردىمۇ، ئوق چىقارغۇچىنىڭ ئۆزى قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. جابىر پېتېرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن تولۇق ماسلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. پېتېر قورقۇنچاق بولغاچقا، جابىر ئۇنىڭغا، خەۋەرنى توغرا يەتكۈزسەڭلا بولدى، ئۆزۈڭ قول سالمىساڭمۇ بولىدۇ، دېدى. پېتېر جەمشىدنىڭ كېچىدە سىرتقا چىقىدىغانلىقىدىن، قەيەرگە، نېمىشقا بارىدىغانلىقىدىن، قاچان ۋە قايسى يول بىلەن قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن ... خەۋەر تاپقان ھامان، شۇنى جابىرلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلسىلا، ئۇلار تۈن قاراڭغۇسىدا جەمشىد سارىيىنىڭ سىرتىدىكى دوقمۇشقا جايلاشقان دەرەخلىككە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ماشىنا توختىغان ھامان ئوق چىقارسىلا بولاتتى. مۇنداقتا «كېچىلىك مۇھاپىزەتچىسى» چىمەنبانۇنىڭ كۆزىدىنمۇ، قوراللىق ئۆي جېسەكچىسىدىنمۇ خالىي بولۇشقا بولاتتى، قورقۇنچاق پېتېرمۇ چېتىلىپ قالمايتتى، جابىرلارمۇ سىرتتا ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ

خالىغان يېرىگە يوشۇرۇنۇۋالالايتتى.

مۇبادا ئېپىدە كەلمەي قالسا، كەينىگە سۇرمەي ئەتىسىلا يەنە تۇتۇش قىلىپ، توپتوغرا سارايىنىڭ ئىچىدىلا جايلىۋېتىدىغان بولۇشتى. پېتىر جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇغا تەييارلىغان كەچلىك چايغا تەڭلا ئۇيقۇ دورىسى سېلىپ قويىدىغان، ئۇ ئىككىسى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن بىرىپ قوراللىق جېسەكچىنى بەند قىلىپ تۇرىدىغان، شۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئادەتتە كەمدىن ـ كەم يېقىلىدىغان چىراغنى يورۇتۇپ بەلگە بېرىدىغان بولدى. جابىرلار بەلگىنى كۆرگەندىن كېيىن پېتىرنىڭ ھۇجرىسى ئارقىلىق پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، جەمشىدنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىدىغان ۋە ئۇنى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، ئارقا ئىشىكتىن تىكىۋېتىدىغان بولۇشتى.

جابىر جەمشىدنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن سىرتتا يۈرۈپ، ئاندىن تاغىسىنىڭ بەختىكە قارشى قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىدىغان بولدى.

بۇ پىلاننى ھەممە بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ بىر يەرگە توختاتتى. ئەمدىكى گەپ پېتىرنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشىدىلا قالغانىدى. جابىر گويا جەمشىدنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ قولىدا ساڭگىلىتىپ تۇرغاندەك ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى.

جابىر جەمشىدنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىگە بولىدىغان گۈزەل ئىستىقبالىنىمۇ كۆڭلىدە ئاللىقاچان دەڭسەپ قويغانىدى. ئۇنىڭچە، چىمەنبانۇ ئۆزىنى زادى ئوڭشىۋالالمايدىغان يېتىم ـ يېگانە تۇلغا ئايلىنىپ قالاتتى. يۈسۈپ سەللىمازا ساقايغان ھالەتتىمۇ، ئۆزى جەمشىدنىڭ ئوغلى ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغاچقا، جېنىدىن ئايرىلغاندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. ئۇ ياشاش جۈرئىتىنى يوقاتسىلا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالاتتى يا بولمىسا ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتەتتى، چىمەن دېگەن يېگانە تۇل خوتۇنمۇ ئۇزاققا بارماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشاتتى. شۇنىڭ

بىلەن جابىر ئۇزاققا قالماي جەمشىدنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى بولۇپ قالاتتى.

قاتىللىق ئىشىغا ئارىلاشقان باشقا ھەمراھلىرى ھېچ ئىشقا يۈتلىكاشاڭ بولالمايتتى. كىچىككىنە پېتىر قانچىلىك نېمە ئىدى؟ جابىر جەمشىدتەك ئادەمنى ئۆلتۈرەلىگەن قولىنى مىدىرلىتىپلا قويىدىغان بولسا، پېتىردەك ئەرزىمەس مىتە قۇرت شۇ زامان تۇگىشىدۇ. جابىر پېتىردىن ئىش ۋۇجۇدقا چىقماستا پايدىلىنىدۇ، مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پېتىردەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان چاكارنى، گۆھەر بىلەن جونسۇنغا ئوخشاش ئاقىناچىلارنى كېيىنكى كۈنلەردە ئىش بۇزمىسۇن دەپ شاق ـ شۇقىلا كۆزدىن يوقىتىشى تۇرغان گەپ. تاش يۇرەك بولمىغۇچە چوڭ ئىش تەۋرەتكىلى بولمايدۇ. جەمشىدنىڭ پۈتكۈل سارىيىدا بىرلا جابىر ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ھېسابسىز بايلىقلار تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ تەتۇرىچە، ئىشنى ئەڭ يامان تەرەپتىن پەرەز قىلىپ، كىشىلەر جەمشىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى جابىردىن كۆرىدۇ دېگەندىمۇ، ئۇ ئالاقزادە بولۇپ يۈرمەيتتى. «بايلىققا ئىگە بولغان كىشى يۈراقلىق گۈلگە، چاقناپ تۇرغان چولپانغا، بۇ ئالەمدىكى خۇداغا ئايلىنىدۇ. بايلىق خۇدانىڭ باشقىچە ئاتىلىشى خالاس. ھەرقانچە كۆپ قان قەرزىم بولغان ھالەتتىمۇ، قولۇمدا پۇللا بولىدىكەن، يۈز ـ ئابرۇي تاپىمەن، مېنى كىم بىرنېمە قىلالايتتى !» دېگەنلەرنى ئويلىدى جابىر.

كېيىنكى پىلانلىرىنى ئەنە شۇنداق پۇختا ۋە ئېنىق قۇرغاچقا، جابىر ھېچنېمىدىن غەم قىلمايدىغان بولدى. ئۇ تاغىسىغا زەھەرلىك قولىنى ئۇزىتىش ئالدىدىكى ئىككى كېچىدە، كارىۋاتتا ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي، پېتىرنىڭ خەۋەر بېرىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى. ئۇ راستتىنلا بايغا ئايلىنىپ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇ ئۆز تاغىسىنىڭ قان ئىچىدە جان تالىشىۋاتقانلىقىغا، كىشىنى مەپتۇن

قىلىدىغان تورلۇك مەنزىرىلەرگە ۋە ئۆزى ئىگە بولغان ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىققا قاراپ مەغرۇرانە تورغۇدەكمىش ...

قاتىللىق پىلانى بېكىتىلىپ ئۈچ كۈن بولغاندا، كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى. پېتىر يەتكۈزگەن خەۋەرگە قارىغاندا، جەمشىد كەچ سائەت يەتتە يېرىمدا داچا مېھمانخانىسىدا يۇسۇپنى داۋالىغان بىر قانچە دوختۇرنى كۈتۈۋالماقچى بوپتۇ، كۈتۈۋېلىش سائەت ئون يېرىمدىن بۇرۇن ئاياغلاشمايدىكەن. دېمەك، جەمشىدنىڭ ئۆز سارىيىغا قايتقاندا دوقمۇشتىكى دەرەخلىكتىن ئۆتىدىغان ۋاقتى ئالاھازەل سائەت ئون بىردىن ئون بىر يېرىمغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدىكەن.

جابىر گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ يەڭلىرىنى شىمايلىدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ دوستى جونسۇنغا ئۇقتۇرۇش قىلدى. گۆھەر ئاغرىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماي كۆڭلىدە: «گۆھەرنىڭ بولمىغىنىمۇ ياخشى، ئىككىمىز يېتىشىمىز» دەپ ئويلىدى. ئۇ ھەممە زۆرۈر تەييارلىقنى پۇتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن كۈننىڭ پاتراق پېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

ئاخىر قاراڭغۇ چۈشتى، سائەت ئون بىر بولماستىلا جابىر بىلەن جونسۇن دەرەخلىككە كېلىپ مۆكۈندى.

پىكاپنىڭ ئۈچقاندەك غۇيۇلداپ كېلىۋاتقان ئاۋازى يىراقتىنلا ئاڭلاندى. جابىر پىكاپنىڭ ئاجايىپ يورۇق چىرىغىغا قاراپلا، ئۇنىڭ جەمشىدنىڭ پىكاپى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. جابىرلار ئىچىگە تىنىۋېلىپ، بارماقلىرىنى تاپانچىنىڭ تەپكىسىگە توغرىلىدى ۋە پىكاپنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— بولمىدى! — دېدى جابىر تۇيۇقسىز جونسۇننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — پىكاپتا بىر ئەمەس، ئىككى ئادەم ئولتۇرىدۇ. ياق! ئۈچ ئادەم! ياق، تۆت ئادەم! چاتاق، ئوق چىقارساق بولمايدىكەن!

شۇ گەپلەر ئارىلىقىدا، پىكاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چاقماق تېزلىكىدە غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى، جابىر ھەسرەت بىلەن

ئۆلۈغ ـ كىچىك ئىنىپ قالدى.

پىكاپتا جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇدىن باشقا، جەمشىدنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئولتۇرىدىغان ئىككى دوستىمۇ بار ئىدى.

ئەسلىدىلا ئەندىشىدە قالغان پېتىر پىكاپنىڭ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ گويا بېشىغا چوڭ بىر بالا كېلىۋاتقاندەك ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. جەمشىد دالانغا قاراپ كېتىۋاتقىنىدا ئۆزىنى قاچۇرۇش يولىنى تاپالمايۋاتقان پېتىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. خوجايىنىنىڭ ساق ـ سالامەت كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن پېتىر تام چىرىغىنىڭ ئاستىدا قورققىنىدىن مىدىر ـ سىدىر قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

جەمشىدنىڭ كۆڭلىگە: «پېتىر نېمە ئۇچۇن مۇشۇ چاققىچە بۇ يەردە تۇرىدىكىنا؟» دېگەن گۇمان كەلدى ـ يۇ، لېكىن ئارقىدىنلا: «پېتىر ئۆز ئىشىغا سادىق خىزمەتكار، بىز شۇنچە كەچ قالغان بولساقمۇ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىشى ھېلىغىچە ئۇخلىمىغانلىقىدىن بولغان ...» دەپ ئويلىدى.

چىمەنبانۇمۇ شۇنداقراق ئويدا بولۇۋاتاتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدى. پېتىرمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپانداپ ماڭدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. جەمشىد ھۇجرىسىغا كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، پېتىر جايىدا توختاپ، ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن:

— غوجام، تېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى.

پېتىرنىڭ سادىقلىقىدىن تېخىچە كۆڭلى سۆيۈنۈۋاتقان جەمشىد دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جابىر بىلەن پېتىرنىڭ ئوخشىمايدىغان ئوبرازى تەڭلا گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئۇ بىردىن قەدىمىنى توختىتىپ، خىيالىدا ئاشۇ ئىككىيلەننىڭ

ئۆزى سەزگەن ئىپادىسىنى سىلىشتۇرۇشقا باشلىدى: «پېتىر خىزمەتكار، ئۆز ئادىمىمىزمۇ ئەمەس، ئۇز مىللىتىمىزدىنمۇ ئەمەس، ئەمما بىزگە شۇنچىۋالا سادىق. ھەربىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان چېغىمىزدا، خۇددى ئۆز ئائىلىمىزنىڭ ئادىمىدەك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇگۈن ئۇ شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكۈچە ئۇخلىماپتۇ. ئۇ يۇسۇپ ئۈچۈن خۇددى بىزگە ئوخشاش بىئارام بولدى. بىز غەم يېسەك تەڭ غەم يەيدىغان، بىز قايغۇرساق تەڭ قايغۇرىدىغان مۇنداق ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان خىزمەتكار نەدە بولسۇن؟ جابىر ئۆز ئۆيىمىزنىڭ ئادىمى، ئۇز تۇغقىنىمىز تۇرۇپ، يۇسۇپنىڭ ئەزرائىلنىڭ قولىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىن كېلىپ تۇرسىمۇ قۇتۇلدۇرماي قۇيرۇق تىكىۋەتتى ...»

شۇلارنى ئويلىغىنىدا جەمشىدنىڭ ئۆز جىيەن ئوغلىغا چىشى قېرىشىپ، چىرايىدا چەكسىز غەزەپلىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى. شۇنىڭدەك، پېتىرنىڭ ئاجايىپ سادىدىلىقىنى، قىلغان ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭغا رەھمىتى ئېيتىپ ھاياجىنىنى باسالماي كەتتى. ئۇ پېتىرغا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن «پېتىر» دەپ چاقىرىپ توختاپ قالدى. ئۇ كۆڭلى بىسەرەمجان بولغاچقا «پېتىر» دېگەن سۆزنى ئادەتتىكىدىن باشقىچە سوزۇپ ھەم كۈچلۈك ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆز قورقۇپ يۈرىكى يېرىلاي دەۋاتقان پېتىرغا خۇددى ساقچىلارنىڭ: «پېتىر ھەممە ئىشىڭنى ئېنىق بىلىپ بولدۇق !» دەپ تەھدىت ۋە قورقۇنچ سېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

پېتىرغا خوجايىنىنىڭ كۆزلىرى گويا غەزەپتىن قىزىرىپ يالقۇنلۇق ئوت چاچرىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بەكلا قورقۇپ كەتتى. «گۇناھ قىلىش غەرىزىدە بولغان كىشى خەقنىڭ تىكىلىپ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ» دېگەندەك، پېتىرنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، جەمشىدكە قارىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە پۇت ـ قولى

باغلىنىپ، دارغا ئېسىلغان مەنزىرە كۆرۈنگەندەك بولدى.

ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ تىرىك مۇردىدەك بولۇپ قالدى. ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى: «جىنايى قىلمىشىم پاش بولۇپ قاپتۇ. ھەي ! خوپ بولدى ! ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ قانۇننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم ! » دەپ توختىماي ئەيىبلىدى.

پېتىر مۇبادا مۇنداق يۈرىكى پوك - پوكلۇق قىلمىغان، مۇنداق قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەن بولسا، جەمشىدنىڭ كۆزلىرىدىن جازالاش ئالامىتىمۇ، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۈدەك غەزەپ ۋە تەھدىت ئالامىتىمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولاتتى. ئۇ قورقۇش ۋە پۇشايمان ئىچىدە قېينىلىۋاتقان چاغدا، قۇلىقىغا توساتتىن يەنە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. جەمشىد پېتىرغا ناھايىتى يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتاتتى:

— پېتىر، مۇنداق يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمايدىغان ئىشنى قىلما، بىزنى ساقلايمەن دەپ ئۆزۈڭنى چارچىتىۋالىسەن. يۇسۇپ ساقىسىز بولۇپ قالغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ رېتىمى بۇزۇلدى. بىرەر ئىشنىمۇ دېگەن قەرەلىدە قىلالمايۋاتىمىز. يۇسۇپ ساقىيىپ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگۈچە، ئەھۋالىمىز مۇشۇنداق بولىدۇ. ھازىر بەك كەچ كىرىپ كەتتى. دەرھال كىرىپ ئۇخلا، ئەتىگەندە يەنە چاي تەييارلايدىغان ئىشىڭ بار، سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىل. قارىغىنا، بىزنى دەپ ئۇخلىماي چارچاپ، ئاجايىپلا بولۇپ كېتىپسەن. تىترەۋاتىسەن، چىرايىڭ چارچاشتىن تاتىرىپ كېتىپتۇ. بىرقانچە كۈن دەم ئال ! ئورنۇڭدا باشقا بىرى ئىشلەپ تۇرسۇن ! باشقا بىرى ئىشلىمىسە بىزنى سەندەك رازى قىلالمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ، شۇنداقتىمۇ بىرقانچە كۈن دەم ئالمىساڭ بولمايدۇ.

جەمشىد يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇل چىقىرىپ، ساناپمۇ باقماي پېتىرغا تۇتقۇزدى ۋە:

— بۇنى ئال ! بۇ پۇلغا كېسىلىڭنى كۆرسەت، ئوزۇقلۇق

نەرسىلەرنى ئېلىپ يە. تېنىڭ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئوبدان ئوزۇقلانمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى.
كۆيۈمچانلىق، خەيرخاھلىق ۋە تەسەللى يېغىپ تۇرغان بۇ گەپلەر پېتىرنى بىردىنلا ھوشىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلىدىكى ئالاقزادىلىك تېزلا پەسەيدى. ئۇمىدسىزلىك، قورقۇش ۋە بىئاراملىقمۇ غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ۋىجدانىي ئازاب ئىگىلىدى. ئۇ جەمشىدنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە چەكسىز غەمخورلۇقىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئۇشتۇمتۇت بېشى قايغاندەك بولۇپ، ئىتتىكلا ئىشىككە يۆلىنىۋالدى. بۇنى كۆرگەن جەمشىد ئۇنى دەرھال يۆلىۋالدى. پېتىر جەمشىد بەرگەن پۇللارنى قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئېلىپ، تىزىغىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە كېتىپ قالدى.
پېتىر ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىدىن قاتتىق كايىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ ۋىجدان ئازابىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بارغانسېرى بىئارام بولۇشقا، ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ ئۆزىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ گېلىنى سىقاتتى ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى: «قارغىش تەگكۇر پېتىر! سەن ۋاپاغا جاپا قىلدىڭ، ۋىجدانىڭنى يوقاتتىڭ! بايلىق ۋە شۆھرەتنى دەپ، ساداقىتىڭنى ۋە ۋىجدانىڭنى ساتتىڭ! ۋاي ئىسىت، جاھاندا سادىقلىق ۋە ياخشىلىقتىن ئارتۇق ئەزىز نەرسە يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ قانداق گەپ؟ سەن بىباھا گۆھەرنى ئەرزانلا سېتىۋەتتىڭ! سېنىڭ بىر تىيىنلىق قەدرىڭ قالمىدى! بەك پەسكەشلىك قىلدىڭ! بايلىقنى دەپ جانغا زامىن بولىدىغان ئىشنى قىلدىڭ. خوجايىنىڭ نېمىدېگەن مەرد، كەڭ قورساق، نېمىدېگەن ئىچ كۆيەر، غەمگۇزار ئادەم ــ ھە! بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭ؟ تۇفى، رەھىمى يوق نامەرد! پەسكەش شەرمەندە! قولۇڭنى ۋاپادار كىشىنىڭ قېنى بىلەن بويايمەن دېگۈچە كېسىپ تاشلىساڭ بولماسمىدى؟»
پېتىر قولىنى ئىشىك قانىتىغا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى،

ئۇنىڭ ئاغرىقىدا قوللىرى ھېچنېمە سەزمەس بولۇپ قالدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ قولىنى شاقلا قولتۇقىغا قىستۇرۇپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىنلا سەل ئوڭشالغاندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئويغا كەتتى: «ئۆزۈم كىچىككىنە ئازابقىمۇ چىداشلىق بېرەلمەيمەن ـ يۇ، ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان يۇسۇپ بىلەن چىمەنبانۇنى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەلەم ۋە ئازابقا دۇچار قىلماقچى بولغىنىم نېمىسى؟ مۇبادا جەمشىد ئۆلتۈرۈلسە، بۇ ئۆلۈم ئۇ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۈچۈن يۈرىكىنى خەنجەر بىلەن تىلغاندەك ئىش بولمامدۇ؟ مەن ھارام بايلىقنى تەمە قىلىپ، تەھدىت ئالدىدا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، جېنىمنى ئامان ساقلاش كويىدا مەڭگۈلۈك ئەخلاق ـ پەزىلەت بايلىقىمنى سېتىۋېتىشنى راۋا كۆرۈپ، ئۆزۈمدەك بىر يېتىمنىڭ بېشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىلىغان خوجايىنىمغا قەست قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. دادام قازا قىلغان ھېلىقى ئاخشامنى قانداقمۇ ئۇنتۇي! جەمشىد ئەپەندى دادامنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۆزى ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىپ دوختۇر تېپىپ كەلدى، يۇسۇپ بايۋەچچىمۇ بىللە باردى. ئەسلىدە دوختۇرنى تېلېفون بېرىپلا چاقىرىپ كېلەلەيتتى. بىراق، خوجايىنىم دادامنىڭ كېسىلى شىپا تېپىلمايدىغان دەرىجىدە يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەچكە، مېنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە دوختۇرغا ئۆزى چاپتىغۇ، يەنە كېلىپ دادامنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇلمۇ خەجلىدى. بىراق، پېشانەمگە يېتىملىك پۈتۈلگەچكە، خوجايىنىمنىڭ قىلغان بارلىق ئەجرى ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا بىكارغا كەتتى ...»

پېتىر يىغلاشقا باشلىدى، يىغلىغاندىمۇ بەك ئېچىنىپ يىغلىدى.

تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. پېتىرنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، ئۇ يۈزىنى يۇيۇپ، كاتولىكلارنىڭ قائىدىسى بويىچە يەرگە يۈكۈنۈپ

چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم مۇنداق مۆمىنلىك بىلەن سەجدە قىلىپ ۋە تووۋا بىلەن ياش ئاقتۇرۇپ ئۆز ئىلاھىدىن گۇناھىنى تىلەۋاتاتتى.

تاڭ يورۇشقا يەنە بىر ئاز ۋاقىت قالغانىدى. پېتىرغا بۈگۈن كېچە بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر تا ھازىرغىچە تاڭ نۇرى كۆرۈنمەي كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاڭ سەھەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، خوجايىنى بىلەن ھەر كۈنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىدىغان — ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرىدىغان پەيتنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

جەمشىدنىڭ ئادەتتە كىشىلەرگە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مەرد ـ سېخىيلىقى ۋە ساۋابلىق ئىشلىرى بۈگۈن ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق پەيتىدە ئەسقېتىپ قالدى. بولمىسا، ئۆلۈمدىن خالىي بولالمىغان بولاتتى. مۇبادا ئۇ زالىملىق قىلىپ، خىزمەتكارلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۆزىگە قەست قىلىنىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، پېتىر ھەرگىزمۇ بوشلۇق قىلمىغان بولاتتى. ئۇنداقتا بۈگۈنكى سەھەر جەمشىد ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سەھەر بولۇپ قالغان بولاتتى.

خوجايىن بىلەن خېنىم ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن پېتىر ئادىتى بويىچە ئۇلارغا چاي ئەكىرىپ بەردى، بىراق پېتىر خىجىللىقتا خوجايىنىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. جەمشىد چېيىنى ئىچىپ بولغاندا، پېتىر ئادىتى بويىچە چىنە ـ قاچىلارنى ئاچىقىپ كەتتى، ئاندىن گېزىتنى ئەكىرىپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن بىر چەتتە ئىكرام بىلەن قول باغلاپ، خوجايىنىدىن تاپشۇرۇق كۈتۈپ تۇردى. جەمشىد گېزىتنى ئېلىپ بىرھازاغىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن يېنىدا پېتىرنىڭ تېخىچە تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچىلا ھېسسىياتتا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، پېتىرغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. پېتىر ناھايىتى جىددىيلەشكەن، كۆزلىرى قىزارغان ھەم

ئىششىغانىدى، كۆزلىرىدە ياش ئەگىۋاتقاندەك قىلاتتى. جەمشىد شۇ ھامان ئۇنىڭ تونۇگۇن ئاخشام يىقىلىپ چۈشۈشكە قىل قالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنى كېسەل بولۇپ قاپتۇ دېگەن يەرگە كەلدى.

— پېتىر، بۇ ئىشلارنى باشقا بىرى قىلىپ تۇرسۇن، — دېدى جەمشىد بەكمۇ يۇمشاق ئاھاڭدا.

پېتىر زوۋان سورمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى بىسەرەمجان ئىدى. ئارىدىن سەل ئۆتكەندە، ئۇ بىردىنلا «غوجام!» دەپ چاقىردى ـ يۇ، شۇ ھامان ئاغزىنى يۇمۇۋالدى. جەمشىد پېتىرغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

جەمشىدنىڭ ئۈمىدلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پېتىر ئاخىر يۈرىكىنى توم قىلىپ:

— غوجام، ھازىرلا يانلىرىدىن يوقىلىپ، دوزاختا قىينالغايمەن، جىسمىمغا چاقماق چۈشۈپ، كۆلگە ئايلانغايمەن، — دېدى.

جەمشىد پېتىرنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي قالدى. ئۇ ساددىلىقتىن گەپنى زادى ئەگىتىپ قىلىپ باقمايدىغان خىزمەتكارىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق گەپنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇ پېتىرنىڭ ئالتە يىل ئوقۇپ قورسىقىغا ئانچە ـ مۇنچە بىلىم قاچىلىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق قاملاشتۇرۇپ گەپ قىلالىشىدىن ھەيران قالدى. شۇڭا، پېتىرنىڭ گېپى تۈگەر ـ تۈگىمەيلا جەمشىد كۈلۈپ كەتتى ۋە قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يارايسەن، گەپ مۇنداق ئىكەن ـ دە! كېچىچە قوشاق توقۇيمەن دەپ كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭغا بېرىلىپ ئۆزۈڭنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يېتىپسەن، قوشقىنىڭ پۈتكەندىن كېيىن ماڭا ئوقۇپ بېرىشكە كەپسەن. شۇنداقمۇ؟ شۇغىنىسى، مەنىسى ئېنىق چىقماي، تۇتۇقراق بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

پېتىرنىڭ ئاللىقاچان قىزىرىپ ۋە ياش ئەگىپ تۇرغان

كۆزلىرىدىن مانا ئەمدى ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

— غوجام مەن ... — دېدى ئۇ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ سۆزلەپ، — مەن مۇناپىق، ئالۋاستى ... ئۆزلىرىنىڭكىدەك ئوبدان ئائىلىدە ... تۇرۇشقا ھەققىم يوق ...

يەنىلا كۆلۈۋېتەي دەپ تۇرغان جەمشىد پېتىرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئانچىكىم گەپلەرنى قىلىۋاتمىغانلىقىنى پەملەپ سورىدى:

— پېتىر، ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟ نېمە بولدى ساڭا؟ نېمىشقا مۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن؟ كۆڭلۈڭگە ياقمايدىغان بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

پېتىر جەمشىدنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆڭلى بەكلا بۇزۇلۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھە دېگەندىلا جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

پېتىردىن زۇۋان چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن جەمشىد يەنىلا چاقچاق ئاھاڭىدا سۆزلىدى:

— پېتىر، داداڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا ماڭا سەن خىزمەت قىلىپ كەلدىڭ. بىزمۇ بۇنىڭدىن رازى. ئەگەر سەنمۇ بولمىساڭ، كىم ماڭا گېزىت ئەكىرىپ بېرىدۇ، — ئۇ شۇ گېپىدىن كېيىن پېتىرنى ئىشارەت بىلەن ئالدىغا چاقىرىپ بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە ئۇرۇپ قويۇپ دېدى، — پېتىر، مەن بىلىمەن، ئەمەلىيەتتىگىمۇ ئىسپاتلىدى، سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش ھەم سادىق، ھەم مەسئۇلىيەتچان كىشى چىقتىڭ، سەن نېمە سەۋەبتىن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئەيىبلەيسەن؟

جەمشىدنىڭ ئاخىرقى بىر گېپى توك ئۆتكەندەك، پېتىرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئۇ ئۆزىنى ئىختىيارسىز جەمشىدنىڭ ئايىغى ئالدىغا تاشلىدى. ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىدىن ياشلار خۇددى بىردىنلا يار ئېلىپ كەتكەن سەلدەك بۇلدۇقلاپ تېشىپ جەمشىدنى

بايىقىدىنىمۇ بەكرەك ھالىڭ ــ تالىڭ قالدۇردى، جەمشىد چاقىقانلىق بىلەن ئۇنى يۆلەپ:
ــ زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئېيتقىنا؟ ــ دەپ سورىدى، ــ مۇنداق قىلىۋەرسەڭ، مېنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىسەن، ساڭا زادى نېمە كېرەك بولسا، ئوچۇق ئېيتىۋەر، تەلىپىڭنى چوقۇم قاندۇرىمەن؛ نېمە دەردىڭ بولسا ئېيت، چوقۇم بار كۈچۈم بىلەن دەردتىن قۇتۇلدۇرىمەن؛ بىرەر گۇناھ قىلساڭمۇ مەيلى، خاتىرجەم بول، گۇناھىڭنى ئېيتقۇچىلىك ئاللىقاچان كەچۈرىدىغان يەرگە كېلىپ بولدۇم.
پېتىر جەمشىدنىڭ رەھىمدىللىك بىلەن مەغپىرەت يېغىپ تۇرغان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدى. كېيىن ئۆپكىسىنى بېسىپ، ئېسەدەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:
ــ غوجام! ئەمدى مېنىڭ ياخشىلىقىم توغرىسىدا زادى گەپ قىلمىسىلا. ئىلگىرى مەندە ئاشۇ ئارتۇقچىلىقلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈم بىراقلا يوق قىلىۋەتتىم. ئەمدى مەن ھەرقانچە يىغلىسامىمۇ، دىلىمدىكى داغنى كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇۋېتەلمەيمەن ...
ــ پېتىر، ئېيتىۋەر، ھەرقانچە چوڭ خاتا ئىش قىلىپ قويغان بولساڭمۇ ئېيتىۋەر! ــ دېدى جەمشىد ئۇنىڭغا ھەدەپ مەدەت بېرىپ، بىراق چىرايى بايىقىدىن باشقىچە جىددىي تۈس ئالغانىدى.
ــ مېنىڭ كاللامنى ئېلىشقا تېگىشلىك، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە! مەن سىلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان شۇملۇققا قاتنىشىپ قالدىم.
جەمشىد پېتىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى، ئەمما ئۇ پېتىرنى داۋاملىق سۆزلىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتىۋالدى.
ــ خۇداغا شۈكۈر، ــ دېدى پېتىر، ــ سۇيىقەست ئىشقا ئاشماي قاپتۇ. تۈنۈگۈن ئاخشام مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن

كېيىن ماڭا ئېيتقان گەپلىرى، قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۆلگەن ۋىجدانىمنى تىرىلدۈردى. ئۇنداق بولمىغان بولسا، پۈتۈن ئۆي ـ جەمەتلىرى ئالدىدا ئاساسىي گۇناھكارغا ئايلانغان بولاتتىم. خۇداغا شۈكۈر، مانا سىلى ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتىدىلا ...

ۋىجدانىي ئازابتا قالغان پېتىر جابىرلارنىڭ تونۇگۈن ئاخشامقى ئىشلىرىنى ۋە بۈگۈن ئاخشام قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى جەمشىدكە باشتىن ـ ئاخىر ئەينەن سۆزلەپ بەردى.

جەمشىد پېتىرنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن تۈكلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. كاللىسىنى زىددىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالدى. ئۇ، زادى مېنىڭ ئۆز قېرىندىشىم كىم بولۇشى كېرەك، دېگەن مۇھىم مەسىلىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئويىچە، يۈسۈپ ئۆزىنىڭ پۈشتى بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دادام دەپ بەك ياخشى كۆرەتتى. دەرۋەقە، يۈسۈپ ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ئەمەسلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. ئەمما، جابىر ئۇنىڭ ئۆز تاغىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆز دادىسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. جابىر يېتىم قالغان بولسىمۇ، لېكىن جەمشىد ئۇنى ئۆز ئوغلى قاتارىدا كۆرۈپ، نۇرغۇن پۇل بىلەن تەربىيىلىگەن، مەكتەپتە ئوقۇتقان ۋە كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا بىر ئۈلۈش بايلىق بۆلۈپ بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى. يۈسۈپكە سېلىشتۇرغاندا، جەمشىدنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشى جابىر ئىدى. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي جابىر ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بوپتۇ! جەمشىد جابىرنىڭ بىمەنە قىلىقلىرىنى، جۇملىدىن كىشىنى قورقۇتىدىغان جۆيلۈشلىرىنى تا ھازىرغىچە ئىش ئۇقمىغانلىقىدىن ياكى تەبىئىي مىجەزىدىكى ئۆكتەملىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپلا ھېسابلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆز جىيەن ئوغلىنىڭ ئۆز پېيىگە چۈشۈپ زەھەرلىك قول سالماقچى بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى! جەمشىد «جابىر ئېغىر جازاغا تارتىلىشى كېرەك! ئۇنىڭ ھازىرقى قىلمىشلىرى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن» دېگەن يەرگە كەلدى.

شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن جەمشىد زادى ئىككىلىنىپ تۇرمىدى، پېتىرنىڭ دېيىشىچە، جېنىدىن تويغان ئۇ ئەبلەخلەر بىرىنچى كۈنى ئىش ئېپىدىن چىقماي قالسا، ئەتىسى كەچتە داۋاملىق تۇتۇش قىلىمىز دەپ پۈتۈشكەنىكەن، مانا ئەمدى جەمشىد ئۇلارنىڭ قانداق تۇتۇش قىلماقچى بولغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. شۇڭا، جەمشىد پېتىرنىڭ ياردىمىدە، جابىرلارنىڭ بۈگۈن ئاخشامقى يەنە بىر رەت قاتىللىق ھەرىكىتىنى پاش قىلىشقا تېزدىن تەييارلىنىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

جەمشىد تۈنۈگۈن ئاخشامقى ۋەقە توغرىسىدا پېتىرنى قىلچە ئەيىبلىمىدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ خىزمەتكارنىڭ تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن بىلەن خىزمەتكار ئىككىسى بىرپەس پىچىرلاشقاندىن كېيىن جەمشىد بۈگۈن ئاخشام ئاشۇ لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشماقچى بولدى ۋە پېتىرنى دەم ئال دەپ چىقىرىۋەتتى.

جەمشىد ئەھۋالنى دەرھال ساقچىلارغا مەخپىي مەلۇم قىلدى ھەمدە ئۇلارغا تۈنۈگۈن ئاخشامقى ۋەقەنى ۋە بۈگۈن ئاخشام ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان قاتىللىق ھەرىكىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، سارايىنى ساقچىلار دەررۇ مەخپىي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، زادى چانمىغۇدەك بىر قاتار ئەپچىل تەدبىرلەرنى كۆردى. دەرۋەقە، بۇ پېتىردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان، پۈتۈنلەي يۇقىرى ھوشيارلىق ۋە قاتتىق مەخپىيەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەت ئىدى. جەمشىد جابىر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ، زادى قۇتۇلالمايدىغان تۈمۈر قەپەسكە چۈشۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.

كۈندۈزى شەپەرەڭدەك ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇنۇپ ياتقان جابىر قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى جىمىققاندا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىگە كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن ياتقان يېرىدىن يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلىپ چىقتى.

ئۇلار بۈگۈن ئاخشاممۇ پېتىرنىڭ ھىمايىسىدە سارايغا

كىرىپ، پېتىرنىڭ ھۇجرىسىغا مۆكۈندى. جابىر بىراقلا دۇئېلغا چىقماقچى بولۇپ، بۇگۈن ئاخشامقى ھەرىكىتىدە چاتاق چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەتەي بىر كونا قاراقچىنى چاقىرىپ كەلگەنىدى. ھەممەيلەن ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن جابىر ئاۋۋال ھېلىقى قاراقچىنى پېتىر بىلەن جونسۇنغا تونۇشتۇردى، ئاندىن كېيىن ھەممەيلەن بۇگۈن ئاخشام كۈتۈلمىگەن ئەھۋال بولامدۇ - يوق، بۇگۈن ئاخشامقى ھەرىكەت ئىشەنچلىكمۇ - قانداق، دەپ سوراۋاتقاندەك پېتىرغا تىكىلدى.

پېتىر ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ جابىردىن:

— تۇنۇگۈن ئاخشام نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ نېمانداق لاتا غىلاپ بىرنېمىلەر سىلەر؟ — دېدى.

— بولدى، ئۇ پېشكەللىكنى تىلغا ئالما ! — دېدى جابىر، — ئېيتقىنا، ھېلىقى «كېچىلىك مۇھاپىزەتچى» ئۇ يەرگە قاچان بارغان؟ دەرۋەقە، ئۇ بولمىغان ھالەتتىمۇ، ماشىنا ئىچىدە باشقا ئىككى ئادەم ئولتۇرغان تۇرسا، قانداق قول سالىمىز؟

— ۋايتاڭ؟ بۇ قانداقمۇ خىيالىمىغا كەلسۇن، چىمەنبانۇ كەچتە دوختۇرخانا تەرەپتە قونىمەن دېگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت پىلانىنى ئۆزگەرتىشىنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى پېتىر بوي بەرمىگەندەك رەددىيە بېرىپ.

— بولدى، بولدى، تۇنۇگۈنكى گەپنى قويۇڭلار، گەپ بۇگۈنكىسىدە، قانداقراق، بۇگۈن ئىشەنچ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قاراقچى گەپ قىستۇرۇپ.

پېتىر مەيدىسىگە مۇشتلاپ:

— سىلەر قول سېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆلۈك ئىتتەك ئۇخلىتىۋېتىشقا مانا مەن كېپىل، ھېلىقى مىلتىقلىق دارازىنى ئېسىل يېمەكلىك بىلەن گوللاپ تۇرۇشقىمۇ مەن كېپىل، — دېدى ئۇ، — ھە راست، سىلەرگە يەنە بىر خەۋەر ئېيتاي، چىمەنبانۇ بۇگۈن ئاخشام گەپ يوق دوختۇرخانا تەرەپتە قونۇپ قالماقچى، دوختۇر ئەتە ئەتىگەندىلا يۇسۇپ بايۋەچچىگە

بىر نېمىنى سىناق قىلماقچىكەن.

— ئاغزىڭغا ناۋات، دوراڭ تەيياردۇ؟ — دەپ سورىدى جابىر.

— تەييار، — دېدى پېتىر، — مەن مەشەگە كېلىش ئالدىدىلا ئۇنىڭغا ئىچۈرۈۋەتتىم. بەلكىم ھازىر ئۇخلاپ كەتتىغۇ دەيمەن!

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى كەينىگە سۇرمەيلى. سەن كېتىۋەر، پېتىر، بىز ھازىردىن باشلاپ مەشەدە سىگنالىڭنى كۈتۈپ تۇرىمىز، — دېدى جابىر قاراقچىلار قوماندانىغا ئوخشاش بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

پېتىر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كۆپچىلىكنىڭ كېلىشكىنى بويىچە، پېتىر ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چىراغنى ياندۇرغان ھامان، جابىر يول باشلاپ ئاشخانىنىڭ ئارقا تېمىنى بويلاپ ئۇياققا ئۆتمەكچى، جونسۇن بىنا ئىشىكىنىڭ ئالدىنى باقماقچى، جابىر جەمشىدنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى باقماقچى، كونا قاراقچى ئۆيگە كىرىپ پىچاق سالماقچى بولغانىدى. كۈتمىگەن ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەربىرى بىردىن تاپانچىمۇ ئېلىۋالغانىدى. ئەمما، بۇ تاپانچىلارنى قوغدىنىشقا ئىشلىتىشنى، ئىلاجسىزلىق دەرىجىسىگە يەتمىگۈچە ئوق چىقارماسلىقنى ئېنىق بەلگىلىگەنىدى.

جېنىدىن تويغان ئۈچ لۈكچەك ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېنىقسىز چىراغقا كۆز تىكىشىپ تۇراتتى.

پېتىر جەمشىدنىڭ ھۇجرىسىنىڭ سىرتىغا كېلىپ، دالدىغا مۆكۈنۈپ تۇرغان ساقچى ۋە ئۆي جېسەكچىسى بىلەن خەۋەرلەشكەندىن كېيىن ماشىنا ئىسكىلاتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

چىراغ ياندى. لۈكچەكلەر خۇددى ئۇۋىسىدىن چىققان چاشقانلاردەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىغا قاراپ، ئاشخانىنىڭ ئارقا تېمىنىڭ تۈۋى بىلەن جەمشىدنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە مېڭىشتى.

جابىر بىلەن كونا قاراقچىنىڭ جەمشىد ھۇجرىسىغا كىرىپ بولغانلىقىنى پەملىگەن ساقچىلار دالدىدىن شارتىلا چىقتى ـ دە، ئىككىسى بىرىپلا جونسۇنىنىڭ قورالىنى تارتىۋالدى، ئۆي جىسەكچىسى بىلەن بىر ساقچى دېرىزىنى بېقىپ تۇردى. باشقا ئۈچ كىشى بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۆزلىرى بالدۇر كۆرۈپ قويغان نەق مەيدانغا قاراپ چاپتى.

كونا قاراقچى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىچە جەمشىدنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ، خەنجىرىنى ئەمدىلا سالغاندا، ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ھودۇقۇپ ئۆزىنى يوقاتقان جابىر جان ئاچچىقىدا كارىۋاتقا قارىتىپ پاڭ ـ پۇڭ ئۈچ پاي ئوق چىقاردى، ئۇ تۆتىنچى پاي ئوق چىقىرىشقا تەمشەلگەندە، ساقچىلار ئۇنىڭ ۋە كونا قاراقچىنىڭ قورالىنى تارتىۋالدى. ئۇچەيلەننىڭ بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالماي، قوللىرىغا تۆمۈردىن سوقۇلغان «بىلەزۈك» سېلىندى!

بىردەمدىن كېيىن غەرب تەرەپتىكى دالانغا ئۆتىدىغان ئارا ئىشىك ئېچىلىپ، چىرايىدىن مەيۇسلۇك چىقىپ تۇرغان، باسقان ھەربىر قەدىمى كۆڭلىدىكى ئېغىر ئازابتىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان جەمشىد كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن پېتىرمۇ كىردى.

جابىر ھەيرانلىق بىلەن جەمشىدكە كۆز تاشلىغاندىن كېيىن باياتىن ئۆزى ئاتقان ئوقلار ئۆتمەتۆشۈك قىلىۋەتكەن كارىۋاتقا سىنچىلاپ قاراپ، نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندى.

جەمشىد جابىرنىڭ ھەيران قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ تىرىكلىكىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ناھايىتى ئېچىنىش بىلەن، — چۈنكى، سېنىڭ نەزىرىڭدە مەن ئوق تېگىپ ئۆلگەنىدىم. سېنىڭدەك ئېسىلزادە ئائىلىنىڭ پەرزەنتىدىن پېتىردەك خىزمەتكار مىڭ ھەسسە ياخشى بولۇپ چىقتى. سەن ئۆز تاغاڭنى ئۆلتۈرمەكچى

بولغان بولساڭ، ئۇ ئۆز خوجايىنىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى!
جەمشىد ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالغاچقا، ئاۋازى بوغۇق چىقتى. سۆزلەۋېتىپ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى. پېتىر چاققان بىرىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى.
— بۈگۈن قىلغان ئەسكىلىكىڭ داداڭنىڭ شەرمەندە ئەرۋاھىغا يەنە شەرمەندىلىك قوشتى. سەن نائەھلى ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ نامىنى بۇلغىدىڭ، — جەمشىد ئاۋازى يېرىتىلغۇدەك ۋارقىرىدى، — شۇ تاپتا، سېنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرمايدىغانلىقىغا ئىچىنىۋاتىمەن. سەن ماڭا ئوق چىقىرىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭ، سەن قانۇننىڭ چاڭگىلىغا چۈشتۈڭ، يوقال كۆزۈمدىن!
شۇ گەپلەردىن كېيىن جەمشىدنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، ئۇ ئەمدى جابىرغا قاراپمۇ قويماي، ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆيدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ھاياجانلىنىپ، كۆڭلى بۇزۇلۇشى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ جىيەن ئوغلىنىڭ شۇنچە ئىچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى.
ساقچىلار قولى كويزىلانغان جابىر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئوچۇق سوت قىلىنغۇچە تۈرمىگە قاماپ قويۇلدى. كونا قاراقچىنىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن قاراقچىلار گۇرۇھىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كاۋاك ئېچىلدى.
دېلو قارىلىۋاتقاندا، جابىر قاتىللىق ھەرىكىتىگە سەنەۋەرنىڭ ئوغلى گۆھەرمۇ قاتناشقان دەپ شىكايەت قىلدى. گۆھەر ئاغرىق سەۋەبى بىلەن شۇ ئەككى قېتىملىق ۋەقەگە بىۋاسىتە قاتناشمىغان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە تۇتۇپ تۇرۇلدى.
دېلو ئىشلىنىپ پۈتكەندە، قانۇن بويىچە، جابىرغا ئۆلۈم جازاسى، جونسۇن بىلەن كونا قاراقچىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.
گۆھەر سۈيىقەست پىلانلاشقا قاتناشقانلىقىنى ئۆز بوينىغا

ئالغان بولسىمۇ، لېكىن جەمشىدكە قاتىللىق قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىت تېپىلمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئاران بىر يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

جەمشىد ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى يەنە بىر قېتىم مەخپىي ئۆزگەرتىپ، مىراسخورلىرى قاتارىغا پېتىرنىمۇ كىرگۈزۈپ قويىدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

تىنىقى ئۆزۈلەيلا دەپ قالغان جەسەت ئېچىۋېلىنغان كۆننىڭ ئەتىسى كەچتە نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. قولچىرىغنىڭ يورۇقى تىرىلىۋاتقان جەسەتنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە پاللىدە چۈشكەن ئارىلىقتا مىكائىل ئۇنىڭ قولىغا قاراپلا كارىۋاتتا ياتقان بۇ جەسەتنىڭ سىڭلىسى شاھبانۇ ئىكەنلىكىنى تونۇپ، چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى. كېيىن ئۆزىنى توختىتىپ:

— بۇ نېمە قىلغان گۇناھىغا مۇنداق ئەھۋالغا گىرىپتار بولغاندۇ! — دېدى خاپا بولۇپ.

مىكائىلنىڭ بۇ گېپىدىن ھەيران بولۇپ قېتىپ قالغان نازپەرۋەر ئۇنى جۆيلۈۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، خىيالىغىچە ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى.

— مىكائىل، — دېدى نازپەرۋەر، — زادى نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنى ئەمدى قورقۇتماڭ، بولامدۇ؟

— ئاز، — دېدى مىكائىل يىغلىغاچ دۇدۇقلاپ، — سىز مې... مېنىڭ مېھرىبانىم، سىزگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن ...

نازپەرۋەر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، مىكائىلنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىغا قۇلاق سالدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئاجايىپ تىرىشچانلىقىڭىزنى كاجلىق ۋە تەرسالىقتا چىقىرىپ زادى پەرۋايىمغا ئالماپتىمەن. ئەمدى قارىسام سىڭلىمنى گۆر ئاغزىدىن شۇ «كاجلىقىڭىز»، شۇ

«تەرسالىقىڭىز» قوتۇلدۇرۇۋاپتۇ. بولمىسا، ئۆز سىڭلىمنى ئۆز قولۇم بىلەن تىرىك كۆمۈۋېتەتتىمكەن.
— نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، مىكائىل؟ — دېدى نازپەرۋەر، — كىشىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش ساۋابلىق ئىش، ئەمما بۇنداق ئېلىشىپ قالغاندەك گەپلەرنى قىلىسىڭىز بولمايدۇ — دە!
— ناز، — دېدى مىكائىل ئەستايىدىللىق بىلەن، — مېنىڭ گەپلىرىمگە ئىشەنمەي تۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ، گەپنىڭ راستىنى قىلىۋاتىمەن.
— سىز سىڭلىڭىزنى ئۈچ ياش چېغىدىلا خەق ئازدۇرۇپ ئەكەتتى دەۋاتامتىڭىز؟ قانداق بولۇپ بىردىنلا بۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر چۈشىنەلمەي.
— ئۇ شۇنداق، ناز، ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى راستتىنلا بىلەلمەي كەلگەنىدىم، قەيەردە ئىكەنلىكىدىنمۇ ئەسلا خەۋەر ئالالمىغانىدىم.
— ئەمىسە، ئۇنى قانداقمۇ ئۆز سىڭلىم دەپ جەزم قىلالايسىز؟
— باشقا تەرىپىنى ئۇنتۇغان بولساممۇ، لېكىن تاتۇقىنى زادى ئۇنتۇغىنىم يوق.
مىكائىل سۆزلەۋېتىپ ئۆزى تۇرغان بۇلۇڭدىن قىز ياتقان كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پەسكە ئېگىلىپ، قىزنىڭ سول قولىنىڭ دۈمبىسىگە سىنچىلاپ قارىدى ھەمدە ئۇنىڭدىكى كىرپىست شەكىللىك تاتۇق ئىزىنى نازپەرۋەرگە كۆرسەتتى.
— بۇ نېمىگە دەلىل بولالايدۇ؟ سىڭلىڭىزنىڭ قولىغا مۇشۇنداق تاتۇق چۈشكەن دېيىلگەن بولسىڭىز، جاھاندا بىرنېمىگە ئۇرۇۋېلىش، كۆيدۈرۈۋېلىش، بېسىلىپ قېلىش ... سەۋەبى بىلەن قولىنىڭ دۈمبىسىگە مۇنداق تاتۇق چۈشۈپ قالغان قىزلار نۇرغۇن تېپىلىدۇ، شۇنداق ئىكەن ئۇنى قانداقمۇ ئۆز سىڭلىم دەپ جەزم قىلالايسىز؟

نازپەرۋەرنىڭ گېپى ناھايىتى قايىل قىلارلىق بولغاچقا، مىكائىل كۆڭلىدە ئىككىلىنىپ قالدى.

مىكائىلنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن نازپەرۋەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، مەيلى سىزنىڭ سىڭلىڭىز بولسۇن، مەيلى باشقا بىرى بولسۇن، شۇ تاپتا بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش.

شۇ گەپتىن كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى كارىۋاتتا ياتقان قىزغا قايتا تىكىلدى، ئاندىن ئۇلار كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئولتۇرۇپ، ئۇ قىزنىڭ ئاغزىغا داۋاملىق مېۋە شەربىتى تېمىتتى. ئەمدى ئۇلار ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ئۈمىد باغلاپ كۆزى يەتكەن بۇ قىزنى تەڭلا «ئاغرىق» دەپ ئاتاشتى.

ئاغرىق قىزنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايىدىن ھېلىغىچە بىرەر ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. بىراق، نازپەرۋەرنىڭ قولىدىكى قوشۇق كالپۇكلىرىغا ھەربىر تەگكەندە، ئۇ قىز گويا يەرگە چۈشۈپلا ئېمىشنى بىلگەن بوۋاقتەك تەبىئىي ھالدا ئاغزىنى ئاچاتتى ھەمدە ئاغزىغا تېمىتىلغان شەربەتنى بىمالال يۇتۇۋېتەتتى.

بىر قوشۇق، ئىككى قوشۇق، ئۈچ قوشۇق ... يىگىرمە مىنۇت ۋاقىت ئۆتتى، ئۆينىڭ ئىچى يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى.

توساتتىن، ئاغرىق قىزنىڭ قاپاقلىرى لىپ - لىپ قىلىپ قالدى. نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل ئۆزلىرىنىڭ نېرۋا - نېرۋىسىغا تەسىر قىلغان بۇ نازۇك ھەرىكەتنى تەڭلا كۆردى. ئۇلار شادلىق ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ۋارقىرىۋېتىشكە قىل قالدى. بىراق، ئۇلار تىنىقىنى ئىچىگە تارتىپ، قىزنىڭ كۆز ئېچىشىنى كۈتكىنىدە، قىزنىڭ ھەرقانداق ئالامەتتىن خالىي يۈزىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى.

— ناز، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاران - ئاران ئېلىنىۋاتقان نەپىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇقمۇ نېمە؟ — دېدى مىكائىل بىئارام بولۇپ.

— قارىسىغا سۆزلىمەڭە! كېلىڭ، شەربەتتىن يەنە ئىچىۋالايلى، — دېدى نازپەرۋەر ۋە يەنە بىر قوشۇق شەربەتنى ئاغرىققا ئىچۈردى.

ئارىدىن يەنە بەش مىنۇت ۋاقىت ئۆتتى.

— ناز! ناز! قاراڭ! تېز بولۇڭ! — دەپ پەس ئاۋازدا ۋارقىرىدى مىكائىل ھەيرانلىق بىلەن.

ئاغرىق كۆزىنى شۇنداقلا ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇ ئانچە - مۇنچە ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بىر تورۇپ ئۆزىنى يىراق ئۇيۇقتا، رەڭگارەڭ بولۇتلار ئارىسىدا، پايانى يوق تۇمان دېڭىزىدا تۇرغاندەك سەزسە، بىر تۇرۇپ ئىنىس - جىن ئاياغ باسمىغان قۇملۇق باياۋاندا، قاقاسلىقتا، چاڭقاش، چارچاش ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە تۇرغاندەك سېزەتتى. ئۇ تۇرۇپلا يەنە «ياق!» دەپ ئۆز سېزىمىنىڭ خاتالىقىنى، قۇرۇق خىيالغا بېرىلىشتىن بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ: «ئەجەب بىر كىملەر پىچىرلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇغۇ؟ يەنە كېلىپ يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئادەممۇ بۇ نېمە؟ ئەگەر ئادەم بولسا ماڭا تېز ياردەم بەرسۇن! نېمە بولغاندىمەن، ئەجەب زادىلا مىدىرلىيالمايۋاتىمەنغۇ؟ ھە! مەن ئەسلىدە بىر پارچە لاي! ھاراق بىلەن يۇغۇرۇلغان لاي!» دېگەنلەرنى ئويلاپ - ئويلاپ، يېڭىباشتىن ھېچنېمىنى كۆرۈپ بولمايدىغان تۇمان دېڭىزىغا غەرق بولدى.

«... گېلىم ئاجايىپلا سانجىپ ئاغرىۋاتىدۇ، تىلىم نېمىشقىدۇر ياغاچتەك قېتىپ قالغان، بەدەنلىرىم تاياققا ئوخشاپ قالغان ...» ئاغرىق قىزدا يەنە ناھايىتى ئاجىز سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سەزدى. ئەمما، چۈشىنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر ئايىغى چىقمايۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلەندى. ئۇ: «مۇبادا چۈش كۆرۈۋاتمىغان بولسام، قاراڭغۇ گۆرنىڭ ئىچىدە

تۇرۇۋاتقانلىقىم ئېنىق، پىچىرلاۋاتقانلار گۆرگە ئۆلۈكتىن سوراق سوراشقا كىرگەن مۇنكىر ـ نەكىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۇقالمايۋاتقان بولسام كېرەك. ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىدىغان بۇ ئىككى مالائىكىنىڭ ئەرەبچە سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. بىراق، نېمە چارە بولسۇن؟ ئۆزۈم ئەرەبچە بىلمىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكىم تۇرغان گەپ!» دېگەن خىيال بىلەن پانىي ئالەمدىكى چېغىدا دۇئا ئايەتلىرىنى ئۆگىنىپ قويمىغانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى ۋە ئۆگىنىپ قويغان بولسام، مالائىكىلەرنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە جاۋاب قايتۇرغان بولار ئىدىم، دەپ ئويلىدى. ئۇ توساتتىن، مالائىكىلەرنىڭ گېپىنى ئۇقمىساممۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەندىن «ئېتىڭ نېمە؟ ئاتا ـ ئاناڭ كىم؟» دېگەن بىرىنچى سوئالنى سوراۋاتقانلىقى شەكسىز دەپ ئويلاپ قالدى.

خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ ئاجىز نېرۋىسىغا تەھدىت، تاقەتسىزلىك ۋە ئازاب بىراقلا ھۇجۇم قىلدى ـ دە، بەك قورقۇپ كېتىپ بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى.

ئاغرىقنىڭ كۆزلىرىدىن تەشۋىش ۋە ئەجەبلىنىش ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى سەلكىن شامالنىڭ يەلپۈشى بىلەن سۇ يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن كۆپۈكتەك پىلىلداپ مىدىرلاپ تۇراتتى. كالپۇكلىرى گويا جىددىي بىر ۋەقەگە يولۇقۇپ گېپىنى ئېيتىشقا ئالدىرىسىمۇ ئېيتالماي قىينىلىۋاتقان كېكەچلەرنىڭكىدەك دىر ـ دىر تىترەيتتى، قوللىرىمۇ خۇددى چەمبەرچاس باغلاقتىن ئاجراشقا ھەدەپ كۈچەۋاتقاندەك تارتىنىشىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ باشقىدىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، تارام ـ تارام يىغلاشقا باشلىدى.

مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر شۇ تاپتا يۈز بەرگەن ھەممە ئەھۋالنى تىنماي دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرغانىدى. قىزنىڭ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانلىقىنى كۆرگىنىدە، كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز قىزنىڭ يۈزىدىن يۆتكەپ، «بۇ قانداق گەپ؟»

دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.
شۇ ئارىدا ئۇلار شاقئدە بۇرۇلۇپ ئاغرىققا كۆز تاشلىدى. ئاغرىقنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ھەر ئىككىسى تەڭ ئاڭلىدى.
«ئانا ... جېنىم ئانا ... مېنى قۇتۇلدۇرۇڭ ... تېز قۇتۇلدۇرۇڭ ...» دەيتتى ئاغرىق قىز ئارانلا ئاۋاز چىقىرىپ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى چېكىسىنى بويلاپ قۇلاق تۈۋىگە، ئۇ يەردىن ياستۇققا ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى.
ئاغرىقنىڭ سۆز قىلالىغانلىقىدىن قالتىس خۇش بولۇپ كەتكەن مىكائىل ئاغرىققا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئالدىراپ «سىز ...» دەپ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا، نازپەرۋەر ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.
مىكائىلنىڭ بۇ «ئۆلۈك» بىلەن ھەپىلىشىپ جاپا تارتىۋاتقىنىغا يىگىرمە تۆت سائەتچە بولغانىدى. تۈنۈگۈن كېچە، نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ، تۇرلۇك خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇ قىزنى گۆردىن ئاچىقىۋالغان، گۆرنى تىندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى يەنە مىكائىلنىڭ ئۆيىگە جايلاشتۇرغانىدى. قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلار ۋە پەرەزلەر دەستىدە مىكائىلنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا سوغۇق تەر باسقانىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ «ئۆلۈك»نىڭ ئارىدا ئىككى قېتىم خارتىلدىشى بىلەن مىكائىل قورقۇپ يۈكۈنۈپ، ئۇنىڭدىن گۇناھىنى تىلەشكە تاسلا قالغانىدى. مىكائىل بۇ قىزنىڭ غېمىدە توپتوغرا بىر كېچە كۆز يۇمماي چىقتى. بۈگۈن كۈندۈزى مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ تاپىلىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك ئىشقا چىققان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بوش ۋاقىت چىقسىلا ئۆيىگە كېلىپ، كارىۋاتتا ئاستا ـ ئاستا تىرىلىۋاتقان شۇ «ئۆلۈك قىز»نى يوقلاپ تۇردى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن بېرى، ئەھۋالدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھەممىدىن بۇرۇن بۇ «ئۆلۈك» ئۇلارنىڭ ئاغرىق كىشىسىگە ئايلىنىپ، مېۋە شەربىتىنى ئىچەلەيدىغان ھالغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىكائىل

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ قىزنىڭ قولىنىڭ دۇمبىسىدىكى كىرىپىت شەكىللىك تاتۇق ئىزىنى كۆرۈپ قېلىپ، يىغلامسىرىغان پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى ــ دە، ئۇنى ئۆز سىڭلىسىنىڭ «شاھبانۇ» دېگەن ئىسمى بىلەن چاقىردى، ئۇنى ئون ئالتە ــ ئون يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا خەق ئازدۇرۇپ ئەكەتكەن ئۆز سىڭلىم دەپ بىلدى ۋە شۇ ھاياجاندا تونۇگۈن ئۆزىنى زورلاپ ئاپىرىپ گۆر كولىتىپ ئاشۇ قىزنى قۇتۇلدۇرغان نازپەرۋەرنى مېھرىبانىم دەپ ئاتىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى نازپەرۋەر گالۋاڭلارچە جۆيلۇشكە چىقىرىۋەتتى ھەمدە ئۇنى بىرقانچە گەپ بىلەنلا ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى. مىكائىل ئۆزىمۇ بىرلا تاتۇق ئىزىنىڭ يېتەرلىك دەلىل بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ، مىكائىلنىڭ ئۆز كارىۋىتىدا يېتىۋاتقان بۇ «ئۆلۈك»كە بولغان ھېسسىياتى تونۇگۈن ئاخشامدىن باشلاپ باشقىچە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قورقۇش، غەمگە چۆكۈش، ئەندىشە قىلىش، ئۆزىنى ئاۋارىچىلىكتىن قاچۇرۇش ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئۈمىد، ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش ۋە ئاغرىق بىلەن پاراڭلىشىشقا ئالدىراش ھېسسىياتى ئىگىلىدى. ئۇ يىگىرمە نەچچە سائەتلىك ھېرىپ چارچاشلىرىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالدى. مانا ھازىر ئاغرىقنىڭ كەينى ــ كەينىدىن ئىككى قېتىم كۆزىنى ئاچقانلىقى ۋە ئاخىر ئۇشتۇمتۇت زۇۋانغا كەلگەنلىكىدىن مىكائىل گويا ئۈمىد يۇلتۇزى كۆز ئالدىدا پارلىغاندەك بولدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلىشكە شۇنچە ئىنتىزار بولۇۋاتاتتى. بىراق، ئۇ قىزدىن «سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سوراي دەپ تەمشىلىشىگە، نازپەرۋەر ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى.

نازپەرۋەرنىڭ مىكائىلنى سۆزلەتمەسلىكتە كۆزدە تۇتقىنى، ئاغرىقنىڭ ھالى بەك زەئىپ ئىدى، ئۇ پۈتۈنلەي دەخلىسىز ئەھۋال ئاستىدا ئاستا ــ ئاستا ھوشىغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئاغرىقنىڭ نېمە دەردى بارلىقى، قانداق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن ئەڭ

قورقىدىغانلىقى، قانداق گەپلەرنى ئاڭلاشنى ئەڭ خالايدىغانلىقى نازپەرۋەرگىمۇ، مىكائىلغىمۇ نامەلۇم ئىدى، شۇڭا قارىسىغا گەپ قايتۇرۇش ياخشىلىق قىلىمەن دەپ يامانلىق كەلتۈرۈشكە باراۋەر ئىدى. ئۇنداق قىلىش ئورنىغا ئاغرىقنىڭ ئۆزى دۇدۇقلاپ سۆزلەۋەرسە، بىر تەرەپتىن، ئۆز دەردىنى بىر ـ بىرلەپ، باشتا ئاز ـ ئازدىن، ئاخىرىدا كۆپرەك ئىزهار قىلىشى مۇمكىن ئىدى، بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاغرىقنىڭ هوشىنى تېپىپ روهلىنىشىغا پايدىلىق بولاتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل ئاغرىقنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراش سەۋەبلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەهۋالىنى ئۆز ئاغزىدىن تېخىمۇ كۆپرەك ئۇقۇپ، قانداق گەپلەرنى قىلىش ئاغرىق ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى، قانداق گەپلەر ئۇنىڭ يارىسىغا تېگىپ كۆڭلىنى بۇزىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولاتتى.

نازپەرۋەر ئەنە شۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ مىكائىلنى ئېغىز ئاچۇرمىغانىدى. ئۇ مىكائىلنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۆز ئويىنى ئۇنىڭغا پىچىرلاپ ئېيتتى، ئاندىن:

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، بىراق سىز سەۋر ـ تاقەت قىلالمىسىڭىز زادى بولمايدۇ، ئۇنداق قىلمايدىكەنسىز، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز دەپ تۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلىپ قويىمىز، — دېدى.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىگە قايىل بولدى. ئۇ پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ:

— ناز، ئېيتقىنىڭىز توغرا، بۇ تەرىپىنى ئەسلا ئويلىماپتىمەن، بولدى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دېدى.

مىكائىلنىڭ ئۇستەلدە تۇرغان سائىتى جىرىڭلىدى، ئارىدىن يەتتە ـ سەككىز مىنۇت ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاغرىق يا زۇۋان سۈرمىدى، يا كۆزىنى ئاچمىدى. نازپەرۋەر سەل بىئارام

بولدى، مىكائىل ئۇنىڭدىن بەكرەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. نازپەرۋەر شۇ ھامان مىكائىلغا بىر ئاز سۇ ئەكەلدۈردى. بىراق، ئۇ ئاغرىقنىڭ ئاغزىغا قوشۇقنى ئاپىرىۋىدى، ئاغرىق ئاغزىنى ئېچىپمۇ قويمىدى. ئارىدىن يەنە ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە، قايتا ئاپىرىۋىدى، ئاغرىق يەنىلا ئاغزىنى ئاچمىدى.

نازپەرۋەر بىلەن مىكائىلنىڭ مېڭىسى غوڭۇلداپ كەتتى. مىكائىل كارىۋاتنىڭ قېشىدىن ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ بېشىنى قوچاقلىغىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي جىم بولۇپ قالدى.

مىكائىل مەيۈسلۈك ئىچىدە قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى، كۆتكەن ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەندەك بىلىنىپ، يىغلىۋېتىشكە ئارانلا قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەسلىدە: «تاقەت قىلىپ كۈتەي، كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالاي، بۇ قىز ھوشىغا كېلىپ، ئىسمىنىڭ شاھبانۇ ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالسىلا، ئۆز سىڭلىم بىلەن تېپىشقان بولىمەن» دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدى، بىراق ئەمدى ...

مىكائىل شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ شاھبانۇ ئىسىملىك سىڭلىسىنىڭ كىچىك چاغلىرىنى قايتا ئېسىگە ئالدى. سىڭلىسىنىڭ ئۆز خاتىرىسىدە قالغان بەختىيار بالىلىق چاغلىرى قايتىلانمايدىغان ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن كارىۋاتتا ياتقان شۇ بەختسىز قىزنىڭ ئۆز سىڭلىسى بولۇپ چىقىشىغا ئۈمىد باغلىغانىدى. بىراق، بۇ قىز يېڭىباشتىن ئۆلۈككە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

نازپەرۋەرمۇ قانداقلارچە ئازابلانماي تۇرالىسۇن؟ ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى كېچە، بىر كۈندۈزنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى مىكائىلنىڭ بىلىشى ناتايىن ئىدى. ئۇ تا ھېلىغىچە ئۆلۈم چاڭگىلىدا ياتقان شۇ قىزنى ئىسسىق قېنىم بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈۋالسام دەپ تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى. ئۇ يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا، ئاغرىقنىڭ بىرنېمىلەر دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىدا، مىكائىلدىن قىلىشمايدىغان دەرىجىدە خۇشال

بولغان. ئەمما، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سۇيى سۇپسۈزۈك كۆلچەكتەك جىمجىت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ مىكائىلنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. مۇبادا ئۇمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى باشقۇرالماي، مىكائىلغا ئوخشاش مەيۈسلىنىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئولتۇرىدىغان بولسا، مىكائىلنىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغان ۋە ھېسسىياتىغا ھاي بېرىدىغان كىم بار؟

ــ مىكائىل، قويۇڭ بۇ قىلىقىڭىزنى. ئۇ قىزدىن ئەمدى ئۈمىد قالمىدى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلىق جىمىپ قالغان گەپ، ــ دېدى نازپەرۋەر يانغا بۇرۇلۇپ مىكائىلنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ــ ئاغرىقنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قىمىر قىلالماسلىقى مېنىڭچە، يېڭىلا ھوشىغا كېلىشكە باشلىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، شۇنىڭ زەربىسىگە قاتتىق روھىي زەئىپلىك دەستىدىن بەرداشلىق بېرەلمەي، قايتا ھوشىدىن كەتكەنلىكىدىن بولغان. شۇڭا، مەيۈسلەنمەڭ، مەن ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى ۋە تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشى خېلى جايىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

شۇدەم ئۇلارغا ئاغرىقنىڭ يەنە بىر قېتىم ناھايىتى ئاجىز ئىڭرىشى ئاڭلاندى. مىكائىل ئورنىدىن شاققىدە تۇردى ـ دە، كارىۋاتنىڭ قېشىغا كەلدى.

«ئەجەب ئىكەنسىلەر ... ماڭا ھاراقنىڭ كېرىكى يوق ... چاپسان بولۇڭلار ... بۇ كىچىككىنە ئۆيدىن چىققىلى قويۇڭلار» دەيتتى ئۇ قىز ئاڭلانمىغۇدەك ئاجىز ئاۋاز بىلەن، بىر ئازدىن كېيىن پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ، چېكىسىدىن بۈژۈلداپ تەر چىقىپ كەتتى.

بايىزە، ئۇ پەرىشتىلەردىن قورقۇپ كېتىپ ھوشىغا كەلگىنىدە، كۆزىنى ئېچىپ پۈتۈنلەي يات بىر جاينى ھەم قاراڭغۇ، ھەم تار كىچىككىنە بىر ئۆينى كۆرگەن، كۆز ئالدىدا چەكچىيىپ تۇرغان دۈپدۈگىلەك ئىككى جۈپ كۆز ۋە پىيالىدەك

بىرنەرسە گەۋدىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن. ئۇ خىرە ـ شىرە سېزىم ئىچىدە، ئۆزىنى كىمدۇر بىرىنىڭ يالغۇز ئايرىپ قويغانلىقىنى ۋە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق هاراقنى ئىچىشكە زورلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولغان. نەتىجىدە، ئەمدىلا قايتا ئىشلەشكە باشلىغان زەئىپ نېرۋىسى يېڭى ۋەھىمىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچراپ قايتا هوشىدىن كەتكەن.

ئاغرىقنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نازىپەرۋەر بىلەن مىكائىل باشقىدىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى. بىراق، دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى، بۇ هال گويا ئۇمىدىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان، ئەمما تېگىپلا قويسا يوقاپ كېتىدىغان هەم چوڭ، هەم چىرايلىق كۆپۈككە ئوخشايتتى، ئۇلار بىر تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرىسە، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

هەر ئىككىسى ئاغرىقنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاشۇ گەپلەرنى پەملەۋاتاتتى، بۇ گەپلەر ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇلار ئاغرىقنىڭ بۇدا ۋە ئالدىنقى قېتىم هوشىغا كەلگەندە دېگەن چەكلىك گەپلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكنى پەملەپ يېتىشكە ۋە ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشىنى شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلەشكە تىرىشىۋاتاتتى.

نازىپەرۋەر «هاراق» دېگەن سۆزگە قاراپ، تۈنۈگۈن كېچە مېيىت ساندۇقىنى ئاچقان چاغدا بۇرنىغا پۇرىغان پۇراقنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. مانا ئەمدى ئاغرىقنىڭ «هاراقنىڭ كېرىكى يوق» دېگەنلىكىدىن قارىغاندا، شۇ ئىككى ئىشنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ مىكائىل! ــ دېدى نازىپەرۋەر مىكائىلنى يېنىغا چاقىرىپ ۋە قولىدىكى پىيالىنى يەرگە قويغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، ــ تۈنۈگۈن كېچە مېيىت ساندۇقىنى ئاچقان چېغىمىزدا سېسىق هاراق پۇرىغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟

مىكائىل جىددىي قىياپەتتە باش لىڭشىتتى.

— باياتىن ئۇنىڭ «هاراقنىڭ كېرىكى يوق» دېگەنلىكىدىن قارىغاندا، كىمدۇر بىرى هاراق ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويغاندىن كېيىن ياكى باشقا بىرى تەييارلاپ قويغان زەهەرلىك هاراقنى ئىچىپ سالغاندىن كېيىن مۇشۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى نازپەرۋەر كارىۋاتتىكى ئاغرىققا تىكىلىپ قاراۋېتىپ.

مىكائىل ئۇزمەي باش لىڭشىتتى ۋە نازپەرۋەرنىڭ گېپى توگىگەندىن كېيىن ئۆزىمۇ نېمىنىدۇر بايقىغاندەك:

— ناز، توغرا ئېيتىۋاتىسىز. مەن ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ باياتىنقى «مېنى بۇ كىچىككىنە ئۆيدىن چىققىلى قويۇڭلار» دېگەن سۆزى، بىرىنچى قېتىم هوشىغا كەلگەندە كۆزلىرىدىن ۋەهىمە يېغىپ تۇرغانلىقى بىر ئىشنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى، يادىڭىزغا كەلدىمۇ؟ دېمەك بۇ يەر ئۇنىڭغا رەقىبى ئۇنى قايتا تۇتۇۋالغان يەر بولۇپ كۆرۈنگەن گەپ، قانداق دېدىم؟

— بۇ گېپىڭىز ئەقىلگە سىغىدۇ، مىكائىل! شۇغىنىسى ئەمدى قانداق قىلىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى نازپەرۋەر ئامالسىز قېلىۋاتقىدەك.

— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ. مەن هېچبىر ئىشنى سىزدەك پۇختا ئويلاپ يېتەلمەيۋاتىمەن. ئۆزىڭىز چاققان بىر يەرگە توختىلىڭ! — دېدى مىكائىل. ئۇ هازىر تۇنۇگۇن ئاخشامقى ئەلپازىدىن يېنىپ، تەلەپچان، سەمىمىي ۋە نەق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

نازپەرۋەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. مىكائىل بىر قولى بىلەن كەينىدىكى چېچىنى ئاستا مىجىقلاشقا باشلىدى.

— ئەهۋالدىن قارىغاندا، باشتا ئويلىغىنىمىزدەك، بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمايلى دېگىنىمىز ئەپلەشمەيدىغان ئوخشايدۇ. گەپ قىلمايدىغان بولساق، ئۇ تۇرغان مۆهتىدىن، بىزدىن قورقۇش تۇيغۇسىدىن زادىلا قۇتۇلالماي، هوشىغا كېلىشى

قىيىنلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇردى، — دېدى نازپەرۋەر.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق قانداق قىلىپ ئۇنى شۇ ھالەتتىن خالاس قىلالايمىز؟ — دېدى مىكائىل دەررۇ بىرەر كارامەت تېپىپ ئاغرىق قىزنىڭ ئەزرائىل چاڭگىلىدىن ئاجرىغان جېنىنى سېھىرگەرلەرچە تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئىككىنچى كەينىگە يانماس قىلىپ توختىتىۋالغۇسى كېلىپ.

— بۇنىڭ يولى ئۇنىڭغا تېزدىن مېھىر - شەپقەت بىلدۈرۈش، ئېيتايلۇق، ئۇ ئۆز ئىسمىنى بىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازدا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسۇن. دېمەكچى، ئۆز رەقىبىنىڭ قولىغا قايتا چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى تېز ئاڭقىرىپ يەتسۇن.

مىكائىل توختىماي باش لىڭشىتتى.

— بىراق ... — دېدى نازپەۋەر، — سىز جىق گەپ قىلماي تۇرسىڭىز بولىدۇ، بىرەر گەپ قىلىشىڭىز ئورنى كېلىپ قالسا، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراڭ !

ئىككىسى قايتىدىن ئاغرىقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار بىردەم قاراپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ئاغرىق قىزنىڭ لەۋلىرى يەنە مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەدە ! — دېدى نازپەرۋەر ئىنتىلا يېقىملىق ئاۋازى بىلەن، — كۆزىڭىزنى تېز ئېچىڭا، بىز سىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا كەلدۇق !

تا ھېلىغىچە غەزەپ، ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە جان تالىشىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالماي، ئاسمانغا نالە قىلسا ئاسماندىن، زېمىنغا نالە قىلسا زېمىندىن جاۋاب چىقماي، ئۆزىنىڭ يار - يۆلەكسىز يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان ئاغرىق قىز مانا ئەمدى ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى يىراق بىر يەردىن چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى - دە، ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە تەستە بۇرۇلۇپ، گويا بىرنېمە بىلەن يەملەنگەندەك چىڭ يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى.

— ھەدە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭا ! بىز سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدۇق ! ھەرگىز قورقماڭ ! — دەپ يەنە بىر قېتىم يۇمشاق ھەم يېقىملىق ئاۋاز بىلەن چاقىردى نازپەرۋەر. ئۇ گېپىنى ئىلاج بار ئاستا، ئېنىق ھەم مېھىر بىلەن ئېيتتى.

ئاغرىق قىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويماستىن، نازپەرۋەرنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئاغرىقنىڭ ئۆزىگە سەپسىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان نازپەرۋەر خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكىدەك يېقىملىق مېھىر بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— ھەدە، جېنىم ھەدە، — دەپ سۆزىنى ئاستا داۋاملاشتۇردى، — بەك جاپا تارتىپسىز، ئەمما بىز سىزنى ھەرھالدا قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق، ھەرگىز قورقماڭ !

ئاغرىق قىز كۆزلىرىنى قايتىدىن ئاستا يۇمۇۋالدى، ئەمما بۇ قېتىمقى كۆز يۇمۇشنىڭ قورقۇش ۋە ۋەھىمىدىن ئەمەسلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك باشقا بىر قىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ يەنە بۇ قىزنىڭ يېنىدا تۇرغان يىگىتنىڭمۇ ئۆز ئىنىسى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىنىسىدىن خېلىلا چوڭ باشقا بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆردى ۋە بۇلارنىڭ يا ئىنىسى، يا سىڭلىسى بولمىسىمۇ، ئۆزىگە شۇنچە مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولدى. كۆز ئالدىدا تۇرغان قىز ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن قىز ئىدى. ئەپتىدىن سەل شوخلۇق ۋە كاجلىق چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئەقىللىق ۋە زېرەكلىكى ئالاھىدە بىلىنىپ تۇراتتى. قارا بۆلجۈرگەندەك چاقناق كۆزلىرىدىن ياخشىلىق، مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق يېغىپ تۇراتتى. زىنىخلىرىدا ھەرقاچان جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان تەبەسسۇم شۇنچە سەممىمىي ۋە راستچىللىقىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتى. ئۇنىڭ تىنماي چاقىرىشلىرى، قورقماڭ دېيىشلىرى راستتىنلا قۇتۇلدۇرۇشقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. «... بۇ

زادى قانداق ئەھۋال؟ — دەپ ئويلىدى ئاغرىق قىز، — ئىشقىلىپ، ئۇلار ئەسكى ئادەملەر ئەمەس، ياخشى ئادەملەردەك قىلىدۇ ... كۆزۈمنى ئېچىپ ئوبدان سەپسېلىپ باقاي... »

ئۇ قايتىدىن كۆزىنى ئېچىپ، نازپەرۋەرگە، مىكائىلغا، ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئىنتايىن ئاددىي مۇسۇلمانچە كىيىملەرگە، ئۆيئىچىدىكى ئاددىي سەرەمجانلارغا ... سەپسالدى، ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ھەدە، كۆرۈۋاتقانسىز، بىز ئاددىي ئادەملەر، تۇزۇك بىر نەرسىمىزمۇ يوق، قورقماڭ، مانا سىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق ... كۆزىڭىزنى ئېچىۋىدىڭىز، ئاجايىپ خۇشال بولۇۋاتىمىز، — دېدى نازپەرۋەر، ئۇنىڭ ھەربىر گېپىدىن تەسەللى، ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مىكائىل كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتقان ھالدا نازپەرۋەرگە قاراپ قويۇپ.

— ھەدە، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزىمىز ناھايىتى نامرات بولساقمۇ، لېكىن ياخشى ئادەملەر، بىز ھالىڭىزدىن چوقۇم ئوبدان خەۋەر ئالىمىز، ئۇزاققا قالماي بىزگە ئوخشاشلا ساغلام بولۇپ كېتىسىز.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مىكائىل بايىقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئاغرىق قىز زۇۋان سۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن گۇمان ۋە ۋەھىمىدىن خالاس بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىلغان گەپلىرىنى چۈشىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا ئىشىنىۋاتقانلىقى كۆز ئالامەتلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ياشلىنىپ، ھاياجاندىن چاقناپ كەتتى.

مىكائىل قەلبىدىكى شادلىقنى باسالماي قالدى.

— ئىسمىڭىزنى بىزگە ئېيتىشنى خالارسىزمۇ؟ — دەۋەتتى ئۇ، ئاندىن ئاغرىقنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈش ئورنىغا نازپەرۋەرگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن نازپەرۋەرنىڭ

قارامىلىق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، ئىش بۇزاي دەۋاتىسىز دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نازپەرۋەر كۆز ئىشارىسى بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرمىگۈچە، مىكائىلنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشمەيتتى.

نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئەيىبلەش ئورنىغا، ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— توغرا، سىز بىزنىڭكىگە كەلگەندىن كېيىن بىر ئۆينىڭ ئادىمى بولۇپ قالدىڭىز، مېنى ئۆز سىڭلىڭىز دەپ بىلسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭ ئىسمىم نازپەرۋەر. سىز ئۆز ئىسمىڭىزنى بىزگە ئېيتىشنى خالامسىز؟ — دېدى.

ئاغرىق قىز نازپەرۋەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈش نەزىرى بىلەن تىكىلدى، ئۇ باشتا لەۋلىرىنى بىر - ئىككى مىدىرلاتتى، ئاندىن كېيىن ئىنتايىن زەئىپ ئاۋاز بىلەن ئاران - ئاران سۆزلەپ:

— ئىسمىم ... ماھى... نۇر، — دېدى.

ئاغرىقنىڭ ئۆز ئىسمىنى ماھىنۇر دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مىكائىلنىڭ بېشىغا سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك بولدى. ئۇ تا ھېلىغىچە ئاغرىقنىڭ ئاغزىدىن مېنىڭ ئىسمىم شاھبانۇ دېگەن گەپ چىقىشىنى، شۇ گەپ چىقسىلا، ئۆزىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن، مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز مىكائىل بولىمەن، دەپ ئېيتىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدى، بىراق ...

نازپەرۋەر خېلىدىن بېرى مىكائىلغا تىكىلىپ، خۇددى: «قانداق، مېنىڭ دېگىنىم راستمىكەن؟ بىرلا تاتۇق ئىزىغا قاراپ ئۇنى ئۆز سىڭلىم دېسىڭىز بولماس دېمىگەنمىدىم؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

نازپەرۋەرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىنى چۈشەنگەن مىكائىل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، لام - جىم دېمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ تەن بەرمەي، ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەستە قالدۇرغان خاتىرىسى ۋە شۇ خاتىرە بويىچە قىلغان ھۆكمى ئۈستىدە ئەقىل يۈرگۈزۈۋاتاتتى: «بۇ ئىشتا ئېسىمدە قالغان خاتىرىنىڭ ئۆزۈمنى

ئالداپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ قولىدىكى تاتۇق ئىزى كۆڭلۈمگە تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇغىنىسى ئىسمى ...»

مىكائىل بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى، خۇددى بارار يولىنى ئېگىز تاغلار توسۇۋالغاندا، ئويلىمىغان يەردىن يېڭى يول تېپىۋالغان كىشىدەك، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى مىكائىل. ئۇ ئەمدى باشتىكىدەك نازپەرۋەرنىڭ سىزغان سىزىقىغا بويسۇنۇپ ئولتۇرمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى زادى تۇتالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

مىكائىلنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەررۇ چۈشەنگەن نازپەرۋەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغاچقا، ئۇنى توسىدىغان بىرەر ئىما - ئىشارە قىلمىدى.

مىكائىل ئاغرىق قىزغا تەقەززالىق ۋە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن قىزدىن جاۋاب چىقمىدى.

— سىزنىڭ ماھىنۇر دېگەندىن باشقا ئىسمىڭىزمۇ بارمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى يۈرىكى ئىنتىزارلىق بىلەن لاۋۇلداۋاتقان مىكائىل.

نازپەرۋەر مىكائىل مۇنداق سوئال سوراۋېرىپ ئاغرىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويمىغىيدى دەپ بىر تەرەپتىن ئىچ ئاغرىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەندىشىدە قالدى. نازپەرۋەر باياتىن ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە دېگەن سوئالغا قىزنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىگە قاراپلا مىكائىلنىڭ بۇ سوئالنى ئورۇنسىز سورىغانلىقىنى بىلگەنىدى. كىم بىلىدۇ، ئاغرىقنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مىكائىلنىڭ شۇ سوئالى ئۆتكەن ئىشنى بۇ قىزنىڭ ئېسىگە سېلىپ كۆڭلىنى بۇزغانمۇ تېخى؟ شۇلارنى ئويلىغان نازپەرۋەر ئەمدى مىكائىلنىڭ يېڭى سوئال سورىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان، ئاغرىققا چۈشەندۈرۈپ:

— كۆردىڭىزمۇ، بۇياق سىزنىڭ بارا - بارا زۇۋانىغا

كەلگەنلىكىڭىزدىن خۇشال بولۇپ، سىزنى ئۆز كىشىسى قاتارىدا كۆرۈپ، ھەممىنى سوراپ بىلگۈسى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— مېنىڭ ... يەنە بىر ئىسمىم ... شاھىبانۇ دانىيال، — دەپ جاۋاب بەردى ئاغرىق تېخىچىلا قىيىنىلىپ سۆزلەپ.

— ئۇنداقتا دادىڭىزنىڭ ئىسمى دانىيال بولسا، ئانىڭىزنىڭ ئىسمى سەنەۋەر دانىيال، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مىكائىل گويا ۋارقىرىۋەتكۈدەك بولۇپ.

— سىز ... سىز ... — ئاغرىق قىز تەستە بېشىنى كۆتۈردى.

— دېگىنىمدەك شاھىبانۇنىڭ ئۆزى ئىكەنسىز، مەن ئاكىڭىز مىكائىل دانىيال! — مىكائىل شۇ گېپى بىلەن تەڭ ئاغرىقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاكا! ... سىزمىدىڭىز ئاكا ... جېنىم ئاكا! — قىزمۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ نالە قىلىشقا باشلىدى، كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش تۆكۈلدى.

نازپەرۋەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارغا زادىلا ئەقىل يەتكۈزەلمەيۋاتاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن نازپەرۋەر مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، تېخىچە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان مىكائىلنى تارتىپ تۇرغۇزۇۋالدى، ئاندىن ئاغرىق قىزنىڭ يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە يېنىك پەپىلەپ:

— قادىر ئاللاغا رەھمەت! بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئەمرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ھەدە، مانا قاراڭ، بىز سىزنى قۇتۇلدۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، مىكائىل كېچە - كۈندۈز ياد ئەيلىگەن سىز سىڭلىسى بىلەنمۇ دىدارلاشتى، — دېدى.

ماھىنۇرنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنى گويا سەرسانلىقتىن قۇتۇلۇپ بىردىنلا ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز بېشىدىن قانداق ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى بىر - بىرىگە ھازىرچە

مەلۇم بولمىغانلىقىغا قارىماي، قىرىنداشلارچە مېھرىبانلىق ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىدىن ۋاقتىنچە ھەممىنى كۆتۈرۈۋەتتى.
ئۇزاق كېچە ئاخىرلىشىپ، كۈنچىقىش تەرەپ سۇزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. نازپەرۋەر ئەمدى كەتمىسە بولمايتتى. ئۇ ھەم ئېچىنىش، ھەم خۇشاللىق ئىلكىدە قالغان مىكائىلغا:
— بولدى، بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزىۋەرمەڭ. قانداق، ئىككى كېچە، بىر كۈندۈز تارتقان جاپايىڭىز بىكارغا كەتمىگەندۇ؟ — دېدى چەكسىز خۇشاللىق بىلەن.
مىكائىل پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بىراق، بىردىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ، جىددىي قىياپەتتە:
— كۈندۈزى قانداق قىلىمىز؟ مىرزابان تاغامغا ئۇقتۇرىمىزمۇ، قانداق؟ — دېدى.
نازپەرۋەر بۇنىڭدىن بۇرۇن زادى ئويلىنىپ باقمىغان بۇ ئىشتىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك، مىكائىلغا قاراپلا قالدى. سەل ئۆتكەندە، ئۇ مىكائىلنى بىر چەتكە تارتىپ:
— ھازىرچە دادامغا ئېيتماي تۇرايلى، بۇ قىزنىڭ تېنى بەك ئاجىز، ئىككىمىزدىن باشقىلار ئۇنى - بۇنى سوراپ يۈرسە چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، قانداق دەيسىز؟ — دېدى پىچىرلاپ.
— مەنمۇ شۇنداق ئويدا.
— كۈندۈزى ئۆيدىن نېرى كەتمەي، ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالمىسىڭىز بولمايدۇ. ھە راست، ئۆيىڭىزدە يەيدىغان ئوبدانراق بىرنەرسە بارمۇ؟
— بىر پارچە قوي گۆشى بار، خام، ئۇنى كەچلىك تاماقنىڭ ئالدىدا ئېلىپ قويۇپ، پىشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم.
— ئۇنداق بولسا، مەن كەتكەندىن كېيىن شورپا قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئازلا ئىچۈرۈڭ، بەك كۆپ بولۇپ كەتمىسۇن، ھەر قېتىمدا ئازراقتىن كۆپەيتىپ، نەچچىگە بۆلۈپ ئىچۈرۈڭ.
— ماقۇل.
— كۈندۈزى ... ھە، بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا رۇخسەت

سوراڭ، — دېدى نازپەرۋەر ئاۋازىنى يەنىمۇ پەسەيتىپ، — مىجەزىم يوق، بىر كۈن دەم ئالاي دەڭ، بولامدۇ؟ — مىكائىل باش لىڭشىتقاندىن كېيىن نازپەرۋەر يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەتىگەندە چىقىپ بىر ئاز سۈت، ئاندىن بىر ئاز مېۋە شەربىتى سېتىپ ئەكىلىڭ. ھەر قېتىمدا ئاز ـ ئازدىن، بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچۈرۈشنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆزۈم بىرنەرسە ئەكىلىپ بېرىمەن ...

شۇنىڭدىن كېيىن نازپەرۋەر كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ قىز بىلەن خوشلاشتى ۋە:

— ھەدە، مەن بېرىپ دادامنى يوقلاپ قوياي، مىكائىل يېنىڭىزدا سىزدىن خەۋەر ئالغاچ تۇرسۇن، ئەتىلىككە سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن، — نازپەرۋەر بۇ گەپلەرنى ئاغرىق چۈشىنەلمەي قالمىسۇن دېگەندەك، «ھەدە، بىز ئىككىمىز تېخى توي قىلمىغان» دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى ۋە گېپىنى تۈگىتىپ، مىكائىلغا خىجىللىق بىلەن قاراپ قويدى.

ماھىنۇر چۈشەندىم، دېگەندەك قىلىپ، تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان نازپەرۋەرنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندى، قەبرىستانلىقتا يېقىن جايلاشقان كىچىك بازار تەرەپتىن ئېنىق ئاڭلانغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى مىرزاباننى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ھېچبىر ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، بىرەر زەردارنىڭكىگە ئوغرى كىرگەن چېغى دەپ قايتا كۆزىنى يۇمدى.

«ۋوي، — دەپ ئۇنىڭ بىردىنلا كۆزى ئېچىلىپ كەتتى ۋە خىيالىغا نېمىدۇر كەلگەندەك بولدى، — نازپەرۋەر نېمانداق ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتىكىنە؟ بۇ تۇيغۇن شەيتان ئادەتتە كىچىككىنە شەپىدىنمۇ ئويغىنىپ كېتەتتى، ھەتتا مەندىن كاسىلداپ بىر نېمىلەرنى سورىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇيقۇغا كېتەتتى. مانا ھازىر قۇلاق تۈۋىدىلا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتسىمۇ ئەجەب ئويغىناي دېمەيدا؟»

مىرزابان گۇمان بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ نازپەرۋەرنىڭ كارىۋىتىغا قارىدى، كارىۋات بوش تۇراتتى. ئۇ بەلكى تەرەتكە چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قايتىدىن ياستۇققا باش قويدى. خېلى ۋاقىتلارغىچە نازپەرۋەرنىڭ قايتىپ كىرمىگەنلىكىنى بايقىغان مىرزابان خاتىرجەم بولالماي قالدى. ئۇ كىيىملىرىنى ئىتتىك كىيىپ، تالاغا چىقتى ـ دە، تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. نازپەرۋەرنىڭ بېرىشى مۇمكىن بولغان ھەممە يەرنى ئىزدەشتۈردى، لېكىن ھېچ يەردە ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. مىرزابان بىردىنلا ئەنسىرەپ قالدى ۋە بىتاقەت بولۇپ: «بۇ قاراڭغۇ ھەم سوغۇق كېچىدە، يەنە كېلىپ تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغدا، قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق تۇرسا، ئۇ نەگە

كېتىشى مۇمكىن؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.
توساتتىن ئۇنىڭدا ئۆزى ئىزدەۋاتقان نازپەرۋەر گويا سۇ ئاستىدىن لوڭڭىدە چىقىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى ـ دە، چوڭقۇر ئويدىن ئېسىنى يىغىۋالدى. ئۇ شاقىلا ئورنىدىن قوزغىلىپ، مىكائىلنىڭ ئۆيىگە قاراپ تېز ـ تېز يۈرۈپ كەتتى.
قەمەرىيە ئايلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىدە كېچە ھامان سۈرلۈك بولاتتى. مانا بۈگۈن كېچىمۇ يامغۇر يېغىپ، ناھايىتى سۈرلۈك قاراڭغۇ بولغانىدى. ئۇ ماڭغانسېرى ئۆزىنىڭ نازپەرۋەر چوقۇم مىكائىلنىڭكىدە دېگەن پەرىزىگە بەكرەك ئىشەنچ باغلاۋاتاتتى.
ئۇنىڭغا يۈزى ئوت بولۇپ كۆيۈشۈۋاتقاندەك، قېنى قىزىغاندەك، مېڭىسى قايناۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. يامغۇرلۇق كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇشقىرتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىيىملىرى تەر بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. قەبرىستانلىقنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان دەرەخلەر، قەبرىستانلىقتىكى قاتار ـ قاتار ئېگىز ـ پەس قەبرە تاشلىرى، ھەتتا يول بويىدىكى ئوت ـ گىياھلار ئۇنى: «ھە قېرى ! ئۆزۈڭ ياش ۋاقتىڭدا نېمىلەرنى قىلمىغان، مانا ئەمدى نۆۋەت ئۆز قىزىڭغا كەلدى، ئۇنىڭ بىرى ...» دەپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئىدى.
ئۇ توساتتىن قەدىمىنى توختىتىپ، گويا يىلان چېقىۋالغاندەك، ئۆز گەۋدىسىگە ئىگە بولالماي قاتتىق دەلدەڭشىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، يېنىدىلا بىر تۈپ دەرەخ تۇرغاچقا، شاقىلا قىلىپ شۇ دەرەخنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن دەلدەڭشىگىنىچە يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. «خۇدا ساقلاپ، نازپەرۋەر ئۇ يەردە بولۇپ يۈرمىسۇن. ئەگەر ئۇ شۇ يەردە بولۇپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇنداق زەربىگە چىداپ تۇرالامدىمەن؟» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئۇنىڭ بەدىنىنى تىترەك باستى. شۇ تاپتا ئۇ ئالدى تەرەپتىن بىرى كېلىپ: «ئارقىڭىزغا قايتىڭ،

نازپەرۋەر ئۇ يەردە ئەمەس» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈشنى شۇنچە ئارمان قىلىۋاتاتتى. راستتىنلا شۇنداق بولغىنىدا، ئۇ دەرھال كەينىگە يانغان بولاتتى.

ئۇ ئاخىر مىكائىلنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. قۇلىقىنى دېرىزىگە يېقىپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى شەپىنى تىڭشىۋىدى، دېگەندەك ئۆينىڭ ئىچىدىن كۇسۇرلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ بېشى گويا توقماق تەگكەندەك بىردىنلا زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىنى تۇتقان پېتى بىرپەس ئۆرە تۇردى. ئاندىن تىنىقىنى تېشىغا چىقارماي ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، يوچۇقتىن ئىچكىرىگە كۆز سالدى. غۇۋا چىراغ نۇرىدا بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كارىۋات قىرىدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ خىرە قارىسىدىن ئۆزگە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى، ئۇنىڭ باشقا بىرەر ئەھۋالنى كۇتۇپ تۇرۇشىغىمۇ، كۆرۈشكىمۇ ئورنى قالمىغانىدى. ئىشىكنى بىر تېپىپلا كىرىپ ئۇلارنى تۇتۇۋالسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ قېرىغانىدا ئەقلىنى يوقىتىپ، ھاماقەتلىشىپ ئۇ دەرىجىگە يەتمىگەنىدى، ئاتا بولغۇچى قانداقمۇ ئۇنداق قىلالىسۇن؟

ئۇ دىگگۇسلاپ مېڭىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى. ئەمدى قانداق ئۇخلىيالىسۇن؟ شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ خىيالغا كەتتى: «نەزىرىمدە مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر بۇرۇندىنلا سىزىقتىن چىقماي كېلىۋاتقان ئەدەپلىك باللار ئىدى، قانداق بولۇپ بۇنداق بىرنېمىلەرگە ئايلىنىپ قالغان ـ ھە! ئىككىسىنى بەك ياخشى چاغلاپ يۈرگىنىم ئەمدى نېمە بولدى؟ بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال!» ئۇ ئىككىسىنىڭ سەت قىلىقلىرى مىرزابانغا ھار كېلىپ ئۇنىڭ ئەقىدە ـ ئىشەنچىنى كۆككە سورۇۋەتتى. مىرزابان ئۇلۇغ تىنىپ، ساقايماس جاراھەتكە مۇپتىلا بولغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. «ئۆيدىن چىققان ئاسىي

مېنى ئىززەت ـ ئابرۇيۇمدىن ئايرىدى! ئۇنى شۇنچە يىللارغىچە ئەجىر قىلىپ باقسام، ئاخىر كېلىپ تۇز بەرگەن قازىنىمنى چىقىپ، ھەممىدىن قۇرۇق قويدى» دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلغان مىرزابان ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى باغلاپ قويمىسام بوپتىكەن، بېشىنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن ۋاقتىنى كەينىگە سوزماي، بالدۇرلا توي قىلىۋەتسەم بوپتىكەن، دەپ ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇ بۇگۈن يۈز بەرگەن سەتچىلىكنى پۈتۈنلەي ئۆز خاتالىقىم ئۇچۇن تارتىۋاتقان جازايىم دەپ بىلدى.

روھىي ئازاب دەستىدە ئۇنىڭ يۈرىكى ياغدا كۆيگەندەك ئېچىشىپ، كارىۋىتىدا ئۈزاقىچە ئۇيان ـ بۇيان ئېغىناپ، قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇيقۇغا كەتتى.

خاسىيەتلىك بەختىيار تاڭمۇ، ئازابلىق ئۇزاق كېچىمۇ بەربىر ئۆتۈپ كەتمەي قالمايدۇ.

تاڭ سۈزۈلگەن چاغ. كارىۋىتىدا ئېغىر غەپلەتكە پېتىپ ياتقان مىرزابانىنىڭ يۈزىنى چىلىڭ يېپىلمىغان دېرىزە ئاراچىلىرىدىن كىرىۋاتقان سالقىن ھەم نەمخۇش سەلكىن شامال يەلپۈدى. ئۇيۇقتا تاڭ شەپىقى ئۆز جامالىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، يېقىن ـ يىراقتىكى دەرەخلەر ئارىسىدا ۋىچىرلىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى مىرزابانىنى ئاخىر ئويغىتىۋەتتى. تۈنۈگۈن كېچە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۇيقۇچىلىقتا يادىدىن چىقارغان ھېلىقى سەتچىلىك شۇ تاپتا قايتىدىن كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. بۈگۈن بۇ بوۋاينىڭ يۈزىدىكى قورۇقلىرى كۆزگە باشقىچىلا چىلىقىپ، ئېغىر ھەسرەتتىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى.

نازپەرۋەر تاڭ ئالدىدا ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە، مىرزابان قايتا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى؛ ئىككى كېچە بىر كۈندۈز مابەينىدىكى پايپېتەكچىلىك، ھارغىنلىق دەستىدە نازپەرۋەرنىڭ ئۇستىخانلىرى بوشاپ قالاي دېگەنىدى، شۇڭا ئۇ ياستۇققا باش

قويۇپلا تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى. شۇ تاپتا قىزىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىرزابان گويا تۈنۈگۈن كېچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۆزى بىر يامان چۈش كۆرۈپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. بىراق، ئىنچىكىلەپ ئويلىغاندىن كېيىن: «ئۆزۈمنى ئۆزۈم كالۋادەك ئالداۋاتقىنىمنى قارا» دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن كايىدى، ۋۇجۇدىنى نومۇس كۈچى گويا يوغان تۈگمەن تېشى باسقاندەك بولدى.

نازپەرۋەر ئويغانغاندىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئاۋۋال مەسچىتكە بېرىپ بامدات نامىزى ئوقۇدى، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ئۆي ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى. بىراق، مىرزابان مەسچىتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقىدىن كارىۋىتىغا تاشلانغانىدى. نازپەرۋەر دادىسىغا تويدۇرماي بىرنەچچە قېتىم قاراپ، دادىسىنىڭ تەرى سولغۇن، كەيپى باشقىچە بولۇپ، بۇرۇنقىدىن ئوبدانلا ياداپ قالغانلىقىنى، قورۇق ئىزلىرىمۇ بالدۇرقىدىن چوڭقۇرلاپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ خېلىلا قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. يۈرىكى جىغغىدە قىلغان نازپەرۋەر: «ئاھ خۇدا، بۇ قانداق گەپ؟ دادامنىڭ تېنى تېخى تۈنۈگۈنلا ساقمۇساق ئىدى، قانداق بولۇپ بىر كېچىدىلا بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— دادا، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ دادىسىدىن، — بەكلا چارچاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، ھالىڭىز بوش، چىرايىڭىز باشقىچە كۆرۈنىدۇ.

ئادەتتىكى چاغلاردا، قىزى كۆز ئالدىدا تۇرغانلا بولسا، مىرزابانىنىڭ تەلەپچانلىق چىقىپ تۇرغان چىرايى ۋە چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى ھامان خۇشاللىق بىلەن چاقناپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۇنداق كەيپىياتى قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى، ئاچچىقتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا قىزى دادىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ ئىچىدىكى ئاچچىقىنى مانا ئەمدى دەپ قىزىغا بىراقلا تۆكۈۋەتكۈسى كېلىۋاتسىمۇ،

لېكىن قىزى ئىقرار قىلماي تۇرۇۋالسا ۋە بۇ نەدىن تاپقان تۆھمەت دەپ سوراپ قالسا، ئۆزۈم ئىشىكنى ماراپ كۆردۈم دېيەلىسۇنمۇ؟ ئاتا بولغان كىشى شۇنداق قىلدىم دېسە خەق كۈلمەمدۇ؟ شۇڭا ئۇ ئاچچىقىغا هاي بەردى. ئۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، نازپەرۋەرنىڭ چىرايىغا بىرھازاغىچە سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن خۇشياقمىغاندەك:

— پىشىپ قالغان قىرى نېمە بولماقچىدى! پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ، ئەتىگىنى ساق تۇرسا، كەچلىكىگە كۆزى يەتمەيۋاتقان گەپ! — دېدى.

— ياق، دادا، مۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭ تېنىڭىز تېخى ساغلامغۇ، نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ، ماڭا ئېيتمىسىڭىز ئۇنىمايمەن.

— هەي ... — قىزى بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشقا هەپسىلىسى قالمىغان مىرزابان قىزىنىڭ تەسەللى بېرىپ سەممىي ئېيتقان گەپلىرىگە «هەي ...» دېگەن خورسىنىش بىلەنلا جاۋاب قايتۇردى.

دادىسىنىڭ گەپلىرىگە چوڭقۇر ئەلەم يوشۇرۇنغانلىقىنى پەملىگەن نازپەرۋەر دادىسىنىڭ قانداقتۇر بىر ئازابقا قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئادەتتە دادىسى جىقراق گەپ سورىسىلا خاپا بولۇپ قالاتتى؛ بولۇپمۇ گەپ خۇشياقماي قالغان چاغلاردا، قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىدىغان قىلىقىمۇ بار ئىدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى كۈندۈزنى بىر ـ بىرىگە قېيىداش بىلەن ئۆتكۈزدى. زېمىننى يەنە تۈن پەردىسى قاپلىدى.

نازپەرۋەر ئاغرىپ ئەلەك ـ سەلەك بولۇپ قالغان دادىسىغا غەم بىلەن قاراپ ئولتۇردى. دادىسى باشتا مۈگدىدى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىگە كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن ئاغرىق قىزغا تەييارلىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قولچىرىغىنىڭ يورۇقىدا مىكائىلنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ هەرىكەتلىرىنى مىرزابان ناهايىتى

ئىنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. مىرزابان يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ، قىزنىڭ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئارقىسىدىن بىرئاز مېڭىپ، ئاندىن چىرايلىقچە چاقىرىۋالماقچى بولغانىدى. شۇنداق قىلسا ھەم ئۆز ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىشتىن ساقلىنالايتتى، ھەم قىزنىڭ باشقا باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ تۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنالايتتى.

نازپەرۋەر ئىشىكتىن چىقىپ ئون قەدەمدەك نېرى بېرىشىغا مىرزابانمۇ ئۆيدىن چىقىپ كەينىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدى. نازپەرۋەرنىڭ قولچىرىغى مىرزابانغا ئوبدان باشلامچى بولۇپ بەردى. مىرزابان نازپەرۋەرنىڭ مىكائىلنىڭكىگە ماڭدىم دېمەكتىن باشقا جاۋاب تېپىپ بىرەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەندىلا، ئىتتىك قوغلاپ يېتىپ:

— ناز، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى پەس، ئەمما كەسكىن ئاھاڭدا.

نازپەرۋەر قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، قولچىرىغىنى يېقىپ، ئاچچىقىدا تىترەپ كەتكەن مىرزابانىنىڭ تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ، قاتتىق چۆچۈپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىكائىلنىڭ قېشىغا ماڭغانلىقىنى دادىسىنىڭ بىلىپ قالغانلىقىدىن چۆچۈگىنى يوق. چۈنكى، نازپەرۋەر تۈنۈگۈن ئاخشام مىكائىل ئۆز سىڭلىسى بىلەن تېپىشقان بۇ ئاجايىپ خۇش خەۋەرنى دادىسى كېلىپ يۇرمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماقچىدى، ئۇ ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈنلا، كۈندۈزى دادىسىغا ئېيتمىغان. شۇ تاپتا نازپەرۋەر كۈنبويى مىجەزى يوق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان دادىسىنىڭ قانداق بولۇپ بۇ سوغۇق كېچىدە تۇيۇقسىز بۇ يەرگە چىقىپ كەلگەنلىكىدىن ھەيران قېلىۋاتاتتى.

نازپەرۋەر شۇ ھەيرانلىق ئىچىدىن ئېسىنى يىغىپ بولغۇچە، مىرزابان:

— ناز، ھەيران قالما، سەن تۈنۈگۈن كېچىمۇ ئۆيدە يوق،

كېچىدە ئويغىنىپ قارىسام كارىۋىتىڭدا كۆرۈنمىدىڭ، — دېدى.
— دادا، مەن ...
— بولدى چۈشەندۈرمە ! — مىرزابان تىترىگەن ئاۋازى بىلەن نازپەرۋەرنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. ئاندىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — ناز ! سېنى قىرىغىنىمدا يۈزۈمنى تۆكەر دەپ ئويلىمىغانىدىم ! نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن قىرىشىپ بۇ قېرى جېنىمنى ئاياغ ئاستى قىلىسەن؟ ئىككىڭلارنىڭ تويىنى بالدۇرراق قىلىۋېتىشىنىڭ كويىدا بولۇپ كېلىۋاتاتتىمغۇ ! ... — دېدى.
دادىسىنىڭ قەھر - غەزەپ بىلەن ئېيتقان بۇ گەپلىرى جاندىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك ئاچچىقتىن بولسىمۇ، لېكىن نازپەرۋەر بىردىنلا سەگەكلىشىپ دادىسىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنىڭ، ئويلاۋاتقانلىرىنىڭ ۋە قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندى. نازپەرۋەر ھەم ئاچچىقلاندى، ھەم تىت - تىت بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كىر قونمىغان پاك ئىپپەت - نومۇسىغا دادىسىنىڭ گۇمان كەلتۈرۈشىدىنمۇ چوڭ ئازاب يوق ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا خۇددى دادىسىنىڭ مېھرىبان قويىنىدىن ئۇياتسىزلىق قايىنىمىغا ئىرغىتىپ تاشلانغاندەك تەسىر قىلدى. ئۇ ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزى قوتۇلدۇرغان ئاغرىقنىڭ قېرىندىشىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇ ئۆلۈك بولغان تەقدىردىمۇ دادىسىغا ئەينەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىش ۋە دادىسىنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا ئۇ:
— دادا، قىزىڭىز قاراڭغۇ كېچىدە ئىككى نۆۋەت ئوغرىلىقچە يىگىتىنىڭ قېشىغا بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي قاپسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.
قىزىنىڭ گەپلىرىنى جاۋاب بەرگۈچىلىكى يوق دەپ بىلگەن مىرزابان زۇۋان سۈرمىدى. دادىسىنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرگەن نازپەرۋەر:

— دادا، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بىلەن بىللە بېرىڭ، كىمنىڭ قېشىغا بارىدىغانلىقىمنى هازىرلا بىلىسىز.

— يوم ئاغزىڭنى ! قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭ ئاشكارا تۇرسا يەنە گەپ كېتەتتىمۇ؟ — دېدى مىرزابان. ئۇنىڭ نازپەرۋەرنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، دادا، مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلەلەيسىز، بىراق مېنىڭ نېمە قىلغىلى بارىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز ـ دە.

مىرزابان غەزىپىگە پايلىماي قالدى. بىراق، ئەل جىمىغان بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزىنى سەل تۇتۇۋالمىسا بولمايتتى، ئۇنداق قىلمىسا، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقان بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىزىنىڭ، مىكائىلنىڭ قېشىغا نېمە قىلغىلى بارىدىغانلىقىنى مەن بىلەن بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزى ئەزەلدىن ئەدەپلىك قىزىم دەپ هېسابلاپ كەلگەن نازپەرۋەرنى بىمەنىلىشىپ، هەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ دېگەن يەرگە كەلدى.

— مېنىڭ ئالدىمدا يەنە مۇنداق ساراڭ قېتىش گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ، پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن ! — دېدى مىرزابان غەزەپ بىلەن پەس ئاۋازدا. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى قىزىغا بۇنداق قوپال گەپ قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى.

— ياق، دادا، ماڭا ئىشىنىڭ. مەن سىزگە ساراڭ قېتىش گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، مەن سىزنى هەرگىزمۇ ئالدىمايمەن. هەرنېمە قىلسىڭىزمۇ مەن بىلەن بارمىسىڭىز بولمايدۇ. پۇتۇمنى چېقىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، مەن بىلەن بېرىپ ئاۋۋال بىر كۆرۈپ بېقىڭ. دادا، ئەگەر بارغىلى ئۇنىمايدىغان بولسىڭىز، سىزنى ئازابلاۋاتقان نومۇستىن مەڭگۈ خالىي بولالمايسىز. قىزىڭىز تارتىۋاتقان شۇنچە ئۇۋالچىلىقمۇ، سىزنىڭ قىزىڭىزغا تۇغۇلغان گۇمانىڭىزمۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. جېنىم دادا، مەن بىلەن بىر بېرىپ بېقىڭ !

نازپەرۋەرنىڭ بۇ گەپلىرى مىرزابانىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. قىزى شۇنچە تەسىرلىك، شۇنچە سەمىمىي گەپ قىلىشالايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىشەنمەي تۇرالمىدى. قىزى ئۇنىڭغا ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى بىرەر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلىپ باقمىغان. بىراق، مىرزابان تۇنۇگۈن كېچە ئۇ ئىككىسىنىڭ كارىۋات ئۈستىدە چاپلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرگەن، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. «باراي ! بېرىپ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاچاي ! سەتچىلىككە قالساممۇ مەيلى !» مىرزابان شۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن قىزىغا:

— يۈر، سەن بىلەن بارىمەن ! — دېدى.

نازپەرۋەر قولچىرىغىنى دادىسىغا تۇتقۇزدى، دادىسى كەينىدە چىراغ يورۇتۇپ بەردى، ئۆزى ئالدىغا چۈشۈپ، ئۇدۇل مىكائىلنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. نازپەرۋەرنىڭ ئەمدى ئەنسىرەيدىغان يېرى قالمىغانىدى، خەقنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىنمۇ، ئاڭلاپ قېلىشىدىنمۇ قورقمايتتى. كەينىدە دادىسى تۇرسا، كىم بىرنېمە دېيەلىسۇن ! قولچىرىغى يول بويى ئۆچمەي يورۇپ تۇردى، نازپەرۋەر بىمالال كېتىپ باراتتى. ئۇ ئارقىسىغا قارىدى، دادىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ، پالاقشىپ كېلىۋاتاتتى.

مىرزابان تا ھېلىغىچە تۈنۈگۈن كېچە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋالنى خىيالىدىن چىقارماي، ئۇنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىغا ھېچبىر ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. شۇ تاپتا قىزىنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن قاتراۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيۋاتاتتى. ئۇ: «بۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بەربىر سەت ئىش، خەق سوراپ قالسا نېمە دەيسەن؟ ئۇيات !» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئىچىدە ئاللاغا نالە قىلدى: «ئاھ، ئۇلۇغ ئىگەم ! ئۆزۈم ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنىڭ قاتتىق جازاسىنى تارتتىم، تا ھېلىغىچە ۋىجدانىم ئالدىدا ئەيىبلىنىۋاتىمەن؛ بىراق، ئەي ھەممىتى ئۇلۇغ ئاللا ! ئۆزۈڭنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتىمەن. مانا ئەمدى

قىزىممۇ يامان يولغا كىرىپ قالدى، بۇمۇ بىزگە ئۆزۈڭدىن كەلگەن يېڭى جازا بولدى! ئەي كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ ئاللا! بىزگە مۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلمىغايسەن! ئاللا، ئۆزۈڭگە مەلۇم، مەن قىزىمنى كىچىكىدىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنچە ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىپ كەلدىم! بىرەر ياتنىڭ قەبرىستانلىقتا قونۇپ قېلىشىغا زادى يول قويمىدىم. ئەي ئاللا! قىزىمنى يامان يولدىن قايتۇرىۋالغايسەن! قىلغان ئەجرىمنى بىكارغا كەتكۈزمىگەيسەن! ئەي ئاللا، مىكائىل دېگەن ۋاپاغا جاپا قىلغان بەندىنى مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ نۇرغۇن يىل باقتىم، بىراق ئۇ قىلغان ياخشىلىقىمغا يامانلىق قايتۇرىۋاتىدۇ، بۇنى ئادىللىق دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ماڭا قىزىم بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قويماي، قىزىمنى چىرايلىقچە ئەمرىگە ئالماي، ئاللانىڭ ئەمرىگە پىسەنت قىلماي، ئەسكىلىك بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بەلكى ئۆتمۈشتىكى گۇناھىم ئۈچۈن كۆرۈۋاتقان كۆرگۈلۈكۈمدۇر، ھازىرقى بەختسىزلىكىم بەلكى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىقتۇر. ئاللانىڭ قامچىسى ئاۋاز چىقارماي تېگىدۇ. بۇنىسى راست، ئەي ئاللا! مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ھېسابسىز تۆۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇدۇم، مەندەك بىر بەختى قارا بەندەڭنىڭ قولىدا قانچە ـ قانچىلىغان ئېپپەت ئىگىلىرى ـــ كىر قونمىغان سۈپسۈزۈك ئېسىل ئەينەكلەر چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولدى! مېنىڭ قولۇمدا نابۇت بولغان ئاشۇ ئېپپەت ئىگىلىرى بۈگۈن ئۆتكۈر خەنجەرگە ئايلىنىپ، ئۆز ئۆيۈمدىكى بۇ ئەزىز، ئېسىل ئەينەكنى چۇل ـ چۇل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەي ھىممەتلىك ئاللا، مېنىڭ ئون نەچچە يىللىق ساختا يۈز ـ ئابرۇيۇمنى ۋە قىزىم بىلەن بولغان ئاتا ـ بالىلىق مېھرىمنى ساقلاپ قېلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسەن. ئەي ئاللا! كۆرۈۋاتىدىغانسەن، ماڭغۇچىلىك ھالىم قالمىدى. كېچىنىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر تەپچىۋاتىدۇ. سەندىن شۇنى تىلەيمەن، كۆز ئالدىمدا تۇرغان ئاشۇ كىچىككىنە

ئۆينى ھەرگىزمۇ ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنى يەكسان قىلىدىغان قۇربانلىق ئورنىغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغايسەن!»
مىرزابان كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىنى ئاللاغا ئىزھار قىلدى، ئۇ مىكائىلنىڭ ئۆيىگە قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، ئالدىدا كېتىۋاتقان قىزى ئۈنىگغا:
— دادا، كۆزلىگەن يېرىمىزگە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدۇق، ئۇ يەردە قىزىڭىزنىڭ پاكلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلايدىغان پاكىت بار. دەرۋەقە، ئۆزۈمدىمۇ سەۋەنلىك بارلىقىنى بوينۇمغا ئالىمەن، بىر قىز بالىنىڭ قاراڭغۇ تۈندە تېخى توي قىلمىغان يىگىتنىڭكىگە بېرىشى گۇناھ بولىدۇ، بىراق نېمە سەۋەب بىلەن شۇنداق قىلغانلىقىمنى، پاكىتنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن چۈشىنىسىز، — دېدى.
— ھىم! قوي، بۇ گەپ ـ گىنى! — دېدى مىرزابان نازپەرۋەرنىڭ كوتۇلداۋېرىشىنى ياقتۇرماي.
— دادا، مەن نېمە دېسەممۇ قۇلىقىڭىزغا ياقمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. سىز ياقتۇرمىغاندىن كېيىن مېنىڭ ئەھۋالنى سىزگە ئېنىق چۈشەندۈرەلىشىم تەس، مېنىڭ سىزگە كۆرسەتمەكچى بولغان پاكىتىم ئىنتايىن سىرلىق ھەم ئىشەنگۈسىز بولغاچقا، سىزنى بۇ يەرگە سۆرەپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم.
مىرزابان بىلەن نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ ئىشكى ئالدىغا ئاخىر يېتىپ كەلدى.
نازپەرۋەر ئىشكنى ئىتتىرىپ ئېچىپ، ئۆزى ئۆيگە ئالدىدا كىردى، مىرزابان ئارقىسىدىن كىردى. ئۆيدە غۇۋا چىراغ يېنىپ تۇراتتى. ئۆيگە بىر ئەمەس، ئىككى ئادەمنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن مىكائىل قورقۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مىرزابانىڭمۇ كېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. مىكائىلنىڭ قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى نازپەرۋەر ئالدىنئالا پەملىگەندى، شۇڭا ئۇ مىكائىل قورقۇپ

كەتمىسۇن دەپ، ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا:

— دادام شاھبانۇنى كۆرگىلى كەلدى، — دېدى.

بىرەردىن جاۋاب چىققۇچە، نازپەرۋەر بىرىپلا چىراغنى پەرلەپ، ئۆينىڭ ئىچىنى پاللىدە يورۇتتۇۋەتتى. مىرزابان شاھبانۇنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى.

شاھبانۇ ئاكىسىنىڭ كۆيۈنۈپ خەۋەر ئېلىشى بىلەن بوگۇن خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىمۇ، خاتىرىسىمۇ، روھىي ھالىتىمۇ ئوبدانلا ئەسلىگە كەلگەن، غىزا يېيەلەيدىغان، پۇت - قوللىرىنى مىدىرلىتالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، تېخى كارىۋاتتىن چۈشەلمەيتتى ھەم ئۇزاققىراق ئۆرە ئولتۇرالمايتتى. شۇ تاپتا مىرزاباننىڭ كۆز ئالدىدا زىلۋا، ھۆسن - جامالى كېلىشكەن، كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلىنىپ، پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرغان چىرايلىق بىر پەرىزات پەيدا بولغانىدى، بۇ پەرىزات نازپەرۋەرنىڭ «دادام شاھبانۇنى كۆرگىلى كەلدى» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان ھامان، ئىتتىك ئىشىك تەرەپكە قايرىلىپ، مىرزابانغا تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ سالام بەردى.

مىرزابان تېخىچە داڭ قېتىپ تۇراتتى، چېچەن نازپەرۋەر قولى بىلەن شاھبانۇنى دادىسىغا كۆرسىتىپ:

— دادا، مەن بۇ يەرگە مانا مۇشۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان قىزنى دەپ كەلگەن. بىز ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق. مۇبادا جان قۇتۇلدۇرۇش گۇناھ بولىدىغان بولسا، مانا بىز گەپ يوق گۇناھكار بولغان بولىمىز، — دېدى.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا مىرزاباننى شاھبانۇغا كۆرسىتىپ:

— شاھبانۇ سىڭلىم، مانا بۇ كىشى مەن ساڭا بوگۇن كۈندۈزدە كۆپ قېتىم گېپىنى قىلغان، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەن مىرزابان تاغام بولىدۇ. مۇبادا بۇ كىشىگە يولۇقۇپ قالمىغان بولسام،

چۈشكۈنلىشىپ قايسى دەرىجىگە يېتەتتىمكىن ياكى ئۆلۈكۈم نەلەردە قالاتتىكىنتاڭ. ئۇ چاغدا ناز بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېڭىلا كۆمۈلگەن مېيىت ساندۇقىنى ئېچىۋېلىشىمىز مۇمكىن بولماي، سەن ئۇنىڭ ئىچىدە دىمىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭ، ــــ دېدى.

شاھبانۇ ئاكىسىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، قولىنى كارىۋات قىرىغا تىرەپ، مىرزابانىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىغىلى تۇردى، مىرزابان ئىتتىك بېرىپ ئۇنى توسۇۋالدى.

مىكائىلنىڭ ئاشۇ گەپلىرى مىرزابانىغا ۋەقەنىڭ باش ـ ئاخىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىلەن باراۋەر بولدى. مىرزابان ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەقىل ـ ھوشىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويدى. مىكائىل ئۆيدىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مىرزابانغا يېقىن ئەكىلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ــــ تاغا، ــــ دېدى ئۇ، ــــ بۇنداق ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ نەچچە كېچە ـ كۈندۈز سۆزلىگەن بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، بىراق بۇ راست بولغان ۋەقە جۇمۇ !

نازپەرۋەر كارىۋاتقا كېلىپ شاھبانۇغا يېقىن ئولتۇردى. مىكائىلمۇ كۈندۈزى ئۆزى يەرگە يېڭىلا راسلىغان ئورۇننىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە شاھبانۇغا قاراپ:

ــــ شاھبانۇ، بېشىڭدىن ئۆتكەن بەختسىزلىكلىرىڭنى كۈندۈزى ماڭا سۆزلەپ بەرگەندەك، تاغامغىمۇ سۆزلەپ بەرگىنە! ــــ دېدى.

شاھبانۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ چاي ئىچۈرۈش ئاخشىمىغىچە بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مىرزابانغا سۆزلەپ بەردى:

ــــ ئۇچ ياشقا كىرگەن چېغىمدا مېنى بىرى خەققە قېچىپ تەگكەن ئاپامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئالداپ ئەكەتتى ...

ئۇ چوڭ سودىگەر جەمشىدنىڭ ۋەسىيلىكىدە قانداق خارلىنىپ چوڭ بولغانلىقىنى، شۇ چوڭ سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسى ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئەڭ

ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مىكائىلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنى، نازپەرۋەر بىلەن مىكائىلنىڭ ئۆز ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كۈتكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك تىرىك كۆمۈلۈش ئالدىدا ئېسىدە قالغان بەزىبىر ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىك كۆمۈلۈش جەريانىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە گۆردىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىپ ھوشىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋاللارنى ئەلۋەتتە بىلمەيتتى.

نازپەرۋەر كۆزىدىن ياش ئاقتۇرۇشنى خالىمايدىغان قىز ئىدى، بىراق ئۇ شاھبانۇنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئۈزمەي ياش تۆكتى.

مىرزابان قىمىر قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئۇ شاھبانۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، گويا كىشىنى بەند قىلىدىغان تەسىرلىك بىر قىسسەنى ئوقۇپ تۈگەتكەندەك بولدى ۋە قىزى بىلەن مىكائىلنىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان قىلغان ئىشلىرىدىن تەسىرلەندى، تۈنۈگۈن كېچە ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندى. ئۇ شاھبانۇغا بەخت تىلىدى، مىكائىلنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن تېپىشقانلىقىنى تەبرىكلىدى، ئۆز قىزىنىڭ سەممىي ۋە يالقۇنلۇق يۈرىكىدىن خۇشال بولدى ۋە پەخىرلەندى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

شەمشادنىڭ بەرگەن قېنى يۈسۈپنى گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. قان مەنبەسى ھەل بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپنىڭ ساقسىز تېنى يېتەرلىك قانغا ئىگە بولۇپ، كېسەللىك ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە بىر خىلدا ئوڭشىلىپ باردى؛ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن روھىي ھالىتى ئالاھىدە ياخشىلىنىپ قالدى. بىراق، تېخى ماغدۇرسىز بولغاچقا، ئۇنى سېسترا فەريال چاقلىق ئورۇندۇققا يۆلەپ چىقىرىپ، تالا - تۈزدە ئايلاندۇرۇپ كېلىدىغان بولغانىدى.

يۈسۈپ ھوشىغا كېلىپ بىرقانچە كۈنگىچە، ئۆزىگە قان بەرگەن ئاغرىقنىڭ تەڭداشسىز پىداكارلىقىغا ۋە خەيرخاھلىقىغا رەھمەت ئېيتماقتا يوق، ئۇنىڭدىن ئاغرىندى، ئۇنى تىللىدى. چۈنكى، يۈسۈپ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى، ئۇنىڭ ھاياتىنى پەرىشانلىق، ئازاب ۋە ئۇياتلىق تېغى بېسىپ كېرەكتىن چىقارغانىدى. ئۇ بۇ دۇنيادىن بەزگەنىدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا بەخت ۋە شادلىق بېغىشلىيالمىدى. بېغىشلىغىنى پەقەت ماھىنۇرنىڭ كۆز بويامچىلىقى ۋە ئۆزىنىڭ سەمىمىي مۇھەببىتى بەدىلىگە كەلگەن ۋاپاسىزلىقلا بولدى. ئاپىسى ئۇنى كولدۇرلاتقان، ئۇنى جەمشىد دېگەن يات بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە خاتىرجەم، ئەركە ۋە غەم - قايغۇسىز كۈن ئۆتكۈزۈشكە ھەمدە جەمشىدنى ئۆز دادام دەپ بىلىشكە مەجبۇر قىلغان. ئەمدىلىكتە تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان يۈسۈپكە ئىت - مۈشۈك، دەل - دەرەخلەردىن تارتىپ چالما - كېسەكلەرگىچە سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتقاندەك، ئۇنى نومۇسسىز دەپ زاڭلىق قىلىشىۋاتقاندەك

تۆيۈلماقتا ئىدى. ئۇ جەمشىدنىڭ بايلىقىغا، كۈچ ـ ئابرۇيىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلغۇچى ۋە زاڭلىق قىلغۇچى كىشىلەرنى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسخىرە قىلىشتىن ئەيمەندۈرەلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ تېگى خالايىققا مەلۇم بولغان ھامان، پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ئازاب قاينىمىغا غەرق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشىغىنىمىنىڭ نېمە كېرىكى دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ھاياتىنى تېزرەك ئاياغلاشتۇرۇشنى ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ بىلگەنىدى. ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قان بېرىپ ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كىشىگە، جۇملىدىن دوختۇر ۋە باشقىلارغا رەھمەت ئېيتمىغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ ئەنە شۇ ئىدى.

يۈسۈپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سېستىرانىڭ ئىنتىرىشى بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر نۆۋەت، كەچتە بىر نۆۋەت تالا ـ تۈزنى ئايلىنىپ كىرەتتى ھەمدە شەمشاد ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىدىن كۈنىگە تۆت قېتىم ئۆتەتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى يۈسۈپنىڭ روھىي ھالىتى تېخىمۇ ئەسلىگە كېلىپ، باشتىكىدەك چېچىلمايدىغان، ئانچە تېرىكىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ شەمشاد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئېيتقۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېشىغا چىقارمايۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ شەمشاد ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىدىن يەنە بىر نۆۋەت ئۆتكىنىدە، ئاخىر سېستىراغا ئېغىز ئېچىپ:

— خانىم، مېنى شەمشادنىڭ قېشىغا ئەكىرىڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي، — دېدى.

يۈسۈپنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى قاندۇرۇش شەرت ئىدى. سېستىرا يۈسۈپنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىكى ئارزۇسىنى ئىمكان بار قاندۇرۇش توغرۇلۇق بۇرۇنلا يوليورۇق

ئالغانىدى. چۈنكى، يۈسۈپنىڭ خۇشال بولۇشى ساقىيىشىغا پايدا يەتكۈزەتتى.

سېستىرا فەريال يۈسۈپنى شەمشادنىڭ ياتىقىغا ئەكىردى. ئاللىقاچان ئادەم سىياقى قالمىغان شەمشادنىڭ كۆيۈكتىن قاريداپ كەتكەن يارىسى ھېلىمۇ يىرىڭلاپ تۇراتتى. يۈسۈپ بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ كىشىنىڭ ھوۋ قىلغۇسىنى كەلتۈرىدىغان بۇ مىيىپنىڭ قېنىنىڭ ئۈز تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قورققىنىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى.

بۇرۇن ئۇ شەمشادنى بۇنداق ھالەتتە ئەمەس، بەلكى تەقى ـ تۇرقى جايىدا، تاش ئېتىلا جاراھەتلىنىپ كارىۋاتتىن يەرگە چۈشەلمەي قالغان ئاغرىق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدى، ئويلىمىغان يەردە ئۇنى ھازىرقىدەك كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان ھالدا چېلىقتۇردى. ئەمما، يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىككە يات شۇ ھېسسىياتىدىن دەرھال خىجىل بولدى. ئۇ شەمشادنىڭ خەيرخاھلىقى ۋە ئاجايىپ پىداكارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يىرگىنچ كەيپىياتىنى تېزدىنلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ شەمشادنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ ۋە بۇنى ئۇنىڭغا ئاللادىن كەلگەن جازا دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىز قورققىنىدىن پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەمشادنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ شەمشادتىن قىزغىن ھال سورىدى. ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغاننىڭ ئارىسىدا ياتقان شەمشاد يۈسۈپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن مىدىرلاپ كەتتى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى جاراھەت قاپلىغان، مىدىرلاشقىمۇ مادارى يەتمەيتتى، ئۆرۈلمەكچى بولسا، ئاۋۋال سېستىرالار ئۇنىڭ ئاستىغا تېگىق داكا قويۇپ بېرەتتى، ئاندىن سېستىرالارنىڭ ياردىمىدە ئاستا ئۆرۈلۈۋاتاتتى. يۈسۈپنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭغا قانداق كۈچ بولۇپ تۇيۇلدىكىنتاڭ، ئۇ لىككىدە مىدىرلاپ كېتىپ، بىرقانچە يەردىكى ساقىياي دەپ قالغان يارىسى

يېرىلىپ، قان سارقىشقا باشلىدى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ تاشلىدى. بۇرۇنقى چاغلىرى بولغىنىدا، ئۇ بىرھازاغىچە ئۇلۇغ ـ تەتۈر ۋارقىراپ توختىمىغان بولار ئىدى. ھازىر نېمە ئۇچۇندۇر، قاتتىق ئاغرىق تېزلا ئۆتۈپ كەتكەندەك، بىر ئىڭراپلا توختاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېرۋىسى ناھايىتى ساز ئىدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ ھال سوراپ ئېيتقان گېپىگە ناھايىتى ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنلا يىغلىۋەتتى.

سېستىرامۇ، يۇسۇپمۇ شەمشادنى يارىسىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي يىغلاۋاتىدۇ دەپ قالغانىدى. شۇڭا، يۇسۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرۈپ:

— كەچۈرۈڭ، مەن كىرىپ يارىڭىزنىڭ يەنە قاتتىق ئاغرىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. ئۆزىڭىزنى بېسىۋالسىڭىز، ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

يۇسۇپنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن سېستىرا فەريال بۇ يەردە يەنە تۇرىۋەرسە بىرەر چاتاق چىقىشىدىن، يۇسۇپنىڭ كېسىلى قايتا ئەدەپ قالسا، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق ئەيىبكە قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. فەريال شۇلارنى ئويلاپ، يۇسۇپنى چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن ئىتتىرگىنىچە شەمشادنىڭ ياتىقىدىن چاققان ئاچىقىپ كەتتى. يۇسۇپ ئۆز ياتىقىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، خېلىغىچە شەمشادنىڭ ھالىغا ئېچىندى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، شەمشاد سېستىرا فەريالغا يۇسۇپ بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىنى ئېيتتى، فەريال ئۇنىڭ تەلىپىنى يۇسۇپكە يەتكۈزدى. شۇ كۈنلەردە يۇسۇپنىڭ سالامەتلىكى ئوبدانلا ئەسلىگە كېلىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى قىلالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. يۇسۇپ ئاستا مېڭىپ شەمشادنىڭ ياتىقىغا كەلدى. بىراق، ئىككىسى بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشار ـ پاراڭلاشمايلا، شەمشاد يەنە ئېسەدەشكە باشلىدى، ئاخىر پاراڭلىشالماي، خۇددى تۇنجى ئۇچراشقىنىدەك، بۇگۈنكى

ئۆچرىشىشىمۇ يۇسۇپنىڭ شەمشادقا تەسەللى بېرىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ شەمشادنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ھەربىر كىرگىنىدە ئىككىيلەن تۇزۇككىنە پاراڭلىشالمىدى. چۈنكى، شەمشاد يىغلاشقا ئارانلا تۇراتتى.

يۇسۇپ سەللىمازا دېگۈدەك ساقىيىپ كەتتى. ئۇ جەمشىد بىلەن كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. «دادا» دەي دېسە، تىلى ھېچلا ئەيۋەشكە كەلمەيتتى، «دادا» دەپ چاقىرغىنىدا بولسا كېكەچلەپ قالاتتى. جەمشىد بىلەن چىمەنبانۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلماي، ئۆز خۇشاللىقى بىلەنلا قالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇپ خازان بولاي دېگەن ئۇمىد گۈلزارىنى ئۆز قېنى بىلەن سۇغىرىپ، ئاززۇلۇق ئوغلىغا يېڭى ھايات بېغىشلىغان شەمشادتىن مىننەتدار ئىدى.

بىر كۈنى، جەمشىد خوتۇنى بىلەن بىللە شەمشادنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار شەمشادنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان كۆيۈك جاراھىتىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئىچ ئاغرىتتى. قاتتىق تەسىرلەنگەن جەمشىد ئېچىنىش بىلەن:

— شەمشاد ئەپەندى! ... — دېدى.

شەمشاد جەمشىدنىڭ ئاۋازىدىن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يۇسۇپنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈگەندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، نەچچە يەردىكى يارىسى قاناپ كەتتى. جەمشىد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەل خىجىل بولۇپ قالدى. ئېرىنىڭ كېسەلنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپلا جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ ئېتىنىڭ گەپ قىستۇرۇپ:

— ئېھتىمال، بىزنى بىرەر قېتىم كېلىپ رەھمەت دەپمۇ قويمىدى، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئىكەن دەپ قالغانسىز؟ — دېدى.

چىمەنبانۇنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق تاپمىغان جەمشىد دەررۇ

ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ شۇنداق دېدى:

ــ شەمشاد ئەپەندى، ئاشۇ كۈنى سىز مەردلىك بىلەن ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇپ، ئوغلىمىزنى گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلدۇردىڭىز. شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا كېلىپ سىزدىن ھال سورىغۇمىز، سىزگە رەھمەت ئېيتقۇمىز كەلگەنىدى. بىراق، دوختۇر سىزنى يېڭىلا قان بەردى، قېشىغا كىرسەڭلەر دەم ئالالماي قالمىسۇن دېگەچكە، ئۇ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق. كېيىنچە كېسىلىڭىزنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، يەنىلا ئاشۇ سەۋەب بىلەن كېلەلمىدۇق. ئىشقىلىپ، بىز سىزدەك سەمىمىي، مېھرىبان كىشىمىزنى يوقلاشقا تەقەززا بولۇپ كەلدۇق. دەرۋەقە، سىزنىڭ پاك قەلبىڭىز بىلەن قىلغان شۇ مېھرىبانلىقىڭىزنى ھەرگىزمۇ قايتۇرالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ئاز ـ تولا خىزمىتىڭىزدە بولساق، كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ. سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كېلىدىغانلا ئىش بولسا، ئۆز بەدىنىمىزنى ــ بىرەر ئەزايىمىزنى، ھەتتا يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ قىلچە ئايانمايمىز.

شەمشاد لام ـ جىم دېمىدى. كېسەلخانىغا جەمشىدلەر بىللە كىرگەن دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارغا ئاغرىقىنىڭ دېگەن گەپنى ئۇقسىمۇ، لېكىن جاۋاب بېرىشتە قىيىنىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، چىمەنبانۇ سۆز ئېلىپ:

ــ بۇ ئازابتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇتۇلۇشىڭىز تەستەك قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ، بىز پۇل، قان ۋە ئەجىرىمىز بىلەن سىزگە ياردەم بېرەلىسەك، ھازىرقى ئەھۋالىڭىز ياخشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ... ــ دېدى.

جەمشىدنىڭ مىننەتدارلىق ۋە ھېسداشلىق يېغىپ تۇرغان گەپلىرىنى، شۇنىڭدەك چىمەنبانۇنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلىغان شەمشاد دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ... ھازىرقى ئەھۋالىمدىن ... رازى ... مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ پېتىدىن ... ئەسلا ئۆزگەرمەيدۇ، رەھمەت ... سىلەرگە.

شۇنىڭدىن كېيىن جەمشىد يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلدى، دوختۇرخانا باشلىقى ئۇلارنى باشلاپ كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى. ئايرىم كېسەللەرنىڭ ئاندا ـ ساندا ئىڭرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى.

يۇسۇپ توساتتىن ئويغىنىپ كېتىپ، زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەل جىمىققان تۈن كېچە ۋە جىمجىتلىق ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھىغا ئايلاندى. يۇسۇپ ئۇيقۇسى كېلەي دېگەندە، ئۆتكەن ئىشلار بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، زادى ئۇخلىيالمايتتى.

تاڭ ئېتىشقا خېلى بار ئىدى. كۆزىنى ئېچىپ يېتىۋېرىشتىن زېرىككەن يۇسۇپ كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، كارىدوردا ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ شەمشاد ياتقان ياتاقنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتىۋاتقىنىدا، ئۆينىڭ ئىچىدىن ئۇھسىنىش، ئىڭراش، يىغا ئارىلاش سۆزلەپ ئېسەدەش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ زەن قويۇپ تىڭشىدى ـ يۇ، ئەمما شەمشادنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى زادى چۈشىنەلمىدى، چۈنكى شەمشاد بەك قاتتىق ئېسەدەۋاتاتتى. شۇ دەم قەلبىنى ئېچىنىش ۋە ئېچ ئاغرىتىش چۇلغىۋالغان يۇسۇپ دەررۇ ياتاققا كىردى.

شەمشاد تېخىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلىشىۋاتاتتى، ئاللادىن مۇنداق جازالاۋەرمەي، ئازابتىن تېزرەك خالاس قىلىشنى تىلەۋاتاتتى.

يۇسۇپنىڭ كىرىشى شەمشادقا ئاراملىق بېغىشلىدى. ئۇ يىغىسىنى توختىتىپ، يۇسۇپكە يېنىدىكى چىراغنى ياندۇرغۇزدى

ۋە ئۇنى دەرھال ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن يۇسۇپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سورىغاندا، شەمشاد ئەلەم بىلەن:

— بۇ قارغىش تەگكۇر تومۇرلىرىم تا ھېلىغىچە توختىماي سوقۇۋاتىدۇ، كۆرگۈلۈكۈم تېخى تۈگىمەپتۇ، پېشانەمگە قاچانغىچە ياشاش پۈتۈلگەن بولسا، شۇ چاغقىچە تىرىك قىينىلىدىغان ئوخشايمەن! — دېدى، ئاندىن يەنە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

يۇسۇپ شەمشادنىڭ پەرىشان كۆڭلىنى بىردىنلا پاراكەندە قىلىۋېتىدىغان مۇنداق گەپنى سورىمىسام بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلدى ۋە دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكەپ:

— ماڭا قاراڭ، شەمشاد، ھەر كەلسەملا كۆز يېشى قىلىپ مېنى ناھايىتى بىئارام قىلىپ قويۇۋاتىسىز. سىزنى يوقلىشىم ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلغان كىشىمگە بىلدۈرگەن ئەڭ ئاددىي مىننەتدارلىقىم، بىراق شۇنى ئېيتىڭچۇ، مېنىڭ كېلىشىم سىزگە كاشىلا بولۇپ ئاغرىقىڭىزنى كۈچەيتىپ قويۇۋاتامدۇ، قانداق؟ — دېدى.

— يوقسۇ، يۇسۇپ ئەپەندى! سىزنىڭ مېنى يوقلىشىڭىز ماڭا ناھايىتى چوڭ ئاراملىق بېغىشلاۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ھازىر سىزنىڭ مەن ياتاققا كىرىشىڭىزنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىۋاتاتتىم. سىزگە يۈرىكىمدىكى ئېغىر ئازابنى سۆزلەپ بەرگۈم بار، شۇنداق قىلسام سەل ئارام تېپىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى شەمشاد بۇرۇنقىدەك ئۆزۈپ - ئۆزۈپ سۆزلەش ئورنىغا بىردىنلا كۈچلىنىپ.

— نېمە گېپىڭىز بولسا سۆزلەۋېرىڭ، مېنىڭمۇ ناھايىتى ئاڭلىغۇم بار. دەردنى دەپ - دەپ تېشىڭىزغا چىقىرىۋەتسىڭىز، يەڭگىللەپ قالىسىز.

— خېلى چاغلار بولۇپ قالدى، سىپىسترا سىزنى مېنىڭ قېشىمغا تۇنجى قېتىم ئەكىرگەن ۋاقىتتىلا سىزگە ئېيتاي

دېۋىدىم، بىراق ئاجىز تېنىڭىز مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى كۆتۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئالللاغا رەھمەت، مانا ھازىر ئوبدانلا ساقىيىپ قاپسىز...

يۈسۈپ ھەيران قالدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ناھايىتى كەم گەپ قىلىدىغان شەمشاد بۈگۈن بىردىنلا ناھايىتى روھلىنىپ پاراڭلىشىشقا قىزىقىپ قالغانىدى.

— يۈسۈپ ئەپەندى، مېنى تونۇمايۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى شەمشاد.

— سىزنىڭ مېنى قۇتقۇلدۇرغان مېھرىبان كىشىم ئىكەنلىكىڭىزنىلا بىلىمەن، ئىسمىڭىز شەمشاد ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالىڭىزنى بىلمەيمەن. دوختۇرخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن سىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇڭا، تونۇيمەن دېيەلمەيمەن. كوچىلاردا ئۇچراشقان چاغلىرىمىز بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ تاپتا تونۇيالىشىم مۇمكىن ئەمەس، چىرايىڭىز بۇزۇلۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە يۈسۈپ گەپنى سەل سىلىقلاشتۇرۇپ ئېيتىۋاتاتتى. كوچىلاردا ئۇچراشماق تۇگۇل، شامۇسەھەر بىللە يۈرگەن قەدىناسلار بولغىنىدىمۇ، كۆيۈكتىن شۇنچە جاراھەتلىنىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان شەمشادنى تونۇيالىشى تەس گەپ ئىدى. شەمشاد يۈز ـ كۆزى كۆيۈپ پۈتۈنلەي تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە يۈزىنىڭ ئەتلىرىمۇ كۆيۈپ، بەدىنى ئىسلىنىپ كەتكەن يوغان بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ قالغانىدى؛ ئاۋازىمۇ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئايروپىلانغا ئوت كېتىش ۋەقەسىدە ئۇ ئوتنىڭ ئارىسىدا قېلىشتىن بۇرۇنلا ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىدىغان زەھەرلىك ئىس ئىچىدە ئۇزاق ۋاقىت جان تالاشقانىدى. كېيىن ئىستا زەھەرلىنىپ، ئاۋازى باشقا ئادەمنىڭكىدەك بولۇپ قالغانىدى.

— توغرا، يۈسۈپ ئەپەندى، مەن سىز كۆرۈپ باقمىغان يات

بىر بەندە. ئەمما، ئائىلە خىزمەتچىڭىز پېتىر مېنىڭ دوستۇم بولغاچقا مەن سىزگە ئۇنچە ياتمۇ ئەمەس. مەن پېتىردىن سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىزگە دائىر بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئەھۋاللارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزىڭىزنىڭ بىلىشىمۇ ناتايىن.

— نېمە؟ — دېدى يۇسۇپ يۈزلىرى قاپقارا كۆيۈپ كەتكەن شەمشادنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئاپپاق چىشلىرىغا قاراپ.

— شۇنداق، ئەپەندى، بەزى ئەھۋاللارنى بىلىشىڭىزمۇ ناتايىن، — دېدى شەمشاد شۇ گېپىنى ئاتايىن يەنە بىر تەكرارلاپ، — ئەپەندى، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. قېنىمنىڭ سىزگە سېلىنغانلىقىنى بىلىپ، بىر تەرەپتىن كۆڭلۈم ئىنتايىن ئارام تاپتى، يەنە بىر تەرەپتىن بەك بىئارام بولدۇم، جېنىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىغان بولساممۇ، لېكىن قولدىن كەتكەن باھارىڭىزنى ...

يۇسۇپ شەمشادنىڭ قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىۋاتقانلىقىنى، پېشانىسىدىن مۇنچاقتەك تەر تامچىلىرى تەپچىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە:

— شەمشاد ئەپەندى، ئالدىرىماي ئاستا سۆزلەڭ. بىلىدىغىنىڭىزنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىڭ! — دېدى ھېسداشلىق بىلدۈرۈش ئاھاڭىدا.

— بىراق، چىداشلىق بېرەلەرسىزمۇ؟

— سۆزلەۋېرىڭ! چىداشلىق بېرەلەيمەن!

— چىداشلىق بېرەلەيدىغانلا بولسىڭىز، بىلگەنلىرىمنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرەي. ئۆزۈمگە مەلۇم، بۇ گەپلەرنى سىزگە مەندىن باشقا ھېچ كىشى سۆزلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنلىرىم ئاز قالدى، بىلگەنلىرىمنى سىزگە سۆزلەپ بەرسەم كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالىدۇ!

— شەمشاد ئەپەندى، ماڭا بىلدۈرۈۋاتقان سەمىمىي كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. گېپىڭىزنى قويماي سۆزلەۋېرىڭ، مەن تاقەت قىلىپ ئاڭلايمەن.

— سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بىلەن چاي ئىچۇرۇش مەرىكىسىدە چاتاق چىققان كۈننىڭ ئۆچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن پېتىر بىر ئىش بىلەن مىنى ئۆيگە ئىزدەپ كەپتۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپلا: «ئاڭلىشىمچە يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ئالماقچى بولغان قىزى ...» دەپ ئاغزىمنى ئېچىپ بولغۇچە، پېتىر ئىتتىكلا: «شۇنى دېمەمدىغان، بايۋەچچىنى تازا قارا باسقاندەك ئىش بولدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئىزدەۋاتىدۇ، تېخىچە دېرىكى چىقمىدى !» دېدى. بىلىۋاتامسىز، پېتىر بىلەن ئىككىمىز سىرداش دوستلاردىن. كۆڭلىمىزدە نېمە گېپىمىز بولسا بىر - بىرىمىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمىز، بىر - بىرىمىزدىن ئاڭلىغان گەپنى ئۈچىنچى كىشىگىمۇ زادى ئېيتمايمىز، شۇڭا ئۇ مەن سورىغانلىكى گەپنى ئېيتماي قالمايدۇ، — شەمشاد گېپىنى توختىتىپ، دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يۇسۇپتىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى، — يۇسۇپ ئەپەندى، بىر تەلىپىم بار، دېسەم ئورۇندىيالامسىز؟

— قانداق تەلەپ ئۇ؟

— مەن پېتىردىن ئاڭلىغان گەپلەرنى سىزگە قويماي سۆزلەپ بېرەي، ئەمما مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى جازالىسىڭىز زادى بولمايدۇ !

— شەمشاد ئەپەندى، مۇنداق گەپلەرنى قويۇڭ، سىزدەك ياخشى بەندىنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن خۇدا ئۆزى ساقلاپ قالىدۇ.

— شۇ چاغدا، — دېدى شەمشاد گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پېتىردىن، ئۇ قىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەتىسى بىلىپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟ دەپ سورىسام، ئۇ: «شۇنداق، بايۋەچچە شۇ كۈنى ئاخشىمىدىن تارتىپ ئەتىسى چۈشتىن كېيىنگىچە ئويغاتسىمۇ قوپماي ئۇخلىدى» دېدى. مەن قىزىقىپ ئۇنىڭدىن: «كېيىن بايۋەچچىنى قانداق ئويغاتتىڭلار» دەپ سورىدىم. يۇسۇپ ئەپەندى، پېتىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كەم سۆزلۈك قىلغان بىلەن، ئىككىمىز بىر يەردە بولساق، ناھايىتى جانلىنىپ سۆزلەپ كېتىدۇ. ئۇ ماڭا: «بۇنىڭدا گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا

كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى، ــــ شەمشاد نېمىگىدۇر ئارىسالدى بولۇپ قالغاندەك گېپىنى بىردىنلا توختاتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى، ــــ يۇسۇپ ئەپەندى، بۈگۈن مەن سىزگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ بەزىلىرى جەمشىد خانىمغا بېرىپ تاقىلىدۇ، مېنى ئانا ـ بالا ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا ئارازلىق سالماقچى دەپ ئويلاپ قالماڭ. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئەينەن سۆزلەپ بېرىش.

ــــ سۆزلەۋېرىڭ، نېمە ئاڭلىغان بولسىڭىزمۇ سۆزلەۋېرىڭ! ــــ دېدى يۇسۇپ شەمشادنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

شەمشاد گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ پېتىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەتىسى سەھەردە خانىمغا چاي ئەكىرىپ بېرىپ چىققاندىن كېيىن ناشتىلىق تەييارلاپتۇ، قارىسا خانىم سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك، پېتىرمۇ ناشتا قىلىدىغان چاغلىرى بولۇپ قالدى دېگەننى ئېيتىپ قوياي دەپ خانىمنىڭ كەينىدىن كىرىپتۇ. خانىم سەن چىقىپ كەت دېگەن مەنىدە پېتىرغا قول ئىشارىتى قىپتۇ. بىراق، «بايۋەچچە»، ئەجەب خۇدىنى بىلمەي ئۇخلاپ كېتىپتۇ، دەپ ھەيران بولغان پېتىر ئاشخانىغا قايتماي، دېرىزىنىڭ سىرتىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. دېرىزە پەردىسى ھىم يېپىلمىغاچقا، كۆنىنىڭ شولىسى ئۆيئىچىگە چۈشۈپ، سىرتتىكى ئادەم ھەممىنى كۆرگۈدەك يورۇتۇپ تۇرغانىكەن. پېتىر قارىسا، خانىم ئاۋۋال سىزنىڭ كارىۋىتىڭىزنىڭ قېشىغا كېلىپ سىنچىلاپ قاراپتۇ، ئاندىن سىزنى مىدىرلىتىپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا ئىككى يۇتۇم سۇ تېمىتىپتۇ، بىراق سىز يەنىلا ئويغانماپسىز. شۇ ئەسنادا، خانىم قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىرنەرسىدىن ئازراق چېچىپ، بۇرنىڭىزغا يۆرىتىپتۇ، بۇنىڭ سەگەكلەشتۇرۇش دورىسى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. دېگەندەك، دورا كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ، سىز ئاۋۋال

مەدىرلاپ، ئاندىن ئاستا كۆزىڭىزنى ئېچىپسىز، لېكىن ئۇيقۇڭىزدىن زادى يېشىلەلمەي، خامۇش تۇرغۇدەكسىز.
جىم تۇرۇپ شەمشادنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتقان يۇسۇپنىڭ چېكىسىدىن تەر تەپچىشكە باشلىدى.
— يۇسۇپ ئەپەندى، يىغلاۋاتىمىغانسىز؟ ئەجەب گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى شەمشاد تۇيۇقسىزلا.
— ياق، مېنىڭ كۆزۈمدىن ياش چىقمايدۇ، — دېدى يۇسۇپ خېلىدىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇپ.
— يۇسۇپ ئەپەندى، مېنىڭ خىزمەتچىڭىز پېتىرنىڭ دوستى ئىكەنلىكىمگە چىنپۇتۇۋاتامسىز؟
يۇسۇپنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، كۆزلىرى دەرھال شەمشادنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىغا تىكىلدى.
— قىلىۋاتقان گەپلىرىمنىڭ راستلىقىغا شەك كەلتۈرمەسلىكىڭىز ئۈچۈن، كىملىكىمنى سىزگە ئېيتاي: مەن سىزنى ۋەيران قىلىشقا قاتنىشىپ، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك قارغىشىغا كەتكەن دىلاۋەر بولىمەن.
— سىز ...
— ئىستىن زەھەرلىنىپ ئاۋازىم بۇزۇلغاچقا، ئاۋازىمدىن كىملىكىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتىسىز.
— سىز ... سىز دى... دىلاۋەرمۇ؟ ... ۋاي خۇدا!
يۇسۇپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىدىن تۇرۇپ بولۇپ، ئىتتىككىلا يەنە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللاپ:
— ئاھ خۇدا! ماڭا بېشارەت بەرگەيسەن! بۇ ... بۇ نېمە كارامەت ـ ھە! — دەپ پىچىرلىدى.
— يۇسۇپ! ئوبدان ئىنىم! ھەرقانچە ئازابلانسىڭىزمۇ چىداشلىق بېرىڭ. سىز مېنىڭ ياتىقىمغا بىرىنچى قېتىم كەلگەندىلا ئاۋازىڭىزنى تونۇدۇم، سىزگە بۇ ئەھۋاللارنى قانداق قىلىپ ئۇقتۇرۇش توغرۇلۇق باش قاتۇردۇم. مەن ئۆزۈمنىڭ سىز

كېچە ـ كۈندۈز ئۈچ كۆرىدىغان دىلاۋەرلىكىمنى ھەدىگەندىلا ئېيتاي دېسەم، ئۆزىڭىزنى تۇتالماي قېلىشىڭىزنى ئويلىدىم. شۇڭا، بىر ياقتىن سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئوڭشىلىشىنى كۈتكەن بولسام، يەنە بىر ياقتىن ئۆزۈم بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىشتىن بۇرۇن، ئەھۋالنى سىزگە ئۇقتۇرۇشنىڭ پۇرسىتى ئۈستىدە ئويلاندىم ...

يۈسۈپ بۇرۇنقى بۇ ئەشەددىي رەقىبىنىڭ، ھازىرقى مېھرىبان نىجادكارىنىڭ، گۆشلىرى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراۋاتقان بۇ تۇۋىنگەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئاجىزنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى ئويلىشى، نېمە دېيىشى ۋە نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي، مېڭىسى قوچۇلۇپلا كەتتى.

— ئىنىم يۈسۈپ ! ئاجىز تېنىڭىز قاتتىق زەربىگە چىداشلىق بېرەلمەي قالمىسۇن دەپ، سىزگە ئۆزۈمنىڭ دىلاۋەر ئىكەنلىكىمنى بىلىندۈرمەي تۇرۇپ ئىشىنىڭ تەكتىنى ئۇقتۇرۇش كويىدا دوستۇم پېتىردىن ئاڭلىغان قىلىپ سۆزلىدىم، بۇنىڭدا مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

يۈسۈپ يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى.

— سىزگە دەۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، — دېدى دىلاۋەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئىككىڭلارنىڭ چاي ئىچۇرۇش مەرىكىسىنىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن جابىردىن ئاڭلىدىم. جابىر بۇ گەپلەرنى پېتىردىن گەپ كوچىلاپ بىلىۋاپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى بىرلا پېتىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللار، چۈنكى پۈتكۈل ھەرىكەت پىلانىنى خانىم، جابىر ۋە مەن ئۈچىمىزلا بىلەتتۇق.

— بۇ گەپلەرنى قويۇڭ ... — دېدى يۈسۈپ ناھايىتى ئاجىز، ئەمما قارشى تەرەپ ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا گەپ ئارىلاپ، — ماڭا شۇنى ئېيتىڭچۇ، ئۇ سىز بىلەن قاچقاندىن كېيىن نەگە كەتتى؟

— قاچتى دېگەنىنىڭ ھەممىسىلا يالغان، بۇ خۇدانىڭ ئاشۇ

مۆمىن بەندىسىگە قىلىنغان ھاقارەت. بۇنى سىزگە بىردەم تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن. سىزگە ئاۋۋال ئېيتماقچى بولغىنىم مۇنداق، جابىر بىلەن ئىككىمىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھكارمىز. بىگۇناھ، سۇتتىن ئاق ماھىنۇرنى ئۆلتۈرگەن جاللات شۇ ئىككىمىز!

يۇسۇپ توساتتىن قەددىنى رۇسلاپ:

— راست گەپمۇ بۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— يۇسۇپ، يۇسۇپ! ۋارقىراپ كەتمەڭ! — دېدى دىلاۋەر يۇسۇپكە ھاي بېرىپ، — ۋارقىرىسىڭىز باشقىلار ئويغىنىپ، ئادەم يىغىلىپ كېتىدۇ، ئۇنداقتا، سىزگە دېمەكچى بولغان شۇنچە نۇرغۇن گەپلەرنى دېيەلمەي قالىمەن. سىز ... ۋارقىرىماي تۇرۇڭ! — دىلاۋەرنىڭ ئاۋازىدىن ھەم ھاياجانلىنىش، ھەم ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، — سىزگە دەۋاتقان بۇ گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، خۇداغا قانداق ئىشەنسىڭىز، بۇ گەپلەرگىمۇ شۇنداق ئىشىنىڭ. مانا كۆز ئالدىڭىزدا قورقۇنچلۇق، يىرگىنچلىك قىياپەتتە تۇرۇۋاتىمەن، بۇ ئۆزۈم قىلغان يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتى!

يۇسۇپ قاتتىق چۆچۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى، تىلى لال بولغاندەك لام ـ جىم دېمەي جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— خۇدا مېنى مۇشۇ ۋەقەنى خالايىق ئالدىدا ئاشكارىلىسۇن دەپ تىرىك قويغان ۋە ئۆز كارامىتىنى ئىشلىتىپ سىزنى مېنىڭ قېشىمغا كەلتۈرگەن گەپ، — دېدى دىلاۋەر، — ئۇنداق بولمىغىنىدا، سىز باشقا بىر دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان بولاتتىڭىز، مەن ئاللىقاچان ئازابلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم، ئاشۇ قارىلانغان پاك قىزنى ئاقلاش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، بولمىسا، سىزنىڭ ئۆزىگە كىر قوندۇرمىغان ئۇ پاك پەرىزاتنى ئۆمۈر بويى ئىپپەتسىز يوقاتقان زىناخور ئايالغا چىقىرىۋېتىشىڭىز تۇرغان گەپ. ئۇنداق ئىشتا دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە بولمىغۇچە، كۆڭلىڭىزدىكى نەپرەتنى چىقىرىۋېتىشىڭىز

ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مانا مەن شاھىتلا ئەمەس، بەلكى قاتىللىق ۋەقەسىدە قول سالغان خۇنخورنىڭ بىرى. ماڭا ئوخشاش گۇناھكارنىڭ ئەجىلى توشۇپلا جان ئۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. قىلغان جىنايىتىمنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغىنىم يوق، يەنە بىرقانچە كۈنگىچە تارتىدىغاندەك تۇرىمەن.

زېمىن تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان، ئۆيئىچىنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى.

ھەر ئىككىسى ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

بىردەمدىن كېيىن دىلاۋەر جابىر بىلەن بىرلىشىپ ماھىنۇر بىلەن يۈسۈپنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆتمۈشىنى گويا ئۆز گۇناھىنى يوشۇرماستىن ئىقرار قىلغان جىنايەتچىدەك سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جابىر ماھىنۇرنىڭ پېيىغا چۈشۈپ يۈرگەن. ئۇ ماھىنۇرغا تەكلىپ قويۇپ دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن كۆڭلىدە ماھىنۇرغا غوم ساقلاپ يۈرگەن ھەمدە يۈسۈپلەردىن ئۆچ ئېلىش غەزىپى ئۆرلىگەن. دىلاۋەر جابىرنىڭ سىرداش دوستى بولغاچقا، ئۇ غەزىپى ئۆرلەپ يۈرگەن جابىرغا ئەقىل كۆرسەتكەن، يەنى يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ مۇھەببەت باغلىغانلىقى ھەققىدە يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ، جەمشىد خانىمغا ئېيتىپ ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىماقچى، شۇ يول بىلەن جەمشىد خانىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭغا يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ باردى - كەلدى قىلىشىنى توستۇرماقچى بولغان. دىلاۋەر بىلەن جابىر جەمشىد خانىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، توقۇغان گەپلىرىنى بىرى ئۇياقتىن، بىرى بۇياقتىن توختىماي سۆزلەپ، ئاخىر جەمشىد خانىمنى قۇترىتىش مەقسىتىگە يەتكەن.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، يۈسۈپ قاتتىق ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان. دىلاۋەر بىلەن جابىرنىڭ بۇنىڭدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، ئويلىمىغان يەردە چىمەنبانۇ يۈسۈپنىڭ ھاياتىنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېزلا

ئۆزگىرىپ، يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ نىكاھ ئىشىغا قوشۇلغان. لېكىن، بۇ چىمەنبانۇنىڭ ھېيلىسى ئىكەنلىكىنى دىلاۋەر بىلەن جابىر بايقىۋالغان. ئۇلار چىمەنبانۇنىڭ ئۆز ئوغلىغا سەنەۋەرنىڭ قىزىنى، چېتىپ قويۇشقا ھەرگىز قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، ماھىنۇرنىڭ يۈسۈپنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا قىلغان ياخشىلىقى چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلىدىن بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۈنداش رەقىبىدىن قىزغىنىش ۋە ماھىنۇرنى سىغدۇرماسلىق ئوتى ئۆرتىنىشكە باشلىغان. چاي ئىچۈرۈش كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى چىمەنبانۇنىڭ كۆڭلى بەكرەك بىئارام بولۇشقا باشلىغان. لۈكچەك مىجەز جابىرمۇ ماھىنۇرنىڭ يۈسۈپنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بولۇشىغا يول قويۇشنى خالىمىغان. جابىرنىڭ شۇ نىيىتىنى ئانچە - مۇنچە بىلىپ قالغان چىمەنبانۇ «ھەببەللى، كۆزلىگەن ئىشىمنى بىر باشقا ئاچىقىشتا پايدىلانسام بولىدىغان ئوبدان قول - قانات مۇشۇ ئىكەن» دېگەن يەرگە كېلىپ، جابىرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان. ھامىمىسىنىڭ ئىچىدىكىنى ئوبدان بىلگەن جابىرمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تەۋرىتىپ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھامىمىسىغا خۇشامەت قىلىپ، جەمشىد سارىيىنىڭ بۇ خانىشى بىلەن بارا - بارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەسەتخورلارغا يامان كۆرۈنۈپ قالغان ئاشىق - مەشۇق — يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ توي قىلىش پىلانلىرىنى ۋەيران قىلىش پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن. ھامىمىسى ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن جىيەن ئوغلىدىن پايدىلانماقچى، جىيەن ئوغلىمۇ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھامىمىسىدىن پايدىلانماقچى بولغان.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە جەمشىد خانىم بىلەن جابىر كۆڭلىدىكى مەقسەتلىرىنى بىر - بىرىگە ئاخىر ئوچۇق ئېيتقان. خانىم جابىرغا: «قايغۇرما، ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋەدىلىشىشىمۇ، توي قىلىمىز دېيىشىمۇ بەرىبىر قۇرۇق گەپ. مېنىڭ قانداق ئىش

كۆرىدىغانلىقىم راست» دېگەن. يەنە: «ماھىنۇر ساڭا تەئەللۇق بولمىغان يەردە، يۇسۇپكە خوتۇن بولۇشىمۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلغان. چىمەنبانۇ بىلەن جابىر يۇسۇپنىڭ ئۇمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىمىغۇچە، ئۇ ئىككىسىنى توي قىلىشتىن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ دېگەن يەرگە كەلگەن.

دىلاۋەر ئىزچىل جابىرنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەممىتىدىن مىننەتدار بولۇپ كەلگەنىدى. چۈنكى، دىلاۋەرنى شەمسىيەنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۆڭلىنى خوش قىلىش پۇرسىتىگە جابىر ئىگە قىلغانىدى. شۇڭا، دىلاۋەر «جابىرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ نېمە قىل دېسە غىدىڭ ـ پىدىڭسىز شۇنى قىلىشىم كېرەك» دېگەن ئويدا بولغان.

دىلاۋەر دەسلەپتە سارايغا كەمدىن ـ كەم بېرىپ يۈرگەن. كېيىنكى كۈنلەردە جابىر جەمشىد خانىم بىلەن دېيىشىۋالغان گەپلەرنى دىلاۋەرگە ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، دىلاۋەر جابىرغا سارايىنىڭ ئىشىنى قىلىشىپ بېرىش باھانىسى بىلەن سارايغا كىرىپ ـ چىقىپ، خانىمنىڭ ئالدىدا پايپاسلاپ يۈرگەن ھەمدە جابىرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خانىم بىلەن پۈتۈشۈپ، ئاشۇ جىنايى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرغۇچى يەنە بىر يانتاياققا ئايلانغان.

يۇسۇپلەرنىڭ چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىدە دىلاۋەر غەرق مەست پېتى ماھىنۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلغان. ماھىنۇرنىڭ ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ ئىتتىك كېلىپ، ماھىنۇرغا: «دىلاۋەر بىزگە مېھمان، ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتسىزلىك قىلساق بولمايدۇ، مېھماننىڭ ياخشى كۆڭلىنى ھۆرمەتلىسەك بولىدۇ ...» دېگەن. شۇ گەپ بىلەن ماھىنۇر ئىلاجسىز ماقۇل بولغان. تانسا مەيدانىغا چۈشكەندىن كېيىن دىلاۋەر خانىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئەتەي بىر قىسما

ھەريكەتلەرنى قىلىپ يۈسۈپتە «بۇ ئىككىسى ئاللىبۇرۇنلا ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، بولمىسا مۇنچىۋالا يېقىنچىلىق قىلىشىپ كېتەمدۇ؟» دېگەن گۇماننى پەيدا قىلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ پاك قىز دىلاۋەرنى كۆز قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىكەن. ئەمما، دىلاۋەر ماھىنۇرنىڭ كۆز سالمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خۇددى ئىككىسى مەخپىي سۆزلىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئەتەي رازىلىق بىلەن كۈلۈمسىرەۋاتقان ۋە كۈسۈلداپ گەپ قىلىۋاتقان قىياپەتتە كۆرسەتكەن. شۇڭا، يۈسۈپ ئىچىدە بەك خاپا بولۇپ، دىلاۋەردىن قاتتىق نەپرەتلىنىش بىلەنلا قالماي، ماھىنۇرنىڭ پاكلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالغان. ئۇ بېرىپ ئاپىسىغا ھەسرىتىنى ئېيتقان. ئوغلىنىڭ قەلبىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋاتقان چىمەنبانۇ ئەتەي گەپ ئوينىتىپ، ماھىنۇرنى ياقلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ: «ماھىنۇر مەدەنىيەتنى بىلگەچكە، تانىسىغا تارتقان كىشىنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن رەت قىلمىدى» دېگەن، شۇ مىنۇتتا يەنە گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ: «دەرۋەقە، ماھىنۇر ئۆزىنىڭ قىلىقىنى سېنىڭ ياقتۇرمايدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، ھېچبولمىغاندا، سېنىڭ ئالدىڭدا مۇنداق ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلمىسا، سەن ياقتۇرمايدىغان ئادەم بىلەن قەستەن تانسا ئويىنىمىسا بوپتىكەن ...» دېگەن. خانىمنىڭ ئەنە شۇنداق ياپتا گەپلەر بىلەن كىچىككىنە ھىيلە ئىشلىتىشى ئارقىسىدا، ماھىنۇردىن گۇمانلىنىش يۈسۈپنىڭ كۆڭلىدىن چىقمايدىغان يوشۇرۇن ئازابقا ئايلانغان. كېيىنكى كۈنلەردە «ماھىنۇر دىلاۋەر بىلەن قېچىپ كەتتى» دېگەن گەپ ئۇنىڭغا قىل سىغمايدىغان راست ئىش بولۇپ تۇيۇلغان.

مەرىكە ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن ساراي قورۇسىنى جىمجىتلىق قاپلىغان. چىمەنبانۇ يۈسۈپ بىلەن ماھىنۇرنى چاقىرتىۋېلىپ، ئىككىسىگە ئانىلىق سۆيۈپتى بىلەن ئىككى رومكا شاراب (بىھوش دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغان)نى

تۇتقان. ئىككىسى ئىككى رومكا شارابنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ شۇ زامان ئۆز ياتىقىغا كىرىپ كەتكەن. ماھىنۇر دەلدەڭشىپ كىرىپ كېتىۋاتقان يۇسۇپنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان. يۇسۇپ ئۆز ياتىقىغا كىرىپ كەتكەن پەيتتە، ماھىنۇرنىڭ ئۆزىمۇ ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا يىقىلىپ چۈشكەن. دىلاۋەر ئۇنى دەرۋازىدىن ئاچىقىشىغا جابىر يۈگۈرۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن بىر بوپىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن. ئىككىسى بۇ «تىرىك جەسەت»نى ئىتتىككىلا دەرۋازىدىن يىراقراق يەردىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ بوپىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە ئەدىيالنى چىقىرىپ، «تىرىك جەسەت»نى ئورىغان، ئاندىن ئۇنى ئارقا ئىشىكنىڭ يېنىغا ئاپارغان. ئۇ يەردە ئاللىقاچان بىر مېيىت ساندۇقى بېسىلغان ئات هارۋىسى تەييارلاپ قويۇلغان. ئۇلار خۇددى بىلمەي ئۇخلاپ كەتكەن ماھىنۇرنى مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ، ئۆزلىرىمۇ هارۋىغا چىققان ۋە هارۋىنى چاپتۇرۇپ، توپتوغرا شەھەرگە يىراق جايلاشقان ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ ماڭغان.

هوشسىز ياتقان ماھىنۇر بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا، ئەڭ ۋەھشىيانە يول بىلەن ئاياغ ئاستى قىلىنىشقا قىل ـ قىل قالغان. ئەسكىلىك تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن جابىر دىلاۋەرگە پىچىرلاپ: «گېپىمگە قۇلاق سال! ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇش پۇرسىتى كەلدى. بىز بۇنى ئاۋۋال قەبرىستانلىققا ئاپارماي، باشقا يەرگە ئاپىرىپ، ئەمرىمىزگە ئۇن ـ تىنسىز ئىتائەت قىلدۇرايلى، قانداق دەيسەن؟» دېگەن. دىلاۋەر: «ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. سىر ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، خانىمنىڭ بىزنى ئاسانلىقچە كەچۈرمەيدىغانلىقى بۇياقتا تۇرسۇن، سوت كالىمىزنى ئالىدۇ!» دېگەن. جابىر: «سەنمۇزە نەدىكى بىر خىياللارنى قىلىدىكەنسەن، قانداقسىگە ئاشكارىلىنىپ قالسۇن؟ ئۇنى ئەتە كېچىدە كۆمۈۋەتسەكمۇ چاتاق چىقمايدۇ، خاتىرەڭنى

جەم قىل، ئۇ ھوشىغا كېلەلمەيدۇ» دېگەن.

بىراق، دىلاۋەر ئۇنىڭ پىكرىگە زادى قوشۇلمىغان، دىلاۋەر قانداقتۇر، ماھىنۇرغا ئىچ ئاغرىتقانلىقى ياكى خۇدادىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى غەرب دۇنياسى مەپتۇن قىلىپ، ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىقى ئۈچۈن قوشۇلمىغان. ئۇنىڭغا غەرب دۇنياسى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز گۈزەل مەنزىرىسى، يېرىم يالىڭاچ قىزلىرى، قارام باتۇرلار باغچىسى، تەۋەككۈل دەرياسىغا كىرمە سالغۇچىلار مۇسابىقە مەيدانى بار، بەئەينى تۈرلۈك ـ تۈمەن خىلدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئويۇنچۇقتا ئوخشاش دۇنيا بولۇپ كۆرۈنگەن. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مۇشۇ ئالۋاندىن تېز قۇتۇلۇپ، بالدۇرراق چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشتىلا قالغان. ئۇ پاسپورتىنى قولىغا ئېلىپ، چەت ئەل پۇلىنىمۇ تەييارلاپ قويغان، ھەممە زۆرۈر رەسمىيەت قەغەزلىرىگە شەمشاد دەپ ئۆزگەرتىۋالغان ئىسمى يېزىلىپ بولغان. شۇ سەۋەبتىن، جابىرنىڭ خۇدىنى بىلمەي ياتقان ماھىنۇرنى ئويۇنچۇق قىلىپ، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلايلى دەپ قايتا ـ قايتا ئېيتقان سۆزىنى دىلاۋەر قەتئىي رەت قىلغان ھەمدە: «مەن بىر مىنۇتمۇ ھايال بولۇشنى خالىمايمەن» دەپ كېسىپ ئېيتقان.

شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئۆزى ساقلىغانمۇ، ئەيتاۋۇر، ماھىنۇرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى لۈكچەكنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. بىراق، ئۇنىڭ ھاياتى نابۇت قىلىنغان، ئۇ ئىككىيلەن ماھىنۇرنى ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا ئاپىرىپ تىرىك كۆمۈۋەتكەن.

گېپى شۇ يەرگە يەتكەندە، چارچاپ ھاسىراپ كەتكەن دىلاۋەر توختاپ دەم ئېلىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

يۈسۈپ لاي بۇتقا ئايلىنىپ قالغاندەك، دىلاۋەرگە قادالغىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى.

دىلاۋەر ئۇلۇغ بىر تىنغاندىن كېيىن يۈسۈپكە:

ـــ يۈسۈپ، ئۇزاق كېچە مانا ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، جىنايەت

ۋە ئازاب بىلەن تولغان ھېكايەممۇ تۈگەپ قالدى. مۇشۇ ئالەمدىكى تىرىكلىكىمدە قىلماقچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشىمنى ئورۇندىدىم. خۇدا تالڭ ئېتىشىغا مېنى ئەكەتسىمۇ مەيلى، ئەمدى ئارمانسىز كۆز يۇمىدىغان بولدۇم، — دېدى. ئۇ گويا نېمىنىدۇر يادىغا ئېلىۋاتقاندەك بىردىنلا توختاپ، ئاندىن يەنە سۆزلىدى، — ھىم ! يۇسۇپ، مەن يەنە بىر ئىشنى ئۇنتۇيۇپ قوياي. جەمشىد خانىمنىڭ ماڭا قانچە پۇل بەرگەنلىكى ئەقلىڭىزگە كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئېيتسام، ئۇ پۇل ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە راھەت - پاراغەتتە ياشىساممۇ يېتەتتى.

يۇسۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئورۇندۇقتىن شاقىلا تۇردى، بىراق ئورۇندۇقنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى دىلاۋەر ئاڭلاپ قالدى.

— يۇسۇپ، چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى دىلاۋەر ئىتتىكلا، — بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، سىزدىن ئەپۇ سوراشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق ...

— دىلاۋەر ئەپەندى، خۇدانىڭ ئالدىدا تىۋۋا قىلغاندىكىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. ئۆزىڭىز ماڭا ئېيتقان بۇ ئىشلار توغرىسىدا ھازىرچە بىرنېمە دېيىشىمنى تەلەپ قىلماڭ، مەن ئويلىنىۋالاي ! — دېدى يۇسۇپ ئىككى قولى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي تىترەپ كەتكەنىدى، — ئەگەر مېنىڭ بىرەر گەپ قىلىشىمنى ئاڭلىغۇڭىز كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنى قەبرىستانلىقنىڭ قەيىرىگە كۆمگەنلىكىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭ.

دىلاۋەر ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا بارىدىغان يولنى، ماھىنۇرنىڭ قەبرىسى جايلاشقان يەرنى ۋە ھېلىغىچە ئېسىدىن چىقمىغان ھېلىقى دەرەخنى يۇسۇپكە تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. ئاندىن يۇسۇپكە سەممىمىي يالۋۇرۇپ:

— مېنىڭ ئورنۇمدا بىر ئىشنى بېجىرىپ قويالارسىزمۇ؟ — دېدى.

يۇسۇپ گەپ قىلمىدى.

— مەندىن شەمسىيەگە سالام دەپ قويۇڭ، — دېدى دىلاۋەر، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىڭىز، مەن ئۆز جىنايىتىم ئۈچۈن قاتتىق جازاغا يولۇقتۇم. ئۇ مېنىڭ ئازدۇرۇشۇم بىلەن ئىپلاسلىق قاپلىغان ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قالدى، ئۇنى بىر بولسا هالاكەت، بىر بولسا نومۇسسىزلىق دۇنياسى كۈتۈپ تۇرماقتا، ئۇنىڭدىن باشقا ماڭىدىغان ئۈچىنچى يولى يوق. ئۇنى مەن ۋەيران قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن دىلاۋەر باشقا گەپ قىلمىدى. يۇسۇپمۇ قىلغۇدەك گەپ تاپالماي قالدى. ئۇ نېمە دېيىشى مۇمكىن؟ دەرۋەقە، ئۇ دىلاۋەرگە: «شەمسىيە ئاللىقاچان بۇ ئالەمدىن غايىب بولدى، ئۆزىڭىز ھېلى ئېيتقاندەك، ئىپلاسلىق قاپلىغان ئاچا يول ئاغزىدىن بىرىنچى يولنى تاللىۋالدى» دەپ ئۇقتۇرۇپ قويسا بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئىشقىلىپ، ھەممىسى ئەمەلدە ئۆلگەنگە باراۋەر بولۇپ قالغانىدى.

— خوش ئەمىسە، دىلاۋەر! — دېدى يۇسۇپ ۋە كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە، چىمەنبانۇ بۇرۇنقىدەكلا يۇسۇپنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كەلدى. ئوغلى كېسەلخانىدا يوق ئىدى. ئۇ بىر ئورۇندۇقنى دېرىزىگە يېقىن يەرگە يۆتكەپ، ئوغلىنىڭ قايتىپ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

خېلىغىچە ساقلىغان بولسىمۇ ئوغلى قايتىپ كىرمىدى. كۆڭلى بىئارام بولغان چىمەنبانۇ ئوغلىنى ئۇياق ـ بۇياقتىن ئىزدەشتۇرۇپ كۆردى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ ئۇدۇل دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئېيتتى. دوختۇرخانىدىكىلەر يۇسۇپنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، شۇ زامان پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. يۇسۇپنىڭ ئادەتتىكى ئاغرىقلاردىن ئەمەسلىكىنى مۇشۇ دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. چېركاۋ دوختۇرخانىسى ئۆزىنى ئاغرىقلارغا باي ـ گاداي دېمەي ئوخشاش مۇئامىلە قىلىمىز دەپ داڭلىسىمۇ، لېكىن پۇل بىلەن مەرتىۋە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەيدىغان يەر يوق ئىدى، بۇ دوختۇرخانىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

كىمدۇر بىرى تۈنۈگۈن ئاخشام شەمشادنىڭ ياتىقىدا كىملەردۇر پاراڭلىشىپ چىققانلىقىنى چىمەنبانۇغا ئېيتتى. چىمەنبانۇ شەمشادنىڭ ياخشىلىق قىلىپ يۇسۇپنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئوغلىنى بەلكى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇ يەرگە كىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ، شەمشادنىڭ ياتىقىغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— شەمشاد ئەپەندى، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ! مەن يۇسۇپىنىڭ ئاپىسى، ئۇقسام، ئوغلۇم ئاخشام سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا كەپتىكەنغۇ؟ — چىمەنبانۇ ناھايىتى تېت ـ تېت بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شەمشاد ياخشىلىق قىلىپ يۇسۇپنى قوتۇلدۇرۇپ قالغان ئادەم بولغاچقا، ئۆپكىسىنى سەل بېسىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىماي تۇرالمىدى.

— شۇنداق، — دېدى كەلگەن كىشىنىڭ جەمشىد خانىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن شەمشاد پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— ئۇ ھازىر قەيەردە؟ بىلەمسىز؟

— بىلمەيمەن، — دېدى شەمشاد يەنە شۇنداق پەرۋايسىز ئالماي.

— ئۇ نەدە؟

شەمشاد گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك قايتا زۇۋان سۈرمىدى. خېلىغىچە كۈتۈپ ئۇنىڭدىن جاۋاب چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن چىمەنبانۇ يەنە يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم سورىدى، ئۇنىڭدىن يەنە جاۋاب چىقمىدى. مۇنداق سوغۇق مۇئامىلىگە زادى چىداپ تۇرالمىغان چىمەنبانۇ يۈز ـ خاتىر قىلىپ تۇرماستىن چىرقىراق ئاۋازى بىلەن:

— پاڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ ھوي ! نېمانداق جاۋاب بەرمەيسىز؟ — دېدى.

— پاڭ بولۇپ قالغىنىم يوق، نېمىنى سورىماقچىسىز؟ — دېدى شەمشاد سالماق ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ.

— مەن سىزدىن يۇسۇپىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراۋاتىمەن.

— ئۇ مەن ئېيتىپ بەرگەن يەرگە كەتتى، — دېدى شەمشاد ئالدىرىماي.

— قەيەر ئۇ؟

— مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇغىنىڭىزدىن كېيىن ئېيتىپ بەرسەممۇ كېچىكمەيسىز، — دېدى شەمشاد چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاھاڭدا.

چىمەنبانۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ، «بۇ كىم بولغىيدى؟» دەپ قاتتىق ئويلاندى. ئۇ بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، «بۇنىڭ گەپ قىلىشلىرى ئەجەب تونۇشلۇق ــ هە !» دەپ ئويلىدى ــ يۇ، لېكىن يەنە، «ياق، ياق، ئاۋازى هېچلا ئوخشىمايۋاتىدۇ !» دەپ بېشىنى چايقىدى. يۈسۈپنى تاپىمەن دەپ تىت ــ تىت بولۇۋاتقان چىمەنبانۇنىڭ بۇ يەردە قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا نەدە چولىسى؟ شۇڭا، ئۇ كەسكىن ئاھاڭدا دەرھال سورىدى:

— يۈسۈپنى نەگە كەتكۈزۈۋەتتىڭىز، تېز ئېيتىڭ، بولمىسا سىزگە يۈز ــ خاتىر قىلمايمەن !

شەمشاد ئۇنىڭ مۇنداق پوپوزىسىغا پەرۋا قىلماي:

— سىز ماڭا بۇرۇنلا يۈز ــ خاتىر قىلماي كەلگەن. مېنىڭ كىملىكىمنى تونۇيالمايۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ياتقان يېرىڭىز سەھنە ئەمەس، كارىۋات جۇمۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى چىمەنبانۇ، — بۇ يەردە سىز بىلەن قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق ... ماڭا چاپسان ئوچۇقىنى ئېيتىڭ، بولمىسا زىيان تارتىسىز...

شەمشادمۇ چىداپ تۇرالماي قالدى. ئۇ ئاۋازىنى بىردىنلا كەسكىنلەشتۈرۈپ:

— بىلىپ قويۇڭ، مەن سىزنىڭ جىنايىتىڭىزگە شېرىكلەشكەن دىلاۋەر بولىمەن ! — دېدى.

چىمەنبانۇ «نېمە؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە قاتتىق تىترەپ كەتتى، يۈسۈپنى ئىزدەشتۈرۈش خىيالى بىردىنلا غايىب بولۇپ، كېكەچلىگەن هالدا سورىدى:

— سەن ... سەن ... راست ... دىلاۋەرمۇ؟

— هەئە، پېقىر شۇ !

چىمەنبانۇ هەيكەلدەك قېتىپ، كۆز ئالدىدىكى ئادەم سىياقى قالمىغان قاپقارا گۆشكە مىختەك قادىلىپ قالدى.

ياتاقنى بىرپەس جىمجىتلىق قاپلىدى.

— ئاللا هەممىگە قادىر، نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ، سىز

مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ، ھېچ ئىشتىن ئەيمەنمەيدىغان دىلاۋەر قانداق بولۇپ مۇنداق بىر پارچە لەش گۆشكە ئايلىنىپ قالغاندۇ دەپ ھەيران بولۇۋاتقانسىز؟

— ھوي، سەن ... سەن ئامېرىكا ياكى لوندونغا كېتمەن دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى چىمەنبانۇ غال - غال تىترەپ تۇرۇپ.

— ئۇ سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز ئىدى، بىراق ئاللا راۋا كۆرمىدى.

— ئۇغۇ راست، ئۇغۇ راست، — دېدى چىمەنبانۇ تىترەك ئارىلاش، — بىراق سەن قانداق بولۇپ مۇنچىۋالا كۆيۈپ كەتتىڭ؟

— بۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى! — دېدى دىلاۋەر تازا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سەنەۋەرنىڭ ئۆز قىزىدىن ئايرىلىش ئەلىمى، يۇسۇپنىڭ ماھىنۇردىن ئايرىلىش دەردى، شەمسىيەنىڭ ۋاپاسىزلىققا ئۇچراش ئازابى، بولۇپمۇ ماھىنۇرنىڭ ئۇ دۇنيادا تۇرۇپ ياغدۇرغان قاتتىق نەپرىتى يالقۇنلۇق غەزەپ ئوتىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئەزايىمنى كۆيدۈرۈپ ساق يېرىمنى قويمىدى. بۇ ماڭا ئاللادىن كەلگەن جازا، — دىلاۋەر بىردىنلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلىدى، — ئاللا سىزنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ قانخورلۇق بىلەن قاتىللىق قىلىش ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتچىسى سىز. ئاللا سىزگە قانداق جازا بېرىشىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ بىراق خانىم، شۇ تاپتا بولسۇن، ئاللانىڭ قامچىسى بەندىسىگە ئاۋاز چىقارماي، ئەمما جېنىنى ئالغۇدەك تېگىدۇ.

چىمەنبانۇ دىلاۋەرنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بايىقىدەك قورقۇپ ۋە ھودۇقۇپ كەتمەي ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— دىلاۋەر! — دېدى ئۇ، — ئۆزۈمنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدىغانلىقىمنى، ئاللىقاچان كۆز

ئالدىمغا كەلتۈرۈپ قويدۇم. قىلغان گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئاللانىڭ ئالدىدا ئاللىقاچان تۆۋبە قىلدىم. قانداق، قاچان جازالايدۇ، بۇ ئاللانىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، مەن ئويلىنىپ ئولتۇرىدىغان ئىش ئەمەس ... — ئۇ بىردىنلا باشقا گەپكە كۆچتى، — ئۆتكەن ئىشلار ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. بىز ماھىنۇرنى نابۇت قىلدۇق، ئەمدى يۈسۈپنى نابۇت قىلساق بولمايدۇ، ئۇ ماھىنۇرنى ئۇنتۇغانىكەن، ئەمدى ...

چىمەنبانۇ گېپىنى تۈگەتكۈچە، دىلاۋەر ئۇنى ئۈزۈپ قويدى:

— ئۇنداق ئەمەس ! ئۇ ماھىنۇرنى ئۇنتۇمىغان. ئۇنىڭ ماھىنۇرغا بولغان مۇھەببىتى مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

دىلاۋەرنىڭ مۇنداق دېيىشىدىن بىئارام بولغان چىمەنبانۇ ئىتتىكلا:

— يۈسۈپ بىلسە بولمايدىغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ سالمىغانسەن؟ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز ئۇنداق قىلما، بىز ئەمدى باشقا بىر جاننى قىيىنىساق بولمايدۇ. سەن بۇنىڭ ئەھدىسىدىن تامامەن چىقالايسەن، ئېيتقىنى ئۆزگەرتىپسەن، چىرايىڭ ۋە ئاۋازىڭمۇ ھېچكىم تونۇغۇسىز بولۇپ قاپتۇ. سىنىڭ دىلاۋەر ئىكەنلىكىڭنى كىم ئىسپاتلىيالىسۇن؟ — دېدى.

دىلاۋەرنىڭ گەپلىرىدىن ئېنىق چىقىپ تۇرسىمۇ، چىمەنبانۇ ئۇنى «ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ» دەپ ئويلاۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ كالىسى ئوبدان ئىشلەيدىغان دىلاۋەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئورىغا ئىتتىرىدىغان ئەخمىقانە ئىشنى قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى.

دىلاۋەر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇ چىمەنبانۇنىڭ: «سېنىڭ دىلاۋەر ئىكەنلىكىڭنى كىم ئىسپاتلىيالىسۇن؟» دېگەن گېپىدىن غەزەپلەندى، شۇڭا:

— ھەممە سىرنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ ئالدىدا ھېچقانداق ئىسپات لازىم ئەمەس، — دېدى ئاچچىقى بىلەن، — بىزنىڭ قىلمىشىمىز بۇ ئالەمدىكى ئادالەتسىز سودىيىلەرگە يولۇقتۇرۇلماي، ئادىل ـ لىللالىق بىلەن سوراق قىلىنىۋاتىدۇ،

ھۆكۈم ئاستىغا ئېلىنىۋاتىدۇ. سىزنىڭ تۇقتىلىشىڭىز ئارقىسىدا يۈسۈپنىڭ ماھىنۇرنى ئۇنتۇپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى، بىراق مەن ماھىنۇرنىڭ پاك ئەرۋاھىنى يۈسۈپكە تاپشۇردۇم، يۈسۈپنىڭ ئىشق ئوتى قايتىدىن يېنىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ ماھىنۇرنى بالدۇرقىدىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قەلبى سىز ماھىنۇرنى ئاپارغۇزۇپ قويغان جايدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چىمەنبانۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ۋە كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ:

— ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ؟ ئۇ ئالەمگە بىر-بىر ماھىنۇر بىلەن تېپىشماقچى بولدىمۇ؟ ئېيتقىنا! گەپ قىلساڭچۇ! چاپسان! تېز ئېيتە! ئۇ زادى نەگە كەتتى؟ سەن شۇنچىۋالا تاش يۈرەكلىك قىلىپ ئۇنىڭغا ھەممە گەپنى ئېيتىپ قويدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، مەن ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا ئەينەن ئېيتتىم، — دېدى دىلاۋەر دانە - دانە سۆزلەپ.

چىمەنبانۇ شۇئان «ۋاي ئاللا! بالام يۈسۈپ كەلمەسكە كېتىپتۇ!» دېدى - دە، پالاققىدە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

ھېلىمۇ ياخشى بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىش بولغاچقا، چىمەنبانۇ دەرھال تېز قۇتۇلدۇرۇشقا ئاچىقىلدى.

چىمەنبانۇ يۈسۈپ ياتقان ياتاققا ياتقۇزۇلدى.

بەلكى بۇ خۇدانىڭ چىمەنبانۇغا بەرگەن بىرىنچى جازاسىدۇر.

ئەتىسى، سېستىرا فەريال دىلاۋەرنىڭ ياتىقىغا كىردى. دىلاۋەر ئادەتتىكى كۆنىلەردىكىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى، بۇرۇنقىدەكلا جاراھەتلىرىنىڭ ئاغرىشىدىن پەيدا بولغان ئازابلىنىشلار ئەمدى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ئېغىرچىلىقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يۈسۈپكە يۈكلەپ قويغانلىقىنى بىلمەيتتى. سېستىرا قائىدە بويىچە ئۇنىڭ دورىسىنى ۋە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ قويماقچى بولۇۋىدى،

لېكىن ئۇ ئۇنىماي قويدى. كېيىن يەيدىغان تامىقىنى، ئىچىدىغان دورىسىنى ئەكىرىپ بېرىۋىدى، ئۇنىمۇ رەت قىلدى. فەريال ئۆز ئىشىغا سادىق سېسترا بولغاچ، ئۇنىڭغا قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدى.

— خۇدا ھەققى، — دېدى دىلاۋەر يالۋۇرۇپ، — بۈگۈن ماڭا يول قويۇڭ! شۇ تاپتا كۆڭلۈم ھېچنېمە تارتمايدۇ. دورىنى يېنىمغا قويۇپ قويسىڭىز بولدى. قېتىپ كەتكەن بارماقلىرىم بىلەن دورىغا چىلانغان تەييار پاختىنى جاراھەت ئېغىزىغا قويۇشقا چامىم يېتىدۇ. مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇپ بېرىڭ! بەك ئۇخلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بەلكى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشىم مۇمكىن.

ئەتىسى سەھەردە، نۆۋەتچى سېسترا دىلاۋەرنىڭ ياتىقىنى تازىلاشقا كىرىپ ئۇ بىچارىنىڭ راستتىنلا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ، بۇ ئالەم بىلەن ئەبەدىي خوشلاشقانلىقىنى كۆردى.

چىمەنبانۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان كۈنى دوختۇرخانىدىكىلەر سىرتقا كەتكەن جەمشىدكە خەۋەر بەردى. تېز قۇتۇلدۇرۇش ئارقىسىدا چىمەنبانۇ كۆزىنى ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز ئىدى، ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تولۇق ئېسىگە كەلگەندە ساراڭ سىياقىغا كىرىپ قالدى. باشتا ئاغزىنى مىدىرلىتىپ خەق چۈشەنمەيدىغان بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك قىلدى، كېيىن تاغدىن - باغدىن بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئۇقالمايتتى. بىر چاغدا ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ: «يۈسۈپ كەلمەسكە كېتىپتۇ!» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. ئۇ بارغانسېرى ئاغىل - تاغىل سۆزلەپ، كىيىملىرىنى يىرتقىلى، كارىۋاتتىن چۈشۈپ قاچقىلى تۇردى. سېسترالار ئۇنىڭ ساراڭلىقى ئەدەپ كەتمىسۇن دەپ، بىھوشلاندۇرۇش ئوكۇلى سېلىپ، ئۇنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى.

بەزى قۇلىقى ئۇزۇن ئادەملەر جەمشىد سارىيىغا ئائىت ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندەك ئىدى، ئۇلار ئاستىرتىن غەيۋەت قىلىشىپ: «چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرى بىر ـ بىرىگە باغلانمىغاندەك قىلغىنىنى بىلەن، بىر يەرگە چاتساڭ بەزى چوڭ ئىشلارنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى ئارىسىغا ناھايىتى سىرلىق ۋەقەلەر يوشۇرۇنغان، ئۇ ھەتتا جەمشىد ئەپەندىمۇ بىلمەيدىغان ئىشلار جۇمۇ! ...» دېيىشىۋاتاتتى.

تىجارەت بىلەن سىرتتا يۈرگەن جەمشىد رەپىقىسىنىڭ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قاتتىق بىئارام بولۇپ، تىجارىتىنى تاشلىدى ـ دە، كۈنىنى ـ كۈنگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ كېلىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. يۈسۈپنىڭ يوقالغانلىقى، خوتۇنىنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى.

يۈسۈپ تاڭ يورۇماستىنلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ، دىلاۋەر دەپ بەرگەن يول بىلەن نەچچە ئون ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا جايلاشقان ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مەجنۇنلارچە قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى، شۇ يەردە ماھىنۇر ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۆلمىگەندەك، يىغلاۋاتقاندەك، ئىچىگە تولغان ئەلەمگە چىداشلىق بېرىپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

يۈسۈپ بىر ئاي ئىلگىرى، يەنى بۇ قېتىم دوختۇرخانىغا كىرىپ قېلىشتىن بۇرۇن، مەشەگە بىر نۆۋەت كېلىپ كەتكەنىدى، ئۇ بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ ئۆزى بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى.

بۈگۈن قەبرىستانلىققا كېتىۋاتقان يۈسۈپ ئۆتكەن نۆۋەتتىكى يۈسۈپتىن تامامەن پەرقلىنەتتى. بۇدا ئۇنىڭدا مەجنۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، ئۇستىبېشىنى چاڭ باسقان، چىرايىدىن

ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كىيىملىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى.
يۇسۇپ قەبرىستانلىق دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، مىكائىل شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتتى. مىكائىل يۇسۇپنى ياردەم سوراپ كەلگەن يولۇچى بىلىپ، ئۇنى قەبرىستانلىققا باشلاپ كىردى. مىرزابان بېكىتكەن قائىدە بويىچە يولدىن ئادىشىپ قالغان يولۇچىلار قەبرىستانلىقتا توختاپ ئۆتۈشنى خالىسا، قەبرىستانلىقنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشەتتى. بېشىغا كۈن چۈشكەن يولۇچىلارغا قولدىن كەلگەنچە ياردەم قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىدى. بىراق، بۇ يەردە يولۇچىلارغا كۈندۈزىلا غەمخورلۇق قىلىشقا بولاتتى. ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يەردە قونۇپ قېلىشىغا يول قويۇلمايتتى.
يۇسۇپ مىكائىلغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندىن كېيىن مىكائىل ئۇنىڭغا «دوقمۇشتىن ئەگىپ ئىشخانا تەرەپكە بېرىڭ» دەپ شەرەت قىلدى. لېكىن، يۇسۇپ ئۇنى كۆرمىگەندەك، توپتوغرا قەبرىستانلىققا قاراپ يوغان چامداپ ماڭدى. مىكائىل ئەجەبلىنىپ، ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈپ:
— ئەپەندى، سىز قەبرىستانلىقتا دەم ئېلىۋالسام دەپ كىرگەنغۇ دەيمەن؟ باياتىن سورىسام شۇ مەنىدە باش لىڭشىتىۋاتاتتىڭىز؟ ئەمدىزە ...
— كەچۈرۈڭ، مەن قەبرە يوقلاپ كەلگەن.
— شۇنداقتىمۇ دەپ قويۇشىڭىز كېرەك - دە، سىزگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەرسەك ياخشى ئەمەسمۇ !
— كېرىكى يوق.
يۇسۇپ گېپىنى تۈگىتىپ بۇرۇلۇپلا ماڭدى.
مۇنداق قەبرە يوقلايدىغانلارنى ئاز كۆرگەن مىكائىل ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ كەينىدىن ماڭدى.
يۇسۇپ بارغانسېرى تېز قەدەم تاشلاپ، كەينىدە كېلىۋاتقان

مىكائىلنى يىراقتا قالدۇردى. ئۇ دىلاۋەر ئېيتىپ بەرگەن يوغان بىر تۇپ دەرەخنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ: «ماھىنۇر، جېنىم ماھىنۇر، يۇسۇپىڭىز يېتىپ كەلدى، يىغلىماڭ، مەن ھەممىنى چۈشەندىم. سىز مەڭگۈ ماڭا تالىق ...» دېدى.

يۇسۇپ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى ۋە دەرەخنىڭ بەش مېتىرچە غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ھېلىقى قەبرىگە بىرھازا تىكىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئاندىن يۈرەكنى ئېزىدىغان ئاۋازدا ۋارقىراپ قەبرىگە ئۆزىنى ئاتتى - دە، ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

دەسلەپتە مىكائىل: «بۇ سىرلىق قەبرىنى بىرى سېزىپ قالغانمۇ - نېمە؟» دەپ قورقۇپ كەتكەنىدى. كېيىن يۇسۇپنىڭ قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ ماھىنۇرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. بۇ ھال بۇ قەبرىنىڭ ئىچى بوش ئىكەنلىكىنى تېخى ھېچكىم بىلمىگەنلىكىدىن ھەمدە كەلگەن كىشىنىڭ مىكائىلنىڭ سىڭلىسى شاھبانۇغا دۈشمەن ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ مىكائىل قايتىدىن جىددىيلىشىشكە باشلىدى. سىڭلىسى ئۇنىڭغا «مەن بىر چوڭ سودىگەرنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلماقچى بولغان، چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق» دېگەن گەپلەرنىلا قىلغان، ئەمما سودىگەرنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ۋە ئەمەلى نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغانىدى. دېمەك، سودىگەرنىڭ ئوغلىنىڭ قاتتىللىق ۋەقەسىگە قاتناشقان - قاتناشمىغانلىقىنى سىڭلىسىنىڭ بىلمەسلىكى تۇرغان گەپ. شۇڭا، مىكائىل سىرنى ھەرگىز ئاشكارىلىماسلىق، بۇ ئادەمنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە سىڭلىسى بىلەن نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىۋالمىغۇچە ئۇنىڭغا گەپ بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى.ۋە «شاھبانۇنىڭ تېنى تېخى ئاجىز، ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى

يۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ، ئوبدان ساقىيىۋالسۇن، شۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولار، ھازىرچە بۇ ئادەم توغرۇلۇق بىرنەرسە دېمەي» دەپمۇ ئويلىدى.

مىكائىل دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ جىملا قاراپ تۇردى، يۈسۈپ ئىككى قولى بىلەن قەبرىنى تاتىلاپ، تۇپراقنى مىجىقلاپ، قاتتىق ئېچىنىش ۋە پەرىشانلىق بىلەن يىغلاپ ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، بۇ ھال قورقۇنچاق، باغرى يۇمشاق، ياۋاش مىكائىلغىمۇ تەسىر قىلىپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. يۈسۈپ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن مەشۇقىغا يۈرەك سۆزلىرىنى يىغا ـ زار بىلەن ئىزھار قىلىۋاتاتتى. مىكائىل ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ دىققەت قىلدى. يۈسۈپنىڭ ئاۋازى پۈتۈپ قالغانلىقى، ئاھۇپەرياد ئاۋازى بېسىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، دېگەن گەپلىرى بەك تۇتۇق ئىدى. مىكائىلنىڭ قۇلىقىغا «چۈشەندىم»، «ئۇۋال»، «لەنەت»، «ئالدىنىش»، «شور پېشانە»، «جازا»، «ئىسىت» ... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئارىلاشقان «ئاھ»، «ۋاي» دېگەن ئۇنلۇك پەريادلار ئاڭلىنىۋاتاتتى. مىكائىل بۇ كىشىنىڭ ئاھۇزارىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆز سىڭلىسىغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىدىن گۇمانلانمىدى. ئۇنى يامان ئادەمىكىن دەيدىغان خىيالىدىنمۇ يالتايدى.

كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى تارقاپ گۇگۇم چۈشۈشكە ئاز قالغانىدى. ئۆزە تۇرىۋېرىپ مىكائىلنىڭ پۇتلىرى تېلىپ كەتتى. ئاخىر مىكائىل يۈسۈپنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، مىرزابانىنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىش، مىرزاباننى قائىدىنى بۇزۇشقا يەنە بىر قېتىم قايىل قىلىپ، بۇ يات ئادەمنى بىر كېچە قوندۇرۇپ قېلىش، ئۇنىڭ بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىپ، تەكتىنى ۋە كەلمىشىنى بىلىۋېلىش خىيالىغا كەلدى.

مىكائىل يۈسۈپكە يېقىن بېرىپ پەس ئاۋازدا:

— ئەپەندى، سەۋر قىلىڭ، بەك ئۇزاق يىغلاپ كەتتىڭىز. ئۆلگەن جاننى يىغا بىلەن تىرىلدۇرۇشكە بولامدۇ؟ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! مەن بىلەن بىرىپ بىردەم دەم ئېلىۋېلىڭ ... — دېدى.

يىغىسى پەسلەپ قالغان يۇسۇپ يەنە ئۈنلۈك يىغلاپ كەتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا قىيالمايۋاتاتتى. مىكائىل يەنە بىر ئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ، يۇسۇپنى ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

مىكائىل تولا يىغلاپ هالى قالمىغان يۇسۇپنى قولتۇقلاپ، قاراڭغۇ قەبرىستانلىقتىن دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى قاتار ئۆيلەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

قەبرىستانلىقنىڭ دەم ئېلىش ئۆيى پاكىز تازىلاپ قويۇلغانىدى. مىكائىل يۈسۈپنىڭ ئۈستىبېشىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشتۇردى، ئۇنىڭغا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇشقا سۇ بەردى، ئاندىن مىرزابانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بۇ ئالاھىدە «يولۇچى»نىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە «بۇ مېھماننىڭ سىڭلىم بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەك بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ» دەپ مىرزابانىدىن ئۇنى بىر كېچە قوندۇرۇپ قېلىشقا ماقۇل بولۇشنى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىشنى ئۆتۈندى. مىرزابان ماقۇل بولۇپ، نازپەرۋەرگە تاماقنى جىقراق ئېتىشنى تاپىلىدى.

مىرزابان مىكائىل بىللە دەم ئېلىش ئۆيىگە كەلدى، يۈسۈپ بېشىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەپ جىملا ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدىن تېخىچىلا ياش تامچىلاۋاتاتتى. مىرزابان يۈسۈپنىڭ سۆلەتلىك كىيىملىرىگە قاراپلا، ئۇنىڭ كاتتا باينىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئېغىر قايغۇغا پاتقان يۈسۈپ مىرزابانلارنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھامان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلگەنىدى، مىرزابان قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇنى قوزغاتمىدى.

— ئەپەندى، بۇ مىرزابان تاغام بولىدۇ. مەشەنى باشقۇرىدىغان كىشىمىز مۇشۇ، — دېدى مىكائىل يۈسۈپكە.

— كەچ كىرىپ كەتتى، قايتىپ كېتەلمەيسىز، قونۇپ قېلىڭ، ئەتە كېتەرسىز! — دېدى مىرزابان.

يۈسۈپ لام ـ جىم دېمەي باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى مىرزابان.

يۈسۈپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ مىرزابانغا:

— كەچۈرسىلە، تاغا، مەن بىر سەرگەردان، تۇرىدىغان ماكانىممۇ يوق، قويۇلغان ئىسمىممۇ يوق، تۇغۇلسام ئاتا - ئانام يوق ئىكەن، ماڭا ئىسىم قويىدىغان ئادەم چىقماپتىكەن، — دېدى.

مىرزابان ئۆزى سورىغان سوئاللارغا مېھمانىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى خالىمايۋاتقانلىقىنى بايقىدى، مېھمانىنىڭ كېيىنىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك «سەرگەردان» ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ ھال مېھمانىنىڭ ئېغىر روھىي ئازابقا چىداشلىق بېرىۋاتقانلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتى، شۇڭا مىرزابان باشقا گەپ سورىمىدى، ئۇلار يۈسۈپنى مىرزابانىنىڭ تاماقخانىسىغا باشلاپ كىرىشتى. تاماق تەييار بولۇپ قالغانىدى، مىرزابان يۈسۈپنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىر ئازدىن كېيىن مىكائىل چىقىپ سىڭلىسىنىڭ تامىقىنى بېرىپ قايتىپ كىردى. نازپەرۋەرمۇ تاماقنى راسلاپ بولۇپ داستىخانغا كەلدى. نازپەرۋەرنىڭ مىكائىل بىلەن بىرلىكتە شاھبانۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئىشى مىرزابانغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن نازپەرۋەر بىلەن مىكائىلنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشى كۆپەيگەن، مىرزابانمۇ ئەمدى كاجلىق قىلمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا قارشىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— يىگىت ! — دېدى مىرزابان يۈسۈپنى «ئەپەندى» دېيىش ئورنىغا، — بىز سىزنى ئالاھىدە تەقلىدتىكى تاۋاپچى ھېسابلاپ قوندۇرۇپ قېلىش نىيىتىگە كەلدۇق ھەم سىز بىلەن بىللە تاماق يەۋاتىمىز. سىزنىڭ ئۆلگۈچىگە بولغان كۆچلۈك مېھرىڭىزنى، تېنىڭىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ غېمىڭىزنى يېگەنلىكىمىز

ئۇچۇن شۇنداق قىلدۇق.
يۇسۇپ زۇۋان سۇرمىدى.
— دادام يولۇچىلارنى بۇ يەردە قوندۇرمايتتى، — دېدى كۆڭلى تۇز، ئاغزى ئىتتىك نازپەرۋەر سۆز ئارىلاپ، شۇ ئارىدا مىرزابان ئۇنىڭغا ئالايغاندى، نازپەرۋەر تىلىنى چىقاردى ـ دە، گەپ قىلماي جىم بولدى.
— ئوغلۇم ! — دېدى مىرزابان يۇسۇپنى ئۆزىگە بايقىدىنمۇ يېقىن ساناپ، — ئۇنچىۋالا غەمگە پېتىپ كەتمەڭ، سالامەتلىكىڭىزگە پايدىسى يوق. بىز سىزگە ياخشىلىق تىلەيدىغانلار، سىزنى شۇنچە قايغۇغا سېلىپ قويغان قانداق ئىش ئۇ، ماڭا ئېيتىسىڭىز بولامدۇ؟
بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن، مۇئامىلىسىدىن يۇسۇپ تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى.
— ئاتا، مېنىڭ بەختسىزلىكىم بىر ئىشتىلا بولغان بولسا ياخشى ئىدى. مېنىڭ بەختسىزلىكىم ناھايىتى جىق، نەدىن باشلاپ ئېيتىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. شۇڭا، مېنى كەچۈرسىلە! سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى چۈشەندىم ...
يۇسۇپنىڭ باشقىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىرزابان ئىتتىكلا:
— ئىچىڭىزدىكى گەپنى ئېيتىۋەتسىڭىز دەرد ـ ئەلىمىڭىز يەڭگىللىشىپ قالىدۇ، — دېدى.
يۇسۇپ مىرزابانىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى ۋە:
— ئۇنداق بولسا ھەرقايسىلىرىغا بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرەي، شۇغىنىسى، كۆڭۈللىرىنى مالال قىلىپ قويارمەنمىكىن دەيمەن ! — دېدى بوش سۆزلەپ، — مېنىڭ ئۆتمۈشۈم ساپلا بەختسىزلىك بىلەن ئۆتتى. تەقدىر مېنىڭ بېشىمغا خورلۇق ئۈستىگە خورلۇق، ئازاب ئۈستىگە ئازاب سالدى. كېلەچىكىم ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ...

— ئوغلۇم، سىزنىڭ ھالىڭىزنى كۆرۈپ، دەرد - ئەلىمىڭىزگە ئەقلىمىز يەتمەي بەك بىئارام بولۇۋاتىمىز! سىزنى دەرد - ئەلەمدىن خالاس قىلىش يولىدا ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرەلمىسەك، كۆڭلىمىز ئارامغا چۈشمەيدۇ ... — دېدى يۈسۈپنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىرزابان ھاياجانلىنىپ.

يۈسۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئىسمىم يۈسۈپ، — دېدى.

مىرزابان يۈسۈپ دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، باشتا يۈسۈپنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئاندىن چوڭقۇر قورۇقلار ئىز سالغان پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ، «يۇ ... سۈپ»، «يۇ ... سۈپ» دېگىنىچە يۈسۈپنىڭ ۋۇجۇدىدىن نېمىنىدۇر بىلىشكە ئالدىراۋاتقاندەك ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى. بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرىنى يۆتكەپ يىراققا نەزەر تاشلىدى، ئۇ تۇرۇپ نېمىنىدۇر تېپىشقا ئەقىل يۈگۈرتۈۋاتقاندەك قىلسا، تۇرۇپ كۆز ئالدىدا غۇۋا بىر سوئالنىڭ غىل - پال قىلىپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك ۋە شۇ سوئالنىڭ مەنىسىنى ھەم ئۇنىڭ قەيەردىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ يىراققا تاشلانغان كۆزلىرىنى قايتىدىن يۈسۈپنىڭ چىرايىغا يۆتكەپ، تەقەززالىق بىلەن:

— ئۇنداقتا، دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر بەختسىز بەندە، دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىسمىنىڭ بىر قىسمى قىلىشقا ھوقۇقلۇق بەختىيار ئوغۇللارغا ئوخشىمايمەن، مەن بىر شەرمەندە ئانىنىڭ ئوغلى، ئاپام ئېرى يوق ئايال، — دېدى يۈسۈپ ئەلەم بىلەن.

يۈسۈپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، مىرزابانىنىڭ يۈرىكى قاتتىق مۇجۇلغاندەك بولدى:

— ئاپىڭىزنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى چىمەنبانۇ.

بۇنى ئاڭلاپ مىرزابانىنىڭ ئاغزى بىر ئېچىلغانچە خۇددى بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك يۇمۇلماي قالدى.

— ئۇ، — دېدى يۇسۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئاتا مىراس ئاقسۆڭەك ھەم ۋەيران بولغان سودىگەرنىڭ قىزى. ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ نامىنى بۇلغىغان ئايال.

چىمەنبانۇ ئۆزى بىلەن ئوغلىنىڭ سەرگۈزەشتىنى يۇسۇپكە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يۇسۇپ ئايىسىدىن نەپرەتلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەم راستىنلا شۇنداق ئويلىغانىدى. ئۇ ئايىسىنى چۈشكۈنلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان شور پېشانىلەردىن بىرى دەپ بىلگەنىدى. دىلاۋەر «ئۆز ئىقرارى»نى بايان قىلغاندىن كېيىن ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالدى، يۇسۇپ ھەرقانداق قىلىپمۇ ئايىسىغا نەپرەتلەنمەي تۇرالمىدى. شۇڭا، مىرزابان ئۇنىڭدىن ئايىسىنىڭ ئىسمىنى سورىغاندا ئىككىلەنمەيلا ئېيتىپ بەردى.

مىرزابان ئېغىزىنى ھاڭ ئېچىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— مېنىڭ قانۇنسىز ھەم ۋىجدانسىز بىر دادام بولۇپتىكەن، ئىسمى ياقۇپمىش، ئەسلىي ئىسمى ياكوب ئوخشايدۇ، — دېدى يۇسۇپ يەنە.

يۇسۇپنىڭ گەپلىرىدىن گويا بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولغان مىرزابانىنىڭ پۇتلىرى ئەزايى قاتتىق تىترەپ كەتتى. مىرزابان قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ: «ئاھ خۇدا! بۇ مېنى جازالاۋاتقىنىڭمۇ ياكى ماڭا بەخت ئاتا قىلغىنىڭمۇ؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئەتراپىدىكى ئۈچ ياش ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قوللىرىنى يۈزىدىن چۈشۈرۈپ، يۇسۇپكە تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

مىرزابانىنىڭ بۇ تاسادىپىي ھەرىكىتىدىن ئالاقزادە بولغان نازپەرۋەر، مىكائىل ۋە يۇسۇپ ئەھۋالنىڭ نېگىزىگە زادى ئەقلى يەتكۈزەلمىدى. يۇسۇپ مىرزابانىنىڭ ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان چۆرۈپ

قوچاقلاشلىرىغا زادى قارشىلىق كۆرسەتمەي ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى.

— ئوغلۇمنى تېپىۋالدىم ... — دېدى مىرزابان يىغلاپ ھەم ۋارقىراپ. ئۇ ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كېتىپ، ھوشىدىن كەتكىلى قىل ـ قىل قالدى. نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل ئىتتىك ئۇنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئاستا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

ئۇچى زادى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىغا ئەقىل يەتكۈزەلمەي، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— قىزىم، — مىرزابان ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن نازپەرۋەرنى يۇسۇپنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى، — بۇ يولۇچى ئەمەس، سېنىڭ ئاكاڭ! ئۇنىڭغا ئىتتىك سالام قىل! ئۇنى ئاكا دەپ چاقىر! ... ئوغلۇم يېنىمغا قايتىپ كەلدى!

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەممەيلەن داڭ قېتىپ قالدى. نازپەرۋەر بىلەن يۇسۇپ ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، مىرزابان يەنە ئۇنى ئالدىرىتىپ:

— نېمىگە ئارىسالدى بولۇپ تۇرىسەن؟ تېز بول دەيمەن، تېز! — دېدى.

ئاخىر نازپەرۋەر ئالدىدا سالام بېرىپ، يۇسۇپنى «ئاكا» دەپ چاقىردى.

يۇسۇپ ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى ئېچىپلا قالدى. پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كەتتى. مېڭىسىمۇ قېتىپ قالغاندەك بولۇپ، نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

نازپەرۋەر يۇسۇپكە سالام قىلغاندىن كېيىن ئەزەلدىن تونۇرۇقسىز گەپ قىلمايدىغان دادىسىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالدى، ئۇ دادىسىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇرۇپلا مۇنداق غەلىتە، ئەخمىقانە قىلىق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇ: «دادامنىڭ ئىسمى مىرزابان ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى قانداقلارچە بىردەمدىلا ياقۇپقا ئۆزگىرىپ قالسۇن؟» دەپ گۇمانمۇ قىلدى.

نازپەرۋەر بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بولۇپ، مۇشۇ كۈنگىچە، ئاكاڭ بار دېگەن گەپنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇ باققان دادىسى لاۋرېنتىيېنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئۆزىنى مىرزابانىنىڭ بىر تاللا بالىسى بىلىپ، «ئاپام ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، دادام مېنى باقالماي خەققە بېرىۋەتكەن» دەپلا بىلەتتى.

مىكائىل كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي، چۈشىنىكسىز ئەھۋالنى كۆرۈپ تېخىمۇ بەكرەك ھەيران قالدى.

يۇسۇپ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا زادىلا ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ ئاجىز نېرۋىسى بۇ ئىشلاردىن چىدىغۇسىز ھالەتكە يەتكەنىدى.

مىرزابانىنىڭ ئاجىز ئاۋازى ئارىدىكى ئاجايىپ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— يۇسۇپ، جېنىم ئوغلۇم! — دېدى ئۇ يۇسۇپكە، — ئاناڭنى خارلىققا قويغان، ئوغلى بىلەن بىللە چەكسىز ئازابقا دۇچار قىلغان ياقۇپ مانا مەن. مېنىڭ ئەسكىلىكىمدىن قانچە - قانچىلىغان كىشىلەر بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. شۇلارنىڭ بىرى سەن. سېنىڭ غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىڭغا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن ھەم ئازابلىنىۋاتىمەن. مىكائىل، نازپەرۋەر، يۇسۇپ، سىلەر ئۇچۇڭلار مېنىڭ بالىلىرىم. مەن مۇبادا ئۆتمۈشۈمنى سىلەرگە ئېيتماي گۆرگە كىرىپ كېتىدىغان بولسام، ئۆزۈڭلەرنىڭ كىملىكىنى ئۆمۈر بويى بىلەلمەي ئۆتىسىلەر، بولۇپمۇ ئاتا - ئاناڭلار بېسىپ ئۆتكەن جىنايەتلىك يولدىن قانداق خالىي بولۇشنى بىلەلمەيسىلەر، ئاللانىڭ ئالدىدا ھەددى - ھېسابسىز تۆۋا قىلغان، ئۆز گۇناھىمنى ئۆز ھەر كىتىم بىلەن يۇغان بولسامۇ، لېكىن ئۆتمۈشۈمنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويمىسام، ئالدىڭلاردا يەرگە قاراپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاۋاتىمەن.

نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل يېقىندىن بۇيان ئۆز ھاياتىدا

بىرمۇنچە ئاجايىپ ئىشلارغا دۇچ كېلىپ، سىرلىق ھېسسىياتقا چۆمگەنىدى. بۈگۈنكى ۋەقە ئۇلارغا تېخىمۇ سىرلىق بىلىنىشكە باشلىدى.

باياتىندىن بېرى ئۆرە تۇرۇشقان بالىلار ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپ، مىرزابانىنىڭ دەھشەتلىك ھېكايىسىگە قۇلاق سالدى.

مىرزابانىنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى ئامېرىكىلىق قىز تەھدىت بىلەن خەت يېزىپ ئۇنى ئامېرىكىغا چاقىرتىشتا، ئۇنىڭدىن ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچى بولغان. مىرزابان شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئامېرىكىغا بېرىپ تۇرغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ۋە دەرھال ۋەتىنىگە قايتماقچى بولغان. ئۇ ۋەتىنىگە قايتىشتا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ياكى دۇئا قىلىشنى ئەمەس، بەلكى مىراسقا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان.

مىرزابان نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ۋارىسلىق قىلغان. ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقىنى ئىسراپچىلىق بىلەن بۇزۇپ ـ چاچقان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، يۇرىكى قاپتەك يوغىناپ كەتكەن. بۇ كاتتا دۆلەتمەننىڭ ئالدىدا خۇشامەتچىلىك قىلىپ تەخسە كۆتۈرىدىغانلار ئاز بولمىغان. قىسقىسى، مىرزابان قولىدا پۇل بولغاچقا، دۇنيادىكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ ھېچقايسىسىدىن قۇرۇق قالمىغان. ئۇ چىمەنبانۇنىمۇ ئۇنتۇغان، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن قويغان ياقۇپ دېگەن ئېتىنىمۇ تاشلىۋېتىپ، ياكوب دەيدىغان بولغان.

ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىپپەتلىك قىزلارنى چاڭگىلىغا چۈشۈرگەن، بىرمۇنچە ئىپلاس مەسلىھەتچىلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ۋىجدانىنى تامامەن يوقاتقان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە پەزىلەتنى پەسكەشلىك ۋە ياۋۇزلۇق بېسىپ چۈشكەن. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئايال ۋە شارابقا بېرىلىشتىن ئۆزگە ھەۋەس قالمىغان. ئۇ كەيپ ـساپا، ئەيش ـ

ئىشرەتكە ھەددىدىن زىيادە خۇشتار بولۇپ، دادىسىدىن قالغان بايلىقنى بولۇشىغا بۇزۇپ ـ چاچقان.

كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، ھەدەپ ئوغرىلىق ـ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى بارا ـ يارا سېزىپ قالغان، كېيىنچە ئۇ بايلىقىنىڭ چەكلىكلا قالغانلىقىنى بىلىپ، نامدا دوست بولۇپ، ئەمەلدە ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان ئادەملەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرگەن پاھىشە ئاياللارنىمۇ سودىگەرلەرگە ئوخشاش سۈپەتتىگە قاراپ باھاغا ئايرىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاياللار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك قىزىقماس بولۇپ قالغان. ئاخىر ئۇ ھەممىدىن زېرىكىپ، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ كۆڭلى كەچۈرۈش نىيىتىگە كەلگەن ۋە ئالدامچىلىق قىلمايدىغان، شۆھرەتخورلۇقتا بېرىلمەيدىغان، ئايناقلاپ كۆڭۈل ئېلىش كويىدا بولمايدىغان بىر خوتۇن تېپىش كويىغا چۈشكەن.

ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئىچىدە كەمبەغەل بىر ئۆيلۈك كىشى بار ئىكەن. ئۇ شۇ يەردىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ ناھايىتى چىقىشىپ قالغان، ئۇ ئائىلىدىكىلەرمۇ كاتولىك ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئەقىللىق، ئېغىر ـ بېسىق، خۇلق ـ مىجەزى ياخشى قىز ئىكەن. ياكوب ئۇ قىز بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئېيتقان. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى دەرھال ماقۇل بولغان.

ياكوب چىمەنبانۇدىن قالسىلا مۇشۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان. مىڭلىغان قىزلار ئىچىدە چىمەنبانۇ بىلەن ئاشۇ قىزدىن ئۆزگە ھېچبىرى ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتىنى قوزغىيالمىغان.

ئۇ شۇ قىز ئۈچۈن پۇل دېگەننى ئايىماي خەجلىگەن. قىز تەرەپ نېمە تەلەپ قىلسا، ھەرقانچە قىممەت بولۇشىغا قارىماي دەرھال ئېلىپ بەرگەن. قىزغىمۇ نەچچە يۈز مىڭ رۇپىيەگە توختايدىغان ئېسىل زىبۇزىننەتلەرنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ كۆڭلى

خوش بولىدىغانلا بولسا، پۈتۈن ئۆي بىساتىمنى بىر يۈەتسەممۇ مەيلى دەپ ئويلىغان.

كېيىنكى كۈنلەردە ياكوب نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئاخىر تۇي كۈننى توختاتقان.

بىر كۈنى سەھەردە ياكوب ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن باشقىچە خۇشال كەيپىيات بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆيىنىڭ قورۇقدىلىپ قالغانلىقىنى، بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن.

شۇنداق تېڭىرقاپ تۇرغاندا، كۆزى بىر پارچە سۈرەت بىلەن بىر پارچە خەتكە چۈشكەن. بۇ سۈرەت قىزنىڭ ئەمەس، بىر ئەر بىلەن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بىللە چۈشكەن سۈرىتى بولۇپ چىققان. ئۇ سۈرەتنى يەرگە قويۇپ، ئىتتىكلا خەتنى قولىغا ئالغان. خەت مۇنداق يېزىلغان:

*ياكوب:*

*مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ باققان ئەمەس! مەن سىز ئويناپ ئۆگىنىپ قالغان، مۇھەببەت باغلاشنىلا بىلىپ سۆيۈشنى بىلمەيدىغان مۇنداق رەزىل ئويۇننى ئويناشتا، سىزدەك ۋىجدانسىزدىن كەمبەغەللەرنىڭ ئۆچىنى ئېلىشنى، پاجىئەنىڭ تەمىنى سىزگىمۇ تېتىتىپ قويۇشنى كۆزدە تۇتتۇم. دەرۋەقە، مېنىڭمۇ قېيىنىلىدىغان يېرىم بار ئىدى. كەمبەغەل بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمگە ياققان كىشىمنى قولۇمغا كەلتۈرەلمەيتتىم. مەندەك بىر گاداي بىلەن كىممۇ مەڭگۈ بىللە ياشاشنى خالايدۇ؟ مانا هازىر قولۇمغا پۇل كىردى. شۇ پۇل بىلەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرسىمۇ، مەن بىلەن تۇي قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ئادىمىمنى قولغا كەلتۈردۈم، بىراق ئۇ سىزگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە ئادەم. مانا پۈتۈن ئائىلەم بىلەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمگە ئەگىشىپ نامەلۇم يىراق يەرگە سەپەر قىلدىم، سىز پۈتۈن

*ئالەمنى كېزىپ چىققان بىلەنمۇ بىزنى ھەرگىز تاپالمايسىز، سىز مۇشۇ خېتىمنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا، بىز سىز خىيالىڭىزغا كەلتۈرگەندىنمۇ يىراق يەرگە ئاللىقاچان بېرىپ بولىمىز ...*

*ئېلىزابېت تېيلىر*

بۇ كۈتۈلمىگەن كېلىشىمەسلىك ياكوب ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولغان. ماددىي جەھەتتىكى زىيان چاغلىق، ئەمما ۋىجدان جەھەتتىكى ئالدىنىش دەستىدىن ئۇ ساراڭ بولايلا دەپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ئايال» دېگەن سۆزدىنمۇ يىرگىنىدىغان بولغان. بۇ دۇنيادىكى ئالدامچىلىق قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىگە ئورا كولايدىغان ئادەملەر بىلەن ئىككىنچى ئالاقە قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ۋە قەلبى نەپرەتكە تولۇپ، باشقىلاردىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ نەپرەتلەنگەن.

ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ قولىدا قالغان خېلى كۆپ بايلىقنى جامائەت خەيرىيەت ئورۇنلىرىغا ھەدىيە قىلىۋېتىپ، كۆڭلىگە خاتىرجەملىك تېپىش ئۈچۈن تەنھا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن.

ئۇ سەرگەردانلىقتا يۈرۈۋېتىپ چىمەنبانۇنى يادىغا ئالغان. ئۆزىنىڭ ئۆتكەندە چىمەنبانۇغا سالغان ئازابلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئازابلىنىشقا باشلىغان، ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئۇماق يۇسۇپىنىمۇ قاتتىق سېغىنىغان، مۇشۇ ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىنىمۇ ئەلۋەتتە يادىغا ئالغان، چۈنكى ئۇ چىمەنبانۇنىڭ سەممىي مۇھەببىتىگە مەشەدە ئېرىشكەن، چىمەنبانۇ ئۇنى دەپ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا بۇ دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قۇربانلارنى بېرىپ، قورقۇنچلۇق، سورلۇك ۋە بوران ئۇچۇپ تۇرغان كېچىككىنە ئۆيدە نۇرغۇن كېچە ۋە نۇرغۇن كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى بالا تۇغۇپ بەرگەن. چىمەنبانۇنىڭ قورقۇنچلۇق كېچە ـ كۈندۈزلىرنى تەنھا ئۆتكۈزۈپ، ياكوبنىڭ

يولىغا قاراپ، ئۇ كەلگەندە گۆلدەك ئېچىلىپ كۆلۈمسىرىگەنلىرى ياكوبنىڭ ھازىرقىدەكلا ئېسىدە. چىمەنبانۇ ياكوبنىڭ ئالدىدا ئاغرىنىپمۇ، خاپا بولۇپمۇ باقمىغان، نايىناقلاشنىمۇ، قېيىداشنىمۇ بىلمىگەن، ياكوب شۇلارنى ئەسلەپ، باشتا چىمەنبانۇنىڭ ئاشۇنداق سادىق ھەم قىزغىن مۇھەببىتىنى نېمىشقىمۇ ئاياغ ئاستى قىلغان بولغىيدىم، دەپ تازا پۇشايمان قىلغان.

ياكوب سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، مۇشۇ قەبرىستانلىققا كەلگەندىن كېيىن مەشەدە ئولتۇراقلىشىپ چىن ئىنسان بولۇشقا بەل باغلىغان. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزىگە مىرزابان دېگەن ئۇچىنچى ئىسىمنى قويغان. ئۇ ئىسىمنى ئۆزگەرتىۋېتىشتە باشقا مەقسەتنى ئەمەس، بۇرۇنقى جىنايەتلىرىدىن قول ئۈزۈشنى كۆزدە تۇتقان. ئۇ ئۆزىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ۋە سۆز - ھەرىكىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتكەن، ھەتتا يۈزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ياساتقان. قىسقىسى، بۇرۇنقى تونۇشلىرى بۇ يەرگە تويۇقسىز كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ تونۇيالمىغۇدەك بولۇۋالغان.

ئۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن كۈنلىرىدە ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ يۈرگەن. چۈنكى، چىمەنبانۇ ئاللىقاچان باشقا بىرى بىلەن توي قىلىپ كەتكەن ۋە ئوماق ئوغلى يۈسۈپنىمۇ بىللە ئەكەتكەن. ھېلىمۇ ياخشى لاۋرېنتىي بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «مىرزابان، كاللىسىدىن ئايرىلغان ئادەمدەك ئۇنداق يۈرىۋەرمەڭ. مەن ئەسلىي سىزدىن مەخپىي تۇتقان ئىشنىمۇ سىزگە ئېيتىش قارارىغا كەلدىم، قېلىپ قالغان بىردىنبىر بايلىقىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. قىزىڭىز سەمەنبانۇ ھازىرمۇ مەشەدە، بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى نازپەرۋەر دەپ ئۆزگەرتىۋەتتۇق، ھازىر ئۇ چوڭ بولۇپ قالدى» دېگەن.

مىرزابان لاۋرېنتىينىڭ شۇ گەپلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ:

— نېمە - نېمە؟ يەنە بىر ئېيتىڭچۇ؟ سەمەنبانۇ مۇشۇمۇ؟ — دەپ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى.

— ھەئە، سەمەن شۇ، — دېدى مىرزابان.

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرۇپلا نازپەرۋەرنى قۇچاقلىدى ۋە يىغلامسىراپ:

— ئوماق سىڭلىم سەمەن سەنمىدىڭ؟ بىز نېمىدېگەن تەتۈر پېشانە! مەن سەمەنبانۇ ئىسىملىك بىر سىڭلىمنىڭ بارلىقىنى شەرمەندە، ئىچى زەھەر ئانىمىزدىن ئاڭلىغانىدىم، شۇ سەن ئىكەنسەن - دە! ... — دېدى.

مىرزابان باشتا بۇ ئاكا - سىڭىلنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرغاندا، يۇسۇپ ئۇ مېنىڭ سىڭلىم دەپ ئويلىمىغانىدى، چۈنكى ئاپىسى ئۇنىڭغا سىڭلىسىنىڭ ئىسمىنى نازپەرۋەر دېمىگەن، ھەتتا ئۇنى بىر ياشتىن ئاشقاندىلا ئۆلۈپ كەتتى دېگەنىدى. شۇڭا، نازپەرۋەر دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سالام بەرگەندە، يۇسۇپ قىمىر قىلىپمۇ قويمىغانىدى.

مىرزابان يۇسۇپنىڭ سەمەننىڭ ئىسمىنى ئاپامدىن ئۇققان دېگەن گېپىنى ئاڭلىغان ھامان:

— ئاپاڭ ھازىر قەيەردە؟ سالامەتمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يۇسۇپ ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، گويا مىرزابانىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى خالىمىغاندەك، نازپەرۋەرنىڭ يېنىدىكى مىكائىل يېڭىلا بوشىتىپ بەرگەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى - دە، لام - جىم دېمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مىرزابان ئۆز «ھېكايىسى»نى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ لاۋرېنىيدىن ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «راست گەپمۇ بۇ؟ ئۇ قەيەردە؟ نېمىدەپ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتتىڭلار؟ ...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى ياغدۇرغان.

لاۋرېنىي نازپەرۋەرنى ئېلىپ قېلىپ بېقىش جەريانىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن. لاۋرېنىينىڭ ئۇنىڭغا دېيىشىچە، ياشانغان لاۋرېنىي خوتۇنى جولىيە بىلەن بىللە بېقىپ ئۈچ ياشقا

كىرگۈزگەن يۇسۇپنى چىمەنبانۇ ئالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سەمەننىمۇ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئەكەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، جۇلىيە بەك ئازابلانغان، ئۇلارغا مۇشۇ چۆل قەبرىستانلىقتا هايات ۋە ياهار لەززىتى بېغىشلاپ كەلگەن بۇ ئىككى بالا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى روهىي يۆلەنچۈككە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار چىمەنبانۇنىڭ ئۇزاققا قالماي كىچىك سەمەننىمۇ ئەكەتمەكچى بولغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي، ياتسا ئۇيقۇسى كەلمەي قالغان. شۇڭا، ئۇلار ئاخىر چىمەنبانۇنى ئالداش قارارىغا كەلگەن. لاۋرېنىي چىمەنبانۇنىڭ ئالدىدا دېمەكچى بولغان گەپلىرىگە ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا قەبرىستانلىقتىكى ئىشچىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال قەبرىستانلىقتا سەمەن ئاغرىپ قالدى، دېگەن گەپنى تارقاتقان، ئارقىدىنلا ئۆزىنى بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش يولىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان قىياپەتتە كۆرسەتكەن. چۈنكى، لاۋرېنىيلار بۇنى چوڭ ئىش بىلىپ، مۇبادا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا چاتاق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان. ئۇلار چىمەنبانۇنىڭ ئېرىنى كۈچ - ئابرۇيى بار زەردار ئىكەن، دەپ ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، چىمەنبانۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا بىزنى جازالىماي قويمايدۇ دېگەن يەرگە كەلگەن، بىر كۈنى لاۋرېنىيلار چىمەنبانۇغا سەمەننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى دەپ خەۋەر بەرگەن. قەبرىستانلىقتىكىلەرگە: «قىزچاق كېسەل بىلەن ئۆلۈپ قالدى» دېگەن گەپنى ئېيتقان. ئۇلار بەك ئېچىنىپ يىغا - زار قىلغاچقا باشقىلارمۇ ئىشىنىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خالايىقنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە بىر ساندۇقنى گۆرگە قويۇپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ قەبرە ياساپ قويغان.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، جۇلىيە كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغان سەمەننى ئۇزاققىچە بىكار تاشلىنىپ قالغان گەمە ئاستىدا بېقىشقا باشلىغان ۋە ئىسمىنى نازپەرۋەرگە ئۆزگەرتكەن. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇزاققا

بارمايدىغان چارە ئىكەنلىكىنى، بالىنى چوڭ بولغۇچە گەمە ئاستىدا بېقىشقا بولمايدىغانلىقىنى بايقىغان. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ، كىچىك سەمەننىڭ ئىشى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەندە، لاۋرېنىي يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىدىن بىر ئۆي تېپىپ، نازپەرۋەرنى شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ، قەبرىستانلىقتىكى ئادەملەرگە بىلىندۇرمەي بېقىۋەرگەن. ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، نازپەرۋەرنى بېقىۋالغان قىزىمىز دەپ جامائەتكە ئاشكارىلىغان. كىچىك بالىنىڭ چىرايى بىر يىل ئارىلىقتىلا تونۇۋالغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن. ئۇلار كىچىك سەمەننى ئەنە شۇنداق پەم بىلەن ئىككى يىلغا يېقىن تىقىپ ساقلىغاچقا، بۇرۇنقى كۆرگەن كىشىلەرمۇ سەمەن بىلەن كېيىنكى نازپەرۋەرنى بايقىۋالالماي قالغان.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى نازپەرۋەر بەش ياشقا كىرگەن يىلى، جۇلىيە بەختكە قارشى ۋاپات بولغان. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا لاۋرېنىيغا: «سىزگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم، نازپەرۋەرنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بېقىپ چوڭ قىلىڭ، ئۇ يېنىڭىزدا بولۇپ، سىزنى ئاخىرەتكە ئۇزىتىشقا يارىسىلا مەن خاتىرجەم بولىمەن» دېگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، لاۋرېنىي نازپەرۋەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاسراپ چوڭ قىلغان. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندە، قىزچاقنىڭ گۇناھكار دادىسى پەيدا بولغان.

مىرزابان قەبرىستانلىققا كەلگەندىن كېيىنكى بىرقانچە ئاي ئىچىدە، لاۋرېنىي بەك بىئارام بولۇپ كېلىدىن تاماق ئۆتمىگەن، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەن. بىر بالىنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ يەتتە ياشقا كىرگۈزگەن كىشى ھەرقانچە مەردلىكى تۇتسىمۇ، مانا ئېلىڭ، دەپ بېرىۋېتىشكە قانداقمۇ چىدىسۇن؟ بىراق، ئۇ مىرزابانىنىڭ ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ، غەمگە پېتىپ كۆڭلىدىكى گەپ قىلماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىشلەش بىلەنلا

بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئىچى ئاغرىپ زادى چىدىيالماي قالغان. ئاخىر: «يەتمىشلەردىن ھالقىپ قالدىم، تۇيۇقسىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ قالامدىمەن تېخى، بۇنىمۇ ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. مىرزابان مەندىن ياش، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويغىنىم تۈزۈك. نازپەرۋەر ئەقىللىق قىز، ئورنۇمدىن قوپالماي قالىدىغان كۈنلىرىم يەتكەندە، مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ» دەپ ئويلاپ، ئاخىر مىرزابان ئۆز ۋاقتىدىكى كونا خىزمەتكارىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىپ قالسۇن، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭغا: «قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ ياشاڭ، مىرزابان! ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە خىزمەتچى بولغانمەن. ئەتىلا نازپەرۋەرگە ئۇنىڭ بېقىۋالغان دادىسى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆز دادىسى بولغان سىزگە تاپشۇرىمەن، ئاندىن خالايىققا، مىرزابان بىزنىڭكىدە مېھمان بولۇپ كېلىپ، ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن قىزىنىڭ مەن بېقىۋالغان نازپەرۋەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. ئىككىمىز كېلىشىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردىم، دېگەن گەپنى تارقىتىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن نازپەرۋەرنى قەبرىستانلىققا ئەكىلىۋالسىڭىزلا بولدى» دېگەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مىرزابان مۇشۇ قەبرىستانلىقتا نازپەرۋەر بىلەن بىللە كۈن كەچۈرۈشكە باشلىغان. ئىككىنچى يىلى، لاۋرېنىي ۋاپات بولغان.

مىرزابان «ھېكايىسى»نى سۆزلەپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بالىلىرىغا بىلدۈرمەي يوشۇرۇپ قالغان ھېچقانداق جىنايىتى، شەرمەندىلىكى ۋە ئۆكۈنۈشى قالمىغانىدى.

جاھاننى قاپلىغان تۈن پەردىسى قانداق قاراڭغۇ بولسا، ئازابقا چۆمگەن يۈسۈپ بىلەن نازپەرۋەرنىڭ كۆڭلىمۇ شۇنداق قاراڭغۇ ئىدى. كىچىككىنە تاماقخانىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا پاتتى. لېكىن، بالىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى سەزمەي، ئۆزلىرىنى غەزەپلىك دولقۇنلار قاينىمىدا قۇلىقى ئاڭلىماس، كۆزى كۆرمەس

ھالەتتە ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. مىرزابان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان باللارغا بىر ـ بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ، ئېرۋىلىرى تارتىشىپ، مېڭىسى چاراسلاۋاتقاندەك بولدى ۋە «پەرىشتىلىرىم مېنى قانداق قىلاركىن؟» دەپ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى.

مىرزابانىڭ مۇشۇ پەيتتە ياش تۆكۈشى، ۋەھىمە يېيىشى نېمىگە دال بولسۇن؟ ئۇنىڭ نومۇسقا پېتىشى، تووۋا قىلىشى، ياش ئاقتۇرۇشى، ھەتتا ئۆزىنى مۇشتلاپ، يەرگە تېپىشىمۇ تارىخقا ئايلانغان ئۆتمۈشىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. مۇشۇنداق كۈنگە قېلىشنى بىلگەن كىشى باشتا نېمىشقا ئويلىمىغان؟ ئۇ باشتىلا چىمەنبانۇنى ئالدىمىغان، ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئاياغ ئاستى قىلمىغان، ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان بولسا، شۇ كۈنلەردە ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قىز ھازىرقىدەك ھەممە ئادەمنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىمىغان، سان ـ ساناقسىز ئەخلاقلىق ئانىلار قاتارىدا ئېرى ۋە باللىرى بىلەن خۇشال ياشىغان، ئۆزىنىمۇ، بىگۇناھ ئەۋلادلىرىنىمۇ ۋەيران قىلمىغان بولاتتى، مىرزابانمۇ پاتقاققا پېتىپ ئولتۇرمىغان بولاتتى.

# ئوتتۇزىنچى باب

مىرزابان ئۆزىنىڭ جىنايەت ۋە نەپرەتكە تولغان ھېكايىسىنى سۆزلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن كىچىككىنە تاماقخانىدا ئۇزاققىچە قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ئۈچ بالىنىڭ بىرەرىمۇ ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلاي دېمەيتتى. ئۇ مىرزابان ئۈچۈن كۈتكىنىگە زىت، قورقۇنچلۇق ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى چۈشەنگەنىدى.

— ناز، ئاۋۇ بوش ئۆينى يىغىشتۇرۇپ قوي، ئاكاڭ شۇ يەردە دەم ئالسۇن! — دېدى مىرزابان، ئۇنىڭ «ياتسۇن» دېمەي «دەم ئالسۇن» دېيىشى يۇسۇپنىڭ بۇ يەرنى ئۆز ئۆيۈم دەپ ھېسابلاشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكىدىن بولدى.

بىر كېچە ئۆتتى. يۇسۇپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېس قىلدى. بىراق، تازا ئىنچىكىلەپ ئويلاپ، بۇنىڭ چۈش ئەمەس، ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. يۇسۇپنىڭ بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرۇشى، كېيىن قەيەرگە بېرىشى ئۆزىگە نامەلۇم ئىدى. بۇ يەردە ئۆز سىڭلىسى بار، يەنە ماھىنۇر بار، ئۇلارنىڭ بىرى تىرىك، يەنە بىرى ئۆلۈك، بىرى كىشىلەر ئارىسىدا، يەنە بىرى يەر تېگىدە. ئۇنىڭ بۇ يەردە ۋاقتىنچە تۇرۇپ قېلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەنە شۇ ئىدى.

چۆل - دالانىڭ قوياش ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان، ساپ ھاۋالىق سەھەر ۋاقتى كىشىگە ئارام ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايتتى.

يۇسۇپ بىرمۇنچە گۈل ئۈزۈپ، يوغان بىر گۈلچەمبىرەك

تەييارلىغاندىن كېيىن تۈنۈگۈن ئۆزى بارغان ھېلىقى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە سىڭلىسىنى زورلاپ ئېلىپ باردى. نازپەرۋەر دادىسى بىلەن مىكائىلنىڭ ئاشۇ ئىچى بوش قەبرە ھەققىدىكى ئىشنى تۈنۈگۈن ئاخشاملا يۈسۈپتىن سوراپ باقماقچى بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى.

تۈنۈگۈن مىكائىل مىرزابانىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈسۈپنى قەبرىستانلىقتا بىر كېچە قوندۇرۇپ قالساق دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، نازپەرۋەرمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە شاھبانۇ بىلەن يۈسۈپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە يۈسۈپنىڭ شۇنچە ئېچىنىپ يىغلاش سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردە، تاماق ئۈستىدە ئاتا بىلەن بالا، ئاكا بىلەن سىڭىل تاسادىپىي تېپىشىپ قېلىپ، ئۇ ئىش قېلىپ قالغانىدى.

يۈسۈپ بىلەن ئىچى بوش قەبرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۈرۈشتۈرۈش نازپەرۋەر ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر ئىش بولماي قالغانىدى. چۈنكى، تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ئاكىسىغا ئورۇن راسلاۋېتىپ، ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، يۈسۈپ ئۇنىڭغا گۇناھكار ئاپىسىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. گەپ ئارىلىقلىرىدا ئۇ يەنە ئاكىسىنىڭ توي ئىشىنى، بەختسىزلىكىنى ۋە ئاپىسىنىڭ رەھىمسىزلىك قىلغانلىقىنى، شاھبانۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ بىلگەنىدى. بىراق، نازپەرۋەر بىپەرۋا قىزلاردىن ئەمەس ئىدى، ئاكىسى يۈسۈپنىڭمۇ، شاھبانۇ ھەدىسىنىڭمۇ شۇ تاپتا كاللىسىغا تەسىر قىلىدىغان ھەرقانداق يېڭى داۋالغۇشقا چىدىغۇچىلىكى يوقلۇقىنى بىلەتتى.

نازپەرۋەر ئەنە شۇنداق ئويدا ۋە ئەندىشىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخشام ئاكىسى بىلەن تەنھا پاراڭلاشقاندا، ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان ھازىرقى سىردىن ئېغىز ئاچمىغانىدى.

بۈگۈن يۈسۈپ ئۇنى قەبرىستانلىققا بارايلى دەپ سۆرەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ چاندۇرماي بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇسۇپ نازپەرۋەرنى باشلاپ ئاشۇ قەبرە بېشىغا كەلدى ۋە ئۆز قولى بىلەن راسلىغان گۈلچەمبىرەكنى قەبرە بېشىغا ئاستا قويۇپ، سۈكۈتتە تۇردى، كېيىن قەبرىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە سىڭلىسىنىمۇ پاراكەندە قىلماي دەپ ئويلاپ يىغلىماسلىققا ئىرادە قىلغانىدى. بىراق، بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ تۇنۇگۈن مەشەددە دۇم يېتىپ يىغلىغاندا ماھىنۇر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزى ئۇدا بىرقانچە قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ماھىنۇرغا يىغا بىلەن ئىزهار قىلغانىدى. ئارىدىن بىر كېچىلا ئۆتۈپ ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر بەختسىزلىك كەلدى: ئۇنىڭ شەرمەندە، گۇناھكار ئۆز دادىسى پەيدا بولغانىدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىدىنمۇ ئارتۇق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ بارلىقىغا ئەقىل يەتكۈزەلمىدى.

يۇسۇپ يىغلاۋېرىپ يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. نازپەرۋەر كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، قايتا ـ قايتا تەسەللى بېرىپ، يۇسۇپنى ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى يۇسۇپ بايىلا تىزغان گۈللەرگە چېچىلىپ تۇرغاچقا، گۈللەر تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن ئېلىپ، گۈپۈلدەپ ئېسىل پۇراقلىرىنى دىماققا ئۇراتتى. لېكىن، بۇلار يۇسۇپ بىلەن سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى قانداقمۇ ئاچالىسۇن؟ ئۇلارنىڭ چىرايىغا مىسكىنلىك ۋە ئېغىر غەم سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىنى ئەسلىگىنىدە ۋە كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ دۆۋىلەكلىك توپىغا قارىغىنىدا، بەختسىزلىك ۋە دەرد ـ ئەلەم گويا ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن مەڭگۈگە چەمبەرچاس باغلانغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.

نازپەرۋەر ئاكىسىنىڭ ئۇستىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. مىكائىل ئاخشام ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن سىڭلىسى

شاھبانۇنى كۆرگىنىدە، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قىلماقچى بولغان بىر ئىشنى يادىدىن چىقارغانلىقىنى بىردىن ئېسىگە ئالغانىدى. شۇڭا، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ بامداتتىن كېيىن نازپەرۋەرنىڭ قېشىغا چاپتى. ئۇ نازپەرۋەرنىڭ يۇسۇپنى قولتۇقلاپ قەبرىستانلىق تەرەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندى ۋە ئۇلار بىلەن ئامانلاشقاندىن كېيىن نازپەرۋەر بىلەن يۇسۇپنى قولتۇقلاپ ئۆيگە كىردى.

نازپەرۋەر ئاشخانىغا كىرىپ، ناشتىلىققا تۇتۇش قىلدى، مىكائىل ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ:

— ناز، ئاخشام ئەجەب ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپتىمىز! — دېدى گويا نازپەرۋەرگە قانداقتۇر بىر چوڭ ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك قىلىپ.

نازپەرۋەرنىڭ كەيپى جايىدا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكىسىنىڭ ئىشنى ئاساسەن بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا جاۋاب بەرمىدى.

— ناز، سىزمۇ ئۇنتۇپسىز ـ دە؟ بايا ئاكىڭىز بىلەن قەبرە بېشىغا بارغاندىمۇ ئېسىڭىزگە كەلمىدىمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى ساددا مىكائىل.

نازپەرۋەرگە گەپ قىلىش خۇشياقمايۋاتقان بولسىمۇ، مىكائىلنى جاۋابسىز قالدۇرۇشقا كۆڭلى بارماي:

— ئېسىڭىزگە كەلمىدىمۇ دېگەنمۇ گەپمۇ؟ شۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ! — دېدى. مىكائىل يۇسۇپ بىلەن شاھبانۇنىڭ نېمە ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتاتتى. مىرزابانى تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. مىرزابان ئورنىدىن تۇرغان ھالەتتىمۇ، مىكائىلنىڭ ھازىرچە ئۇنىڭدىن گەپ سورىغۇسى يوق ئىدى. بۇ ھەقتە بىرلا نازپەرۋەر بىلەن مەسلىھەتلىششتىن باشقا يول يوق ئىدى. شۇڭا، مىكائىل يۈرىكىنى توم قىلىپ، نازپەرۋەرگە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بىراق، ئۇ ئىشنى ھەرھالدا سوراپ بېقىشىمىز كېرەك ـ

دە ! ناز، كۆڭلىڭىزدىكى ئازاب ماڭا مەلۇم، شۇنداقتىمۇ ...

مىكائىلنىڭ تېخىچە شاھىبانۇ بىلەن يۇسۇپنىڭ ئالاقىسى بىلەنلا قالغانلىقىنى بىلگەن نازپەرۋەر گەپ قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى. كېيىنرەك ئۆزىنىڭ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاكىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى، سوراپ بىلگەنلىرىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گەپ بىلەنلا مىكائىلغا ئۇقتۇردى.

— مەن ئاخشام ئۇنىڭدىن سوراپ باقتىم، ئۇ سىزنىڭ سىڭلىڭىز بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلىشىپتىكەن. مېنىڭ ھېلىقى قارا يۈز ئانام قارشىلىق بىلدۈرۈپ، ئاكامنى ساراڭ قىلىۋېتىپتۇ، شاھىبانۇنى قەستلەپ ... ئىشقىلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز. ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلمىدىم. كېيىنچە ئاكام ئۆزى سۆزلەپ بېرەر ! بىراق، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بۇ گەپنى چىقارساق بولمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇياقتا، بىرى بۇياقتا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋاتىدۇ.

مىكائىل بىرھازا داڭ قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

يۇسۇپ يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن ئازابلار ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.

مىرزابان ئورنىدىن ناھايىتى ۋاقىچە تۇردى. ئۇ بالىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي قالغانىدى، ناشتىدا نازپەرۋەر ئۇنىڭغا يۇسۇپنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ بىردىنلا بىئارام بولۇپ، ئوغلىدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كۆپ كىرمەسلىكنى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دورا ۋە يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلمىسا ئەلۋەتتە بولمايتتى.

نازپەرۋەر ئاكىسىنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋاتاتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە يۇسۇپنىڭ قىزىتمىسى قايتىپ، كېسىلى ئالاھىدە يېنىكلەپ قالدى. يۇسۇپ ھەقىقىي قېرىنداشلىق

مېھرىدىن تۆنجى قېتىم بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ساختىلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي ئەڭ پاك كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىقتىن تۆنجى قېتىم بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇچ كۈندىن بېرى مىكائىلمۇ يۈسۈپنى يوقلاپ تۇردى. يۈسۈپ ئىختىيارسىز جەمشىدنىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن كۈنلەرنى، جابىر، گۆھەر، دىلاۋەر دېگەنگە ئوخشاش شالاق بەگزادىلەرنى يادىغا ئالدى. ئۇلارغا قارىغاندا مىكائىل يېقىملىق، ئىشەنچلىك ۋە چىقىشقاق ئىدى. ئۇ كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن بۇ يەردىن كەتمەي، مىكائىل بىلەن بىللە قەبرىستانلىق ئىشچىسى بولۇپ، سىڭلىسى بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرۇش ۋە ماھىنۇرنىڭ قەبرە بېشىغا ھەر كۈنى بىر دەستە گۈل قويۇپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ئاشۇ دادىسى ...

يۈسۈپ ساقايغاندىن كېيىن ئۇ مىرزاباندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بۇ ھال مىرزابانى قاتتىق غەمگە سېلىپ قويدى، مىرزابان نەچچە ـ نەچچە قېتىم ھەسرەت چېكىپ: «ئوغلۇم، داداڭنى ئەپۇ قىلماسلىقىڭنى ئويلىماپتىمەن، ساڭا ئىرىشكەن بولساممۇ، لېكىن سەندىن قايتا جۇدا بولىدىغان ئوخشايمەن. دەرۋەقە، سېنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن... يۈسۈپ بىلەن نازپەرۋەر ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنى ھەقىقىي خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بارلىق گۇناھلىرىمنى ئېلىپ ئۇ دۇنياغا كەتسەم بولغۇدەك، ــ دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن، ــ مۇشۇنداق قىلسام ئۆتكەنكى گۇناھلىرىمنى پۈتۈنلەي يۇيۇۋېتەلەمدىمەن؟ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا بالىلىرىمنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىم گۇناھىمنى يۇيۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، قىزىم بىلەن مىكائىلنى باققانلىقىم ئىككىنچى قەدىمى، ئۇچ بالىنىڭ ئالدىدا ئۆتمۈشنى ئاشكارا قىلغانلىقىم ئۈچىنچى قەدىمى ئەمەسمۇ؟ ئۇچ قەدەمنى باسار ـ باسمايلا توختاپ قالسام قانداق بولىدۇ؟» دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۇ خىيالىدىن يالتايدى.

دادىسىنىڭ دەردى ۋە قىيىن ئەھۋالىنى چۈشەنگەن نازپەرۋەر دادىسىغا ئىچ ئاغرىتتى: «دادامنىڭ ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان مېنى كۆيۈنۈپ تەربىيىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ» دەپ ئويلاپ، يۇسۇپكە: «دادامغا ئۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلماڭ، سىز ئاغرىپ ياتقان كۈنلەردە دادام ئىشىك ئالدىدىن نېرى كەتمىدى، سىزگە قايناق سۇ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى» دەپ نەسىھەت قىلدى. لېكىن، ئاكىسى دادىسىغا ئىچ ئاغرىتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، مىرزابانىنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى، نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايتتى.

يۇسۇپ، ئاپامدىن كۆرگەنلىرىم ئازمۇ، بۇمۇ ماڭا شۇنى كۆرسەتتىغۇ، دېگەن ھېسسىياتتا ئىدى، ئارىدىن يەنە بىرمۇنچە كۈنلەر ئۆتتى، نازپەرۋەر قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىۋەرگەندىن كېيىن يۇسۇپ ئاندا ـ ساندا دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئازراق ئولتۇرۇپلا چىقىپ كېتىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۆزىمۇ مىرزابان ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەسەللى ئىدى.

بۇگۈن مىكائىل ئالدىراش ئىشلىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ناھايىتى زېرىكىپ، يۇسۇپنىڭ ياتىقىغا كەلدى، يۇسۇپ سىڭلىسى بىلەن بىللە ئىدى. يۇسۇپ مىكائىلنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆتى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، مىكائىل ئولتۇردى.

نازپەرۋەر مىكائىلغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلماي يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. مىكائىلنى كۆرسىلا نېمە ئۈچۈن تىلى تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى نازپەرۋەرنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئۇ مىكائىل بىلەن توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەندىن كېيىن مىكائىلنى ھەرقانچە دىلىدا ساقلاپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇ بەخش ئەتكەن مۇھەببەت گۈلى بىلەن كۆڭۈل گۈلزارىنى ياساندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا مىكائىل ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بەختسىزلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، نازپەرۋەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، ئىچ ئاغرىتقان، شۇنىڭدەك ئۆزىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى بەختلىك

ھېس قىلغانىدى. ئەمدى ھازىر ئىش ئۇنىڭ تەتۈرىچە بولۇۋاتاتتى. نازپەرۋەرنىڭ ئاپىسىلا ئەمەس، دادىسىمۇ شەرمەندە ئادەم چىقىپ قالدى. مىكائىل نېمىلا دېگەنبىلەن بالىلىق چاغلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى كۆرگەن، نازپەرۋەر بولسا شەرمەندىچىلىك ئىچىدە دۇنياغا كېلىپ، ھەدېگەندىلا مۇشۇ قەبرىستانلىقتا سوغۇق، زۇلمەت، دەھشەت شارائىتتا، تىرىكلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن كۈن ئۆتكۈزگەن ... شۇ سەۋەبتىن ئۇ مىكائىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى پەس ساناپ، نومۇس قىلىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى.

مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ شۇ روھىي ھالىتىنى سېزىۋالغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ نازپەرۋەرنى شۇ ئەلەمدىن خالاس قىلىش يولىنى تاپالماي قىينىلىۋاتاتتى.

مىكائىل ئاۋۋال يۇسۇپ بىلەن پاراڭلىشىپ، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن سەل خالاس بولغاندا، بىردىنلا نازپەرۋەردىن سورىدى:

ـــ نېمە بولدىڭىز، ناز؟ نېمىشقا مۇنداق دېمىگىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كەتتى؟ بۇ چاغقىچە مۇنداق غەمگە پېتىپ يۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىمغۇ؟

نازپەرۋەر گەپنى يولىدا قىلىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسىز، بىلىپ تۇرۇپ سوراۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ، دېگەندەك مىكائىلغا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئۇ گەپ قىلماي، بېشىنى يەنە تۆۋەن سالدى. مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ بۇ كەيپىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالماي، ئىختىيارسىز بېرىپ نازپەرۋەرنىڭ نازۇك ھەم يۇمران قولىنى قاماللاپ تۇتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى دادىل ھەرىكىتى ئىدى.

ـــ ناز، مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مۇشۇنداق دومسىيىپ يۈرگىنىڭىزگە تۆت ـ بەش كۈن بولۇپ قالدى، يا ماڭا گەپ قىلمايسىز، يا قاراپمۇ قويمايسىز. مەن بۇنىڭغا قانداق چىداي !؟

نازپەرۋەر بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئوڭايسىزلىنىش بىلەن

قاراپ قويدى، ئاغزىغا ھېچقانداق گەپ كەلمىدى. ئۇ نېمە دېيەلىشى مۇمكىن؟

بىراق، نازپەرۋەر قولىنى تارتىۋالمىدى، بۇ مىكائىل ئۈچۈن غايەت زور مەدەت بولدى، كۆڭلىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ شۇ زامان نازپەرۋەرنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ:

— مېنى مۇنداق قىينىغۇچە، يا ئۆلتۈرۈپ جېنىمنى ئېلىڭ، يا بولمىسا ھالىمغا يېتىڭ، مانا ئالدىڭىزدا چارىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى.

مىكائىلنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن قىلىقىنى كۆرۈپ، نازپەرۋەرمۇ، يۇسۇپمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— ناز، ئۆز سەرگۈزەشتىڭىزدىن ئازابلىنىۋاتقىنىڭىز ماڭا مەلۇم، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىراق، مېنىڭ نومۇس قىلغۇدەك كەچۈرمىشلىرىم سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىزدىن قېلىشامدۇ؟ ئىككىمىزنىڭ ھال - ئەھۋالىمىز ئوخشاش تۇرسا، مېنىڭ ئالدىمدا بېشىڭىزنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولۇۋېلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سىز مۇشۇنداق مۇئامىلىڭىز بىلەن يېغىرىمغا تېگىپ، ئۆتۈپ كەتكەن بەختسىزلىكلىرىمنى قايتىدىن ئېسىمگە سالماقچى، مېنى قايتىدىن روھىي ئازابقا قويماقچى بولۇۋاتامسىز؟

مىكائىلنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، سەمىمىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ ھالىغا يېتىۋاتقانلىقى نازپەرۋەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. لېكىن، ئەندىشىسى تۈگىمىگەچكە، يەنىلا گەپ قىلالماي تۇرۇۋالدى.

— مىرزابان تاغامنىڭمۇ، سىزنىڭ ئانىڭىزنىڭمۇ، مېنىڭ ئانامنىڭمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى، گۇناھ قىلغانلىقى پاكىت، — دېدى نازپەرۋەرنىڭ تېخىچە زۇۋان سۈرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىكائىل، — بىراق، ئۇنىڭ بىزگە نېمە چېتىشلىقى بار؟ بىزنىڭ ھازىرقىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمىز ئاشۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، ھەرقانچە ئازابلانساقمۇ

بىكار. ئۇلار ئۆزلىرى گۇناھ قىلىپ بىزنى بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلغانلىقىنى ئاخىر چۈشەنسىلا بولدى.

— ئۇلار قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ — دېدى يۈسۈپ، — ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يامانلىق - رەزىللىك مەھكەم ئورىۋالغان تۇرسا، بىزنى بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلغانلىقىنى قانداقمۇ چۈشىنىپ يەتسۇن؟ ئۇلار بىزدەك سەبىي جانلارنى شەرمەندىلىك يولىغا تاشلاپ، ئۆزلىرى يىراققا تىكىۋېتىدۇ.

مىكائىل يۈسۈپنىڭ گەپلىرىگە لوقما سالمىدى. ئۇ يۈسۈپنى چۈشىنەتتى. يۈسۈپنىڭ ئاتا - ئانىسىغا بولغان مېھرىنىڭ ئاللىقاچان تۈگەپ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، مىكائىل نازپەرۋەرنى بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىگە ئىشىنىپ ياشاشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۆز قەلبىمنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئىزھار قىلاي، بۇ نازپەرۋەرنىڭ دىلىدىكى ئازابنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەرگە كەلدى - دە، شۇنداق دېدى:

— ناز، قانداقلا بولسۇن، سىز مېنىڭ قەلبىمدە بۇرۇنقى نازپەرۋەر پېتىڭىز تۇرىۋېرىسىز، مەنمۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بۇرۇنقى مىكائىل پېتىم تۇرىۋېرىمەن، دەپ ئويلايمەن. يۈسۈپ ئاكىمىزنىمۇ قوشساق، كۆرگەن كۈنىمىز بىر - بىرىمىزنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەمما، خۇشال بولۇشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىز ئۆز ئاتا - ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش ھايات دېڭىزىنىڭ جىنايەت قايىنىمىغا چۆكۈپ قالغىنىمىز يوق. بىز ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭمىدۇق. بىز ئىنتايىن بەختسىز بولساقمۇ، لېكىن ئۆزىمىز سىغىدىغان ماكانغا ئىگىمىز.

مىكائىلنىڭ بۇ ئىلھامبەخش گەپلىرى نازپەرۋەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ مىكائىلدەك ئاق كۆڭۈل يىگىتنى مەڭگۈلۈك ھەمراھى قىلغانلىقى ئۈچۈن چىن دىلىدىن مەمنۇن بولدى، خۇشاللاندى ۋە پەخىرلەندى، يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ قەلبىدە قوزغىلىپ، يۈزىدە ئەكس ئەتكەن

بۇ نازۇك ئۆزگىرىشنى سەزدى بولغاي، ئېيتقۇسىز خۇشالىلىققا چۆمۈپ، نازپەرۋەرنى مەڭگۈ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يۈرىكىنى يېرىپ كۆرسەتكۇدەك بولۇپ كەتتى.

— ناز، — دېدى ئۇ دەرھال، — يەنە بىر گېپىمنىمۇ ئېيتىپ قوياي، مەن شور پېشانە بولساممۇ، بۇگۈنكى كۈنلىرىمدىن رازى، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

— ئادەمنى مازاق ئېتىدىغان گەپلەرنى قىلىۋەرمەڭە! — دېدى نازپەرۋەر ئاخىر گەپ قىلىپ.

— ياق، ياق، پېقىر مىكائىلنىڭ ئاغزىدىن قىلچە يالغان گەپ چىقمايدۇ.

— سىز ماڭا ئۆزىڭىزنى «سىز ماڭا ياخشىلىق قىلغان مېھرىبان كىشى» دېگۈزمەكچى، قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا مېنى رەھمەت ئېيتقۇزماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى نازپەرۋەر يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ.

مىكائىل سەل ھاڭ - تاڭ بولۇپ، بىر يۇسۇپكە، بىر نازپەرۋەرگە قاراپ قويدى، ئاندىن:

— بۇ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز! — دېدى چۈشىنەلمەي.

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، — دېدى نازپەرۋەر ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ، — سىز تايىنلىق: مەن ئارىغا چۈشۈپ يۇسۇپ ئاكىڭىزنى قوندۇرۇپ قالدۇق، مەن بولمىغان بولسام، ئاكىڭىزمۇ باشقا يولۇچىلارغا ئوخشاش يولغا سېلىۋېتىلگەن بولاتتى، ئۇ چاغدا ئاكا - سىڭىل ئىككىڭلار قانداق جەم بولالايتتىڭلار، دېمەكچى ...

خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان يۇسۇپ نازپەرۋەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىتتىكلا:

— ھە راست، ئاكا - سىڭىل ئىككىمىز مىكائىلغا ئوبدان رەھمەت ئېيتساق بولىدۇ، — دېدى.

— پاھ، ئاكا - سىڭىل ئىككىڭلار بىرلىشىۋالساڭلار مەن سىلەرگە قانداق تەڭ كېلەلەيمەن!

ئۇچەيلەن تەڭلا كۈلۈپ كەتتى، نەچچە كۈندىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن بۇرۇقتۇرمىلىق، مەيۈسلۈك كەيپىيات بىردىنلا غايىب بولۇپ، جىمجىتلىق ئورنىنى كۈلكە ـ چاقچاق ئىگىلىدى، غەمكىن چىرايلار ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى.

بىر كۈنى كەچتە مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، شاھبانۇنىڭ سالامەتلىكى ئوبدانلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مىكائىل ئوبدان كۆتكەنلىكى ئۈچۈن شاھبانۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولۇپلا قالماي، يەر سۈپۈرۈش، ئۆيئىچىنى يىغىشتۇرۇش، ھەتتا مىكائىلغا ياردەملىشىپ تاماق ئېتىشكە ئوخشاش ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىرلا يېرى، مىكائىل ھەرقانچە دەۋەت قىلسىمۇ شاھبانۇ تالا ـ تۈزگە چىقىشنى خالىمايۋاتاتتى. مىكائىل شاھبانۇنىڭ ھازىرقى سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنى ھازىر يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئاشىقى يۈسۈپ بىلەن ئۇچراشتۇرساق بولىدۇ، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى. نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىسى يۈسۈپ بىلەن شاھبانۇغا ئۇقتۇرماقچى، ئاندىن ئىككىسىنى كۆرۈشتۈرمەكچى بولدى.

ماھىنۇرنىڭ ھاراقتىن زەھەرلىنىپ ۋە ئۇزاققىچە دىمىقتا بولۇپ زەخىم يېگەن سېزىمى بىر ئايچە كۈتۈنۈش نەتىجىسىدە بارغانسېرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. گۆرگە تىرىك كۆمۈلۈپ باشقىلار تەرىپىدىن ئېچىۋېلىنغانلىقى، ئاكىسى بىلەن تاسادىپىي تېپىشقانلىقى ماھىنۇر ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتتىكى ئەقىل يەتكۈزۈپ بولمايدىغان مۆجىزە بولغانىدى. بىراق، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ بېجىرىم كىشىلەردەك كارىۋاتتىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلالايدىغان، بارا ـ بارا يېنىك ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىغان بولغاندىن كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر كەيپى باشقىچە ئۆزگىرىپ، ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ قالدى.

مىكائىل ئۇنى هويلىغا چىقىپ ئاپتاپسىنىشقا، مېڭىپ ھەرىكەت قىلىشقا شۇنچە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆيدىن بىر قەدەم نېرى بولۇشقا پېتىنالمايتتى، ئۆز ئاكىسى ۋە نازپەرۋەردىن باشقا كىشى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئەيمىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا قورقماي بارالىغۇدەك ئىككىنچى بىر جاي يوقتەك تۇيۇلاتتى. ھەتتا ئارىلىقى نەچچە قەدەملا كېلىدىغان ھويلىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قورقۇنچلۇق بىلىنىۋاتاتتى، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇ ئاستا مېڭىپ ھويلىغا چىقىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى، ھويلىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان قەبرىستانلىق كۆزىگە چۈشكەندە، ئىختىيارسىز تېنى جۇغۇلداپ، دەرھال كۆزىنى يۇمۇۋالدى ۋە تىترىگىنىچە ئۆيگە قايتىپ كىرىۋالدى.

نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە ! ماھىنۇر كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇ قورقۇنچلۇق جاينى خىيالىغا كەلتۈردى. قەبرە تاختىلىرى، ياۋا گۈل ـ گىياھلار، سېرىق توپىلار، قاپقاراڭغۇ، نەم گۆرلەر، چىرىپ كەتكەن جەسەت ساندۇقى ۋە سۆڭەكلەر ... كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ماھىنۇر ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئويلىنىشقا پېتىنالمىدى.

ئۇ ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق يەرگە كىرىپ چىققان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بەدەنلىرى سىرقىرىدى، كۆزلىرىدىن مۆل ـ مۆل ياش ئاقتى، ئۇنىڭ خالايىقتىن: «جاھاندىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ئىنسانلار، ئاراڭلاردا گۆرگە كىرىپ چىقىپ تىرىك ياشاۋاتقان بىرەرى بارمۇ؟» دەپ سورىغۇسى كېلەتتى. «مەن ھېچكىمگە چېقىلمىغان تۇرسام، بۇ پەلەك ماڭا نېمانچە ئادالەتسىزلىك قىلىدىغاندۇ !» دەپ ئويلايتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى پاراكەندە بولۇشقا، بۇ تىرىكلەر دۇنياسىدا مەن سىغقۇدەك جاي بارمىكىن، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئاكىسىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىدە گەپ يوق ئىدى، ئۇ ئۆمۈر بويى ئاكىسىنىڭ قېشىدا ياشاشنى، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى.

بىراق، ئۇ ئۆمۈر بويى ئىشىكتىن چىقماي، خەققە كۆرۈنمەي ئۆتەلەمدۇ؟ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنى بۇ دەھشەتلىك ماكاندىن كېتىشكە كۆندۈرەلىگەن ھالەتتىمۇ، ئۆزىنىڭ ئادەمزاتتىن كېلىدىغان خاپىلىق ۋە ھەر خىل بالا ـ قازالاردىن خالىي بولالىشىغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ بۇ ئىنسابسىز دۇنيادا ئۇنىڭ دىلاۋەر، جابىر، جەمشىدلەرگە ئوخشاش ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ۋەھشىي ئەبلەخلەرگە قايتا يولۇقۇپ قالماسلىقىغا كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ئامان ساقلىيالايدىغان بىرەر يەر بارمىدۇ؟

ئىچى دەرد ـ ئەلەمگە تولۇپ كەتكەن ۋە يول تاپالماي قىيىنىلىۋاتقان ماھىنۇر بىر كۈنى كىشىلەر ئادەتتە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر جاينى، يەنى موناستىرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ياۋۇزلۇقنى يېقىن يولاتمايدىغان، يامان نىيەتكە يول قويمايدىغان مۇقەددەس جاي ئىدى. ئۇ يەردە پەرۋەردىگار ماھىنۇرنى «يامانلارنىڭ كۆزىدىن ساقلايتتى»، ئۇ ئىللىق قۇياش نۇرىغا، مېھىر ـ شەپقەتكە، ھۆرمەت ۋە كۆيۈمچانلىققا تولغان جاي ئىدى. ماھىنۇر «بۇ ئالەمدىكى مۇھەببەت چىرىغىنى رەھىمسىز قارا بوران ئۆچۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ يەرگە بارسام ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئۆچمەس چىرىغىغا ئېرىشەلەيمەن» دەپ قارايتتى.

ئۇ خىرىستىيان دىنىغا بەيئەت قىلىپ، ئۆزىگە ئۆمۈر بويى پاناھ بولىدىغان موناستىرنى ئىزدەپ تېپىش قارارىغا كەلدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

سەھەردە ئەزەن توۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئەل ئويغىنىپ، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن مەسچىتكە قاراپ ئالدىراش مېڭىشتى. بۇ ماھىنۇر ئۈچۈن قەبرىستانلىقتىن كېتىۋېلىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك پۇرسىتى بولدى.

ئۇ ئاكىسىغا يازغان بىر پارچە خەتنى ئۇبدان يەرگە قويغاندىن كېيىن ئۆيدىن تالاغا چىقتى، بىرەرى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئۇ جىددىيلىشىپ ئۆز سايىسىدىنمۇ

قورقۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن چوڭ يول بىلەن ماڭماي، بىر چىغىر يولنى بويلاپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ تېز - تېز ماڭدى.

موناستىرنىڭ نەدىلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى. ئۇ خۇددى توختىماي ماڭسىلا كۆزلىگەن يېرىنى تېپىپ بارالايدىغاندەك، ھېچنېمىگە قارىماي كېتىۋاتاتتى.

ئۇپۇقتىن قىزىل قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ پارقىراق نۇرى بىلەن سەھەر تۇمانىنى تارقىتىۋەتتى. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر ۋە ئېتىز - دالىلار بارا - بارا ئۇچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە بىر كۈندۈز باشلانغانىدى. ماھىنۇر دەككە - دۈككىگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن، بولۇپمۇ باشقا بىرەرسىنىڭ كاپلا قىلىپ گېلىنى بوغۇشىدىن ئەنسىرەپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى، كېيىنرەك يۈگۈرگەندەك مېڭىشقا باشلىدى. كۈن قايرىلغاندا بىر تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كېلىپ، سىپايە بىر مويسىپىتقا يولۇقتى. ئۇ كىشىنىڭ چىرايىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. ماھىنۇر ئۇ كىشىنى زاھىت بولسا كېرەك، بولمىسا ئادەمزات كەم كېلىدىغان بۇ قاقاسلىقتا نېمە قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. شۇ تاپتا چارچاپ، چاڭقاپ ھەم ئېچىرقاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ھېلىقى مويسىپىتنى كۆرۈپ نىجات تاپقاندەك بولدى - دە، ئىككىلەنمەي تۇرماستىن، ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ قالغانىدى. مويسىپىت كىشى ئۇنى يۆلەپ كەپە ئىچىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى، ئىچىشكە سۇ بەردى، ماھىنۇر بىر ئازدىن كېيىن ئازراق ماغدۇرىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە بەردى، ئاندىن ئۇنىڭغا «يېتىپ دەم ئېلىڭ» دېدى. ماھىنۇر: «ئاللا يار - يۆلەكسىز قېلىپ ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بەندىسىنى ھەر باب بىلەن قۇتقۇزىدىكەن، بۇ

مويسىپىتنى مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاللا ئەۋەتكەن بولسا كېرەك»
دەپ ئويلىدى.

ماھىنۇر شۇ ئاخشىمى مويسىپىتنىڭ كەپىسىدە قونۇپ قالدى. پۇتلىرى قاپىرىپ، پۇتۇن بەدىنى ئاغرىپ تۇرغاچقا ئەتىسى يولغا چىقالمىدى. يەنە ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ھېلىقى كۈنى چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمىدا تاقاپ چىققان زىبۇزىننەتلىرىنىڭ بىرلىيانت ئۈزۈكتىن باشقىسىنى «سېتىپ پۇل قىلىپ بەرسىلە» دەپ مويسىپىتقا بەردى. شۇ پۇلنى يول خىراجىتى قىلسا، سەپەر ئۈستىدە باشقا غېمى قالمايتتى، ئۇ بىرلىيانت ئۈزۈكنى ھەرگىز ساتمايتتى، چۈنكى ئۇ مۇراسىم كۈنى يۇسۇپ ئۆز قولى بىلەن سېلىپ قويغان مۇھەببەت يادنامىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستىگە يۇسۇپنىڭ قاتناشقان ــ قاتناشمىغانلىقىغا بىرنېمە دېيەلمىغانغا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تېپىشماق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يۇسۇپنى سۈيىقەستكە قاتناشقان دەپ ئويلاشنى خالىمايتتى، يۇسۇپنىڭ ئۇنداق ئادەملىكىگە ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى، يۇسۇپنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ماھىنۇر مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ، يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ ئاخىر پويىزغا ئولتۇرۇپ باشقا بىر شەھەرگە كېلىپ موناستىرنى تاپتى.

دەرۋازا ئالدىدا بىر مۇسۇلمان قىزنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا شۇ ھامان بىرقانچە راھىبە چىقتى. «پەرۋەردىگار بىر مۇسۇلمان قىزنى توغرا يولغا باشلاپتۇ» دېگەن خۇش خەۋەر پۈتۈن موناستىرغا پۇر كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە تەرەپ ــ تەرەپتىن راھىبە ۋە پوپلار كېلىپ ماھىنۇرنى قارشى ئالدى. قارا ۋە ئاق خالاتلارنى كىيىشكەن بۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ قەلبىدە ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغالغان ماھىنۇر ئۇلارنى پاكلىقنىڭ تىمسالى دەپ بىلدى. ئۇ شۇ خاسىيەتلىك ئەر ــ ئاياللارنىڭ

ئاجايىپ پاك، ئەدەپلىك ۋە پىداكار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كىتابلاردىن بۇرۇنلا ئوقۇغان، خەقنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. مانا بۈگۈن ئۆزى شۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى. ئۇ شۇ پاك ئادەملەر ئارىسىدا تۇرغىنىدا، گويا بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىگە پاناھ بولغان ئاپىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ بارغاندەك، تۇنجى قېتىم ئۆزىنى تولىمۇ خاتىرجەم سەزدى.

ماھىنۇرنىڭ شەرمەندە ئائىلىسىنىڭ ھامىيسى بولغان جەمشىد سەنەۋەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش مەقسىتىدە ماھىنۇرنىڭ ئائىلە مۇئەللىملىكىگە ئاق تەنلىك ئىنگلىز مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلىپ بەرگەنىدى. ماھىنۇر كىچىكىدىن تارتىپلا كاتولىك مۇئەللىمدىن تەلىم ئالغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىگە «ئۈچ زاتنىڭ بىرلىكى» (تروئىتا)① ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەتلەر ئاللىقاچان چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن.

موناستىرغا كەلگەن تۇنجى ئاخشىمى ماھىنۇرغا ھېچكىم دىنغا ئائىت ئىشلاردىن ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنى ناھايىتى ئازادە بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشتى.

ئەتىسى موناستىرنىڭ ئىچى بۆلەكچىلا قىزىپ كەتتى. مۇسۇلمان قىزنىڭ «ئۈچ زات بىرلىكى» دىنىغا② ئېتىقاد قىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇزاققا سوزۇلغان مۇراسىمنىڭ بىر مەزمۇنى ماھىنۇرغا دىنىي ئىسىم قويۇش ئىدى. ئۇ زىلۋا، چىرايلىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئانجىلېنا دېگەن چىرايلىق دىنىي ئىسىم قويۇلدى. ئۇ

---

① خىرىستىيان (جۈملىدىن كاتولىك، ئورتودوكسىيە، پروتېستانت مەزھەپلىرى) دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىدىن بىرى، بۇ دىن «تەڭرى بىردۇر، ئەمما ئۇ تەڭرى ئاتا، تەڭرى ئوغلى، مۇقەددەس روھ دېگەن ئۈچ زاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە تەرغىب قىلىدۇ؛ بۇ ئۈچى ئالاھىدە ئورۇندىكى زاتلار بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈنلەي بىر نېگىزدە تۇرىدۇ، يېگانە بىر ھەقىقىي تەڭرىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلار ئۈچ تەڭرى ئەمەس، بىرلا زاتمۇ ئەمەس» دەپ بىلىدۇ.

② كاتولىك دىنى دېمەكچى.

يۇيۇنغاندىن كېيىن[1] رەسمىي كاتولىك راھىبە ئانجېلىناغا ئايلاندى. ھەممە راھىبەلەر ماھىنۇرنىڭ يېڭى ئېتىقادىنى چىڭىتىشى[2] ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى ھەمدە مۇقەددەس روھقا مەدھىيە ئوقۇشتى. ياڭراق مەدھىيە ئاۋازى موناستىرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقلارغا تارالدى. ئانجېلىنا بۇ مەدھىيەدىن بەك خۇرسەن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن پوپ مۇقەددەس ئاق خالاتنى ئانجېلىناغا كىيگۈزدى ھەمدە بېشىدىن مۈرىسىگىچە قارا رومال ئارتىپ قويدى. تەقۋادارلىق قارا ياغلىقنى ئارتىپ، ئاق خالات كىيگەندىن كېيىن ئانجېلىنانىڭ قىزلىق گۈزەل جامالىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلۇپ، ھەقىقىي پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قالدى. پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس جىسمىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدا[3]، پوپ ئانجېلىناغا توقاچ ۋە ئۈزۈم شارابى سۇنۇپ، قۇتلۇقلىدى[4]:

— بىز ھەر قېتىم دىنىي بايرام ئۆتكۈزگەندە، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كرېستتا تۇرۇپ، تەڭرىگە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنى يادلاش ئۈچۈن توقاچ بىلەن ئۈزۈم ھارىقىنى ئۇنىڭ «مۇقەددەس جىسمى» ۋە «مۇقەددەس قېنى» ھېسابلاپ، بۆلۈشۈپ يەيمىز. مانا بۇ توقاچ بىلەن شاراب پالاكەتكە يولۇققان شۇ مەسىھانىڭ جىسمى ۋە قېنى. توقاچ ۋە شارابنى بۆلۈشۈپ

---

① يۇيۇنۇش — بۇ دىنىنىڭ يوسۇنلىرىدىن بىرى. يۇيۇنغۇچىنىڭ پېشانىسىدىن پەسكە قارىتىپ سۇ قۇيۇلىدۇ ياكى يۇيۇنغۇچىنىڭ بەدىنى سۇغا چىلىنىدۇ. يۇيۇنۇش يوسۇنىنى ئادا قىلىش دىنغا كىرگۈچىنىڭ «ئىپتىدائىي گۇناھى» ۋە «ئۆز گۇناھى» يۇيۇلۇپ، دىنىنىڭ يېڭى ئەھلىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

② دىنغا كىرگۈچى يۇيۇنۇش رەسمىيىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن پوپ مۇراسىم رەئىسىنىڭ باش سىلاش ۋە ماي سۈرتۈش رەسمىيىتىدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭدا ئۇنىڭ جىسمىدىن «مۇقەددەس روھ» ئورۇن ئېلىپ، «ئېتىقادى چىڭىيىدىكەن، روھى جانلىنىدىكەن».

③ بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس مۇراسىملىرىدىن بىرى.

④ مۇراسىم رەئىسى (باش روھانىي، پوپ) ياكى مىسسىيونېر ئالاھىدە رەسمىيەت بويىچە مۇئەييەن ئايەتنى ئوقۇيدۇ، بۇ ئادەم ياكى نەرسىنىڭ تەڭرىگە ئاتايدىغان، چېركاۋغا ئەسقاتىدىغان دەرىجىدە «مۇقەددەسلىشىش»نى بىلدۈرەرمىش.

يېيىشتە ئىيسا مەسىھانىڭ بىزنىڭ گۇناھىمىزنى يۇيىمەن دەپ، كىرېستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى يادلاشنى مەقسەت قىلىمىز. مانا بۈگۈن يولدىن ئادىشىپ قالغان بىر قىز كېلىپ بىزنى تاپتى، بىزمۇ ئۇنى تاپتۇق، بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىنىشقا ۋە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بايرام بولمايدۇ، تەلەيلىك قىز، سىزگە مۇقەددەس روھ ئاللاھىدە ئىلتىپات قىلىپ، سىزنى زاھىتلىققا قوبۇل قىلدى. بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز مۇقەددەس راھىبە بولۇپ قالدىڭىز، پەيغەمبەر مۇخلىسلىرىغا ئوخشاش ئىسمىغا ئىگە بولدىڭىز ...

راھىبە ئانجېلىنا ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىنى سەممىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ: «مانا ئەمدى ئېپپەت ـ نومۇسۇمنى ساقلاپ قالىدىغان بولدۇم، ئادەمزاتنىڭ بوزەك قىلىشى، ئەخمەق ئېتىشى، ئالدامچىلىق قىلىشىدىن ھەرگىز غەم قىلمايمەن» دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا توپ ـ توپ پاك راھىبەلەر يۈرەتتى، ھەممەيلەن ھاياجان بىلەن ئىيسا ۋە مەريەم ئانىنى ئېغىزغا ئېلىشاتتى، ئۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ قەلبى ئىللىق ئاپتاپتىن بەھرە ئېلىپ يايراپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ نەگىلا بارسا، دوستلۇق مېھرىگە تولغان كۆزلەر ئۇنى قارشى ئالاتتى.

ئانجېلىنا ئۆزى كۆرگەن راھىبەلەر ئارىسىدا باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر راھىبەنى بايقاپ قالدى. ئۇ راھىبە ئانجېلىنانى كۆرگەندە خۇشال بولۇپمۇ كەتمەيتتى، قارشى ئالىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرمەيتتى. ئانجېلىنا ئۇنىڭ ئۆزىدىن ھېچقانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى، چىرايىدىن غەم يېغىپ، كۆڭلى مەيۈسلۈككە تولغانلىقىنى بايقىدى، ئۇ راھىبەنىڭ جانسىز، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئەنسىزلىك ئالامىتى ئىچىدە، باشقىلارغا ئېيتالمايۋاتقان قانداقتۇر بىر سىرى بارلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتى. ئانجېلىنانى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى توساتتىن پاربىرا ئىسىملىك ئاشۇ راھىبەنىڭ غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ

قىلىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ بەدىنى توك ئۆتكەندەك بولۇپ، يۈرەكلىرى تەڭلا دۇپۇلدەپ كەتتى.

ئانجېلىنا ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ خېلى چاغلارغىچە خاتىرجەم بولالمىدى، ئارام تېپىپ قالغان دىلىدا خۇددى يەر تەۋرىگەندەك يەنە بىر داۋالغۇش بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، پارىرانىڭ كۆز ئالامەتلىرىدىن بىرەر مەنە چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئويغا پاتتى، بۇ دۇشمەنلىك ئالامىتىمۇ؟ ياق! سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشمۇ ياكى تەھدىت ئالامىتىمۇ؟ ئۇ بۇ تەرىپىنى بىلەلمىدى. ئىشقىلىپ، يۈرىكىگە ئاۋازسىز بىر قامچا كېلىپ تېگىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدىنى نامەلۇم بىر ۋەھىمە چىرماۋاتقاندەك بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئانجېلىنا بۇ ۋەھىمىنىڭ بىھۇدە چۈچۈشتىن بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېزلا ئارامغا چۈشتى، كۆڭلىدە مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى پېشۋالارغا گۇمان ۋە شەك كەلتۈرۈشنى راۋا كۆرمىدى ۋە بايىقىنىقى بىمەنە خىياللىرىدىن قاتتىق ئۆكۈندى.

تۈنۈگۈن بامداتتىن كېيىن مىكائىل ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئۆيىگە قايتىپ سىڭلىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدى. ئۇ شاھبانۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىچىدە: «خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر تالاغا چىقىپتۇ - دە، شۇنچە دەۋەت قىلساممۇ تالاغا چىقىشقا ئۇنىمىغانىدى ...» دەپ ئويلىدى.

مىكائىل سىڭلىسىنى ئۆينىڭ كەينىدە ياكى ھويلىدا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ تالاغا چىقتى. مىكائىل ھويلىدىمۇ، ئۆينىڭ كەينىدىمۇ سىڭلىسىنى ئۇچرىتالمىدى. قەبرىستانلىقنىڭ يىراق - يېقىن جايلىرىغا قويماي كۆز سېلىپمۇ قارىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ئاخىر «يىراققا كېتىپ قېلىپ قايتىپ كېلەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، يىراقراق بېرىپ ئىزدەشتۈرۈشكە باشلىدى، ھەتتا قەبرىستانلىقنى قويماي ئاختۇرۇپ سىڭلىسىنى تاپالمىدى. «بۇ غەلىتە ئىشقۇ، ئىشكتىن

چىقىپ باقمىغان قىزنىڭ تۆرۈپلا يوقاپ كېتىشى قانداق گەپ؟ ئۇ قەيەرگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپ، مىكائىلنىڭ پۈتۈن ئەزايى تەرگە چۆمۈلدى، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. مىكائىل يەنە: «ئۇ ھېلىغىچە قايتىپ ئۆيگە بارغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە باردى. لېكىن، شاھبانۇ قايتىپ كەلمىگەنىدى. شۇ ئارىدا ئۇ كارىۋاتتا تۇرغان بىر ۋاراق قەغەزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىتتىك بېرىپ قەغەزنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭغا مۇنداق خەتلەر يېزىلغانىدى:

*قەدىردان ئاكا:*

*سىزدىن ۋە نازپەرۋەردىن زادىلا ئايرىلغۇم يوق ئىدى. بىراق، مەن پۈتۈنلەي ساقىيىپ قالدىم، تىرىك ئىنسان سۈپىتىدە قانداق ياشىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئويلانماي تۇرالمىدىم، قەبرىستانلىقنىڭ ئەسلا مەن تۇرىدىغان جاي ئەمەسلىكى ئېنىق، ئەمما مەن تۇرغۇدەك باشقا نە بار؟ مەن ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن باشقا بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشتىن خۇددى يىرتقۇچلاردىن قورققاندەك قورقىمەن.*

*مىكائىل ئاكا، ئېيتىڭچۇ، ئەرلەر ئاياللارنى ئەخمەق قىلىدىغان ۋە ئۇستىگە خوتۇن ئېلىش ئادەتكە ئايلانغان بۇ جەمئىيەتتە تېخى توي قىلمىغان، نىكاھ ئىشىدا پاكەتكە يولۇققان بىر قىز ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك بىرەر ئورۇن بارمۇ؟ شۇ قىز ئۆزىنىڭ ئۆلگەن مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆز ئىززىتى بىلەن مۇسىبەت تارتالايدىغان ۋە ئۆز ئىپپەت ـ نومۇسىنى تۇرقى ئىنسان، قىلمىشى ھايۋانلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن ساقلاپ قالالايدىغان بىرەر جاي بارمۇ؟*

*مەن نەچچە كۈنلەرگىچە ئويلىنىپ ئاخىر بارار يېرىم موناستىر ئىكەن، دېگەن يەرگە كەلدىم. ئۇ مۇقەددەس، پاك جاي، ئۇ كىشىگە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان، تەركىدۇنيا*

*بولغۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىغان جاي، مەن ئىپپەت ـ نومۇسۇمنى ساقلاپ قالالايدىغان ۋە كۆڭلۈمنىڭ سىرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بىردىنبىر جاي ئەنە شۇ، مەن ئۆزۈمنى سىغدۇرىدىغان جاي تېپىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، سىزمۇ، نازپەرۋەرمۇ ئەلۋەتتە خاتىرجەم بولىسىلەر. مەن سىزدىن ۋە نازپەرۋەردىن خۇشال، سىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك كۈنلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.*

*ئاكا! ناز! مەن ئەل ئارىسىدىن، سىلەردىن ئايرىلدىم، خەير ـ خوش.*

مىكائىل بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، خەتكە مىختەك قادىلىپ قالدى. ئۇنىڭغا گويا ئالەم بىردىنلا مۇشۇ قەغەزگە پاتقۇدەك دەرىجىدە كىچىكلەپ قالغاندەك تۇيۇلدى. شۇ ئەسنادا نازپەرۋەر كىرىپ كەلدى. مىكائىل نازپەرۋەرنى بايا شاھبانۇنى ئىزدەۋاتقان چېغىدا ئۇچراتقانىدى. نازپەرۋەر ئۆيگە كىرىپ، مىكائىلنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى، مىكائىل ئۇنى بايقىمىدى. مىكائىل كۆزلىرىدە لىق ياش، بېشىنى كۆتۈرگەندە، دىلدارنىڭ ئۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلىشقا تىلى بارماي، خەتنى نازپەرۋەرگە بېرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ سىڭلىسىنى شۇنچە ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن سىڭلىسىنىڭ ئاشۇ يولغا ماڭغانلىقىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭچە، قىزلارنىڭ موناستىرغا كىرىۋېلىشى ئۇيات ئىش ۋە دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ئىدى، شۇڭا مىكائىل شۇ تاپتا نازپەرۋەرنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— مىكائىل، كۆڭلىڭىزنى بۇنچىۋالا بۇزماڭ. ئۇ كېتىپ بوپتۇ، ھەرقانچە ئازابلانسىڭىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، — دېدى نازپەرۋەر تەسەللى بېرىپ.

— ئۇ بىزنى تاشلىۋېتىش بىلەنلا قالماي، ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىدىنمۇ ۋاز كېچىپتۇ! — دېدى مىكائىل ئۇڭايسىزلىنىپ ھەم خاپا بولۇپ.

بۇنىڭغا نازپەرۋەر ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدى:

— شۇنى دەڭە! ئۇ ئۆتمۈشتىكى بەختسىزلىكلىرى دەستىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ، ئاشۇنداق ئازغىن يولغا مېڭىپتۇ، ھەي بىچارە!

— ئۇنىڭ دىنغا بۇنداق ئاسىيلىق قىلغانلىقىغا ئىچىنىۋاتىمەن، — دېدى مىكائىلمۇ ئېچىنىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بېرىۋالغان موناستىرنىڭ قانداق موناستىرلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇ شۇ يەردە تېخىمۇ شەرمەندە يولغا كىرىپ قالامدۇ تېخى ... — مىكائىل سۆزلەۋېتىپ، ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— مىكائىل! يىغلىماڭ، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىمەن، بىزدىمۇ سەۋەنلىك بار، مۇبادا يۇسۇپ ئاكام بىلەن ئىككىسىنى بىرەر كۈن بالدۇر كۆرۈشتۈرگەن بولساق، بەلكى بۇنداق ئاقىۋەت تۇغۇلماس ئىدى، — دېدى نازپەرۋەرمۇ ئېسەدەپ، مىكائىل تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

چۈشتىن بۇرۇنقى پۈتۈن ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئۆتتى، مىكائىلنى پۇشايمان ۋە قېرىندىشىدىن ئاغرىنىش ئازابى قىينايتتى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

ئانجىلىنانىڭ موناستىرغا كەلگىنىگە يىگىرمە نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇ يەردىكىدەك روھىي جەھەتتىكى خاتىرجەملىككە ۋە تىرىك ئىنسانغا خاس ئامان - ئېسەنلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆز خاتىرجەملىكىدىن سۆيۈنەتتى.

بىراق، پاربىرا ئىسمىلىك ئاشۇ راھىبەنىڭ ئىشىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى، ئۇ پاربىرا بىلەن كۆرۈشۈشتىن قورقاتتى، ئۇنى كۆرسىلا پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك باساتتى، ئۇنىڭغا خۇددى پاربىرانىڭ كۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر قورقۇنچلۇق سىر يوشۇرۇنغاندەك بىلىنەتتى، پاربىرانىڭ تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان كۆز ئالامەتلىرى ئانجىلىنانىڭ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇيتتى. ئۇ پاربىرادىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئەمما يەنە پاربىرا ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغاندەكمۇ بىلىنەتتى. ئۇ پاربىرانىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق ئالامەتلەرنىلا ئەمەس، ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارىتا ھېسداشلىق قوزغايدىغان ئالامەتلەرنىمۇ سېزەتتى، ئىككىسى تا ھازىرغىچە بىر - بىرىگە گەپ قىلماي قارىشىپ قويغاندىن باشقا ئالاقە قىلىپ باقمىدى.

بۈگۈن ئۇلار يەنە كۆرۈشتى، ھەتتا پاراڭمۇ سېلىشتى.

پاربىرا پەلەمپەينىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پەرىشان ھالدا يالغۇز ئولتۇراتتى. ئانجىلىنا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ توختاپ قالدى. پاربىرا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغاچقا، ئانجىلىنانىڭ كەلگەنلىكىنى سەزمىدى. ئانجىلىنا

ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ پەس ئاۋازدا:
— پاربىرا ئاچا ! — دېدى.
پاربىرا ئىنتىك بېشىنى كۆتۈردى ۋە ياشقا تولغان كۆزلىرىنى چاققانلىق بىلەن سۈرتۈپ، ئانجىلىپناغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. پاربىرانىڭ مۇنداق ياقتۇرمىغاندەك ئىپادىسى ئانجىلىپنانىڭ جۈرئىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئانجىلىپنا بوشاشماي، پاربىرا بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئىنتايىن ئەدەپلىك قىياپەتتە:
— سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن، پاربىرا ئاچا؟ — دېدى.
— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى پاربىرا ئىنتىكلا، ئۇ ياشلانغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى ئانجىلىپناغا تىكتى، ئاندىن ئولتۇرۇڭ دەپ قول ئىشارىتى قىلدى. يىگىرمە نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئىككىسى تولا كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى تۇيۇقسىز بىر يەرگە جەم بولغاچقا، تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ، دەماللىققا قىلىشقا گەپ تاپالماي قېلىشتى. ئارىدىن سەل ئۆتكەندە ئانجىلىپنا دۇدۇقلىغان ھالدا:
— ئاچا ... خېلىدىن بېرى سىزدىن بىر گەپ سورىماقچى بولۇپ يۈرەتتىم، لېكىن ... قاچانلا قارىسام مەيۈس يۈرىسىز، بۇنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىشنى خالارسىزمۇ؟ — دېدى.
پاربىرا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىر بوش ئاۋازدا:
— بىلگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى، ئاندىن ئانجىلىپناغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويۇپ، يەنە گەپ قىلماي جىم بولۇۋالدى.
— ھەئە، بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، بىلگۈم كەلگەچكە قېشىڭىزغا كەلدىم، — دېدى ئانجىلىپنا جاۋابەن.
— ئېيتقىنىم بىلەنمۇ سىزگە ھېچ پايدىسى يوق. پەيت ئۆتۈپ

كەتتى. سىز يۈيۈنۈش① رەسمىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئىسمىڭىزنى شاھبانۇدىن راھىبە ئانجىلىناغا ئۆزگەرتىپ بولدىڭىز ...

— شۇنداقتىمۇ، ھازىر ئېيتسىڭىز نېمە بولاتتى؟ ھەممىمىز ئاچا ـ سىڭىلدەك بولۇپ قالدۇققۇ؟ تۆپىمىزدە ئىززەتلىك ئاتا، مېھرىبان ئانا سۈپىتىدە باش راھىبلىرىمىز تۇرۇپتۇ. بىز بىر ئۆينىڭ كىشىلىرىدەك بولۇپ قالغاندىكىن، بىر ـ بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز، بىر ـ بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك ـ دە.

— بۇ دېگەنلىرىڭىزغۇ توغرا، شۇغىنىسى ئۆزۈمنىڭ دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلۇشۇمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، پېشانەمگە ئازاب ئىچىدە قىينىلىش پۈتۈلۈپ كېتىپتىكەن، مەندە تىرىك ياشاش ئۈمىدىمۇ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش قۇدرىتىمۇ يوق تۇرسا، مېنى كىم قۇتقۇزۇپ قالالىسۇن؟ — دېدى پاربىرا ئېسەدەپ.

— جېنىم پاربىرا، زادى نېمە دەردكە يولۇقتىڭىز؟ چىرايىڭىزدىن چىقىپ تۇرغان ئەلەمنى، گەپلىرىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرغان ئۈمىدسىزلىكنى كۆرۈپ بەك ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. سىزگە زادى نېمە بولدى؟

— نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى پاربىرا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— سىزگە زادى نېمە بولدى؟ پاربىرا ئاچا، ماڭا ئېيتىڭچۇ! — دېدى ئانجىلىنا تەقەززالىق بىلەن.

— ئۇلار مېنىڭ ھەممە نېمەمدىن مەھرۇم قىلدى ...

دەل شۇ پەيتتە ئىككى راھىبە ئۇلارغا يېقىنلا يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى، پاربىرا گېپىنى دەرھال توختىتىۋالدى.

— يۈرۈڭ، ئايلىنىپ كېلەيلى! — دېدى ئۇ ئانجىلىناغا.

ئاۋۋال پاربىرا، ئاندىن ئانجىلىنا ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار ئەگمە ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇزۇن كارىدورنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بىر جايغا كەلگەندە پاربىرا توختىدى ۋە بىر ئۆينى

① بۇ يەردە توۋا قىلىش نەزەردە تۇتۇلغان.

كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ مۇقەددەس ئۆي، — دېدى.

— مۇقەددەس ئۆي دېگىنىڭىز قانداق ئۆي؟ — دەپ سورىدى ئانجېلىنا.

— مۇقەددەس ئۆي ھەققىدە بىر مەشھۇر رىۋايەت بار. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەسلىدە ياغاچچى بولۇپ، ئىپپەتلىك قىز بۇۋى مەريەمنىڭ يىگىتى ئىكەن. بۇۋى مەريەم توي قىلماي تۇرۇپلا، مۇقەددەس روھنىڭ كارامىتى بىلەن ھامىلىدار بولۇپ، بالا تۇغۇپتۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن يەر يۈزىگە ئەۋەتكەن ئەلچى، ئىسلام مۇخلىسلىرى ئۇنى رەسۇلللا، كاتولىكلار خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئۆي ئىيسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈش خاتىرىسىگە بېغىشلانغان جاي. مۇقەددەس روھنىڭ ئاسماندىن چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى قەدىمىي رىۋايەت ۋە خاتىرە مۇراسىمى بۇ يەردە ھېلىمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ، شۇڭا مۇقەددەس ئۆي بىز بەيئەت قىلىدىغان جايدۇر.

ئۇلار پاراڭلىشىپ مېڭىپ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئانجېلىنا دەھشەت سۈرلۈك بىر جاينى كۆرسىتىپ:

— پاربىرا ئاچا، بۇ قانداق يەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ، — دېدى پاربىرا، — قۇربانلىق مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان يەر، مۇراسىمغا يېشى ھەممىدىن چوڭ راھىبە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

— بۇ يەردىمۇ قۇربان ھېيتتىكىگە ئوخشاش ۋاقتى كەلگەندە قۇربانلىق قىلىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئانجېلىنا تېنى جۇغۇلداپ.

— ئاستا - ئاستا ھەممىنى بىلىپ قالىسىز.

پاربىرا سۆزلىگەچ، بۇ يەردىن دەرھال نېرى كېتىش ئۈچۈن ئانجېلىنانى ئالدى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. ئانجېلىنانىڭمۇ بۇ يەردىن نېرى كەتكۈسى كېلىپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭغا بارغانلا يېرى

ناھايىتى سۇرلۇك تۇيۇلۇۋاتاتتى. پاربىرانىڭ مويسىپىت دىندارلارنى دارىتمىلاپ ئەيىبلەۋاتقانلىقىمۇ قۇلىقىغا ئانچە ياقمايۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا تۇرلۇك گۇمان ۋە ئەندىشە تۇغۇلغانلىقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان، ئەمما توغرا دەپ بىلگەن ئېتىقادىدىن تەۋرىنىشنى راۋا كۆرمىدى.

موناستىر قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا، ئىككىسى ئۇ يەردىن يېنىپ چىقتى. پاربىرانىڭ ئوچۇق ئېيتالمايۋاتقان نارازىلىق سۆزلىرى ئانجىلېنانى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆزى يېڭىلا بەيئەت قىلغان دىنغا ۋە دىنداشلىرىغا بولغان ئىشەنچسىزلىك ئۆزىنىڭ سەمىمىي تەقۋادارلىقى بىلەن كەسكىن توقۇنۇشۇپ، كۆڭلىنى غەش قىلدى.

ئۇلار ئەمدى ئىبادەتگاھقا يېتىپ كەلدى. ئانجىلېنا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر تالاي پاك ئادەملەرنى كۆرۈپ، قەلبى يېڭىباشتىن ھاياجانلاندى ۋە ئىچىدە: «پاربىرا ئاچامنىڭ باش راھىب بىلەن باشقا راھىبلارغا تىل تەگكۈزۈشى پۈتۈنلەي گۇماندىن بولغان، بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلىشىدىن باشقا گۇمانلانغۇدەك بىرەر نەرسىنى تا ھېلىغىچە سەزگىنىم يوق. مەن مۇشۇ پاك دىندارلار ئۈستىدىكى ھاقارەتلەرنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. ئۇ ھاقارەتلەر مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ بەزى نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىققانلىقى ۋە چولتا قارىشىدىن پەيدا بولغان» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن باياتىن پاربىرانىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلىگە قونغان ئىشەنمەسلىك چاڭ ـ توزانلىرى بىردىنلا غايىب بولدى.

بۇ يەردىكى ئادەملەر سىرتىدىن قارىغاندا، پاربىرانىڭ دارىتمىلاپ ئېيتقىنىدەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئانجىلېنا پاربىرانى بارا ـ بارا يامان كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇ پاربىرا بىلەن كۆرۈشۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇ پاربىرادىن نېرى قېچىشنى ئويلىغانسېرى پاربىرا بىلەن بىللە بولۇپ قالىدىغان چاغلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى يامغۇر يېغىپلا توختاپ، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، كەڭ زېمىنغا چېچىلماقتا ئىدى. يامغۇردىن كېيىنكى نەم تۇپراق گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئانجىلىنا ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن موناستىرنىڭ ئارقا هويلىسىغا ئۆتۈپ، بىر بىسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئارقا دەرۋازىدىكى پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن ئانجىلىنا پاربىرا بىلەن شۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ پاربىرانىڭ هېلىقىدەك قۇلاقتا ياقمايدىغان گەپلەرنى يەنە قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالسا ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. پاربىرا ئانجىلىنانىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى دەررۇ سۈرتۈۋەتتى. ئانجىلىنا يېقىن كەلگەندە پاربىرا زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— پاربىرا ئاچا، يەنە يىغلاۋېتىپسىزغۇ؟ — دېدى ئانجىلىنا.

پاربىرا جىمىپ كېتىپ، بىرپەستىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— ئاۋۇ كۈندىكى پارىڭىمىز تۈگىمىگۈچە باشقىلار كېلىپ قالدى، كېيىن سىزنى ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ باشلاپ ماڭسام، هېلى ئۇ، هېلى بۇ ئۇچراپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىمنى دەپ بولالمىدىم. ئىككىمىز بۇرۇن تونۇشمىغان بولساقمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر، سىز كەلگەن كۈنىلا سىزنىڭمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ، سىزنى كۆرسەملا يۈرىكىمگە يېقىنە سانجىغاندەك بولۇپ يۈردۈم ...

ئانجىلىنا پاربىرا باشلىغان پاراڭنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمدىن گۇۋاهلىق بېرىپ تۇرغان چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ پاربىرانىڭ قىلغان گەپلىرىنىڭ تېگىگە تا هازىرغىچە يېتەلمەيۋاتاتتى.

— جېنىم ئانجىلىنا، — دېدى پاربىرا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئادەم ئامان ـ ئېسەنلىكنى، خاتىرجەملىكنى

دېمىسە، خارلىق ۋە بەختسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنى كۆزلىمىسە، بۇنداق كۆڭۈلسىز جايغا كېلىپ، تېتىقسىز پەرھىزكار مۇخلىس بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئويلامدۇ؟

ئانجېلىنا سەل تاقەتسىزلىنىپ، «كۆڭۈلسىز»، «تېتىقسىز»، «پەرھىزكار مۇخلىس بولۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش» ... دېگەن گەپلەرنى پانىي دۇنيانىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي دەۋاتقان گەپلەر دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇنداقلا تۇرۇپ كېتىپ قالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ھاي بېرىپ ئۇنداق قىلمىدى.

— پاربىرا ئاچا، — دېدى ئۇ پاربىراغا، — ماڭا دەيدىغان بىرەر گېپىڭىز بولسا ئوچۇق ئېيتىڭچۇ!

پاربىرا ئانجېلىنانىڭ تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن خاپا بولماي، ئاستا سۆزلىدى:

— ئانجېلىنا! سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. سىزگە ئوچۇقنى ئېيتاي، ئېيپىتىڭىز بۇلغانماستا بۇ ئېپلاس جايدىن چىقىپ كېتىڭ. ئېيپەت ـ نومۇسىڭىزنى ساقلاپ قالالىسىڭىز جېنىڭىز كەتسىمۇ مەيلى.

ئانجېلىنانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ پاربىرانىڭ قولىغا كاپلا يېپىشىپ:

— پاربىرا ئاچا، گېپىڭىزنى يەنە بىر ئېيتىڭ، ئوچۇقراق ئېيتىڭ ... — دېدى.

— ئانجېلىنا، ئالدىرىماڭ، ئۆپكىڭىزنى بېسىپ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى پاربىرا ۋە ئانجېلىنا تۇتۇپ تۇرغان قولىنى ئاجرىتىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تەڭرىدىن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارغا بەندىلەرنى ئازدۇرۇپ، يامان يولغا باشلا دەپ ئەمەس، ياخشىلىققا باشلا دەپ ۋەھىي چۈشكەن. بىراق، ئىنسانىڭ بەزى مۇخلىسلىرى تەتۈر يول تۇتتى. سىز بۇ يەرنى «ئارامبەخش جاي» ھېسابلاپ، ئۆزۈمگە كىر قوندۇرماي ئارامىمدا ياشايمەن دەۋاتامسىز؟ بۇ پۈتۈنلەي شېرىن خىيال، قۇرۇق ئارزۇ،

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەممىدىن خەۋپلىك جاي، يەر تۇقۇچىلار ئۇۋۇلىغان ماكان ...

ئانجىلىنا بىرھازاغىچە قۇلاق سېلىپ، پاربىرانىڭمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشقا، ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاشتىن يالتايدى. ئانجىلىنا بەزى موناستىرلار ھەققىدە مۇشۇنداق ھاقارەتلەرنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان ۋە ئۇنى بەزى مۇسۇلمان يازغۇچىلاردىن كۆرگەنىدى. ئېيسانىڭ مۇخلىسلىرى ئىچىدە ئەسكى ئادەملەرنىڭ بارلىقى تەبىئىي، ئەمما بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى سۆزسىز تەقۋادار مۇخلىسلار، پاك بەندىلەر، ئەمدى مۇسۇلمانلارچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى مۇسۇلمان ئەمەسمىدى؟ ئۇنى ۋەيران قىلغان ئانىسى ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىنىڭ قايسىبىرى مۇسۇلمان ئەمەس؟ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان مۇسۇلمان قىز ئەمەسمۇ؟ ئانجىلىنا شۇلارنى ئويلاپ، پاربىرانىڭ گەپلىرىنى تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتقان پەرھىزكار دىنىي مۇخلىسلارغا قىلىنغان ھاقارەت، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ گۇمانىي قارىشى دەپ بىلدى.

ــ پاربىرا ئاچا، مەن بۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئانچە ياقتۇرمايۋاتىمەن، ــ دېدى ئانجىلىنا يۈز ـ خاتىر قىلماي.

ــ ئانجىلىنا! ئىككىمىزنىڭ قاراشلىرىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلىۋاتىمەن. تايىنلىق سىز مېنى ئېغىزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ دەۋاتىسىز. شۇڭا، مېنىڭ گەپلىرىمنى ئېتىبارىڭىزغا ئېلىپ قويماقتا يوق، ئەكسىچە ياقتۇرمايۋاتىسىز، شۇنداقتىمۇ، مەن سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى كۆتۈپ تۇرغان بالايىئاپەتتىن ساقلىنىشىڭىزنى تىلەيمەن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەرۋايىت ئۆزىنىڭ پارقىراقلىقىنى بىرلا يوقاتتىمۇ، بولدى، ئۇنى جاھاندا ھېچقانداق كۈچ ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ.

پاربىرانىڭ بىردىنلا شۇنداق ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانجىلىنا سەل يۇمشىدى:

— سەمىمىي مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت، سىز دەۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا راستىتىنلا دۇچار بولسام، باياتىن دېگىنىڭىزدەك ئۆز جېنىمنى تىكىپ، ئىپپەت - نومۇسۇمنى ساقلاپ قالىمەن. سىز بۇنداق مەسلىھەت بەرمىگەن بولسىڭىزمۇ، مەن شۇنداق قىلماقچىدىم. بىراق، پاربىرا ئاچا، سىز بىرەر ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن شۇنداق دەۋاتامسىز ياكى قارىسىغا شۇنداق دەۋاتامسىز؟

— ئانجىلىنا، ئەگەر مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن بەرگەن مەسلىھەتىمنى قارىسىغا دەۋاتقان گەپ دەپ قاراۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنى مەندە تۇغۇلغان ئۇقۇشماسلىق دېسىڭىزمۇ، قورۇق خىيال دېسىڭىزمۇ مەيلىڭىز.

ئانجىلىنا سەل ئوڭايسىزلىنىپ، ناماقۇللۇق ئاھاڭىدا:

— پاربىرا ئاچا، مەن قەستەنگە شۇنداق دەۋاتقىنىم يوق. ئەگەر دىققەتسىزلىك قىلىپ كۆڭلىڭىزگە تەگكەن بولسام ئەپۇ قىلىڭ! — دېدى.

— سىزدىن ئاغرىنمايمەن، — دېدى پاربىرا، — بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ ئۆزىمۇ سىزنىڭ شۇنداق بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما، يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، بىر ئىلاج قىلىپ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىڭ! ئۇلار مېنى تالان - تاراج قىلىپ ھەممە نېمەمدىن ئايرىۋەتتى.

— نېمىڭىزدىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىشنى خالارسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانجىلىنا تاقەتسىزلىنىپ.

— قاراقچىلار مېنى ھەممە نەرسەمدىن، ھەتتا بالامدىنمۇ ئايرىۋەتتى.

— قاراقچىلار بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟

— شۇنداق، ئانجىلىنا! — دېدى پاربىرا ئېچىنىش بىلەن، — بىراق، ئانجىلىنا، مەن قانداقتۇر ئورمان ئارىسىدا يول

توسىدىغان قاراقچىلارنى دەۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئۆزلىرىنى پەرھىزكار مۆخلىس دەپ ئاتىۋالغانلارنى، شۇ تاپتا سىز مېنى قوغداۋاتىدۇ، ماڭا باشپاناھ بولۇۋاتىدۇ دەپ ھېسابلاۋاتقانلارنى دەۋاتىمەن.

ئانجىلىنانىڭ پاربىرا دېگەن گەپلەرنى چۈشىنەلمەيۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا:

— سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى ئانجىلىنا دەرھال سۆز ئېلىپ، — بىراق، بالىڭىز قانداقلارچە بۇ يەرگە سىز بىلەن بىللە كەلگەن؟ موناستىر بالىلىق ئانىلارنى قوبۇل قىلمايتتىغۇ؟

ئانجىلىنانىڭ ھەددىدىن زىيادە ساددىلىق بىلەن سورىغان سوئاللىرىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان پاربىرا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. ئانجىلىنا ئۇنىڭغا دەرھال تەسەللى بەردى.

— مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى تۇتالايمەن، ئانجىلىنا، مەن بۇ يەرگە كىچىك كەلگەن، بالىنى مەشەددە تۇغدۇم، — دېدى پاربىرا، بۇ سۆزدىن ئانجىلىنانىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى، — ئېيتاي دېسەم بۇ سەت ئىش. ئەمما، قورساقتا قالغان تۇرسا، نېمە ئامالىم بار دەيسىز؟ تېنىمدە قاباھەتلىك بىر تۆرەلمە پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئۆز بۇرچۇمنى ئىختىيارسىز ئادا قىلدىم، ئۇنى ئۆز تېنىم بىلەن پەرۋىش قىلدىم. ئاخىر، بالام ھېچكىم ئىگە بولمايدىغان تەقدىر بىلەن دۇنياغا كەلدى، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا بىر مىنۇت بولسىمۇ ئۆمۈر كۆرۈشىگە يول قويۇشمىدى.

ئانجىلىنا پاربىرا ئەسكەرتكەن گەپلەرنىڭ تېگىگە مانا ئەمدىلا يەتتى ۋە ئۇنىڭ باشتا قىلغان ھەممە گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى.

پاربىرا ئۆز بالىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىنى ئانجىلىناغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:

— مەن بالىنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىرىشقان بولسامۇ، لېكىن بولمىدى. باشقا ئاياللارغا ئوخشاش، مەنمۇ تۇغۇتتىن كېيىن بەك ئاجىزلاپ، نۇرغۇن قېتىم

ھوشۇمدىن كەتتىم. ھېچنېمىنى سەزمەي ياتقان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ بالامنى بۇلاپ كەتمىسۇن دەپ، ھوشسىز ھالەتتە ياتقان ۋاقتىمدىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. بىراق، بالا تۇغۇلغان كۈنى بىر نۆۋەت ھوشۇمدىن كېتىپ ئەمدىلا ئېسىمگە كەلگەن چاغدا، يىراقتىن مۇناجات ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئاستا - ئاستا قارىسام، مەن تەرەپكە بىر توپ ئادەم كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەلەتى سۈرلۈك باش راھىبە، ئۇنىڭ كەينىدىن قېرى راھىبەلەردىن بىرقانچىسى كېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارا خالات كىيىشىۋاپتۇ. باش راھىبەنىڭ قولىدا بىر پارچە ئاق رەخت تۇرىدۇ. مۇناجات ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ يېنىمدىلا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن ئىلاھقا چەكسىز ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ. باش راھىبە يەنە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ توختىدى، بىرقانچە قېرى راھىبە باش راھىبەنىڭ ئوقۇغانلىرىنى تەكرارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەم ئىنچىكە، ھەم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇناجات ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، بۇ ئاۋازلار ماڭا خۇددى ھۆكرەپ يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلاندى. مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن بىرەر ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئاخىر يۈرەكنى پارە قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. باش راھىبە مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ پېشانەمگە مېھرىبانلىق بىلەن سۆيدى، ئاندىن يېقىملىق سۆزلەر بىلەن:

— ئوماق قىزىم بۇۋى پاربىرا! — دېدى ماڭا، — سەن ناھايىتى بەختلىك، بۇۋى مەريەمدەك تەلەيلىكسەن، سېنىڭ پاك جىسمىڭدىن ناھايىتى خاسىيەتلىك مۇقەددەس بىر جان دۇنياغا تۆرەلدى. بىراق، ھازىر بۇ مۇقەددەس جاننىڭ مۇقەددەس جايغا قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالدى! ئۇ بالدۇرراق مۇقەددەس روھ بىلەن دىدارلىشىشى كېرەك. ئۇ ئادەمزات ئارىسىدا ئۇزاق بۇلغىنىپ تۇرسا بولمايدۇ.

باش راھىبە شۇ گەپلەردىن كېيىن راھىبەلەردىن بىرىگە

مېنىڭ بالامنى قۇچىقىمدىن تارتىۋېلىپ، باش راھىبە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۇتۇپ تۇرغان ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا ئىشارەت قىلدى. مەن تېخى تەلتۆكۈس ئېسىمگە كەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن راھىبەنىڭ يېنىمغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، بالامنى بۇ ياۋۇزغا تارتقۇزۇپ قويماي دەپ جېنىمنىڭ بارىچە تىركەشتىم. مېنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن باش راھىبە تەرىنى تۈرۈپ مېنى ئەيىبلەپ كەتتى:

— قىزىم، سەن ئۆزۈڭنىڭ پەزىلىتى ۋە پاكلىقىغا گۇناھ قوشماقچىمۇ؟ بىلىپ قويكى، گۇناھ خۇددى ئاپپاق پاكىز رەختكە قارا سىياھ تۆكۈلگەندەك ھەممە ياخشىلىقلىرىڭنى بۇلغىۋېتىدۇ. ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشكەن تۇرۇپ، ئىپلاس ئورۇنغا سەكرىمەن دېيىش ئەقىلسىزلىك بولىدۇ! مۇنداق ھاماقەتلىكتىن ھەزەر ئەيلە. بۇ بالا موناستىرىمىزنىڭ مۈلكى، ئۇ ساڭا تەئەللۇق ئەمەس. ئۇنىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك جايى بۇ پەسكەش ئادەمزات دۇنياسى ئەمەس، جەننەت.

باش راھىبە شۇ گەپلەرنى قىلدى ـ دە، ۋەھشىي قوللىرىنى سوزۇپ، تېخى كۆز ئېچىپ باقمىغان بالامنى قاماللاپ تۇتتى. مەن بالامنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ زارلاپ تۇرۇپ:

— مېنى بالامدىن ئايرىۋەتمىسىلە، مېنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمەم يوق! مەن بۇ بالا ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرەج تارتتىم. ئىپپەت ـ نومۇسۇمنى سېلىپ بەردىم. ئۇنى تارتىۋالمىسىلا! تارتىۋالمىسىلا! — دەپ نالە قىلدىم. بىراق، بۇ ئىچى زەھەر خوتۇن مېنىڭ نالەمگە پەرۋا قىلماي، بىرلا ئىشارەت قىلىۋىدى، راھىبەلەر ئېتىلىپ كېلىپ بالامنى تارتىۋالدى، ماڭا قارىتىپ تۇرۇپ بالامنى جاللاتلار ماكانىغا ئاپىرىۋەتتى. ئۆتكەن كۈنى سىزگە ھېلىقى يەر ئاستى ئۆيىنى كۆرسەتتىمغۇ؟ ئەنە شۇ يەردە نەزىر سۇپىسى بار. بالامنى ئەنە شۇ يەرگە ئەكىتىشتى. پاك تەقۋادارلىق كىيىمى كىيگەن پوپ، ۋەزىچى ۋە قېرى راھىبلار جان قىيىدىغان ئۇنداق كۆرۈنۈشنى ياخشىلىقنى كۆرسىتىدىغان

دىنىي مۇراسىم دەپ بىلىدۇ. بۇنداق مۇراسىمغا ياش ۋە ئوتتۇرا ياش راھىبلارنىڭ قاتنىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئانجېلىنا، كۆردىڭىزمۇ، ئۇلار نېمىدېگەن رەھىمسىز؟ بۇنى سىزگە بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرسەم كۇپايە. راھىبە مېنىڭ تۇغۇلغىنىمغا نەچچە سائەت بولمىغان بالامنىڭ گېلىدىن بىرلا سىقىۋىدى، بالام ۋارقىراپمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇ ئالەمگە مەڭگۈلۈك زۇلمەت سۈمۈرۈپ كەتتى. ھە، يەنە بىر ئىشنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن، باغرىمنى يېرىپ چىققان قوزامنى تارتىۋېلىشقان چاغدا شۇنداق ئەسەبىيلىشىپ كەتتىمكى، تېنىمنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي بالامنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كويىدا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئاشۇ جادۇگەر ـ ئالۋاستىلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدىم. يېڭى بوشانغان ئايال بىرنەچچە مىنۇت مېڭىشقىمۇ چىدىمايتتى. مەن بولسام ماڭغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن يومىداقلىشىپ ئېلىشتىم، چىداشلىق بېرەلمەي، يەرگە يىقىلىپ ھوشۇمدىن كېتىپ قالدىم. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن مەن بىتەلەي ئۆلمەي ھايات قالدىم. ھايات قېلىشىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مېنىڭ بىرنەچچە كۈن تىرىك يۈرگۈدەك ھالىم يوق. سىز ئۇنداق ۋەھشىيانە جان قىيىش مۇراسىملىرىغا قاتنىشالمايسىز. سىز تېخى ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن قەپەسكە چۈشكەن قۇش. بۇ قەپەس ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك يېتەرلىك يەمگە ئىگە بولالايسىز. ئۇ ئادەملەر ۋاقتىنچە سىزنى چۆچۈتمەيدۇ. سىزنى مەيلىڭىزگە قويۇۋېتىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن سىز قەپەس ئىچىدە سەكرەپ ئويناشقا باشلىغاندا، ئۇلار قولىلىرىنى سىزگە سوزماي قالمايدۇ ...

— پاربىرا ئاچا، بولدى سۆزلىمەڭ، قورقۇۋاتىمەن ! — دېدى ئانجېلىنا توساتتىن.

ئانجېلىنا يۈرىكى دۇپۇلدەپ، پاربىرا ئېيتقان گەپلەرنى قايتا ئويلاشقا پېتىنالماي قالدى. خېلى چاغلارغىچە ئۇلار زۇۋان سۈرمىدى. يەنە بىرپەستىن كېيىن ئانجېلىنا گويا ۋەھىمىدىن

قۇتۇلۇپ، كۆڭلىگە ئاراملىق تېپىشقا تىرىشىۋاتقاندەك مۇنداق دېدى:

— خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن، بەش قول تەڭ ئەمەس، دېگەن گەپنى ئاڭلايتتىم. بۇ گەپ ئەسلىدە پاك جاي بولغان مۇناستىرغىمۇ، راھەت - پاراغەتنى ئەۋزەل بىلىدىغان ئادەمزات دۇنياسىغىمۇ توغرا كېلىدىكەن. ياخشىلىقتا يامانلىقنىڭ ھەمراھلىقى بۇ يەردىمۇ ئاخىر ئىسپاتلىنىپتۇ. بۇرۇن بەكمۇ ساددا ئويلىغانىكەنمەن ...

— سىزگە يەنە بىر گەپنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى پاربىرا ئېغىر خورسىنىپ، — ئاۋۇ كۆنى سىزنى ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئايلاندۇرغان چېغىمدا، يەر ئاستىدىكى بىر يەرنى ئەتەي سىزگە كۆرسەتمەي ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇ يەرنى ئۆزۈم كۆرۈشكىمۇ، سىزگە كۆرسىتىشكىمۇ پېتىنمىدىم، ئۇ يەرگە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر سىر يوشۇرۇنغان. ئۇ يەردە بېشىدىن - ئايىغىغىچە پۈتۈن ئەزايى چىرىپ يىرىڭلاپ سېسىپ كەتكەن بىرقانچە راھىبە قوپالماي ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتىدۇ. سىز ئۇ ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆرگەن بولسىڭىز زادىلا چىدىيالمايتتىڭىز.

— ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتىدۇ دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ چۈشەنمەيۋاتىمەن، — دېدى ئانجىلىنا چۆچۈپ.

— سىزنىڭ چۈشەنمەيدىغىنىڭىز راست! — دېدى پاربىرا، — شۇڭا سىزگە سۆزلەپ بېرەي دېدىم. ئۇلار ئاياللاردا كۆپرەك بولىدىغان، تېز يۇقىدىغان ئىپلاس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قىلغان سوۋغىتى.

ئانجىلىنانىڭ چىرايىدا قورقۇش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— سوۋغىتى؟ نېمىدېگەن دەھشەت سوۋغات - ھە! — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— مەن ئەسكى قەغەزلەرنى تاشلايدىغان سېۋەتتىن بىر پارچە گېزىت تېپىۋالغانىدىم، — دېدى پاربىرا داۋاملىق سۆزلەپ، —

شۇ گېزىتنى كۆرۈپ بۇرۇن بىلمەيدىغان بىر ئىشنى بىلىۋالدىم. شۇ گېزىتكە جەنۇبىي ئاسىيادا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا تېبابەتچىلىك ئىلمىي تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ خەۋىرى بېسىلغانىكەن. خەۋەردە پاش قىلىنىشىچە، كولومبىيە ئىسىملىك بىر مەشھۇر تەتقىقاتچى جەنۇبىي ئاسىيادىكى مەلۇم بىر موناستىردا دەھشەتلىك بىر ئىپلاس كېسەلنى سىزىپتۇ، ئۇنىڭ مىكروبىنى بىرى سېسىپ كەتكەن ئايال جەسىتىدىن يۇقتۇرۇپ، كېيىن ئۇنى راھىبلارغا يۇقتۇرغان دەپتۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا كۆرگەن شۇ خەۋەردە دېيىلگەن موناستىر مۇشۇ موناستىرنى كۆرسىتەمدۇ قانداق، بىلمىدىم.

— ئۇ كىم بولغىيدى؟ پوپمىكىنا؟ پوپ قانداقلارچە ئايال جەسىتىگە يېقىن يولايدۇ؟ — دەپ سورىدى ئانجېلىنا ھەيران بولۇپ.

— راھىبەلەر راھىبلىقتا ئۆتكەندىن كېيىن پوپنىڭ دۇئاسىنى ئالمىسا، ئاخىرقى ماي سۈرتۈش[1] رەسمىيىتىنى ئۆتىمىسە، روھى جەننەتكە كىرمەيدىكەن. شۇڭا، راھىبەلەر ئۆلسە، دەپنە قىلىشقا يول قويۇلماي، ئىبادەتخانىنىڭ يەر ئاستى سارىيىغا قويۇپ قويۇلىدىكەن. پوپلارنىڭ بويتاق كۈن كەچۈرۈشى ئاتاقتىكىلا گەپ، ئۇلار شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئىشلىرىنى مۇقەددەس ئىش دېيىشىۋالىدۇ، ئۇلار شەھۋانىي ھەۋەسكە قاتتىق بېرىلگەن، — پاربىرا سۆزىنى توختىتىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئانجېلىناغا لەپپىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جېنىم ئانجېلىنا، سىز بۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن تارتىپلا غېمىڭىزنى يەپ كېلىۋاتىمەن. سىزدەك بىر

① كاتولىكلار جان ئۈزۈش ئالدىدا، پوپ ئاغرىقنىڭ قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن ۋە پۇت-قوللىرىغا «خاسىيەتلىك ماي» سۈرتۈپ قويىدۇ ۋە بىرەر ئايەتنى ئوقۇيدۇ، شۇنداق قىلسا، ماي سۈرتۈلگەن كىشى ئۆمرىدە قىلغان گۇناھلىرىدىن خالاس بولۇپ، ئۇ دۇنياغا خاتىرجەم بارارمىش.

مۇسۇلمان ھەمشىرەمنىڭ مېنىڭ كۆنۈمگە قىلىشىغا چىدىمىدىم، سىز جەزمەن بىر ئىلاج قىلىپ قېچىپ كېتىڭ، بولمىسا ...

پاربىرانىڭ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتى ۋە مۇسۇلمان ھەمشىرىسىگە قىلىنغاتقان سەممىي نەسىھەتى راھىبلار ئىبادەتخانىسىغا يېڭىلا كەلگەن ئانجىلىنانىڭ خاتىرجەم ھەم كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ بېشىغا بىرەر ئىش كەلمىگەنلىكىگە قارىماي، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز ۋە پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، قەلبىدە بۇ موناستىرغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان مەھكەم ئىرادە پەيدا بولدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئانجىلىنا پاربىرانىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال يوقلاپ باردى.

پاربىرا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە ئانجىلىنانى كۆردى، پاربىرانىڭ تاتارغان چىرايىدىن ئاغرىقنىڭ ئاران ـ ئاران چىداشلىق بىرىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— جېنىم ئانجىلىنا، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى! مېنىڭ ئەجىلىم توشۇپ قالدى، جان ئۈزۈشتىن بۇرۇن سىز بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ بەك ئەنسىرىگەنىدىم!

ئانجىلىنا ئۇنىڭ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قولىنى تۇتۇپ، تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە: «بۇۋى پاربىرا! ...» دەپ ئەمدى گەپ باشلىشىغا، پاربىرا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— مەن بۇ ئىسمىنى ۋە مۇنداق ئاتاقنى يامان كۆرىمەن. ئۆزىنى پەرىشتە ئاتىۋالغانلارنىڭ پۈتۈن سىرىنى بىلىپ بولدۇم. ئۇلار نامدىلا مۇقەددەس مۇرىت، ئەمەلدە بولسا زىناخورلار! — دېدى.

ئانجىلىنا ئۇنىڭ گېپىنى لايىق تېپىپ:

— ئەمىسە سىزنى ئىككىنچى ئۇنداق ئاتىماي، سىز مېنىڭ

ئاچام، بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئاچا دەۋېرەي، ــ دېدى. پاربىرانىڭ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئانجىلىنا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بىراق، ئاچا، سىز ھاياتتىن نېمىشقا مۇنداق ئۈمىدسىزلىنىسىز؟ سىز ساقىيىپ كېتىسىز.

پاربىرا ئانجىلىنانىڭ قولىنى تۇتۇپ، ناھايىتى ئاجىز ئاۋازدا سۆزلىدى:

ــ مەن سىز بىلەن كۆرۈشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىگەنىدىم، كېلىپ ياخشى قىلدىڭىز. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، پالاكەتكە ئۇچرايدىغان ۋاقتىڭىزنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى. تونۇگۈن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، بىز ھەممەيلەن بىلىدىغان داۋىد ئىسسىملىك روھانىي بۇ يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىدىكەن، ئۇ ئۇچىغا چىققان زىناخور ئىپلاس، سىزنى باش راھىبلار شۇنىڭغا تۇتۇپ بەرمەكچى، چۇنكى سىز يېڭى كەلدىڭىز، ھەممىدىن چىرايلىق، ھەممىدىن ياش، ئۇ يىرتقۇچ سىزدەك ھەم ياش، ھەم يۇمران جاندىن لەززەتلىنىشنى ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىدۇ.

پاربىرانىڭ گەپلىرى ئانجىلىناغا ئۆزىنىڭ ئەجەل سىگنالىنى ئاخىر ئۇقتۇردى. ئانجىلىنانىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى يالقۇنجىدى. ئۇ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ھەممە تىت ـ تىتلىقتىن ئازراق خالاس بولدى.

ــ ئاچا، ــ دېدى ئۇ، ــ سىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ...

ــ ئانجىلىنا! سىز ... ــ دېدى پاربىرا بىر قولى بىلەن ئۇنى تارتىپ، ــ ماڭا ئوخشاش ئاجىزلىق قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. زادى ھېچ ئامال تاپالمىسىڭىز باشقا گەپ، بولمىسا ئۇنداق غەيرىي يولغا ماڭماڭ. ياخشىسى، بىر ئىلاج قىلىپ

قىچىپ قوتۇلۇپ كېتىمەن!
— ئاچا، ھەممە تەرەپ مۇستەھكەم توسۇق تۇرسا، قانداق قاچىمەن؟
— ئۇغۇ شۇنداق، قېچىشقا مۇمكىن بولغان بولسا، نۇرغۇن - نۇرغۇن ياش راھىبەلەر قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر ئامال قىلىش كېرەك ... — دېدى پاربىرا، — بىردىنبىر چارە، دەرۋازىۋەننىڭ يانچۇقىدىكى ئاچقۇچنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىش. بۇرۇن دەرۋازىۋەن ئاچقۇچنى تامغا ئېسىپ قويىدىغان، بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا راھىبەلەردىن بىرى قېچىپ كەتتى، باش راھىبە شۇنىڭدىن باشلاپ ئاچقۇچنى دەرۋازىۋەننىڭ ئۆز يېنىدىن ئايرىماسلىقىنى بەلگىلىدى ... — پاربىرا سۆزلىگەنسېرى ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.
— ئاچا، جېنىم ئاچا، دەم ئېلىڭ. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيمەن.
ئانجىلىنا ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ، ئىشىككە ئىچىدىن دەم سېلىپ قويدى. ئاندىن كارىۋىتىغا چىقىپ ئولتۇردى. پۈتۈن ئەزايى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. پاربىرانىڭ «سىزنى باش راھىبەلەر شۇنىڭغا تۇتۇپ بەرمەكچى ...» دېگەن گېپى قۇلىقىدا جاراڭلاپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ پەس ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى، كۆز يېشى كىيىمىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ گويا ئۆزىنى ئورۇقلاپ ياغاچتەك بولۇپ كەتكەن پاربىرا سىياقىغا كىرىپ قالغاندەك سەزدى. ئۇ يىغىسىنى توختاتتى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، ياستۇقى ئاستىدىن ۋال - ۋۇل پارقىراپ تۇرغان بىرىلىيانت ئۈزۈكنى ئېلىپ، يۈزىگە چىڭ ياقتى.
«يۈسۈپ! ۋاقتى كەلگەندە ئىپپەت - نومۇسۇمنى سىز بەرگەن مۇشۇ يادىكارلىق بىلەن ساقلاپ قالىمەن، مەن مەڭگۈ سىزگە مەنسۇپ. مۇشۇ يادىكارىڭىز ماڭا ھەمراھ بولىدىغانلا بولسا، مېنىڭ ئەڭ ئەزىز بايلىقىمنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ!»

ئانجىلىپنا ئۆزۈكنى كۈچلۈك مېھرى بىلەن سۆيدى،
ئەتىسى، پاربىرانىڭ كېسىلى بىراقلا ئېغىرلىشىپ كەتتى، بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن بىرنەچچە قېرى راھىبەلەردىن باشقا ھەمشىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى توشاي دەپ قالغانىدى. ھەممەيلەن ئۆزاق ۋاقىت بىللە كۈن كەچۈرگەچكە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەمشىرىلەرنىڭ ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پاربىرا مۇقەددەس پەرىشتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى دىن يولىدا جان پىدا قىلغانغا ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پاربىرانىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئاغرىق گەۋدىسىگە تەزىم قىلىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلارمۇ خۇشال بولۇشتى. پاربىرا ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مۇقەددەس روھقا ئىزھار ئېتەر بەلكى.
بىراق، ئۆزاق ئۆتمەي، پاربىرا ئاستا ـ ئاستا ئوڭلىنىپ، قاتتىق ھاسىرىمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەربىكىتى ئاجىزلاپ كەتكەن تومۇرلىرىنىڭ سوقۇشىمۇ سەل كۈچىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ئوڭلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھەمشىرىلەر ياتاقلىرىغا قايتىپ كېتىشتى.
ئانجىلىپنا ياتىقىغا قايتىپ ياتتى. لېكىن، زادىلا ئۇخلىيالمىدى. پاربىرانىڭ يالغۇز قالغانلىقىغا ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايۋاتاتتى. ئۇ كارىۋاتتىن چۈشتى ـ دە، ئاۋايلاپ مېڭىپ پاربىرانىڭ ياتىقىغا كەلدى. پاربىرا جايىدا جىمجىت ياتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابقا چىداشلىق بېرىۋاتاتتى. باياتىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ۋاقتىنچە ئوڭلىنىپ قالغانلىقى سەكرات ئالدىدىكى بىردەملىك ئوڭلىنىش ئىدى. كۆپچىلىك كەتكەندىن كېيىن ئۆزاق ئۆتمەي، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭغا كارىۋات بېشىدىكى شام ھەمراھ بولغاندىن باشقا، يا دۇئا قىلىدىغان، يا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. شام

يىقىش خۇداغا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىر يولى بولۇپ، ئاغرىپ يېتىپ قالغان دىن مۇخلىسلىرى ئۇچۇن بەك زۆرۈر ئىدى. ئانجېلىنا پاربىرانىڭ يېنىغا كىرگەندىن كېيىن ئاران پىلىلداپ يېنىۋاتقان شام نۇرىدىن ۋە ئۆيىنىڭ ئۆلۈم شەپىسىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. بىراق، پاربىرانىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئويلاپ دەررۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ چاققانلىق بىلەن پاربىرانىڭ ئاغزىغا بىرنەچچە قوشۇق سۇ تېمىتتى ۋە ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرنى سۈرتۈپ قويدى. پاربىرا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇنى تامشىدى. ئانجېلىنا ئۇنىڭ ئاغزىغا يەنە ئىككى قوشۇق سۇ تېمىتتى، ئۇنىڭ ئەھۋالى يەنە بىر ئاز ئوڭشىلىپ قالدى. پاربىرا كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئانجېلىناغا قارىدى. لەۋلىرىنى مىدىرلىتىشىدىن قارىغاندا، پاربىرانىڭ سۆزلىگۈسى كېلىۋاتقانلىقى ئايان ئىدى، ئەمما ئاۋازى چىقمايۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ مىڭ تەستە ئاۋازىنى چىقاردى:

— جېنىم ... ئانجېلىنا! مېنىڭ خويمۇ ئوبدان زاۋال ۋاقتىم ... يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ئانجېلىنا يىغلاشقا باشلىدى. پاربىرا يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاستا ئۇزۇپ - ئۇزۇپ نەپەس ئېلىپ يەنە شۇنداق دېدى:

— كۆڭلۈم ... ئارام تاپىدىغان ۋاقىت ... كېلىۋاتسا ... نېمىگە ... يىغلايسىز؟ تېز بولۇڭ ... چاققان قېچىڭ ... — پاربىرانىڭ ماغدۇرى يەتمەي توختاپ قالدى. نەپەس ئېلىشى ناھايىتى قىيىنلاشتى. ئانجېلىنا چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر ئاز سۇ تېمىتىۋىدى، پاربىرا يۇتمايلا قويدى. ئۇنىڭ روھى تېنىدىن چىقىپ باقىي ئالەمگە راۋان بولغانىدى. ئانجېلىنا ئۇنىڭ جەسىتى ئالدىدا تۇرۇپ: «بىزنى ئىگەم ياراتقان، ئاخىر يەنە ئىگەمنىڭ دەرگاھىغا بارىمىز» دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاچ، پاربىرانىڭ يۈزىنى يېپىپ قويدى. ئاندىن ئەلەم بىلەن يىغلاشقا

باشلىدى. ئۇ توساتتىن پاربىرا ئۇچۇن يەنە قانداقتۇر ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەرھال كۆز يېشىنى سۈرتتى ـ دە، كىچىك چاغلىرىدا دادىسى دانىيال ئۆگىتىپ قويغان «ياسىن»نى ئوقۇدى. ئاندىن پاربىرانىڭ يۈزىگە يېپىلغان لاتىنى قايرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ، ئېچىنغان ھالدا ئۆز ياتىقىغا قايتىپ كەلدى.

سەھەردە پاربىرانىڭ ئۆلگەنلىكى موناستىرغا بىر كەلدى. راھىبەلەر ھۆرمەت بىلەن: «بۇۋى پاربىرا قوشلاپ قۇربان بەردى، باشتا ئوغلىنى، كېيىن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بۇۋىگە لايىق ئىش قىلدى !» دەپ مەدھىيە ئوقۇشتى.

موناستىرنىڭ يوسۇنى بويىچە، پاربىرانىڭ جەسىتى پۇراقلىق گۈللەر بىلەن يېپىلدى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى گۈلگە ئوخشايدىغان بەدىنى موناستىردىكى يىرتقۇچلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن قۇرۇق ياغاچقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، مەرسىيە ئېيتىپ، زاراتگاھلىققا قاراپ ئاستا ماڭدى. پاربىرانىڭ بەدىنى ئاخىر كەڭ زېمىننىڭ لەززەتلىك ئوزۇقىغا ئايلاندى.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

پاربىرانىڭ جەسىتى سېرىق تۇپراققا كۆمۈلگەن كۈنى ئاخشىمى ھاۋا بۆلەكچىلا تىنچىق بولدى، دەرەخ شاخلىرى قىمىرلاپمۇ قويمايتتى، پۈتكۈل زېمىن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى.

باشقا راھىبلەرنىڭ ياتىقىدىكىگە ئوخشاش، ئانجىلىنانىڭ ياتىقىدىمۇ چىراغ ۋاقتىدا ئۆچۈرۈلگەنىدى. پەرقلىنىدىغان بىرلا يېرى باشقىلار ئورنىدا يېتىپ، چىپ - چىپ تەرگە چۆمۈلگەن گەۋدىسىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقان بولسا، ئانجىلىنا كىيىمىنىمۇ سالماي بىردەم ئۆرە ئولتۇرۇپ باقاتتى، بىردەم ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى.

ئۇنىڭ ئۇخلاش خىيالى يوق، ئۇخلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانجىلىنا كەڭ ھويلىغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىدىن كېچە ئاسمىنىغا سەپسالدى. ئاھ ! ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق تۇتەك قاپلىغان بولسا، پەس كۆرۈنۈۋاتقان كېچە ئاسمىنىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار ئۆركەشلەپ دولقۇنلىنىۋاتاتتى. ئانجىلىنا كارىۋىتىغا قايتىپ كېلىپ ئاستا ئولتۇردى ۋە ئالدى تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇققا تىكىلدى.

«چاراس - چۇرۇس» قىلىپ چېقىلغان چاقماقنىڭ كۈچىدىن پۈتكۈل ئىبادەتخانا زىلزىلىگە كېلىپ كەتتى. ئانجىلىنا قاتتىق چۆچۈپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

ھاۋا يەنە بىر رەت قاتتىق گۈلدۈرلىدى. ئەمما، بۇ قېتىم قولاقنى يارغۇدەك چاراسلاپ، خۇددى ئادەمنىڭ بېشىدىلا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. گۈلدۈرماما ئاۋازى بىلەن تەڭلا چېقىلغان

چاقماق يورۇقىدا ئانجېلىنا تېخى ئاخشاملا پاربىرا ياتقان ئۆدۆلدىكى ياتاقنىڭ دېرىزىلىرىنى كۆردى. ئۇ ئىچىگە تىترەك ئولىشىپ، پاربىرانى قايتا يادىغا ئالدى. ئۇ ئاخشام پاربىرانىڭ قېشىدا تۇن نىسپىگىچە دېگۈدەك تۇرغانىدى. چاقماقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن تەڭ پاربىرانىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئازابلىق چىرايى ئانجېلىنانىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم نامايان بولدى. بۇ قورقۇنچلۇق ماكاندا ئانجېلىنانىڭ ئادىشىپ ئالۋاستى چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن غەم يېيدىغان باشقا بىرەرى قالمىغانىدى. توساتتىن، ئانجېلىنانىڭ قۇلىقىغا پاربىرانىڭ سەكرات ئۈستىدە بەرگەن سەمىمىي مەسلىھەتى، ھېلىقى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئۇقتۇرغان چاغدىكى ئاجىز ئاۋازى قايتىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى.

ھاۋا يەنە بىر قېتىم قاتتىق گۈلدۈرلەپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز ئاڭلانغاندا، ئانجېلىنانىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ، گويا ئىشىكتىن بىرى ئېتىلىپ كىرىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن ئىشىككە مىختەك تىكىلدى.

بوران گۇرۇلدەپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. كېچىنىڭ تىنچىقىدىن يەتكۈچە قىينالغان كىشىلەر ئاخىر بۇ ئۆيدان پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

«... سىزنى باش راھىبەلەر شۇنىڭغا تۇتۇپ بەرمەكچى ...»

«... چاققان قېچىپ كېتىڭ !»

«بىردىنبىر چارە دەرۋازىۋەننىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىش ...»

بوران بارغانسېرى قاتتىق گۇرۇلدەپ، يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيدى. ئانجېلىنانىڭ قۇلاق تۈۋىدە پاربىرانىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلانغاندەك بولۇپ، يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

يەنە بىر قېتىم چاقماق چېقىلغاندا پاربىرا ياتقان ئۆينىڭ دېرىزىسى ئانجېلىنانىڭ كۆزىگە يەنە كۆرۈندى. ئانجېلىناغا خۇددى پاربىرا ئۆزىنى ئالدىرىتىۋاتقاندەك، كۆزنى چەكچەيتىپ

قاراۋاتقاندەك، «تېز قېچىڭ! ...» دەپ مەدەت بېرىۋاتقاندەك بىلىندى.

ئانجېلىنا ئەمدى ئارىسالدى بولۇپ تۇرىۋەرمەي، ئەزەلدىن قىلىپ كۆرمىگەن ۋە قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ سىلىۋەتكىنىگە بىر ئايدىن ئاشقان كىيىمىنى كىيدى، ياستۇق تېگىدىن پارقىراپ تۇرغان ھېلىقى بىرىليانت ئۇزۇكنى ئېلىپ، لەۋلىرىگە يېقىپ سۆيگەندىن كېيىن قولىغا سېلىۋالدى، ئاندىن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ھويلىغا سەپسالغاندىن كېيىن چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان كارىدوردىن ئايلىنىپ ئۆتتى، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئارقا تامنى ياقىلاپ، دەھشەتلىك بوران ۋە يامغۇردا ھويلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشىمۇ، يۈرىكى ھەددىدىن زىيادە سەكرەپ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ ھەربىر چاقماق چېقىلغاندا دەرھال توختاپ، ئالدىدىكى يولنى ئېنىق كۆرۈۋالاتتى؛ چاقماق ئۆتۈپ كەتكەن ھامان ئىتتىك ئالغا چامدايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. غەزەپلىك گۈرۈلدەۋاتقان بوراندا پۈتكۈل موناستىرنىڭ ئىچى تاراڭ - تۇرۇڭ، جاراڭ - جۇرۇڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئانجېلىنانى كەينى تەرەپتە ئاڭلىنىۋاتقان غەلىتە ئاۋازلار نەچچە قېتىم قورقۇتۇۋەتتى. بۇ دەھشەتلىك بوران - يامغۇر بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىۋاتقاندەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا پېشكەل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، مۇشۇ خىلمۇخىل ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئادەم شەپىسى يوشۇرۇنغان بولمىسۇن، بىرنەچچە قارا قولنىڭ گېلىمدىن سىقماقچى بولۇپ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالماي، دەپ ئويلاپ، شۇنى بايقاش، شۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش ئىمكانىيىتىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېرۋىسى ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى دەرۋازىۋەن ياتىدىغان ئۆينىڭ دوقمۇشىغا يېتىپ

كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بايىقىدىنمۇ بەكرەك سىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ قاراڭغۇ تامغا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ بىردەم تۇرۇپ، ئۆزى كەلگەن تەرەپتىكى يولدا ھېچقانداق شەپە يوقلۇقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاۋايلاپ مېڭىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قۇلىقىنى ئىشىك يوچۇقىغا يېقىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى، ئۆيئىچىدىن قاتتىق خورەكتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىتتىرىۋىدى، ئېچىلمىدى، يەنە بىر ئىتتىرىۋىدى، يەنە ئېچىلمىدى، دەرۋازىۋەن ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالغانىكەن.

«جاڭ!» قىلغان بىر ئاۋازدىن ئانجىلىنا غال ـ غال تىترەپ كەتتى. ئۇ تۇرغان يېرىدە مىدىر قىلماي بىرھازاغىچە قېتىپ قالدى. ئۇ ئاۋاز توختاپ ئۇزاق ئۆتمەي، يۇزىدىكى چىلىق ـ چىلىق سۇلارنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدى، ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بۇلۇڭغا كېلىپ، ئالدى تەرەپتىكى سىم تورلۇق دېرىزىنىڭ بوراندا ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئانجىلىنا بۈگۈن كېچە ئادەمزات دۇنياسىدا بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرغان ئاللاغا چىن دىلىدىن تەشەككۇر ئېيتتى.

ئۇ پەم بىلەن دەسسەپ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، دېرىزىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئىچكىرىگە كۆز يۈگۈرتتى. دەرۋازا سىرتىدا يېنىپ تۇرغان يول چىرىغىنىڭ نۇرىدا خام سېمىز بىر ئەرنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇ كۇساردىن باشقا ھەممە نېمىسىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ ياتاتتى. ئانجىلىنا مۇنداق قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. «پاربىرا دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئاشۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىدا دېگەنىدى، كىيىملىرى نەدىدۇر؟» ئانجىلىنانىڭ كۆزى بىردىنلا كارىۋات بېشىدىكى ئورۇندۇققا ئارتىپ قويۇلغان ئىشتانغا چۈشتى. دېرىزە تەكچىسى ئانجىلىنانىڭ كۆكرىكىگە كېلەتتى. يېقىن يەردە يامغۇرغا

چىلىنىپ كەتكەن بىر ئورۇندۇق تۇراتتى. ئانجېلىنا شۇ ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ دېرىزە ئالدىغا قويدى، ئۇ ئورۇندۇققا ئەمدىلا بىر پۇتىنى ئېلىشىغا، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سەكرەپ، پۇتلىرىمۇ غال ـ غال تىترەپ كەتتى. ئۇ ئورۇندۇقتىن پۇتىنى يەرگە ئېلىپ تامغا يۆلەندى ـ دە، ئۆزىنى بېسىۋالماقچى بولدى.

ئانجېلىنا ئاخىر دېرىزىدىن ئارتىلىپ ئۆيگە كىردى. بىراق، ئۇ يەرگە چۈشۈپ، تۈزۈك دەسسەپ ئورۇندۇق تەرەپكە ماڭماي تۇرۇپلا، قورقۇپ يىقىلىپ چۈشۈشكە قىل قالدى. دەرۋازىۋەن تۇيۇقسىز ئېغىناپ، بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتاتتى. ئانجېلىنا دەرھال يەرگە زوڭزىيىپ، ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن بېسىپ ئولتۇرۇۋالدى، دەرۋازىۋەن يېڭىباشتىن خورەك تارتىشقا باشلىغاندا، ئانجېلىنا ئۆرە بولۇشقا پېتىنالماي، ئۆمىلەپ ھېلىقى ئورۇندۇققا يېقىن كەلدى. ئۇ تىترەۋاتقان قولى بىلەن ئورۇندۇقتىكى ئىشتاننى سىلىغانىدى، قولىغا ناھايىتى يوغان بىر ئاچقۇچ ئۇرۇلدى. شۇ پەيتتە ئانجېلىنانىڭ قاتتىق سېلىۋاتقان يۈرىكى كانىيىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، بىر قولى بىلەن ئىشتاننىڭ ئورۇندۇققا ئارتىلىپ تۇرغان بىر ئۇچىنى بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئاچقۇچنىڭ زەنجىرىنى بويلاپ سىلاشتۇردى. ئۇ توساتتىن يېڭى بىر پېشكەللىككە ئۇچرىدى: زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ئىشتانباغقا قانداق چىگىلگەنكىن ئانجېلىنا ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدى. ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، كارىۋاتتا ياتقان ئەر تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ قالىدىغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيۋاتاتتى. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ تۇرغاچقا، ئىشتاننى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر قولىدا قۇچىقىغا قويۇپ بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا زەنجىرنى تارتىپ ئۈزۈۋالدى. ئاندىن غال ـ غال تىترىگەن پېتى ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئىشىكنى گەۋدىسىدە توسۇپ، تاقاقنى ئاستىلا چىقىرىۋەتتى ۋە ئىشىكنى ئاچقاندىن

كېيىن ئاۋۋال ئەتراپقا سەپسالدى، ئاندىن ئېڭىشىپ ماڭغان پېتى دەرۋازىغا كېلىپ، ئېغىر تۆمۈر قۇلۇپنى ئېچىپ، يوغان دەرۋازىنى ئاستا ئىتتەردى.

دەرۋازىدىن ئاخىر ئادەم پاتقۇدەك بىر يوچۇق ئېچىلدى.

ئانجېلىنا موناستىردىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزى بىر ئاي ئىلگىرى كەلگەن تەرەپكە قاراپ بار كۈچى بىلەن چاپتى.

تاڭغا يېقىن بوران سېلىكىپ، يامغۇر توختىدى، ماھىنۇرمۇ پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدى.

پويىز ئىستانسىسىنىڭ سىرتىدا ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. كېچىچە چىققان بوران، ياغقان يامغۇر يەر يۈزىنى پاك ـ پاكىز قىلىۋەتكەنىدى. ۋوگزال ئىچىدە جۇل ـ جۇل كىيىملىك مۇساپىرلار ئۇڭدا ـ دۈمدە يېتىشاتتى. ماھىنۇر بەك چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن بوش ئورۇن تېپىشنى ئويلىدى. لېكىن، توساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ چىرايىدىكى هارغىنلىق ئالامەتلىرى بىردىنلا غايىب بولدى. ئۇنىڭغا گويا كەينىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ دەررۇ ۋوگزالدىن چىقىپ، ئالدى تەرەپتىكى بىر بېكەتكە قاراپ ئىتتىك ماڭدى.

ئۇ موناستىردىن چىققاندىن كېيىن ھېچ ئويلىنىپ تۇرماستىن ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا قايتىپ بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ موناستىر جايلاشقان شەھەردىن چىقىپ بولغانىدى. ئۇ تۆمۈريولغا يانداش تاشيولنى بويلاپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ تەسلىكتە كېتىۋاتاتتى، موناستىردىكىلەرنىڭ ئۇنى بۇ يەرگىچە قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قايسى شەھەرنىڭ قانداق يېرىدىن كەلگەنلىكىنى بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشقان پاربىرادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ ماڭغانسېرى بەكرەك خاتىرجەم بولۇپ قالدى، ئەمما بارغانسېرى چارچاپ ھەم چاڭقاپمۇ كەتتى. ئۇ تارتقان دەردلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە پېتىنالمىدى،

چۈنكى ئۇنىڭ تۇنۇگۇن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئەقلى يەتمەيتتى. بەزىلەر ئۆلۈك دۆۋىسى ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىشنى ھەممىدىن قورقۇنچلۇق دېيىشىدۇ، لېكىن ماھىنۇر ئۇچۇن ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈن كېچىدىكى خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى ئالدىدا ئۇ ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. ماھىنۇر ئەرۋاھلار رويخېتىگە چۈشۈپ بولغان پاربىرانىڭ روھىنىڭ ئالدىرىتىشى، مۆجىزىدەك چىققان بوران، ياغقان يامغۇرنىڭ مەدىتى، ھېكمەتلىك گۈلدۈرماما، سېھىرلىك چاقماقنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ھېلىقى تەمبەل ئەرنىڭ ھەرقاچان كۆزىنى ئېچىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئەھۋال ئاستىدا جاھاندا ئەڭ نوچى ئوغرىلارغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ، يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى. نازۇك، ئاجىز ۋە ئەدەپلىك بۇ قىزنىڭ ئادەتتىكى كۈچلۈك ئادەملەرمۇ قىلىشتىن ئەيمىنىدىغان شۇنداق ئىشنى قىلغانلىقى پۈتۈنلەي رەھىمسىز تەقدىرنىڭ ئۇنى تار يەرگە قىستاپ، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېيىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىدىن بولغانىدى. ئۇ توختىماي كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھەرىكەتلىرىنى ئاكىسى كۆرۈپ، قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقاندەك ئويلاپ كەتتى.

ماھىنۇر گاھ مېڭىپ، گاھ دەم ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇردى.

ئالدى تەرەپتە ئاخىر بىر كىچىك مەھەللە كۆرۈندى. ماھىنۇر مەھەللىگە كىرىپ، مىغ ـ مىغ ئادەملەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، پويىز بېكىتىگە يېقىن بىر چايخانىدا بىر چىنە چاي ئىچىپ، ئازراق بىرنەرسە يېدى، ئاندىن ۋوگزالنىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاتنايدىغان كېيىنكى نۆۋەتلىك پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

چۈشتىن كېيىن مىكائىل قەبرىستانلىقتىكى ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھويلىغا كىرىپلا، ھويلىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان

سىڭلىسىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ يانغا قارىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلداپ تۇراتتى.

— شاھبانۇ! سىز ... — مىكائىل يۈگۈرۈپ بېرىپ سىڭلىسىنىڭ بېشىنى باغرىغا بېسىپ ئىككىنى سۆيدى، ئاندىن ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — قايتىپ كەپسىز، جېنىم سىڭلىم! نەلەردە يۈردىڭىز؟ مېنى تاشلاپ ئۆزىڭىزلا كېتىپ قالغىنىڭىزنى قاراڭ! نېمىلا ئىش بولسىمۇ ھەرگىز ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدى. ئۇنىڭ شاھبانۇنى «نېمىلا ئىش بولسىمۇ ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىنىمىزدىن ۋاز كەچمىسىڭىز بولاتتى!» دەپ ئەيىبلەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ گېپىنى دېمىدى. ئۇ «ئەتىگىنى يولدىن ئازغان ئادەم ئاخشىمى قايتىپ كەلسە، ئازغان بولمايدۇ» دېگەن گەپنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىدىن ئەلا دېگەن يەرگە كەلگەنىدى.

شاھبانۇ ئازابلىنىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇ گويا بالا - قازادىن ئامان قېلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەن كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى، يامغۇردەك ياش تۆكۈشتىن باشقا ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى قايتىدىن ئېسىگە ئالغانىدى.

سىڭلىسىنىڭ ئازابلىنىپ زادىلا گەپ قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مىكائىل ئۇنىڭ ئېيتالمايۋاتقان دەردى بارلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ سورىماي، چىرايلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى:

— شاھبانۇ، سىزنى ماڭا يەنە بىر نۆۋەت ئەكىلىپ بەرگەن شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاغا رەھمەت. ئەمدى مەندىن نېرى كەتمەڭ، بىز مەڭگۈ بىللە ياشايلى، مەن قەيەرگىلا بارسام، سىزنى بىللە ئېلىپ يۈرىمەن. ئاڭ... ئاڭلاۋاتامسىز؟

ئۇ شاھبانۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىردى ۋە يۈزىنى

يۈيۈپ دەم ئېلىشنى تاپىلىدى. ئۆزى شاھبانۇغا غىزا تەييارلاشقا كىرىشتى.

مىكائىلىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى شاھبانۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، ئۇنىڭ دىندىن يۈز ئۆرۈش ھەرىكىتى ئاكىسىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاكىسى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى، قاتتىق گەپ قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى. شاھبانۇ ئاكىسىنىڭ يېنىدىلا بولىدىغان بولسا، ئۇ ئاكىسى ئۈچۈن ئاللا ئاتا قىلغان ئەڭ زور مۇكاپات، شۇ شور پېشانە ئاكىسى ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى، ئون نەچچە يىل مابەينىدە ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئائىلىسى خانىۋەيران بولغان شۇ بەختسىز ئاكىسى ئۈچۈن ئەڭ زور روھىي مەدەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئاھ، قېرىنداشلىق مۇھەببەت!

— ئاكا ... — دېدى كارىۋاتتا يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقان شاھبانۇ ئاخىر ئاستا ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — مەن نازپەرۋەر ئىككىمىزلارنىڭ ئالدىدا خىجىل. بۇ قېتىمقى بەختسىزلىكىم ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئۆزۈم ئەيىبلىك ...

مىكائىل ئىككى تال پىششىق تۇخۇم بىلەن بىر ئىستاكان چاي ۋە بىر نەچچە تال پېچىنىنى شىرەگە قويۇپ، شاھبانۇنى كارىۋاتتىن چۈشۈپ يېيىشكە دەۋەت قىلغاچ:

— سىڭلىم، — دېدى خۇش چىراي بىلەن، — سىزگە ئېيتتىمغۇ، يېنىمدىلا بولسىڭىز، خۇشال بولۇشتىن باشقا گېپىم يوق. سىزگە ئېيتىدىغان بىرلا سۆزۈم، ئۆز دىنىمىزدىن كەچسىڭىز بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىن، بۇ دىن بىزگە بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا قەيسەر بولۇشنى ئۆگەتكەندۇكى، ھەرگىز ئۇنداق ... ئاندىن قالسا ئادەمنى ئەنسىرىتىدىغان يەنە بىر ئىشىمۇ بار، مەملىكىتىمىزدە ئايالارغا پاناھ بولىدىغان موناستىرلارنىڭ

كۆپلۈكىدە گەپ يوق، مۇبادا سىز ناپاك بىر يەرگە كىرىپ قالسىڭىز ...

مىكائىلنىڭ گېپى تۈگىگۈچىلا شاھبانۇ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. مىكائىل دەررۇ گېپىنى توختىتىپ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، شاھبانۇنىڭ دۈمبىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى ۋە ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى.

— ئەمىسە بولغان ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ. نېمىلا ئىش بولسىمۇ سىزدىن كۆرمەيمەن. يېنىمغا قايتىپ كەلدىڭىزمۇ بولدى، — دېدى مىكائىل سىڭلىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ.

شاھبانۇ موناستىردا بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— ئاللا سىزنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. شۈكۈر قىلىڭ، يىغلىماڭ. ئىشقىلىپ، ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماپسىز، بۇنىڭغا خۇشال بولساق بولىدۇ. سىڭلىم، سىزگە خىيالىڭىزغا كېلىپ باقمىغان بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، — دېدى مىكائىل كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ كارىۋاتتىن دەس تۇرۇپ.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى شاھبانۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— سىز كېتىپ قالغاندىن كېيىن نازپەرۋەر ئىككىمىز بەك پۇشايمان يېدۇق. بۇ خەۋەرنى سىزگە ئۇقتۇرۇشتا بىر كۈن كېچىككەنلىكىمىز ئۈچۈن مۇشۇ پالاكەتچىلىكلەر يۈز بەردى. يۈسۈپ مەشەدە تۇرۇۋاتىدۇ ...

— يۇ ... سۈپ؟ — دېدى شاھبانۇ كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن سىز كۆمۈلگەن ئىچى بوش قەبرىگە بېرىپ تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. شۇ ئاخشىمى مىرزابان تاغام ... — مىكائىل يۈسۈپ مۇشۇ قەبرىستانلىققا كەلگەن كۈنى ئاخشىمى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى

بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، ھازىر ئۇ ئىشلارنى سىڭلىمغا ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەس دېگەن ئويى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مىرزابان تاغام بىزگە ئۇنى قوندۇرۇپ قىلىڭلار، دېدى. كېيىن ئۇقساق، ئۇ سىزنىڭ يىگىتىڭىز يۇسۇپ ئىكەن. ھە راست، يەنە بىر خۇش خەۋەرنىمۇ ئېيتىپ قوياي، يۇسۇپ نازپەرۋەرنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى ئىكەن ...

— نېمە ؟ — دېدى شاھبانۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۇ ئاكىسىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى.

— بولدى، بۇ ئىش توغرۇلۇق بىردەم تۇرۇپ سۆزلىشەيلى، ئاۋۋال سىزگە يۇسۇپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇراي، بولمىسا يەنە قېچىپ كېتىپ يۈرمەڭ، — مىكائىل كۆڭلى ئېچىلىپ سىڭلىسىغا چاقچاق قىلغىلى تۇردى.

— ئاكا، سىز ... — دېدى شاھبانۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىشتىن يىراق ئىدى. ئۇنىڭ يۇسۇپ توغرىسىدىكى گۇمانى كۆڭلىدىن چىقىپ كەتمىگەچكە، ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە ئاسانلىقچە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

— شاھبانۇ، يۇسۇپ سىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ قەبرىستانلىقتا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى گۈلدەستە تەييارلاپ ھېلىقى ئىچى بوش قەبرىنىڭ بېشىغا قويدى. ئاندىن يەنە يىغلىدى. كۆڭلى بەك بۇزۇلغانلىقى، تېنى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ كۈنى قەبرە بېشىدىن قايتىپ كېلىپلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى ...

شاھبانۇ خۇددى باشقا بىر ئادەمنىڭ كۆرگەن چۈشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى. مىكائىل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— نازپەرۋەر كۆڭۈل قويۇپ كۈتكەچكە، يۇسۇپ نەچچە كۈنگە قالماي ئوڭلىنىپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ تېنى يەنىلا ئاجىز، سىزمۇ شۇ كۈنلەردە ئەمدىلا كارنۋاتتىن چۈشۈپ، ئانچە ـ مۇنچە ماڭالايدىغان بولۇپ قالغانىدىڭىز. نازپەرۋەر ئىككىمىز سىلەرنىڭ

سالامەتلىكىڭلاردىن ئەنسىرەپ، ۋاقىتنى سەل كېچىكتۈرۈش، ھەر ئىككىڭلار كۈچلۈك ھاياجانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولغاندا ئاندىن ئۇقتۇرۇشنى ئويلىغانىدۇق. بىراق، بىز ئۇقتۇرۇپ بولغۇچە سىز كېتىپ قاپسىز، بىز قاتتىق پۇشايماندا قالدۇق.

— سىز ئۇنىڭ مېنى دەپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى شاھبانۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي.

— بۇنىڭ شەك كەلتۈرىدىغان يېرى يوق. سىز كېتىپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا سىز توغرۇلۇق گەپ قىلمىدۇق، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بامداتتىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئاشۇ قەبرە بېشىغا گۈل قويۇش بولۇپ كەلدى. ئۇ نازپەرۋەرنى، سىزنىڭ قەبرىڭىزنى دەپلا مەشەدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۆز ئاپىسىنىڭ سىزگە زەھەرلىك قول سوزغان باش جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى نازپەرۋەرگە ئېيتىپتۇ. ئاپىسىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىدىكەن، شۇ سەۋەبتىن ئۆيىگە ئىككىنچى قايتىپ بارماسلىق قارارىغا كەپتۇ ...

شاھبانۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، ئۇ يۈسۈپتىن داۋاملىق گۇمانلىنىۋېرىشكە ئاساس تاپالماي، ئىتتىك كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئۇ ھازىر نەدە! — دەپ سورىدى.

— مىرزابان تاغامنىڭ ئۆيىدە، مۇنداق قىلايلى، سىز ئاۋۋال ئاز - تولا بىرنەرسە يېگەچ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، بولامدۇ؟ — دېدى مىكائىل سىڭلىسىنىڭ بىردىنلا چاقنىغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ.

شاھبانۇنىڭ بىرنەرسە يېيىشكە كۆڭلى بارسۇنمۇ، ئۇنىڭ تۈزۈكرەك دەم ئېلىپ باقمىغىنىغا، بىرنەرسە يەپ باقمىغىنىغا ئىككى كېچە - كۈندۈز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە پويىزدىن چۈشۈپ بىرئاز دەم ئېلىۋالغان، بۈگۈن قاق

سەھەردىلا شەھەردىن قوزغىلىپ توپتوغرا بۇ يەرگە چىپىپ كەلگەنىدى. كېچە ـ كۈندۈز سېغىنغان يۈسۈپ يېنىدىلا تۇرسا، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھاياجانلانغۇدەك ئىش بولامتىمۇ؟ چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۈچ ئاي ئىچىدە شاھبانۇ ئىككى قېتىم چوڭ پالاكەتكە ئۇچراپ ئامان قالدى. ئەگەر گۈزەلنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا كەلگەندە گۈزەلنىڭ تەلىيى تەتۈر بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ ... ئۇنىڭ يىگىتىگە ئېيتىدىغان گەپلىرى نېمىدېگەن جىق ـ ھە؟ يۈسۈپنىڭچۇ، ئۇنىڭمۇ شۇنداقمىدۇ؟

شاھبانۇ ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، مىكائىل ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، قەبرىستانلىقنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى.

مىرزابان ئىشى چىقىپ قالغاچقا ئۆيدە يوق ئىدى. مىكائىل ئۆيگە كىرىپلا، نازپەرۋەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تالا تەرەپكە تارتتى، نازپەرۋەر قورقۇپ كەتتى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى نازپەرۋەر قولىنى ئاجرىتىۋېلىشقا تىرىشىپ.

— سىڭ... سىڭلىم ... شاھبانۇ ... قايتىپ كەلدى ! — دېدى ھاسىراپ ھالى قالمىغان مىكائىل.

— نېمە؟ — نازپەرۋەر خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى ۋە غۇلىچىنى يېيىپ مىكائىلنى قۇچاقلىماقچى بولدى. لېكىن، شۇ زامان غۇلىچىنى يىغىۋالدى. ئۇلار ئۆز ھاياجىنىنى ھېچقاچان مۇنداق يول بىلەن ئىزھار قىلىشىپ باقمىغانىدى، شۇڭا خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ بىردەملىك ئوڭايسىزلىقىنى يېپىش ئۈچۈن، بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي سورىدى:

— ھە ! چۈشەندىم، ئىككىمىز بىللە بېرىپ يۈسۈپ ئاكامغا خەۋەر قىلايلى دەۋېتىپسىز ـ دە، شۇنداقمۇ؟ ئە ... ئە ... ئەلۋەتتە.

مىكائىلنىڭ بۇ گېپىگە نازپەرۋەر ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك

قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئادەتتىكى چاغلار بولغان بولسا مىكائىل ئۇنىڭ مۇنداق كۈمۈش قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازىدىن هۇزۇرلىنىپ ئېسىنى يوقىتىپ قويىغان بولاتتى. بىراق، هازىر كۈلكىدىن هۇزۇرلىنىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ نازپەرۋەرنى قويۇۋېتىپ، ئۇدۇل يۈسۈپنىڭ ياتقى تەرەپكە چاپتى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ، يۈسۈپنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، مىكائىل ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەي دەپ، ئاۋايلاپ مېڭىپ يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىمكانقەدەر سىلىق ئاۋازدا دېدى:

— يۇ ... سۇپ، يۈرۈك! شاھبانۇنىڭ ياق، ما ... ماهىنۇرنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇ ...

— نېمە دېدىڭىز؟ نېمە دەۋاتىسىز مىكائىل، نېمە بولدىڭىز؟ — يۈسۈپنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن تىترەشكە باشلىدى. مىكائىلنىڭ يۈرۈكى، ماهىنۇرنىڭ قېشىغا بارايلى، دېگەن گېپى يۈسۈپنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغانىدى. شۇ ئەسنادا، نازپەرۋەر كىرىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ هالىتىنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندى:

— مىكائىل، قاراڭ تۇرقىڭىزنى، بۇ هالىڭىزنى كۆرسە ساق ئادەمنىڭمۇ جېنى چىقىپ كېتىدۇ! — دېدى نازپەرۋەر مىكائىلنى چەتكە ئىتتىرىپ، ئاندىن يۈسۈپكە قاراپ سۆزلىدى، — ئاكا، مۇنداق ئىش ئىدى، بىز سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەن، ئاۋۋال ئولتۇرۇڭچۇ.

يۈسۈپ تاياقتەك قاتقان پېتى سىڭلىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ، قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى.

— ماهىنۇر هەدەم ئۆلگىنى يوق، ئۇنى بىز قۇتقۇزۇۋالغان. سىز هەر كۈنى بېرىپ يوقلاپ تۇرۇۋاتقان قەبرىنىڭ ئىچى قۇرۇق. يېڭى كەلگەن كۈنلىرىڭىزدە قارىساق سالامەتلىكىڭىز بەكلا ناچار تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە ماهىنۇر هەدەممۇ ئەمدىلەتىن كارىۋاتتىن يەرگە چۈشەلەيدىغان بولغانىدى. بىز ئىككىمىز

مەسلىھەتلىشىپ سىزگە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇقتۇرايلى دېۋىدۇق. بىراق، ئىككىڭلارنى كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇ ... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نازپەرۋەر بىردىنلا توختاپ قالدى. چۈنكى، شاھبانۇنىڭ موناستىردىن نېمە سەۋەب بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنى مىكائىل ئۇنىڭغا تېخى ئېيتقۇدەك بولمىغانىدى، ھېلىمۇ ياخشى، مىكائىل دەرھال سۆز ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— ئۇ موناستىرنى ئۆمۈرۋايەت خاتىرجەم ئۆتۈشكە بولىدىغان جاي دەپ ھېسابلاپتىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ قىزلارنى پوپلار ئاياغ ئاستى قىلىدىغان جاي ئىكەن. ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، پاربىرا ئىسىملىك بىر راھىبە ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىپ، شۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى، بولۇپمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پاربىرا جان ئۈزۈش ئالدىدا ئاشۇ ۋەھشىيلەرنىڭ ماھىنۇرغا چاڭگال سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ، ماھىنۇرنى چاققان قېچىشقا دەۋەت قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ماھىنۇر ئالدىنقى كۈنى كېچىدە بوران چىقىپ، يامغۇر شارقىراۋاتقان، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوغرىلاپ، يولۋاس ئاغزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. قادىر ئاللا بىز بەندىلىرىنى ئۆز پاناھىدا ئەنە شۇنداق ساقلايدۇ.

يۇسۇپ گويا باش قايدۇرىدىغان ئۆركەشلىك قايىنامدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغۇچى قىرغاقنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ يېقىنقى بىر ئاي ئىچىدە مىكائىلنىڭ ياتىقىغا ئىككى رەت بارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يول باشلاش كەتمەيتتى. ئۇ مىكائىللارغا گەپ ـ سۆز قىلماي، يوغان ـ يوغان چامداپ ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇب دوقمۇشىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئارقىسىدىن مىكائىل قوغلاپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، نازپەرۋەر ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ساراڭدەك شاپاشلاپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ، تاماشا كۆرگىلى باردىغاندەك قىلىسىز! — دېدى.

— ئۇنداقتا ...

— بىز ئاستىراق مېڭىپ، كېيىنرەك بارساقمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىڭلىمنى يەپ قويمىسۇن دەپ قورقۇۋاتامسىز يا؟

مىكائىل گەپنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ، نازىپەرۋەرگە قاراپ خىرىلداپ كۈلۈپ قويدى.

مىكائىل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاھبانۇنىڭ يۈرەكلىرى ئۇيناپ، بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى زەخمىگە ئۇچراپ، قاراڭغۇ ھەم سوغۇق جىلغىنىڭ ئاستىدا قىينالغان، ئۈلۈشكۈن كېچىدىكى بوران - يامغۇرنىڭ كۈچى بىلەن بىراقلا چوققىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، كۈنچىقىشتىن ئۆرلەۋاتقان قىزىل قۇياش نۇرىغا قايتا چۆمگەن ياۋا گۈلدەك ھېس قىلسا، يەنە بىر تۇرۇپ ئۆزىنى گويا ھەممە يېرىدىن خەتەرلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىزدا لەيلەپ قالغان ۋە دولقۇنلار ھەرقانچە شاۋقۇن سېلىپمۇ چۆكتۈرۈۋېتەلمىگەن بىر تال يوپۇرماقتەك ھېس قىلاتتى.

توساتتىن يىراقتىن ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ماھىنۇر، يۇسۇپ كېلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاشقا باشلىدى. ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى گويا ئەينەك ئۈستىدە غىرىلداۋاتقان ساقىدەك ئويناقلاپ ھېچلا توختىمايۋاتاتتى، ئۈلۈشكۈن كېچىدىمۇ شۇ تەرىقىدە سوقۇپ كەتكەنىدى. بىراق، بۈگۈنكىسى ئۇ كۈنكىدىن باشقىچە ئىدى. ئۇ چاغدا يۈرىكى قاتتىق سوققاندا ئۇ تۈگۈلۈپ يېتىۋالايلا دەپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەكسىچە، قەلبى ناھايىتى ئازادە ئىدى.

— ماھى... نۇر! — دېگەن ھاياجانلىق ئاۋاز ھويلىدىلا ئاڭلاندى. ماھىنۇر ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇۋىشىغا، يۇسۇپ كىرىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ماھىنۇرمۇ يۇسۇپنى پۈتۈن

كۆچى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى. ھەر ئىككىسى تەڭلا ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ماھىنۇر، گۈلۈم ... يىغلىغان يىغام ئىجابەت بولۇپ ... سىزنى گۆردىن يېنىپ چىقار دەپ ... ئويلىماپتىكەنمەن، — يۇسۇپنىڭ كۆز يېشى ماھىنۇرنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرىنى بويلاپ كەينىگە ۋە پېشانىسى بىلەن يۈزىگە چۈشتى. ماھىنۇر بايىقىدىنمۇ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدى.

يۇسۇپ توساتتىن ماھىنۇرنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغان قولىنى بوشىتىپ، كۆز يېشىنى سۈرتتى ۋە:

— ماھىنۇر، جېنىم ماھىنۇر، يىغلىماڭ، بىز ئەمدى يىغلىماي كۈلسەك بولىدۇ، قېنى بىر كۈلۈڭە! — دېدى.

ماھىنۇر تېخىچە يۇسۇپنى قويۇپ بەرمەي يىغلاۋاتاتتى، يۇسۇپ ئەمدى ئۇنىڭغا:

— بېشىغا كۈن كەلگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ دوستلۇق مېھرى كۈچلۈك، مۇھەببىتى ئۆمۈرلۈك بولىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؟ ئىككىمىزنى ئەنە شۇنداقلاردىن دېسەك بولىدۇ. گەرچە بىللە تۇرۇپ باقمىغان بولساقمۇ، لېكىن بېشىمىزغا كەلگەن كۈن ئوخشاش، شۇڭا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز خۇددى ھىندى دەرياسىدەك ئۈزۈلمەيدۇ ھەم ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، — دېدى.

ئۇ ماھىنۇرنى قولتۇقلاپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— جېنىم ماھىنۇر، — دېدى يۇسۇپ ماھىنۇرنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى سۈرتكەچ، — باياتىن مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ماڭا بىرەر قۇر ئېيتتى، ئەمما تەپسىلىي ئېيتقۇدەك بولمىدى. ئىككىمىز ئايرىلغاندىن كېيىن قانداق كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىڭىزنى ماڭا باشتىن - ئاخىر تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭچۇ، ئاڭلىغۇم كېلىپ تۇرالمايۋاتىمەن.

ماھىنۇر ئۆزىنى باسالماي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ھەي، ھەي، مەن ئەيىبلىك، مەن ئەيىبلىك! بولدى، بۇ گەپلەرنى ھازىرچە قويايلى. يىغلىماڭ، يىغلىماڭ، — دېدى يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. ماھىنۇر سۆزلەپ بېرىشنى خالىمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھاياجاندا ئاغزىغا گەپ كەلمەيۋاتقانلىقى ئۈچۈن سۆز قىلمىغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى بېسىپ:

— سىزنىڭ بۇ يەردىلىكىڭىزنى ماڭا ئاكام دېدى، — دېدى.

— كىم دېدىڭىز؟ ئاكام؟ سىزنىڭ ئاكىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ ھەيران بولۇپ.

— ھە، تېخى خەۋەر تاپماپسىز - دە؟ مىكائىل مېنىڭ ئاكام بولىدۇ، بىر تۇغقان ئاكام. مەن توغرۇلۇق، ئائىلەم توغرۇلۇق خەقنىڭ نېمىلەرنى دەپ كەلگەنلىكى سىزگە ئايدىڭ. بىراق، مېنىڭ ھەقىقىي ئائىلەمنى سىز بىلمەيسىز، سىزگە ئوخشاشلا مەنمۇ بىلمەيمەن، — ماھىنۇر گېپىنىڭ داۋامىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

شۇ پەيتتە مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر كىرىپ كەلدى. ماھىنۇر نازپەرۋەرنى كۆرۈپلا ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىزا تارتىپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. نازپەرۋەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ماھىنۇر بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. ئاندىن:

— ھەدە، — دېدى قىزغىنلىق بىلەن، — سىزنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولايلا دېدىم. قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، ھەممىمىز يۈرىكىمىز يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇۋاتىمىز، يۈسۈپ ئاكامنىڭ خۇشاللىقىنى ... بولدى ئېيتمايلا قوياي!

نازپەرۋەرنىڭ شۇ گەپلىرى بىلەن تەڭ ئەسلىدە جىمجىتلىققا پاتقان، ئېغىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۆينىڭ ئىچى جانلىنىپ كەتتى. مىكائىل ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ پاراققىدە كۈلدى، ماھىنۇر ئىزا تارتىپ بېشىنى تۆۋەن سىلىقۋالدى، يۈسۈپ ئۈنلۈك قىلىپ:

— شەيتان! ھازىرغۇ شۇنداق ھەددىڭدىن ئېشىۋاتىسەن،

ئەتە ـ ئۆگۈن تانابىڭنى قانداق تارتىشىم ئېسىڭدە بولسۇن جۇمۇ ! — دېدى.

بىرپەس قىزنىقچىلىقتىن كېيىن مىكائىل سۆز ئالدى:

— بىز باشتا ئىككى ئىدۇق، كېيىن ئۈچ بولدۇق، ئۈچتىن تۆت بولدۇق، تۆتىمىز جەم بولۇپ بولغۇچە، ئارىمىزدىن بىرى قېچىپ كەتتى. بۈگۈن تۆتىمىز يەنە بىر يەرگە جەم بوپتىمىز. يۇخادىن چىققۇچە پاراڭلىشايلى ! باياتىن ئىككىڭلار نېمە دېيىشىۋاتاتتىڭلار؟

مىكائىلنىڭ بۇ گەپلىرى بۈنىڭدىن بىرەر سائەت بۇرۇن ئېيتىلغان بولسا، يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ھېچقايسىسى چۈشەنمىگەن بولاتتى، مانا ھازىر ھەر ئىككىسىلا ئۇنى چۈشىنىپ يەتتى.

— باياتىن ماھىنۇر سىزنى ئاكام دېۋىدى، ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. ئۇ ماڭا شۇنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، — دېدى يۇسۇپ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مىكائىلنىڭ يېنىغا باردى، — ئىككىڭلارنى تەبرىكلەيمەن، — يۇسۇپ مىكائىلنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ھوي، مەنمۇ بىر تۇغقان سىڭلىمنى تېپىۋالغانلىقىمنى ماھىنۇرغا تېخى ئېيتماپتىمەنغۇ ! — دېدى يۇسۇپ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ.

— مەن ماھىنۇرغا ئېيتىپ بولدۇم، لېكىن تەپسىلىي ئېيتىشقا ئۈلگۈرمىدىم، — دېدى مىكائىل.

بۇ قىزغىن كەيپىياتنىڭ تەسىرى بىلەن ماھىنۇرنىڭ كۆڭلىدىكى دەرد ـ ئەلەم بىردىنلا غايىب بولدى. ئۇ نازپەرۋەرنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— نازپەرۋەر سىڭلىم، ياق، بولغۇسى يەڭگەم، مەنمۇ سىلەرنى تەبرىكلەيمەن ! — دېدى ـ دە، ئىككىسى سەممىمىي سۆيۈشتى.

نازپەرۋەرنىڭ چېچەن كاللىسى تېز ئىشلىگەچ، ئۇ:

— ياق، ياق، — دېدى ئىتتىكلا، — ئاكا ـ سىڭىل تېپىشقانلىقىمىز ئۈچۈن مېنىلا تەبرىكلىمەي، ئاكامنىمۇ تەبرىكلىسىڭىز بولىدۇ ! قېنى تېز بولۇڭ !

بۇ گەپ ماھىنۇرنى بەك ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئەدەپلىك ئۆسكەن ماھىنۇر ئۈچىنچى ئادەمنىڭ ئالدىدا تۈگۈل، يالغۇز يۇسۇپنىڭ يېنىدىمۇ چاقچاق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇنى يۇسۇپ تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇردى:

— ناز! مۇشۇنداق چاتاق چىقىرىۋېرىدىغان بولساڭ، سەندەك سىڭلىمدىن تانىمەن جۇمۇ! — دېدى يۇسۇپ.

— نېمىشقا، يۇرىكىڭىز چىدىمامدۇ؟ — دېدى گەپ بەرمەيدىغان نازپەرۋەر ئاكىسىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ.

— ناز، ئولتۇرۇڭ، تۆتىمىزنىڭ ئىچىدە سىز بىلەن مەن دائىم بىللە بولغاچقا ئاڭلىغانلىرىمىز، بىلگەنلىرىمىز بىر - بىرىمىزنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەم بۇلار بىلەن بىز ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىلىشمەيدىغان گەپلەر ناھايىتى جىق، بۈگۈن ئولتۇرۇپ ئوبدان پاراڭلىشۋالايلى، — دېدى مىكائىل.

— شۇنى دەڭە! — دېدى يۇسۇپ ئۇھ تارتىپ، — بىزنىڭ چوڭلىرىمىز غەرب ئېلىدىن دۇرۇس نەرسىلەرنى ئۆگەنمەي، ئۇلارنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ چىققان ھۇررەك يارىسىنىمۇ شاپتۇل چېچىكىدەك چىرايلىق بىلىپ ھەيران قېلىشقان، چوڭلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھەممە نېمىمىز قالاق دېگەن خاتا تونۇشتا بولغان، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنىڭ پارلاق نۇرىنى ئەسلا كۆرمىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار كەينى - كەينىدىن جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ ئۇنىڭدىن چىقالماي قالغان. ئاخىر بېرىپ بىز قۇراملىق ئەۋلادلارنى ئازاب ۋە بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلدى، بىز ئاكا - سىڭىللار بۇ چۆل قەبرىستانلىقتا توساتتىن ئۇچراشقىنىمىزدا بىر - بىرىمىزنى تونۇماي قېلىشتۇق. بىز تارتقان خورلۇقنى، پاك يۇرىكىمىزنىڭ مۇجۇلغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرمىساقمۇ ھەممىمىزگە ئايان ...

يۇسۇپنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇلارنى خۇددى بېشىدىن مۇزدەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركۈندۈرۈۋەتتى. يۇسۇپ بۇ

گەپلىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغانلىقىنى دەرھال پەملەپ، ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقىنى تۇزەتمەكچى بولغاندەك:
— يەنە شۇ كونا خامانىنى سورۇشقا باشلىغىنىمىنى قاراڭلارچۇ، بولدىلا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى! ناز، مىكائىل بىلەن ماھىنۇرنىڭ قانداق تېپىشقانلىقىنى ئاۋۋال سەن سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدى.
— مىكائىل، سىز سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى نازپەرۋەر، — سىز ئۆيدە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، بىر سىڭىل تېپىۋالدىڭىز، مۇنداق ئاسان ئىش نەدە؟ سۆزلەڭە!
نازپەرۋەر مىكائىلغا يەنە بۇيرۇق چۇشۇرۇشكە باشلىدى. ئاق كۆڭۈل مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىكى تەلەپلىرىنى مۇقەددەس پەرمان سۇپىتىدە يەردە قويماي دېگۇدەك بەجا كەلتۇرەتتى. شۇڭا، ئۇ نازپەرۋەر بىلەن بىرلىكتە بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا ماھىنۇرنى قاراڭغۇ گۆردىن ئېچىۋېلىش جەريانىنى، بولۇپمۇ شۇ چاغدا ئۆزىنى نازپەرۋەرنىڭ قانداق چاقىرغانلىقىنى، قانداق «تەرسالىق» قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانداق غۇدۇرىغانلىقىنى، قانداق دەككە ـ دۈككىدە بولغانلىقىنى ... تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، ئاندىن ئۇلار ماھىنۇرنى قانداق قىلىپ تىرىلدۇرىۋالغانلىقىنى، ماھىنۇر ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سول قولىدىكى تاتۇق ئىزىنى قانداق كۆرۈپ قېلىشقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ماھىنۇرنىڭ شاھبانۇ دېگەن ئىسمىنى قانداق سوراپ بىلگەنلىكىنى ... سۆزلىدى.
يۇسۇپ گويا ئەپسانە ئاڭلاۋاتقاندەك، مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭدىن كېيىن نازپەرۋەر يۇسۇپ قەبرىستانلىقتا كەلگەن ئاخشىمى مىرزاباندىن ئاڭلىغانلىرىنى ماھىنۇرغا قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ماھىنۇر ھەيران قالدى. يۇسۇپمۇ چىمەنبانۇدىن ئاڭلىغانلىرىنى، شۇنىڭدەك جابىرنىڭ قانۇن بىلەن ئوينىشىپ

ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغانلىقىنى، گۆھەرنىڭ جىنايەتكە چېتىلىپ قېلىپ تۈرمىگە ئېلىنغانلىقىنى، شەمسىيەنىڭ نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالغانلىقىنى، قىسقىسى، ئىككى ئائىلىدە نەچچە ئايدىن بېرى ئىلگىرى - ئاخىر يۈز بەرگەن بەختسىزلىكلەرنى سۆزلەپ بەردى. ماھىنۇر ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز يەنە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ چەمشىدنىڭ بىرى مەخپىي، بىرى ئاشكارا ئىككى گۇلزارىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئاخىرىدا يۈسۈپ دوختۇرخانىدا ياتقان چاغدا دىلاۋەر ئېيتىپ بەرگەن ماھىنۇرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ماھىنۇر يەنە بىر قېتىم قاتتىق يىغلىدى. مىكائىل ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

— سىڭلىم، چىمەنبانۇ يۈسۈپ بىلەن نازپەرۋەرنىڭ ئايپىسى، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى سىزمۇ، مەنمۇ، يۈسۈپمۇ، ھېچقايسىمىز ئەپۇ قىلمايمىز. كۆرۈۋاتىمىز، يۈسۈپ ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ گۇناھلىق ئائىلىسىگە ئىككىنچى قايتماسلىق قارارىغا كەلدى، ئۇ ئۆز ئايپىسىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىۋاتىدۇ ... شۇڭا ئەمدى يىغلاۋەرمەڭ.

دۇرۇس، يۈسۈپنىڭ قەبرىستانلىقتا تۇرۇپ قېلىش قارارىغا كەلگەنلىكى قايسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، يۈرىكى پارە - پارە بولغان ماھىنۇر ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك روھىي مەدەت ئىدى. ماھىنۇر يۈسۈپنىڭ ئۇنى باشتىن - ئاياغ بىر قېتىمتا قىزغىن سۆيۈپ كەلگەن ھەقىقىي پاك يۈرىكىنى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئېنىقراق كۆرۈپ يەتتى.

قۇياش پېتىپ ئاستا - ئاستا گۇگۇم چۈشۈۋاتاتتى.

بۇ ئاكا - سىڭىللار، ئاشىق - مەشۇقلار بىر - بىرىنى مانا بۈگۈنلا ھەقىقىي چۈشىنىشمەكتە ئىدى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

چىمەنبانۇ تېخىچىلا دوختۇرخانىدا يېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كېسىلى ئوڭشىلىپ، مېڭىسىمۇ سەل سەگەكلىشىپ قالدى، بىراق گەپ قىلالمايتتى، كارىۋاتتا ھېلى ئۇياقتا، ھېلى بۇياقتا ۋەھىمە بىلەن قاراپ ياتاتتى. بەزىدە چىرقىراپ: «يۇسۇپ كېتىپ قالدى، ماھىنۇرنىڭ قېشىغا كەتتى، بارسا كەلمەسكە كەتتى ...» دەيتتى. جەمشىد قولىدىكى ئىشلىرىنى بوشىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇسۇپنى ئىزدىمەكچى بولغاندا، چىمەنبانۇنىڭ تۇيۇقسىز دوختۇرخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. چىمەنبانۇ يېنىدا قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپلا پۈتى تايغان تەرەپكە مېڭىپ، بىراقلا شەھەر سىرتىغا چىقىپ كەتتى. يىقىلىپ، قوپۇپ ماڭاتتى. ئەتلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىدى، كىيىملىرىمۇ قان ۋە لايغا مىلىنىپ كەتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يۈز - كۆزى مەينەتلىشىپ، بەئەينى ساراڭنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغاچقا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايتتى. ئۇ ماڭار - ماڭار، ئاخىر بۇرۇن ئۆزى نۇرغۇن قېتىم ماڭغان يولغا كېلىپ قالدى. بۇ دەل ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىغا بارىدىغان يول ئىدى.

قېرى جەمشىدنىڭ ھاياتى جىيەن ئوغلىنىڭ قەستىدىن ئامان قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ ئوغلى يوقاپ، خوتۇنى ئېلىشىپ قېلىپ، ئۇنى پۈتمەس بالا - قازاغا دۇچار قىلدى. مۇشۇ ئاچچىق ھەسرەتلىك كۈنلەردە يېنىدا سەنەۋەردىن باشقا بىرەرمۇ يېقىن ئادىمى قالمىغانىدى. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال - ھە! ئۇ بىرەرنىڭ يار - يۆلەك بولۇپ، ئاز - تولا

ھەممەت كۆرسىتىشكە بەكمۇ موھتاج ئىدى.

جەمشىد تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلەمنى سەنەۋەر ئوبدان چۈشىنەتتى ھەم ئۇنىڭغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلىۋاتاتتى. سەنەۋەر ئىككى قىزىدىن ئايرىلىپ، ئوغلى قاماققا چۈشۈپ، جەمشىدنىڭ يوغان داچىسىنى يالغۇز ئۆزى ساقلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلىمى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى دەردمەن يۈرەك بىر ـ بىرىدىن ھېسداشلىق كۈتۈۋاتاتتى ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتاتتى. جەمشىد ئۆز نامىغا سەت بولۇشنى ئويلىماي، سەنەۋەر بىلەن ئاشكارا بىللە تۇرىدىغان بولدى. ئۇ سەنەۋەردىن ئۆزى كۈتكەندەك خاتىرجەملىككە ۋە ھېسداشلىققا ئېرىشتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن ئەۋزەللى شۇ ئىدى.

بىر كۈنى دوختۇرخانىدىن بىرى كېلىپ، ئۇلارغا چىمەنبانۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ خەۋەر جەمشىد ئۈچۈن يەنە بىر قاتتىق زەربە بولۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، سەنەۋەرمۇ ئورنىدىن تۇردى. سەنەۋەر بىرنەچچە كۈندىن بېرى، جەمشىد روھىي ئازابقا چىدىماي بىرەر چاتاق چىقارمىسۇن، دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا غەم ـ قايغۇ دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، كۆڭلى ئازادە، ئاغزىدىن چاقچاقنى چۈشۈرمەيدىغان بۇ بەندە مانا ئەمدى بىراقلا چەكسىز ئازاب دېڭىزىغا سەكرەپ، چالا ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. مۇبادا ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى تىزگىنلەش قولىدىن كەلگەن بولسا، ئۇ ئاللىقاچان مانا ئەمىسە دەپ ئەزرائىلنىڭ دەرگاھىغا بېرىۋالغان بولاتتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە پۇل ـ دۇنيادىن قىسىلمىغان، كەملىك قىلىۋاتقان بىردىنبىر بايلىقى ئازابقا چىداش، تەن بېرىش ئىدى.

جەمشىد سەنەۋەر بىلەن دەرھال دوختۇرخانىغا كېلىپ، چىمەنبانۇنىڭ قاچان ۋە قاياققا قاراپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. جەمشىدنىڭ دوختۇرخانىدىكىلەرگە قاتتىق ھۆركىرىگۈدەك ھالى

يوق ئىدى. ئۇ ھېچكىمگە يالۋۇرماي، ھېچكىمدىنمۇ سوراپ يۈرمەي ئۆزى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. ئۇ چىمەنباغنى ئىزدەشتىن باشقا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ گويا ئېلىشىپ قالغاندەك، بىر ۋەقە چىقىپ قالار دېمەي ماشىنىنى بولۇشىغا تېز ھەيدىدى. پۈتۈن شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقتى، بىراق چىمەنباغنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئاخىر سەنەۋەر ئىككىسى ھېرىپ - چارچاپ ئۆيىگە قايتتى. ئەتىسى ئۇ يەنە سەھەردە ئۆيدىن چىقىپ، شەھەر ئەتراپىغا ئىزدەپ ماڭدى. سەنەۋەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئۇلار چۈشكە يېقىن شەھەردىن يىراق جايلاشقان ئادىمى شالاڭ بىر جايغا يېتىپ كېلىپ ئوت ئورۇۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردى. سەنەۋەر ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە چېپىۋەرمەي باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ باقايلى دەپ جەمشىدكە مەسلىھەت بەردى. جەمشىد ماشىنىنى ئوت ئورۇۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن چىمەن ئىسىملىك بىر ئايالنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. ئۇ ئادەم جەمشىدنىڭ كىمنى سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى، سەنەۋەر ئۇ ئادەمنىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشىنىپ:

— روھىي كېسەل بولۇپ قالغان بىر ئايالنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى مۇنداق ... — سەنەۋەر چىمەنباغنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

— كۆردۈم، قارىسام ساراڭ ئىكەن، كارىم بولماپتۇ، ئىنگلىزلارنىڭ قەبرىستانلىقى تەرەپكە كەتتى ...

جەمشىد ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنىڭ ئايىغىنى كۈتمەيلا، ماشىنىسىنى قەبرىستانلىق تەرەپكە بۇرىدى.

مىرزابان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى باللارغا سۆزلەپ بەرگەندىن بۇيان، زۆرۈر ئىش بولمىسا ئانچە تالاغا چىقماي كېلىۋاتاتتى. نازپەرۋەرنىڭ كاللىسىدا ئانا دېگەن چۈشەنچە يوق ئىدى، ئۇ ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى دادىسى مىرزابان بىلەن بىللە ياشىغاچقا،

ئۇنى ھەم دادا، ھەم ئانا دەپ بىلەتتى. مىكائىلمۇ نازپەرۋەرگە ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى. بۇ ئىككىيلەن مىرزابانىنى گۇناھكار دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياققان ئەجرىنى ئۇنتۇماسلىق تۇيغۇسىدا ئىدى. ئۇلار مىرزابانىنىڭ خېلىدىن بېرى يالغۇز، غەمكىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلماسلىق تۇغرىسىدا يۈسۈپكە گەپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ماھىنۇرمۇ يۈسۈپكە نەسىھەت قىلاتتى، لېكىن يۈسۈپ ئاڭلىمايتتى.

مىرزابانىنىڭ قورۇسى دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىدى. ئەتىگەندە نازپەرۋەر ئاكىسى يۈسۈپ بىلەن دادىسىنى ھويلىدا پاراڭغا تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، مىكائىلمۇ شۇ يەردە ئىدى. شۇ ئارىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئايال دەلدەڭشىگىنىچە دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. يۈسۈپ بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۆز ئاپىسى چىمەنبانۇ ئىكەنلىكىنى تونۇدى، ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ ھالىدىن ۋە تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىشىدىن ھېچبىر ئەجەبلەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

مىكائىل ئۇ ئايالنىڭ ھويلا تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىرىپ قوغلىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، يۈسۈپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مىكائىل! ئۇنى توسماڭ، كېلىۋەرسۇن! — دېدى.

چىمەنبانۇ دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۇلارغا يېقىن كېلىپ توختىدى ۋە يۈسۈپكە مىختەك قادىلىپ جىملا تۇردى.

شۇ مىنۇتتا يۈسۈپ ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە مىرزابانغا زەردە بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن ھەدەپ ئۆزىنى ئەپقىچىۋاتقان نازپەرۋەرگە چىمەنبانۇنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ناز، قورقماڭ! ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋاتامسىز؟ — دېدى.

نازپەرۋەر يۇمىلاق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بېشىنى چايقىدى. قالغانلار گاھ «كۇتۇلمىگەن مېھمان»غا، گاھ يۈسۈپكە قاراپ

قىلىشتى. مىرزابان — ئۆز ۋاقتىدىكى ياكوبمۇ ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى تونۇيالماي قالغانىدى. ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار، رەھىمسىز ھايات چىمەنبانۇنىڭ قىياپىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەنىدى. مىرزابانىنىڭ يادىدا قالغان گۈلجامال چىمەنبانۇ بىلەن چاچلىرى چۇۋۇلغان بۇ سارالڭ خوتۇننىڭ قىلچىلىك ئوخشايدىغان يېرى يوق ئىدى!

— ناز، ئىككىمىزنىڭ ئاپىسى مۇشۇ. سىز ئۆلۈپ كەتتى دەپ زار - زار يىغلىغان، ماھىنۇرنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە باشچىلىق قىلغان ئاپىمىز مۇشۇ ...

نازپەرۋەرمۇ، مىكائىلمۇ ھەيران قېلىشتى. نازپەرۋەر ئۆز ئاپىسىنى مۇشۇ قىياپەتتە كۆرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. مىكائىل تەقدىرنىڭ مەسخىرىسى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، مۇشۇ سارالڭ خوتۇن كەلگۈسى قېيىنئاپام، سىڭلىمغا قەست قىلغان باش جىنايەتچى، ئاكا - سىڭىل ئىككىمىزنىڭ رەقىبى ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى. مىرزابان باشقىچە ھالدا ئىدى، ئۇ بوينىنى سوزۇپ، ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ قاراپ تۇراتتى.

يۈسۈپ توساتتىن قولىنى مىرزابانغا چىنەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ھەممىنى قىلغان سىز! ئۇنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانمۇ سىز! سىز ئالداپ ئورنىغا ئىشتەرگەن چىمەنبانۇ مانا مۇشۇ! يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا، سىزنىڭ زورىڭىز بىلەن ئۇ بىزنى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا تۇغقان ...

يۈسۈپ قالغان گېپىنى قىلالماي قالدى، شۇ پەيتتە چىمەنبانۇ توساتتىن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ: «يۈسۈپ ماھىنۇرنىڭ قېشىغا كېتىپ قالدى، بارسا كەلمەس يەرگە كېتىپ قالدى» دېدى - دە، پۈتۈن ئەزايى غال - غال تىترەپ، پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى.

مىرزابان ئۆزىنى زادى تۇتۇۋالالماي، بىردىنلا چىمەنبانۇغا

ئۆزىنى ئاتتى، ئاندىن چىمەنبانۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتى:

— چىمەن ! چىمەن ! يۇسۇپ توغرا ئېيتتى ... ھەممە گۇناھ مەندە ! مەن گۇناھكار ... مەن ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، بالىلىرىمدىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، سىزدىنمۇ گۇناھىمنى تىلەيمەن ...

مىرزابان يىغلاۋېرىپ بوغۇلۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا چىمەنبانۇ ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي: «يۇسۇپ ماھىنۇرنىڭ قېشىغا كەتتى، بارسا كەلمەس يەرگە كەتتى...» دېگەن گەپلەرنى تەكرارلاپ، دەلدەڭشىگەن پېتى دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. مىرزابانمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چىمەنبانۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل ئۇنى تۇسۇۋالماقچى بولۇۋېدى، يۇسۇپ ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ:

— كارىڭلار بولمىسۇن ! قەرزگە كىم بوغۇلغان بولسا شۇ تۆلىسۇن ! گۇناھنى كىم سادىر قىلغان بولسا جازاسىنى شۇ تارتسۇن ! — دېدى.

— بىراق ... — دېدى نازپەرۋەر گەپ قىلماقچى بولۇپ.

— بىراق دەيسىزغۇ؟ سىز تايىنلىق ئۇنىڭ سىزنى باققان ياخشىلىقىنى دېمەكچىغۇ - ھە؟ ئۇلار بىزنى بۇ دۇنياغا تۆرەلدۈرۈپ قويۇپ، ھايالىق ئاتا - ئانا بولۇشنى خالىمىغانلار، بىزنى شەرمەندىلىك ئورنىغا ئىتتىرىۋېتىشتىن ئايانمىغانلار، شۇلارنىڭ دەستىدىن مانا بۇگۈن بىز يا ئادەم قاتارىدا، يا جىن - ئەرۋاھ قاتارىدا يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، بىزگە كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ؟

نازپەرۋەر ئۈن چىقارمىدى. ھېچقايسىسى گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. مىرزابانىنىڭ ھويلىسىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. نازپەرۋەر جىممىدە ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

دەرۋازا سىرتىدىن غۇيۇلداپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋازى

ئاڭلاندى. ئولتۇرغانلار تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ماشىنا قەبرىستانلىق دەرۋازىسىغا كېلىپ توختىدى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، هويلىدا ئۇچ ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر ئايالنىڭ دېرىكىنى سوراپ باقماقچى بولۇپ شۇلار تەرەپكە كەلدى.

يۇسۇپ ماشىنىنى كۆرۈپلا بىر ئەنسىزلىك بولىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇ شەهەر بويىچە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان يېڭى پاسوندىكى بۇ ئەنگلىيە ماشىنىسى بىلەن ناهايىتى تونۇش ئىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ ماشىنىنى دادىسىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، ماشىنا ئىچىنىڭ ئازادىلىكىنى دادىسىنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىگە، ماشىنىنىڭ يورۇق چىرىغىنى دادىسىنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان كۆزلىرىگە، ماشىنىنىڭ گەۋدىسىنى دادىسىنىڭ چىقىشقاق مىجەزىگە ۋە سېخىي ئادەمگەرچىلىك خىسلىتىگە ئوخشاتقانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ماشىنىنى زادى كۆرگۈسى يوق، چۈنكى ئۇ ماشىنا بىر توپ ياشنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ مىجىۋەتتى.

جەمشىد يۈسۈپنى يىراقتىن كۆردى ـ دە، ئىختىيارسىز ۋارقىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ــ يۈسۈپ! ئوبدان ئوغلۇم، بۇ يەردە يۈرسەنغۇ! بۇ قانداق گەپ؟ سەن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن سېنى ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتىپ هېچنەدىن تاپالمىدىم. ئاپاڭ ئېلىشىپ قالدى ... ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاھ خۇدايىم، هەممىڭلارنىڭ مەشەگە قاچقىنى نېمىسى ...

يۈسۈپ لام ـ جىم دېمەي شۈك تۇرىۋەردى. جەمشىد ئالدىغا يۈگۈردى، ئۇنىڭ كەينىدىن سەنەۋەرمۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى.

چىرايلىق ماشىنا بىلەن قەبرىستانلىققا كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈسۈپنى ئوغلۇم دەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن

مىكائىل ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان سەتەڭ خانىمىنىڭ سۆزسىز ئۇن نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ۋە دادىسىنى ۋاپاسىزلىق بىلەن تاشلىۋەتكەن ئاپىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدى ـ دە، ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئۆزىنى تۇتالماي:

— يۈسۈپ، سىزنىڭ قارا يۈز دادىڭىز شۇمۇ؟ كەينىدىكىسى ماھىنۇرلارنىڭ ئاپىسىمۇ؟ — دەپلا، تامغا يۆلەكلىك تۇرغان بىر تاياقنى ئېلىپ، قورۇغا كىرەي دەپ قالغان جەمشىدنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى.

— يۈسۈپ، سەن ... — جەمشىد بىلەن سەنەۋەر تەڭلا ۋارقىراپ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. ئۇلار، يۈسۈپ بىزنىڭ كېلىشىمىزگىلا قول سالماقچى بولۇپ مەشەدە ئادەم تۇپلاپ ساقلاپ تۇرغانىكەن ـ دە، دەپ ئويلاپ قالدى.

— مىكائىل، توختاڭ! — دېدى يۈسۈپ مىكائىلنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ، نازپەرۋەرمۇ چاققانلىق بىلەن مىكائىلنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! تېز قويۇۋېتىڭلار! ئۇن يەتتە يىللىق قىساسىمنى ئالىمەن ... مېنى خانىۋەيرەن قىلدىغۇ! ... دادام ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كەتتىغۇ ... — مىكائىل ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتى، جەھلى بىلەن بوشىنىشقا تىرىشاتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

يۈسۈپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كەينىگە تارتتى:

— مىكائىل، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ! ئۇلاردىن ھەممىمىز نەپرەتلىنىمىز، ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا گۇناھكار ... بىراق، ھەممىمىزلا ئىسلام دىنىنىڭ سادىق ئۈممەتلىرى، بىز ئۇلاردىن ھەرقانچە نەپرەتلەنسەكمۇ، ئۇلارنىڭ بىز كىچىكلەرگە ئايانماي زەھەرخەندىلىك قىلغان قىلىقىنى دورىمايلى ...

مىكائىل توختاپ قالدى ۋە يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— مىكائىل، — دېدى يۇسۇپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان مىكائىلنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، — بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىسىز، گېپىڭىز بولسىمۇ بەربىر قىلالمىغۇدەكسىز. ناز سىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويسۇن، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، سىزدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. قىلىدىغان گەپ ـ سۆزىمىز بولسا ئالدىرىماي قىلىشايلى، ئاغرىپ قالماڭ، يۇرۇڭ، ئوبدان ئۇكام. يا بولمىسا بىردەم تۇرۇپ سىزنى ئۆزۈم چاقىراي ...

نازپەرۋەرمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىنى يوللۇق بىلىپ، مىكائىلنى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

ماشىنا يېنىغا قېچىپ بېرىپ، غال ـ غال تىترەۋاتقان جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ھەممە ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇردى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى بىلدى: ئۇرىمەن دەپ چىققىنى بىر بولسا، ئۇنى تارتىپ توسۇۋالغىنى ئىككى ئىدى، توسۇۋالغانلارنىڭ بىرى تېخى يۇسۇپ ئىدى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، يەنە يۇسۇپلەر تەرەپكە ماڭدى. جەمشىد ئېچىنىپ، ئىزا تارتىپ ھەم قورقۇپ قاتتىق بىسەرەمجان بولۇۋاتاتتى، ئۇ يۇسۇپنى مەشەدە بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدىكى چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىدىكىگە ئوخشاش كېلىشكەن، ساغلام قىياپەتتە كۆرىمەن، دەپ ئويلىمىغانىدى.

ئۇ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە يالغۇز يۇسۇپلا تۇراتتى، قالغان ئىككىسى نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. جەمشىد ئارتۇقچە ئويلاشقا رايى بارماي، ئۇچقاندەك كېلىپ يۇسۇپنى باغرىغا باستى ۋە كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ:

— ئوغلۇم، ئاللانىڭ كاتتا ھىممىتىگە بارىكالالا! ئاللا سېنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەردى، ئوغلۇم ... سەن دوختۇرخانىدىن قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ ئاپاڭ سېنى يوقاپ كەتتى دەپ ئېلىشىپ قالدى ... ئۇ سېنى بۇ دۇنيادا يوق دەپ ئويلىدى بولغاي ... ئۇ سېنى ئىزدەپ مۇشۇ تەرەپكە كەپتىكەن، ئۇنى

كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

جەمشىد ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ، ئۇزمەي سۆزلەۋاتاتتى. يۇسۇپ پەرۋاسىز ئاڭلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى گويا سېھىرگەر بەند قىلىپ قويغاندەك، بۇرۇنقىغا ئوخشاش دادىسىنى كۆرۈپلا ھاياجان بىلەن «دادا» دەپ چاقىرىدىغان، ئاندىن بوينىغا ئېسىلىدىغان ئەلپازى يوق ئىدى. جەمشىد ئەجەبلىنىپ، يۇسۇپنى ئاستا قويۇۋېتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى. خېلى چاغلاردىن كېيىن يۇسۇپ سوغۇق ھەم ئاستا ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ھۆرمەتلىك جەمشىد جانابلىرى ...

يۇسۇپ سۆزلەپ بولغۇچە جەمشىد چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى ۋە يۇسۇپنىڭ قولىدىن كاپلا تۇتۇپ:

— ئوغلۇم ! كېسەلنىڭ تېخى ساقايمىغانمۇ نېمە، ئۆز داداڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەجەب مېنى مۇنداق دەۋاتىسىنا ! — دېدى، ئۇ يۇسۇپ تارتىۋاتقان روھىي ئازابنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، يۇسۇپنىڭ ئۆز ۋاقتىدا نېرۋىسى بۇزۇلغانلىقىنىلا ئېسىگە ئېلىپ، جاۋۇلداپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — تاپىنلىق كونا كېسىلىڭ قوزغىلىپ، ئېسىڭنى بىلەلمەيۋاتقان ئوخشايسەن، باياتىن ئاپاڭ كەلگەن بولسا تونۇيالماي قالغانمۇ بولساڭ كېرەك ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، جەمشىدنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى.

— ئېلىشىپ قالغىنىم يوق، ئېسىم جايىدا، سىز ئىزدەۋاتقان ھېلىقى ئىززەتلىك ئاپام ھېلى مەشەدىن كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن مېنىڭ ئۆز دادام ياكوب ئەپۇ سورايمەن دەپ ماڭدى. سىلەر ئۇلارنى تېپىپ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ كونا ھېساب - كىتابىنى قىلىشماقچىمۇ؟ ئۇنداق بولسا بېرىڭلار ! بىرلا گەپ، بىزدىن قانچىكى يىراقتا كەتسەڭلار شۇنچە ياخشى ! — دېدى يۇسۇپ ھاياجاندىن پوكاندەك قىزىرىپ، ئۇ بېشى ئايلىنىپ تۇرالماي قالدى.

سەنەۋەر يېقىنلا يەردە تۇرغان بىر ئورۇندۇقنى چاققان ئەكىلىپ يۇسۇپكە قويۇپ بەردى.

— يۇسۇپ، ئوبدان بالام، سەن كېسەلدىن يېڭى ساقايدىڭ، بەك چېچىلما، ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزلە، — دېدى ئۇ.

يۇسۇپ ھازىرلا چوڭ جېدەل چىقىدىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى. ئۇ مىكائىلنىڭ ئۆيدە يىغلاۋاتقانلىقىنى، ماھىنۇرنىڭ قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇب دوقمۇشىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن بېسىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاستا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى.

جەمشىد ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەينى چاغدا چىمەنبانۇ ياكوبقا بولغان مۇھەببىتىنىمۇ، نەپرىتىنىمۇ جەمشىدكە ئەينەن سۆزلەپ بەرگەنىدى، جەمشىد بۇنى ئاڭلاپ ياكوبقا ئوخشاش قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەر ھەرگىز نىيىتىدىن قايتىپ ئادەم بولمايدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە ئۇ ئىككىسىنى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قايتا تېپىشىپ قالىدۇ، دەپمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. دەرۋەقە، مۇشۇ كۈنلەردىكى قايتا تېپىشىش ياكى ئايرىلىش بولسۇن، بۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر - بىرىگە مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەسلىكى، چىمەنبانۇنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقى، شۇنىڭدەك ھەممەيلەننىڭ كەينى - كەينىدىن قېرىلىققا قەدەم قويۇۋاتقانلىقى، قايتا تېپىشىشمۇ، ئايرىلىشمۇ بەربىر ئىكەنلىكى، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغانلارنىڭ ئالدىدا تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن ئۆزگە يول قالمىغانلىقى جەمشىدكە ئايان ئىدى.

جەمشىد شۇلارنى ئويلاپ چىمەنبانۇنى ئەمدى ئىزدەپ يۈرمەسلىك، ئەمما يۇسۇپنى بىر ئامال قىلىپ ئەكىتىش قارارىغا كەلدى.

قورۇدىكى ئىككى تۈپ ئاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى سەلكىن شامالدا شىلدىرلاپ تۇراتتى. تېرەك سايىسىدا ئۈچەيلەن

باشلىرىتى تۆۋەن سىلىپ، بىر ـ بىرىگە تەتۈر قارىشىپ، غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇشاتتى، چېكە چاچلىرى ئاقارغان جەمشىد توساتتىن ئۆرە بولۇپ، غەزەپ ئىچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان يۈسۈپكە ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، بىزدەك ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئاللا ئالدىدا جازاغا تارتىلىش ۋاقتىمىز توشۇپ قالدى. ئەمدى ئاللانىڭ ھۆكمىگە ئىتائەت قىلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق. بىزنىڭ بۇرۇندىن پاراغەتتە ئارامخۇدا ئۆتكەن ئائىلىمىزدە نەچچە ئايدىن بېرى ئۈزۈلمەي بالا ـ قازا يۈز بېرىپ، ئەر خوتۇندىن، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولىدىغان ھالغا كېلىپ قالدۇق ... بۇ ماڭا ئاللادىن كېلىۋاتقان جازا ئىكەنلىكىنى مەن ئاللىقاچان سەزدىم ... — جەمشىد بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن يۈسۈپكە يالۋۇرۇپ سۆزلىدى، — ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم، مەن بىلەن يۈر، كېسىلىڭنى داۋالىتاي، ھەممە نەرسەمنى ساڭا ئاتاي، ئاللادىن، سىلەردىن گۇناھىمنى تىلەي ...

يۈسۈپ جەمشىدنىڭ ئاجايىپ ئېچىنىش بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ داۋاملىق ئاڭلاۋېرىشكە يۈرىكى چىدىمىدى. جەمشىدنىڭ تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى، بىئارام بولۇپ خىيالغا كەتتى: ئۇ ماڭا خۇددى ئۆز بالىسىدەك قاراپ كەلدى. ئۆز ۋاقتىدا ئاياغ ئاستى بولۇپ خورلۇقتا قالغان ئاپام ئۇنىڭ پاناھىغا ئېرىشكەن، ئۇ مېنىڭ ياكوبتىن بولغان بالا ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولسىمۇ، ماڭا چەكسىز كۆيۈمچانلىق قىلدى. ئاپام ئىككىسى كېيىنكى كۈنلەردە قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇنتۇيالمايمەن. مۇبادا ئۇ مېنى يامان كۆرگەن ياكى كارى بولماي تاشلىۋەتكەن بولسا، ئۇ چاغدا مەن دەرەخنىڭ ھارام شېخىدەك كېرەكسىز نەرسىگە ئايلانغان، سەرگەردان بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە دىلاۋەر، جابىرلارغا ئوخشاش

خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالغان بولار ئىدىم ...

جەمشىدكە ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش خىيالى يۈسۈپنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. بىراق، جەمشىد ھېلىلا تىلغا ئالغان ئاشۇ «پاراغەتلىك، ئارامخۇدا ئۆتكەن ئائىلە»نى قايتىدىن ئېسىگە ئالغىنىدا، كۆڭلىدە يەنىلا رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. پولاتتەك ئەمەلىيەتنى ساختا ھېسسىيات بىلەن ئۆزگەرتىش مۇمكىنمىدى؟ يۈسۈپنىڭ خىيالدا ئۆتكەن ئىشلار بىر - بىرلەپ گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ شۇلارنى جەمشىدكە چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولدى.

— دادا ! — دېدى يۈسۈپ سىلىق ئاھاڭدا، كۆڭلى سۇنۇق جەمشىد بۇ ئاۋازدىن ئاجايىپ خۇرسەن بولۇپ، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى ۋە قېرىلىق يەتكەن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئوغلىنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ تۇردى، — مەن ھەممىدىن خەۋەر تاپتىم. ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ مەندىن يوشۇرغۇدەك ھېچنېمىسى قالمىدى. مېنىڭ ئاپامنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىتتەرگەن كىشى ئۆز دادام ياكوب ئىكەن. سەنەۋەر ھامامنىڭ بىر ئوبدان ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن كىشى باققان دادام سىز ئىكەنسىز !

جەمشىدنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. ئۇ ئۆزىگە يۈسۈپنىڭ باياتىن نېمىشقا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي چۈشەندى.

— دادا، — دېدى يۈسۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. بىراق، رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئالدىدا زادى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايۋاتىمەن. سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن تەقدىرنىڭ بىزنى قانداق كويلارغا سېلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ — يۈسۈپ نەزىرىنى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان سەنەۋەرگە يۆتكىدى، — سەنەۋەر ھاما ! — سەنەۋەر يۈسۈپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان

جۇغىدە تىترەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇسۇپكە قارىدى، — باياتىن تاياق كۆتۈرۈپ سىلەرنى ئۇرماقچى بولغان يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

— ئۇ كىم؟ — سورىدى سەنەۋەر ئىتتىكلا.

— سىز تاشلىۋەتكەن مىكائىل!

— مىكائىل؟ — دەپ ئۆز قۇلىقىغا زادى ئىشەنمەي قالدى سەنەۋەر. مىكائىل جەمشىد ئىككىسىنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە، يۇسۇپ ئۇنى مىكائىل دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ توسۇۋالغانىدى. سەنەۋەر ئۆز ئوغلىنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى زادى ئويلاپ باقمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغدا جېنىنى ئەپقىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىكائىل دېگەن ئىسىمغا دىققەت قىلمىغانىدى. مانا هازىر يۇسۇپ شۇنچە ئېنىق قىلىپ «تاشلىۋەتكەن ئوغلىڭىز» دەۋاتقان يەردە، سەنەۋەر بۇنىڭغا قانداقمۇ شەك كەلتۈرسۇن؟ سەنەۋەر ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يۇسۇپنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ:

— ئۇ هازىر قەيەردە؟ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيدە يىغلاۋاتىدۇ!

سەنەۋەر ئۆزىگە يېقىنلا يەردە تۇرغان ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— مىكائىل، بالام، تېز بۇياققا چىق، مەن سېنى بىر كۆرۈۋالاي! چاپسان چىقىپ مېنى ئۇر! ئۇر! بالام ...

نازپەرۋەر كىمدۇر بىرىنىڭ يىغلاپ ۋارقىرىغىنىنچە ئۆي تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى چاققان ئېچىپ، سەنەۋەرنى تۇتۇۋالدى. سەنەۋەر هەدەپ بوشىنىشقا تىرىشىپ:

— مېنى قويۇۋېتىڭ، بالامنى كۆرىمەن، مەن بىر گۇناهكار، ئۇ مېنى ئۇرسۇن، ئۇ مېنى ئۇرۇشقا هەقلىق! — دەپ ۋارقىرايتتى. سەنەۋەر نازپەرۋەرنىڭ قولىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ

مىكائىلنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، ئۇنى باغرىغا بېسىپ بار كۈچى بىلەن سۆيۈپ كەتتى، — بالام، ئانا دەپ چاقىرغىنىنا مېنى ! ئەجەب زۇۋان سۇرمەيسەنغۇ ! بولمىسا مېنى قەھرىڭ بىلەن ئۇره ! دەردىڭ چىقسۇن ...

مىكائىل كۆزلىرىگە ئاللىقانداق مەنىدە ياش ئېلىپ، سەنەۋەرنى نېرى كەت دېگەندەك قوش قوللاپ ئىتتەردى. بىراق، سەنەۋەر مىكائىلغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى سىلىدى ۋە سۆيۈپ كەتتى. مىكائىل ئاچچىقىغا پايلىماي، ئۇنى كۈچەپ ئىتتىرىپ، «يوقال !» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. سەنەۋەر يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. نازپەرۋەر ئۇنى چاققان يۆلەپ تۇرغۇزۇۋالدى ۋە مىكائىلغا: «مىكائىل ! مۇنداق قوپاللىق قىلماڭ !» دەپ ۋارقىرىدى. شۇ ئەسنادا سەنەۋەر مىكائىلنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى ۋە ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ ئېچىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈننى ئۆزى ئۈچۈن «ئاخىر زامان» دەپ ھېسابلىغان جەمشىد يۈسۈپتىن تاياق كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا تەمشەلگەن يىگىتنى سەنەۋەرنىڭ «تاشلىۋەتكەن ئوغلى مىكائىل» دېگەن گەپنى ئاڭلىغىنىدا، مېڭىسى يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى، ئارقىدىن سەنەۋەرنىڭ قاتتىق پۇشايمان يەپ، يىغا ـ زار قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى جەڭدە يېڭىلىپ رەسۋا بولغان كىشىدەك سەزدى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇي، سۆلەت دېگەنلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ گۇناھىنى تىلىمىگۈچە بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى.

مىكائىل سەنەۋەرنى يوقال دەپ ۋارقىرىغان شۇ مىنۇتتا جەمشىد سەنەۋەردىن بۇرۇنراق يەرگە يۈكۈنۈپ يىغلاپ سۆزلىدى:

— مىكائىل ! ... يۈسۈپ ! ... باللىرىم ! مېنى جازالاڭلار ! مەن باش جىنايەتچى ... مەن دانىيال ئائىلىسىدىكىلەردىن گۇناھىمنى تىلەي، سىلەر ھەممىڭلاردىن گۇناھىمنى تىلەي. پۈتكۈل خالايىقتىن گۇناھىمنى تىلەي ...

جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ئۆز ئەۋلادلىرى ئالدىدا توۋا قىلىپ

چەكسىز ھەسرەت بىلەن يىغلاپ نالە قىلىۋاتاتتى.

ھەرقانچە تاش يۈرەك بالىلار بولسىمۇ، بۇ ھالەتنى كۆرۈپ تەسىرلەنمەي تۇرالمايتتى، يەنە كېلىپ ئۈچ ياشنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ سادىق ئۈممەتلىرى ئىدى.

يۈسۈپ جەمشىدنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىپ، مىكائىلغا ۋارقىرىدى:

— مىكائىل، چاققان بولۇڭ، ئۇلارنى تۇرغۇزۇپ تالاغا باشلاپ چىقىڭ، مېنىڭ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كېتەي دەپ قالدى!

نازپەرۋەر سەنەۋەرنى ئۆز قولىڭىز بىلەن تارتىپ تۇرغۇزۇڭ، دەپ مىكائىلنىڭ قولىدىن تارتتى. مىكائىل غەزىپى تېشىپ، دەردى ئىچىگە پاتماي قىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، چىشىنى چىشلەپ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن ئاپىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. سەنەۋەر ئۇنىڭغا قايتىدىن ئېسىلىپ يىغلىماقچى بولۇۋىدى، نازپەرۋەر ئۇ ئىككىسىنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك تالاغا ئاچىقتى، جەمشىد قورۇدا يۈكۈنگەن يېرىدىن قوزغالماي: «ئاھ خۇدا، مېنى جازالىغىن! بالىلىرىم، مېنى جازالاڭلار ...» دەۋاتاتتى. نازپەرۋەر يۈسۈپكە ياردەملىشىپ جەمشىدنى ئاران دېگەندە تۇرغۇزدى ۋە باشتا ئولتۇرغان ۋەيرانە ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

قورۇنىڭ ئىچى ئاستا ـ ئاستا جىمىپ، شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇن بىردىنلا توختىغاندەك تىمتاس بولۇپ قالدى، ئۆينىڭ لەمپىسىدىن چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىلىرىنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل نازپەرۋەر ئۆيدىن بىر كىچىك شىرەنى ئاچىقىپ، ئۇنىڭغا سۇتلۇك چاي، قەنت ـ گېزەك ۋە تۆت ئىستاكاننى قويدى، ئاندىن تۆتەيلەنگە چاي قۇيۇپ بېرىپ، تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قورۇدا ئۇزاق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن جەمشىد سۆز باشلىدى:

— بالىلىرىم، مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. مىكائىلنىڭ ماڭا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىمۇ ئورۇنلۇق، بىرنەچچە ئايدىن بېرى بىزنىڭ ئۆيدە سادىر بولغان بەختسىزلىكلەر ماڭا ئاللادىن كەلگەن ھەقلىق جازا بولدى. بىراق، يۇسۇپ ... — ئۇ ئارسالدى بولۇپ، مىكائىلغا ھودۇقۇش بىلەن قاراپ قويدى، — بىراق، يۇسۇپ، مىكائىل، قاچىدىكى سۇ يەرگە چېچىلغاندىن كېيىن ئۇنى يىغىۋال دېسەڭلار، ھەرقانچە كارامىتىم بولغان بىلەنمۇ يىغىۋېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، سىلەر ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بەرسەڭلار! — ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

جەمشىدنىڭ گەپلىرىگە ھېچكىمدىن جاۋاب چىقمىدى، يەنە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— يۇسۇپ ئوغلۇم، ھەممىڭلار مەن بىلەن قايتىپ كېتىڭلار! ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە سىلەرگە تەئەللۇق ...

— دادا، — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ خىيالىڭىزدىن كېچىڭ! مېنى مۇشۇنداق كۈن كەچۈرۈشكە قويۇپ بېرىڭ! مېنى بىر كۈچ بۇ يەردىن كەتكۈزمەيدۇ.

— قانداق كۆچ ئۇ؟ قەبرىستانلىقتا سىنى تارتىپ تۇرغۇدەك نېمە كۆچ بار؟ — دەپ سورىدى جەمشىد ئەجەبلىنىپ.

— ماھىنۇرنىڭ قەبرىسى! بىلمىۋاتامسىز؟ ماھىنۇرنىڭ قەبرىسى! — دېدى يۈسۈپ زەردە بىلەن.

— نېمە، نېمە؟ ماھىنۇرنىڭ قەبرىسى؟ — دېدى جەمشىد بىلەن سەنەۋەر تەڭلا ۋارقىراپ. سەنەۋەر يۈزىنى توسۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، مىكائىلمۇ، يۈسۈپمۇ زۇۋان سۈرمىدى. جەمشىد ئۆيغا كەتتى: «بۇ زادى قانداق گەپ؟ ماھىنۇر بىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟...»

— ئوغلۇم! سەن زادى نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ بۇ باش — ئايىغى يوق گەپلىرىڭ مېنى ئاپاڭنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويايلا دەۋاتىدۇ، ماھىنۇر ئۆز ۋاقتىدا دىلاۋەر بىلەن قېچىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟

يۈسۈپ ماھىنۇرنى قېچىپ كەتكەن دېگەن گەپكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— ياق! ماھىنۇر ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەكلەردىن ئەمەس! ئۇ گەپلەر تۆھمەت! ماھىنۇرغا مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئاپام پىلانلىق، مەقسەتلىك قەست قىلغان. ئاپام ئۆز كۆندىشىنىڭ قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى خالىمىغان!

جەمشىد بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىنى ئېسىگە ئالدى ۋە بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بېشىنى چايقىدى:

— ياق، يۈسۈپ، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار سېنىڭ گۇمانىڭدەك قىلىدۇ. چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىدە ئاپاڭنىڭ نەقەدەر خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، ئۇنى سۈيىقەست ئىشلىتىپ، ماھىنۇرنىڭ قېچىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان دېگەن گېپىڭگە قانداق ئىشىنىشكە بولىدۇ؟

— ھىم! — مىكائىل غەزەپ بىلەن دىمىقىنى قېقىپ،

جەمشىد ۋە تېخىچە يىغلاۋاتقان سەنەۋەرنى قورقۇتۇۋەتتى.
يۇسۇپ مىكائىلنى يەنە چاتاق تېرىمىسۇن دەپ:
— دادا، — دېدى ئىتتىكلا، — دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست، ماڭا ئىشىنىڭ. بۇنىڭغا يەنە شەك كەلتۈرىدىغان بولسىڭىز گۇناھكار بولىسىز. ئاپام كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال كۆرسەتكەن، سىر مانا شۇ يەردە. ئۇنىڭ سەنەۋەر ھاممام بىلەن قىزى ماھىنۇرغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى سىزگە ئېيتىشنى خالىماسلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ مېنىڭ توي ئىشىمغا كەلگەندىمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈشنى ئەپسىز كۆرگەن، چۈنكى بۇ ئىشنى سىزنىڭ قوشۇلۇپ قەتئىي قوللىغانلىقىڭىزنى، قارشى تۇرغان ھالەتتىمۇ بەرىبىر ئاقمايدىغانلىقىنى بىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنتەنىلىك چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىنى ماھىنۇرنى كۆزدىن يوقىتىدىغان دەپىنە مۇراسىمىغا ئايلاندۇرۇش قارارىغا كەلگەن.
سەنەۋەر يىغىسىنى توختىتىپ، يۇسۇپكە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئۇ بۇگۇن زادى ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئاڭلاۋاتاتتى.
يۇسۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— دادا، بۇ گەپلىرىمگىمۇ ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، مەن ئەمدى سىزگە ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەي، بۇنى ئاڭلىسىڭىز سۆزۈمگە ئاندىن ئىشىنىسىز. مەن ئاغرىپ قالغان كۈنلەردە، مېنىڭ قېنىمغا ماس كېلىدىغان قان تېپىلماي تۇرغاندا، بىر ئاغرىق كىشى قېنىنى بېرىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟
— شەمشاد ئەپەندى ئەمەسمۇ؟ — جەمشىد دەرھال جاۋاب بەردى.
— ئۇ نەدە شەمشاد بولسۇن، ئۇ دىلاۋەر ئىكەن.
جەمشىد بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە:
— سەن ھېلىقى كۆيۈپ قاپقارا بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىپ قالغان ئادەمنى دەۋاتىدىغانسەن؟ — دەپ سورىدى.
— دۇرۇس، دەل شۇ، — دېدى يۇسۇپ، — مېھمانلار

تارقالغاندىن كېيىن ئاپام بىزگە تۇتقان ئەڭ ئاخىرقى بىر رومكا شارابقا بىھوشلاندۇرۇش دورىسى سېلىنغۇەتكەن، ئاۋۋال ماھىنۇرنى بىھوش قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنى دىلاۋەر بىلەن جابىرغا تىرىك كۆمدۈرگۈزۈۋەتكەن. ئىشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن «ماھىنۇر دىلاۋەر بىلەن قېچىپ كەتتى» دېگەن گەپنى تارقاتقان، ماھىنۇرنىڭ قەبرىسى مانا مۇشۇ يەردە! شۇڭا مەن بۇ جاينى ناھايىتى قەدىرلەيمەن، بۇ يەردىن ئۆمرۈم بويى ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ دىلاۋەردىن ئاڭلىغان پۈتۈن ئەھۋالنى جەمشىد بىلەن سەنەۋەرگە باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بەردى. بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان جەمشىد كۆزلىرىنىڭ مىدىرلاپ تۇرۇشىدىنلا تىرىك ئادەم دېيىلمىسە، بەئەينى ھەيكەلگە ئوخشاپ قالدى. سەنەۋەر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى.

— دادا، بىز ئوغۇل ـ قىزلىرىڭلارنى قىيناپ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭلارنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ مىكائىلنىڭ بايا سىلەرنى كۆرۈپلا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتالماي قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ — دېدى يۈسۈپ.

— بىز گۇناھكار! بىز گۇناھكار! بىز ئاللا كەچۈرگۈسىز، بەندە چىدىغۇسىز گۇناھلارنى قىلغان ... — جەمشىد ئىككى جەينىكىنى ئىككى تىزىغا تىرەپ، ساڭگىلاپ چۈشكەن بېشىغا قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى.

يۈسۈپ تۇيۇقسىز سەنەۋەرگە قاراپ سۆزلىدى:

— ھاما، بولدى يىغلىماڭ، مەن باياتىن دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست، ئىشەنگۈڭىز كەلمىسە، سىلەرنى ئاشۇ قەبرە تاختىسى يوق قەبرە بېشىغا باشلاپ باراي. ئەمما، سىلەرگە باشقىچە بىر پاكىتنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ماھىنۇر ئۆلمىگەن!

بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان جەمشىد بىلەن يىغلاۋاتقان سەنەۋەر يۈسۈپنىڭ ئاغزىدىن ماھىنۇرنىڭ تېخى ھايات

ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىتتىك باشلىرىنى كۆتۈردى ۋە قىرلىق يەتكەن كۆزلىرىنى تەڭلا يۈسۈپكە تىكىپ:
— نىمە، نىمە دېدىڭ؟ — دېدى.
— ئۇنى مىكائىل بىلەن ناز قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ! — يۈسۈپنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىش بىلەنلا جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ئىتتىك مىكائىلغا قاراپ:
— راستمۇ؟ — دېيىشتى.
مىكائىل لام - جىم دېمەي جىملا ئولتۇرۇۋالدى.
— مىكائىل، — دېدى يۈسۈپ، — بۈگۈن بولارنىڭ ئالدىدا ھەممىنى دەيلى، ۋەقەنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەيلى، بولار بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزنى، ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى بىلىپ قويسۇن.
مىكائىل يەنىلا زۇۋان سۈرمىدى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا يەنە قاتتىق سېلىشقا باشلىدى.
يۈسۈپ ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ، چەكسىز ئازابلانغان ھالدا سۆزلىدى:
— ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقىمۇ بولمايدۇ. شۇنچە ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، ئىجتىھاتلىق بىر بەندە كىچىككىنە تۇرۇپ يەتكۈچە ئازاب چەككەن. ھازىر ئۇ سىلەر بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە سالغان ئاچچىق ھەسرەت، قاتتىق ئەلەملەرنىڭ دەردىگە بىز بىلەن تەڭ چىداۋاتىدۇ ... — يۈسۈپ شۇ گەپلەرنى قىلغاندىن كېيىن، مىكائىلنىڭ ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن بالىلىق كەچمىشلىرىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە جەمشىد بىلەن سەنەۋەرگە سۆزلەپ بەردى. يۈسۈپ شاھبانۇ ئازدۇرۇپ كېتىلگەندىن كېيىن دانىيالنىڭ ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، مىكائىلنىڭ يىراق - يېقىن تۇغقانلىرى قاقتى - سوقتى قىلىپ قورۇۋقداپ قويغاندىن كېيىن كوچا - كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، سەنەۋەر مىكائىلغا يەنە بىر قېتىم ئېسىلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، جەمشىد بېشىغا

غايىبتىن چاقماق چۈشكەندەك پالاققىدە يەرگە يۈكۈنۈپ، تىترەپ كەتتى.

ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان ئاق كۆڭۈل نازپەرۋەر تاشقىرىدا يەنە يىغا ئاۋازى چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئۆيدىن چىقتى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنىڭ بىرىنىڭ مىكائىلغا ئېسىلىپ، يەنە بىرىنىڭ يەرگە يۈكۈنۈپ تىترەپ ئولتۇرغان، يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالماي قالدى.

— مىكائىل! سىز ... ئادەمنى مۇنچىۋالا قىينىماڭ! — نازپەرۋەر ئىتتىك كېلىپ جەمشىدنى تارتىپ تۇرغۇزدى، سەنەۋەرنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن مىكائىلغا قاراپ ئالايدى.

جەمشىد ئۆزىنى تارتىپ قوپقۇزغان نازپەرۋەرگە غۇۋا كۆزلىرى بىلەن سەپسېلىپ:

— قىزىم، سىز؟ — دېدى، ئاندىن يۈسۈپ تەرەپكە بۇرۇلۇپ «بۇ كۆڭلى يۇمشاق قىز كىم بولىدۇ؟» دېگەندەك، ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇ مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىم، ئىسمى سەمەن، بەلكى ئېسىڭىزدە باردۇ؟ — يۈسۈپ ئاچچىقى بىلەن شۇ گەپنى قىلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

جەمشىد يۈسۈپكە يەنە بىر رەت ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ، باشقىدىن تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ يۈسۈپنىڭ تەتۈر قارىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇنۇپ سورىدى:

— يۈسۈپ، بۇ ئەمدى قانداق گەپ؟ ئاپاڭ ئون - يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا كىچىك سەمەننى ئۆلۈپ كەتتى دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ھازا تۇتقان ئەمەسمىدى؟

— ئۇ قەبرىمۇ يالغاندىن ياسالغان! — دېدى يۈسۈپ چوڭقۇر مەنىدە سۆزلەپ، — مانا قاراڭ، بۇ سىلەر ئاتا - ئانىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى! سىلەر ئۆلۈپ كەتتى دەپ بىلگەنلەر ئەمەلىيەتتە تىرىك قالغان، سىلەر تىرىك دەپ بىلگەنلەر ئۆلۈككە

ئوخشاپ قالغان. قىرى قوي جىنىدا ئۆز قوزىسىنى قوغداش ئۈچۈن جان پىدا قىلىشنى بىلىدۇ. سىلەرچۇ، سىلەر بىمەنە راھەت ـ پاراغەتتىن باشقىسىنى بىلمەي قالغان، بىر ەر تاشقى ئاپەت ۋە تەھدىت بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە سەرسان قىلىۋەتكەن ... — يۈسۈپ سۆزلەۋېتىپ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى. ئۇ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۆز ئوغۇل ـ قىزلىرىنى بىز ئىككى جۈپ ئاكا ـ سىڭىللاردەك ھالغا چۈشۈرۈپ، مۇشۇ قەبرىستانلىقتا تېپىششقا مەجبۇر قىلغان بىزلەردەك ئاتا ـ ئانىلاردىن جاھاندا يەنە بارمۇ، دەپ ئاللادىن سوراپ كۆرۈشكە پېتىنالامسىلەر؟

يۈسۈپنىڭ قاتتىق ھۆكۈرەپ، كۆزلىرىنى ئادەم قورققۇدەك ئالايتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نازپەرۋەر ئىتتىك يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاكا، چوڭلارغا مۇنداق ۋارقىرىماڭ. ھەرقانچە يامان ئىشنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ! — دېدى، ئاندىن جەمشىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، يۈسۈپنىڭ قەبرىستانلىقتا قانداق كەلگەنلىكىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان جەمشىدنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى ۋە «جاھاندا ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىدىكەن، ئەمما ھەرقانداق بىر گۇناھكار بەندە ئاللانىڭ ھېكمەتلىك ئوقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن» دەپ ئويلىدى.

سەنەۋەر ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئازابلىنىپ باقمىغانىدى. چوڭ قىزى ماھىنۇر ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى؛ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىنچى قىزى شەمسىيە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى (ئۇنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈردى)؛ ئارقىدىن ئوغلى گۆھەر تۈرمىگە تاشلاندى. سەنەۋەر كەينى ـ كەينىدىن يولۇققان بۇ ئېغىر زەربىلەرگە بەرداشلىق بەرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ شۇ

ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن كۆرۈپ: «توغرا يولغا ماڭمىغانلىقىدىن بولدى، ئۆزىگە ئۆزى قىلدى» دەپ بىلگەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى پۈتۈنلەي تونۇپ يېتىپ: «ئوغۇل ـ قىزلىرىمنى ئورنىغا ئىتتەرگەن گۇناھكار ئۆزۈم ئىكەنمەن» دېگەن يەرگە كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تاياق كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ئۇرماقچى بولغان يىگىتنىڭ ئۆز بالىسى مىكائىل ئىكەنلىكىنى يۇسۇپتىن ئاڭلىغان چېغىدا «بالام قولىدىكى ئاشۇ تاياق بىلەن مېنى ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسا بوپتىكەن» دەپ ئويلىغانىدى. سەنەۋەر يەنە ماھىنۇرنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق قۇتۇلدۇرۇلۇپ قېلىنغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرالماي قېلىۋاتاتتى. بىراق، كەيپىيات جىددىي بولغاچقا، سوراشقا پېتىنالمىغانىدى. ھازىر نازپەرۋەرنىڭ بىر ياقتىن يۇسۇپكە نەسىھەت قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن جەمشىدنىڭ سوئالىغا يۇسۇپنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىسەرەمجان كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا بولغاندەك بولدى. نازپەرۋەر يۇسۇپ قەبرىستانلىقتا كەلگەن كۈنى ئاخشىمى مىرزابانىنىڭ ئۈچ بالا ئالدىدا بايان قىلغان «ئىقرارى»نى ۋە ئاكا ـ سىڭىللارنىڭ تونۇشۇش جەريانىنى سۆزلەپ تۈگىتىشىگىلا، سەنەۋەر ئۇنىڭدىن:

— ناز، قىزىم، سىلەر ماھىنۇر ھەدەڭلەرنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭلار؟ ئۇ ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى.

چېچەن نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ مىكائىلنىڭ ئاپىسىغا يەنە زىخ سانجىشىنى خالىماي شۇنداق دېدى:

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى، ئىككى چوڭىمىزغا ماھىنۇر ھەدەمنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش جەريانىنى، مىكائىلنىڭ بۇرۇنقى بەختسىزلىكلىرىنى يۇسۇپ ئاكام سۆزلەپ بەردى، يۇسۇپ ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇش جەريانىنى مەن سۆزلەپ بەردىم. ماھىنۇر ھەدەمنىڭ ئۆز ئاكىسى مىكائىل بىلەن

ئۆچرىشىش ۋە تونۇشۇش جەريانىنى ئەمدى مىكائىل سۆزلەپ بەرسۇن ...

نازپەرۋەرنىڭ ئۆزلىرىنى چوڭىمىز دەپ ئاتاۋاتقانلىقىنى ۋە مۇلايىملىق بىلەن سىلىق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە ناز ـ پەرۋەرنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا: «دۇرۇس، دۇرۇس، ئەمدى مىكائىل سۆزلەپ بەرسۇن !» دېگۇسى كېلىپ كەتتى، بىراق ئۇنداق دېيىشكە ھېچقايسىسىنىڭ تىلى بارمىدى.

بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقان مىكائىل نازپەرۋەرنىڭ تۈيۈقسىز مۇنداق دېيىشىنى ئويلىمىغانىدى.

— مەن گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ، — پەخەس بولۇڭلار، تىكىنىم سانجىلىپ كەتمىسۇن.

— ئوغلۇم، — دېدى جەمشىد ئىتتىكلا، — سۆزلەپ بېرىڭ، سىز نېمە دېسىڭىزمۇ ھەقلىق، مەن تاقەت قىلىپ ئاڭلايمەن.

— مەن بۇ ئۆمرۈمدە سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانىدىم، — دېدى مىكائىل ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، — بۇ بەئەينى رەقىبلەر تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندەك ئىش بولدى. مەن ئەسلىدە سىلەرنى باشقىلارنىڭ جەننىتىنى ۋەيران قىلغان ئىككى قولى بىلەن ئۆزلىرىگىمۇ مەڭگۈلۈك جەننەت يارىتالايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بۇگۈنكىدەك ھەسرەت ـ نادامەتكە قېلىشىڭلار خىيالىمغا كەلمەپتۇ. ھازىر يالۋۇرۇپ يۈرگۈچە، باشتىلا ئاللا راۋا كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلمىساڭلار بولماسمىدى؟ — مىكائىل بىردىنلا گېپىنى توختىتىپ ئۇلارغا قارىدى، ھەممەيلەننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى، — سىلەر سىڭلىمنى تارتىۋالدىڭلار، دادامنى داغدا قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار، مەن ئالتە ـ يەتتە يېشىمدىلا سەرگەردان بولۇپ كوچىدا قالدىم، سىلەر بىزنىڭ سائادەتلىك گۈلزارىمىزنى قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە تۇيدۇرماي نابۇت قىلىۋەتتىڭلار. ئاكا ـ سىڭىل ئىككىمىزنىڭ بىرنەچچە ئاينىڭ

ئالدىدا تىپىشقانلىقىمىز «ھېكمەتكە ئۇستا» سىلى جاناب بىلەن، مۇنۇ خانىمنىڭ سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن مۆجىزە!

مىكائىل كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە تۇپراققا كۆمۈلگەن مېيىت ساندۇقىنى ئېچىپ ماھىنۇرنى قانداق قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— مۇبادا، — دېدى مىكائىل ئاخىرىدا، — ناز گۆرنى ئاچايلى دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىغان بولسا ياكى بىز ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ۋاقتىدا ئاچماي بىرنەچچە مىنۇتلا كېچىككەن بولساق، سىڭلىمنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى!

مىكائىل سەنەۋەرنىڭ نازپەرۋەرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، ئۆز قىزىغا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئايىسىغا كايىشقا باشلىدى:

— سىزدە ئانىلىق لاياقەت يوق. سىزنى ئانا دېيىش مۇقەددەس ئانىلارغا قىلىنغان ھاقارەت بولىدۇ، «ئانا» دېگەن شۇ سۆيۈملۈك سۆزنى مەسخىرە قىلغانلىق ۋە دەپسەندە قىلغانلىق بولىدۇ. كىچىك چاغلىرىمدا ئانا مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا، ئاپامنىڭ قېشىدا جەننەتتىكىدەك ھالاۋەت كۆرۈشكە تەبئىي تەشنا ئىدىم، بىراق سىز ئۆز بالىڭىز بولغان مېنىڭ ھەممە تەشنالىقىمنى تاش يۈرەكلىك بىلەن رەت قىلىپ، يار - يۆلەكسىز يېتىم بولۇپ قېلىشىمغا، ھەر قىسما كۈنلەرنى كۆرۈپ، چىدىغۇسىز ئازابلارنى تارتىشىمغا سەۋەبچى بولدىڭىز. سىز دادام كۆمۈلگەن قەبرە ئۈستىگە ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسىڭىزنىڭ قەسىر - بىناسىنى قۇرۇۋاتقان كۈنلەردە، مېنىڭ كوچىلاردا سەرسان بولۇپ ئاچ - يالىڭاچلىق دەستىدە قاقشاۋاتقانلىقىم يادىڭىزغا يەتكەن كۈنلەردە، ئۆز سىڭلىمنىڭ سىز يەتكۈزگەن خارلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي قالغانلىقىغا كۆزىڭىز چۈشكەن چاغلاردا، سىزنىڭ تاش يۈرىكىڭىز قانداقراق سوققاندۇ؟ ياق، سىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان، چۈنكى سىز پاراغىتىڭىزگە بەند بولۇپ،

بىزنى ئاللىقاچان خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەن، مانا ھازىر ياشلىقىڭىز كېتىپ قېرىغاندا بىزنى ئەسلىگىلى تۇرۇپسىز، ئانىلىقىڭىز تۇتۇپ قاپتۇ، ۋاي ئوغلۇم، ۋاي قىزىم دېگىلى تۇرۇپسىز، بۇ يۇزدە - يۇز ساختا كۆڭۈللۈك! ياۋايى ھايۋانلارمۇ قېرىغاندا يۇمشاپ قالىدۇ.

— مىكائىل، سىز ... — نازپەرۋەر مىكائىلنىڭ گەپلىرىنىڭ بەك قوپاللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى.

مىكائىل سۆزلىگەنسېرى چىچىلىپ، پوكاندەك قىزىرىشقا، دىرىلداپ تىترەشكە باشلىدى؛ تىنىقى ئىتتىكلەپ، كۆكرىكى گويا تېرە كۆرۈكتەك بىر كۆپۈپ، بىر پېسىلىپ تۇراتتى.

— ناز، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! مەن ئاچچىقىمنى چىقىرىپ بولغىنىم يوق! بۇ قاتاردا سىزمۇ بار، — دېدى مىكائىل بىردىنلا جەمشىدنى چىنەپ، جەمشىد قورقۇپ كەتتى، — دادام سىزنى دوستۇم دەپ بىلگەن، ئۆزىنىڭ بىر بۆرىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىشىنى ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان. شۇ چاغدا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز بىزنىڭ ئۆيگە ھىجايغاق يولۋاس سىياقىدا كېلىپ تۇرغان، كېيىن سوۋغا - سالام بىلەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ خۇپىيانە غەرىزىڭىزنى ياپقان. سىز بىر ئاچ كۆز ئايالنىڭ قىلتىقىڭىزغا ئىلىنگەنلىكىنى سەزگىنىڭىزدە، تونغا ئورىنىۋالغان ھايۋانىي ئەپتىڭىزنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، بىردەملىك راھىتىڭىز ئۈچۈن تۆت جان ياشاۋاتقان ئائىلىنى ۋەيران قىلىشتىن ئايانمىغان. «يولۋاس بىلەن بۆرە جاندار تۇتسا ئۇۋۇسىنى بۇزمايدۇ، قاراقچى قاتىللىق قىلسا پۇلنىلا كۆزلەيدۇ» دېگەن گەپ بار، سىز يولۋاس - بۆرىدىنمۇ ۋەھشىي، قاراقچىدىنمۇ رەھىمسىز ئىش قىلغان! يۇسۇپ ئاتا - بالا ئىككىسىنى باققانلىقىڭىزنى دېمەيدىغان بولسام، بۇگۈنلا جېنىڭىزنى ئالاتتىم ...

نازپەرۋەر مىكائىلنى جەمشىدكە ئېتىلىپ يۈرمىسۇن دەپ

مىكائىل بىلەن جەمشىدنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇۋالغانىدى. جەمشىد غال ـ غال تىترەپ، ئۆزمەي «شۇنداق، شۇنداق» دەۋاتاتتى.

— سىلەرنىڭ كېلىشىڭلار ماڭا ئوق بولۇپ تېگىپ، يارامنى باشقىدىن قانىتىۋەتكەندەك بولدى، — دېدى مىكائىل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خۇددى ئاستا كۆيىۋاتقان ئوت شامالنىڭ كۈچى بىلەن بىردىنلا ئۇلغىيىپ كەتكەندەك، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ۋۇجۇدۇمغا يىغىلىپ قالغان غەزەپ ئوتى بىراقلا لاۋۇلداپ تېشىپ چىقتى. بۇنى توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا، چوڭلار ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش، بولۇپمۇ ئانىنى ھۆرمەتلەش دېگەننى بىر چەتكە قايرىپ قويماي تۇرالمىدىم. دەرۋەقە، سىزنىڭ «ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بولۇشى كېرەك» دېگەننى ماڭا ئانىلىق سۈپىتىڭىز بىلەن قاچان ئېيتقانلىقىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن.

مىكائىل توختاپ، گەپنى ماھىنۇرنىڭ موناستىرغا بارغانلىق جەريانلىرىغا يۆتكىدى. بوگۇن ئۇ پۈتۈن كۈچىنى گويا تىلىنىڭ ئۇچىغا يىغقاندەك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىۋاتقىنىغا، چېچىلىپ ھاياجانلىنىۋاتقىنىغا ۋە يۈرىكىگە يىغىلىپ قالغان غەزەپلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتقىنىغا خېلى بولغاچقا، چارچاپ، ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، ئاچچىقىمۇ پەسلەپ قېلىۋاتاتتى.

— شاھبانۇنىڭ مۇنداق خاتا ئىشنى قىلىشىغا، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئاپىسى بولغان سىز، ئۇنىڭ ۋەسىيسى بولغان جەمشىد جانابلىرى سەۋەبچى، سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار بىلەن ئۇ خەلقئالەم ئارىسىدا تۇرۇشقا جاي تاپالماي قالغان، ئادەمزات دۇنياسىدىن بەزگەن.

— بالام، — دېدى سەنەۋەر ئېچىنىش بىلەن يىغلاپ، — ئۆمۈر بويى خاتا يولغا ماڭغان ئاپىڭىز ھاياتنىڭ چېكىنى كۆرۈپ، بىردىنلا كەينىگە قايتقان يەردە، سىزمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى

چۈشىنىڭ! سىز مېنى ھەرقانچە تىللىسىڭىزمۇ، مەن شۇ تاپتا سىزنى «ئوغلۇم!» دەپ بار ئاۋازىم بىلەن چاقىرماي تۇرالمايمەن. سىزنىڭ زەردە بىلەن قىلىۋاتقان گەپلىرىڭىز مېنى مەڭگۈ يىغىدىن باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تەسەللى دەپ بىلىۋاتىمەن. سىز سىڭلىڭىزنى ماڭا كۆرسەتسىڭىز.

سەنەۋەرنىڭ ماھىنۇرنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى يۇسۇپكىمۇ، نازپەرۋەرگىمۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇڭا:

— ئۇنى مەن چاقىرىپ كېلەي! — دېدى نازپەرۋەر ئىتتىكلا.

نازپەرۋەر ماھىنۇرنى بىردەمدىلا باشلاپ كەلدى. سەنەۋەر قىزى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇسۇپ بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ماھىنۇرغا سۆزلەپ بەردى. ماھىنۇر چىمەنبانۇنىڭ ئېلىشىپ قالغان ھالدا قەبرىستانلىقتا كەلگەنلىكىنى، مىرزابانىنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا، گويا ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك قىلچە ئەجەبلەنمىدى. ھەممىيلەن، جۈملىدىن جەمشىدمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكى، ئۇلارنى ئىزدەش زۆرۈرىيىتى بار - يوقلۇقى توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقمىدى. نەچچە ئايدىن بېرى تۇرلۇك بەختسىزلىكلەر ۋە كىشىنى ھەيران قىلىدىغان ئىشلار كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەچكە، بۇ ئىش ئەجەبلەنگۈدەك ۋە بىئارام بولغۇدەك ئىش بولماي قالغانىدى. بۇ خۇددى كونىلارنىڭ «غەلىتىلىك كۆپىيىپ كەتسە غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولىدۇ» دېگىنىگە ئوخشايتتى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولۇپ قالدى. ئەتىگەندىن تا ھازىرغىچە جىنايەت ۋە نەپرەت، شەپقەت ۋە ئاداۋەتنىڭ ئۆركەشلىك دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقان بۇ ھويلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلمايۋاتاتتى. كەيپىيات پەسەيگەندىن كېيىن نازپەرۋەر تاماق يېيىشنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ داستىخان راسلاپ قويۇپ، ئاندىن

ھەممەيلەننى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنىڭ تاماققا كۆڭلى تارتمايۋاتقان بولسىمۇ، كۆپچىلىك بىلەن بىر يەردە ئولتۇرسا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەيۋسىغا ئېرىششى مۇمكىنلىكىنى پەملەپ، تاماق يېيىشكە ماقۇل بولدى.

بىراق، ئەھۋال ئۇلار ئويلىغاندەك بولماي، ۋاقتى ئۆتكەن بۇ چۇشلۇك غىزا ۋاقتىدىكى كەيپىيات بەكمۇ كۆڭۈلسىز بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆزى نازپەرۋەر بىلەن كۆڭۈلگە يارىشا بىرنەچچە ئېغىز يۇمشاق گەپلەرنى قىلىشقاندىن باشقا ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى، سەنەۋەر ئۆزى كۆڭلىدە ماختاۋاتقان نازپەرۋەرنىڭ مىكائىل بىلەن توي قىلماقچى بولغان قىز ئىكەنلىكىنى ماھىنۇردىن بىلىپ، ئىنتايىن سۆيۈندى.

غىزادىن كېيىن جەمشىد بالىلارغا ئۆز كۆڭلىنى يەنە بىر رەت ئىزھار قىلدى:

ــ بالىلىرىم، مەن بىلەن بىللە قايتىپ كېتىڭلار، بۇ ئائىلا ماڭا ئۆز گۇناھىمغا توۋا قىلىش ئۇچۇن بەرگەن بىر پۇرسەت بولۇپ قالسۇن.

باشتا ھېچكىم لام ـ جىم دېمىدى، بىرئازدىن كېيىن يۇسۇپ سۆز قىلدى:

ــ دادا، مەن سىزگە ئېيتتىم، قەلبىڭىزنى چۇشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. بىراق، سىزمۇ بىزنى چۇشەنسىڭىز بولىدۇ، بىز ئۇ يەرگە بارساق، ھەرگىز بۇ يەردىكىدىن ياخشىراق كۈن كۆرەلمەيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە تۆتىمىزنىڭ مۇشۇ قەبرىستانلىقتا كۈن ئۆتكۈزگىنىمىز ياخشى ...

سەنەۋەرمۇ قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ كەتتى، ئەمما ئۇلار كۆنىكىنگە ئېرىشەلمەي، ئاخىر ئاق تەنلىكلەر قەبرىستانلىقىدىن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ماشىنا يولغا چىقتى، ئۇلارغا نازپەرۋەر يىراقتىن قول پۇلاڭلىتىپ «خوش» دېگەندىن باشقا ھېچكىم خوش دەپ قويمىدى. جەمشىد بىلەن

سەنەۋەر ماشىنىدا خۇددى تاش ھەيكەلدەك زۇۋان سۇرمەي جىم كېتىۋاتاتتى. مىكائىلنىڭ مۆلدۈردەك ياغقان زەردىلىك گەپلىرىنىڭ زەربىسىدە بۇ ئىككىسى ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانىدى. سەنەۋەر ئەلەم يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدە جەمشىدكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ: «ھە، جەمشىد، ئەمدىغۇ كاس ـ كاسلىق قىلمايدىغان بولغانسىز؟ باشتا ئۆزىڭىزنى دانا ھېسابلاپ، ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىڭىز خاتا يولغا ماڭمايسەن، دەپ گەپ بەرمەيتتىڭىز، بۇگۈن قانداق بولدى؟ ئۆزىڭىزنىڭ نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى بىلگەنسىز؟ سىز مەندەك بىر ئەقلى كالتە خوتۇنغا باشتىلا توغرا يول كۆرسەتكەن بولسىڭىز بۇگۈنكى كۈنگە قالاتتىمۇ؟ ...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

سەنەۋەر شۇلارنى ئويلاۋېرىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى، كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ كۆكرەكلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

سەنەۋەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقى بىلەن جەمشىدنىڭ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۆز ھالىنى ئويلاشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيۋاتاتتى. ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك تىزىلىپ ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل كۆزىنى يامانلىق پەردىسىنىڭ توسۇۋېلىشىغا يول قويغانلىقىغا، ئۇزاقچە كەيپ ـ ساپا ۋە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئۆز ۋىجدانىنىڭ سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ئۇ ۋىجدانىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ كۆزىگە كۆلشەن كۆرۈنگەن تىككەنلىككە ئۆزىنى ئاتقانىدى، بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئاللا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن ھەدەپ ھېساب ئېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئاللانىڭ جازاسىنى مۆمىنلىك بىلەن قوبۇل قىلىش خىيالىغا كەلگەنىدى. ئۇ، ئۆتمۈشتە ئاللانى ۋە ئاللانىڭ يامان ئىش قىلغۇچىلارغا بېرىدىغان جازاسىنى يادىمىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈنلا بۇگۈنكى كۈنگە قېلىۋاتىمەن، دېگەن ئويدا ئىدى. بۇگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق

ئاقىۋەتكە قېلىشىنى غەرب مىللەتلىرىدىن بولغان نازىنىنلار ئارىسىدا بولغان چاغلىرىدىمۇ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان قىزلارنىڭ پۇت قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئۇسسۇل ئويناشلىرىنى كۆرگەن چاغلىرىدىمۇ، شاراب ئىچىپ قاينىغان چاغلىرىدىمۇ، خېنىم ـ قىزلارنىڭ تەبەسسۇمى ۋە تانسىخانىنىڭ رىتىملىق نەغمىلىرىدىن ھۇزۇرلانغان چاغلىرىدىمۇ، قىسقىسى، «قۇرئان»غا مۇخالىپ كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتلەرنىڭ پەيزىنى سۈرگەن چاغلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. «ئەر ئۇچۇن تىز پۈكۈشتىن ئارتۇق نومۇس يوق» دەپتىكەن. ئۇ چېكىسى ئاقارغان چاغدا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ يۈكۈنۈشىنى ھېچقاچان خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيدى ! بىراق، شۇنداق قىلماي نېمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇ: «مەن خەقنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاپىسىنى تارتىۋالغان قاراقچى، تېخى ئۇچۇرما بولمىغان قارلىغاچ بالىسىدەك ئىككى نارەسىدەنى ماكانىدىن ئايرىغان گۇناھكار، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم گۈلشىنىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بۇزغۇنچى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. پىكاپنىڭ سۈرئىتى بارغانچە تېزلاشقا باشلىدى. جەمشىدكە يول بويىدا لىڭشىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر گويا غەزەپكە كېلىپ ئاھانەت قىلىۋاتقاندەك، «جەمشىد ساختىپەز ! زالىم ! قاراقچى ! جاللات ! بۇزۇق ! زىناخور !» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، بارا ـ بارا مېڭىسى ئىشلىمەي قالدى، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، ئۇ قورقۇپ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قۇچاقلىۋېلىۋىدى، رول قولىدىن چىقىپ كەتتى. ھەممىدىن يامىنى پۇت تورمۇزىنى باسىمەن دەپ ماي يولىنىڭ تەپكىسىنى باسقاچقا، پىكاپ ئوڭ ـ سولغا قېيىپ كەتتى، ھېلىمۇ ياخشى، سەنەۋەر قاتتىق چىرقىراپ، جەمشىدنى ھوشىغا كەلتۈردى. جەمشىد دەرھال پۇت تورمۇزىنى باستى، تەلىيىگە خەتەر تۇغۇلمىدى. ئەگەر ماشىنا بىرنېمىگە سوقۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلار گەپ يوق ئەرشكە

سەپەر قىلغان بولاتتى. جەمشىدمۇ، سەنەۋەرمۇ قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ، ھەر ئىككىسى تەڭلا «ئاھ، خۇدا !» دېيىشتى.

جەمشىد ماشىنىنى ئىككىنچى قېتىم ئوت ئالدۇرغاندىن كېيىن سەنەۋەرگە شۇنداق دېدى:

— قەدىرلىكىم سەنەۋەر، بۈگۈن ھەر ئىككىلىمىز جېنىمىزدىن ئايرىلغىلى قىل قالدۇق، بۇ ئاللانىڭ بىزگە بېرىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇشى، ئاللا بىزنىڭ هازىرلا ئالەمدىن ئۆتۈشىمىزنى راۋا كۆرمەي، ئۆز گۇناھلىرىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن تېز يۇيۇشقا پۇرسەت بېرىۋاتىدۇ. سىزنىڭچە بىز قانداق قىلساق بولار؟

— مەن سىزنىڭ كەينىڭىزگە كىرىپ بىللە گۇناھ قىلدىم، ئەلۋەتتە يەنە گۇناھىمنى سىز بىلەن بىللە يۇيۇشۇم كېرەك. سىز نېمە قىلايلى دېسىڭىز مەن شۇنى قىلىمەن، — دېدى سەنەۋەر جاۋابەن.

— مەن يەنە قايتىپ بېرىپ بالىلارنى قايتۇرۇپ كېتەيمىكىن دەۋاتىمەن. بالىلار قايتىپ كەلسىمۇ ـ كەلمىسىمۇ تىجارەت قىلىشنى قويۇپ، ئىككىمىز بىللە مەككىگە بېرىپ ماكانلاشساق، گۇناھلىق مۇسۇلمان سۈپىتىمىز بىلەن قالغان بارلىق ئۆمرىمىزنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسەك، كەبىگە تاۋاپ قىلساق دەۋاتىمەن. شۇنىڭغىچە گۆھەرنى قاماقتىن چىقىرىۋېلىپ توغرا يولغا سېلىپ قويماقچىمەن ...

سەنەۋەر لام ـ جىم دېمىدى. ئۇ جەمشىدنىڭ تېخى رەسمىي تۇتۇش قىلمىغان ھەرقانداق ئىشىغا ئىپادە بىلدۈرۈشنى ياقتۇرمايتتى.

موتورنىڭ بىر خىلدا گۈرۈلدىگەن ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سىرتتا شامالمۇ بېسىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ئۆزلىرىنىڭ ئەتىسى ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا پەرەز قىلىشىۋاتاتتى.

قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىپ ئەتىسى، جەمشىد ئاۋۋال

سەنەۋەر بىلەن توي قىلىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى، ئاندىن پارا بېرىش يولى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن سەنەۋەرنىڭ تۈرمىدە جازا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان ئوغلى گۆھەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. بىرنەچچە ئاي مابەينىدە گۆھەر قاراڭغۇ كاماردا تۈرمۈش كەچۈرۈپ، ئېغىر ئەمگەكنىڭ تەمىنى تازا تېتىپ، خىلمۇخىل ھاقارەتلەرگە ئۇچراپ، توۋا قىلىپ قايتىدىن يېڭى ئادەم بولۇش كويىدا بولۇۋاتقانىدى. ئاقتۇرغان تەرلىرى ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى داغنى تازىلاپ، كۆڭلىدىكى يامانلىقنى خاتىمە بېرىۋاتقانىدى. ئەسلىدە ئاللا ئۇنىڭغىمۇ ياخشى نىيەت - ئىقبال ئاتا قىلغان. ئەمما، ئۇ بۇرۇندىنلا بەھرە ئېلىشقا تېگىشلىك مېھىر - شەپقەتتىن بەھرە ئالالماي، ئۆزىنى توغرا يولغا باشلايدىغان بىرەر ئىنسانغا يولۇقماي، ئەسكى ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چاققا تۇتۇپ پارقىرىتىلماي قالغان بىرلىيانتقا ئوخشاش، ئېسىل پەزىلىتىگە كىر قونۇپ قالغان. تۈرمىدىكى ئېغىر ئەمگەك ئۇنى چېنىقتۇرۇپ، ۋۇجۇدىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا باشلىغانىدى، ئەمدى ئۇنى نۇر چېچىۋاتقان ھەقىقىي گۆھەرگە ئوخشىتىشقا بولاتتى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن جەمشىد ئۇنى تېز ئارىدىلا ئەڭ ياخشى مەكتەپكە ئەكىرىپ بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە تەلىم بېرىش ئۈچۈن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، «قۇرئان»نى ئوقۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس خەلپەت تەكلىپ قىلدى. گۆھەر ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ئوبدان نەتىجە قازىنىپ، مۇئەللىملىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

جەمشىد ۋەسىيەتنامىنى ئۈچىنچى قېتىم مەخپىي يېزىپ قويدى. يېڭى ۋەسىيەتنامىگە مىكائىل بىلەن نازپەرۋەرنىمۇ قوشۇپ قويدى، چىمەنبانۇغا تېگىشلىك مال - مۈلۈكنى يۈسۈپنىڭ نامىغا يازدى.

بىراق، قەبرىستانلىقتىكى باللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي، ئۇنى قىيناپ قويۇۋاتاتتى. جەمشىد بىلەن

سەنەۋەر قەبرىستانلىقتا بىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بالىلارنى قايتىپ كېلىشكە نۇرغۇن قېتىم تەكلىپ قىلدى. ماھىنۇر بىلەن نازپەرۋەر ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىۋاتاتتى، مىكائىل ئۇلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىدى. يۇسۇپ قوپاللىق قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قايتىپ كەتمەسلىك پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ ھال جەمشىدنى بەك بىئارام قىلدى.

ياكوب بىلەن چىمەنبانۇنىڭ دېرىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇن نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، كالا باقىدىغان بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ جەمشىدلەرگە دېيىشىچە، بىر بوۋاي بىلەن بىر سارىڭ خوتۇن ئورمانلىقتىكى بىر ساتمىدا يېتىپ يۈرگەنمىش. بوۋاي بەئەينى تەقۋادار پۇرىتانغا[1] ئوخشارمىش. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاشۇ خوتۇنغا كۆيۈنۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانمىش، ئېلىشاڭغۇ خوتۇن پۈتۈنلەي ئەقلىدىن ئېزىپ، بىر بولسا ھېچكىم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈگۈدەك؛ بىر بولسا جىملا ھاڭۋېقىپ تۇرغۇدەك. جەمشىد ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ شۇ جايغا باردى، لېكىن ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىدى.

جەمشىد ئۆزى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى. ئۇ دانىيال ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلغان. دانىيال ئۇنىڭغا ئىشەنگەنىدى، ئەمما ئۇ ئۆز دوستىنى ئورىغا ئىتتىرىۋەتتى. جەمشىد بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى مانا ئەمدى يەتكۈچە تارتىۋاتىدۇ. ئۇ يۇسۇپنى ئۆز بالىسىدەك بېقىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ ۋە ئۆز ئىشىنىڭ ۋارىسى ھېسابلاپ كەلگەنىدى. بىراق، ئۇ قېرىپ، كۆتكەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ۋاقتى يەتكەندە، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەت رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزۈپ تاشلاندى.

ۋاپاغا جاپا قىلغۇچى جابىر ئۆزىنى بېقىپ تەربىيەلىگەن

[1] پۇرىتان — خىرىستىيان دىنىدىكى بىر مەزھەپ كاتتىبېشى.

تاغىسىنى ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆجۈقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى. ئاللا كاراممىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى تېگىشلىك جايىغا يوللىۋەتتى.

دىلاۋەر ئىنسان قىلىپىدىن چىقىپ يەتكۈچە ئەسكىلىك قىلغانىدى، ئاللانىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭغىمۇ يول قويماي، نەتىجىدە ئۇمۇ جاجىسىنى يەپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ياكوب ئوغلى يۇسۇپتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت بىئارام بولۇپ يۈرگەنىدى، يۇسۇپ بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاللا ئۇنىمۇ ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە يول بىلەن جازالىدى. ئۇ يۇسۇپ بىلەن تېپىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر يەنە يۇسۇپتىن ئايرىلىپ قالدى.

چىمەنبانۇ بۇرۇن ناھايىتى كۆرەڭلەپ، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى داق يەرنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ھەممىدىن يامىنى، ئۇ ئەقلىنىمۇ يوقىتىپ قويدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدىشىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، سەنەۋەرنىڭ قىزىنى ئەپلەپ تىرىك كۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. بىراق، قېرىشقاندەك، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك قىزى سەمەنبانۇ (نازپەرۋەر) ئۇنىڭ رەقىبى سەنەۋەرگە كېلىن بولۇپ قالدى، ئەزىز ئوغلى يۇسۇپمۇ ئاخىر يەنە سەنەۋەرگە كۆيئوغۇل بولۇپ قالدى.

سەنەۋەر قانداق بولدى؟ ئۇ شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىپ، مۇقەددەس ئانىلىق سۆيگىنىنى ئاياغ ئاستى قىلغان، ۋىجدانسىزلىق بىلەن باشقا ئەرنىڭ كەينىدىن قېچىپ كېتىپ، ئۆز ئېرىنىڭ ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىگە، ئوغلىنىڭ كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى، ئاللا ئۇنىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى: ئۇ خالايىق ئارىسىدا يەتكۈچە ھاقارەت ۋە مەسخىرىگە قالدى، ئۈچ بالىسى كەينى ـ كەينىدىن بەختسىزلىككە ئۇچرىدى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ئاشۇلارنى ئويلىسا، ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ، ئۆزلىرىنى چەكسىز تەھدىت ئاستىدا قالغاندەك سېزىدىغان بولدى.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، جەمشىد ئۆز تىجارىتىنى ۋە گۆھەرنىڭ ئوقۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پېتىرغا سارايىنى ۋە داچىنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، سەنەۋەرنى ئېلىپ ئاللانىڭ مۇقەددەس جايى مەككىگە يۈرۈپ كەتتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى بەيتۇلمۇقەددەستە سادىقلىق بىلەن يەر سۈپۈرۈپ ۋە ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزۈش، ۋاقتى كېلىپ كۆزى يۇمۇلغاندا، شۇ مۇقەددەس تۇپراقتا يېتىش ئىدى.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە غايەت چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

جەمشىد داچىسىنىڭ خوجايىنى ئالماشتى. خوجايىنىنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى تۈپەيلىدىن، داچىنىڭ ئۆزىمۇ شەرققە خاس تۇسكە كىرىپ قالدى. هازىر بۇ يەر «جەمشىد داچىسى» دەپ ئەمەس، «جەمشىدنىڭ بىناسى»دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. گۆھەر، مىكائىل ئەر ـ خوتۇن ۋە ماھىنۇرلار مەشەدە تۇرۇۋاتاتتى.

جەمشىد بىناسى دېڭىز ساھىلىدىكى مۇشۇ شەھەرنىڭ دېڭىزغا تۇتاش ئاجايىپ مەنزىرىلىك باغچىسىغا يېقىن جايلاشقانىدى. بىنانىڭ ئالدى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە رەڭدار گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەنزىرىسى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. دېڭىز بويىدا سەيلە ياكى تاماشا قىلىپ يۈرگەن يىگىت ـ قىزلار ۋە بالىلارنىڭ تا كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مىكائىل بىلەن نازپەرۋەرنىڭ ھۇجرىسى كۈنپېتىشقا قارىغان بولۇپ، جانغا راھەت دېڭىز شامىلى ئۈزۈلمەي غۇرقىراپ ئۇرۇپ تۇرغاچقا، ھۇجرا ئىچى ھامان سالقىن تۇراتتى. ئۇيقۇسىدىن چالا ئويغانغان مىكائىللار تاڭ ۋاقتىنىڭ شېرىن لەززىتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قىلىشاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاچقا، ئۇلارنى بامدات ناماز ۋاجىپى ئالدىراتماي قويمايتتى. ئاللاغا بولغان ھۆرمەت ئۇلارنى سەھەر تۇرۇشقا ئۆگەتكەنىدى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا مۇقەددەس جاي

مەككىگە بىرىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن قەبرىستانلىقتىكى ئاكا ـ سىڭىللار ئۆزلىرى پىلانلىغاندەك تورمۇش كەچۈرەلمەي كەلدى. ئۇلار ئەسلىدىكى پىلانى بويىچە گۇناھكار چوڭلاردىن قۇتۇلۇپ، قاراڭغۇ، ئىپلاس يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدىن نېرى بولۇپ، ئاشۇ قەبرىستانلىقتا ئۆز قولىغا تايىنىپ، پاك ۋە خاتىرجەم تورمۇش كەچۈرمەكچى بولغانىدى. بۇ تۆتەيلەن ئۈچۈن، بولۇپمۇ يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر ئۈچۈن ھاياتتا خاتىرجەملىكتىن ئارتۇق قەدىرلىك نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار خاتىرجەم ياشاپ، يامانلىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىمايدىغانلا بولسا، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ ئاداپ ئىچىشكىمۇ رازى ئىدى. «ھەرقانچە بولسىمۇ مۇسۇلمان سوپىلاردەك تورمۇش ئۆتكۈزەرمىز، ئۆزىنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن !» دەپ ئويلايتتى ئۇلار. بىراق، جەمشىدنىڭ ئۆز گۇناھىغا تووۋا قىلىش سەمىمىيىتى ۋە يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشى ئۇلارنىڭ بالدۇرقى مۇستەھكەم ئىرادىسىنى بوشىتىپ قويۇۋاتاتتى.

جەمشىد ئۇلارغا مەككىدىن كەينى ـ كەينىدىن خەت يازدى. شۇ خەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

*قەدىرلىك باللىرىم:*

*سىلەرگە تۆرتىنچى خەت يازدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ يازغانىدىم. مەن سىلەرنىڭ ئۆيگە، قايىسى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ سىلەرگە تەئەللۇق ئۆيگە قايتىپ بېرىشىڭلارنى ھەمدە ئالدىنقى ئىككى پارچە خېتىمدە يازغىنىمدەك توي قىلىپ ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇشۇڭلارنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىد قىلىمەن.*

*سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ماڭا چۈشىنىشلىك، شۇڭا مەن مەڭگۈ قايتىپ بارماسلىق قارارىغا كەلدىم. شۇنداق بولغاندىكىن، سىلەر بىز گۇناھ سادىر قىلغان جايغا قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەرنى ئەمگەكچان ئىككى قولۇڭلارغا تايىنىپ پاك ـ پاكىز تازىلىشىڭلار ھەمدە ئۇ يەرنى ئاللاغا بولغان*

چەكسىز ساداقىتىڭلار بىلەن قايتىدىن پىلانلىشىڭلار ياكى ئۆزگەرتىشىڭلار كېرەك. شۇنداق قىلالايدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا بىزدەك ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئارزۇسىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاللانى، ئاللانىڭ پاك تۇپرىقىنى، مۇسۇلمانلار ئاياغ بېسىۋاتقان ئاشۇ تۇپراقنىڭ يېڭىباشتىن پاك زېمىنغا ئايلىنىشىنى كۆزدە تۇتقان بولىسىلەر. بېرىڭلار باللىرىم! ئۇ يەرگە بېرىپ جەڭگىۋار مۇسۇلمانلىق سۈپىتىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلەر ھېچقاچان باش تارتىپ باقمىغان يېڭى تۇرمۇش يارىتىڭلار!

شۇنى يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، بىز، بولۇپمۇ مەن ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار. ئەمما، مەن ھەر قېتىم بۇرۇن يوقاتقان ۋىجدانىمنى ئىزدەپ ماڭغاندەك، سەفا بىلەن مەرۋە ① ئارىلىقىدىكى يولنى بېسىپ ئۆتكىنىمدە، كۆز ئالدىمدا پارلاق نۇر كۆپىيىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاللانىڭ رەھىم ـ شەپقىتى پۈتمەس ـ تۈگىمەستۇر، مەن ئاللانىڭ گۇناھ قىلغان بولسىمۇ توۋا قىلىشنى خالىغان بەندىسىگە يورۇق يول كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنىۋاتىمەن. شۇنداق ئىكەن، سىلەرنىڭمۇ ـــ ئۆز باللىرىمنىڭمۇ مەندەك ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلىشنى خالاۋاتقان بەندىگە توۋا قىلىپ يېڭى ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىپ، ئۆزۈڭلەردەك يېڭى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا خاس پەزىلىتىڭلارنى نامايان قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىلەرنىڭ گۇناھكار ئاتاڭلار

جەمشىد

## مەككە شەھىرى

يۇ خەت يۇسۇپ بىلەن مىكائىلنى ئاخىر ئېرىتتى. ئۇلار

① مەككىگە يېقىن ئىككى تاغنىڭ نامى.

ئەمدى داۋاملىق تەرسالىق قىلىۋېرىشكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇلار ئىككى ئائىلىنىڭ ئالدىدا جەمشىدنىڭ سارىيىغا ۋە داچىسىغا بىللە قايتتى ھەمدە جەمشىدنىڭ تەلىپى بويىچە، مىكائىل ئۆز سىڭلىسى بىلەن سارايغا، يەنى ھازىرقى جەمشىد قورۇسىغا كېلىپ تۇردى. جەمشىدنىڭ ياشتا ھەممىدىن چوڭ مىكائىل بالدۇر توي قىلسا دېگەن ئارزۇسى بويىچە، مىكائىل نازپەرۋەر بىلەن مەشەگە كېلىپ بىرىنچى ھەپتىسىلا توي قىلدى.

جەمشىد بىناسىدا ھۇزۇرىنى كۆرىمەن دېسە يەتكۇدەك دۆلەت ۋە ھالاۋەت بار ئىدى، لېكىن مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر توي قىلغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئاددىي ــ ساددا تۇرمۇشىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار ئۆتمۇشتىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى خۇددى ھېسسىياتقا باي شائىرلار ئۆزىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى بۆشۈكىنى قەدىرلەپ ساقلىغاندەك، كۆڭۈل قويۇپ ئاۋايلاپ ساقلىدى. جەمشىد داچىسىنىڭ زامانىۋى مودىغا قاتتىق بېرىلگەن كونا خوجايىنى ئۆزىنىڭ يېڭىچە مەدەنىيلىك ماركىسى چاپلانغان بارلىق ئۆي جابدۇقلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدى. نازپەرۋەر بىلەن ئېرى ئۇ نەرسىلەرگە پىققىمۇ يولىمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، شەرق مەدەنىيىتىلا شەرق كىشىلىرى تۇرمۇشىنىڭ جەۋھىرى بولالايتتى، ئىسلام شەرىئىتىگە رىئايە قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىدىن مۇھىم بۇرچى ئىدى. ئۇلار ھەر يەكشەنبە كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئۆزلىرى ئۇزاق يىل ياشىغان قەبرىستانلىقنى ئايلىنىپ كېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر پەرز قىلىپ بېكىتتى، بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى، ئۇلار بالىلىق چاغلىرىنى شۇ قەبرىستانلىقتا ئۆتكۈزۈپ، ياشلىق دەۋرىنى شۇ يەردە باشلىغانىدى. ئۇلار ياشلىق گۈلزارىغا قەدەم قويغان ۋاقتىدا، كۆڭۈل ئېتىزىغا مۇھەببەت ئۇرۇقىمۇ شۇ يەردە چېچىلىپ بىخ سۈرگەنىدى. مەيلى چۆل ــ باياۋان ۋە مەيلى جەننەت بولسۇن، ئۇ

مۇھەببەتنىڭ بىخ ئۇرۇش زېمىنى بولغانلا بولسا، ئاشىق ـ مەشۇقلار شۇ يەرنى سېغىنماي ۋە ئەسلىمەي تۇرالمايدۇ.

مىكائىل نازپەرۋەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھەممىلەن بىرلىشىپ جەمشىد بىلەن سەنەۋەرگە خەت يازدى، خېتىدە توپتوغرا ئىككى ئايدىن كېيىن ماھىنۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولىدىغانلىقىنى، يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ تويى شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقىنى يېزىشتى. بۇ خەتنى كۆرۈپ جەمشىد ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە كەينى ـ كەينىدىن خەت يېزىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

توي كۈنى بىر يىلدەك چۆلدەرەپ قالغان جەمشىد سارىيىدا يېڭىباشتىن داپ ـ ناغرا ياڭراپ، يېقىملىق نەغمە ـ ناۋا بىنانىڭ ئىچى ـ تېشىنى يەنە بىر قېتىم چاڭ كەلتۈردى. بىراق، بىر يىل ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا، داپ ـ ناغرا، سازلارمۇ، كەيپىياتمۇ، ساھىبخانىلارمۇ، مېھمانلارمۇ تامامەن باشقىچە ئىدى. نازپەرۋەر بىلەن مىكائىل توي بېشى بولدى. ئۇلار ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ، داستىخان راسلاش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتاتتى. چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۇلار، جۈملىدىن يۇسۇپ، گۆھەرلەر ئۆزلىرى قىلىۋاتاتتى، گۆھەر قاق سەھەردىلا ماشىنا بىلەن قەبرىستانلىققا بېرىپ، مىكائىل بىلەن يۇسۇپنىڭ دوستلىرىنى ئەكەلدى، چاقىرىمىسا بولمايدىغان بىرنەچچە ئۆيلۈك تۇغقانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىل بۇرۇنقى چاي ئىچۈرۈش مەرىكىسىگە داخىل بولغان يوغان قورساق غوجاملار ۋە يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن خېنىملارنىڭ بىرىمۇ چاقىرىلمىدى. يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ساۋاقداشلىرى، ماھىنۇر بۇرۇن ئىشلىگەن چېركاۋ دوختۇرخانىسىدىكى خىزمەتداشلارنىڭمۇ خېلى جىقى كەلدى. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن توي ئەھلى قىزىپ كەتتى. ئۇ ئاددىي ھەم تەنتەنىلىك تويدا كۆزگە غەلىتە

كۆرۈنىدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. ئاز ساندىكى خېنىملارنىڭ غارايىپ پاسوندىكى كىيىنىشلىرى، ئالتۇن ۋە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن زىبۇزىننەتلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار لوندون پاسونىدا ۋە ئۇنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىدا مەخسۇس مال ئۇتكۈزىدىغانلار سىياقىدا ياسىنىۋېلىشقانىدى. مەيلى ساھىبخانا خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، مۇنداق ئەھۋاللاردىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، كۆزگە تاشلىنىۋاتقان يەنە بىر ئەھۋال بار ئىدى: مودا ياسانغان ئۇچ ـ تۆت قىز كېپىنەكتەك ھېلى ئەر مېھمانلارنى، ھېلى ئايال مېھمانلارنى ئارىلاپ، شالاقلىق بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەرىكەتلەرنى قىلىشۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سۇنئىي ناز ـ خۇلقلىرى كىشىنى بەكرەك سەسكەندۇرەتتى. بىر چەتتە ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ غەيۋەتكە چۈشتى:

— كۆتى ئېچىلىپ قالايلا دەپتۇغۇ بۇ بىرنېمىلەرنىڭ! نېمىدېگەن شالاق، ھۇ، نائەھلىلەر! ئۇلار مۇشۇ ساراڭلىقى بىلەن بىرنەچچە يىلغىچە نېمىگە ئايلىنىپ قالاركىنتاڭ!

— قاراڭ، ئۇلارنىڭ ئاۋۇ قارغىش تەگكۇر چاچلىرىغا، قىسقىلىقىدىن بېشىغا قازان كۆمتۇرۇپ قويغاندەك بولۇپ قاپتۇ!

زەكىيە نەقۋى خانىم ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى قوللاپمۇ كەتمەي:

— بۇ ياشلار مودىغا قىزىقسا مەيلى، لېكىن چېكىدە ئىش قىلىشى كېرەك ـ دە! ھېچبولمىغاندا مودا قوغلاشتىم دەپ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە داغ چۈشۈرسە بولمايدۇ، ئوقۇمۇشلۇق چەت ئەللىكلەر كۆرسە، ياخشى ـ ياماننى پەرق قىلالمايدىغان نادانلار ئىكەن، دەپ تىللايدۇ. بۇ كىچىككىنە قىزلار خەقنىڭ سەتچىلىكىنى گۆزەللىك دەپ بىلىۋاپتۇ، — دېدى.

يۈسۈپلەرنىڭ كونا قوشنىسى ئەخمەت بىبى خانىم سۆز قىستۇردى:

— بۇلارنىڭ نېمىسى مودا بولسۇن؟ كۆردۇڭلارمۇ، كىيىۋالغان

كىيىمى بەدىنىنى چىڭ قىسىپ، ئىسكىرىپكا ۋە داپلارنىڭ لاتا قېپىغا ئوخشاپ قاپتۇ!

ماھىنۇر سەردار خانىم دەپ ئاتاۋاتقان بىرى:

— بۇ ناييناقلار چەت ئەل تۇرمۇشىنى دوراشنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى ئادا قىلغانلىق دەپ بىلسە كېرەك، ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان بىرنېمىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، — دېدى.

يۇسۇپنىڭ بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئانىسى سەلىمە مۇھەممەدىن بىبى خانىم ئاياللارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەركىنلىشىپ كېتىشىنى ۋە قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىشىنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ئايال ئىدى. ئۇ سۆز ئېلىپ:

— بىزنىڭ مىللىتىمىز ئاخىرەتنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ قالدى. ئاياللارنىڭ مەيدىسىنى ئېچىپ، بىلىكىنى يالىڭاچلىۋېلىشى مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ قالدى، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىش شۆھرەتلىك ئىشتەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا - ئانا بولغانلارنىڭ نومۇسچانلىقى نەگە كەتتىكىنتاڭ؟ مەنچە بولغاندا، مۇشۇ قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالسا بولىدۇ، — دېدى.

يىراقتىراق ئولتۇرغان ھەسەن بىبى خانىم مۇھەممەدىن بىبى خانىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇستەلدىكى مېغىزدىن بىرنەچچە تالنى ئاغزىغا سېلىپ چايناۋېتىپ شۇنداق دېدى:

— بولدى قويسىلا، مەن دەيمۇ خانىم، سىلى ھەرنېمە دېگەنلىرى بىلەن بەربىر بىكار، بۇرۇن ئاتا - بوۋىلىرىمىز زامانىدا، يۈز - ئابرۇينى ئايايدىغان ئاتا - ئانىلار قىزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بۇزۇلۇپ كېتىشىنى كۆرسە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن يانمايتتى. مانا ئەمدى يۈزى قېلىن ئاتا - ئانىلار بەك جىقلاپ كەتتى، ئۇلار نومۇسنى ئاقلاشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىنى نومۇسسىزلىق قارا پەردىسى تورىۋالغان، يۈرىكىنىمۇ شۇ پەردە چىرمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ

قىزلىرى مۇشۇنداق ھەددىدىن ئېشىۋاتقان گەپ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى خۇدا ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەرمەي قويمايدۇ! ...

— جايىدا گەپ قىلدىڭلا، — دېدى زەكىيە نەفۇي خانىم سۆزگە قېتىلىپ، — گەپ ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ باشقۇرۇش - باشقۇرماسلىقىدا، بىزنىڭ ئارزۇلۇق قىزىمىز ئوغۇل - قىز ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپتە ئەتىدىن - كەچكىچە ئوغۇل باللار بىلەن بىللە ئوقۇغان، ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزۈپ دوختۇر بولدى. لېكىن، ئۇ مۇنۇ قىزلارغا ئوخشىمايدۇ.

ھەسەن بىبى خانىم تۇز گەپ قىلمىدىغان، ئاغزى چاققان ئايال ئىدى. ئۇ دەرھال شۇنداق دېدى:

— بۇياقنىڭ دېگەنلىرى راست، مانا مەن گۇۋاھ بولالايمەن، ئۇ قىز ناھايىتى ئەدەپلىك بالا بولدى، — ئۇ ھېلىقى «كېپىنەكلەر»گە يىرگىنچ بىلەن قاراپ قويدى، — بۇ قىزلارمۇ كىچىكىدىنلا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن بولسا، ھەرگىز مۇنداق بولمايتتى. ئەگەر بۇ قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ يالغان ئەجنەبىيلەردىن بولىدىغان بولسا، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ چاغدا كىم - كىمنى تەربىيەلىسۇن؟ ...

بۇ ياشانغان خانىملارنىڭ ھەدەپ ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاۋازى توم ھەسەن بىبى خانىمنىڭ «تەلىمى»نى «كېپىنەك»لەرمۇ ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلار قىلچە ئىزا تارتماي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، تېخىچە سۆزلىشىپ - كۈلۈشۈپ، مېھمانلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. بىر يىگىت قىزلارنىڭ بىرىگە قاش تاشلاپ:

— قەدىرلىكىم، خەقنىڭ سىزنى ماختاشلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ھىم! ئۆلمەيدىغان قېرىلار! ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىگە باقماي، خەقنى سۆندۈرۈۋاتىدۇ تېخى. ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن!

«كېپىنەك»لەرنىڭ ئانىلىرى شۇ ئاياللارنىڭ غەيۋەتلىرىنى

ئاڭلاپ ئاللىقاچانلا تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى، ئۇلار شۇ ئاياللارنىڭ گەپنى تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتكەنلىكىنى تۇيغانىدى. بىراق، ئۇ يېرى تاز ئىكەن، بۇ يېرى ماز ئىكەن، ئۇ يېرى يامان ئىكەن، بۇ يېرى قاملاشمايدىكەن دەپ تەپ تارتماي قىلىنىۋاتقان غەيۋەتلەر يۈزىدىن - يۈزىگە ئېيتىلمىغاچقا، ئۇلار سەكرەپ قوپۇپ دەككىسىنى بېرىشكە پېتىنالماي، ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا دارىتىمىلاپ تىللاپ قويۇۋاتاتتى.

بۇ بىرقانچە ئالۋاستى سىياقىدىكى قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى تىللاۋاتقانلىقىنى ھەسەن بىبى خانىم ئاڭلاپ قالدى. ئۇ سەۋر - تاقەت قىلالماي، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقمىغۇدەك قىلىپ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن دەككىسىنى بېرىپ قويماقچى بولدى. بىراق، ئۇ ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، رادىيودىن «مودا قىزلارغا» دېگەن بىر شېئىر ئاڭلاندى:

قىزىم سەن،
قايىنغان بازار ئارىلاپ،
يۈرىسەن رەستىدە ئويناقلاپ - تاقلاپ،
«ھى - ھى - ھى»، «ھا - ھا - ھا» — كۇلۇپ قاقاقلاپ.
يۈرىسەن ئالچاڭلاپ جىلۋىلەر بىلەن،
نازلىنىپ ئۆزۈڭنى كۆز - كۆز قىلىسەن،
مۇرەڭدىن سىيرىلىپ چۈشمەكنى تىلەپ
باشتىكى ياغلىقنى لەپىلدىتىسەن.

ئى قىزىم!
كۆرگەندە ئۇشبۇ ھالىڭنى
ئىزادىن ئاقىدۇ تەر مونچاقلىرىم.
ئاھ! مېنىڭ ئىززىتىم —
كىرسىز ئەينىكىم،
كۆمپەيكۆم بولغاندەك ئاغرىيدۇ دىلىم.

قىزىم بىل،
سەن مېنىڭ شۆھرىتىم ـ شەنىم،
قەرزىڭ ئىدى مەن ئۇچۇن كەلتۈرۈش شەۋكەت،
بولمىغىن سەن ئۇنداق مەستۇمەستانە،
نەدىكى ئىشلارنى بىلىپ مەدەنىيەت!
سەن ئۇچۇن لەۋ گىرىم، ئۇپا ۋە ئەڭلىك،
بولدىكى جېنىڭدەك ئەزىز ـ قىممەتلىك،
بىر گۈزەل كۆزۈڭگە كۆكلەرنى سۈرۈپ،
بويايسەن بۇغىنىڭ كۆزىدەك رەڭلىك.
تارايسەن قۇندۇزدەك قارا چېچىڭنى،
ئاجايىپ ـ غارايىپ فوكۇس چىقىرىپ.
بويۇڭغا سۈۋارى چاچقان ئەتىردىن،
كېتىدۇ ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىپ.
يۈرسەن گوياكى گۈلدەك ياسىنىپ،
رەڭمۇرەڭ رېدىكول قولۇڭدىن چۈشمەس.
دېيىشىدۇ شۇ ھالدا كۆرگەنلەر سېنى:
«سەيلىچى مەستانە سەيلىدىن كەچمەس».

ئى قىزىم،
دېيىشىدۇ بەزىلەر سېنى:
«يېڭىچە مەدەنىي، گۈزەللىك خىلى ...»
ۋە لېكىن مەن دەيمەن:
پۇشايمان ـ ھەسرەت —
قىلىسەن ئۆكۈنۈپ ئاخىر بىر كۈنى،
يۈردۈڭسەن بىردەممۇ تىنىم تاپماستىن،
شالاقلىق بابىدا چېكىدىن ئاشتىڭ.
قاقاقلاپ كۈلسەن تارتىنىپ قويماي،
شارابقا بەك خۇمار دىل ئىشتىياقىڭ.

تانىدا بىر ئۆزۈڭ مەلىكە شاھى،
زىياپەت بابىدا ناخشا چولپانى؛
سورۇندا بىر گۈلسەن — دىلنىڭ مەپتۇنى،
سېنىڭسىز ئېچىلماس بىگىملەر كۆڭلى.
رېستوران ۋە ياكى كۈلۈبلار ئارا،
كىنوخانا يا يېشىل چىملىقتا،
ياسانچۇق نوچىلار يىغىلغان بولسا،
قالىدۇ تالىشىپ سېنى ئۆزئارا.

نەگىلا بارغىنىسەن ماختىشار سېنى:
«بىلىكى يالىڭاچ مەشۇق خېنىم» دەپ؛
ۋە مەيلى بارغىنىسەن قايسى بىر جايغا
ئالىدۇ ئەر جىنس سېنى چۆرىدەپ.
ئى قىزىم،
بۇ ھەرگىز مەدەنىيەت ئەمەس.
بۇ پەقەت خەتەرلىك ئورىدۇر خالاس؛
ئۇ رەسمىي مۇسۇلمان پاكلىقى بىلەن،
ئوت بىلەن سۇدەكلا زادى سىغىشماس.

تېز كېچىپ ئاتالمىش بۇ ئەركىنلىكتىن،
ھەقىقىي ھاياتنىڭ تەكتىگە يەتكىن،
سەن ئۆزۈڭ تەقۋادار ئادەمنىڭ قىزى،
شۆھرەتلىك بۇ نامنى بىغۇبار ئەتكىن.
قايتىپ كەل ئۆيۈڭگە، قايتىپ كەل قىزىم!
شۇ ئۆيدە يۈز تېپىپ، كۈلەر ئىقبالىڭ.
قايتىپ كەل ئۆيۈڭگە، قايتىپ كەل قىزىم!
شۇ ئۆيدە ئىگەمدىن يانار چىراغىڭ.

ئادەمنىڭ نامىدۇر بىباھا گۆھەر،
ھەتتاكى ھاياتتىن ئۈستۈنرەك ئەۋزەل.

تارت قىزىم، ئېتىڭنى يارنىڭ لېۋىدىن،
ھەق يولغا قايتقاننى سەتلىمەيدۇ ئەل.
يۈز كەتسۇن ئەلئارا چىرايلىق نامىڭ،
ماختىلىپ تىللاردا، گۈزەل ئەخلاقىڭ؛
بۇرۇنقى ئىپپەتلىك نامىڭنى تاپقىن،
كۆتۈرەي بېشىمدا چىقسۇن ئاتاقىڭ.

ئى قىزىم !
ئاڭلىساڭ شۇ خىتابىمنى،
ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كىر سەنىڭ گېپىمگە.
سەن ئازغۇن بەندىنىڭ ئالدىدا چاقناپ،
كۆرۈنەر توغرا يول پارلاپ كۆزۈڭگە،
چاققانراق قۇتۇلساڭ، مۇسۇلمان قىزى،
ئېزىتقۇ تۇمانلار باغرىنى تىلىپ؛
شەنىڭگە ھۆر ـ غىلمان بەزمە تۈزگۈسى،
سۆيگۈسى يەر ـ ئاسمان پۈتۈڭنى كېلىپ.

باياتىن «كېپىنەك»لەرنى ئاق ـ كۆك دەپ ئەيىبلىگەن خانىملار بىردىنلا ۋارقىراپ كېتىشتى:

— خۇدايىم بۇ شائىرنى پاناھىڭدا ساقلا، بۇ شائىر مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى رەسۋاچىلىقلىرىنى ئوڭلاشتا كاتتا خىزمەت كۆرسىتىپتۇ !

— ئۆز قىزلىرىنى ئەجنەبىي مودىسىنى دوراشقا كۈشكۈرتۈۋاتقان ئانىلار ئۆز ئىززىتىنى ساقلاشنى خالىسا، مۇشۇ شېئىرنى ئاڭلاپ قويسا بولغۇدەك ! — دەپ كوتۇلدىدى ئاۋازى توم ھەسەن بىبى خانىم.

«كېپىنەك»لەرنىڭ ئاپىلىرى ئاۋۋال شۇ شېئىرنى، ئاندىن بىرقانچە رەقىبىنىڭ جانغا تېگىدىغان جارقىراشلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، غەپلەت باسقان ۋىجدانى ئاز ـ تولا ئويغانغاندەك

بولدى. ئۇلار غىلىڭ ـ پىلىڭ قىلماي، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى، چىرايىدا ئوڭايسىزلىنىش ئالامىتى پەيدا بولۇپ، باشلىرى چۈشۈپ كەتتى.

شۇ ئارىدا ئاخۇنۇملارغا ھەمراھ بولۇۋاتقان مىكائىل بىلەن يۇسۇپ نىكاھ ئوقۇغان موللىنى ئۇزىتىۋېتىپ، مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. يېڭى نىكاھلانغان يىگىتنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئىچى قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى.

ئالدىراش يۈرگەن نازپەرۋەر شاھبانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، خۇشاللىقىنى باسالماي «يەڭگە، يەڭگە» دېدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلاشتى. ماھىنۇر نازپەرۋەرنىڭ سەمىمىي تەبرىكىنى ئاڭلاپ، سەل ئىززا تارتىپ قالدى. ماھىنۇر يېڭى كېلىنلەرگە خاس تارتىنچاقلىق بىلەن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ بوش شىۋىرلاپ:

ــ ناز خېنىم، سىزمۇ بەختلىك بولۇڭ، ــ دېدى. ئاندىن نازپەرۋەر بايا ئۇنى قانداق قىزغىن قۇچاقلىغان بولسا، ئۇمۇ ئۇنى شۇنداق قىزغىن قۇچاقلىدى، نازپەرۋەرنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش «يەڭگە» دەپ چاقىردى، كۆز چاناقلىرىدا ھاياجان ياشلىرى ئەگىدى.

يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويۇش مۇراسىمى باشلاندى، مېھمانلار گۈررىدە ئولاشتى، نازپەرۋەر ئاكىسىنىڭ تويىغا ئاتاپ پۈلنى كەينى ـ كەينىدىن چاچقۇ قىلىپ چاچتى، ئاكىسىغا سېرىق مەشۇتتىن ئىشلەنگەن گۈلنى تاقاپ قويدى. ئاندىن يىپەك ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىنى ئاكىسىنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويدى ۋە ئاكىسىنى قولتۇقلاپ ئالدىغا ئاستا ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئاكىسىدىن پەس ئاۋازدا سوۋغات تەلەپ قىلدى، يۇسۇپ پەس ئاۋازدا:

ــ قائىدە بويىچە، ئوغۇل توي قىلغاندا سوۋغاتنى دادىدىن تەلەپ قىلىدىغان گەپ. ئۇ بىچارە دادىمىز سوۋغىتىنى ساڭا ئاللىقاچان بېرىپ بولدىغۇ؟ ــ دېدى جاۋابەن.

— نېمە سوۋغات ئۇ؟ — دەپ سورىدى نازپەرۋەر چۈشەنمەي.
— مىكائىلچۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى سوۋغات بولامدۇ؟
نازپەرۋەر ئوڭايسىزلىنىپ يۇسۇپنىڭ بىلىكىنى قاتتىق چىمدىۋالدى. يۇسۇپ ئاغرىققا چىداپ:
— بەللى - بەللى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئېلىشقۇ بۇ ! — دېدى.
توي ئەھلى يىگىت بىلەن قىزنى مەخمەل كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەينەككە قارىتىش ۋە «قۇرئان» ئوقۇتۇش مۇراسىمىنى باشلىدى. مېھمانلار ئېتىلىپ كېلىپ، يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئەتراپىغا پەرۋانىدەك ئولىشىۋالدى. تويغا داخىل بولغانلاردىن بەزى قېرىلار ۋە بالىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى دېگۈدەك ماھىنۇر بىلەن يۇسۇپنىڭ دوستلىرى ياكى دوستلىرىنىڭ ئۇنداق - مۇنداق تۇغقانلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ تولىسى يىگىت بىلەن قىزنى بۇرۇن كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر يېڭىلىقنى كۆرۈشكە قىزىققاندەك، ئۇلارنى چۆرىدەپ تويماي قاراۋاتاتتى.
مۇراسىم باشلاندى، كىشىلەر ئۇزۇن ھەم كەڭ بىر شارپىنى يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۈستىگە يېپىپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەينەكتىن بىرنى قويدى. نازپەرۋەر قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئەينەككە قاراتقاندىن كېيىن ئاكىسىغا: «ئاكا، ئەينەكتە چىققان ئايغا قاراڭ» دېدى، يۇسۇپ ئەمدىلا قارىشىغا، نازپەرۋەر قىزنىڭ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئەتەي كۆرسەتمىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. يۈزى ئېتىكلىك ماھىنۇرمۇ كۈلۈپ كەتتى. يۇسۇپ كۈلگىنىچە نازپەرۋەرنىڭ بىلىكىنى چىمداپ:
— شەيتان، ئادەم ئەخمەق قىلىشقا نېمانداق ئۇستاسەن، — دېدى. نازپەرۋەر بىلىكىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ:
— ھە، سىززە ماڭا مۇشۇنداق سوۋغات بەرمەكچىكەنسىز - دە ! بىلىكىمنى چىمداپ ئىششىتىۋەتتىڭىز ! — دېدى چىرقىراپ.

— بۇ سوۋغات ئەمەس، ئۆچ ئېلىش. بايا سەنمۇ مېنىڭ بىلىكىمنى چىمداپ ئىششىتىۋەتمىدىڭمۇ؟ — دېدى يۈسۈپ.
قانداقلا قىلغان بىلەن يۈسۈپ ئەينەكتىن قىزنىڭ جامالىنى بەربىر كۆردى.
تەنتەنىلىك ئاددىي ـ ساددا توي مۇراسىمى ئەنە شۇنداق قىزغىن ئاخىرلاشتى.
كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى. مېھمان كۈتۈش بىلەن ئالدىراپ چارچاپ هالى قالمىغان مىكائىل ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزىنى ئاچالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ يۈسۈپكە قاراپ ئەسنەپ:
— هە يىگىت، سىزغۇ روهىڭىز كۆتۈرەڭگۈ، پادىشاهدەك هېچ ئىش قىلماي ئولتۇردىڭىز، شۇنچە كاتتا ئىشقا ئاغزىڭىزنى مىدىرلىتىپ قويمىغان بولسىڭىزمۇ، ئىشلىرىڭىز قىلچە ئاقسىماي پۈتتى. مەن ئېشەكتەك ئىشلەپ چارچاپ كەتتىم. پېقىر ئەمدى جانابىڭىزغا هەمراه بولالمايدۇ، بەك ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، — دېدى ـ دە، نازۇپەرۋەرنى چاقىرىۋالماقچى بولدى.
يۈسۈپ مىكائىلنى جىددىي قىياپەتتە چاقىردى. مىكائىل «نېمە تاپشۇرۇقىڭىز بار» دەپ دەرهال توختىدى ۋە يۈسۈپنىڭ دەيدىغان يەنە بىر مۇهىم ئىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.
— سىزنى توختاڭ دېگىنىمنىڭ ۋەجى، قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشىڭىزنى ئەستىن چىقىرىپ قويدىڭىز، شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويماقچىمەن، — دېدى يۈسۈپ.
مىكائىل هاڭ ـ تاڭ قالدى:
— نېمە دېمەكچىدىڭىز؟
— دېمەكچى بولغىنىم، سىز «ئېشەك» ئەپەندى قول ئېلىشىپ خوش دېيىش ئورنىغا تۆيىڭىزنى شارتلا يۆتكەپ چاپقىنىڭىز نېمىسى؟
مىكائىل كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— مېنى ئېشەك دەپ بولۇپ، يەنە «ئەپەندى» دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ مەيلى ئەپەندى بولاي، مەيلى ئېشەك بولاي،

ئىشقىلىپ، سىز يىگىت غوجام ئۇچۇن جىق كۆچ چىقاردىم، — دېدى.
شۇ پەيتتە نازپەرۋەرمۇ ماھىنۇرنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، يۇسۇپ بىلەن مىكائىلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، قىزىقچىلىق قىلىپ:
— ئاكا، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئۇيقۇم كېلىپ تۇرالماي قېلىۋاتىمەن. بېرىپ ئۇخلا دېگەن گەپنىمۇ قىلمايسىزا. ئەتە قىلىدىغان يەنە جىق ئىش بار. ئەتە ئەتىگەندىلا سىڭلىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەشەگە قاراپ چاپمىسام بولمايدۇ، — دېدى.
يۇسۇپ سىڭلىسىنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مىكائىلغا قاراپ قويدى ۋە:
— ھە ! ئىككىڭلار كېلىشىۋاپتىكەنسىلەر - دە. ماقۇل، كېتىڭلار، كۆپ جاپا چەكتىڭلار رەھمەت، سىلەرگە، — دېدى.
يۇسۇپ چەكسىز بەخت تۇيغۇسى بىلەن يېڭى ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چىرايلىق شايى پەردىنى قايرىپ:
— سالام، بۇۋى ئانجېلىنا ! يۇسۇپنىڭ مۇقەددەس ئۆيىگىزگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟ — دېدى.
بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن يېڭى كېلىن ماھىنۇر يۇسۇپنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان چاقچىقىنى ئاڭلىغان ھامان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:
— كىرىۋېرىڭ ! — دېدى تارتىنىش بىلەن.
يۇسۇپ «رەھمەت» دېدى - دە، چەبدەسلىك بىلەن ئۆيگە كىردى ۋە ماھىنۇر بىرەر ئويغا كېلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ يېنىغىلا كېلىپ چاپلىشىپ ئولتۇردى. ماھىنۇر ئىزا تارتىپ بېشىنى بەكرەك تۆۋەن سالدى.
— شاھىبانۇ ! — دېدى يۇسۇپ قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ، — سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى بىباھا گۆھەر. مەن سىزدەك بىباھا بايلىققا ئېرىشىش يولىدا مىڭ بىر جاپالارنى باشتىن كەچۈردۈم، سىزدەك بىباھا بايلىققا ئېرىشىش يولىدا قەدىمىي ئورمانلارنى

ئارىلاپ، دەشت ـ باياۋانلارنى كەزدىم، سان ـ ساناقسىز دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈردۈم، لېكىن ئېتىقادىم ۋە مۇھەببىتىمدىن قىلچە تايمىدىم، ئۇنىڭ ئەكسىچە، قاينام ـ تاشقىنلىق دېڭىز تەكتىگە كەينى ـ كەينىدىن چۆككەن غەۋۋاستەك ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك گۆھەرنى سۈزۈۋالدىم. بۇ گۆھەر سىز، كۆز ئالدىمدا تۇرغان سۆيۈملۈك خوتۇنۇم!

ماھىنۇر ھاياتىدا ھەقىقىي بەختكە مانا بۇگۈن تۇنجى قېتىم ئېرىشىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ شائىرانە سۆزلەر بىلەن «ئۆزىنى ماختىشى»نى ئاڭلاۋېتىپ خىرىلداپ كۈلدى. ئاندىن:

— ۋاي ـ ۋۇي! ئۆزىنى ماختاشقا كەلگەندە بۇ ئالەمدە گويا ھەممە جاپا، ھەممە خەتەرنى بىر سىزلا باشتىن كەچۈرگەندەك، دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ، قەدىمىي ئورمانلارنى ئارىلاپ، بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە، دولقۇنلۇق دېڭىزدا تىرىشىپ ـ تىرماشقان بىرلا سىزدەك تاغاردا بىر سۆزلەپ كېتىۋاتىسىز. مەنمۇ باشقا كەلگەننى سىز بىلەن تەڭ كۆرۈپ كەلمىدىممۇ؟ ئېيتىڭچۇ، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ — دېدى ـ دە، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇسۇپنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئىشقى بىلەن يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى.

يۇسۇپ بۇ ئاۋازسىز ئىپادىلەنگەن تىلغا يۈز ھەسسە كۈچلۈك ئىشقى بىلەن جاۋاب ياندۇردى ھەمدە چەكسىز ھاياجان بىلەن:

— جېنىم ماھىنۇر، ئۆتكەن ئىشلار مەڭگۈگە كەلمەسكە كەتتى. ئەمدى يېڭى ھاياتقا قەدەم قويايلى! — دېدى.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

ھەش - پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. جەمشىد سارىيىدا جىنايەت ۋە نەپرەتكە تولغان ئۆتمۈشنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلىشىپ، بارا - بارا تارىخقا ئايلىنىپ قالدى.

يۈسۈپ، ماھىنۇر، مىكائىل، نازپەرۋەرلەر ئۆزلىرىنىڭ گۈلگە ئوخشايدىغان بالىلىرى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ناھايىتى ئوبدان ئۆتكۈزدى. جەمشىدنىڭ تەكلىپى بويىچە، ئۇنىڭ توختاپ قالغان تىجارىتىنى يۈسۈپ بىلەن مىكائىل داۋاملاشتۇردى. مىكائىل بىلەن نازپەرۋەرمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى داچىدىن سارايغا كۆچۈپ كېلىپ، ھەممەيلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، جەمشىد سارىيىدا جان سانى كۆپىيىپ، ئىناقلىق - بەختىيارلىق، شاد - خۇراملىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئاۋاتلىق چىراي ئاچتى.

قارا خىزمەتچى پېتىر جەمشىدنىڭ «ۋەسىيەتنامە»سى بويىچە، ئاللىقاچان باشقىلار قاتارىدا بىر ئۈلۈش مال - مۈلۈككە ئېرىشتى ھەمدە يات دىنىدىكى قېرىنداش ھېسابلىنىپ، تەڭ ھوقۇقلۇق ئائىلە ئەزاسى بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ قارا خىزمەتچىلىكتىن خوجايىنلىق ئورنىغا ئۆتكەنلىكىگە قارىماي، بۇرۇنقى ئاڭ - سېزىمىدىن ۋاز كەچمەيۋاتاتتى. ئۇ ھەمىشە: «نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەممەن، مۇشۇ ئوبدان ئادەملەر نەزىرىگە ئىلغانلىقى ئۈچۈنلا بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئىگە بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن!» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئويى مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، شەرق كىشىلىرىنىڭ پەزىلىتىنى

ئىپادىلەيتتى. ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئۇ بىرمۇنچە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولغان تۇرۇپ يەنە ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك تۆۋەن ئورۇندا ھېسابلىمىغان بولاتتى.

تەبىئىتىدىن ئەقىللىق گۆھەر ھازىر مۇنتىزىم تەربىيە ئېلىپ تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك بولۇپ قالدى. ئۇ بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئوڭۇشلۇق ئالغا بېسىپ، مەرتىۋىسى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئاكىسى مىكائىل بىلەن يېزىنىسى يۈسۈپ ئۇنى چەت ئەلدە ئوقۇپ داۋاملىق بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ چەت ئەلدە ئوقۇش جەريانىدا، ئويۇن ـ تاماشىلارغا قىزىقمىدى، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلمىدى، غەربنىڭ يامان ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە يۇقتۇرمىدى. ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، مۇلكىي ئەمەلدارلىق شاھادەتنامە ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى.

گۆھەر ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، ئوبدان خىزمەتكە ئېرىشتى. ئۇ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، ئاق كۆڭۈل بولغانلىقى ۋە دۇرۇس يول تۇتقانلىقى ئۈچۈن، مەرتىۋىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

جەمشىد ئائىلىسىنى ئائىلە ئەزالىرى بىر جان بىر تەن بولۇپ ئىناق ياشايدىغان ئۈلگە بولۇپ قالدى، دېيىشكە بولاتتى. ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئوخشاشلىقنى ئىختىلاپتىن ئۈستۈن قويۇپ، كەڭ قورساق بولۇپ، باشباشتاقلىق قىلىشتىن، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشتىن ساقلاندى. شۇنىڭدەك، ئۆيدىمۇ، سىرتتىمۇ مۇسۇلمانچىلىق ئەدەپ ـ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئېھتىيات ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئىش كۆردى.

باھاردىن دېرەك بېرىدىغان گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەممەيلەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ياپيېشىل چىملىقتا جەم بولۇپ، گۆھەر ئىشتىن قايتسا بىللە چاي ئىچىشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. كىچىك بالىلارنى بالىلار قوماندانى پېتىر ماشىنا

بىلەن دېگىنىز بويىغا تاماشا قىلدۇرغىلى ئەكەتكەنىدى. ھەممەيلەن تاغدىن ــ باغدىن كەڭ ــ كۆشادە پاراڭ سېلىشقاچ دەرۋازا تەرەپتىكى شەيىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن گۆھەر ئىشتىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ روھى ئۇرغۇپ، چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ، ھەقىقىي گۆھەرنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەممە ئۇنىڭغا سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ يۇسۇپ بىلەن ماھىنۇر ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان گۆھەرنىڭ ئەمدىلىكتە سۆلەتلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يەتتە ــ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى يادىغا ئېلىپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتتى.

گۆھەر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر پارچە ئالاقىنى مىكائىلغا سۇندى ۋە يۇسۇپكە قاراپ:

ـــ ئاكامغا، يېزنەمگە خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، ـــ دېدى.

نازپەرۋەر چاقچاق قىلىپ:

ـــ ئۇكام، سىززە بەك شەخسىيەتچى ئىكەنسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ئاكىڭىزغا، يېزنىڭىزگە خۇش خەۋەر ئەكەپسىز ــ يۇ، سىزگە جېنىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈۋاتقان بىزلەرگە ھېچنېمە ئەكەلمەپسىز، بۇ قاملاشماپتۇ، جۇمۇ؟ ـــ دېدى.

ـــ ئەكەلمەپسىز دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ـــ دېدى گۆھەر كۈلۈپ، ـــ مەن بۇ خەۋەرنى ئالدى بىلەن سىزگە ـــ قەدىردان، ئوبدان يەڭگەمگە ئاتاپ ئەكەلدىم.

نازپەرۋەر كۈلۈۋەتتى، ئاندىن جىددىي تۇستە ئاۋازىنى سوزۇپ:

ـــ مېنىڭ ئالتۇن قەسىرىمدە قۇۋۇلۇۋقا يول قويۇلمايدۇ، گەپنى ئوچۇق قىلماق شەرت، مۇقەددىمە نۇتقى سۆزلەشكىمۇ، گەپ ئوينىتىشقىمۇ ئورۇن يوق. قېنى، يىگىت، خۇش خەۋەرنى چاققان مەلۇم قىلىڭ! ـــ دېدى.

نازپەرۋەرنىڭ قىزىقچىلىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. گۆھەر ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ:

— يارلىقلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى كۈلۈپ، ئاندىن ئاكىسى بىلەن يېزنىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۆزلىدى، — ئىككى ئاكامنىڭ، نازپەرۋەر يەڭگەمنىڭ ۋە ماھىنۇر ھەدەمنىڭ دۆلىتىدە، مېنىڭ مەنسىپىم يەنە بىر دەرىجە ئۆستى. مانا بۇ مېنىڭ مەنسەپ يارلىقىم.

يۈسۈپ بىلەن مىكائىل خۇشاللىقىدا گۆھەرنى قۇچاقلاپ تەبرىكلىدى. نازپەرۋەر بىلەن ماھىنۇرمۇ خۇشاللىقىدا ئۆزلىرىنىڭ يەڭگىلىك، ھەدىلىك سۈپىتىنى يادىدىن چىقىرىپ، گۆھەرنى ھەدەپ ئۆزلىرى تەرەپكە كۈچەپ تارتىپ بەس - بەستە تەبرىكلىدى.

شۇ پەيتتە چاي كەلتۈرۈلدى. نازپەرۋەر كەمپۈت ۋە مېۋە قېقىدىن ئالماقچى بولۇپ ئەمدىلا قول ئۇزىتىشىغا، مەسچىت تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ:

— ماۋۇ قاملاشماسلىقنى كۆرۈڭ، شاراب - نېمەت كېلىشىگە ناماز ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئىسسىق چايغا تەلمۈرۈپ قاراپ قېلىشتىن باشقا ئامالىمىز يوق، ھەي گۆھەر، سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن بۈگۈن چايمۇ ئىچەلمەيدىغان بولدۇق، — دېدى.

— ناز جانابلىرى، ئېزىپ قالمىسىلا، شاراب - نېمەت دېگەنلىرى ھاراق دېگەنلىك بولىدۇ جۇمۇ! — دېدى ماھىنۇر گەپ قىستۇرۇپ.

— ئېزىپ قالغىنىم يوق، بىز ئىچىدىغان چاي ھاراقتىن قېلىشامتى؟ — دېدى نازپەرۋەر، — ئاۋۋال ئىچەمدۇق ياكى ناماز ئوقۇمدۇق، ئالدى بىلەن مۇشۇ ھەقتە بىر يەرگە كېلەيلى.

— ئاۋۋال ناماز ئوقۇيلى، ئاندىن ھەدەم ئېيتقان ھاراققا ئېغىز تېگەيلى، — دېدى گۆھەر تەكلىپ بېرىپ.

كۆپچىلىك ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇردى. خىزمەتكارلاردىن چاچ - ساقىلى ئاپپاق ئاقارغان قېرىراق كىشى

ئىمامىلىق قىلدى. چىملىققا ئالىلىقاچان جايناماز سېلىپ قويۇلغانىدى. ھەممەيلەن خوجايىن، خىزمەتكار دەپ ئايرىماي، قېرى خىزمەتكارنىڭ ئىمامىلىقىدا قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى.

شۇ پەيتتە پېتىر باللارنى باشلاپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە، پېتىردىن باشقىسى بىراقلا يۈگۈرۈپ كېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇۋالدى ۋە ئۇلارنى دوراپ بېشىنى ۋە بېلىنى ئەگدى، تىزلىنىپ سەجدە قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاجايىپ ئوماق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشى ئادەمنىڭ تولىمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

نامازى ئوقۇپ بولغاندا، پېتىر يىراقتا تۇرۇپ قول پۇلاڭلاتقانىدى، تۆت بالا خۇددى مېكىياننىڭ كۈركىرىشىنى ئاڭلاپ پىڭىلداپ چاپقان چۈجىلەردەك چۇرقىرىشىپ، پېتىرنىڭ قېشىغا چاپتى. چاي سوۋۇپ قالغانىدى، شۇڭىغا قارىماي، نازپەرۋەر ھەممەيلەنگە بىر چىنىدىن قۇيۇپ بېرىپ:

— گۆھەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۈسكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ھاراق ئورنىدا چاي كۆتۈرەيلى ! ئاللا ـ ئىگەم ئىنىمىزنىڭ مەرتىۋىسىنى بارغانسېرى يۇقىرى قىلسۇن، ئىنىمىز مەنسەپدارلار ئارىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ تولۇن ئېيىغا ئايلانسۇن ! — دېدى.

ماھىنۇر چاينى ئالغاندىن كېيىن نازپەرۋەرگە:

— ناز، ئاۋايلاپ سۆزلەڭ ـ ھە ! سىز بەربىر ئۇنىڭ يەڭگىسى، ئەتە ـ ئۆگۈن تولۇن ئايدەك بىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ، ئۆزىڭىزگە كۈشەندە قىلىپ قويسا چىداپ تۇرالامسىز ! — دېدى ۋە سۆزلەۋېتىپ گۆھەرگە كۆز قىسىپ قويدى.

نازپەرۋەر بۇ گەپكە كۈلۈپ كەتتى. ئەمما، ئۇ جاۋاب بېرىش ئورنىغا گۆھەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈزىگە ئەركىلىتىپ شاپىلاقلاپ قويغاندىن كېيىن:

— يىگىت، — دېدى ئامراقلىق بىلەن، — ھەدىڭىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانسىز؟ دېمىسىمۇ سىز شۇمتەكىنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يۈزسىزلىك قىلىدىغانلىقىڭىز ماڭا ئايان. بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى گەپنى قىلسام، مەرتىۋىڭىزنىڭ بىراقلا ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىنى تىلەيمەن، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، سىزگە ئايەدىك گۈزەل كېلىنچەكتىن بىرنى تېپىپ، كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلماي قويمايمەن.

گۆھەر يەڭگىسىنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى لەززەتكە تولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىززا تارتىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

ھەممە قىز - قىزنىغا پاتماي چاقچاق قىلىشىۋاتاتتى، بىرلا يۈسۈپتىن زۇۋان چىقمايۋاتاتتى.

— يۈسۈپ، نېمە بولدى سىزگە؟ — دەپ سورىدى ماھىنۇر ئىختىيارسىز، — ئەجەب لام - جىم دېمەيسىزغۇ؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، قەدىرلىكىم ماھىنۇر، بىرلا ...

يۈسۈپ گېپىنى قىلىپ بولغۇچە، نازپەرۋەر گەپ ئارىلىدى:

— ئاكا، گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن. تايىنلىق بىزدىن يوشۇرۇۋاتقان بىر ئويىڭىز بار.

سىڭلىسىنىڭ قىستىشى بىلەن، يۈسۈپنىڭ چىرايى تېخىمۇ مەيۈس تۈس ئالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يۈسۈپنىڭ ئاسانلا كۆڭلى بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەن مىكائىل يۈسۈپنىڭ نېرۋا خاراكتېرلىك ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ قالسا، شۇ تاپتىكى شاد - خۇراملىقتا چۈمگەن كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ:

چاقچاقلاشساق ھەممىمىز،
گاس - گاچىدەك تۇرقىڭىز.
لىرىك شائىر قېنى سىز،
بەك شاد جۇمۇ خۇلقىڭىز.

دەپ قوشاق قاتتى شوخلۇق بىلەن.
مىكائىلنىڭ بۇ ھەجۋىي قوشىقى ھەممەيلەننى، ھەتتا يۈسۈپنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.

— مىكائىل، ھۇ تاقىر باش شەيخ، سىززە ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ، قوشاق توقۇپ مېنى ئانىي تاپماقچى بولۇۋاتىسىز - ھە، ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، شائىر غېرىبىنىڭ ① ئەرۋاھى كېچىدە كېلىپ دەرس بەر دەپ تۇرۇۋالمىسۇن يەنە! — دېدى يۈسۈپ.

— ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان مەندەك قارىتۇرۇكنىڭ يۈسۈپ ئۆلىما ئالدىدا قوشاق توقۇش ھەددى ئەمەس. بىرلا يېرى، سىز مېنى تاقىر باش شەيخقە ئوخشاتتىڭىز، نازپەرۋەرنىڭ مەندىن يالغان چاچ بىلەن مېنى ئالداپسىز دەپ گۇمان قىلىشىدىن قورقۇۋاتىمەن. شائىر غېرىبىنىڭ ئەرۋاھىغا كەلسەك، ئۇنى مېنىڭ گېلىمدىن سىقارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، مەن ئاۋۋال سىزدىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شائىرنىڭ جەننەتتىكى ئەرۋاھىدىن ئەپۇ سوراپ، كەلسە - كەلمەس قوشاق توقۇغان گۇناھىمنى تىلىمەكچىمەن، — دېدى مىكائىل.

مىكائىلنىڭ بۇ گەپلىرى ھەممەيلەننى يەنە بىر رەت كۈلدۈرۈۋەتتى.

— ئاكا، — دېدى ماھىنۇر مىكائىلغا، — ئەرۋاھنىڭ گېلىڭىزدىن سىقىشىدىن قورقمايمەن دەۋاتىسىز تېخى، باشتا قەبرىستانلىقتىكى ھېلىقى كىچىك ئۆيدە قورقۇپ جېنى چىققۇدەك بولغان كىشىنىڭ كىملىكى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— يۇم ئېغىزىڭنى، ئايال ئەرۋاھ!

— چىدىماس، چىدىماس، مېنى «ئايال ئەرۋاھ» دېيىشكە

① 19 - ئەسىردە ھىندىستان - پاكىستان قۇرۇقلۇقىدا ياشىغان ئاتاقلىق شائىر مىرزا مۇھەممەد ئەئىشەدۇللاخان (1796 — 1869) نىڭ لەقىمى.

قانداق تىلىكىڭىز باردى؟ — دېدى ماھىنۇر ئاكىسىنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ.

ئارىدىكى بۇ جانلىنىش يۈسۈپنى بەربىر مەيۈسلۈكتىن خالاس قىلالمىدى. مىكائىل كۆلكىگە قېلىشىدىن قورقماي قىزىقچىلىق قىلىپ پەيدا قىلغان خۇشال كۆلكە - چاقچاقنى يۈسۈپنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىك بېسىپ كەتتى. يۈسۈپنىڭ تېخىچە كۆڭۈلسىز ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەن نازپەرۋەر ئاكىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىدىن تارتىپ:

— ئاكا! — دېدى ئەركىلەپ، — ھەممەيلەن ئېچىلىپ ئولتۇرساق سىز يا گەپ قىلمايسىز، يا كۈلمەيسىزغۇ! گۆھەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەنلىكىدىن خۇشال بولمامسىز؟

يۈسۈپ شۇنىڭدىن كېيىنلا بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— گۆھەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەنلىكىگە، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەنچىلىك خۇشال بولمىغاندۇ. شۇغىنىسى ... بۈگۈن چوڭلار ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. گۆھەرنىڭ مەرتىۋىسى يەنە بىر قېتىم ئۆسكەنلىكىدىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ، چوڭلار ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۆزىمىز ئىككى بىلىكىمىزگە تايىنىپ ياراتقان يېڭى تۇرمۇشىمىزنى كۆرۈپ، ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن تۇغقانلار يادىمغا يېتىۋاتىدۇ...

نازپەرۋەر ئاكىسىنىڭ چوڭلارنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھەسرەتلىنىپ:

— ھەي! دېرەكسىز يوقالغان دادىمىز نەلەردە يۈرۈۋاتقاندۇ! — دېۋىدى، باشقىلارمۇ شۇ ھامان باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ھەسرەتكە چۆمدى.

— سەنەۋەر ھامىمام، — دېدى نازپەرۋەر پىچىرلاپ، — پۈتۈن ئۆمرىدە غەم - قايغۇدىن باش كۆتۈرەلمىگەن، ماددىي جەھەتتە جاپا تارتمىغان بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتە بىر كۈنمۇ ئارام ئالىق تاپمىغان. مانا ھازىر گۆھەر شۇنچە ئىلگىرى بېسىۋاتىدۇ، ھەممىمىز شۇنچە خاتىرجەم، خۇشال ئۆتۈۋاتىمىز،

سەنەۋەر هامما بولغان بولسا، بۇ ئائىلە نېمىدېگەن بەختلىك بولاتتى ـ هە، شۇغىنىسى ...

ماهىنۇر ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىندى:

— ئادەم ئۆز ئۆمرىدە سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا، ئۆمۈر بويى دەرد تارتىدىكەن، ئۇ بۇ يەردىن يىراقتا بولسىمۇ، ھەرھالدا خەت يېزىشىپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇ بىزنىڭ بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، چىمەنبانۇ ئاپىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قېلىۋاتىمىز. ئۇياق بىلەن مىرزابان تاغامنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيۋاتىمىز.

يۇسۇپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلدى ۋە:

— ئۇلار قەيەردىدۇر؟ — دېدى بوغۇق ئاۋازدا، — ئاپام هاياتمىدۇ ياكى دەشت ـ باياۋاندا قازاغا يولۇققانمىدۇ؟ ...

— ئاكا، — دېدى نازپەرۋەر ئىنتىلىك تەسەللى بېرىپ، — مۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ! دادام ئاپام بىلەن بىللىغۇ؟ دادام قېشىدا بولسا، ئاپام ئانچە جاپا تارتىپ كەتمەيدۇ. خۇدا! ئاپامنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايسەن! جېنىم ماهىنۇر، سىزمۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈڭ!

— جېنىم ناز، — دېدى ماهىنۇر، — ئاپىمىزنى ئاللىقاچان كەچۈرۈۋەتكەنمەن. ئۇ هازىر شۇ هالغا چۈشۈپ قالغان تۇرسا، مەن كەچۈرمىگۈدەك يەنە نېمە بار؟

ھەممەيلەننىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۆتمۈشتىكى يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۆھەر:

— ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى قايتا تىلغا ئېلىش بىزگە يىغىدىن باشقا نەپ بەرمەيدۇ. باشقا گەپنى قويۇپ، بىز ئۇلارنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەيلى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئازاب مەڭگۈ ئاياغلاشسۇن، — دېدى.

گۆھەر چوڭلا ئادەم بولۇپ قالغانىدى. هۆكۈمەت ئەمەلدارى

بولسىمۇ، ئۆيدىكىلەر ئىچىدە يېشى ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۆي ئىشلىرىدا ئۇنى كىچىك بالا قاتارىدا كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرمىدى. يىغلاۋاتقان نازپەرۋەر گۆھەرنىڭ گېپىدىن كۈلۈۋەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن يۈسۈپكە قاراپ:

— ئاكا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى گۆھەرنى زاڭلىق قىلىپ.

— نېمىنى؟ — دېدى يۈسۈپ نازپەرۋەرنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي.

— تاقىر باش شەيخنىڭ ئىنىسىمۇ كىشىنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان چوڭ گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى. باياتىن ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟

— باياتىن ئۇلارنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلەيلى دېگەن گەپنى قىلدىڭ، خىيالىڭنى ئوچۇقراق ئېيتىپ باقساڭ قانداق؟ — دېدى يۈسۈپ گۆھەرگە.

— خىيالىمنى ئېيتىپ بولغۇچىلا يەڭگەم زاڭلىق قىلىۋاتسا، قانداقمۇ ئېيتىشقا پېتىناي؟ — دېدى يۈسۈپنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۆھەر نازپەرۋەرگە غالىبلارچە تىكىلىپ. ئاندىن يۈسۈپ تەرەپكە قاراپ، جىددىي تۈستە سۆزلىدى، — يۈسۈپ ئاكا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز نېمىشقا ھەرەمگە بارمايمىز؟ ھەرەمگە بارساق بىر ياقتىن دىنىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، بەيتۇللاغا بەيئەت قىلىمىز، يەنە بىر ياقتىن تاغام بىلەن ئاپامنى كۆرىمىز؛ چوڭ ئاپىمىزنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرۇلۇق شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بىر مەسلىھەتكە كەلمەيمىزمۇ؟

گۆھەرنىڭ مەسلىھەتى ھەممەيلەننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، نازپەرۋەر بىلەن ماھىنۇر بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن گۆھەرگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، بىر ئېغىزدىن:

— كىچىك ئوقۇغۇچىدىنمۇ دانا پىكىر چىقىدىكەن - ھە!

بۇنى زادى ئۇيلاپ باقماپتىكەنمىز، — دېيىشتى.

— بولدى غەلۋە قىلماڭلار. گۆھەرنىڭ پىكرى تامامەن توغرا، — دېدى مىكائىل جىددىي تۇستە.

يۇسۇپنىڭ كۆڭلىدىكى مەيۈسلۈك پۈتۈنلەي غايىپ بولدى. ئۇ مىكائىلغا يەنە چاقچاق قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، پېتىر تۆت بالىنى ئەگەشتۇرۇپ چىملىقتا كېلىپ قالدى ـ دە، كۆپچىلىككە تاماق تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەممەيلەن ياپيېشىل چىملىقتىن قوزغىلىپ ئاشخانىغا ماڭدى. ئاشخانىدا ئۇلار مەككىگە ھەج تاۋاپقا بېرىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا باھار كېتىپ، ياز كەلدى. جەمشىد سارىيىنىڭ ئەر ـ ئايال خوجايىنلىرى مەككە مۇكەررەمگە ھەجگە بېرىشنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى بېكىتتى. ھەجگە بېرىش يولىدىكى ھەممە تەييارلىق، مەسلىھەت، ئېھراملىق كىيىم تەييارلاش، كېيەنلىك رەخت سېتىۋېلىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلار جىددىي باشلىنىپ كەتتى.

پېتىر كىچىك باللارنىڭمۇ چوڭلار بىلەن ھەجگە بىللە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك بىئارام بولدى. مەلۇم بىر شەنبە كۈنى گۈگۈم چۈشۈشتىن ئىلگىرى جەمشىد سارىيىنىڭ ئەر ـ ئايال خوجايىنلىرى چىملىقتا سالقىنداشقا چىقتى. سەلكىن شامال گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى ئەتراپقا تارقىتىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. ھەممەيلەن كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ناھايىتى قىزىپ كېتىشتى. گۆھەرنى يەڭگىسى ۋە ھەدىسى يەنە بىر رەت ئارىغا ئېلىۋېلىپ تالىغىلى تۇردى. پېتىر دومسايغىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە:

— پېتىر، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا.

— مېنى ئېغىر غەم بېسىۋالغىلى نەچچە كۈنلەر بولۇپ قالدى، — دېدى پېتىر.

پېتىرنىڭ مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

مىكائىل چاقچاق قىلدى:
— بۇرادەر، سىنىڭ يا ھۆكۈمەتتە ئەمەلىڭ بولمىسا، يا سىرتقا چىقىپ قىلىدىغان تىجارىتىڭ بولمىسا، نېمىدىن غەم قىلىسەن؟
پېتىر كۆڭلى يېرىم ھالدا مىكائىلغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلماستىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى دەردى بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
— پېتىر، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ — دەپ سورىدى يۈسۈپ كۆيۈنۈش بىلەن.
— ياق، — دېدى پېتىر. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.
— ئۇنداق بولسا زادى نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ يەنە سورىدى يۈسۈپ.
— ھەممىڭلار كېتىدىغان بولۇۋاتىسىلەر ... — پېتىر كانىيى بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.
— بىز كەتسەك كۆڭلىڭىزنى بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى گۆھەر، — ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىمىزغۇ. سىز ئۇچۇنمۇ بەخت تىلەپ قايتىمىز، قانداق، مۇشۇ سوۋغاتىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇ؟ سىزگە يەنە نېمە لازىم بولسا دەڭ، ئالغاچ كېلەيلى.
پېتىر تېخىچە ئازابلانغان ھالدا جايىدىن قوزغالماي ھەم گەپمۇ قىلماي تۇراتتى، بىرھازادىن كېيىن:
— ئاڭلىسام، بالىلارنىمۇ بارىدۇ دەيدۇغۇ؟ — دېدى.
— دۇرۇس، — دېدى يۈسۈپ جاۋابەن، — ئانا بالىدىن، بالا ئانىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجگە بېرىش ئۇلارنىڭمۇ پەرھىزى.
— شۇنى دەڭە، بۇ قول ئىلكىدە بار ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆمرىدە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي پەرھىزى، — دېدى گۆھەر سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنداق بولغاندىكىن، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بىرىشىم كېرەك ـ دە، — دېدى پېتىر.

مىكائىل ئۇنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، كۆڭلىنى ياساش ئاھاڭىدا:

— پېتىر، سەن بارساڭ بولمايدۇ! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى پېتىر، — مېنىڭ تېنىم ساغلام، كۈچ‌ـقۇۋۋىتىم بار، سەپەردە سىلەرگە يۈك بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ — ئۇ باشقىلارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزلەۋەردى، — ماشىنا، پاراخوت دېگەن جىق نېمە، سىلەرنى ۋە نەچچىلىگەن خىزمەتچىنى ئېلىپ بارالىغان يەردە يالغۇز مېنىلا كۆتۈرەلمەمدىكەن؟ مېنى بارسا بولمايدۇ دېگەن گەپ ئەرشتىن يېڭى چۈشكەن بىرەر كىتابتا ئېيتىلغانمىكەن؟ ئەجەب جامىن، راخمان، شۇغلان، كىرىملەر بارسا بولىدىكەنغۇ؟

ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يۈسۈپكە تىكىلىپ، ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتتى، يۈسۈپ ئۇنى قولتۇقلاپ:

— ئاللادىن يېڭى ئەمرىمەرۇپ چۈشكىنى يوق، مۇسۇلمان بولمىغانلارنى مەككە ـ مەدىنىگە كىرىشتىن تەقىب قىلىش بۇنىڭدىن بىر مىڭ ئۈچ يۈز نەچچە يىل بۇرۇنلا ئۆدۈم بولۇپ قالغانىكەن، — دېدى.

— ھە، گەپ مۇنداق ئىكەن ـ دە، ئەمدى چۈشەندىم، بەيتۇللانىڭ ئىگىسى بولغان ئاللا غەيرىي مۇسۇلماندىن ئەمەس. بىراق، مەن ئاللانىڭ «جاھاننىڭ مۆرەببىسى» دېگەن سۈپىتى بارلىقىنىمۇ ئاڭلىغان! ئاندىن قالسا، غوجام ھەربىر يازغان خېتىدە مېنى ناھايىتى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ، سىلەر بولساڭلار ... — پېتىر پەتنۇس ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

پېتىرنىڭ پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن گۆھەر چىدىماي قالدى ـ دە، پېتىرنى توختىتىۋالدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ:

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ماشىنا، پاراخوتلار سىزنى ئېلىپ ماڭالمىسا كارى چاغلىق! سىزنى ئۆزۈم ئېلىپ ماڭىمەن، سىزنى يۈدۈپ بولسىمۇ ئۇ يەرگە ئاپىرىمەن، بولامدۇ؟ — دېدى.

گۆھەرنىڭ شۇنچە مەردانىلىك ھەم دوستانىلىك بىلەن ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، پېتىرنىڭ غەمكىن چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ، گويا بىرنەرسە تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىپ قالدى.

كۆپچىلىك گۆھەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولمايدىغان ۋەدىسىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز تەئەججۇپلەندى.

— گۆھەر، — دېدى يۈسۈپ، — ئۇنى كىچىك بالىنى گوللىغاندەك گەپلەر بىلەن يولغا سالغىنىڭ نېمىسى؟ ۋاقتى كەلگەندە بۇ قۇرۇق ۋەدەڭ ئىشقا ئاشماي قالسا ئۇ تېخىمۇ پەرىشان بولمامدۇ؟

— بۇ قانداقمۇ ئۇنى گوللىغانلىق بولسۇن؟ — دېدى گۆھەر، — بىز ئۇنى جىددە①گىچە ئاپىرىپ، ھەجدىن قايتىشىمىزدا ياندۇرۇپ كەلسەك بولىدۇغۇ! بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يولى بار تۇرۇقلۇق، بىز بىلەن ئىناق ياشاپ كېلىۋاتقان بىر يات دىن ئەھلىنى نېمىشقا رەنجىتىمىز؟

— شۇ تاپتا گۆھەردىن ناھايىتى قايىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى يۈسۈپ تەسىرلەنگەن ھالدا ماھىنۇرغا قاراپ، — مەن ئىلاج تاپالماي قالغانىدىم، ئۇ مەندىن دانا پىكىر قىلىدىكەن! — يۈسۈپ يەنە چاقچاق قىلىپ، — «ئېشەكنىڭ ئىيساغا ئايلىنىشى②» دېگەن شۇ دە، — دېدى.

---

① سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قىزىل دېڭىز بويىغا جايلاشقان پورت شەھىرى، مەككىگە يېقىن.

② ئىسلام دىنىدىكى ئالتە ئەنبىيانىڭ بىرى بولغان ئىيسانىڭ سىرتقا چىققاندا مىنگەن ئېشىكى. يۈسۈپنىڭ بۇ يەردە ئېيتقان «ئېشەكنىڭ ئىيساغا ئايلىنىشى» دېگەن سۆزى گۆھەرنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ئۆسۈۋاتقانلىقىغا قارىتىلغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، كىشىلەر «ئىيسانىڭ ئېشىكى»نى «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نابابلار»، «ئۆتۈپ كەتكەن نادانلار»غا تەمسىل قىلىدۇ.

يۈسۈپنىڭ ئۆز ئىنىسىنى ئېشەككە ئوخشىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ماھىنۇر:
— قالتىسقۇ! گەپ ئويۇنىتىپ خەقنى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ! — دېدى قاتتىق ئاۋاز بىلەن.
— بىكاردىن - بىكار ھومىيىپ نېمە قىلىسىز؟ — دېدى يۈسۈپ ئىتتىكلا، — مەن «ئىيسانىڭ ئېشىكى» دەۋاتىمەن، ئۇ ئادەتتىكى ئېشەكلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئېشەك جۇمۇ! يۈز ھەسسە، مىڭ ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ! بىراق، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بىز بۇ ئېشەكنى ھازىر مەككىگە ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئەتە - ئۆگۈن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە تېخىمۇ ئاچچىقىڭىز كېلىدۇ! بۇ تەرىپىنى ئېيتىشتىن تارتىنىۋاتىمەن!
— بولدى، سىز ئۇچۇن مەن ئېيتاي، «ئىيسانىڭ مەككىدىن قايتقان ئېشىكى، كالتە پەم، ئەقىلسىز تۇرغان - پېتىكىنى»، — دېدى مىكائىل دەرھال سۆز قىستۇرۇپ.
مىكائىل يۈسۈپنىڭ ئورنىدا نەقىل كەلتۈرگەن بۇ ماقال ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، بىرلا ماھىنۇر كۈلمەي تۇرۇۋالدى. يۈسۈپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە چېقىشماقچى بولۇپ:
— ئۇ راستىنلا ئېشەك بولسىمۇ نېمە يامىنى بار، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ قايتسا ھېچبولمىغاندا پاكىزلىنىپ قالىدۇ - دە! — دېدى.
گۆھەر كۆڭلى ئېچىلىپ تىنماي خىرىلداپ كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ماھىنۇر گويا ئۆز يارىدىن يامانلاپ قالغاندەك يۈسۈپكە قاراپمۇ قويمىدى. يۈسۈپ خوتۇنى بىلەن يەنە چېقىشىپ:
— بولدى، گۆھەردەك قابىلىيىتىم بولىدىغان بولسا، ئاشۇنداق بىر ئېشەككە ئايلىنىپ قالسامۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم! — دېدى.
چىملىقتا يەنە بىرپەس شادلىق كۈلكىسى ياڭرىدى. قۇياش غەربكە پېتىپ، نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

خاسىيەتلىك سەپەر كۈنى يېتىپ كەلدى. جەمشىدنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئىزباسار ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سارايغا بالدۇرلا يىغىلدى. سالام ئېيتىش ۋە بەخت تىلەشلەر ئۈزۈلمەي چۈشكىچە داۋام قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ جىنناھ مۇھەممەد ئەلى رەھبەرلىك قىلغان مۇستەقىللىق ھەرىكىتى كۈندىن ـ كۈنگە كەڭ قانات يېيىپ بارغاچقا، ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنغۇچى يالغان مۇسۇلمانلار يېتىم قېلىشقا باشلىغانىدى. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا، جەمشىدنىڭ كونا ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى جەمشىد سارىيىنىڭ يېڭى ئىگىلىرىگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇلارمۇ بۇرۇن جەمشىد ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاشلا يېرىم ئىنگلىز سىياقىدا ئۆي تۇتقان تۇرمۇشىدىن پەخىرلىنىپ، رەسۇلىللانىڭ ئېيتقانلىرىنى قۇلىقىدا تۇتماي كەلگەنلەر ئىدى.

مانا ئەمدى ئۇلاردىن مىكائىل، يۇسۇپ، گۆھەرلەر بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلىشقانلارنىڭ كۆڭلىدە ئاللانىڭ دەرگاھى بولغان مەككە مۇكەررەمگە بېرىش ئارزۇسى تۇغۇلدى. ئۇلار بۇگۈن سارايغا يىغىلىشتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى مۇشۇ ھەجگە ماڭغانلاردىن مەككىگە يوللاشنى كۆزدە تۇتقانىدى.

دېڭىز پورتىدا ھەجگە ماڭىدىغان پاراخوت ئۈچ قېتىم گۈدۈك چالغاندىن كېيىن پىرىستاندىن ئاستا قوزغالدى. ئۇزاتقۇچىلار قول پۇلاڭلىتىپ قېلىشتى.

پاراخوت قىرغاقتىن يىراقلاپ، دولقۇنلارنى يېرىپ تېز يۈرۈشكە باشلىدى. تۇنجى قېتىم پاراخوتقا ئولتۇرۇۋاتقان پېتىر ئاجايىپ يېڭىلىق ھېس قىلىپ، پاراخوت ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان توختىماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتتى. دېڭىز بىلەن كەڭ ئاسمان بۇلۇتلار ئارىسىدا تۇتىشىپ كەتكەندەك ئىدى. بىپايان دېڭىز يۈزىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان يېشىل دولقۇنلار غەربكە پېتىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇراتتى، توختىماي كېتىۋاتقان پاراخوتنىڭ ئاستىدىن ئۈزۈلمەي ئاپپاق دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. نېمىدېگەن كۆركەم، بىپايان دېڭىز - ھە! پېتىر تاكى گۈگۈم چۈشكەنگە قەدەر پاراخوت ئۈستىدە خۇشاللىقىنى باسالماي سەيلە قىلىپ يۈردى.

بارا - بارا پېتىرنىڭ بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداشقا باشلىدى. گويا پۈتۈن پاراخوت پىرقىراۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پېتىرنىڭ بېشىمۇ تومبۇك[1]دەك بارغانچە تېز پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دېڭىزمۇ توختىماي پىرقىراپ يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان قۇيۇنغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ لەڭگەرگە چىڭ ئېسىلىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا ئۆز خانىسىغا قايتىپ كىردى. پاراخوت ئىچىدىكى چىراغلار يېقىۋېتىلگەن بولۇپ، گويا كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. دېڭىز شامىلى دېرىزىدىن ئۈزۈلمەي ئۇرقىراپ كىرىپ تۇراتتى.

پېتىر ئۆز گەۋدىسىگە ئىگە بولالماي قېلىۋاتسىمۇ، ھوشى ناھايىتى جايىدا ئىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن كارىۋات بېشىغا تايىنىپ، كارىۋاتقا رەتلىك سېلىنغان پاكىز سېلىنچىلارغا قارىدى ۋە قۇسۇۋېتىپ، بۇ چىرايلىق سەرەمجانلارنى پاسكىنا

[1] تومبۇك — كىچىك دومباقتەك ئىككى يۈزلۈك، سېپى بار ئويۇنچۇق.

قىلىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشقا پېتىنالمىدى.

توساتتىن پاراخوت قاتتىق چايقىلىپ، پېتىر يىقىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ كارىۋاتتىكى نەرسىلەرنى پاسكىنا قىلىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ يۇرۇشكە ئورۇن قالمىدى. ئاخىر چىداشلىق بېرەلمەي كارىۋاتقا قۇسۇۋەتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ كۆنبويى پايپاسلاپ يۈرۈپ چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېنى بەكلا ئاجىزلاپ قالغانىدى. مانا ئەمدى هازىرقى چايقىلىش دەستىدىن ھەممىدىن بەك بېشى قېيىپ كەتتى. ھەتتا بىرمەھەل ھوشىدىن كېتىپمۇ قالدى. يۇسۇپلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە دوختۇر چاقىردى.

ئەتىسى سەھەردە، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان ساپ ھاۋا، بىپايان زۇمرەت دېڭىز پېتىر ئۈچۈن شىپالىق دورا بولدى. ئۇ ئوبدانلا ئوڭشىلىپ قالدى، بىراق يەنىلا ناھايىتى ھارغىن ئىدى. ئۇ يۇمشاق، راھەت كارىۋاتقا تاشلىنىپ، گويا گۆدەك چاغلىرىدا بۆشۈكىدە ئۇخلىغان ۋاقتىدىكىدەك شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. دېرىزىدىن سالقىن دېڭىز شامىلى كىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى يەنە بىر ئاچقان چېغىدا، مىكائىل، يۇسۇپ ۋە گۆھەرلەرنىڭ كارىۋات بېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، دەررۇ ئۆرە بولۇپ، خوجايىنلىرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— پېتىر، بىرئاز ئوڭشىلىپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى يۇسۇپ پېتىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— ئوڭشىلىپ قالدىم، — دېدى پېتىر دەرھال، — ناھايىتى خىجىل بولۇۋاتىمەن، ئاخشام سىلەرنى دەم ئالدۇرماي چارچىتىپ قويدۇم.

— ھە، مانا، ئەمدىغۇ پو ئاتماسسىز؟ — دېدى گۆھەر، — ئون نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بويۇن تولغاپ: «سىلەرگە يۈك بولۇپ يۈرەرمىدىم؟» دېگەنىدىڭىز، ئەمدى دەڭە، يۈك بولۇۋاتامسىز ـ يوق؟

گۆھەرنىڭ گېپى كۆپچىلىكنى پاراققىدە كۈلدۈرۈۋەتتى. پېتىر خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. بىراق، ئۇ كونا خوجايىنى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاز قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئىتتىككىلا بېشىنى كۆتۈردى.

— گۆھەر بايۋەچچەم مېنى پوچى دېدى. توغرا، مەن باشتا سىلەرگە يۈك بولارمىنى ئويلىغان. بىراق، غوجا ئاتىمىز بىلەن پات ئارىدا كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، سىلەر نېمە دېسەڭلەرمۇ بويۇنۇمغا ئالىمەن، سىلەرگە يەنە بىر قېتىم يۈك بولسامۇ، ھەتتا گۆھەر بايۋەچچە باشتا ئېيتقاندەك يۇدۇپ بارسىمۇ مەيلى، غوجا ئاتىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشسەملا بولدى! — دېدى پېتىر.

پېتىرنىڭ گېپى تۈگىشىگە يۇسۇپ بىلەن مىكائىل گۆھەرگە تىكىلدى، ئۇلارنىڭ: «ھە ئاغزىڭنىڭ پەچىمى يوق جاناب، ئۇنى يۇدۇپ بولسىمۇ مەككىگە ئېلىپ بارىمەن دېگەنىدىڭىز، مانا ئەمدى كۆرىمىز! دەڭچۇ، قانداق قىلماقچىسىز؟» دېمەكچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

گۆھەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەندىشىسىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى كۆز ئالامەتلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىۋاتاتتى. ئۇ ئاكىسى بىلەن يېزنىسىگە قاراپ تىلىنى چىقىرىپ قويدى ۋە سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن:

— پېتىر، سىزگە راست گەپنى قىلاي، يۇسۇپ ئاكامنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سىزگە دېگەن گەپلىرى توغرا. سىز مەككىگە بارسىڭىز ئەسلا بولمايدۇ. مەن سىزنى يۇدۇپ، ھاپاش ئېتىپ ماڭغىنىم بىلەنمۇ بەرىبىر بىكار. ئۇ يەرگە يات دىندىكىلەر ئاياغ باسسا بولمايدۇ. قېنى دەڭچۇ، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— سىز نېمىشقا باشتا ... — پېتىرنىڭ كۆزلىرى چوڭچەكتەك بولۇپ كەتتى.

— سىزنى ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان غوجا ئاتىڭىز بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇنمىكىن دېگەنىدىم! — دېدى گۆھەر.

— مەككىگە بارماي تۇرۇپ قانداق كۆرۈشكۈلۈك؟ — دېدى پېتىر دومسىيىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي، — دېدى گۆھەر، — قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن سىزگە جىددەدىن مېھمانخانا تېپىپ بېرىمىز، جانابىڭىز شۇ يەردە دەم ئالغاچ تۇرۇپ تۇرىسىز، بىز بىر كۈنى غوجا ئاتىڭىزنى ئالدىڭىزغا باشلاپ كېلىپ كۆرۈشتۈرىمىز. قانداق؟ بۇ ھۆرمىتىڭىزگە لايىق كېلىدۇغۇ دەيمەن !

گۆھەر شۇ گېپى بىلەن ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. پېتىرمۇ كۈلدى.

ھەج ئۆمىكىنىڭ پاراخوتى بىپايان ئەرەب دېڭىزىدا يۈرۈۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەنلا مەزىن ئەزان توۋلاپ ئۇيقۇدا ياتقان كىشىلەرنى ئويغىتاتتى، ئاندىن جامائەت پاراخوتتىكى مەخسۇس مەسچىتكە كىرىپ بامدات نامىزى ئوقۇيتتى، ھەج پاراخوتى كۈلكە - تاماشىدىن خالىي ئىدى. ھەجگە ماڭغان ھەممە ئادەم ئاللاغا بەيئەت قىلىمەن ۋە مۇسۇلمانچىلىق پەرھىزىنى ئادا قىلىمەن دېگەن كۈچلۈك ئارزۇ بىلەن سەپەرگە ئاتلانغانىدى. ئادەتتە ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرىپ يۈرىدىغان مۆتىۋەرلەرمۇ ھەج قىلىش داۋامىدا دىنىي قائىدىگە ئەمەل قىلىپ ساقاللىرىنى قويۇۋەتكەنىدى. بۇ تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ بەيتۇللانى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەر قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا نىيىتى يوق ئىدى.

ھەجگە ماڭغان پاراخوت ئۆز سەپىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنىنى بېسىۋاتاتتى. ئالاھازەل تۈن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندا، توساتتىن سىگنال (سۇناي) چېلىندى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئىسراپىل[1] پەرىشتىنىڭ قىيامەت قايىم بولغاندا قىلىدىغان جاكارىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

---

① ئىسراپىل — ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ پەرىشتىنىڭ بىرى. ئۇ قىيامەت قايىم بولغاندا جاكار توۋلاپ، بارلىق ئۆلگەنلەرنى ئاللانىڭ سورىقىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تىرىلدۈرەرمىش.

پېتىر قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئىسلام دىنى توغرىسىدا قۇربان ھېيتتا قوي ـ كالا قۇربانلىق قىلىش، روزا ھېيتتا ياغ پۇرىتىش، روزا تۇتۇش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەرنى يوقلاش دېگەندىن باشقا ئىشلارنى بىلمەيتتى، ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن رەسىم ـ يوسۇنلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ «بىرەر بالا ـ قازا تۇغۇلغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي بىلەن تويتوغرا يۈسۈپلەر بار جايغا ئۇچقاندەك چېپىپ باردى، خوجايىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ قارىۋىدى، ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋېتىپتۇ، ھەممىسى غېمىدە يوق ئېھرام باغلاپ، بەخىرامان ئولتۇرۇشۇپتۇ. ماھىنۇر پېتىرنىڭ قىياپىتىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ:

— پېتىر، نېمە بولدى سىزگە؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ.

پېتىرنىڭ پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سىگنال چېلىنىش سەۋەبىنى چۈشەنمەي بىرەر چاتاق تۇغۇلغان ئوخشايدۇ دەپ قالغانلىقىنى بايقىغان يۈسۈپ پېتىرنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ:

— بۇ بالا ـ قازا تۇغۇلغانلىقتىن چېلىنغان سىگنال ئەمەس، ئېھرام قىلىدىغان جايغا يەتتۇق، ئېھرام باغلاڭلار دەپ چېلىنغان سىگنال، — دېدى. پېتىر شۇنىڭدىن كېيىنلا ئورۇنسىز چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىزا تارتقىنىچە ئۆز خانىسىغا قايتىپ كەتتى.

يۈسۈپلەر ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن قايتا يېتىپ ئىككى سائەت بولار ـ بولمايلا بامدات نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار كېچىچە دېگۈدەك تۈزۈك ئۇخلىمىغاچقا، ناھايىتى چارچاپ كېتىشكەنىدى. بىراق، بۇ مۇقەددەس جايغا سەپەر قىلغان ھەربىر ھەج تاۋاپچى ئۈچۈن ئاڭلىق قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك چىنىقىش ئىدى.

ئۇلار ئاخىر جىددەگە يېتىپ كېلىشتى.

پاراخوت ئاستا ـ ئاستا قىرغاققا كېلىپ توختىدى. ھەج

تاۋاپچىلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ پاراخوتتىن چۈشۈشكە تەييارلاندى. ھامماللار دۈررىدە پاراخوتقا چىقىپ، ھەجگە ماڭغانلارنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تالاشتى، ئۇلار قانچىلىك كىرا ھەققى تەلەپ قىلسا، ھەجگە ماڭغانلار قىلچە تالىشىپ ئولتۇرمايلا بەردى. كىشىلەر مۇقەددەس جاينى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى ئايىمايۋاتقان يەردە، بۇ ئالەمدىكى كىچىككىنە پۇل قانچىلىك نېمىدى!

يۇسۇپلەر پاراخوتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئوبدان مېھمانخانا تېپىپ، پېتىرنى ھەر جەھەتتىن ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ھەممىدە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى تاپىلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن كىرا ماشىنىسىغا چۈشۈپ مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار جەمشىدنى ئادرېسى بويىچە ئىزدەپ، كىچىك بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشكەندە، دەرۋازىنىڭ مەھكەم قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. سول ياندىكى قوشنىسى جەمشىدنىڭ رەپىقىسى بىلەن مىنا[①] تېغىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

كەچ كىرىپ قالغاندى، يۇسۇپلەر قايتىدىن كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر مېھمانخانىغا بېرىپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەتىسى ئەمدىلا تاڭ يورۇپ كېلىۋاتقاندا، ئۇلار بالىلىرىنى ئويغىتىپ، كەبىگە تاۋاپقا بېرىش تەقەززالىقى بىلەن پۇختا تەييارلاندى. ئۇلار ئاخىر ئۆزلىرى ئۈچۈن ھايات چىرىغى ھېسابلانغان كەبىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھاياجاندا ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشتى! ئۇلار ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن كەبىنى يەتتە ئايلاندى، ئەسۋەت تاشنى ھەربىر ئايلانغاندا سۆيۈپ تاۋاپ قىلدى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ناماز ئۆتىگەن جايدا (ماقام ئىبراھىمدا) دۇئا ئوقۇدى، يەمەن بۇلۇڭىدا

① مىنا — مەككىدىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان جاي.

ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن قازا تاپقان تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلدى ھەمدە زەمزەم بۇلاقنى زىيارەت قىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مۇقەددەس تام[①] جايلاشقان يەرگە كېلىپ، يەنە ئىككى قېتىم دۇئا ئوقۇدى. بۇ ئىككى قېتىملىق دۇئانىڭ خاسىيىتى مىڭ قېتىم ئوقۇغان دۇئاغا باراۋەر كېلەتتى. بۇ يەردە سەجدە قىلىش خۇددى كەبىگە سەجدە قىلىشقا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچىلار تولۇپ كەتكەنىدى. ئادەم كۆپ بولغاچقا، ناماز ئوقۇغۇدەك جاي تېپىش قىيىن ئىدى. مىكائىل، گۆھەرلەر ئۆزلىرىگە ئارقا تەرەپتىن جاي تاپتى، يۇسۇپ قىسىلىپ يۇرۇپ ئالدى تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. يۇسۇپنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر مويسىپىت ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. بۇ مويسىپىتنىڭ ئۇزۇن ساقىلى ئاپپاق ئاقارغان، چاچلىرى پاخپايغان، يۈزىنى قورۇق باسقانىدى. كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى قارىلىق ئۇنىڭ كېچىچە ئۇخلىماي قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان زاھىت ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. ئۇ بوۋاينىڭ قەددى گويا ئاللاغا نالە قىلىۋاتقاندەك قىمىرلايتتى. ئۇ توساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ، ئاللاغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن پىچىرلىدى:

— ئى رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللا، مېنىڭ گۇناھىم چېكىدىن ئاشقان بولىسىمۇ، لېكىن ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلدىڭ. مېنىڭ باللىرىم سېنىڭ ھىممىتىڭنىڭ نۇرىدا ئۈز ئەمەلى بىلەن بولۇپ خاتىرجەم، بەختىيار ئۆتۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ سېنىڭ دەۋىتىڭ بىلەن يۇسۇپ ھەم مىكائىل مېنى ئاخىر ئەپۇ قىلدى، ئۇلار مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ مەشەدگە كەلمەكچى. ئى رەببىم ئاللا، مەن بۇلارنى ماڭا قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ھىممىتىڭ دەپ بىلىۋاتىمەن ...

پۈتۈن دىققىتى بىلەن دۇئا ئايەتلىرىنى ئوقۇۋاتقان يۇسۇپ

① مۇقەددەس تام — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يۈزىنى ۋە كۆكسىنى تامغا يېقىپ، يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان جاي.

يېنىدىلا ئولتۇرغان قېرى كىشىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى، كېيىن ئۇ ئادەم ھەددىدىن زىيادە ھاياجانلىنىپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئاللا ئالدىدا ئۈنلۈك زىكرى قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۇسۇپنىڭ قۇلاق پەردىسىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ كىشى مىكائىل ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا، يۇسۇپنىڭ كۆزى ياشانغان كىشىنىڭ ئاستا ئۇستۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقان يۈزىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتى بىلەن مۇشۇ ساقاللىق، ئۇزۇن چاچلىق، ئەمما روھى تېتىك بوۋاينىڭ قىياپىتى تەڭلا نامايان بولدى، دادىسىنىڭ يۇسۇپ دەپ كۇرمىڭ قېتىم چاقىرىدىغان تونۇش ئاۋازى يۇسۇپنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە ياڭرىغاندەك بولدى.

— دادا ! سىز ئىكەنسىزغۇ ... — دېدى يۇسۇپ ئىككى قولى بىلەن مويسىپىتنىڭ مۈرىسىدىن چىڭ تۇتۇپ. دادىسىنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، — مەن يۇسۇپ، بىز سىزنىڭ يېنىڭىزغا يېتىپ كەلدۇق.

مويسىپىت كىشى بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىشقا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، تاش ئۇستىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغالمىدى، كېيىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۆز ئوغلىنىڭ چىرايىنى تونۇغاندا، يۇسۇپنىڭ ئىككى بىلىكىنى قايرىۋېتىپ، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى:

— جېنىم بالام ! سەن بىلەن ئاخىر دىدار كۆرۈشتۇم، ئاللادىن شۇنچە يىل كۈتكەن تەلپىم مانا بۈگۈن ئىجابەت بولدى. چۈشۈمدىلا كۆرۈپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ ئوغلۇم مانا بۈگۈن ...

جەمشىدنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى يېرىپ چىقىۋاتقان بۇ گەپلىرى يۇسۇپنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالدى، يۇسۇپ دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تېخىمۇ چىڭ ياقتى ۋە تىترىگەن ئاۋازدا سۆزلىدى:

— دادا ! ئاللانىڭ نۇرلۇق چىرىغى كۆرسەتكەن يول بىلەن بۇ قۇتلۇق جايدا دىدار كۆرۈشتۇق. بۇرۇنقى ئىشلار تۈگەپ بولدى. يۈرۈڭ، تېز بولۇڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارقا تەرەپتە ! — دېدى.

يۈسۈپ سۆزلەۋېتىپ دادىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئىككىسى مىغ - مىغ تىلاۋەتچىلەر ئارىسىدىن تېز - تېز مېڭىپ، ئارقا تەرەپتىكى توپتىن نېرىراق بىر يەرگە كەلدى. يۈسۈپ دادىسىغا: «مەشەدە قوزغالماي كۈتۈپ تۇرۇڭ» دەپ قويۇپ، ئۆزى بېرىپ مىكائىل بىلەن گۆھەرنى، ئاندىن ئاللانىڭ ئايال مۆمىنلىرى ئارىسىغا بېرىپ، ماھىنۇر، نازپەرۋەر ۋە باللارنى چاقىرىپ كەلدى. ئاڭغىچە جەمشىد بېرىپ سەنەۋەرنى تېپىپ كەلدى، ھەممەيلەن جەم بولۇشتى، سەنەۋەر ماھىنۇر بىلەن نازپەرۋەرنى قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ مىكائىلنىڭ «ئاپا» دەپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك بېرىپ، مىكائىلنى باغرىغا باستى ۋە بايىقىدىنمۇ بەكرەك يىغلاپ كەتتى. گۆھەرنىڭ بويى ئۆسۈپ ئېگىزلەپ قالغاچقا، جەمشىد ئۇنى تونۇيالماي قالدى، يۈسۈپ ئۇنىڭغا ئالدىڭىزدا تۇرغىنى گۆھەر، ئۇ چوڭلا ئادەم بولۇپ كەتتى، ھازىر ئۇ قابىل ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، دەپ تونۇشتۇرۇۋىدى، جەمشىد گۆھەرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ: «ئوغلۇم ! مېنىڭ ئوغلۇم !» دەپ تەكرارلىدى. گۆھەرمۇ جەمشىدنى «تاغا» دەپ ئاتاش ئورنىغا تۇنجى قېتىم «دادا! مەن ئوغلىڭىز گۆھەر بولىمەن» دېدى.

جەمشىد مىكائىلنى كۆرگىنىدە، بىرمەھەل ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھازىرمۇ مىكائىلنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمايۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تاياق كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ئۇرماقچى بولغان مىكائىلنىڭ ھازىر ئالدىغا كېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھامان خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. توساتتىن جەمشىدكە مىكائىلنىڭ تاغا دەپ چاقىرىشى ئاڭلاندى. جەمشىدكە ئاڭلانغىنى «دادا» دېگەن سۆز ئەمەس، «تاغا» دېگەن سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. ئۇ شۇ ھامان بۇ ئاۋازنى ئاللانىڭ مېنى ئەڭ ئاخىرقى دورەم كەچۈرۈشى دەپ بىلدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېتىلىپ بېرىپ مىكائىلنى قۇچاقلىۋالدى، مەڭزىنى بويلاپ

تۆكۈلگەن ئىسسىق ياشلىرى مىكائىلنىڭ مۈرىسىگە تېمىپ چۈشتى.

— مىكائىل، ئوغلۇم! ئاللا ئاخىر سېنى مېنى ئەپۇ قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئادىشىۋاتمىغاندىمەن؟ مېنى ئەپۇ قىلغىنىڭ راستمۇ؟ جېنىم ئوغلۇم ... — دېدى جەمشىد ئۇزمەي.

— تاغا، — دېدى مىكائىل ئىتتىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى تەكرارلانمايدۇ، مەن سىزنى ئاللىقاچان ئەپۇ قىلىۋەتتىم.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سەنەۋەر ھاياجانلىنىپ يەنە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى يۈسۈپ، — ئەمدى ھېچقايسىمىز ياش تۆكمەيلى. بۈگۈن بىز ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق كۈن تۇرسا، يىغا - زار قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى؟ دادا، ھاما، نەۋرىلىرىڭلارغا قاراڭلارچۇ، ئۇلار بىزگە چەكچىيىپ قاراپلا قاپتۇ.

كۆپچىلىك بىر چەتتە تۇرۇشقان ئۇماق باللارنى ئەنە شۇ چاغدىلا يادىغا ئېلىشتى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەر باللارنى بىر - بىرلەپ قۇچاقلىدى، باغرىغا باستى، سۆيدى، ئۇلار خۇددى باھار تۇسىگە تولۇپ، كۆز قاماشتۇرىدىغان رەڭمۇرەڭ گۇللەر ئېچىلىپ تۇرغان گۈلباغقا قايتىدىن كىرىپ قالغاندەك بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن جەمشىد باللىرىنى ۋە نەۋرىلىرىنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۇلار بىر ئېغىز ئۆيدىلا تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە خورما قوۋزىقىدىن توقۇلغان ئىككى دانە چۈشەك ۋە تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان ئىككى پارچە ئەدىيالدىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك قىلاتتى. بۇ ئۆي كىچىك ياتاق، تاماق ۋاقتىدا تاماقخانا، ئۆيدە ناماز ئۆتىگەندە كىچىك مەسچىت، مېھمان كەلگەندە مېھمانخانا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. جەمشىد بىلەن سەنەۋەر پۈتۈنلەي زاھىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرگەن، تۇپ - تۇپ خىزمەتچى، ھەشەمەتلىك راۋاق، باغچە ۋە كۆزنى ئالاچەكمەن

قىلىدىغان ئۆي سەرەمجانلىرىدىن مېھرىنى ئۈزگەن، ئاللاغا چىن ئېتىقاد قىلىش، كۆزىنى يۇمۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇش، دۇئا قىلىش، چىن ئىخلاسى بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇش، ئۆز روھىنى ۋە ئېتىقادىنى پاكلاشتۇرۇش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئىنتىلىدىغان ئىشىغا ئايلانغانىدى.

سەنەۋەر ھەممەيلەننى تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى چاي تەييارلاشقا ماڭدى. جەمشىدنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى بۇ ئاددىي، ئەمما پاكىز ئۆينى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاللاغا سادىقلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى. بىردەمدىن كېيىن سەنەۋەر چاينى راسلاپ بولدى، ماھىنۇر بىلەن نازپەرۋەر ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، چاينى ۋە كۆپچىلىككە ئاتاپ تەخلەپ قويۇلغان مېۋە قېقى، خورما، زەيتۇن دېگەنلەرنى ئەكەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەمشىد ھەممەيلەننى داستىخانغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، سەنەۋەر بىلەن تاكى كىچىك نەۋرىلەرگىچە ئۆز قولى بىلەن بىر چىنىدىن چاي قۇيۇپ تۇتتى.

ئۆينىڭ ئىچى كۆڭۈللۈك پاراڭ ـ كۇلكىلەر بىلەن قىزىپ كەتتى. جىنايەت ۋە نەپرەت ئىچىدە قارار تاپقان بۇ ئۇچ ئەۋلادنىڭ كۇنلەرنىڭ بىرىدە مەككىدە جەم بولۇشىنى ۋە ئائىلە خۇشاللىقىغا چۆمۇلۇشىنى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خىيالىغا كەلتۇرۇپ باقمىغانىدى.

يۇسۇپ پېتىرنىڭ جەمشىد بىلەن بىر كۆرۈشۈۋېلىش ئارزۇسىدا قاتتىق يالۋۇرغانلىقىنى ۋە سەپەر جاپاسىغا قارىماي جىددەگىچە كېلىپ، شۇ يەردە كۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقىنىدا، جەمشىد ئىنتايىن تەسىرلەندى.

— پېتىر مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان خەيرخاھىم، — دېدى جەمشىد، — مەن باشتا مەشەگە كېلەر ۋاقتىمدا ئۇنى بىللە ئەكىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن دىنىي ئېتىقادىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى كاشىلا قىلدى، ئۇمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئۆز ئوغلۇم، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان ... سىلەر ئۇنى پۇتۇنلەي

ئۆز قېرىندىشلار قاتارىدا كۆرسەڭلەر بولىدۇ. ئۇ گۆھەردىن چوڭ، شۇڭا ئۇنىڭ جەزمەن گۆھەرنىڭ ئالدىدا توي قىلىشىغا ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار ...

جەمشىد كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىلىككە سەنەۋەرنى ئېلىپ مىكائىل، يۇسۇپ، گۆھەرلەر بىلەن بىرلىكتە، جىددەگە پېتىرنى كۆرۈشكە بارىدىغان، ماھىنۇر بىلەن نازپەرۋەرنى كىچىكلەر بىلەن ئۆيدە بىر كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇشقا قالدۇرىدىغان بولدى.

بىراق، نازپەرۋەر ئويلىمىغان يەردىن چىمەنبانۇ بىلەن ياكوبنىڭ دېرىكىنى سوراپ قالغاچقا، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى ئېغىر غەم ـ قايغۇ تومانى قاپلىدى.

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندە ھەج پائالىيىتى رەسمىي باشلاندى.

جەمشىد ئائىلىسىدىكىلەر ئاۋۋال مىنا تېغىغا باردى. كىچىك باللار سەنەۋەر بىلەن ئۆيدە قالدى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى كەتتى. ئۇلار شۇ يەردە بىر كېچە تۈنىگەندىن كېيىن ئەتىسى سەھەردە يەنە مەككىگە قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار بەيتۇلمۇقەددەس كەبىنى ئايلىنىش مۇراسىمىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كەچقۇرۇن يەنە مىناغا قايتىپ باردى، ئۇ يەردە تېگىشلىك پائالىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ئەتىسى قاق سەھەردە ئەرافات ۋادىسىغا چىقتى.

ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەردە، ئەرافات ۋادىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. كۆز يەتكەنلىكى يەرگە قارىغاندا، ۋادىغا قاراپ ئېقىۋاتقان مىغ ـ مىغ ئادەملەر كۆرۈنەتتى. خىرە سۇزۇلۇپ كېلىۋاتقان سۇبھى ۋاقتىدا، ھەج قىلغۇچىلار بامدات نامىزىغا ھازىرلىنىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشاتتى. بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ بىرلا ئاللاغا ھۆرمەت قىلىش ھېسسىياتى قايناپ تاشاتتى. ناماز باشلانغاندىن كېيىن ئاپپاق ئېھرام باغلىغان مۆمىنلەر باشتا قىيامغا تۇرغان بولسا، كېيىن ئېگىلدى، رۇسلاندى، ئىككى رەت سەجدە قىلىپ، ئىككى رەت قىيامغا تۇرغاندىن كېيىن بىر رەكەت نامازنى ئادا قىلىپ بولدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىككى رەكەت، ئۇچ رەكەت نامازنىمۇ شۇ تەرىقىدە ئۆتەپ بولدى. بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرە، كىشىنى تەسىرلەندۇرىدىغان مۇنداق داغدۇغا ئالەمدە ئاز ئۇچرايدۇ. تاڭ ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلگەندىن كېيىن بارا ـ بارا كۆتۈرۈلۈۋاتقان

قۇياش ئۆزىنىڭ كۆز چاقناتقۇچى ئالتۇن نۇرلىرىنى ئەرافات ۋادىسىغا، ئاپپاق ئېھرام كىيىملەرگە ۋە رەڭلىك تىكىلگەن قاتار ـ قاتار چېدىرلارغا سەپكىنىدە، بۇ ھەددىدىن پاك زېمىن گويا سامانيولى يۇلتۇزلىرى كۆچۈپ چۈشكەندەك يورۇپ چاقناپ كەتتى. نەچچە يۈز مىڭلىغان چېدىر ــ ھەممىسى بىر خىلدا ئىدى. ئېسى جايىدا بولمىغان كىشىلەر ئۆز چېدىرلىرىدىن ئايلىنىپ كېلەي دەپ سىرتقا چىقمىدىغان بولسا، ئۆز جايىنى تېپىپ كېلەلمەيتتى.

چېدىرلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى رەھمان تېغى تېخىمۇ مۇقەددەس ۋە يۈكسەك تۈس ئالغانىدى. بۇ تاغقا قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكى دولقۇنلىناتتى. ھەممىلا يەردىن ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش ئاۋازى ۋە يېقىملىق قىرائەت قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بامدات نامىزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۈسۈپ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ باشقا ھەج قىلغۇچىلار قاتارىدا تەلبىيە ئوقۇپ، ئۆز چېدىرىغا كۆڭلى خۇشال قايتىپ كېلىشتى.

قۇياش ئۇپۇقتىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپتا، تۇختىماي ئىسسىق شامال سوقۇۋاتاتتى. پۈتكۈل ۋادا جىمجىتلىققا پاتقانىدى. ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز چېدىرلىرىدا ئۆزلىرىمۇ ئاران ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا قىرائەت قىلىپ، دۇئا ئوقۇپ، تەۋۋا قىلىشىۋاتاتتى.

يۈسۈپلەرنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكى يىراقتا تۇرغان رەھمان تېغى تەرەپكە قارايتتى. ئالاھازەل چۈش مەھەلدە، يۈسۈپ چېدىرنىڭ دېرىزىسىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىر ئەھۋالنى كۆرۈپ قالدى. يۈسۈپنىڭ چېدىرىدىن سەللا نېرىغا جايلاشقان ئىككى قاتار چېدىرنىڭ ئارىسىدىكى سايە چۈشۈپ تۇرغان يەردە، ئېھرام باغلىغان بىر بوۋاي چېدىر تارتىلغان ئارقانغا يۆلىنىپ، يېيىقلىق سېلىنچىسى ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر ئاغرىق موماي قىيسىيىپ ياتاتتى. نىمە سەۋەبتىندۇر، موماي خۇددى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلۇۋاتقان

كاۋاپتەك، توختىماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلەتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا سۇ قاچىلايدىغان تۇلۇمدىن بىرى، بىر سومكا ۋە ئىككى ـ ئۈچ تاماق قاچىسى تۇراتتى. بوۋاي ناھايىتى غەمكىن ۋە بىتاقەت كۆرۈنەتتى. ئۇ گويا غايىبتىن بىرەر ياردەم كۈتۈۋاتقاندەك ھەدەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايتتى، ئەمما كۈتكىنىگە لايىق ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىسەرەمجانلىق ئىچىدە، تۇرۇپ بىمارنىڭ بېشىنى سىلاشتۇرسا، تۇرۇپ ئاغزىغا سۇ تېمىتاتتى، يەنە تۇرۇپ ئۇمىدسىزلىك بىلەن ئۇھ تارتاتتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەچكە، چېدىر سىرتىدا باشقا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىر ـ بىر ئاپتاپ ئاشۇ جاپاكەش بوۋاي ـ مومايىنىڭ پۇتىغا چۈشۈشكە باشلىغانىدى. موماي ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندەك، بوۋاينىڭ بىر بىلىكىگە بېشىنى قويغان پېتى ھەدەپ قىمىرلايتتى. يۇسۇپ يىراقتىن بىرھازاغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي، ئۇ ئىككىيلەننى ھەمراھلىرىغا كۆرسەتتى، كۆپچىلىك ئۇ بەختسىز بوۋاي ـ مومايىنى ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ قىلىپ، سالقىن چۈشكۈچە مەشەدە دەم ئالدۇرۇش قارارىغا كەلدى.

گۆھەر، يۇسۇپ، مىكائىل ئۈچى بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ يېنىغا بېرىپ، چېدىرغا تەكلىپ قىلغانىدى، بوۋاي «رەھمەت» دەپ ئۈنىماي تۇرۇۋالدى، ئاخىر بولماي ئۇلار ئۇ ئىككىسىنى چېدىر تەرەپتىكى سايىراق يەرگە يۆتكەپ قويدى.

ئاغرىقنىڭ يۈزى كۆيۈشۈپ قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر ياقتىن پۇت ـ قولى تارتىشىپ تۇگۈلۈۋالاتتى، يەنە بىر ياقتىن بوۋاينىڭ قۇچىقىدا تىنىماي ئىڭرىنايتتى. قىزىق يېرى شۇكى، ئۇ شۇنچە ئازابلىنىۋاتسىمۇ، لېكىن بىرەر ئېغىز «ۋاي !» دەپ قويمايتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مىكائىل دوختۇرغا چاپتى، ئۇلارنىڭ قېشىدا گۆھەر بىلەن يۇسۇپ قالدى. مىكائىل چېدىر بېشىغا بايرىقى ئېسىقلىق تۇرغان داۋالاش ئەترىتىنى يىراقتىنلا كۆردى، ھەج ئۆمىكى دوختۇرلىرىنىڭ ئىشخانىسى شۇ يەردە

ئىدى. مىكائىل چېدىرغا ناھايىتى ئالدىراش كىرىپ، ئاغرىقنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتى. دوختۇر مۇختار زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى سېستىرانى باشلاپ، دورا ساندۇقىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ مىكائىل بىلەن بىللە كەلدى.

دوختۇر مۇختار ئاغرىق تۇرغان يەرگە كېلىپ شۇنداق قاراپلا ئاغرىقنىڭ ئۆلۈم خەۋپىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، قۇتقۇزۇشتىن ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن بوۋايغا تەسەللىي بەردى. دوختۇرنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى دەرھاللا چۈشەنگەن بوۋاي كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، قاتتىق ئېچىنىپ، جاندىن كەچكۈدەك بولدى.

دوختۇر بىلەن سېستىرالار كېتەيلى دەپ مېڭىشىغا، بوۋاينىڭ: «ياپىرىم ! بۇ قانداق گەپ؟» دەپ ۋارقىرىشى ئاڭلىنىپ قالدى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ ۋارقىراشنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئاغرىققا تىكىلدى، ئاغرىقنىڭ بۇرۇن، قولاق تۆشۈكلىرىدىن، ئاغزىدىن قان ئوقچۇپ يەرگە ساقىۋاتاتتى، گويا بۇ ئايال قۇربان ھېيت يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا قۇربانلىق قىلىش پەرھىزىنى ئۆز قېنى بىلەن ئادا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئايالدىن بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان قانغا ھەممە ئادەم ھەيران بولۇپ، داڭ قېتىپ قاراپ قېلىشتى. بوۋاي ئايالنىڭ يۈزىدىكى قانلارنى ئۈزمەي سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا سېستىرالارمۇ ياردەملەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايال بايىقىدىنمۇ ئاجىزلاپ كەتتى، ئەمما بايىقىدىن تىنچلىنىپ قالغانىدى. بايىقىدەك ئېغىنىمايتتى. ئۇ توساتتىن ئاھ ئۇرۇپ، ئارقىدىن سۇ دەپ پىچىرلىدى. بوۋاي ھەيران بولۇپ، گويا شۇ ئاۋازنى ئايالنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، باشقا بىر ياقتىن چىقىۋاتسا كېرەك دەپ گۇمانلانغاندەك، تۇرۇپ ئايالغا قارىسا، تۇرۇپ ئەتراپقا سەپسالاتتى. ئايال سۇ دەۋاتسا، بوۋاينىڭ خېلىغىچە قىمىرلىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۆھەر چاققانلىق بىلەن تۇلۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ ئايالنىڭ

ئىچىشىگە سۇندى. ئايال ئاغزى سۇغا تېگىشى بىلەنلا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ تىترەك باسقان قوللىرى بىلەن چىنىنى چاققان ئېلىپ سۇنى ئىچتى. سۇ ئاغزىدىن ساقىپ قانغا مىلەنگەن ياقىسىغا كىرىپ كەتتى. يۇسۇپ كەينىدىن كېلىپ ئايالنىڭ بېشىنى ئېگىزرەك يۆلىگەنىدى، ئايال سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى. بوۋاي شۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئېسىنى يىغىپ: «سەن راستىنىلا سۇ سوراپ ئىچكۇدەك بولۇۋاتامسەن ياكى مېنىڭ كۆزۈم تورلىشىپ ئادىشىۋاتامدۇ؟» دېدى ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گويا ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق دەستىدە ئەسەبىيلىكى تۇتقاندەك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. چىرايى ياداڭغۇ، ساقال ۋە چاچلىرى ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن بوۋاينىڭ بۇ كۈلكىسى ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى. ئۇ خۇشاللىنىپ: «ئى رەھىم ـ شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئاللا ! ... ئۇنى ئاخىر ھوشىغا كەلتۈردۈڭ، ئەمدى يالغۇزلۇق تارتمايدىغان بولدۇم، ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى، مانا ماڭا تۇنجى قېتىم گەپ قىلدى ... مەن تارتمىغان جاپا قالمىغانىدى. لېكىن، قانداقلا بولسۇن ئاللانىڭ دىلىنى ئېرىتىپتىمەن. گۇناھنى يۇيۇپ تۈگىتىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن ... مانا شۇنداق كۈن يېتىپ كەپتۇ ...» دەپ نالە قىلاتتى.

مۇختار دوختۇر بوۋاينىڭ بىمەنە قىلىقلىرىدىن تاھايىتى خاپا بولدى ۋە بوۋاينى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلىدى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ، — ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرسا، يەنە توختىماي قۇرۇق گەپ سېتىۋاتىسىز ! بۇ ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئاخىرقى باسقۇچىغا يەتكەن ئاغرىقنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى بېشارىتى، سىز تېخى قىن ـ قىنىڭىزغا پاتماي خۇشال بولۇۋاتىسىز. سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئۇ ھازىرلا جان ئۈزىدۇ، ھەمراھىڭىز سىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۆپكىڭىزنى

بىسۇبىلىڭ! بۇرۇنقى مىھىر - شەپقەتچىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۆچۈن، ئۇنىڭغا چاپسان ياسىن ئوقۇڭ، مەھبۇبىڭىزغا «گۇۋاھلىق» ئېيتقۇزۇڭ![1] ئاخىرقى ۋاقتىنى زايە قىلماڭ!

بوۋاي دوختۇر مۇختارغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ:

— دوختۇر، ئاغرىقىڭىزنى يۇمۇڭ! مۇنداق شۇم گەپنى قىلمىۋەرمەڭ! مەن شۇنچە يىل يالغۇز جېنىم بىلەن بۇنى ئىسسىق - سوغۇققا قارىماي يۆلەشتۇرۇپ، يۇدۇپ ئېلىپ يۈردۈم، بۈگۈن مەندە ئەمدىلا بىر ئۈمىد تۇغۇلۇۋاتسا، سىز ماڭا نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز. مەنمۇ سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئۇ مەن بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشماقچى بولۇۋاتىدۇ! بىز ئازاب چېكىپ ھەسرەتلىنىۋاتقان چاغلار ئۆتۈپ كەتتى! — دېدى.

كىشىلەر بوۋاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋە دوختۇرنىڭ باياتىن كېسىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئويلاپ: «بوۋاي كەچكى شەپەقنى تاڭ شەپىقى، ئاغرىقنىڭ زاۋال ۋاقتىنى تاڭ ۋاقتى دەپ بىلىۋاتىدۇ» دېگەن يەرگە كەلدى - دە، ئۇنىڭغا ئېچىنىمۇ ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى.

— ھەي دوختۇر! — دېدى بوۋاي ئېچىنچە خۇشاللىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز مېنىڭ كەيپىمنى ئۇچۇرىدىغان گەپلەرنى قىلغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىزگە بەرىبىر رەھمەت دېمەي تۇرالمايمەن، سىز مەسىھانىڭ ئۆزى ئىكەنسىز! قەدىمىڭىز يېتىشى بىلەنلا، شۇنچە يىللاردىن بېرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ زۇۋان سۈرمەي، ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان ئايالىم تۇنجى رەت سۇ دېيەلىدى، سۇنى تۇنجى رەت ئۆزى ئىچەلەيدىغان بولدى. بۇرۇن مۇنداق ئەمەس ئىدى، غىزانىمۇ، سۇنىمۇ مەن ئىچۈرۈپ قويىمىسام، ئۆزى ئىچەلمەيتتى ... — بوۋاي سۆزلەپ

---

① گۇۋاھلىق ئېيتىش (كەلىمە شاھادەت): ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللادىن ئۆزگە ھېچ خۇدا يوق، يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللانىڭ بەندىسى ۋە بىزگە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى.)

كېلىۋېتىپ ئېسەدەشكە باشلىدى، — مەن يەيدىغان ـ ئىچىدىغاننى خەقتىن تىلەپ، ئايالىمنى بۇ مۇقەددەس جايغا مىڭ قىيامەتتە ئەكەلدىم، لېكىن ئۇ مۇشۇ رەھمان تېغىنىمۇ، ئاللا ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنىڭ تووۋىسىنىمۇ قوبۇل قىلغان يەرنىمۇ بىلەلمىگەندى ... بىراق، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانام ئۇزاق ئايرىلىپ كېتىپ، ئاخىر مەشەدە تېپىشقان بولسا، مەن بىلەن ئايالىم ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىش مۇشۇ مۇقەددەس تاغ ئېتىكىدە ئاخىرلىشىدىغان بولدى ...

بوۋاينىڭ ئوت ـ چاۋارلاردەك چۇۋۇلۇپ پاخپايغان چاچلىرى توسۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ كەتتى.

ئايال سۇنى ئىچكەندىن كېيىن خېلىغىچە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىغا كېلىپ بولالمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ بوۋاينىڭ ئاغزىدىن رەھمان تېغىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپلا، كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە زەئىپ ئاۋازدا:

— نېمە، نېمە؟ رەھمان تېغى؟ بۇ قانداق گەپ؟ سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى.

— جېنىم چىمەنبانۇ! مەن گۇناھكارىڭىز ياكوب! — دېدى بوۋاي قىن ـ قىنىغا پاتماي.

ئاغرىق چىمەنبانۇ يۈزىنى ئۇنىڭدىن ئەپقىچىپ تەتۈر قارىۋالدى.

چىمەنبانۇ تەتۈر قارىۋالغان شۇ مىنۇتتا، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشقان يۈسۈپ، مىكائىل ۋە گۆھەرلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى، ئاندىن بەئەينى قەلەندەر سىياقىغا كىرىپ قالغان بوۋاي بىلەن مومايغا خۇددى كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇلارنىڭ قان بۇلغىغان بۇرۇن، كۆز، ئېغىزلىرىدىن ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق تەرەپنى ئىزدەشتۈردى؛ شۇنىڭدەك بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بۇرۇنقى سۆزلەش ـ كۈلۈش ئاۋازلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئەسلەپ كۆرۈشتى ۋە بىردىنلا ئەھۋالنى چۈشەندى.

مىكائىل بىر تاقلاپ بىر ىپلا ياكوبنى قۇچاقلاپ، «تاغا، تاغا، مەن مىكائىل!» دېدى. يۇسۇپمۇ شۇ هامان ياكوبنىڭ قۇچىقىدا ياتقان چىمەنبانۇنى ئۆز قۇچىقىغا ئېلىپ: «ئاپا، كۆزلىرىڭىزنى ئېچىڭا، مەن يۇسۇپ!» دېدى.

مىرزابان مىكائىلنى تونۇپ، باغرىغا چىڭ باستى ۋە كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈلدى.

يۇسۇپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە باش قويغان چىمەنبانۇ باشتا تارتىشىپ تۇگۇلدى، ئاندىن ناهايىتى ئاجىز ئاۋازدا سۆزلىدى:

— مەن راستتىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بەندە، يۇسۇپنىڭ ئەرۋاھى مېنى ئېلىشقا كەپتۇ ... بۇگۈن ئەتىگەن سېنى دوختۇرخانىدىن تاپالماي، دىلاۋەر بىلەن ئۇچراشسام، ئۇ غەزىپىنى باسالماي، سېنى ماھىنۇرنىڭ قېشىغا كەتتى دەۋاتاتتى، بايىرە ئۇ سېنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن ـ دە ...

يۇسۇپ يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— جېنىم ئاپا! — دېدى ئىتتىككىلا، — مەن ئەرۋاھ ئەمەس، مەن تىرىك، مەن ئوغلىڭىز يۇسۇپ.

چىمەنبانۇ قان ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ، كۆز قارىچۇقىنى بىر ـ ئىككى قېتىم پىرقىراتتى، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ، تىترەۋاتقان قولى بىلەن يۇسۇپنىڭ يۈزىنى سىلاشتۇردى. يۇسۇپ يۈزىنى يېقىن ئاپىرىپ ئاپىسىنىڭ قولىغا تەگكۈزگەن چېغىدا، ئاپىسى هاسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئاللاغا رەهمەت! سەكراتتا ياتقان ۋاقتىمدا ئوغلۇم مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى ئۇزىتىشقا كەپتۇ، — شۇدەم ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن يەنە قان سارقىشقا باشلىدى، سېستىرالاردىن بىرى ئۇنى داكا بىلەن سۈرتۈپ قويدى، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماھىنۇرنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈردۈم ... مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىم ئۆزۈمدىن بولدى ...

— جېنىم ئاپا! — دېدى يۇسۇپ يىغلاپ، — بىز بۇنىڭدىن خەۋەردار. بىز سىزنى ئەپۇ قىلىمىز، ئاللادىن سىزگە مەغپىرەت

تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمىز. ماھىنۇر ئۆلمىدى. ئۇنى گۆرگە كۆمۈلگەن يەردىن قىزنىڭىز سەمانبانۇ بىلەن كۇيۇ ئوغلىڭىز مىكائىل قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.

— قىزنىڭىز ... كۇيۇ ئوغلىڭىز ... قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ ... دېدىڭمۇ؟ بالام، ئاپاڭنىڭ گەپ قىلغۇدەك ھالى يوق، مۇشۇنچىلىك نەپىسىم بار چاغدا جەرياننى سۆزلەپ بەرگىن.

يۇسۇپ ئۆلۈم گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان ئاپىسىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، گويا ئۇچ مىنۇتتىن كېيىنلا ئۈزۈلۈپ قالىدىغان تېلېفوندا سۆزلەۋاتقاندەك ئالدىراپ، ۋەقەنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. ھەممەيلەننىڭ بالا يۈزى كۆرگەنلىكى ۋە ھازىر ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەننىڭ مەككە مۇكەررەمگە كەلگەنلىكىنىمۇ سۆزلىدى.

چىمەنبانۇنىڭ چىرايىدا ۋىلىلدە تەبەسسۇم ئالامىتى پەيدا بولدى. بىراق، ئۇ كۆزلىرىنى ھېچلا ئاچالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېنىدىكى قانلار ئېقىپ تۇگەپ قالاي دېگەندى. بايا قان يېڭى ئوقچۇپ چىقىۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ تۇرغان بولسا، مانا ئەمدى ئاپتاپپەرەسنىڭ قۇرۇپ قالغان ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتكەندى. يۇسۇپنىڭ چىمەنبانۇغا گويا «يېڭى خەۋەرلەر»نى ئاڭلىتىۋاتقاندەك ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن قىلغان گەپلىرىنى تىنىقىنى ئىچىگە تارتىپ تىڭشاپ تۇرغان ياكوب چىمەنبانۇنىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، ئىختىيارسىز:

— قەدىرلىكىم چىمەنبانۇ، سەن ... — دەپ ۋارقىرىۋەتتى، ئاندىن دەرھال كېلىپ چىمەنبانۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلاپ سۆزلىدى، — سەن راستتىنلا ئۆلۈپ كېتەرسەنمۇ! مەن ئارقاڭدا يۈرۈپ كۈرمىنىڭ جاپا چەكتىم، بايا سۇ دېگىنىڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باققىنىڭ يوق، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ مەن چىدىمايمەن! ھېچبولمىغاندا مېنى كەچۈرگەن - كەچۈرمىگەنلىكىڭنى ئېيتقىن ... شۇ بىر ئېغىز

گېپىگىنى بولسىمۇ قىل، جېنىم چىمەن!

سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چىمەنبانۇ ياكوبنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى - يۇ، يەنە دەرھال يۇمۇۋالدى.

— ياكوب، — دېدى ئۇ جان تالىشىۋېتىپ، — مەن سىزنى كەچۈردۇم ... سىز مەڭگۇ ... مېنىڭ ... قەلبىمنىڭ ئىگىسى، ئەمما سىز مەڭگۇ ... ماڭا قانۇنسىز ئەر، سىز مەندىن نېرى كېتىڭ! مەن ... سىزنىڭ كۆزىڭىزدە جان ئۈزۈشنى خالىمايمەن ...

چىمەنبانۇ بار - يوقى ئىككى - ئۈچ ئېغىزلا گەپ قىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەرگە مۇجەسسەملەنگەن چوڭقۇر مەنە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

چىمەنبانۇنىڭ قەلبىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىگىسى ياكوب ئىدى، چىمەنبانۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزىنى ياكوبقا مەنسۇپ دەپ ھېسابلاۋاتاتتى. ياكوب ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىغا قارىماي، ھېلىمۇ چىمەنبانۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋاتاتتى. چىمەنبانۇنىڭ نەزىرىدە، باشتا ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك ئايال ياكى زىناخور ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئايال ئۈچۈن ئۆمرىدە سۆيگەن بىرلا ئەر بولۇشى كېرەك ئىدى، شۇ ئايالنىڭ مۇھەببەت كۆزىگە تاشلىنىپ، ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن تۇنجى كىشى كىم بولسا، شۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك سۆيگىنى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق ئەرنىڭ ئۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چىمەنبانۇنىڭ ياكوب تاشلىۋەتكەندىن كېيىن يامان يولغا كىرىپ قېلىشى ئامالسىزلىقتىن بولغانىدى. بالا دېگەن ئېچىلىۋاتقان غۇنچىغا ئوخشايدۇ، دادا بىلەن ئانىنىڭ بىرى ھايات بولسىلا، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئىسسىق - سوغۇق ئازابىدا قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. بالىلىرىنى

بىقىش ئۇچۇن چىمەنبانۇغا پۇل كېرەك بولغان، ئەمما ئادەملەردە ئىنساب قالمىغان بۇ جەمئىيەتتە، چىمەنبانۇدەك چىرايلىق ياش ئايالـلارغا يۈز ـ ئابرۇي بىلەن پۇل تاپالايدىغان يول نېمە قىلسۇن؟ ئۇزاقچە نومۇسنى سېتىپ پۇل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى بىرىنى كۆڭۈل بېرىپ سۆيۈپ باقمىغان. جەمشىد ئۇنى خارلىق ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرغاندا، ئۇ جەمشىدنىڭ ياخشىلىقىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ مېھرىبان ئىگىسى دەپ ھېسابلىغان. دەرۋەقە، ئۇ جەمشىدنى قانۇنلۇق ئېرىم دەپ ئېتىراپمۇ قىلغان، شۇنداقتىمۇ، جەمشىد ھېچقاچان ئۇنىڭ دىلىدىن قىلچە ئورۇن ئېلىپ باقمىغان. بۇگۈن چىمەنبانۇنىڭ ئاخىرەت كۈنى يېتىپ كەلدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئاللا ئاخىرەت كۈنى توشقان ھەربىر بەندىسىگە ھۆكۈم جاكارلايدىغان جاي ـــ ئەرافات ۋادىسىدا تۇرۇۋاتاتتى، بۇ ياكوب ئۈچۈنمۇ، چىمەنبانۇ ئۈچۈنمۇ ئايدىڭ بولۇپ قالغان ئىش ئىدى. خوش، بۇ ئىككىسى جەمشىدنىڭمۇ مەشەدە ئىكەنلىكىنى يۈسۈپنىڭ ئاغزىدىن ئۇققىنىدا: «بەندىلەردىن غايىب تۇرغۇچى ئەڭ نوپۇزلۇق قازى ـــ ئاللانىڭ ئالدىدا، ئاللانىڭ ۋە ئاللانىڭ قىلىنى قىرىققا ئايرىيدىغان ئادىل شەرىئەت مەھكىمىسى ـــ ئەرافاتتا تۇرۇۋاتقانىكەنمىز، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك جاۋابكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئالايلى» دېگەن يەرگە كەلگەنىدى.

شۇ سەۋەبتىن، چىمەنبانۇنىڭ ئەپىسى ئۈزۈلەيلا دەپ قالغان پەيتتە ياكوبقا «... سىز مەڭگۇ مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئىگىسى، ئەمما سىز ماڭا مەڭگۇ قانۇنسىز ئەر. سىز مەندىن نېرى كېتىڭ! سىزنىڭ كۆزىڭىزدە جان ئۈزۈشنى خالىمايمەن ...» دېگەن گەپلىرى ياكوبقا ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى.

يۈسۈپ چىمەنبانۇ خەۋەر تاپمىغان ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، مىكائىل كۆز ئىشارىسى قىلىۋىدى، گۆھەر نازپەرۋەر، ماھىنۇر ۋە جەمشىدلەرنى چاقىرىشقا چاپتى. بىراق،

مىكائىل ئۇلارنى باشلاپ يېتىپ كەلگەندە، مىرزابان تاغىسى نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئۇنىڭ قاچان كېتىپ قالغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى.

مىكائىل بىلەن نازپەرۋەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق غەم باستى. جەمشىد گۆھەرنى مىكائىللارغا قوشۇپ مىرزابانىنى ئەتراپتىن ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. سانجاق - سانجاق چېدىر تىككەن يەردىن بىركىمنى ئىزدەپ تېپىش مۇشكۇل ئىش ئىدى. مۇقەددەس جايدىكى ئاخۇنۇملارنىڭ «ئەرافاتتا يوقالغانلارنى مەككىدىنلا تېپىشقا بولىدۇ» دېگەن گېپى بىكار ئېيتىلماپتىكەن.

چىمەنبانۇ يەنە بىر قېتىم سۇ تەلەپ قىلدى. جەمشىد بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىمىتتى، چىمەنبانۇ قايتا ھوشىغا كېلىش بىلەنلا يۈسۈپنىڭ كىمدۇر بىرىگە دەۋاتقان مۇنۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

— دادا، مەن ئاپام بىلەن مەشەددە ئۇچرىشارمىز دېگەننى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئاپام نازپەرۋەر سىڭلىمنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرەلمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان بولدى ...

سېزىمى قاراڭغۇلاشقان چىمەنبانۇ:

— يۈسۈپ، سەن ... كىم بىلەن ... سۆزلىشىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئاجىز ئاۋازدا.

جەمشىد ئالدىغا ئېگىشىپ يۈزىنى چىمەنبانۇغا ياقتى ۋە:

— چىمەن، مانا مەن سېنىڭ جەمشىدىڭ! يۈسۈپ ماڭا گەپ قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە قاراپ تۇرغىلى خېلى بولدى، سەن ھېچلا ھوشۇڭغا كېلەي دېمىدىڭ. قەدىرلىكىم چىمەن، ئويغىنىپ قالىسەن، — دېدى. چىمەنبانۇنىڭ قوللىرى دىر - دىر تىترىدى، ئۇنىڭ جەمشىدنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. جەمشىد ئىتتىك قولىنى ئۇزىتىپ چىمەنبانۇنىڭ قولىنى تۇتتى. كۆتۈلمىگەن پەيتتە ئاللانىڭ مۇقەددەس جايىدا

جەم بولۇش، جان ھەلقۇمغا يەتكەن چاغدىكى ئۇچرىشىش چىمەنبانۇنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ ھاياجانلىنىشقا قۇدرىتى يەتمەي، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ:

— بۇمۇ ... ئاللانىڭ مەغپىرىتى! جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆز ئېرىم بىلەن كۆرۈشتۈم ... يوقالغان قىزىمنىمۇ تاپتىم، ھوي، ئوماق قىزىم سەمەن ... ئەجەب كەلمەيسەنغۇ؟ — دېگەن گەپلەرنىلا قىلدى.

نازپەرۋەر ئىتتىك ئېگىشتى، ئەمما ئۇ بىرەر گەپ قىلماي تۇرۇپلا ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى. يۈسۈپ سىڭلىسىنىڭ قولىنى ئاپىسىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئاپا، سىز تۇتۇۋاتقان مۇشۇ قول ئوماق قىزىڭىز سەمەننىڭ قولى! — دېدى.

چىمەنبانۇنىڭ قوللىرى قىمىرلاۋاتىسىمۇ، لېكىن بىرنېمە تۇتۇشقا مادارى قالمىغانىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئاچالماي پەس ئاۋازدا:

— جېنىم بالام ... مېنى بىرنى سۆيۈپ قوي! مېنىڭ ... سېنى ... شۇنچە سۆيگۈم كېلىۋاتىدۇ! — دېگەن سۆزنىلا قىلدى.

ئۆز قىزىغا كۆز ئېچىپ بىر قاراشقىمۇ مادارى قالمىغان ئاپىسىغا قاراپ نازپەرۋەرنىڭ كۆڭلى ھەددىدىن زىيادە بۇزۇلدى، ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ ئاپىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى - دە، يەنە يىغلاپ كەتتى.

— جەمشىد ... مېنىڭ يېنىمغا ... ئولتۇرۇڭ. مانا ماۋۇ ئورۇن ... سىزنىڭ. سەمەن، قىزىم سەنمۇ كەل ... مېنى يۆلە. جان ئۈزەر ۋاقتىمدا ئۇچۇڭلارنىڭ ... تۆپىدە بولغانلىقى ئاللانىڭ ... ماڭا قىلغان ... ئىلتىپاتى!

چىمەنبانۇنىڭ گەپلىرى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ، مىكائىل، ماھىنۇر، گۆھەر، دوختۇر، سېستىرالارنى يىغلىتىۋەتتى. جەمشىد چىمەنبانۇنى يۈسۈپنىڭ بىلىكىدىن ئۆز بىلىكىگە يۆتكىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش

چىمەنبانۇنىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشتى.

— نېمىشقا ... گەپ قىلمايسىز، جەمشىد؟ — دېدى چىمەنبانۇ ئارانلا.

— تۇرالغۇسى يوق بۇ جاھان ھېچكىمگە باقىمەندە ئەمەس، چىمەن، — دېدى جەمشىد كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، — بىزنىڭ ئالدىمىزدا نۇرغۇن بەندە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى، بىزدىن كېيىن نۇرغۇن بەندە بۇ ئالەمگە نازىل بولغۇسى. ھايات كارۋىنى ئەنە شۇ تەرىقىدە توختىماي مېڭىپ تۇرىدۇ. بىراق، چىمەن، بىز شۇ كارۋاننىڭ شەنى سەت ئەزاسى، سەپتىن چۈشۈپ قالغان ئەزاسى؛ دەرۋەقە، ھەممىدىن بەكرەك تۇۋا قىلىشقا تېگىشلىك، سەپكە يېڭىباشتىن قېتىلغان ئەزاسى. گەپ بەك كېچىكىپ قالغانلىقىمىزدا. بىز ئەمدى خۇش بولساق، رازى بولساق دۇرۇس بولىدۇ. كۆرۈۋاتامسەن، بىزنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىمىز ناھايىتى ئىستىقباللىق چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدىن ئارتۇق، مۇشۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى!

— مەن خۇشال بولۇۋاتىمەن، جەمشىد، ئۆمرۈمدە قىلغان گۇناھىم ... كۆزۈمنى ... ھېچلا ئاچالمايۋاتىمەن. سەنەۋەرنى، ماھىنۇرنى كۆرسەم بولاتتى ... ئۇلار مېنى ... ئەپۇ قىلسۇن! مەن سەنەۋەرگە، ئۇنىڭ ... بالىلىرىغا ... تولىمۇ زالىملىق قىلدىم، ھېلىمۇ ياخشى ... ئاللا ... ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. ئۇلارغا قىلغىنىم ئۈچۈن ... دوزاخقا كىرىدىغاندەك قىلىمەن، بۇ ... ماڭا ھەقلىق ...

ماھىنۇر، مىكائىل، گۆھەرلەر ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

چىمەنبانۇنىڭ نەپەس ئېلىشى بارغانچە قىيىنلاشتى. ئۇ گويا بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى قاتتىق مىدىرلاتتى - يۇ، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. توساتتىن ئۇنىڭ بېشى قىڭغىيىپ جەمشىدنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى، يۈزى مەككە تەرەپكە قارىغانىدى.

ئوغۇل - قىزلار ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى، بولۇپمۇ يۈسۈپ

بىلەن نازپەرۋەر مەيدىسىگە مۆشتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، پاجىئە بىلەن ۋاپات بولغان ئاپىسىغا قاتتىق يىغا ـ زار قىلدى. جەمشىد يىغلىغىنىچە ئۆزى باغلىغان ئىھرامنى سېلىپ چىمەنبانۇنىڭ جەسىتىگە يېپىپ قويدى.

يۇسۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆككە ياڭرىغان ھازىسى ئەتراپتىكى ھەج تاۋاپچىلارنى قوزغىغۇەتتى، بىردەمدە نۇرغۇن ئادەم يىغىلدى. ھەممىلا ئادەم بۇ ئېچىنىشلىق ھالەتتىن تەسىرلىنىپ، يۇسۇپ ئائىلىسىدىكىلەرگە سەۋر ـ تەسەللى ئېيتتى ۋە مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا جەسەتنى دەرھال دەپنە قىلىش كېرەك ئىدى. تەسەللى ئېيتىشقا كەلگەن ھەج تاۋاپچىلاردىن بەزى كىشىلەر دەپنە ئىشى ئۈستىدە ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن چاپتى، باشقىلار مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ تەييارلىق ئىشىغا ياردەملەشتى. بىردەمدىلا مېيىت ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. كىشىلەر يۇسۇپلەرگە ياردەملىشىپ چىمەنبانۇنىڭ جەسىتىنى جىنازىغا سالدى، ھەممەيلەن جىنازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم قىرائەت قىلىپ، مەرھۇمغا ئاللادىن مەغپىرەت تىلىدى، ئاندىن جىنازىنى ماشىنىغا سالدى، يۇسۇپ ئائىلىسىدىكىلەر، دوختۇر مۇختار ۋە ئىككى سېستىرا مېيىت بىللە قەبرە بېشىغا چىقتى.

مېيىت نامىزى شۇ كۈنى چۈشتە ئوقۇلدى. چىمەنبانۇ مەككىدىكى «جەننەت قەبرىستانلىقى»غا قويۇلدى. ئۇ مۇقەددەس جايدا خاتىرجەم يېتىپ، ئاللاغا تاۋاپ قىلىش ساۋابىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدىغان بولدى.

نەچچە كۈنلەرگىچە داۋام قىلغان رەسمىي ھەج ئاخىرلىشىپ، قۇربان ھېيت يېتىپ كەلدى. بۇ خۇشال بايرامدا يۇسۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قايغۇ بىلەن خۇشاللىقى قوشۇلۇپ كەتتى.

ھەج مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ھەج ـ تاۋاپچىلار يەنە خوشلىشىش ھەججىنى قىلىشى، كەبىنى يەنە يەتتە قېتىم

ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىشى كېرەك ئىدى. كەبىنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، ئىچكىرىسىدە ئۈچ قاتار، تاشقىرىدا ئۈچ قاتار بولۇپ ئېقىۋاتقان ئادەملەردىن غايەت زور قايىنام ھاسىل بولدى. يۈسۈپ ئائىلىسىدىكىلەر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياكوبنى يەنە بىر رەت ئىزدەپ كۆرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن يەنىلا تاپالمىدى. ئاللا ياكوبقا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چىدام - غەيرەت ئاتا قىلغاندىن تاشقىرى، ئېلىشىپ قالغان چىمەنبانۇنىڭ ئەھۋالىدىن نۇرغۇن يىل خەۋەر ئالىدىغان جەبرىنىمۇ نازىل قىلغانىدى، چىمەنبانۇ ئەمدىلا ھوشىنى بىلگەندە، ئاللا، زېمىن ۋە بەندە ئۈچ تەرەپ ياكوبنى ئىسلام شەرىئىتىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جىم - جىملا غايىب بولغانىدى. شۇڭا، يۈسۈپ ئائىلىسىدىكىلەر، بولۇپمۇ مىكائىل بىلەن نازپەرۋەر ياكوب بىلەن ۋاقتىنچە ۋىدالىشىپ چىدىماقتىن باشقا ئامال قىلالمىدى.

بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن يۈسۈپ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ۋەتىنىگە قايتىشقا تەييارلاندى. ئۇلار جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنى: «بىز بىلەن بىللە قايتىڭلار، يۇرتتىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرىدىغان كۈنلەرنى ئاياغلاشتۇرۇڭلار» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمشىد: «قايتمايمىز» دەپ ئۇنىمىدى. ئۇنىڭچە، بۇ يەردە ئۇلار پۈتمەس - تۈگىمەس روھىي بايلىققا ئىگە ئىدى. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ يەردە ئانچە - مۇنچە تىجارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ھال - ئەھۋالى باياشات بولمىسىمۇ، ھەرھالدا كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن غېمى يوق ئىدى. ئۇ كەبىنى ئۆز ئائىلىسى، «جەننەت قەبرىستانلىقى»نى قارارگاھى دەپ بىلىۋاتاتتى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەرنىڭ ۋەتەنگە بىللە قايتىشقا ھېچ ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەسلىدىكى پىلانىدىن كېچىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەتىگەندە «جەننەت قەبرىستانلىقى»غا بېرىپ

چىمەنىبانۇنىڭ قەبرىسى بىلەن ۋىدالاشتى. ئاندىن جىددەدىن پېتىرنى ئېلىپ، ئايرودرومغا كەلدى.

ئايرودرومنىڭ كۈتۈش بۆلۈمىدە، جەمشىد بىلەن سەنەۋەر قىز - ئوغۇل نەۋرىلىرى ۋە ئوغۇل - قىزلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. يۇسۇپ بىلەن گۆھەر ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ ۋەتەنگە قايتىش توغرۇلۇق ئويلىنىشىنى يەنە بىر رەت ئوتتۇرىغا قويدى.

— ھەممىڭلارنىڭ قەلبى ماڭا چۈشىنىشلىك، — دېدى جەمشىد، — مۇنداق قىلايلى، ئاڭلىشىمچە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ ...

— شۇنداق، دادا، — دېدى گۆھەر جەمشىدنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — ئومۇمىي ئەھۋال مۇقىملىشىپ بولدى. بىرنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ۋەتىنىمىز پاكىستان دەپ ئاتىلىدىكەن. قانداق، ئەنە شۇ چاغدىمۇ ۋەتەنگە قايتىپ بېرىپ تۇرۇپ قالارسىز؟

— سىلەر بىزنى قايتمىساڭلار بولمايدۇ دەيدىغان بولساڭلار، مەن ۋەتىنىمىز دۇنياغا كېلىپ ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بېرىپ كۆرۈپ كېلەرمىز دېگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن، — دېدى جەمشىد.

يولۇچىلار ئايروپىلانغا چىقىشقا تەييارلاندى.

جەمشىد بىلەن سەنەۋەر ئوغۇل - قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلاشتى. پېتىر جەمشىد ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى بىلەن ھاياجان ئىلكىدە خوشلاشتى، جەمشىد ئۇنىڭ بىلەنمۇ قۇچاقلاشتى. ھېسسىياتى قايناپ تېشىۋاتقان جەمشىد چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ شۇنداق دېدى:

— بالىلىرىم، خەير - خوش! ئاللادىن سىلەرگە ئاقىۋول تىلەيمەن، ھەممە ئىشىڭلار جايىدا بولسۇن! كېلەر يىلى يەنە كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن! كەلسەڭلار ياتاق - تاماقتىن قىسىلمايسىلەر. مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، كەپەمنىڭ

ئىشىكى سىلەرگە خۇددى كۆڭۈل ـ كۆكسىمدەك ھامان ئوچۇق.
ھە راست، باللىرىم! ئايرىلىش ئالدىدا سىلەرگە ئېيتىدىغان
ئىككى ئېغىز سەممىي مەسلىھەتىم بار، شۇنى دەۋالاي ...

جەمشىد باللىرىدىن ئاللانى مەڭگۈ يادىدا تۇتۇشنى، شەرق
مەدەنىيىتىنى مەڭگۈ قەدىرلەشنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىززەت ـ
ھۆرمىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى قەدىرلەشنى ئۆتۈندى. ئۇ
باللىرىغا:

— مەن باشلىق گۇناھكار چوڭلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەجرىبە ـ
ساۋاق ئېلىپ، پاك ۋىجدانلىق، ئېتىقادى چىڭ مۇسۇلمانلاردىن
بولۇڭلار، — دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئوغۇل ـ قىزلىرىغا
پېتىرغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشنى، كىچىككىدىلا ئاتا ـ
ئانىسىدىن ئايرىلغان بۇ يات دىندىكى قېرىندىشىنىڭ مەڭگۈ
ئاشۇ سارايىنى ئۆز ئائىلىسى قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ
بېرىشنى تاپىلىدى.

ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. جەمشىدنىڭ ئوغۇل ـ
قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئېگىز ئاسماندا ھەدەپ ئارقىسىغا
قارايتتى. ئۇلارنىڭ قەلبى مەڭگۈ مەككىگە تەلپۈنەتتى.

بۇ كىتاب شىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1985 ـ يىلى 4 ـ ئاي چۇڭچىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新华出版社1985年4月第1版，1985年4月重庆第1次印刷本翻译出版。

# جىنايەت ۋە نەپرەت

**ئاپتورى:** ئۇمتۇل قەدرى (پاكىستان)
**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئەخمەت ياسار، ئىسمايىل ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مۇھەررىرى:** ئابلىكىم تۇردى
**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** زەمىرە پىدائىي، ئادالەت مەخسۇت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 21
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 13497 - 7
**باھاسى:** 56.00 يۈەن